دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# مەمەت ئاۋاچ

1

ياشار كامال ( تۈركىيە )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ياشار كامال ( تۈركىيە )

# مەمەد ئاۋاق

1

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى : تۇرسۇنتاي ساقىم



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

瘦子麦麦德 1: 维吾尔文/（土）凯马尔著；吐尔逊娜依·沙克木译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.8
ISBN 978-7-228-14415-0

Ⅰ.①瘦… Ⅱ.①凯… ②吐… Ⅲ.①长篇小说 — 土耳其 — 现代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I374.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第170932号

责任编辑 阿不都热合曼·艾白
编　　辑 托乎提·巴克，库尔班·马木提
责任校对 万力·在福
封面设计 穆卡达斯·迪力夏提
出版发行 新疆人民出版社
电　　话 0991-2827472
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编 830001
印　　刷 北京盛通印刷股份有限公司
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230毫米 1/32开本
印　　张 17.125
版　　次 2011年8月第2版
印　　次 2011年8月第1次印刷
印　　数 1—3000
定　　价 47.00 元

# 1

تام تۆۋىدە تارتتى سۇرىتىمنى،
ئاق قەغەز ئۈستىدە تونۇڭلار مېنى.

توروس تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرى ئاق دېڭىزدىن باشلىنىدۇ. تاغ يانپاشلىرى قىرغاققا دولقۇنلاپ ئۆرۈپ تۇرغان ئاق كۆپۈكلەر بىلەن تۇتىشىپ پەيدىنپەي يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. ئاق دېڭىز ئۈستىدە دائىم توپ - توپ ئاق بۇلۇت ئۈزۈپ يۈرىدۇ. تىمتاس قىيالار، ئاستى خۇددى قىرىپ تۈزلىگەندەك تۈپتۈز پارقىراق مۇنبەت زېمىن. دېڭىز قىرغىقىدىن سائەتلەرچە يىراقلىغاندىن كېيىنمۇ دېڭىز ھىدى، تۇز ھىدى پۇرايدۇ. تۈزنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى پۇراپ تۇرىدىغان، تۈپتۈز، نەم، ھەيدەلگەن قارا چىلان تۇپراقتىن كېيىن چۇقۇر ئۇۋا تۈزلەڭلىكنىڭ چاتقاللىقى باشلىنىدۇ. بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن قويۇق جىغانلار، قومۇشلار، قارىقاتلار، ياۋا ئۈزۈم ۋە چىغلار بىلەن قاپلانغان چەكسىز تۈزلەڭلىك قاراڭغۇ ئورماندىنمۇ خىلۋەت، قاراڭغۇ ئىدى.

يەنىمۇ بىرئاز ئىچكىرىلەپ ئوسمانىيەدىن ئۆتۈپ ئىسلاھىيەگە يېتىپ بارساق، كەڭ سازلىققا چىقىمىز. ياز ئايلىرىدا يورۇقلاپ قايناپ تۇرغان سازلىق پاسكىنا، سېسىق بولۇپ، يېقىن كەلگىلى بولمايدۇ. چىرىگەن ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخ، قومۇشلار ۋە چىرىگەن تۇپراقنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. قىشتا بۇ يەر ئەكسىچە سۈزۈك، پارلداپ تۇرىدىغان ئېقىن سۇدەك كۆرۈنىدۇ. ياز پەسلىدە ئوت - چۆپ، دەرەخ شاخلىرى بىلەن بېپىلىپ كەتكەچكە، سۇنىڭ يۈزى كۆرۈنمەيدۇ. قىشتا سۇنىڭ يۈزى كەڭ ئاق داستىخاندەك ئېچىلىدۇ. سازلىقتىن ئۆتكەندىن

كېيىن ئېتىزلىقلار باشلىنىدۇ. مۇنبەت تۇپراق پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇ سېخىيلىق بىلەن قىرىق – ئەللىك ھەسسە ھوسۇل بېرىشكە تەييار.

پۇراقلىق مەرسىن دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان تۆپىلىكلەردىن ئۆتكەندىن كېيىن بىردىنلا قىيالار باشلىنىدۇ. ئۇ قىيالار ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. قىيالار بىلەن قوشۇلۇپ قارىغايلىقمۇ باشلىنىدۇ. قارىغايلارنىڭ بىللۇر تاشلىرىدەك پارقىراق بىلىملىرى تۇپراققا تېمىسىپ تۇرىدۇ. باشتىكى قارىغايلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە تۈزلەڭلىك باشلىنىدۇ. بۇ تۈزلەڭلىك بوز تۇپراقلىق، ھوسۇلسىز، شورلۇق يەر ... بۇ يەردىن تۇروس تېغىنىڭ قارلىق چوققىسى خۇددى قول ئۇزارتسا يەتكۈدەك يەردە تۇرغاندەكلا كۆرۈنىدۇ.

دىكەنلى[1] تۈزلەڭلىكى ئەنە شۇ تۈزلەڭلىكلەرنىڭ بىرى. دىكەنلى تۈزلەڭلىكىگە بەش يېزا جايلاشقان. بۇ بەش يېزا خەلقىنىڭ ھەممىسى يەرسىز، پۈتكۈل يەر ئابدى ئاغىغا[2] مەنسۇپ. دىكەنلى تۈزلەڭلىكى دۇنيانىڭ سىرتىدىكى، ئۆز ئالدىغا ئايرىم قانۇنى، ئايرىم خوجىسى بار ئالاھىدە بىر دۇنيا. دىكەنلى تۈزلەڭلىكىنىڭ ئادەملىرى ئۆز يېزىسىدىن باشقا ھېچقانداق يەرنى بىلمەيدۇ. تۈزلەڭلىكتىن سىرتقا چىققۇچىلار بەكمۇ ئاز.

دىكەنلى تۈزلەڭلىكىنىڭ يېزىلىرى، ئادەملىرى ۋە ئادەملىرىنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىدىنمۇ ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق. باجگىرمۇ ئىككى – ئۈچ يىلدا بىر قېتىم كېلىپ قالىدۇ. ئۇ، دېھقانلار بىلەن كۆرۈشمەي، ئابدى ئاغا بىلەن كۆرۈشۈپلا كېتىپ قالىدۇ. دەگىرمەن ئۆلۈك[3] يېزىسى دىكەنلى تۈزلەڭلىكىدىكى ئەڭ چوڭ يېزا. ئابدى ئاغا مۇشۇ يېزىدا تۇرىدۇ. بۇ يېزا تۈزلەڭلىكنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تاغ ئېتىكىگە

① دىكەنلى — تىكەنلىك.
② ئاغا — باي، خوجا، ئاقساقال، بەگ، ئاكا مەنىسىدە.
③ دەگىرمەن ئۆلۈك — تۈگمەن بېشى، تور بېشى.



جايلاشقان. قىيا تاشلار ئاچ سۆسۈن رەڭدە كۆرۈنىدۇ. ئۈستىنى سۈتتەك ئاق، يېشىل ۋە كۈمۈش رەڭ داغلار قاپلىغان.

چوققىدا قىرلىقتىن شاخلىرى يەرگە ئېگىلگەن ۋە ئەگرى – بۈگرى بولۇپ كەتكەن بىر توپ چىنار ئۇزاق يىللاردىن بېرى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. چىنار دەرىخىگە يۈز مېتىر، ئەللىك مېتىر يېقىنلىغاندا ھەممە ياق تەگسىز جىمجىتلىققا چۆككەن. بۇ جىمجىتلىق كىشىگە قورقۇنچ سالىدۇ. يىگىرمە بەش مېتىر يېقىنلىغاندىمۇ يەنىلا ئوخشاش. ئون مېتىر جايمۇ تىمتاس. دەرەختىنىڭ يېنىغا كېلىپ قىيا تاش تەرەپكە قاراپ بۇرۇلغاندا ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدۇ. بىردىنلا گۈلدۈرلەش باشلىنىپ، كىشىنى ئالاقزادىلىككە سالىدۇ... گۈرۈلدىگەن ئاۋاز دەسلەپتە كىشىنى گاس قىلغۇدەك دەرىجىدە ئاڭلىنىپ، بارغانسېرى پەسىيىپ، ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ.

بۇ گۈرۈلدەش دەگىرمەن ئۆلۈك سۈيىنىڭ كۆزىدىن كېلىدۇ. ئەسلىدە كۆز بولمىسىمۇ، بۇ يەرنىڭ خەلقى ئۇ يەرنى سۇنىڭ كۆزى دېيىشىدۇ ۋە شۇنداق چۈشىنىدۇ. ئۇ بىر خادا تاشنىڭ ئاستىدىن كۆپۈكلەرنى چاچرىتىپ چىقىدىغان قاينام بولۇپ، ئىچىگە بىر ياغاچ پارچىسى تاشلانسا بىر كۈن، ئىككى كۈن، ھەتتا بىر ھەپتىگىچە سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ – پىرقىراپ تۇرىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قاينامدا ھەتتا تاشمۇ چۆكمەسمىش. ھالبۇكى، سۇنىڭ كۆزى بۇ يەر ئەمەس، بەلكى سۇ يالپۇز ۋە ياۋا رەيھان پۇراقلىرىنى بىللە ئېلىپ، قارىغايلىقلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئاقچە تاغدىن كېلىدۇ. بۇ يەردە قىيا تاشنىڭ ئاستىغا كىرىپ، كۆپۈكلىنىپ، شاۋقۇن بىلەن قايناپ يەر ئۈستىگە چىقىدۇ.

بۇ يەردىن تاكى ئاقچە تاغقىچە شۇنداق قىيا تاشلىقكى، تۇروس تېغىدا ئۆتىنىڭ ئورنىدەك كېلىدىغان بىرەر تۆپىلىك جايىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. قىيا تاشلار ئارىسىدا ئېگىز قارىغايلار، قېيىنلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ تاشلىقتا ھېچقانداق ياۋايى

ھايۋان يوق. پەقەت كەچكە يېقىن تىك بىر قىيا تاشنىڭ ئۈستىدە بۇغىنىڭ ھەم توم، ھەم ئەگرى - بۈگرى مۈڭگۈزىنى دۈمبىسىگە سەل تەگكۈزگەن ھالدا پۇتلىرىنى كېرىپ، يىراقلارغا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## 2

چېقىرتىكەن ئاق ئۇنۇمسىز، ئاق شورتاڭ يەرلەردە ئۆسىدۇ. گىياھ ئۈنمەيدىغان، دەرەخ ئاينىمايدىغان، ھەتتا ئېشەكمەدىكىمۇ ئۈنمەيدىغان پىشلاققا ئوخشاش بۇنداق ئاپپاق يەرلەردە چېقىرتىكەن بەھۇزۇر ئۆسۈپ كامالەتكە يېتەلەيدۇ.

مۇنبەت يەرلەردە چېقىرتىكەننى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، بىر غېرىچ مۇنبەت يەرمۇ ئاق قالمايدۇ. دائىم ھەيدىلىپ، تېرىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، كىشىلەر چېقىرتىكەن مۇنبەت يەرلەرنى ياخشى كۆرمەيدۇ، دېيىشىدۇ.

ياخشىمۇ ئەمەس، يامانمۇ ئەمەس، تاشلىنىپ قالغان ئوتتۇرا ھال يەرلەردىمۇ چېقىرتىكەنلەر ئۈنۈپ قالىدۇ. كىشىلەر چېقىرتىكەنلىكنى بۇزۇپ يەر تېرىشىدۇ. تۇرۇس تېغى ئېتىكىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە شۇنداق قىلىنىدۇ.

ئاق ئېگىز چېقىرتىكەن بىر مېتىرچە كېلىدۇ، شاخلىرى نۇرغۇن بولىدۇ. بۇ شاخلار كۆپلىگەن تىكەنلىك گۈل بىلەن قاپلانغان. بۇ گۈللەرنىڭ بەش تال بەرگى بولۇپ، خۇددى يۇلتۇزغا ئوخشاش ئۇچلۇق، قاتتىق گۈل كاسىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدۇ. ھەربىر چېقىرتىكەننىڭ يۈزلەرچە گۈلى بولىدۇ.

چېقىرتىكەن بىر - ئىككى ياكى تۆت - بەش تۈپ ئەمەس، بەلكى شۇنداق كۆپ، شۇنداق زىچ ئۆسىدۇكى، ئارىلىقىدىن يىلانمۇ ئۆتەلمەيدۇ. ئۈستىگە يىڭنە تاشلىساڭمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئۇ باھاردا زەئىپ، ئوچۇق يېشىل تۈستە بولىدۇ. مەيىن



شامال چىقسا، يەرگە تەگكۈدەك ئېگىلىدۇ. ياز ئوتتۇرىلىرىدا چېقىرتىكەننىڭ يوپۇرماقلىرىدا ھاۋا رەڭ تومۇرلار پەيدا بولىدۇ. تىكەننىڭ شاخلىرى، غولى ئاستا - ئاستا سۇس ھاۋا رەڭ تۈسكە كىرىدۇ. كېيىنچە بۇ رەڭ بارغانسېرى قېنىقلىشىپ، ناھايىتى گۈزەل كۆك رەڭگە كىرىدۇ. پۈتۈن دالا، چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭلىك تۈم كۆك تۈسكە كىرىدۇ. كۈن ئولتۇرار چاغدا ئەگەر سەللا شامال چىقىدىغان بولسا، پۈتۈن دالا خۇددى دېڭىز دولقۇنىدەك دولقۇنلىنىدۇ. كۈن ئولتۇرار چاغدا سۇلار قانداق قىزىل تۈسكە كىرسە، چېقىرتىكەن دېڭىزىمۇ خۇددى شۇنداق قىزىرىدۇ.

كۈزگە يېقىن چېقىرتىكەنلەر قۇرۇيدۇ. كۆكلۈك ئاقىلىققا ئايلىنىدۇ. چېقىرتىكەنلەردىن شالدىرلىغان ئاۋاز چىقىدۇ.

بۇ يەرلەردە تۈگمە چوڭلۇقىدىكى سۈتتەك ئاق قۇلۇلىلەرمۇ بار. يۈزلەپ، مىڭلاپ قۇلۇلە چېقىرتىكەنلەرنىڭ شاخلىرىغا يېپىشىۋالغاندا، تىكەنلەرنىڭ غوللىرى مونچاق - مونچاق ئاپپاق بولۇپ كېتىدۇ.

دەگىرمەن ئۆلۈك يېزىسى پۈتۈنلەي چېقىرتىكەنلىك...

ئېتىزى، باغۋاراڭلىرى يوق، پۈتۈنلەي چېقىرتىكەنلىك.

چېقىرتىكەنلىك ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بالىنىڭ دېمى كېسىلدى. ئۇ يىراقتىن توختىماي يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. بىردىنلا توختاپ پاچاقلىرىغا قارىدى. تىكەن تىلىۋەتكەن يەرلەردىن قان چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دەسسەپ تۇرغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. ئۇ قورقاتتى. بىرى يېتىشىۋالىدىغاندەك، ھېلىلا يېتىشىۋالىدىغاندەك قورقاتتى. ئۇ قورقۇنچ ئىچىدە ئارقىسىغا قارىدى. كۆز يەتكۈدەك يەردە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. بالا خاتىرجەم بولۇپ ئوڭغا بۇرۇلدى - دە، يەنە بىردەم يۈگۈردى. كېيىن چارچاپ كېتىپ چېقىرتىكەنلىك ئىچىگە كىرىپ ياتتى. سول تەرىپىدە بىر چۈمۈلە ئۇۋىسىنى كۆردى. يوغان چۈمۈلىلەر ئۇۋا ئاغزىدا قىم - قىم قىمىلدىشاتتى. بالا بىرمەھەل ھەممىنى

ئۆتتۈپ، چۈمۈلىلەر بىلەن بولۇپ كەتتى. ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئوڭغا بۇرۇلۇپ، بىرئاز يۈگۈرگەندىن كېيىن تىكەنلىكتىن چىقتى ۋە تىكەنلىكنىڭ چېتىدە تىزلىنىپ ئولتۇردى. قارىسا، تىكەنلىكنىڭ ئۈستىدىن بېشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ دەررۇ چۆكۈپ ئولتۇرۇۋالدى. پاچاقلىرى قاناۋاتاتتى. قان سىرغىپ چىقىۋاتقان يەرلەرگە توپا سېپىشكە باشلىدى. يارىسىغا توپا تەگكەن ھامان ئېچىشتۇراتتى.

قىيالىق يېقىن ئىدى. ئۇ بارلىق كۈچى بىلەن قىيالىققا قاراپ يۈگۈرۈپ، ئەڭ ئېگىز قىيانىڭ ئاستىدىكى چىنارنىڭ يېنىدا توختىدى. چىنار تۈۋىدىكى مايسىبرىق ئالتۇن رەڭلىك، قىزغۇچ تومۇرلۇق يوپۇرماقلار چىنارنىڭ غولىنى بېلىگىچە كۆمۈۋەتكۈدەك دەرىجىدە دۆۋىلەنگەنىدى. غازاڭلار شىلدىرلايتتى، بالا ئۆزىنى غازاڭ ئۈستىگە تاشلىدى، چىنارنىڭ يالىڭاچ شېخىنىڭ ئۇچىغا بىر قۇش قونۇۋالغانىدى، بالىنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ ئۇچۇپ كەتتى. بالا ھېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەنىدى. ئۇ مەشەدە، ئەنە شۇ يۇمشاق غازاڭ ئۈستىدە يېتىپ كېچىنى ئۆتكۈزسەم قانداق ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلىدى. كېيىن ئۆز – ئۆزىگە: «ياق، بولمايدۇ، مېنى بۆرە يەپ كېتىدۇ» دېدى. دەرەخ شېخىدا قېلىپ قالغان يوپۇرماقلاردىن بىرقانچىسى يەردىكى يوپۇرماقلار ئۈستىگە چۈشتى.

بالا ئۆز – ئۆزىگە ئۈنلۈك سۆزلىيەتتى، خۇددى يېنىدا بىرى باردەك، شۇنىڭغا سۆزلەۋاتقاندەك ئىدى: «كېتىمەن، كېتىپ ھېلىقى يېزىغا بارىمەن، ئۇ يەرگە بارغىنىمنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇ يەرگە بارىمەن، ئۇ يەرگە بېرىپ يادا باقىمەن، دېھقانچىلىق قىلىمەن، ئاتام مېنى ئىزدىسۇن، ئىزدىگىنىچە ئىزدىسۇن. ھېلىقى ئۆچكە ساقال ئەمدى مېنى كۆرەلمەيدۇ، مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ ... مۇبادا يېزىنى تاپالمىسامچۇ؟ تاپالمىسام ئاچلىقتىن ئۆلىمەن، ئۆلىمەن، خالاس !»

ئىللىق كۆز قۇياشى قىيالارنى، چىنارنى ۋە ياپراقلارنى



قىزىتماقتا ئىدى. ئېتىزلار يالىڭاچ، پارقىراپ تۇراتتى. بىر – ئىككى توپ كۆزلۈك گىياھ ئەمدىلا تۇپراقنى يېرىپ باش كۆتۈرۈش ئالدىدا تۇراتتى. دېۋىرقاي ئۆتكۈر پۇراق چاچاتتى. كۆزدە پۈتكۈل تاغ دېۋىرقاينىڭ پۇرىقى بىلەن قاپلانغانىدى.

بالا بۇ يەردە بىر سائەتمۇ، ئىككى سائەتمۇ، ئىشقىلىپ، قانچىلىك تۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. كۈن ئولتۇرۇپ، تاغلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكەنىدى. بالا كېيىنچە نېمىشقىدۇر ئۆزى بىلەن سۆزلىشىشنى قويدى، ئېسىنى يىغىپ بىردىنلا بىرەرى ئىزدەپ كېلىۋاتقان بولمىسۇن، دېگەن ئويغا كەلدى – دە، ئەندىشىگە چۈشتى. ئۇ كۈنگە نەزەر تاشلىدى. كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئەمدى نەگە بارىدۇ؟ قايسى تەرەپكە؟ بىلمەيتتى. تۇرۇپلا قىيالىقلار ئارىسىدىكى تار بىر چىغىر يولغا كۆزى چۈشتى. ئۇ شۇ يولغا كىرىپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ قىيالىق، تاش – تىكەنلەرگە قارىماي يۈگۈرۈۋېتەتتى. ھاسىرايتتى، توختاپ ئارقىسىغا قارايتتى، ئاندىن يەنە يۈگۈرۈشكە باشلايتتى.

پۇتلىرى بىر – بىرىگە پۇتلىشاتتى. شۇ ھالەتتە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا، چىرىگەن كۆتەك ئۈستىدىكى كەسلەنچۈككە كۆزى چۈشتى. نېمىشقىدۇر ئۇ بۇنىڭدىن سۆيۈندى، كەسلەنچۈك ئۇنى كۆرۈش بىلەن كۆتەكنىڭ ئاستىغا قاچتى. بالا سەنتۈرۈلۈپ توختاپ قالدى، بېشى ئايلىنىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى، ئەتراپىدىكى يەر – زېمىن چۆرگىلەۋاتاتتى، قول – پۇتلىرى تىترەيتتى. بالا ئارقىسىغا قاراپلا يەنە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. شۇ چاغدا يانىدىكى چۆپلۈكتىن بىرقانچە كەكلىك چۇجىسى ئۇچۇپ چىقتى، بالا شۈركۈنۈپ كەتتى. ئەسلىدە يېنىككىنە بىر تىۋىشمۇ ئۇنى چۆچۈتەتتى. شۇڭا، يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى، ئۈمىدسىزلىنىپ ئارقىسىغا قارىدى. ئۇ قارا تەرگە چۆمۈلگەنىدى. تىزلىرى تىترەپ شېغىللىققا ئولتۇرۇپ قالدى. تېنىدىن ئاچچىق تەر پۇرىقى كېلەتتى. بۇرنىغا بولسا گۈللەرنىڭ يېقىملىق پۇرىقى ئۇرۇلاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئېچىپ،

بېشىنى ئاستا كۆتۈردى ـ يۇ، تۆۋەنگە قارىدى. كۈن ئولتۇرۇپ، سايىلەر ئۇزارغانىدى. تۆۋەندە ئەگىل ـ يال بىر سوقما تام كۆرۈندى. خۇشاللىقتىن بالىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى. ئۆينىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقماقتا ئىدى. كۆك رەڭ تۈتۈن تۈرۈلۈپ ـ تۈرۈلۈپ ھاۋاغا ئېغىر كۆتۈرۈلەتتى. بالا كەينىدىن ئاياغ تىۋىشىغا ئوخشاش بىر تىۋىشنى ئاڭلىغاندەك بولدى ۋە تېز شۇ ياققا بۇرۇلدى. سول تەرىپىدىكى ئورمان گويا سەل يامغۇرى ئۇنىڭ ئۈستىگە بېسىپ كېلىۋاتقاندەك بىلىندى. بالا يەنە سۆزلەشكە باشلىدى. ئەمدى ئۇ ۋارقىراپ سۆزلەيتتى، ھەم ئورماندىن قېچىۋاتقاندەك قارشى تەرەپكە قاراپ يۈگۈرەيتتى، ھەم ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ سۆزلەيتتى:

— بېرىپ ئۇلارغا دەيمەن، سىزلەرگە... سىزلەرگە پادىچى بولۇشقا كەلدىم، قوش ھەيدىيەلەيمەن، ئورما ئورۇيالايمەن، دەيمەن. مېنىڭ ئىسمىم مىستىك، قارا مىستىك، دەپ ئېيتىمەن... مېنىڭ ئانامىمۇ يوق، دادامىمۇ... ئابدى ئاغىمۇ يوق، دەيمەن. بالىلىرىڭلارنى باقىمەن، يەرلىرىڭلارنى تېرىيمەن، سىزگە بالا بولىمەن، چوقۇم شۇنداق بولىمەن، ئىسمىم مەمەت ئاۋاق ئەمەس، قارا مىستىك، ئانام يىغلىسا يىغلاۋەرسۇن... شۇنداق قىلىمەن. ئابدى ئاغا دېگەن كاساپەتمۇ ئىزدەپ باقسۇن مېنى. ئۇلارغا بالا بولىمەن.

بالا ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى. قاراڭغۇ ئورمان ئىتتىك يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ تىنىماي يىغلايتتى. ئۇ ئۈن سېلىپ يىغلاشتىن ئادەتتىن تاشقىرى بىر لەززەت سېزەتتى.

ئۇ دۆڭلۈكنىڭ ئېتىكىگە يەتكەندە يىغىسى بىردىنلا بېسىلدى. كۆزى ۋە بۇرنىنى ئوڭ يېڭى بىلەن سۈرتتى. يېڭى ياش بىلەن ھۆللەندى.

بالا ھويلىغا كىرگەندە قاش قارايغانىدى. يىراقتا بىرقانچە ئۆي خىرە ـ شىرە كۆرۈنەتتى. بالا بىر پەس تۇرۇپ قالدى ۋە بۇ ھېلىقى يېزا ئوخشايدۇ، دەپ پەرەز قىلدى. ئىشىك ئالدىدا ئۇزۇن



ساقاللىق بوۋاي چوم تىكىش بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاقشال قوزۇقتەك تۇرغان بىر قارا سايىنى كۆردى. بۇ سايە ئۇنىڭغا قاراپ بىر ـ ئىككى قەدەم مېڭىپ، يەنە توختىدى. بوۋاي پەرۋا قىلماي ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ، كۆز باغلانغاندا بوۋاي ئىشىنى يىغىشتۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى. سولغا بۇرۇلۇپ ئاپايىقى قارا سايىنىڭ بۇرۇنقى جايىدا مىدىرلىماي تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە:

— ھەي، ھەي، بۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بار؟ — دەپ سورىدى.

قارا سايە:

— ئاغا، مەن سىزگە پادىچى بولاي، قوشمۇ ھەيدىيەلەيمەن، ھەممە ئىشىڭىزنى قىلىپ بېرەلەيمەن، ئاغا، — دېدى.

ساقاللىق كىشى قارا سايىنى قولىدىن تۇتۇپ ئىچكىرىگە باشلىدى:

— ئاۋۋال ئۆيگە كىر، ئاندىن پاراڭلىشىمىز.

سەل ـ پەل شامال چىقىۋاتاتتى. مەمەت دىر ـ دىر تىترەيتتى. بوۋاي ئىچكىرىدىكى خوتۇنىغا قاراپ:

— ئوچاققا ئوتۇن سال، بالا توڭلاپ تىترەۋاتىدۇ، — دېدى.

— ئۇ كىم؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى خوتۇنى.

— مېھمان، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي.

— مېھماننىڭ بۇندىقىنى زادىلا كۆرمەپتىكەنمەن، — دەپ كۈلۈمسىرىدى خوتۇنى.

— مانا ئەمدى كۆر، — دېدى بوۋاي.

بالا ئوچاقنىڭ سول تەرىپىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇردى. بالىنىڭ بېشى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئاپتاپتا سەل قىزارغان ئۇزۇن قارا چاچلىرى پېشانىسى ۋە يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى. يۈزى كىچىك ۋە ياداڭغۇ، كۆزلىرى يوغان، قەھۋە رەڭگىدە ئىدى. بالا ئون بىر ياشلار چامىسىدا كۆرۈنەتتى، ئىشتىنىنى تاكى تىزىغىچە چېقىر تىكەنلەر يىرتىۋەتكەچكە، پاچاقلىرى ئېچىلىپ قالغانىدى. يالاڭ

ئاياغ ئىدى. پاچاقلىرىدا قان ئۇيۇپ قالغانىدى. ئوت گۆرۈلدەپ كۆيۈۋاتقىنىغا قارىماي، بالا توختىماي تىترەيتتى.

— بالام، قورسىقىڭ ئاچقاندۇ، توختاپ تۇر، ساڭا كۆجە ئۇسۇپ بېرەي، ئىچىۋال، — دېدى موماي.

— ماقۇل، — دېدى بالا.

— كۆجە ئىچسەڭ ئىسسىيسەن، — دېدى موماي.

— بەلكى تىترىكىم توختار، — دېدى بالا.

موماي ئوچاقنىڭ يېنىدا تۇرغان چوڭ مىس قازاندىن قاچىغا كۆجىنى ئۇسۇشقا باشلىدى. بالا قازاندىكى هور چىقىپ تۇرغان كۆجىگە تىكىلدى.

موماي كۆجىنى بالىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، قولىغا بىر ياغاچ قوشۇقنى بەردى:

— تارتىنماي ئال.

— ماقۇل، بولىدۇ، — دېدى بالا.

— بەك تېز ئىچمە، ئاغزىڭ كۆيۈپ قالمىسۇن، — دېدى بوۋاي.

— كۆيمەيدۇ، — دېدى بالا.

بالا كۈلۈمسىرىدى، بوۋايمۇ كۈلۈمسىرىدى، موماي بولسا ئۇلارنىڭ نېمىشقا كۈلگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى.

— كۆجىنى ئىچىپ ئەرزىمەتنىڭ تىترىشى توختىدى، — دېدى بوۋاي.

— توختىدى، — دېدى بالا.

مومايمۇ كۈلۈمسىرىدى.

ئوچاق لاي بىلەن سىلىق سۇۋالغان، كېيىك تاملىق بۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسى شاخ - شۇمبىلار بىلەن يېپىلغانىدى. تورۇسى ئۇزاق يىللار ئىسلانغاچقا، قاپقارا پارقىرايتتى. ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ بىرى قوتان ئىدى. ئۆينىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن كالا تېزىكى، سامان ۋە هۆل شاخلارنىڭ ئىسسىق نەم پۇرىقى كېلەتتى.



سىرتتىن بوۋاينىڭ ئوغلى، كېلىنى ۋە قىزى كىردى. بالا ئۇلارغا قىزىقىش بىلەن خۇشخۇي نەزەر سالدى.

— مېھمىنىمىز بىلەن ئامانلاشساڭچۇ، — دېدى بوۋاي ئوغلىغا قاراپ.

ئوغۇل جىددىي هالدا:

— خۇش كەپسىز، ئۇكام، تىنچلىقمۇ؟ — دېدى.

— رەھمەت، تىنچلىق، — دەپ ئوخشاشلا جىددىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى بالا. قىزمۇ، كېلىنمۇ مېھمان بىلەن تىنچلىق سوراشتى.

ئوچاقتىكى كۆتەك پارچىسى يالقۇنجاپ كۆيۈشكە باشلىدى.

بالا قوللىرىنى قوينىغا تىقىپ تۈگۈلۈۋالغانىدى. بوۋاي بالىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئوچاقتىكى ئوت تىلىغا ئاجايىپ سايىلەرنى چۈشۈرۈپ تۇراتتى. بوۋاي بۇ سايىلەرگە قاراپ بالىنىڭ نېمە ئوي - خىياللاردا ئىكەنلىكىنى بايقاپ ئولتۇراتتى. بوۋاي بىر يەردە ئۇزاق تۇرماي يالقۇنغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىۋاتقان سايىلەرگە تىكىلىپ قالدى، بىر پەستىن كېيىن كۆزىنى سايىدىن ئېلىپ كۈلۈمسىرىدى. بوۋاينىڭ يۈزى يادىڭغۇ ۋە سوزۇنچاق ئىدى. ئاپپاق ساقاللىرى گىجەكلەشكەن، پېشانىسى ئاپتاپتا كۆيۈپ مىس رەڭگىگە كىرگەن. يۈزىگە ئوچاقتىكى ئوتنىڭ شولىسى چۈشكەندە ئۇنىڭ پېشانىسى، يۈزى، بويىنى قىزىل مىستەك پارقىرايتتى.

بوۋاي تۇساتتىن بىر ئىش يادىغا كەلگەندەك، بالىغا قاراپ:

— قېنى مېھمان، ئىسمىڭ نېمە؟ ئېيتمىدىڭغۇ؟

— مېنى مەمەت ئاۋاق دېيىشىدۇ... — دېدى بالا.

ئارقىدىن پۇشايمان قىلغاندەك ئاستىنقى كالپۇكىنى چىشلىدى، خىجىل بولغاندەك بېشىنى تۆۋەن سالدى. يولدا «ئىسمىم قارا مىستىك» دېگەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. «بوپتۇ، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — ئۆزۈمنىڭ ئىسمىم تۇرغاندا مىستىك دەپ، ئىسمىمنى يوشۇرۇپ نېمە

قىلاي، بۇ يەردە مېنى كىم تونۇيتتى.»

بوۋاي كېلىنىگە:

— داستىخان سېلىڭ، تاماق يەيلى، قېنى، تېز بولۇڭ، — دېدى.

داستىخان كەلتۈرۈلۈپ، ئوتتۇرىغا يېيىلدى، ھەممەيلەن داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. تاماق ۋاقتىدا ھېچكىم ئېغىز ئاچمىدى. ئۈن - تىنسىز تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئوچاقتا يەنە بىر قۇچاق ئوتۇن تاشلاندى، بوۋاي بىر تال كۆتەك پارچىسىنى ئەكېلىپ ئوچاقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا سېلىپ قويدى. ياندىكى ئوت ئوچقۇنلىرى كۆتەكنى ئورىۋالدى. بۇ، بوۋاينىڭ ئاق ھۆزۈرلىنىدىغان ئىشى ئىدى. مۇشۇنداق قىلمىسا كۆڭلى تىنمايتتى. ئەتراپتىكى يالقۇنلار كۆتەك پارچىسىنى يىلىنجىتىپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. بوۋاي بۇتىغا زوقلىنىپ ئولتۇراتتى. سوماي بوۋاينىڭ قولىقىغا يېقىن كېلىپ بوش ئاۋازدا دېدى:

— سۇلايمان، بالىغا نېگە ئورۇن سېلىپ بېرىمىز؟

سۇلايمان ھەر دائىملىق خۇشخۇي كۈلكىسى بىلەن:

— نەگە بولاتتى؟ قېرى ئاتىسىنىڭ ئوقۇرىغا... بىز قەيەردە ياتساق شۇ يەرگە - دە... سۆيۈملۈك مېھمىنىمىز كىم بىلىدۇ، ئاللىقاياقلاردىن سۇلايماننى دەپ بۇ يەرگە كەلگەندۇ؟ — دېدى.

سۇلايمان مەمەتكە قارىدى. مەمەت ئىسسىقتىن بوشىشىپ، مۈگدەشكە باشلىغانىدى.

— ماڭا قارا، مېھمان، ئۇيقۇڭ كەلدىمۇ؟

مەمەت چۆچۈپ كەتتى:

— ياق، ئۇيقۇم كەلمىدى.

— ھە، مەمەت ئاۋاق، — دېدى سۇلايمان، — نەدىن كېلىپ، نەگە كېتىۋاتىسەن؟ بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىدىڭ.

مەمەت ئاۋاق ئوتتۇن كىرگەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ:

— دەگىرمەن ئولۇك يېزىسىدىن كېلىۋاتىمەن، ھېلىقى



يېزىغا بارىمەن، — دېدى.

— دەگىرمەن ئۆلۈك يېزىسىنىغۇ بىلىمىز. ھېلىقى يېزا دېگىنىڭ قەيەر؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى سۇلايمان.

مەمەت ھېچ ھودۇقماي:

— تۇرسۇننىڭ يېزىسى، — دېدى.

— قايسى تۇرسۇننىڭ؟

— ئابدى ئاغا بارغۇ ... — مەمەت توختاپ قېلىپ، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكتى.

— ھە؟... — دېدى سۇلايمان.

— ئابدى ئاغا بىزنىڭ خوجايىنىمىز، تۇرسۇن ئۇنىڭ مالىيى، دېھقانچىلىق قىلىدۇ، ئابدى ئاغىنىڭ يېرىنى تېرىيدۇ. ئەنە شۇ تۇرسۇن، — دېدى مەمەت كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆتكەندە ئۇ بىر بوركۆت چۈجىسىنى تۇتۇۋالغان... ئەنە شۇ تۇرسۇن، ئەمدى يادىڭىزغا كەلگەندۇ، ئاغا!

— ھەئە، يادىمغا كەلدى، كېيىنچۇ؟ — دېدى سۇلايمان.

— شۇنىڭ يېزىسىغا كېتىۋاتىمەن. تۇرسۇن ماڭا: «بىزنىڭ يېزىدا بالىلارنى ئۇرۇپ - تىللىمايدۇ، قوش ھەيدەشكە سالمايدۇ، ئېتىزلىرىدا چېقىرتىكەن ئۈنمەيدۇ» دېگەنىدى، شۇڭا ئاشۇ يەرگە كېتىۋاتىمەن، — دېدى مەمەت.

— خوپ، ئۇ يېزىنىڭ ئىسمى نېمە ئىكەن؟ تۇرسۇن ساڭا ئېيتمىغانمۇ؟ — دېدى سۇلايمان.

مەمەت جىم بولۇپ قالدى. ياش بارمىقىنى ئاغزىغا تىقىپ ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن بىردىنلا:

— ياق. يېزىنىڭ ئىسمىنى تۇرسۇن ئېيتىپ بەرمىگەنىدى، — دېدى.

— راست، ئاجايىپ ئىش ئىكەن، — دېدى سۇلايمان.

— راست، ئاجايىپ ئىش، — دەپ تەكرارلىدى مەمەت، — بىز تۇرسۇن بىلەن بىللە دېھقانچىلىق قىلاتتۇق. ئۇ بىر ئاتنىڭ

ئۆستىدە ئولتۇرۇپ: «ئاھ، بىزنىڭ يېزىنى بىر كۆرسەڭ ئىدىڭ، تېشى، توپىسى ئالتۇندەك، دېڭىزى بار، قارىغايلىقلىرى بار، ئادەم كېمىگە چۈشۈپ دېڭىزدا ماڭسا ھەممە يەرگە بارالايدۇ» دېگەنىدى. تۇرسۇن ئۇ يەردىن قېچىپتىكەن. ئۇ ماڭا: «ئۇ يەردىن قاچقانلىقىمنى ھېچكىمگە ئېيتما» دېگەنىدى. شۇڭا، مەن ئانامغىمۇ ئېيتمىدىم.

مەمەت سۇلايماننىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاپ:

— سەنمۇ ھېچكىمگە ئېيتما جۇمۇ، تاغا، — دېدى.

— قورقما، ھېچكىمگە ئېيتمايمەن، — دېدى سۇلايمان.

كېلىنى ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن لىق تولدۇرۇلغان بىر تاغارنى يۈدۈپ كىردى. ئۇ تاغارنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئاغزىنى ئېچىشى بىلەن غوزىلار تۆكۈلدى. غوزىلار تازىلانغان، ئاپپاق ئىدى، ھەربىر غوزا گويا بىر پارچە ئاق بۇلۇتقا ئوخشايتتى. بىردىنلا ئۆينىڭ ئىچىنى غوزا پۇرىقى بىر ئالدى.

— قېنى، كەل، مەمەت ئاۋاق، پاختىنى ئايرىيلى، ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ باق، — دېدى سۇلايمان خۇشخۇيلۇق بىلەن.

مەمەت ئاۋاق ئالدىغا بىر قۇچاق پاختىنى تارتىپ:

— ... پاختا ئايرىشمۇ ئىشمۇ! — دېدى.

ئۇنىڭ ئۆگەنگەن ماھىر قوللىرى ماشىنىغا ئوخشاش ئىشلىگىلى باشلىدى.

— مەمەت ئاۋاق، — دېدى سۇلايماننىڭ ئوغلى، — ئەمدى ئۇ يېزىنى قانداق تاپىسەن؟

مەمەت ئاۋاق بۇ سوئالدىن خورسىنىپ، ئۇھ تارتىپ:

— ئىزدەيمەن، — دېدى، — ئۇ يېزىنىڭ يېنىدا دېڭىز بار، ئىزدەيمەن ـ دە.

— بىلەمسەن، مەمەت ئاۋاق، — دېدى بوۋاينىڭ ئوغلى، — دېڭىز بۇ يەردىن نەق ئون بەش كۈنلۈك يىراقتا.

— ئىزدەيمەن، ئۆلسەممۇ دەگىرمەن ئولۇكقا قايتمايمەن...



ھەرگىز قايتىپ بارمايمەن، زادىلا قايتمايمەن، — دېدى مەمەت ئاۋاق.

سۇلايمان سۆزگە ئارىلاشتى:

— ماڭا قارا، مەمەت ئاۋاق، دەردىڭ بار ئوخشايدۇ، ئېيتقىنا، نېمىشقا بۇ سەپەرگە ئاتلاندىڭ؟

مەمەتنىڭ قوللىرى ئىشتىن توختىدى.

— سۇلايمان تاغا، — دېدى ئۇ، — ئالدىرىما، ساڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن، دادام ئۆلۈپ كەتكەن، يالغۇزلا ئانام بار، باشقا ھېچكىمىم يوق. مەن ئابدى ئاغىنىڭ يېرىنى تېرىيتتىم، — گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە كۆزىگە لىق ياش كەلدى. گېلىغا يىرتىمە تىقىلغاندەكلا بولدى. ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، بولمىسا يىغلاپ تاشلايتتى، — ئۇنىڭ يېرىنى ئىككى يىل تېرىدىم. چېقىرتكەن سانجىلىدۇ، پۈتلىرىمنى ئىت تالىغاندەك قىلىۋېتىدۇ. ئەنە شۇنداق يەرنى تېرىدىم. ئابدى ئاغا ھەر كۈنى مېنى ئۆلگۈچە ئۇرىدۇ. تۈنۈگۈن ئەتىگەندىلا يەنە ئۆلگۈدەك ئۇردى، بەدىنىم تىتىلىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇ يەردىن قاچتىم. ھېلىقى يېزىغا كېتىمەن. ئابدى ئاغا مېنى ئۇ يەردىن تاپالمايدۇ، ئۇ يېزىدا خەقنىڭ يېرىنى تېرىيمەن، مېلىنى باقىمەن، خالىسا يالىچى بولىمەن.

«يالىچى بولىمەن» دېۋاتقاندا سۇلايماننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تەلمۈرۈپ قارىدى. مەمەتنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئەگەر يەنە بىر ئېغىز سۆزلىسە ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋېتەتتى. شۇڭا، سۇلايمان ئابدى ئاغا توغرىسىدىكى گەپنى توختىتىپ، سۆزنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— ماڭا قارا، مەمەت ئاۋاق، ئۇنداق بولسا ئۆيۈمدە قالغىن، — دېدى.

مەمەت ئاۋاقنىڭ چىرايى ئېچىلدى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خۇشاللىق قاپلىدى.

— دېڭىز بەك يىراقتا، مەمەت ئاۋاق، ھېلىقى يېزىنى

ئۇخلىغۇچە تاپقىلى بولمايدۇ، — دېدى سۇلايماننىڭ ئوغلى.

پاختا ئادالىنىپ بولدى. ئۇنىڭ ئىچىگە قايقارا كېۋەز قۇرتى يامراپ كەتتى. ئۇلار ھەر ياققا يۈگۈرمەكتە ئىدى...

ئوچاقنىڭ يېنىغا بىر ئورۇن سېلىندى. مەمەتنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزلىرىنى ئاچالمايتتى. ئۇ ئورۇنغا ئىنتىزارلىق بىلەن قارايتتى. سۇلايمان خېلى بۇرۇنلا مەمەتنىڭ ئەھۋالىنى سەزگەنىدى.

— قېنى يات، — دەپ ئورۇننى كۆرسەتتى سۇلايمان.

مەمەت ھېچنېمە دېمەستىنلا ئورۇنغا ئۆزىنى ئاتتى. تىزلىرىنى مەيدىسىگە تىرىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئۇرۇپ چىقىۋاتقاندەك زىڭىلداپ ئاغرىيتتى.

مەمەت ئۆز - ئۆزىگە: «بالا بولىمەن، ئەلۋەتتە بالا بولىمەن، ئانام ئىزدىسە ئىزدەپ تۇرسۇن، ئابدى ئاغا ئىزدىسىمۇ مەيلى، قىيامەتكىچە ئىزدىسۇن، ھەرگىز قايتىپ بارمايمەن» دەپ پىچىرلايتتى.

مەمەت تاڭ ئېتىشتىن ئىككى سائەت بۇرۇن، ھەر كۈنى ئېتىزغا ماڭىدىغان ۋاقتىدا چۆچۈپ ئويغاندى. ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقتى. ئۇيقۇلۇق ھالدا ھاجەت قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئېسىگە كەلدى. ئاخشامقى ئىشلارنى، ئۇزۇن ساقاللىق سۇلايمان بوۋاينى ئەسلىدى. «بۇ سۇلايماننىڭ ئۆيى، — دېدى ئىچىدە، — ھېلىقى يېزىغا بېرىپ نېمە قىلىمەن؟ سۇلايمان تاغامغا بالا بولىمەن، مۇشۇ يەردە قالىمەن، ھەرگىز كەتمەيمەن.»

ئەتىگەنلىك سوغۇقنى قۇياش ئىللىتتى. موماي ئوچاقتىن قازاننى چۈشۈردى، ئوچاق يېنىدىكى ئىسسىق تاماق مەززىلىك پۇرايتتى. سۇلايماننىڭ ئوغلى خېلى بۇرۇنلا ئېتىزغا كەتكەن، سۇلايمان بولسا چومىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ ئاخشام ئېچىپ قالغان ئىشنى باشلىۋەتكەنىدى.

— سۇلايمان، — دەپ چاقىردى موماي، — تاماق سوۋۇپ قالدى، كېلىپ ئىچىۋال!



— مېھمان قوپتىمۇ؟ — سورىدى سۇلايمان.

— بىچارە بالا، — دېدى موماي، — تۈنۈگۈن بەك ھېرىپ كېتىپتىكەن، كېچىچە جۆيلۈپ چىقتى.

— ئويغاتما، تۈنۈگۈن بىر كۈن يول يۈرۈپتۇ، چىرايىدىن ھارغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ، — دېدى سۇلايمان.

— ئۇ نېمىشقا قېچىپتىكەن؟ — سورىدى موماي.

— بەك خارلىنىپ قاپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي.

— ئۇۋال، — دېدى موماي، — نېمىدېگەن چىرايلىق بالا. مۇناپىقلار مۇشتەك بالىدىن نېمە تەلەپ قىلاتتىكىن؟

— ئۆيىمىزدە خالىغىنىچە تۇرسۇن، — دېدى بوۋاي.

بۇ چاغدا مەمەت كېرىلىپ ئويغاندى. كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، ئوچاق تەرەپكە قارىدى. ئاغزى ئوچۇق قازاندىن ھور چىقىۋاتاتتى. ھويلىغا قارىدى. ئىشىكتىن كۈن نۇرى پىچاق بىسىدەك چۈشۈپ تۇراتتى. ھالسىز بەدىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن قوپتى.

سۇلايمان مەمەتنىڭ ئەندىشىسىنى كۆرۈپ:

— قورقما، بالام، — دېدى، — ھېچقىسى يوق، ئۇخلاۋەر.

مەمەت ئارقىسىغا يېنىپ ئوچاق بېشىدىكى ئۆرۈقنى ئېلىپ ھويلىغا چىقتى. يۈزىنى پاكىز يۇغاندىن كېيىن سۇلايماننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىشىغا قاراپ تۇردى.

— كېلىڭلار، تامىقىڭلارنى يەڭلار، تاماق سوۋۇپ قالدى، — دەپ قايتا چاقىردى موماي.

سۇلايمان چومىنىڭ قېشىدىن قوپۇپ كىيىملىرىنى قاقتى. مەمەتكە قاراپ كۆزىنى قىسىپ كۈلۈپ قويۇپ:

— يۈر، تاماق يەيلى، — دېدى.

تاماق سۈتلۈك كۆجە ئىدى. سۈت بىلەن بۇغداينىڭ پۇرىقى قوشۇلۇپ مەززىلىك بىر پۇراققا ئايلانغانىدى. ئۇلار ياغاچ قوشۇقلار بىلەن كۆجىنى ئىچىشتى. كۆجە مەمەتكە بەك تېتىدى. «بالا بولىمەن، زادى» دېدى ئىچىدە.

سۇلايمان چومنى تىكىپ بولۇپ، ئىچىگە قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرنى تىقىۋاتاتتى. ئوت ـ چۆپلەر بوۋاينىڭ قاتمال، ئۇزۇن بارماقلىرى ئارىسىدىن تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

كۈز قوياشنىڭ پارلاق نۇرى ھەممە ياقنى يورۇتقان، سۇلايمان قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرنى ئارىلاشتۇرغانچە، ئۇششاق ئالتۇن رەڭلىك چاڭ كۆتۈرۈلەتتى. چاڭ ـ توزان كۈن نۇرى ئاستىدا پارقىراپ ھەر ياققا تارقىلاتتى.

— ئابدى ئاغا سىنى قىيىتىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان.

مەمەت مۇنداق سوئالنى كۈتمىگەنىدى، ئۇ تەمكىن ھالدا مۇنداق دېدى:

— مېنى ئۆلگۈدەك ئۇراتتى، قىشنىڭ سوغۇقىدا چىقىر تىكەنلىكتە يالاڭ ئاياغ يەر ھەيدىتەتتى، ئۇرۇپ ئۆلتۈرەي دەيتتى. بىر قېتىم شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، بىر ئاي ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم. ئۇ ھەممىمىزنى ئۇراتتى، لېكىن مېنى بەكرەك ئۇراتتى. ئانامنىڭ ئېيتىشىچە، ئەگەر سارى موللىنىڭ تۇمارى بولمىغان بولسا، مەن ئاللىقاچان ئۆلۈپ قالىدىكەنمەن...

— دېمەك، بۇ يەردە قالىدىكەنمەن ـ دە؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان.

— ھېلىقى يېزىدا مېنىڭ نېمە ئىشىم بار، بۇ يەردىن ئون بەش كۈنلۈك يىراقلىقتىمىش، دېڭىزى بارمىش، ماڭا نېمە ئىدى! ئۇ يەردە چىقىرتىكەن بولمىسا، بۇ يەردىمۇ يوق ئىكەن. بۇ يەردە قالىمەن. مېنى بۇ يەردىن ھېچكىم تاپالمايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ دەگىرمەن ئۆلۈك يېزىسى بەك يىراقتا قالدى، مېنى ھېچكىم تاپالمايدۇ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى مەمەت.

— ئەخمەق بالا، بىلىپ قوي، دەگىرمەن ئۆلۈك يېزىسى مۇشۇ تاغنىڭ كەينىدە، كەلگەن يولۇڭنى بىلمەمسەن؟ — دېدى سۇلايمان.

مەمەت ھەيران بولۇپ قېتىپ قالدى، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى. پۈتۈن ئۈمىدى



سۇغا چىلاشتى. بىرنېمە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن تىلى گېلىغا قاپلىشىپ قالغاندەك سۆزلىيەلمەي قالدى. ئاسماندا لاچىنلار ئايلىنىپ يۈرەتتى. مەمەت ئۇنىڭغا تىكىلدى. سۇلايمانغا بىر ئاز يېقىن كېلىپ:

— مەن ھېلىقى يېزىغا بېرىپ باشقا بىر كىشىگە بالا بولسام قانداق؟ ئابدى ئاغا مېنى بۇ يەردىن تېپىۋالسا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، — دېدى.

— ماڭ، ئاشۇ يېزىغا كەت، شۇ يەردە بىرىنگە بالا بول، — دېدى سۇلايمان قېيىدىغان ھالدا.

— مەن سېنىڭ ئوغلۇڭ بولسام قانداق ئوبدان بولاتتى، — دەپ خۇشامەت قىلدى. — ئوغلۇڭ بولۇپ قالسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى، لېكىن...

— لېكىن دېگىنىڭ نېمىسى؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان.

— مېنى تېپىۋالىدىغان بولسا، ئابدى ئاغا خۇدانىمۇ ئۆلتۈرىدۇ... مېنى قىيىما ـ چىيىما قىلىۋېتىدۇ، — دېدى مەمەت.

— نېمە ئىلاج؟ — دەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ مەمەتكە قارىدى سۇلايمان. مەمەتنىڭ يۈزى تاتىرىپ، يوغان كۆزلىرى غەمگە تولغانىدى. مەمەت سۇلايماننىڭ ئۆزىگە قارىغانلىقىنى سېزىپ تېخىمۇ يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ:

— قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى ۋە پۈتۈن ئارزۇلىرىنى كۆزىگە يىغىپ ئۇنىڭغا تەلمۈردى.

— قورقما، — دېدى سۇلايمان.

مەمەت ھەم خۇشاللىق، ھەم قورقۇنچتىن ئىپادە قىلغۇچى بىر خىل ئاچچىق كۈلكە بىلەن كۈلدى.

سۇلايمان ئىشىنى پۈتكۈزۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە مەمەتكە:

— ماڭا قارا، مەمەت ئاۋاق، ئۇدۇلدىكى ئۆيدە بىر ئىشىم بار. شۇ يەرگە بارماقچىمەن، سەن نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىل. يېزىنىڭ ئىچىنى ئايلىنىپ چىق، — دېدى.

مەمەت ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ يېزا ئىچىگە يول ئالدى. بۇ

يىگىرمە ـ يىگىرمە بەش ئۆيلۈك يېزا ئىدى. ئۆيلەرنىڭ تاملىرى مايماق ـ سايماق تاشلاردىن بولۇشىغا قويۇۋۇلۇپ، قارا لاي بىلەن سۇۋالغانىدى. ئۆيلەر يەردىن بىر مېتىرچە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

ئۇ، يېزىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا چىققۇچە ئايلاندى. باللار بىر دۆۋە قىغ ئۈستىدە ئويناۋاتاتتى. ئۇ، خوتۇنلارنى كۆردى. ئۇلار ئۆيلەرنىڭ تەسكەي تەرىپىدە توپ ـ توپ ئولتۇرۇپ يىپ ئېگىرىشەتتى. ئۇ، يالغۇز بىر ئىتنىمۇ كۆردى. قۇيرۇقىنى قىسىپ، قورققان ھالدا تام ياقىلاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ يېزىنىڭ ھەممە يېرى قىغ دۆۋىلىرى بىلەن تولغانىدى. مەمەت كەچكىچە يېزىنى ئۆيمۇئۆي ئايلىنىپ چىقتى. ھېچكىم ئۇنى قەيەردىن كەلدىڭ، نەگە بارىسەن دېمىدى. ئۇز يېزىسىدا بولسا بىر يات ئادەمنى كۆردىمۇ، ھەممە بالا ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىۋالاتتى. بۇ باشقىچە بىر يېزا ئىكەن. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئانچە ياقمىدى. ئۆيگە كېلىۋاتقاندا سۇلايماننى ئۇچراتتى.

— ھە، مەمەت ئاۋاق، ئۆيگىمۇ كەلمىدىڭ، قانداقراق؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان.

— ياخشى ! — دېدى مەمەت.

شۇ كۈندىن كېيىن مەمەت بىرنەچچە كۈن يېزىنىڭ ئىچىنى يەنە كەزدى. بىرقانچە بالا بىلەن دوست بولۇپمۇ قالدى. ئۇلار بىلەن كوكۈچ[1] ئوينىدى. كوكۈچ ئويناشقا ئۇنىڭدىن ئۇستىسى چىقمىدى. ئەمما، مەمەت بۇ ھۈنىرى بىلەن مەغرۇرلانمىدى. مەمەتنىڭ ئورنىدا باشقا بالا بولسىدى، چوقۇم ماختانغان بولاتتى، بۇنى باللارنىڭ ئىشى دېگەندەك، مۇرىسىنى قىسىپ قوياتتى. شۇ سەۋەبتىن مەمەتنىڭ ئۇلارنى يېڭىشى باللارنى رەنجىتمىدى.

توروس تېغىنىڭ كۈز يامغۇرى باشلاندى. توروس تېغىنىڭ يامغۇرى خۇددى كۈز ياپراقلىرىغا ئوخشاش يوغان ـ يوغان

[1] بىر خىل باللار ئويۇنى.



چۈشەتتى. ھاۋا گۈلدۈرلەيتتى، يېزىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى تاغدىن تاشلارنى تۈزلەڭلىككە دومىلىتىپ چۈشۈرەتتى. تاغ قويۇق ئورمانلىق ئىدى. يوغان ـ يوغان دەرەخلەر بار ئىدى. ئورمان تولىمۇ قويۇق ئىدى.

بىر كۈنى مەمەت سۇلايماننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— سۇلايمان ئاغا، مۇشۇنداق بىكار يۈرۈۋەرسەم قانداق بولىدۇ؟ ئىچىم سىقىلىدۇ، بىكارغا نان يەۋاتىمەن، — دېدى.

— تۇرۇپ تۇر، نېمە ئالدىرايسەن؟ ساڭىمۇ ئىش تېپىلىپ قالار، مەمەت ئاۋاق، — دېدى سۇلايمان.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن يامغۇر توختىمىدى، نەم تاشلار، قىيالار، دەل ـ دەرەخلەر، يەر ـ جاھان قۇياش نۇرىدا پالتىرايتتى. ھەممە يەردىن ھور كۆتۈرۈلەتتى، يېزىنىڭ نەم ھاۋاسىدىن قىغنىڭ پۇرىقىمۇ كېلەتتى. بەزىدە كۈمۈشتەك بۇلۇتلار كۆك تۈرىنى توسىۋالاتتى.

مەمەت ئاۋاق ئىشىك ئالدىدىكى تاشنىڭ ئۈستىدە، ئولتۇرۇپ سۇلايمان خام تېرىدىن تىكىپ بەرگەن چورۇقنى كىيىۋاتاتتى. چورۇق ھۆل ئىدى. چورۇقنىڭ ئۈستىدىكى كۆكۈچ تۈكلەر ئۇنىڭ ئايىنچا تېرىسىدىن تىكىلگەنلىكىنى كۆرسىتەتتى.

چورۇقنى كىيگەندىن كېيىن مەمەت خۇشاللىقىدىن ئۈچقۇدەك بولدى.

سۇلايمان كېلىپ مەمەت ئاۋاقنىڭ بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ چورۇقنى تارتىشىنى تاماشا قىلدى. مەمەتنىڭ قولى چورۇق تارتىشقا ئەپلىك ئىدى ... بوغقۇچلىرىنى رەتلىك ئۆتكۈزۈپ ئارقىدىن چىڭ تارتىپ باغلىدى.

— مەمەت ئاۋاق، — دېدى سۇلايمان، — سەن چورۇق تارتىشقا ئۇستا ئىكەنسەن.

مەمەت ئاۋاق بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى:

— مەن چورۇق تىكىشنىمۇ بىلىمەن، سۇلايمان ئاغا، — دېدى، — ئەمما سەن بۇنى ياخشى تىكىپسەن.

مەمەت ئاۋاق ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بىرقانچە قېتىم چىلەك ـ چىلەك دەسسەپ باقتى، ئون ـ ئون بەش قەدەم مېڭىپ ئارقىسىغا ياندى. يەنە بىرئاز مېڭىپ چورۇقلىرىغا قارىدى ۋە خۇشال بولدى. سۇلايماننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ:

— ئايىغىمغا تازا دەل كەلدى، — دېدى.

ئۇلار يولغا چىقتى. يولدا مەمەتنىڭ كۆزلىرى ھامان چورۇقتا ئىدى. بەزىدە ئىلدام ماڭاتتى، بەزىدە ئاستا ماڭاتتى، بەزىدە توختاپ چورۇقىغا سەپسېلىپ قارايتتى، ھەتتا بەزىدە ئېگىلىپ چورۇقىنى سىلاپ قوياتتى.

سۇلايمان مەمەت بىلەن تەڭلا خۇشاللاندى ۋە ئۆز ئىشىدىن رازى بولدى:

— مەمەت، ساڭا بەك ياراشتىمۇ دەيمەن؟ — دېدى.

— ئايىغىمغا تازا ئوبدان كەلدى. بۇنداق چورۇقنى ياخشى كۆرىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى مەمەت.

— قارا، ئەگەر ھېلىقى يېزىغا كەتكەن بولساڭ، ساڭا بۇنداق چورۇقنى ھېچكىم تىكىپ بەرمەيتتى.

— ئۇ يېزىدىكىلەر ئاياغ كىيىم كىيمەمدۇ؟ — دەپ گويا بىلمەيدىغاندەك ساددىلىق بىلەن سورىدى مەمەت.

ئۇنىڭ ئۇقمايدىغانلىقىنى ياكى ساددىلىقىنى بايقىيالماي:

— كىيىدۇ، ئەمما چورۇق كىيمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى سۇلايمان.

— ئۇقتۇم، — دېدى مەمەت.

ئۇلار ماڭا ـ ماڭا يېزىنىڭ چېتىگە چىقىشتى. مەمەت بىردىن خۇشاللىنىپ كەتتى. ئېتىزلار نېرىقى تاغنىڭ ئېتەكلىرىگە قەدەر سوزۇلغانىدى. بۇ ئېتىزلاردا ئىش يوق ئىدى. چېقىر تىكىنى بولمىسىمۇ ئىشلەۋاتقانلار يوق ئىدى. بۇ ئېتىزلار تاشلىق ئېتىزلار ئىدى. مەمەت توختاپ:

— نەگە بارىمىز سۇلايمان ئاغا؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇيان ـ بۇيانتى ئارىلاشقا چىقتۇق ـ دە، — دېدى



سۇلايمان.

مەمەت قايتا سورىمىدى، مېڭىشنى داۋاملاشتۇرۇشتى. مەمەتنىڭ يېڭى چورۇقى لاي بولۇپ كەتتى، مەمەت چورۇقىغا يېپىشقان لايلارنى ئىچىدە تىللايتتى.

يېزا يىراقتا قالدى، يېزىدىكى بىر ـ ئىككى ئۆيدىن چىقىۋاتقان تۈتۈندىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

— قۇلاق سال، مەمەت، — دېدى سۇلايمان، — ماتا مۇشۇ يەرلەردە ئۆچكىلەرنى باقىمەن، ئاۋۇ يەرلەرگىچە بارساڭمۇ بولىدۇ. پەقەت ئاۋۇ تۆپىلىكتىنىڭ كەينىگە ئۆتمە. ئۇ يېقى سىلەرنىڭ يېزاڭلار، سېنى تۇتۇپ كېتىدۇ.

— بارمايمەن، ئېيتىپ قويغىنىڭ ياخشى بولدى، — دېدى مەمەت.

— يۇر، قايتايلى، — دېدى سۇلايمان.

ئۇلار قايتىشتى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئايپاق ئىدى. تاشلىق دالادىكى خامانلار توق يېشىل رەڭلىك ئارالدەك كۆرۈنەتتى. ئېگىز ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە يېپىشقان قۇلۇلىلەر كۆزگە تاشلىناتتى.

— ھەي مەمەت ئاۋاق، ئۆچكە ساقاللىق ئابدى ئاغا سېنى بەك قىينىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلايمان.

مەمەت توختىدى. سۇلايمانمۇ توختىدى، مەمەت يېڭى چورۇقلىرىغا يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

— مەشەدە بىردەم ئولتۇرايلى، — دېدى سۇلايمان.

— ماقۇل، — دېدى مەمەت ۋە ئەھۋالىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— سۇلايمان ئاغا، ساڭا ئېيتسام، دادام ئۆلگەن ھامان ئابدى ئاغا ھەممە نەرسىمىزنى تارتىۋالدى. ئانام بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويسا، ئۆلگۈچە ئۇراتتى، مېنى قولۇمدىن تۇتۇپ يەرگە ئاتاتتى. بىر قېتىم مېنى بىر دەرەخكە ئىككى كۈن باغلاپ قويدى. چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ كەتتى. ياللا، شۇ يەردە ئىككى

كۈن ياغلاقلىق تۇردۇم. ئانام كېلىپ قۇتقۇزۇۋالدى. ئانام كەلمىگەن بولسا بۆرىلەر يەپ كېتەتتى.

سۇلايمان ئۇھ تارتتى ۋە:

— دېمەك، ئىشلىرىڭ مۇشۇنداق دېگىن، مەمەت ئاۋاق؟ — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئارقىدىن مەمەتمۇ تۇردى.

— دېگىنىمدەك قىل، مەمەت. ئاۋۇ دۆڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتمە. بىرەرى كۆرۈپ قېلىپ خەۋەر قىلىپ قويسا، ئۆچكە ساقال ئابدى ئاغا سېنى تۇتۇپ كېتىدۇ، — دېدى سۇلايمان.

مەمەت:

— خۇدايىم ساقلىسۇن، — دېدى.

ئەتىسى مەمەت سەھەر ئويغاندى. ئورنىدىن تۇرۇپ دەرھال ھويلىغا چىقتى، ئۆيۈق ئاستا - ئاستا ئاقارماقتا ئىدى. ئۇ سۇلايمان ياتقان تەرەپكە باردى. سۇلايمان خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنى تۇرتۇپ ئويغاتتى.

سۇلايمان ئويقۇلۇق ھالدا:

— ھە! سەئىمدىنىڭ، مەمەت ئاۋاق، نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ ئاستا سورىدى. مەمەت پەخىرلەنگەن ھالدا:

— ھەئە، مەن، — دېدى، ئارقىدىن، — خېلى ۋاق بولۇپ قالدى، ئۆچكىلەرنى ھەيدەپ چىقاي، — دېدى.

سۇلايمان دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مومايىنى ئىزدىدى. موماي خېلى بۇرۇن تۇرغان بولۇپ، ھويلىدا سىيىر سېغىۋاتاتتى. ئۇ، خوتۇنىغا قاراپ:

— مەمەتكە يەيدىغان بىر نەرسە تەييارلاپ بەر، — دېدى.

موماي سۈت يۇقى قوللىرىنى ئىدىشتىكى سۇدا يۇيۇپ تۇرۇپ:

— بولىدىلا، قالغىنىنى ئاخشاملىقتا ساغاي، — دېدى. تاماقنى ناھايىتى چاپسان تەييارلاپ بولدى. ئوچاقتا قايناۋاتقان كۆجىنى ئۇسۇپ مەمەتنىڭ ئالدىغا قويدى. مەمەت كۆجىنى بىر دەمدە سومۇرۇپ ئىچىۋالدى. ئارغىنا يېمەكلىكنى بېلىگە تۇگدى - دە، ئۆچكىلەرنى ھەيدەپ ماڭدى. يېشىدىن مايلىشىپ كەتكەن بۆكىنى



ئېلىپ ئۆچكىلەرنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. «چەگ - چەگ ... ياشا ...»

ئارقىسىدىن سۇلايمان:

— قەدىمىڭ خەيرلىك بولسۇن، — دەپ ۋارقىرىدى ۋە مەمەت ئۆچكىلەر بىلەن بىللە كۆزدىن غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردى.

سۇلايمان ئۆز - ئۆزىگە: ئاھ باللىق، باللىق دېگەن شۇ - دە... دېدى.

موماي يېنىغا كېلىپ:

— نېمىگە قايغۇرۇۋاتىسەن؟ — دېدى، — نېمە دەردىڭ بار؟

سۇلايمان ئۇھ تارتقان ھالدا:

— ئاۋۇ بالىغا قارا. ئۆچكە ساقال ئابدى ئاغا ئۇنىڭغا نېمىلەرنى قىلمىغان! بالىنىڭ ھالىغا قاراپ يۈرىكىڭ ئېزىلىپ كېتىدۇ. دادىسىنى تونۇيتتىم. مۆمىن، ياۋاش ئادەم ئىدى. بالىنىڭ ئەھۋالىغا قارىغىنا! جېنىدىنمۇ كېچىپ، ئۆزىنى تاغلارغا، يىرتقۇچ ھايۋانلار ئارىسىغا ئېتىپتۇ... ھالىغا ۋاي!

— ۋاي سۇلايمان، — دېدى موماي، — سەنمۇ ھەممە نەرسىنى ئۆزۈڭگە دەرد قىلىۋالىسەن. ئىچكىرىگە كىرىپ تاماقنىڭنى يەۋال.

## 3

كەچ كىردى. ھەممە ئېتىزدىن قايتتى، مەمەت ئاۋاق قايتمىدى. كۈن ئولتۇردى، مەمەت ئاۋاق كەلمىدى. قاراڭغۇ چۈشتى، مەمەت ئاۋاق يەنىلا كەلمىدى.

يان قوشنىسى زەينەپ مەمەتنىڭ ئانىسىنى چاقىردى:

— دۆنە! دۆنە! مەمەت تېخى كەلمىدىمۇ؟

دۆنە يىغلامسىرىغاندەك:

— كەلمىدى، يەڭگە، مەمىتىم تېخى كەلمىدى، قانداقمۇ قىلارمەن؟ — دېدى.

زەينەپ دۆنەگە بۇ سۆزنى ئۇن قېتىمدەك ئېيتقانىدى. يەنە

شۇنى تەكرارلىدى:

— بېرىپ ئابدى ئاغىدىن سورا، بەلكى ئۇ يەرگە بارغاندۇ. بېرىپ سورىغىن، يەڭگە، ھەي ي ... سەن شورلۇقنىڭ بېشىغا نېمىلەر چۈشمىدى. ۋاي بىچارە دۆنە !

— بېشىمغا نېمىلەر كېلىۋاتىدۇ ـ ھە، ھەي شور پېشانەم. مەمتىم يېزىغا قايتقان بولسا، ھايال قالماي ئۆيگە كېلەتتى. ئابدى ئاغىنىڭ ئۆيىدە بىردەممۇ تۇرمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، بېرىپ باقاي... بەلكى ... — دېدى دۆنە.

ئاسماندا ئاي يوق ئىدى. ھاۋا بۇلۇتلۇق بولغاچ يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. قاراڭغۇلۇق، ئاجايىپ بىر قاراڭغۇلۇق ئىدى. دۆنە ئابدى ئاغىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چۈشتى، قاراڭغۇدا تەمتىرەپ ماڭاتتى. ئالىقاندەك پەنجىرىسىنىڭ يوچۇقىدىن سۇس يورۇق كۆرۈندى. ئۇ يورۇققا قاراپ ماڭدى. يېقىن كەلگەندە بولسا يۈرىكى دۈپۈلدەپ، بىردەم تۇرۇۋالدى، پۇت ـ قولى تىترەيتتى. چىشىنى چىڭ چىشلىدى. كېيىن نېمىشقىدۇر ناھايىتى پەس، ئۆلۈك بىر ئاۋازدا دېدى:

— ئابدى ئاغا، ئابدى ئاغام، ئايىغىڭىزغا يىقىلاي، ئابدى ئاغام، ئوغلۇم مەمەت تېخى قايتمىدى. ئۆيىڭىزدىمىكىن دەپ كەلدىم.

ئىچكىرىدىن قاتتىق ھۆركىرىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى:

— كىم بۇ؟ بۇ كېچىدە نېمىدەپ كەلدىڭ؟...

دۆنە تەكرارلىدى:

— سادىغاڭ كېتەي، ئابدى ئاغا ! مەمەت كەلمىدى. بۇ يەردىمىكىن دەپ كەلدىم، بۇ يەرگە كەلمىدىمۇ؟

ئىچكىرىدىن يەنە ھۆركىرىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى:

— سەتىمدىڭ دۆنە، خۇدا جاجاڭنى بەرسۇن.

— ھەئە مەن، باي ئاغا، — دېدى دۆنە.

— ئىچكىرى كىر، قېنى، نېمە دېمەكچىسەن؟

دۆنە قورۇنۇپ ئىچكىرىگە كىردى. ئابدى ئاغا مورا ئوچاقنىڭ



يېنىدىكى سۇپىدا يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. يېنىدىكى دوخاۋا شىلەپىسىنىڭ گىرۋىكى سول قۇلىقىغا تېگىپ تۇراتتى. ئۇ يولدا ماڭغاندىمۇ، يېزا، ھەتتا شەھەردىمۇ شۇنداق يۈرەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ سوپىلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولاتتى. ئۇچىسىغا كەشتىلىك يىپەك كەمزۇل كىيگەنىدى. ئۇ چوڭ ـ چوڭ كەھرىۋالاردىن تىزىلغان تەسۋىسىنى شاراقلاتماقتا ئىدى.

ئابدى ئاغا ئات يۈزلۈك، كۆك كۆزلۈك، مەڭزى قىپقىزىل، جىددىي قىياپەتلىك بىر ئادەم ئىدى.

— يەنە نېمە دەيسەن، قېنى سۆزلە ! — دەپ تەكرارلىدى ئابدى ئاغا.

دۆنە قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغان، ئالدىغا سەل ئېگىلگەن ھالدا سول قولىنى ئوڭ قولىنىڭ ئالىقىنىغا ئېلىپ توختىماستىن سىقاتتى.

— ئاغام، مەمتىم ئېتىزدىن تېخى كەلمىدى، بۇ يەردىمىكىن دەپ كەلدىم.

— ھە ! — دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى ئابدى ئاغا، — تېخىچە كەلمىدىمۇ؟ ۋاي ئىتنىڭ بالىسى، ئىت ـ دە ! تېخى كەلمىدىمۇ ! ئۆكۈزلىرىچۇ؟

ئابدى ئاغا چاپىنىنى سۆرەشتۈرۈپ تېز ئىشىك ئالدىغا كەلدى ۋە ئاشقىرىغا قاراپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— تۇرسۇن، ئوسمان، ئەلى قەيەردە سىلەر؟

ئۈچ ئاۋاز ئۈچ يەردىن:

— بىز بۇ يەردە، ئاغا ! — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

— تېزرەك بۇ يەرگە كېلىڭلار ! — دېدى ئابدى ئاغا.

قاراڭغۇلۇقتىن ئۈچ كىشى يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. بۇلاردىن بىرى قىرىق ياشلار چامىسىدىكى تۇرسۇن ئىدى. تۇرسۇن بەستلىك، قالغان ئىككىسى ئون بەش ياشلاردىكى بالىلار ئىدى.

— دەرھال ئېتىزلىققا بېرىپ ھېلىقى ئىتنىڭ بالىسىنى

ئىزدەڭلار، ئۆكۈزلىرىمنى تېپىپ كېلىڭلار، ئۆكۈزلىرىمنى تاپماي قايتماڭلار، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دېدى باي.

— بىزمۇ شۇنى سۆزلىشىۋاتاتتۇق، مەمەتكە نېمە بولغاندۇ، نېمىشقا تېخىچە كەلمىدى دېيىشىتتۇق. بېرىپ ئىزدەيلى، — دېدى تۇرسۇن. دۇتە بىردىن ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئابدى ئاغا ئۇنىڭغا يىرگىنىپ قاراپ:

— بولدى، بولدى! سېنىڭ بۇ كۆچۈكۈڭنى قانداق قىلسام بولار؟ ئەگەر ئۆكۈزلىرىمگە بىرنېمە بولسا، پاچىقىڭنى چېقىپ، ئۆلۈكىڭنى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

تۇرسۇن، ئەلى، ئوسمانلار قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كەتتى. دۇتەمۇ ئۇلارنىڭ كەينىگە چۈشتى.

تۇرسۇن دۇتەگە قاراپ:

— يەڭگە، سەن بارما، بىز ئىزدەپ تاپىمىز، بەلكى ساپانىڭ بىر يېرىنى بۇزۇپ قويغاندۇ، بويۇنتۇرۇقنى سۇندۇرۇپ قويغاندۇ، قورقۇپ كېلەلمەيۋاتقاندۇ. سەن بارما، بىز تېپىپ كېلىمىز. قايتىپ كەتكىن، دۇتە يەڭگە، — دېدى.

— سادىغاڭ كېتەي باللىرىم، بالامنى تاپماي كەلمەڭلار. تۇرسۇن تاغىسى، ئوغلۇم ساڭا ئامانەت، بالامنى تاپماي قايتما! بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئۇنى تاپماي قويما. ئوغلۇم سېنى تاغام دەپ بەك ياخشى كۆرەتتى، — دېدى دۇتە.

ئايال كەينىگە يېنىپ ئۆيىگە ماڭدى.

ئۈچ كىشى قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كەتتى. كېچىدە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆڭگەن ئاياغلار ماڭىدىغان يوللىرىنى بىلەتتى. شىغىل تاشلىق ئېتىزلىققا چىقتى. ئاندىن تىك قىيادىن ئۆتتى. قىيانىڭ كەينىدە دەم ئېلىش ئۈچۈن ئولتۇردى. ئۇلار يانمۇيان تىزلىنىشىپ چاپلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئۆزاققىچە جىم ئولتۇرۇپ قېلىشتى. بۇ مۇدھىش قاراڭغۇ كېچىدە ھاشاراتلارنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزگە تاۋۇش ئاڭلانمايتتى.



بىرىنچى بولۇپ تۇرسۇن سۆز باشلىدى، ئۇ بىرىگە ئەمەس، كېچىگە مۇراجىئەت قىلاتتى:

— بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ — زادى، نەگىمۇ كەتكەندۇ؟

— كىم بىلسۇن... — دېدى ئوسمان.

— مەمەت ماڭا نېمە دېگەنلىكىدىن خەۋىرىڭلار بارمۇ؟ مەن يىراق بىر يېزىغا كېتىمەن، ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ بۇ يەردە تۇرمايمەن، دەيتتى، — دېدى ئەلى.

— مەمەت ساراڭلىق قىلىپ قېچىپ كەتمىسۇن يەنە، — دېدى تۇرسۇن.

— قاچقان بولسا، ياخشى قىپتۇ، — دەپ چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئىسقىرتقاندەك سۆزلىدى ئەلى.

— بەك ياخشى قىپتۇ! — دېدى ئوسمان.

— بىزنىڭ كۆنىمىز ئىتتىن بەتتەر، — دېدى ئەلى.

— چۇقۇر ئوۋاغا كەتسەك ئىدۇق كاشكى، — دېدى ئوسمان.

— چۇقۇر ئوۋا يېقىن، — دېدى تۇرسۇن، — يۇرەگىر دېگەن يەر بار، ئۇ مېنىڭ يېزام، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى تۇرسۇن، — كۆپ ئىشلىسەڭمۇ ئۆزۈڭگە خوجايىنسەن. ھېچ كىشى ئىشىڭغا ئارىلاشمايدۇ. ئېتىزىغا قارىساڭ، خۇددى ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتلار يەرگە چۈشكەندەك كۆرۈنىدۇ. كېۋەز ئەنە شۇنداق ئوخشايدۇ، ئىرىۋالىسەن — دە، بىر ئۆككا[1] پاختىنى ئون قۇرۇش[2] تىن ساتىسەن، بىر يازدا ئابدى ئاغا بەرگەندىن بەش ھەسسە كۆپ پۇل تاپالايسەن. ئادانا دېگەن بىر شەھەر بار، ھەممە يېرى ئەينەكتىن ياسالغان، كېچە - كۈندۈز پارقىراپ تۇرىدۇ، قوياشنىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ ئىچىدە كېزىسەن. ئۇلار ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقىنى سوقاق[3] دەپ ئاتايدۇ. چوڭ رەستىلەر ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرىدۇ، خۇددى ياغ تۆكۈلسە يالىغۇدەك بەك پاكىز،

[1] ئۆككا — تۈركىيەنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. 1 ئۆككا 1283 گىرامغا تەڭ.
[2] قۇرۇش — تۈركىيەنىڭ پۇل بىرلىكى — پارچە پۇل.
[3] سوقاق — كوچا.

يۈيىزلار كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. دېڭىز يۈزىدە بىر يېزىدەك چوڭ كېمىلەر ئۈزۈپ يۈرىدۇ. دۇنيانىڭ نېرىقى تەرىپىگە بارىدۇ. ئۇمۇ قۇياشتەك يېنىپ تۇرىدۇ، يورۇقى كۆزنى چاقنىتىدۇ. بىر كۆردۈڭمۇ. زادى كۆزۈڭنى ئۈزەلمەيسەن. پۇل دېگەن چوقۇر ئۇۋادا ئېرىقتىكى سۇدەك ئاقىدۇ. ئىشلىسەڭلا بولىدى.

ئوسمان تۇساتتىن بىر سوئال تاشلىدى:

— دۇنيا نېمىدېگەن كەڭ ـ ھە؟

— بەكمۇ كەڭ، — دېدى تۇرسۇن.

ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇشقاندىمۇ تۇرسۇن يەنىلا يېزىسىنى ماختايتتى.

ئۇلار قىيالاردىن ئۆتكەندىن كېيىن چىقىرتكىلەرنىڭ چىقىشتى. چىقىرتكىلەر پاچاقلىرىنى تىلىشقا باشلىدى.

— مەمەت ھەيدەۋاتقان ئېتىمىز مۇشۇ يەردە ئىدى، — دېدى ئوسمان.

— بۇ يەرلەرنى مەن بىلمەيمەن، سىلەر بىلىسىلەر، — دەپ جاۋاب بەردى تۇرسۇن.

ئوڭ تەرەپتىن ئەلىنىڭ:

— دەل مۇشۇ يەر، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— راست مۇشۇ يەرمۇ؟ — دەپ ئىشەنمىگەندەك سورىدى تۇرسۇن.

— دەل مۇشۇ يەر. يۇراپ باققىنا، ھەيدەلگەن يەرنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئەلى.

تۇرسۇن توختىدى، تولدۇرۇپ تىنىدى ـ دە، شۇنداق دېدى.

ئۇ تەرەپتىن ئوسماننىڭ:

— ئايغىم ھەيدەلگەن تۇپراققا پېتىۋاتىدۇ، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مېنىڭمۇ، — دېدى ئەلى.

— توختاپ تۇرۇڭلار، مەنمۇ باراي، — دېدى تۇرسۇن.

ئۇلار توختاشتى، تۇرسۇن كەينىدىن يېتىشىۋالدى.



— ئەمدى ھەيدەۋاتقان يېرىنى تاپايلى، قانداق دەيسىلەر، — دېدى تۇرسۇن.

— ئۇنى تېپىش ئاسان، — دېدى ئوسمان، — تاپىمىز.

— بەك تونۇلاپ كەتتىم، — دېدى ئەلى.

— ئاۋۋال ئۇنى تاپايلى، ئاندىن ... — دەپ تەسەللى بەردى تۇرسۇن. دەل شۇ چاغدا ئوسماننىڭ يىراقتىن:

— بۇ يەردە چوڭەكلەر ئۆز پېتى تۇرىدۇ. بوگۈن يەر ھەيدىمەپتۇ، — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئەلى يېتىپ كېلىپ يەرنى ماڭداپ كۆردى، ھەيدەلگەن يەرنىڭ قىرىنى بىرقانچە قېتىم ئايلىنىپ چىقىپ:

— بۈگۈن مەمەت يەر ھەيدىمەپتۇ، چوڭەكلەر ئۆز پېتى تۇرىدۇ، — دېدى.

— ئۇ بىر پالاكەتكە يولۇقتىمۇ نېمە؟ — ئەنسىرەپ سورىدى تۇرسۇن. ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل ھەيرانلىق بار ئىدى.

— ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولمايدۇ. ئۇ شەيتاننىڭ قېرىندىشى، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بولمىغاندۇ، — دېدى ئوسمان.

— تۇرسۇن ئاكا، سەن ئۇنى بىلمەيتتىڭمۇ؟ ئۇنىڭغا پالاكەت كېلەمتى! — دەپ تەكىتلىدى ئەلى.

— خۇدايىم شۇنداق بولغىلى نېسىپ قىلسۇن. مەمەت بەك ئوبدان بالا، بىر يېتىم، — دېدى تۇرسۇن.

ئۇلار ھەيدەلگەن ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختاشتى. ئوسمان چاۋار تېرىپ كەلدى. ئەلى بىلەن تۇرسۇن سۆزلىشىۋاتقاندا ئۇ ئوت قالىدى. ئۇلار ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى ۋە تۈرلۈك ئېھتىمالدا تەخمىن قىلىشتى: ھوشىدىن كېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، بۆرە كېلىپ ئۇنى يەپ قويۇشى ياكى ئوغرىلار ئۆكۈزلەرنى بۇلاپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن... يەنە قانچىلىك ئېھتىماللار بولسا ئۇ ھەققىدە تەكرار ـ تەكرار سۆزلىشىشتى. ئەمما، بىرەر ئېھتىمالنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قېلىشتى. ھەممە ئېھتىمالنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

بىرىنچىمۇ بولماسلىقى ھەم مۇمكىن ئىدى.

تۇرسۇننىڭ يۈزىگە ئوتنىڭ يالقۇنى چۈشۈپ، يۈزىنى قىزىل مىس رەڭگىگە كىرگۈزدى، چىرايىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس خۇشاللىق تەبەسسۇمى جىلۋىلەندى.

ئوت ئۆچۈشكە باشلىدى. گۈلخاندا بىرقانچە تال چوغ مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك پارقىرايتتى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى سىقىلماقتا ئىدى. ئەلى ناخشا ئېيتتى. بۇ مۇڭلۇق ناخشا كېچە قاراڭغۇلۇقىغا سىڭىپ كەتتى.

يالغۇز ھارۋا سەپىرگە ئاتاپ،
سېغىنىپ سېنى ھالىم بەك خاراب.
قۇرئان تۇتىمەن ماڭا ئىشەنگىن،
سەندىن باشقىغا قويمايمەن قاراپ.

ئۇلار سۇزلاشتى. ئوسمان چاۋار تېرىپ كېلىپ ئوتنى ئۇلغايتتى. تۇرسۇن بىلەن ئەلىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ شاخ ـ شۇمبا تېرىشكە ماڭدى. ئوتنىڭ يېنىغا چوڭ بىر دۆۋە چاۋار يىغىلدى.

— ھە، ئەمدى نېمە قىلىمىز؟ — دېدى ئوسمان.

— يېزىغا قۇرۇق قول قايتىدىغان بولساق ئاپىدى ئاغا قىزىل قىيامەتنى كۆرسىتىمۇ بىزگە، ياخشىسى بۇ يەردە ياتايلى، سەھەردە ئىزدەپ تاپىمىز، — دېدى تۇرسۇن.

— مەمەتنى ھەرگىزمۇ تاپالمايمىز، ئىشقىلىپ، ئۇ ھېلىقى يېزىغا كەتتى، ئۇ ئاشۇ يېزىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى، — دېدى ئەلى.

تۇرسۇن كۈلدى.

ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەلى نۆۋەتچى بولۇپ قالدى. قالغانلىرى قىڭغىيىشتى. ئەلى ئوتقا تىكىلىپ قالغانىدى. بىرئازدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى. كۆزلىرىنى



ئوتتىن ئېلىپ كېچە قاراڭغۇلۇقىغا تىكىلدى. ئۇز ـ ئۆزىگە: «كەتتى، بوپتۇ، ئويدان قىلدى، ھەشەمەتلىك شەھەرگە كەتتى. يۈرەگىمرگە كەتتى. بارسۇن، ئويدان قىلدى. مەيلى كەتسۇن» دەيتتى.

ئوسمان ئويغانغاندىن كېيىن نۆۋەتچىلىكنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزى بىر كىيىمكە بېشىنى قويۇپ:

— ئوسمان، ئۇ ھېلىقى يېزىغا كەتكەنمىدۇ؟ مەمەت چوقۇم شۇ يەرگە كەتتى، تۇرسۇن ئېيتقان يەرگە، — دېدى.

— شۇ يەرگە — ھە... — دېدى ئوسمان.

سۈبھىدە ئۈچىلىسى تاڭ ئويغاندى. شەرق قىزىرىشقا باشلىدى. بۇلۇتلار قىزىل ھەل بېرىلگەندەك بولۇپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن بۇلۇتلار ئاقىرىشقا باشلىدى. ئاندىن مەيىن بىر شامال ئۇردى. گەرچە ئازراق سوغۇق بولسىمۇ، بەك يېقىملىق سەھەر شاملى ئىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۈپچۆرە يورۇپ، ئەتراپتىكى نەرسىلەر ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ھەيدەلگەن يەرنىڭ ئۇ تەرىپىدە چېقىرتكەنلىك تاكى ئۆيۈقىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

ئۈچىلىسى ئورنىدىن ئېغىر قوزغىلىشتى. تاڭ يورۇقىدا ئۇلارنىڭ سايىسى كۆنىيىتىشقا قاراپ سوزۇلغانىدى. ئۈچىلىسىمۇ قوللىرىنى سوزۇپ كېرىلىشتى. ئاندىن ھاجەتكە ئولتۇرۇشتى.

ئۇلار ئاستا مەمەت ھەيدەپ قويغان ئېتىمىزنى ئاپلىتىپ چىقىشتى.

— ئېتىمىزغا قاراڭلار، — دېدى ئوسمان. — ئۆكۈزلەر سايانتى سۆرەپ كېتىپتۇ... يۈرۈڭلار، ئىزدەيلى.

ئۇلار ئىز بويلاپ مېڭىشتى. بىر يەرگە كېلىپ توختاپ ئۇزاق سۆزلەشتى. بۇ يەردە بىر جۈپ ئۆكۈز ياتقان ئىز بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىزلىرى يۈزۈلمىغان، بويۇنتۇرۇق، سايان بىلەن ياتقاندەك تۇراتتى.

كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئەتراپنى ئىسسىتىشقا باشلىدى. ئۇلار چېقىرتكەنلىكتىن چىقىپ ئېقىن سۇغا كېلىشتى. ئەلى

بىردىنلا ئىسقىرتىۋەتتى، ئىككىسى بىردەك ئەلى تەرەپكە ماڭدى. كېلىۋېتىپ بويىدا يوپۇتۇرۇق، سايان قوشۇقلۇق ئۆكۈزلەرنى كۆردى. ئۆكۈزلەرنىڭ بىرى سۇر، بىرى قىزغۇچ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ قورساقلىرى چاپلىشىپ كەتكەنىدى.

ئوسماننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى:

— بۇ يالىغا بىر ئىش بوپتۇ، مەمەت قاچقان بولسا، ئۆكۈزلەرنى سايانغا قېتىقلىق تاشلاپ كەتمەيتتى. بىرنېمە بوپتۇ ئۇنىڭغا...

— ھېچنېمە بولغىنى يوق، مەمەتكە. قوۋۇلۇقىدىن ئۆكۈزلەرنى مۇشۇنداق تاشلاپ، ئاشۇ يېزىغا كەتكەن گەپ، — دېدى ئەلى.

ئوسماننىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئاۋۇ يېزا، ئاۋۇ يېزا ... دەۋېرەمسەن؟ ئۇ يېزا بولسا نېمە بوپتۇ؟ ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ — دېدى.

— بولدى جېدەللەشمەڭلار، — دېدى تۇرسۇن كۈلۈمسىرەپ.

ئۇلار ئۆكۈزلەرنى ھەيدەپ مېڭىشتى.

ئۇلار يېزىغا كىرگەندە كۈن تىكلەشكەنىدى. ئۇدۇلدىكى تاغدىن ئاستا - ئاستا تۇمان تارقىلىشقا باشلىدى.

دۈنەنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن بالا، ئەر - ئايال، ياش - قېرى توپلانغانىدى، مالايلارنىڭ ئۆكۈزلەرنى ھەيدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەممە بىردەك ئورنىدىن تۇرۇشتى. ھېچكىم گەپ قىلمايتتى. كۆزلىرىنى ئۆكۈزلەرگە تىكىشكەنىدى.

دۈنە ۋارقىرىغىنىچە ئۆكۈزلەرنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بالامنى نېمە قىلدىڭ، تۇرسۇن ئاغا؟ قوزام سېنى يەك ياخشى كۆرەتتىغۇ؟

— ئۆكۈزلەرنى دالادا مۇشۇنداق قوشۇقلۇق ئۇچراتتۇق، — دېدى تۇرسۇن.

ئايال:

— مەمەت قوزام ... راھەت كۆرمىگەن يېتىم قوزام ... — دەپ بوزلاپ پەرياد چەكتى.



— يەڭگە، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولمىدى، مەن ئۇنى ئىزدەيمەن. ئىزدەپ تاپىمەن، — دېدى تۇرسۇن. دۈنەنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ: «بەختسىز قوزام، يېتىم قوزام» دەپ يىغلايتتى.

دۈنە كېيىن دەلدەڭشىپ يەرگە يىقىلدى. سوزۇپ - سوزۇپ ئىڭراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزى، چاچلىرى تۇپىغا مىلەنگەنىدى. كېيىن كۆز ياشلىرىدىن يۈزى لاي بولۇپ كەتتى. كۆپچىلىك بىر ئۆكۈزلەرگە، بىر دۈنەگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى. توپ ئىچىدىن ئىككى ئايال چىقىپ تۇپىدا دومىلاپ ياتقان دۈنەنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئۆرە تۇرغۇزدى، دۈنە يېرىم ھوشسىز ئىدى. بېشى ئۈلۈكنىڭ بېشىدەك ئوڭ يەلكىسىگە ساڭگىلىغانىدى. ئاياللار ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئۆيىگە ئەكەتتى.

دۈنە كەتكەندىن كېيىن كۆپچىلىك جانلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى. ھەممىدىن بۇرۇن جەننەت بوۋى سۆز باشلىدى. كىشىلەر ئۇنى ئات يۈزلۈك جەننەت بوۋى دەپ ئاتايتتى. سوزۇق يۈزىنى قورۇق باسقان، بويى ئېگىز، ئورۇق بارماقلىرى تالنىڭ چىۋىقلىرىدەك ئىدى.

— بىچارە دۈنە، ئوغلىغا نېمە بولغاندۇ؟ — دېدى ئۇ.

ئەلىپ سۆز قاتتى، ئۇ يېزىدا شۇم ئېغىزلىق بىلەن نام چىقارغان، پاكار بويلۇق ئايال ئىدى.

— ئۆلمىگەن بولسا، مەمەت قايتىپ كېلەتتى، — دېدى ئۇ.

كېيىن بۇ سۆز كۆپچىلىك ئارىسىدا باشتىن - ئاياغ تەكرارلاندى:

— ئۆلمىسە كېلەتتى.

— ئۆلمىسە كېلەتتى.

— ئۆلمىسە كېلەتتى.

ئەلىپ قايتا سۆز باشلىدى:

— بەلكى دادىسىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۆلتۈرگەندۇ.

— دادىسىنىڭ دۈشمەنلىرى يوق ئىدى. ئىبراھىم چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرمەيتتى، — دەپ جاۋاب بەردى جەننەت بۇۋى.

ئاق سەللىلەر، رەڭگارەڭ ياغلىقلار، بىغىر رەڭ قىس[1]، بىغىر رەڭ جىيەكلىك، تەڭگە پۈللۈق تەقىيىلەردىن تەشكىل تاپقان ئادەملەر تويى ھاياجان بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشاتتى.

— ئىبراھىم چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرمەيتتى.

— ئىبراھىم چۈمۈلىنى ...

— چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرمەيتتى.

ئاندىن كېيىن قالايمىقانچىلىق باشلاندى. ھەر ئېغىزدىن بىر ئاۋاز چىقاتتى.

— ۋاي مەمىتەي !

— ۋاي يېتىم !

— كۆزۈڭ كور بولار كاپىر، دىنسىز.

ئاندىن كۆپچىلىككە بىر تەكلىپ قويۇلدى. كىمنىڭ ئىپتىقانلىقى مەلۇم ئەمەس ئىدى:

— دۆنە قاغا - قوزغۇنلار ئايلىنىپ يۈرگەن يەرلەرگە بېرىپ قاراپ باقسۇن !

— جەسەت بار يەردە قوزغۇن ئايلىنىدۇ.

— نەدە قوزغۇن ئايلانسا شۇ يەردە.

— دەل شۇ يەردە ...

— قاينامغا چۈشۈپ كەتكەندۇ.

كۆپچىلىك بۇ گەپنى قىلغان ئايالغا قاراشتى ۋە بىر پەس جىم قېلىشتى. كېيىن يەنە بۇرۇنقى ھالىغا قايتىپ جانلاندى.

— قاينامغا چۈشۈپ كەتكەندۇ.

— قاينامغا.

كىشىلەر شەرققە قاراپ يول ئالدى. يالاڭ ئاياغ باللار ئالدىدا

[1] قىس — تۈركمىيە ۋە ئاسىيا، ئافرىقا ئاللىرى خەلقى كىيىدىغان بۇسلاق، ئۇستى تۈز، يۇيۇلكى بار بىر خىل باش كىيىمى.



كېتىۋاتاتتى. ئالدى بىلەن باللار چېقىرتكەنلىككە كىرىشتى. ئارقىسىدىن ئاياللار ... باللارنىڭ پاچاقلىرى قاناپ ئالىچىپار بولۇپ كەتتى. باللار يەنىلا يۈگۈرۈشەتتى. ئاياللارمۇ يوللىرىدا ئۈنۈپ چىققان چېقىرتكەنلەردىن قاقشايتتى.

— يىلتىزى قۇرۇپ كەتكۈرلەر ...

چېقىرتكەنلىكتىن چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسىدا خادا تاشلار كۆرۈندى، ھارغان، ئاياغلىرى قانىغان باللار ئارقىدا قالدى. ئاياللار ئالدىغا ئۆتتى.

چىنار تۈۋىگە يېتىپ بارغاندا ھەممەيلەن چارچىغانىدى، چىنار شىلدىرلىماقتا. ئۇلار تۇساتتىن سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختاپ قېلىشتى، بىردەم تىنىۋالغاندىن كېيىن ھەممەيلەن بىردىن سۇغا قاراپ يۈگۈردى. كەلگەن ھەربىر كىشى سۇ قاينىمىغا تىكىلىپ قارايتتى. ئاياللار يانمۇيان، ئارقىمۇئارقا تىزىلىپ ھالقا بولۇشتى. سۇ زور قىيانىڭ تېگىدە قاينام بولۇپ ئۆركەشلەيتتى. قىيانىڭ سول تەرىپىدە سۇ يىغىلىپ چوڭ بىر كۆل ھاسىل قىلغان. قاينام يۇزىگە ئۈچ - تۆت يوپۇرماق چۈشۈپ قالغانىدى، ئۇلار ئىبقىپ كەتمەي كۆپۈكلەر ئارىسىدا چۆرگىلەپ، لەيلەپ يۈرەتتى.

ئۇلار بىرھازاغىچە جىمجىت قاراپ تۇرۇشتى.

— بالا بۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بولسا بۇ چاغىچە سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىققان بولاتتى، — دېدى جەننەت بۇۋى.

كۆپچىلىك يەنە غۇلغۇلا قىلىشتى، باشلىرىنى چايقاشتى.

— بىر قېتىم بولسىمۇ چىقاتتى.

چۆكۈپ كەتكەن يەردىلا تۇرمايدۇ - دە، ... لەيلەپ چىقاتتى.

— ھە، چىقاتتى.

كۆپچىلىك ھارغان، ئالغان، ئۈمىدسىز، كۆڭۈلسىز ھالدا سولىشىپ كەينىگە ياندى.

بۇ قېتىم باللار ئارقىدا قېلىپ، ئۈنىشىپ كېلىشەتتى. كۆپچىلىك تۈپلىشىپ ماڭماي، ھەرقايسىسى ھەر يەردە يېشىتى

ساڭگىلىتىپ ماڭدى.

دۆنە شۇ كۈندىن باشلاپ يىغلاۋېرىپ، ياستۇق تۇتۇپ يېتىپ قالدى. پۈتۈن بەدىنى ئوت بولۇپ ياناتتى. يېزىنىڭ ياش قىزلىرى ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشتى. دۆنە بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. پېشانىسىنى بىر پارچە ئاق لاتا بىلەن تېڭىۋالغانىدى.

بىر كۈنى يېزىدا: «دۆنە ئاماق يېمەي، بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمەي، كىرپىك قاقماي قايىنامغا قاراپ ئولتۇرغۇدەك، ئوغلۇمنىڭ ئۆلۈكى چىقىپ قالامدىكىن دەپ ساقلاۋاتقۇدەك» دېگەن قىزىقارلىق بىر خەۋەر تارقالدى.

خەۋەر توغرا ئىدى. دۆنە ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە كۈن چىقماستىن بۇرۇن سۇنىڭ بېشىغا كېتەتتى. كۆزىنى سۇدىن ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. بۇ ئەھۋال ئون كۈنچە داۋاملاشتى. كېيىن دۆنە ھالىدىن كەتكەن ھالدا قايتىپ كەلدى ـ دە، ئۆيدىن چىقماس بولۇۋالدى. ئەمدى خىيالىغا باشقا بىر نەرسە كەلدى. يەنە ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇراتتى، ئۆگزىگە چىقاتتى، يىراق ئاسمانغا كۆز تىكەتتى. ئۇنى كۈزىتەتتى. قەيەردە بىرەر سار چۆرگىلەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرسە، يالاڭ ئاياغ شۇ يەرگە چاپاتتى. ئۇ ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر سۆڭەك بولۇپ قالدى. بەزىدە سار تاھايىتى ئۇزاقتا، مىسالەن ياغمۇر چوققىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەن بولاتتى. ئۇ يەر بۇ يەردىن بىر كۈنلۈك يىراقتا ئىدى. دۆنە شۇ يەرگىمۇ باراتتى.

بىر كۈنى كېچىسى دۆنەنىڭ ئىشىكى ئۇرۇلدى.

— دۆنە يەڭگە، ئىشىكنى ئاچ، مەن تۇرسۇنمەن، — دېدى.

دۆنە ئۈمىد ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ئىشىكنى ئاچتى.

— كەل، تۇرسۇن، قېرىندىشىم! مېنىڭ مەمەتىم ساڭا يەكمۇ ئامراق ئىدى، — دېدى دۆنە.

تۇرسۇن دۆنە سېلىپ قويغان كۆرپىگە ئاستا، تەمكىنلىك بىلەن ئولتۇرغاندىن كېيىن:



— يەڭگە، ماڭا قارا، يۈرىكىم شۇنداق ھۆكۈم قىلىۋاتىدۇكى، ئوغلۇڭ ئۆلمىدى. مېنىڭچە، ئۇ باشقا بىر ياققا بېشىنى ئېلىپ كەتتى. مەن ئۇنى تاپىمەن، — دېدى.

دۆنە تۇرسۇننىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى:

— ئېيتە، قېرىندىشىم تۇرسۇن، بىرەر خەۋەر ئاڭلىدىڭمۇ؟

— خەۋەر ئاڭلىغىنىم يوق، يەڭگە. لېكىن كۆڭلۈم شۇنداقتەك سېزىۋاتىدۇ، — دېدى تۇرسۇن.

— تىلىڭدىن ئۆرگۈلەي، قېرىندىشىم، — دەپ يالۋۇردى دۆنە.

— مەن ئۇنى ئىزدەيمەن، ئىزدەپ تاپىمەن، مەن شۇنىلا ئېيتايكى، ئوغلۇڭ ئۆلمىدى — مەمەت ئۆلمىدى، — دېدى تۇرسۇن.

دۆنە ئۇنى ئۈزىتىپ چىقىپ:

— بىر ئۈمىدىم سەندە قالدى، قېرىندىشىم. ئاھ، ئوغلۇمنىڭ ئامانلىق خەۋىرىنى بىر ئاڭلىسام ... دۇنيادا بۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىنى خالىمايمەن. سەن بىلىسەن، تۇرسۇن ئاغا، سۆزۈڭگە قۇربان بولاي، ئۆزۈڭ بىلىسەن، — دېدى.

## 4

ياز كەلدى. زىرائەتلەر ئورۇۋالماقتا. ئىسسىق ھەممە نېمىنى كۆيدۈرمەكتە، چۇقۇر ئوۋۋانىڭ ئىسسىقىنى سېرىق ئىسسىق دېيىشىدۇ، توروس ئېتەكلىرىنىڭ ئىسسىقىنى ئاق ئىسسىق دەيدۇ. ئاق ئىسسىق يېتىپ كەلدى.

مەمەت ئاۋاق كەلگەندىن بېرى پادىچى ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئۆينىڭ ئوغلى بولدى. سۇلايمان مەمەت ئاۋاقنى جېنىدەك ياخشى كۆرەتتى. خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە سىغمىغان بۇ ئەقىللىك بالىدا يېقىنقى كۈنلەردە بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئاغزىنى زادىلا ئاچمايدۇ، كاللىسىنى قانداقتۇر بىر خىيال چۇلغىۋالغان:

بۇرۇن تىنىماي ناخشا ئېيتاتتى، چاقچاقلىشاتتى. ئەمدى ناخشىلىرىمۇ جىمىدى.

ئۆچكىلەرنى ئاق بولۇق ئوتلاقا، ئاق قويۇق يوپۇرماقلىق ئورمانلارغا ئاپىراتتى. بۇرۇن بىر ئۆچكە سەل - پەل ئوتلىماي قويسىلا، سەل ئاغرىقتەك كۆرۈنسىلا، مەمەت دەرھال سېزىۋالاتتى، چارىسىنى قىلىپ ساقايتاتتى، مانا ئەمدى بولسا ئۆچكىلەرنى ئوتلاقتا مەيلىچە قويۇۋېتىدۇ - دە، ئۆزى بىر دەرەخنىڭ تۈۋىدە، بىر خادا تاشنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ ئېڭىكىنى تاياقتا يۆلىگىنىچە خىيال سۈرىدۇ. بەزى - بەزىدە چىدىماستىن ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ كېتىدۇ.

«جېنىم ئانام ... ئاھ، ئانام! زىرائەتلىرىڭنى كىممۇ ئورۇپ بېرەر؟ كاپىر ئابدى ئاغا! ھەي جېنىم ئانام! زىرائەتلىرىمىز قۇرۇپ تۆكۈلۈپ كېتىدىغان بولدى. ھازىر مەن يوق، ئاشلىقلارنى ساڭا كىممۇ ئورۇپ بېرەر، جېنىم ئانا؟»

يەنە جىم بولىدۇ، ئاسمانغا، بۇلۇتلارغا، تۇپراققا، قىزىرىشقا باشلىغان زىرائەتلەرگە تىكىلىدۇ.

«لەيلەككۆزى دالاسىدىكى ئېتىزلىرىمىز بۇ چاغقىچە قۇرۇپ كەتكەندۇ. كىممۇ ئورۇپ بېرەر؟ جېنىم ئانا!... يالغۇز قانداقمۇ ئورارسەن؟»

كېچىلىرىمۇ كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھە دەپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلىدۇ. ئەس - يادى لەيلەككۆزى دالاسىدىكى ئېتىزىدا.

«لەيلەككۆزى ئېتىزىدىكى زىرائەتلەر ۋاقتىدا ئورۇۋېلىنمىسا بىر تالمۇ دان ئالغىلى بولمايدۇ.»

سەھەردە ئورنىدىن تۇرىدۇ. ھەممە يېرى سىرقىراۋاتقان ھارغىن، خاموش؛ ئۆچكىلەرنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىدۇ. ئۆچكىلەر ھەر يانغا تارقىلىپ كەتسىمۇ كارى بولمايدۇ. قاراپمۇ قويمايدۇ. گاھىدا كۆز ئالدىغا سۇلايماننىڭ ئاق، يېقىملىق چىرايى، مۇھەببەت، شەپقەت بىلەن تولغان كۆزلىرى كېلىدۇ ...



ئۆز - ئۆزىدىن خىجالەت بولۇپ كېتىدۇ، جانلىنىدۇ. پادىنى يىغىپ ئوتلىرى بولۇق يەرگە ھەيدەپ بارىدۇ ... بۇ ھەم ئۇزاق داۋام قىلمايدۇ. يەنە خىيال بېسىۋالىدۇ. يەردە ئولتۇرىدۇ، تويا ئوتتەك قىزىق. «لەيلەككۆزى» دەيدۇ. «جېنىم ئانام» دەيدۇ. بىردىن قارىسا كەچ بولۇپ قالغان، كۈن ئولتۇرغان... تارقىلىپ كەتكەن ئۆچكىلەرنى توپلايدۇ ... ئۇلارنى يەنە ئولتۇرۇۋاتقان قوياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى بىلەن پارقىراپ تۇرغان قىنالتۆپىگە ھەيدەيدۇ. مالنى تۆپىنىڭ ئاستىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى ئۈستىگە چىقىدۇ. يىراقتا بىر تۈزلەڭلىك كۆرۈنىدۇ. تۈزلەڭنىڭ ئۈستىنى قاپلىغان كەچكى تۇمان ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە. بۇ كۆرۈنگەن تۈزلەڭ چېقىرتىكەن تۈزلىڭى. قىنالتۆپە ئارقىسىدىكى دەگىرمەن ئۇلۇك يېزىسىنى كۆرەلمەيدۇ. ئوتتۇرىنى بىر دۆڭ خۇددى قېلىن پەردىدەك توسۇپ تۇرىدۇ. بۇ بىر بوزتوپا دۆڭى. بۇ يەردىكى ئوتلاقلار ھېلىلا ئوت ئېلىپ كېتىدىغاندەك قۇرۇپ قاقجىراپ كەتكەن. ئۇ ئېسىنى يىغىپ ئۆز - ئۆزىگە كايىيدۇ. سۇلايمان نېمە دېگەنىدى؟ «قىنالتۆپىنىڭ ئۇ يېقىغا ئۆتمە» دېگەنىدى. قىنالتۆپىنىڭ ئۇ يېقىدا ئىنس - جىن يوق، بۇ ئىشقا تېخىمۇ ئىچى پۇشاتتى. ئۇ يۈگۈرە - يۈگۈرە تۆپىنىڭ ئۈستىدىن ئېتىكىگە چۈشتى. تارقىلىپ كەتكەن ئۆچكىلەرنى كەچ كىرگۈچە ئاران يىغىۋالدى، يېزىغا بەكمۇ كەچ قايتتى. سۇلايمان ئۇنىڭدىن كەچ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا:

— ئوبدان بىر ئوتلاق تاپقانىدىم، ئۆچكىلەرنى ئۇ يەردىن ئەكېتىشكە كۆزۈم قىيمىدى، — دەپ يالغان ئېيتتى.

بىر كۈنى ئۇ بەك ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قوتانغا كىردى. ئىسسىق، دىمىق بىر كېچە ئىدى. ئۆچكە قوتىنى سېسىق پۇرايتتى. ئۆچكىلەرنى قوتاندىن چىقاردى - دە، ئالدىغا سېلىپ ماڭدى. بەزى - بەزىدە تاڭ يورۇماستىن خېلى بۇرۇن، ئاسماننىڭ كۈنچىقىش تەرىپى قىزىرىشقا باشلايدۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ

يەردىكى بۇلۇتلارنىڭ كانارىلىرى ھەل بېرىلگەندەك پارقىرايدۇ. ئاندىن تاڭ ئاتىدۇ. مەمەت كۈنچىقىشقا باقتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بىر كۈن ئىدى.

مەمەتنىڭ كۆڭلى يورۇپ كەتتى. قەلبىدە بىر خىل يېتىشكىلىك ھېس قىلدى. ئۆزىنى قۇشتەك يەڭگىل، ئەركىن سېزەتتى. بۇ چاغدا سەھەر شامىلىمۇ چىقىشقا باشلىدى. سەھەر شامىلى ئۇششاق دولقۇنلارغا ئوخشاش ئۇنىڭ يۈزىنى يالاپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

يۈرىكى دۈك - دۈك ئۇرغان ھالدا ئۆچكىلەرنى قىنالتۇيىگە قاراپ ھەيدىدى. مەمەت ئارقىدا، ئۆچكىلەر ئالدىدا كۆتۈرۈلگەن چاڭ بۇلۇتلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ يۈگۈرۈيتتى. دەل دۆڭلۈكنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە مەمەت ئۆچكىلەرنىڭ يۆنىلىشىنى بۇرىدى. ئۇ ئىككىلىنىپ قالغانىدى. ئۆچكىلەر ھەر ياققا تارقاپ كەتتى. مەمەت يەردە ئولتۇردى. تاپىقىنى ئېڭىكىگە تىرىدى. ئۇزاق ئويلاندى. بىردەمدىن كېيىن غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۆچكىلەرنى تويلاپ دۆڭگە قاراپ ھەيدىمەكچى بولدى. يۆتكىگەنىمۇ ۋاز كەچتى. قايتا ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆمدى. خېلىغىچە بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالدى، بىر ئۆچكە كېلىپ ئۇنىڭ بويىنىنى، قوللىرىنى يالىدى. مەمەت ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. ئۆچكىمۇ ئۆزلۈكىدىن بىر ياققا كەتتى. ئەتراپ شۇنداق يورۇپ كەتكەنكى، تاغلار، تاشلار، يېزىلار ئوت - چۆپلەر ھەممىسى كۈن نۇرىغا چۆمۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى.

قوللىرىنى يۈزىدىن ئالدى. كۆزلىرىنى ئاچقاندا كۆزىگە كۈن چۈشۈپ قاماشتۇردى. بىرھازاغىچە كۈنگە قارىيالمىدى. كۆزلىرى يورۇققا كۆنگەندىن كېيىن ھارغان، ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئۆچكىلەرنى تەسلىكتە يىغدى. دۆڭگە قاراپ ھەيدىدى. ئۆچكىلەر بىردەمدە دۆڭنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. مەمەت كۈنپېتىشقا بۇرۇلدى. قولىنى چېكىسىگە ئاپىرىپ يىراقلارغا كۆز تىكتى. كۆزىگە زور چىنارنىڭ شاخلىرى



كۆرۈنگەندەك بولدى. يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى. دۆڭنىڭ شىمال تەرىپى توزلەڭ ئىدى. دەگىرمەن ئۆلۈك يېزىسىنىڭ ئېتىزلىرى بىلەن، يەنى چېقىرتىكەنلىك توزلەڭلىكى بىلەن توزلەڭ ئارىلىقىدا بوزتوپىلىق دۆڭ سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۇ قېتىم ئۆچكىلەرنى دۆڭنىڭ تۈۋىگە قاراپ ھەيدىدى. ئالدىدىن ئىككى كىچىك قۇش پۇر قىلىپ ئۇچۇپ كەتتى. ئاسماندىمۇ يالغۇزلا بىر قۇشنى كۆردى. توزلەڭ جىمجىت ئىدى، ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇزاقلاردا چاڭ - توزاندىن ھاسىل بولغان ئاق بۇلۇت ئۆرلىمەكتە. بىردىنلا كۆزىگە تۈۋەندە — دۆڭنىڭ تۈۋىدە كىچىككىنە بىر ئېتىز چېلىقتى. ئېتىزنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك قارا بىر ئېگىلىپ، بىر كۆتۈرۈلەتتى. بۇ تۈۋەنمۇ ئۆچكىلەرنى ئۇ بىر خىل خاتىرجەملىك ۋە ھارغىنلىق بىلەن شۇ تەرەپكە ھەيدىدى. ئېكىنزارلىققا يېقىن كەلگەندە ئورما ئوروۋاتقان كىشىنى تونۇدى. بۇ پانجار ھۆسۈك بوۋاي ئىدى. پانجار ھۆسۈك ئۆچكىلەرگىمۇ، مەمەتكىمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىمىدى. ئورمىسىنى ئوروۋەردى. مەمەتمۇ ئۆچكىلەرنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. ئۆچكىلەر ئېتىزنىڭ قىرىغا كەلدى، ھۆسۈك يەنىلا بايقىمىدى. كېيىن ئۆچكىلەر ئېتىزنىڭ ھەر تەرىپىدىن زىرائەتكە ئېتىلدى. ئېتىزلىقتا شالدۇر - شۇلدۇر ئاۋاز كۆتۈرۈلدى. ئۆچكىلەرنىڭ زىرائەت ئىچىدە يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ھۆسۈكنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. ئارقىدىن ئۆزىمۇ بار كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ تىللىغان پېتى ئۆچكىلەرنى قوغلاشقا كىرىشتى. مەمەت ئۆز جايىدا تۇرۇپ ھۆسۈكنىڭ تاماشىسىنى كۆرەتتى. پانجار ھۆسۈك ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يۈرۈپ مىڭ مۇشەققەتتە ئۆچكىلەرنى ئېتىزدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ، ئۆزىگە پەرۋاسىز ھالدا قاراپ تۇرغان بالىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئۆچكىلەرنى باققۇچى پادىچى ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇڭلاشقا، قاتتىق غەزەپكە كەلدى، ئەرۋاھى ئۇچتى. ئۆچكىلەرنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويدى. ئورغىقىنى ئاتقان يېرىدىن

ئالدى ـ دە، تىللىغان پېتى بالىغا قاراپ يۈگۈردى، ئاغزىدىن كۆپۈكلەر چاچرايتتى.

— خەپ، سەن ئىتنىڭ بالىسىنى، قاراپ تۇر، ئۆچكىلىرىڭنى ئېتىزىمغا قويۇۋېتىپ ئۆزۈڭ تاماشا كۆرۈپ تۇرىسىنا! سەندەك ئىت ئەمگەن ھارامزادىنى تۇتۇۋېلىپ ... ھۆ ... داداڭنى ... بۇزۇق ئاناڭنى ...

بالا ئۆز جايىدا قىمىرلىماي تۇراتتى. بوۋاي بالىنىڭ قېچىپ كېتەلمىگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قوغلاپ يېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، بالىغا ئېتىش ئۈچۈن قولىغا تاش يىغدى. بالىغا يېقىن كەلدى. ھە، مانا قاچىدۇ، ئەنە قاچىدۇ، دەپ ئويلىدى. بالا قاچمىدى. ھۆسۈك بالىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئورغاقنىڭ كەينى بىلەن بالىنىڭ بېشىغا سالاي دېيىشىگە قولى تىترەپ كەتتى. بالىنىڭ قولى ئۆز قولىدىن بوشاپ كەتتى.

— مەمەت ... يالام سەنمۇ سەن؟ ھەممەيلەن سېنى ئۆلۈپ كەتتى، دەپ ئويلىشۇۋىدۇق.

ئۇنىڭ نەپىسى بوغۇلۇپ، ئاران تىناتتى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. قىزارغان بويىنىدىن، يۈزىدىن چىپىلداپ تەر ئاقاتتى. شۇ ئارىدا ئۆچكىلەر يەنە ئېتىزغا كىرىۋالدى.

— ماڭ، ئۆچكىلەرنى قوغلىۋېتىپ كەل، — دېدى پانجار ھۆسۈك.

شۇنىڭدىن كېيىنلا ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان مەمەت قىمىرلىدى ۋە يۈگۈرۈپ ئېتىزغا ماڭدى. زىرائەت ئارىسىغا كىرگەن ئۆچكىلەرنى يىراققا قوغلىۋەتتى. ئاندىن پانجار ھۆسۈكنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— مەمەت ئوغلۇم، كىشىلەر سېنى ئىزدەپ ـ ئىزدەپ ھالى قالمىدى، بىز سېنى سۇغا چۈشۈپ كەتتى، دەپ ئويلاپتۇق. ئاناڭ سېنىڭ دەردىڭدە ئۆلگىلى تاس قالدى. ئاناڭغا ئىچىڭ ئاغرىمىدىمۇ سېنىڭ؟

مەمەت بېلىنى ئېگىپ، تايىقىنى ئېگىكىگە تىرىگەن پېتى



جىم تۇراتتى.

— بۇ ئۆچكىلەر كىمنىڭ؟ — دەپ سورىدى ھۆسۈك.

مەمەت تۇرقىنى بۇزماي جىم تۇردى.

— ساڭا دەۋاتىمەن، مەمەت! بۇ ئۆچكىلەر كىمنىڭكى؟

مەمەت خۇددى ئاغزىدىن سۆزلەر تۆكۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك:

— كەسمە يېزىسىدىكى سۇلايماننىڭ.

— سۇلايمان ئويدان ئادەم، — دېدى ھۆسۈك، كېيىن قوشۇپ قويدى، — ھەي ساراڭ، قېچىپ كەتمەكچى بولغانىكەنسەن، ئاناڭنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويساڭ بولماسمىتى؟ نومۇسسىز ئابدى ئاغىنىڭ قولىدا جاق تويۇپسەن. ئاناڭغا ئېيتىپ قويۇپ، ئەگە قاچساڭ قېچىۋەرمەمسەن!

«ئابدى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ مەمەت ھۆسۈكنىڭ قوللىرىغا يېپىشتى:

— ھۆسۈك ئاغا، ھەر ئىش بولسىمۇ سۇلايمان ئاغىنىڭ مالچىسى بولغانلىقىمنى ھەرگىز بىركىمگە ئېيتىما، مۇبادا ئابدى ئاغا ئۇقۇپ قالسا مېنى تۇتۇپ كېتىدۇ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!

— سېنى ھېچكىم بىرنېمە قىلالمايدۇ، ساراڭ بالا! ئادەم ئانىسىغا دەپ قويمايمۇ قاچامدۇ؟ بىچارە سېنىڭ دەردىڭدىن ئۆلگۈدەك بولدى ... — دېدى ھۆسۈك.

ھۆسۈك بىردىنلا سۆزىنى توختاتتى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى. مەمەتكە قارىماستىن ئېتىزغا بېرىپ ئورمىسىنى ئورۇۋەردى. ئۇ ناھايىتى تېز ئورۇيتتى. ئورغاقنىڭ ئاۋازى مەمەتكىمۇ ئاڭلىناتتى.

ھۆسۈك بېشىنى كۆتۈرمەستىن ئورما ئورۇيتتى. بەزى ـ بەزىدە قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ يىراقلارغا قارايتتى. يەنە ئورۇشقا باشلايتتى. مەمەتنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدى. مەمەتمۇ ئېتىزنىڭ قىرىدا مىدىرلىماستىن جىمجىت قاراپ تۇراتتى.

كۈن قىيسايدى، كۆلەڭگىلەر ئۇزاردى.

مەمەت كۈنگە بىر نەزەر تاشلىدى. كۈن قىزارماقتا ئىدى. تۈزلەڭدىكى چۆپلەرنىڭ بىر تەرىپى پارقىراپ، يەنە بىر تەرىپى قارىيىپ كۆرۈنەتتى، چۆپلەر يەلپۈنەتتى.

مەمەت ھۆسۈككە قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر خىل تىپىرلىكتە ئورمىسىنى ئورۇيتتى. مەمەت ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى، يۈرىكى دۈك - دۈك سوقاتتى. ھۆسۈك مەمەتنىڭ شەپىسىنى سېزىپ بېشىنى كۆتۈردى، ئۇ تەرلىگىنىدىن قاپقارا كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. ھۆسۈك ھارغان نەزەر بىلەن مەمەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى. كۆز قارىچۇقىغا تىكىلدى. مەمەت يەرگە قارىۋالدى. بېشىنى كۆتۈرمەستىن ھۆسۈك تەرەپكە بىر - ئىككى قەدەم تاشلىدى. ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ:

— ھۆسۈك تاغا، خۇدانىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن مېنى كۆرگەنلىكىڭنى مەيلى ئاتامغا، مەيلى باشقا كىشىلەرگە ئېيتما، — دېدى.

ئۇ ھۆسۈكنىڭ قولىنى بىردىن قويۇۋېتىپ ئارقىسىغا قارىماي يۈگۈرۈپ كەتتى.

مەمەت كۈن ئولتۇرغاندا قىتالتۈپىگە كەلدى، تەرگە چۆمگەنىدى. نېمىشقىدۇر بىردەم خۇشاللىنىپ، ئارقىسىدىن يۈرىكى قىسىلىپ كېتەتتى، يەنە خۇشاللىناتتى، ئارقىسىدىن ... بىئاراملىق. دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە چىقتى، دۆڭنىڭ ئېتىكىدىكى كىچىككىنە ئېتىزغا كۆزىنى تىكتى. ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىك بىر قارا چېكىت مىدىرلاپ يۈرەتتى.

ھۆسۈك يېزىغا كىرگەندە ئۇچرىغان ھەربىر كىشىگە ناھايىتى مۇھىم بىر سىرنى بىلىمەنتۇ، ھېچكىمگە ئېيتمايمەن، دېگەندەك كۈلۈمسىرەپ قارايتتى. ھۆسۈكنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن ھېچكىم بىرەر مەنە چىقىرالمىدى. ئۇ ئۇدۇللا دۆنەنىڭ ئۆيىگە باردى. دۆنە ئىشىك ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ پانجار ھۆسۈكنىڭ ئۆزىگە قاراپ توختىماي كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. پانجار يەك ئاز كۈلىدىغان ئادەم ئىدى. شۇنىڭدەك يا



دۆنەنىڭ ئۆيىگە، ياكى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە بارمايتتى. ئۆيىدىن ئېتىزغا، ئېتىزدىن ئۆيىگە مېڭىپلا يۈرىدىغان كىشى ئىدى. ئەگەر باشقا بىرەرى بولسا ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلمىغان بولاتتى. ئادەتتە ھۆسۈك بوۋاي بىكار بولسا ئىشىك ئالدىغا بىر پارچە بورا سېلىپ شۇ يەردە يالغۇز ئولتۇراتتى. ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەيتتى. ياغاچلارنى ئويۇپ چىرايلىق نەقىشلىك قوشۇقلارنى، ئورچۇقلارنى، چۆچەكلەرنى، تەسۋىلەرنى ياسايتتى. ھازىر بولسا دۆنەنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ كۈلەتتى. كۆزلىرىنى دۆنەدىن ئۈزمەي كۈلەتتى، ئەمما گەپ قىلمايتتى. دۆنەمۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى. مەلۇم ۋاقىت ھودۇققان ھالدا ھۆسۈكنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەندىن كېيىن:

— خوش كەپسىز، ھۆسۈك ئاغا، كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

ھۆسۈك ھېچ نەرسە سەزمىگەندەك قىلىپ كۈلۈۋەردى.

— ھۆسۈك ئاغا، كېلىپ ئولتۇرسىڭىزچۇ؟ — دەپ تەكلىپ قىلدى دۆنە.

ھۆسۈك كۈلكىسىنى توختىتىپ ئاستاغىنا:

— دۆنە! دۆنە! — دېدى - دە، گېپىنى توختاتتى.

دۆنە قۇلىقىنى دىڭ تۇتتى.

— دۆنە، سۆيۈنچەمنى بەر.

دۆنە كۈلۈمسىرىدى، ئارقىدىن ئالدىراپ، تىترىگەن ئاۋازدا:

— سۆيۈنچە مەندىن ئالىلاتسۇن، ھۆسۈك ئاغا. — دېدى.

— دۆنە، بۈگۈن ئوغلۇڭنى كۆردۈم، — دېدى ھۆسۈك.

دۆنە ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ ھازىر شۇنچىلىك داڭ قېتىپ قالدىكى، خۇددى يوقاتقاندەك تىكىلىپ قارايتتى.

— ئوغلۇڭ بۈگۈن يېنىمغا كەلدى، چوڭ بوپتۇ، سەمرىپ قاپتۇ ... — دېدى.

— تىلىڭدىن ئۆرگۈلەي، ھۆسۈك ئاغا، — دەپ يىغلامسىرىدى

دۈنە، — سۈيۈنچە ئۈچۈن جىنىمنى دېسەڭمۇ بېرەي.
دۈنە تۇرۇپ - تۇرۇپ:
— راست دەۋاتامسەن، ھۈسۈك ئاغا؟ راستمۇ؟ — دەيتتى، — سۈيۈنچە سەندىن ئايلانسۇن، سۆزلىرىڭگە، ئاشۇ چىرايلىق سۆزلىرىڭگە قۇربان بولاي، ھۈسۈك ئاغا.

ئاندىن ھۈسۈك ئولتۇردى، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى دۈنەگە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى، دۈنە ئولتۇرالمايتتى. ئۇنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا مېڭىپ يۈرەتتى.

پانجار ھۈسۈك ئەكەلگەن بۇ خەۋەر بىردەمنىڭ ئىچىدە پۈتۈن يېزىغا تارقىلىپ بولدى. ئەر - ئايال، ياش - قېرى پۈتۈن يېزا خەلقى دۈنەنىڭ ئىشىكىگە يىغىلدى. ئاينىڭ يورۇقى يېزىنىڭ سوقما تاملىرىغا، دۈنەنىڭ ئىشىكى ئالدىدا مىغىلداپ يۈرگەن يېزا خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشۈپ تۇراتتى.

كۆپچىلىكنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقان، مۇڭزارىلىشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلانماقتا ئىدى. تۇساتتىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىلدى. ئەتراپ جىمىپ كەتتى. ھەممە باش جەنۇب تەرەپكە بۇرۇلدى. يىراقتىن بىر ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. ئاتنىڭ ئېگەر - جابدۇقىدىكى زىننەتلىك بۇيۇملار ئاي يورۇقىدا پارقىرايتتى. ئاتلىق كىشى يېقىنلاشتى، كۆپچىلىكنى يېرىپ كىرىپ، ئوتتۇرىدا توختىدى.
— دۈنە! دۈنە! — دەپ ۋارقىرىدى.
— مەن مەيەردە، ئابدى ئاغا، — دېگەن ئاجىز بىر ئايال ئاۋازى توپ ئىچىدىن ئاڭلاندى.
— ئاڭلىغان گېپىم راستمۇ، دۈنە؟
دۈنە كېلىپ ئاتنىڭ بېشى تەرىپىدە توختىدى:
— پانجار ھۈسۈك كۆرۈپتۇ. كېلىپ ماڭا ئېيتتى.
— پانجار قېنى؟ — دەپ ھۆركىرىدى ئابدى ئاغا، — قېشىمغا كەلسۇن!
— يوق، ھۈسۈك يوق، — دەپ جاۋاب بەردى كۆپچىلىك.



— ھۈسۈك كۆپچىلىك بار يەرگە ھەرگىز كەلمەيدۇ.
— قىيامەت قايىم بولسىمۇ ئۆيىدىن چىقمايدۇ.
— بېرىپ ھۈسۈكنى چاقىرىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئاغا.

ھۈسۈك كەلگۈچە كۆپچىلىكتىن بىرەر ئاۋاز چىقمىدى. ئەتراپ ئېغىر سۈكۈتكە چۆمگەنىدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئاق ئىشتان، كۆڭلەكلىك ھۈسۈكنى كەلتۈرۈشتى. ئۇ چىڭ تۇتۇۋالغان ئىككىيلەننىڭ قولىدىن بوشاپ چىقىشقا تىرىشاتتى.
— بۇ كېچىدە مېنى نېمە قىلماقچىسىلەر؟ نېمە گېپىڭلار بار. خۇدا جاجاڭلارنى بەرسۇن، دۈيۈزلەر!
— سېنى مەن چاقىرتتىم، ھۈسۈك، — دېدى ئاغا.
ھۈسۈك قولىنى چۈشۈردى ۋە يۇمشاپ قالدى.
— ئۆلگۈر نومۇسسىزلار، نېمىشقا ئابدى ئاغا چاقىرىدۇ دېمىدىڭلار؟
ھۈسۈك ئابدى ئاغىغا قاراپ:
— ئەيىبكە بۇيرۇما، ئاغام، — دېدى.
— ھۈسۈك، سەن دۈنەنىڭ ئوغلىنى كۆرگەنمىشسەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئابدى ئاغا.
— دۈنەگە ئېيتتىم.
— ماڭىمۇ ئېيتە! — دېدى.

ھۈسۈك سۆزىنى باشلاش بىلەن كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئولىشىپ ھالقا شەكلىگە كەلدى. ھۈسۈك سەمەتنى قانداق كۆرگەنلىكىنى، ئورغاق بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا قانداق ئۇرماقچى بولغانلىقىنى ۋە ھەممە ئىشنى بىر - بىرلەپ، تەكرار - تەكرار قالدۇرماي سۆزلىدى. ئابدى ئاغا غەزەپلىنىپ جىنى چىققاي دېدى.
— ۋاي سۇلايمان، خەپ! دېمەك، سەن سۇلايمان ئىشىكىدىكى ئادەملىرىمنى ئازدۇرۇپ، پادىچى قىلىۋاپسەن. ئېشىكىڭنىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالدى - ھە سۇلايمان، كەسسە بىزنىڭدىكى

ھېلىقى سۈلايمان ـ ھە؟ !

دەل شۇنىڭ ئۆزى. — دېدى ھۆسۈك.

ئابدى ئاغا دۆنەگە ۋارقىرىدى:

— مەن ئۆتى ئەتە بېرىپ قايتۇرۇپ كېلىمەن.

ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. كۆپچىلىك ئارقىسىدىن غۇدۇراپ قېلىشتى.

* * *

ئابدى ئاغا چاپتۇرغان ئېتىنى سۈلايماننىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاتتى.

— سۈلايمان ! ھەي سۈلايمان !

سۈلايمان ئىچكىرىدە ئىدى، تاشقىرىغا چىقتى. ئابدى ئاغىنى كۆرۈش بىلەن تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئابدى ئاغا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ سۈلايمانغا ئېگىلدى.

— ھەي سۈلايمان، خىجىل بولمىدىڭمۇ؟ ئىشىكىمدىكى ئادىمىمنى ئازدۇرۇشتىن خىجىل بولمىدىڭمۇ؟ ھايا قىلمىدىڭمۇ؟ ئابدىنىڭ ئىشىكىدىن ئادەم ئەكەتكىلى بولامدۇ؟ ھازىرغىچە مۇشۇنداق ئىش بولۇپ باققانمۇ؟ بۇنى بىلمەمسەن؟ ئىست، سۈلايمان ! شۇ ئاق ساقىلىڭغىمۇ قارىمايسەن ...

— ئاغا، ئالدى بىلەن ئاتتىن چۈشۈڭ ! ئاتتىن چۈشۈپ ئىچكىرىگە كىر، ھەممە نەرسىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىمەن، ئاغا ! — دېدى سۈلايمان.

— ئۆيۈڭگە كىرمەيمەن. بالا قەيەردە؟ ئېيتىپ بەر !

— ساڭا جاپا بولۇپ قالارمىكىن، ئاغا، مەن ھازىر بېرىپ ئەكېلىمەن.

— جاپا ـ پايا دېگىنىڭنى قويۇپ، بالىنىڭ يار يېرىنى كۆرسەت !

سۈلايمان بويىنىنى ئېگىپ:



— ماقۇل، ئاغا، يۈر، ماڭايلى. — دېدى ـ دە، ئاتنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى.

ئۆچكىلەرنىڭ يېنىغا كەلگۈچە ھەر ئىككىلىسىمۇ لام ـ جىم دېيىشمىدى. ئۇلار كەلگەندە مەمەت بىر تاشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى. ئۇلارنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇردى، يېنىغا كەلدى، ئابدى ئاغىغا ھەيرانمۇ بولمىدى. كۆزى سۈلايماننىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى، بىر ـ بىرىگە قاراشتى ... سۈلايمان قولۇمدىن نېمىمۇ كېلىدۇ، دېگەندەك بويىنىنى قىستى ...

ئابدى ئاغا ئېتىنى مەمەت تەرەپكە قاراپ بىر ـ ئىككى قەدەم ئالدىغا دېۋەتتى:

— ئالدىمغا چۈش ! — دېدى.

مەمەت ھېچنېمە دېمەستىن ئاتنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. ئۇ بېشىنى ئىككى مۈرىسى ئىچىگە تىقىۋالغانىدى.

دەل چۈش مەزگىلىدە مەمەت ئالدىدا، ئابدى ئارقىدا يېزىغا كىرىپ كەلدى. يولدا ئابدى ئاغا بىر ئېغىزمۇ گەپ سورىمىدى، مەمەتمۇ ھېچنېمە دېمىدى. پەقەت مەمەت ئابدى ئاغا ھېلىلا ئېتىنى چاپتۇرۇپ مېنى چەيلىۋېتەمدىكىن دەپ قورقاتتى، چۈنكى ئۇنىڭ خۇيىنى بىلەتتى.

دۆنەنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ توختىدى.

ئابدى ئاغا ئىچكىرىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— دۆنە ! دۆنە ! ئال كۈچۈكۈڭنى !

دۆنە تاشقىرىغا چىققاندا ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىدى. دۆنە داد ـ پەرياد بىلەن ئوغلىغا ئېسىلدى. بۇ چاغدا يېزىدىكىلەرمۇ خەۋەر تېپىشقانىدى. ئاستا ـ ئاستا ئادەملەر يىغىلىشقا باشلىدى. كۆپچىلىك مەمەتنى قورشىۋالدى. ھەركىم ھەر خىل سوئال سورايتتى.

— قەيەر دېدىڭ، مەمەت؟

— بۇ نېمە ئىش، مەمەت؟

— ھەي مەمەتەي !

مەمەت بېشىنى يەرگە ساڭگىلاتقان هالدا ئاغزىنى ئاچمايتتى. ئادەم بارغانچە كۆپىيمەكتە ئىدى.

## 5

مەمەت خامانىنىڭ چۆرىسىدە قالغان ئاخىرقى ئەنجۈنى سىلىپ بولدى. خامان راسلاۋاتقانلاردا يامغۇر يېغىپ ئەنجۈنى بىر - بىرىگە چاپلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئەنجۈدىن كۆمۈر چېكىگە ئوخشاش قاپقارا بىر خىل چاڭ توزۇيتتى. ئەتىگەندىن بۇيان تىنىماي ئەنجۈ تاشلىغان مەمەتنىڭ يۈز - كۆزى قاپقارا بولۇپ، كىشى تونۇمىغۇدەك هالغا كەلگەن. پەقەت چىشلىرىلا پارقىراپ تۇراتتى. ئاخىر ئەنجۈلەرنى تاشلاپ تۈگەتتى. ئەنجۈلەر شۇ دەرىجىدە ئېگىز دۆۋىلەنگەنكى، ئوتتۇرىدىكى سوما كۆمۈلۈپ قالغانىدى.

ئەنجۈ دۆۋىلەنگەن يەردە كۆكۈچ هۆل داغ قالدى.

چارچىغان مەمەت يەردە ئوڭدىسىغا يېتىپ كۆزىگە قاقلاندى. ئېگىزلىقنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن جۈمۈلە هەر تەرەپكە چېپىشىپ يۈرەتتى. ئۇ قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى توسۇپ ئوڭدا يېتىپ چوڭقۇر نەپەس ئالاتتى.

نەچچە كۈندىن بېرى ئۆزى يالغۇز شۇنچە ئورمىنى ئوروپ تۈگەتتى. لەيلەككۆزى دالاسىدىكى زىرائەتنىڭ ئارىسىدا تۈگە ياتىقى ئىنتايىن كۆپ ئۈنگەنىدى. كېيىن خامان راسلاش ئۈچۈن ئانىسى بىلەن بىللە بىرقانچە كۈن تولۇق سۆرەپ يەر چىگىدىدى. بىرقانچە كۈندىن بېرى خامان تېپىۋاتىدۇ. ئۇ ئورۇۋقلاپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالدى. يۈزى قورۇلۇپ، تېرىسى ساڭگىلىغان، كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن. كۆزلىرى ئويدانلا ئولتۇرۇشقان، قوۋۇزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى.

بىرئاز تېرىدا بىر ئات چىشلىرىنى كاراسلىتىپ ئوت يېمەكتە. ئۇ يىقىلىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە ئورۇق ...



قوۋۇزغىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى ... ئۇ قېرى ئات، ئون بەش ياش چامىسىدا، كۆزلىرىگە چىۋىنلەر ئولاشقان، دۈمبىسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى ساقايماس يېغىرى يېرىڭلىغان، قان ئارىلاش يىرىڭ ئېقىپ تۇراتتى. يېغىرغا خامان توزىنى يېپىشقان، چوڭ - چوڭ قارا چىۋىنلەر قونۇپ، ئۇچۇپ تۇراتتى.

كۈن چاشكا بولدى. مەمەت بىر يېنىغا ئۆرۈلدى. ئۇ چىلىق - چىلىق تەرلىگەن. قولىنى يۈزىگە سۈركىدى - دە، قولىغا چاپلاشقان تەرنى سىلكىپ چۈشۈردى.

كۈن نۇرىدا پارىلداپ كەتكەن ئېگىزلىق ۋە تۈزلەڭلىك كۆزنى ئاچقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قاماشتۇراتتى. ئۆلگۈدەك چارچاپ كەتكەن مەمەت ياتقان يېرىدە ئېگىز ئارىسىدىن ئاتقا بىر - ئىككى قېتىم قاراپ قويدى. ئاتنىڭ ئەتراپىدا تۆت - بەش قارلىغاچ ئايلىنىپ يۈرەتتى. قارلىغاچلارغا ئۇزاق قاراپ تۇردى. قولى بىلەن چۈمۈلىلەرنىڭ ماڭىدىغان يولىنى توسۇۋالدى. چۈمۈلىلەر قولىنىڭ ئۈستىدىن مېڭىپ كەتتى.

ئۇ چىشىنى مەهكەم چىشلىگەن هالدا ياتقان يېرىدىن تەسلىكتە قوزغىلىپ ئولتۇردى. بىراق، يەنە بېشىنى ئوڭ تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ جىم بولۇپ قالدى. كېيىن ئازراق ئۆزىگە كېلىپ قوللىرىنى يەرگە تىرەپ كۆچىنىپ ئورنىدىن تۇردى. يۈزىگە، قويىنىغا چۈمۈلىلەرنىڭ ئولاشقىنىنى سەزدى ۋە ئۇلارنى قولى بىلەن سىيرىپ تاشلىدى. ئات تويا باسقان بىر تۈپ قارىقاتنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئالدى پۇتىنى يالايتتى. مەمەت يېرىپ ئاتنى يېتىلەپ كەلدى.

تۈگە ياتىقىنىڭ هاۋا رەڭ يوغان گۈلى ئېچىلغانىدى. يېنىك بىر شامال كۆتۈرۈلۈپ ئۇنى يەرگە ئەگدى.

ئاتنى يېتىلەپ كېلىپ مىڭ جاپادا تولۇقىغا قاتتى. ئات دۆۋىلەنگەن ئەنجۈنى يېرىپ ماڭالمايتتى. مەمەت تولۇقتىن چۈشتى. ئات بىلەن ئەنجۈ ئۈستىدە يۇگۈرۈشكە باشلىدى. ئات هېلىدىن - هېلىغا مۇدۇرەيتتى. مەمەتنىڭ ئاتقا يەڭ ئىچى

ئاغرىدى. نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. ئات قاپقارا تەرگە چۆمۈلگەن، ئۇ شۇنچىلىك ھاسىرايتتىكى، ھەربىر نەپەس ئالغاندا كۆكسى، قوۋۇرغىلىرى تاڭ كۆتۈرۈلۈپ، تاڭ چۈشەتتى. تۆشى، كۆكسى ۋە ساغرىسىنى تەر باسقانىدى. مەمەتمۇ تەرگە چۆمدى. ھەممە يېرىدىن تەر شۇرۇلداپ ئاقاتتى، كۆزلىرىگىمۇ كىرىپ كېتەتتى. كۈن كۆيدۈرەتتى. چىرىگەن زىرائەتنىڭ نەم پۇرىقى نەپەسنى سىقاتتى. بىر مەزگىل ئەنجۈگە پېتىپ، چىقىپ يۈرۈپ خاماننى ئايلانغاندىن كېيىن ئەنجۈلەر سەل بېسىلدى، بىرئاز ئوڭايلاشقاندەك بولدى. تۇلۇقنىڭ ئاستىدا ئەنجۈلەر شىتىر - شىتىر قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى.

چۈشكە يېقىن ئەنجۈلەر خېلى ئوبدانلا يۇمشىدى. سېلىنغان ئاياقنىڭ قارىسى كېتىپ پارقىراشقا باشلىدى. چۆرگۈلەۋاتقان تۇلۇقنىڭ كەينىدىن ئۇششاق ئالتۇنسىمان توزان كۆتۈرۈلۈپ مەمەتنىڭ بۇرنىنى ئېچىشتۇراتتى. توپا - توزان پۇرايتتى، ئاچچىق پۇرايتتى.

يىراقتا بىر ئادەم باغ باغلىماقتا. ئۇنىڭ نېرىراقىدا بىر - ئىككى كىشىنىڭ خامان تېپىۋاتقانلىقى كۆرۈنەتتى. شۇنداق كەڭ دالادا ئۇلاردىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى.

ئېگىزلار ئېگىز - ئېگىز قالغان ... ئورۇش ماشىنىسى بىلەن ئورۇغان چاغدا بۇغداينى توۋىدىن ئورۇيدۇ. يەردە بىر غېرىچچە، بەلكى ئۇنىڭدىن پاكارراق ئېگىز قالىدۇ. قول بىلەن ئورۇغاندا پەقەت بۇغداي باشاقلىرى كېسىۋېلىنىپ، يەردە ئۇزۇن بۇغداي غوللىرى قالىدۇ. ئېگىزنىڭ ئىرىسى چېقىرتىكەنلىك ئىدى.

مەمەتنىڭ تامىقى قۇرۇپ كەتتى. ئىسسىقتا ئاتمۇ بېشىنى ئالدى پۇتلىرى ئارىسىغا ئېگىشتۇرۇپ، ئاران - ئاران ماڭاتتى. مەمەتمۇ تۇلۇق ئۈستىدە ھېچ ياققا قارىماي خىيال سۈرەتتى. قارلىغاچلارمۇ خاماننىڭ قېشىغىچە كېلىشىۋالغان. مەمەت ئۇخلاپ قالغاندەك ئىدى. ئات بەزى - بەزىدە يانجىلغان ئەنجۈلەرنى ئاغزىغا ئالاتتى، لېكىن ئاغزىدىن چۈشۈپ كېتەتتى.



مەمەت ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلمايتتى. كۈن بېشىغا تىك چۈشەتتى. ئۇ توختاپ يېزا تەرەپكە قارىدى. ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ چىشلىرىنى چىڭ چىشلىدى: «ۋاي شۇ ئانام...» دەپ قويدى.

ئانىسى ئۇنىڭغا تاماق ۋە ئۇسسۇلۇق ئەكىلەمەكچى ئىدى. مەمەت يۇتقۇنىدى. ئاغزىدا نەم دىدارى قالمىغانىدى. ئۇ ئاستا تۇلۇق ئۈستىدە مۈكچەيدى. ئات توختىدى ۋە بېشىنى ئەنجۈگە تىقتى. مەمەت ئۇنى سەزمىگەنىدى. كېيىن بۇ ئەھۋالنى ئاڭقىرىپ دەرھال ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى سىلكىدى:

— چۇھ جانىۋار، چۇھ!

چىۋىنلەر ئاتنىڭ بېغىرىغا ئولىشىۋالغان، ئات قۇيرۇقى بىلەن ئاستا ۋە توختىماستىن قورۇيتتى، بىرەك چىۋىنلەر نېرى كەتمەيتتى.

غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرغان مەمەت يېزا تەرەپكە يۈرۈلدى. تۆگە يانتىقىنىڭ كەينىدىن بىر باش كۆرۈنۈپ قالدى. بىرئازدىن كېيىن كېلىۋاتقان كىشىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. غەزىپى شۇ ئاندا خۇشاللىققا ئايلاندى.

يېقىن كەلگەن ئانىسى قارا تەرگە چۆمگەن، تاماق كۆتۈرگەن قولى يەرگە تەگكۈدەك دەرىجىدە سوزۇلغانىدى.

— قانداق قىلدىڭ، قوزام؟ بىر يەرگە ئاپاردىڭمۇ؟

— ئەنجۈلەرنىڭ ھەممىسىنى سالدىم.

— قېلىن بولۇپ كەتمىدىمۇ؟

— قېلىن بولۇشى بولدى، ئەمما يۇمشاپ قالار، — مەمەت ئانىسىنىڭ قولىدىن كومزەكنى ئېلىپلا بېشىنى تىقتى. ئۇزاققىچە قېنىپ - قېنىپ سۇ ئىچتى. كومزەكتىن ئاققان سۇ كۆكسى، قورسىقى ھەتتا پاچاقلىرىنىمۇ ھۆل قىلىۋەتتى.

— سەن كېلىپ نېنىڭنى يەۋال، مەن ئازراق ھەيدەي، — دېدى ئانا.

مەمەت ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئانىسىغا بېرىپ، قارىسات

چاتقىلىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ داستىخاننى ئاچتى. پىيازمۇ، تۇزمۇ بار ئىدى. قىيتىق بار چاناچنىڭ سىرتىغا ئۇششاق ھاشاراتلار يېپىشىۋالغانىدى. بىر قاچىغا قىيتىق تولدۇردى.

تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن قارىغات ئاستىدا ياتتى. يېشى سايىدا، بېلىنىڭ تۆۋىنى ئاپتاپتا ئىدى. ئۇخلاپ كەتتى.

ئويغانغان چاغدا ۋاقىت پېشىندىن ئاشقانىدى. كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئورنىدىن تۇردى ۋە خامانغا يۈگۈردى.

— ئاتا، ھاردىڭمۇ؟ بەك ھېرىپ كەتتىڭ ــ دە، — دېدى.

— كەل، قوزام، — دەپ قايغۇلۇق ھالدا بويىنىنى ئەگدى ئاتا.

ئىككى كۈندىن كېيىن خامان سورۇلدى، ئۈچىنچى كۈنى يەنە پايخان قىلىندى، تۆتىنچى كۈنى چەشلەندى. ياقۇتتەك قىزىل بۇغداي دانلىرى خامان ئوتتۇرىسىدا پارقىراپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇ كۈنى بۇغداينى تاغارلارغا قاچىلاپ ئۆيگە توشۇيالمىدى. چەش خاماننىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى، ئابدى ئاغىنىڭ ۋاقتىدا كېلىپ ھەققىنى ئالمىغانلىقى ئىدى. ئۇ كېچىسى مەمەت بىلەن ئانىسى پاشىلارغا تالىنىپ چەشنى ساقلاپ چىقىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئابدى كەلمىدى. چۈش بولدى، يەنىلا خەۋەر يوق. نامازدىگەرگە يېقىن سېمىز ئاتلارغا مىنگەن ئۈچ مالىيىنى ئارقىسىغا سېلىپ يېتىپ كەلدى. ئابدىنىڭ يۈزى قارىيىپ قورقۇنچلۇق تۈس ئالغانىدى. بۇ سۈرۈن تەلەتنى كۆرۈپ دۆنەنى قورقۇنچ باستى. چۈنكى، دۆنە بۇ سۈرۈن چىرايىنى كۆپ يىلدىن بېرى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، دۆنەنىڭ قورۇلۇپ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان يۈزى تېخىمۇ پۈرۈشتى.

ئابدى ئاغا ئىشارەت قىلىپ دۆنەنى يېنىغا چاقىردى ۋە مالايلىرىغا بۇيرۇق قىلدى:

— تۆتتىن ئۈچى بىزگە، بىرى دۆنەگە.

دۆنە بايىنىڭ ئۆزەڭگىسىگە ئېسىلدى:

— ئۇنداق قىلما، ئاغام، بۇ قىش ئاچلىقتىن ئۆلىمىز،



ئۇنداق قىلما، ئاياغلىرىڭنى سۆيەي، باي ئاتا.

— زارلانما، دۆنە، ھەققىڭنى بېرىۋاتىمەن.

— مېنىڭ ھەققىم ئۈچتىن بىرى ئىدى، — دېدى دۆنە زارلىنىپ.

ئاغا ئات ئۈستىدە دۆنەگە ئېگىلىشتى ۋە كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ سورىدى.

— يەرنى كىم ھەيدىدى، دۆنە؟

— مەن ھەيدىدىم، ئاغا.

— بىزنىڭ مالايلار ساڭا ياردەم بەرمىدىمۇ؟

— ياردەم بەردى، ئاغا.

— دۆنە!

— خوش، ئاغا؟

— سەن ئوغلۇڭغا نەسىھەت قىلىپ قوي، يەنە قېچىپ كېتىپ سۆلايمانلارغا پادىچى بولمىسۇن.

دۆنە سارغىيىپ كەتتى. ئابدى ئاغا ئېتىنى دېۋىتىپ كېتىپ قالدى.

دۆنە ئارقىسىدىن يالۋۇرۇپ:

— قۇلۇڭ بولاي، قۇربانىڭ بولاي، ئاغا، رەھىم قىل! — دېيىشكىلا ئۈلگۈردى.

مالايلار ئۆلچەشكە باشلىدى. ئۈچ غەلۋىرنى بايغا، بىر غەلۋىرنى دۆنەگە تۆكەتتى. بايىنىڭ بۇغداي دۆۋىسى زورايدى، دۆنەنىڭ دۆۋىسى بولسا كىچىككىنىلا ئىدى.

دۆنە بۇغداي دۆۋىسىگە قاراپ تۇرۇپ قارغىدى:

— خۇدايىم يىگىلى نېسىپ قىلمىسۇن. ئۈچكە ساقال! مەندىن ئالغانلىرىڭنى دوختۇرغا، تېۋىپقا خەجلەپ تۈگىتەرسەن ئىلاھىم! گېلىڭغا ھونناق چىقسۇن!

مالايلار بايىنىڭ بۇغدايلىرىنى ئۈچ ئاتقا ئارتتى. ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ دۆنەگە گەپ ــ سۆز قىلمىدى.

مەمەت كېلىپ ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. تويا ـ چاڭلىق خامانلىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە بىر بوغداي دۆۋىسى تۇراتتى. بايىلا چەشلەنگەن بوغداي شوتچىلىك ئېگىز ئىدى. مەمەت بىردەم بوغداي دۆۋىسىگە، بىردەم ئانىسىغا قارىدى. گۇناھكاردەك خورسىندى.

— سولايمانىنىڭ ئۆيىدىن ياندۇرۇپ كېلىۋاتقاندا نېمىشقا سېنى ئۇرۇپ يانجىۋەتمىگەنلىكىنى بوگۇن ئۇقتۇم، چۈشەندىم. ئۇزۇقتىن قىسماقچىكەن، كاپىر ! — دېدى ئانا.

مەمەت ئۆزىنى تۇتالمىدى، زارلاپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— مېنىڭ كاساپىتىمدىن ...

ئانا ئوغلىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇچاقلاپ باغرىغا باستى.

— قانداق قىلىمىز، قولىمىزدىن نېمە كېلىدۇ؟

— بۇ قىشتا؟ ... — دېدى مەمەت.

— ئاھ، بۇ قىش ! — دېدى ئانا.

ئاندىن كېيىن ئانىمۇ يىغلاشقا باشلىدى:

— ئاھ، دادالىڭ بولسىدى، ئاھ، دادالىڭ ...

## 6

ئۇلارنىڭ پەقەت بىرلا سىيىرى بار ئىدى. سىيىر بۇ يىل موزايلىدى. موزىيى ئەركەك ئىدى. ئەگەر مەمەت ئاۋاقىنىڭ بىر دۆنۈم① يېرى بولغان بولسىدى ... كېلەر يىلى سىيىر يەنە بىر ئەركەك موزاي تۇغۇپ بەرسە. بۇنى ئۇ تۆت كۆز بىلەن، ئۈيقۇسىنى قاچۇرغۇدەك بىر ئىستەك بىلەن كۈتەتتى. كېلەر يىلى تۇغۇلىدىغان موزاينى خىيالىدا كۆرگەندەك بولاتتى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىچە، ئىككى موزاي بىردەك چوڭ بولاتتى. چوڭ بىر ياپلاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەگرى مۈڭگۈزلۈك بىر جۈپ ئاساۋ

① دۆنۈم — تۈركىيەنىڭ كۆلەم ئۆلچەم بىرلىكى، 1 دۆنۈم 10 كىۋادرات گېز. يەنى، 3913 كىۋادرات مېتىرغا باراۋەر.



ئۆكۈز ... ئاساۋ ئۆكۈزلەر بويۇنتۇرۇقتا ئۆگىتىلىدىچە كۆنمەيدۇ. ئۇلارنى بويۇنتۇرۇقتا ئۆگىتىش كېرەك. ئەڭ ئاخىرىدا قوزىغا ئوخشاش ياۋاشلىشىپ قالىدۇ ... دالادا چېقىرتىكەن ھازىر ئۆتسە ئۇنۇپ تۇرسۇن. بىر يىل ئۆتىدۇ، ئىككى يىل ئۆتىدۇ، ئۈچىنچى يىلىغا بارغاندا يىلتىزىغا گۈڭگۈرت سۈيى قۇيىسەن. گەپ، يەرنىڭ ئۆزۈكىنىڭ بولۇشىدا ...

يېڭى تۇغۇلغان موزاينىڭ تۈكلىرى قوڭۇر قىزىل بولىدۇ. كېيىن ئۆزگىرىپ سېرىق قىزىل قوڭۇر رەڭگە كىرىدۇ.

قۇلىقىنىڭ تۈكلىرى مەخمەلدەك يۇمشاق. كىشى ئالىقىنىنى ئېچىپ موزاينىڭ قۇلىقىغا سۈركىسە سوغۇق. يۇمشاق بىر غىدىقلىنىش، بىر خىل ھۇزۇرلىنىش ھېس قىلىدۇ.

يۇتكول كەمبەغەل دېھقان ئۆيلىرىدە يېڭى تۇغۇلغان موزايلارنىڭ ئورنى يان مورا ئوچاقتا يېقىن، ئۆي ئىگىسى ئورۇن سېلىپ ياتىدىغان جاينىڭ يېنىدا بولىدۇ. موزايلارنىڭ ئاستىغا گۈللىرى ئېچىلغان باھار ئوت ـ چۆپلىرى سېلىپ بېرىلىدۇ. ئۆينىڭ ئىچى باھار گۈللىرى، ئوت ـ چۆپ، موزاي قىغى ۋە موزاي پۇرىقى بىلەن تولغان بولىدۇ.

كۈز كەلگەندە موزاي چوڭىيىدۇ، ـ دە، كالىلار ئارىسىغا قېتىلىدۇ.

ئانا پۈتۈن باھارنى موزىيىدىن خەۋەرسىز، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي ئۆتكۈزدى. ئوغلىنىڭ دەردى بولمىسىدى، موزاي ياخشى بېقىلىپ، ئۆي ئىچىدە سەكرەپ ئويناپ، ئۆينىڭ مەلىكىسى، خۇشاللىقىغا ئايلانغان بولاتتى.

مەمەتلەرنىڭ ئۆيى بىر ئېغىزلىق، پاكار كېپەك تاملىق ئۆي ئىدى. تېمى ئاران بىر مېتىر ئېگىزلىكتە ئىدى. پۈتۈن يېزىنىڭ ئۆيلىرى كۆزنىڭ يامغۇرىغا چىداشلىق بېرەلمەستىن تامچە ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ يېزىدا پەقەت مەمەتلەرنىڭ ئۆگزىسىلا كۈزنىڭ يامغۇرىغا بەرداشلىق بېرەلەيتتى. مەمەتنىڭ دادىسى ھايات چاغدا سارىچاغقاشاك دېگەن يەردىن تويا ئەكېلىپ، ئۆگزىسىگە لاي

سالغانىدى. سارىچاغشاكنىڭ تويىسى باشقىچە بىر تويا ئىدى. بىز بىلگەن قارا، قوملۇق شور تويىلاردىن ئەمەس. بۇ تويا كالالەك ـ كالالەك بولۇپ، بىللۇرغا ئوخشاش قاتتىق، سېرىق، قىزىل، كۆك رەڭ، كۆك، يېشىل ھەر خىل رەڭدە ئىدى. بۇ رەڭگارەڭ تويىنىڭ كىرىستاللىرى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشقانىدى. شۇڭلاشقا، مەمەتلەرنىڭ ئۆگزىسى ھەر خىل رەڭدە پارقىراپ جۇلالىنىپ تۇراتتى.

يازدا ئانا ـ يالا پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىپ تىرىشىپ ئىشلىدى. ئەمما، ئامال قانچە ! ... كۆزدە غەم ـ قايغۇ بىلەن ئۆيىگە قايتىشتى. بىر مۆزىيى بارلىقىنى شۇ چاغدىلا ئەسلەشتى. ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى. موزاي چوڭ بولۇپ قاپتۇ.

ئانا ئوچاقتا خېلى چوڭ بىر كۆتەكنى تاشلىدى. سىرتتا قارا بۇلۇتلار جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ سىلجىماقتا ئىدى. بىرئازدىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچىنى بىر چاقماقتەك نۇر يورۇتۇۋەتتى. ئوچاقتا ئوت يالقۇنلىرى بىر ـ بىرى بىلەن قوغلىشاتتى. بۇ چاغدا مەمەت ئۆيگە كىردى. قوللىرى توڭۇپ قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئوچاق قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئارقىسىغا قاراپ يەردە يېتىپ كۆشەۋاتقان سىيىرنى كۆردى. سىيىر خاتىرجەم ياتاتتى. ئالدىغا تاشلانغان سامانني يېمىگەنىدى. ئۆينىڭ بىر تەرىپىگە سامان دۆۋىلەنگەنىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سىيىرنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان موزاينىڭ قۇلىقىنى تۇتۇۋالدى. موزاي بۇنىڭغا خۇشلاندى. بېشىنى بوشىتىپ، سىيىرنىڭ ئۇ يېقىغا قېچىپ كەتتى. بالا كۈلۈمسىرىدى.

— سەن يوق چاغدا بۇ كىچىككىنە موزاينى ئالىچىل دېگەن سايدا تۇغقانىدى. يېرىم كېچىدە ئىزدەپ ـ ئىزدەپ بىر چاتقاللىقنىڭ ئارىسىدىن تاپتىم، ئانىسى بېشىدا تۇرۇپ يالاۋاتقانىكەن. مېنى خېلىغىچە موزىيىغا يېقىن كەلتۈرمىدى. كېيىن يەشتامامغا ئوراپ ئۆيگە ئېلىپ قايتتىم، — دېدى ئانىسى.



— ھازىر چوڭ بولۇپ قاپتۇ، — دېدى مەمەت.

— ھەئە ... — دېدى ئانا.

كېيىن سۆز ئۈزۈلۈپ قالدى، بىر ـ بىرىنىڭ يۈزىگە قارىيالمىدى. ھەر ئىككىلىسىمۇ باشلىرىنى ساڭگىلاتقان ھالدا ئوتقا تىكىلىپ ئولتۇرۇشتى.

— بۇنى ساتمىساق بولمايدۇ. ھازىر يېگۈدەك ئۇن قالمىدى، — دېدى ئانا. مەمەت جاۋاب بەرمىدى.

ئانا سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— ئابدى ئاغا بىزگە ئۆچ، موزاينى بىكارغا دېگۈدەك ئېلىۋالىدۇ ـ دە، يەنىلا يازغا ئۇلىشالماي قالىمىز.

مەمەت جىم تۇراتتى.

— باشقا چارىمىز يوق، قوزام! شۇ سىينىڭ قېچىپ كېتىشىڭ بىلىمىزنى پۈكۈۋەتتى.

مەمەت بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئانىسىغا قارىدى. كۆزلىرىگە لىق ياش تولغان ھالدا:

— مېنى بىر باھانە قىلىۋالدى. قاچمىغان بولسامىمۇ باشقا باھانىنى تاپاتتى، — دېدى.

— راست، باھانە تاپاتتى ئۇ كاپىر. داداڭنىڭمۇ جان دۈشمىنى ئىدى.

شۇ ئاندا ھەر ئىككىسى سىيىرنىڭ قېشىغا باردى. بۇ قىزىل، سېمىز، پېشانىسىدە چىرايلىق ئاق قاشقىسى بار سىيىر ئىدى.

قىش كەلدى. تىز بويى قار ياغدى. چۈشتىن كېيىنلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ئانا ئىسلىشىپ قارىيىپ كەتكەن كورىنى ئوچاققا ئېسىپ قويغان، ئىچىدىكى سۇ خېلىدىن بېرى قاينىماقتا ئىدى.

ئۆيگە جەننەت بۇۋى كىردى.

— كەل، ئولتۇر، جەننەت بۇۋى، مېھرگە كەل، — دېدى دۈنە.

— ئولتۇرامدىم، يەڭگە، ئولتۇرالايمەنمۇ؟ — دېدى ـ دە، بىر

چەتتە زوڭزايدى. ئەتىگەندىن بۇيان ئۆيمۇئۆي دوقۇرۇپ يۈردۈم، نېمە قىلىشىمنى، قەيەرگە بېرىشىمنى بىلمەيمەن، سەندىمۇ بوغداي قالمىغانغا ئوخشايدۇ. ئارپىنىمۇ تۈگىتىپسەن، بىزنىڭ تۈگەتكىنىمىزگىمۇ بىر ھەپتە بولدى. تاغارلارنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالغىنىغا خېلى بولدى. بۇ يىل بىزنىڭ زىرائىتىمىز ئوخشىمىدى. يەڭگە، سىلەرنىڭكىدەك بولغان بولسا ئىدى... ئېرىم ھەممە يەرنى، ھەممە ئۆينى ئارىلاپ چىقتى، ئۆتنە سورىدى. ھېچكىمدىنمۇ بەرگۈدەك بىرنېمە يوق.

جەننەت بۇۋى ئوچاقتا قايناۋاتقان سۇنى كۆرۈپ:

— كورىغا نېمە سالىسەن؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ بۇ سوئالىدا بىر مەنە بار ئىدى.

دۆنەنىڭ كالپۇكلىرىدا بىلىنەر - بىلىنمەس ھەسرەتلىك تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— سۇ قۇيۇپ قويدۇم، — دېدى.

— ھېچنېمە قالمىدىمۇ؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى جەننەت بۇۋى.

— بارنى يەپ بولدۇق، — دېدى.

— ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ — دەپ ئېچىنىپ سورىدى جەننەت بۇۋى.

— بىلمەيمەن، — دېدى دۆنە.

— بېرىپ موستولۇدىن بىر قېتىم سوراپ باققىن.

— سوراپ باقارمەن، بىراق ئۇنىڭدىمۇ قالمىغاندۇ.

بىرقانچە كۈندىن بۇيان شىددەتلىك قار - بوران كۆزنى ئاچقۇزمايتتى. ئۆيلەرنىڭ ئالدىدا ئىتلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. يېزا خۇددى گىياھسىز تاغ چوققىسىدەك غۇيۇلداپ قالغان. ھەممە كىشى ئۆز ئۆيىدىن چىقماي تۈڭلۈكلىرىنى ئېتىپ ئولتۇراتتى. كالىسى بارلار سامانىنىمۇ ئۆيىگە دۆۋىلىۋېلىپ تالاغا چىقمايتتى. ھېچكىمنىڭ ھېچكىم بىلەن كارى يوق ئىدى.

ھەپتە - ئون كۈندىن بۇيان دۆنەنىڭ بارمىغان ئۆيى، باش



تىقمىغان ئىشىكى قالمىدى. ئۇ:

— ئۆلسەممۇ ئابدى ئاغىغا يالۋۇرمايمەن، — دەيتتى، — ئۆلسەممۇ ...

ھەر يىلى شۇنداق بولاتتى. يېزىدىكى ئەڭدىن تولا دېھقان ئاچ قېلىپ ئابدى ئاغىنىڭ ئىشىكىگە دوقۇرايتتى.

دۆنە ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ يالغۇز بولسا مەيلى ئىدى، بىراق ئوغلى بار. خېلى كۈنلەردىن بۇيان بالىسى ئېغىز ئاچماس بولۇپ قالغانىدى. يۈزى، كالپۇكىدا بىر تامچە قان ئەسىرى قالمىغان، كالپۇكلىرى قەغەزدەك نېپىزلىشىپ كەتكەن. يۈزى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك سارغىيىپ، پۈتۈن تېنى ماغدۇرسىزلانغانىدى. بىر يەردە ئولتۇرسا كەچكىچە شۇ يەردىن تۇرمايتتى. بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ خىيال سۈرەتتى. پۈتۈن جېنى ۋە پۈتۈن ھاياتى كۈچى، نەپرەت ۋە مۇھەببىتى، قورقۇنچى ۋە غەيرىتى ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىگە توپلانغانىدى. كۆزلىرىدە ئارىلاپ يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك ئۆتكۈر غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ ئۆچەتتى. بۇ مۇدھىش قورقۇنچلۇق بىر ئۇچقۇن، ئۇنىڭدىن قورقۇش لازىم! بۇ قورقۇنچلۇق، چۈنكى ئېتىلىپ پارچە - پارچە قىلىۋېتىشكە ھازىرلانغان قاپلاننىڭ كۆزىدىنمۇ شۇنداق ئۇچقۇن يېنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇچقۇن نەدىن كەلگەن؟ بەلكى يارىتىلىشىدىن شۇنداقتۇ. ئەڭ توغرىسى، مەمەتنىڭ كۆزلىرىدىكى بۇ ئۇچقۇن چەككەن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىڭ، دەرد - ئەلەملەرنىڭ مەھسۇلىدۇ! بۇ ئۇچقۇن مەمەتنىڭ كۆزىدە كېيىنكى بىر يىل ئىچىدە پەيدا بولغانىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەمەتنىڭ مەسۇم كۆزلىرىدە ھەيرانلىق، خۇشاللىق نۇرلىرى چاقنايتتى.

ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلار دومىلىشىپ يۈرەتتى. ئابدى ئاغىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا سوغۇقتىن تۈگۈلۈپ كەتكەن، يىرتىق، ماتا چاپان كىيگەن تۇرغۇن ئادەم بىر - بىرىگە يېپىشقان ھالدا تىترىشىپ تۇرماقتا ئىدى. پەقەت بىرلا كىشى كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ چەتتە تۇراتتى. ئۇ، دۆنە! ھەممىلەن ئابدى ئاغىنى

كۆتمەكتە. ئىچكىرىدىن ئابدى ئاغا چىقىپ ئۇلارغا سۆز قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان چاغدا، ئابدى ئاغا قولىدا توقسان توققۇز مونچاقلىق تەسۋى، بېشىدا تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان تەقىيەسى، ئۈچكە ساقىلى بىلەن چىقىپ كەلدى ـ دە:

— يەنە ئاچ قالدىڭلارمۇ؟ — دەپ سۆز باشلىدى.

كۆپچىلىكتىن ھېچبىر ئاۋاز چىقمىدى.

كۆپچىلىكنىڭ كەينىدە يەككە ـ يېگانە تۇرغان دۆنەنى كۆرگەن ئابدى ئاغا:

— دۆنە! دۆنە! — دەپ ۋارقىرىدى، — سەن ئۇدۇل ئۆيۈڭگە كەت، ساڭا بىر تال دانمۇ بەرمەيمەن. ئۆيۈڭگە كەت! دۆنە! — ھازىرغىچە مېنىڭ يېزامدىن، مېنىڭ ئىشىكىمدىن بىرەر ئادەم قېچىپ كېتىپ باشقا يېزىغا بېرىپ باشقا كىشىگە پادىچى بولغان ئەمەس، مالايمۇ بولغان ئەمەس. بۇنى سېنىڭ بىر غېرىچ ئوغلۇڭ ئىجاد قىلدى. ئۇدۇل ئۆيۈڭگە كەت!

كېيىن كۆپچىلىككە قاراپ:

— كەينىمدىن مېڭىڭلار! — دېدى.

ئۇ كەڭ شالۋۇرىنىڭ يانچۇقىدىن بىر تۇتام ئاچقۇچنى قولىغا ئالدى، جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر دەپتەرنى چىقاردى.

بىر ئازدىن كېيىن ئېسىنى يىغىۋالغان دۆنە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن:

— ئاغا، ئۇ كىچىككىنە بىر يۇمران بالا، ئىچىڭ ئاغرىسۇن. بىزنى ئاچ قويما! — دېدى.

ئاغا توختاپ دۆنەگە قارىدى، ئارقىسىدىكى كۆپچىلىكمۇ توختاپ شۇ ياققا قارىدى.

— بالا يالىلىقنى قىلىشى كېرەك، — دېدى ئاغا، — مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان ھېچكىم دەگىرمەن ئۆلۈك يېزىسىدىن قېچىپ باشقا يېزىغا بېرىپ پادىچىلىق، مالايلىق قىلغان ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قىلمايدۇ. ماڭ، ئۆيۈڭگە كەت!

ئابدى ئاغا ئامبارنىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندا، چاڭ ئارىلاش



ئىسسىق بۇغداي پۇرىقى سىرتقا ئېتىلىپ چىقتى.

ئۇ ئىشىكتە تۇرۇپ:

— ماڭا قاراڭلار، دۆنەگە بىر تالمۇ ئاشلىق بەرمەڭلار، ئاچلىقتىن ئۆلسۇن. ھازىرغىچە دەگىرمەن ئۆلۈك يېزىسىدا ئاچتىن ئۆلگەنلەر بولمىغان. ئۇ ئۆلسۇن. ساتىدىغان بىر نەرسىسى بولسا ساتسۇن. ئەگەر سىلەر بەرسەڭلار، بەرگىنىڭلارنى تۇيۇپ قالسام، ھەممىڭلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بەرگىنىمنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرىۋالىمەن. ئېيتمىدى دېمەڭلار! — دېدى.

كۆپچىلىك ۋارقىراشتى:

— ئۆزىمىزگىمۇ يەتمەيدۇ ...

— يەتمەيدۇ ...

— ئۆزۈمگە يەتمەيۋاتسا ...

— دۆنەگە ...

ئەڭ ئارقىدىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— دۆنەنىڭ ئوغلى قاچمىغان بولسىدى ... بىزگە نېمە! مەيلى ئاچتىن ئۆلىۋەرسۇن.

ھەربىر ئادەم ئۆيىشىگە قوناق، بۇغداي، ئارپا ئارىلاشمىسىنى يۈدۈگەن ھالدا ئۆيىگە قايتتى. تۈگمەن بولسا يېزىنىڭ نېرىقى قېتىدا، چوڭ چىنارنىڭ سەل تۆۋىنىدە ئىدى. ئىككىنچى كۈنى تۈگمەننىڭ ئالدى قاپلار بىلەن تولدى، تۈگمەن ئۇزاقتىن بۇيان توختاپ قالغانىدى. ئىسمائىل چولاقنىڭ كۈنى تۇغدى.

كەچقۇرۇن ھەممە ئۆيدىن ئىسسىق ناننىڭ پۇرىقى كېلەتتى.

دۇرمۇش ئەلى دەل ئاتمىش ياشتا ئىدى. يېزىنىڭ ئەڭ يەشلىك ئادىمى، قېرى چىناردەك ساغلام ئىدى. يۈزى چوڭ، كۆزلىرى كىچىككىنە بولۇپ، بىر ئۆمۈر ئاياغ كىيمىگەن. ئۇنىڭ تاپىنىدىكى قاپقارا، تىلىم ـ تىلىم يېرىلىپ كەتكەن قېلىن بىر قەۋەت تېرە ئاياغ كىيىم ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. پۇتى بەك چوڭ بولۇپ، بۇنداق پۇتقا لايىق ئۆتۈك تېپىلمايتتى. ئەڭ چوڭ

تومۇرلۇق ئاياغلار. ھەتتا چوڭ چورۇقتەك ئاياغمۇ پاتمايتتى. ئەمما چورۇق كىيىشنى خالىغان بولسا كىيگەن بولاتتى. بۇنى ئۆتكەندىن سورىغاندا، ھېچنېمە دېمەي تىللايلا قوياتتى، خالاس.

ئايالىلارنىڭ بىرى خېمىر يۇغۇراتتى، بىرى نان ئاچاتتى، بىرلىرى بولسا تاۋىغا سېلىپ پىشۇراتتى. پىشۇرۇۋاتقان ئايالنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قىپقىزىل پىشقان قېلىن تاۋا نانلىرى دۈۋىلىنىپ كەتكەنىدى.

ئەلى بىر ـ ئىككى ناننى ئىشتىھا بىلەن يېدى. كېيىن خىيال سۈرۈپ كۆزىگە ياش ئالدى ـ دە، ئايالىغا قاراپ:

— خوتۇن، تېنىڭلار گېلىمدىن زادىلا ئۆتمەيۋاتىدۇ، — دېدى.

— نېمىشقا، ئەلى؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى خوتۇنى.

— شۇ بىزنىڭ ئىبراھىمنىڭ يالىچاقىسى ... ئابدى ئاغا دېگەن كاپىرنىڭ قىلغانلىرى ئېسىمدىن چىقمايۋاتىدۇ، دۈنەنى قوغلىۋەتتى. بىر تالمۇ دان بەرمىدى.

— بىچارە، — دېدى خوتۇنى، — ئىبراھىم بولسىدى ...

— ئابدى بىزگىمۇ ئەسكەرتىپ قويىدى ...

— ئاڭلىدىم.

— مۇشۇنداق چوڭ يېزىدا كۆزىمىز كۆرۈپ تۇرۇپ ئاشۇ ئىككىيلەن ئاچ قالارمۇ؟

ئەلى غەزەپلەندى، تىللاشقا باشلىدى. ئاۋازىنىڭ يارىچە ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى يېزىنىڭ ئۇ چېتىگىمۇ ئاڭلىناتتى.

— قوپ، خوتۇن، — دېدى، — شۇ نانلاردىن بىر داستىخان تەييارلا، خالتىغا كەمچەندە بىر ئۇن قاچىلا، ئىبراھىمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرەي.

خوتۇنى ئېتىكىدىكى ئۇنلارنى قاققان ھالدا نان تاختىسىنىڭ يېنىدىن تۇردى.

ئەلى خالتا بىلەن داستىخاننى كۆتۈرگەن ھالدا، خۇددى گۆرۈلدىگەن شاخلىق دەرەخكە ئوخشاش تېزلىكتە دەرۋازىدىن چىقتى. دۈنەنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە كۆڭلى تىنچىدى.



— دۈنە، ھەي دۈنە! ئاچ ئىشىكنى! — دەپ ۋارقىرىدى.

دۈنە بىلەن ئوغلى ئوتى ئۆچكەن ئوچاقنىڭ ئالدىدا تۈگۈلگەن پېتى خۇددى بىر پارچە تاشتەك قىمىر قىلماي ئولتۇرماقتا ئىدى.

ئەلى يەنە بىرقانچە قېتىم:

— دۈنە! دۈنە! — دەپ ۋارقىرىدى.

دۈنە ئاۋازنى خېلىدىن كېيىن تونۇپ، ئالدىراپ ئورنىدىن قوپتى. كۆڭلى ئارتماستىن يېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

— كەل، ئەلى ئاغا، — دېدى.

— قىزىم، — دېدى ئەلى، — ئەتىگەندىن بېرى نېمىشقا مېنى ئالادا سالقىلىتىپ قويىدۇڭ؟

— كەل، ئىچكىرى كىر، ئاغا.

ئەلى ئېگىلگەن ھالدا ئىچكىرىگە كىردى.

— بۇ ئوت نېمىشقا يانمايۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

مەمەتنىڭ كۆزىدە يىغىنە ئۆچىدەك چاقنىغان ئۇچقۇن يەنە پەيدا بولغانىدى. ئەلىنىڭ يېقىملىق كۈلۈمسىرىگەن ئاتىلارچە قىياپىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇچقۇن غايىب بولدى.

ئەلى داستىخاننى كۆرسىتىپ:

— ئاللاھۇ كەرىم، — دېدى.

— تەڭرىم ئۇلۇغدۇر، — دەپ قوشۇمچە قىلدى دۈنە.

— توڭلاپ كەتتىم، دۈنە! قارىغىنا، بالىمۇ تۈگۈلۈپ كېتىپتۇ، ئوتنى ياقساڭچۇ.

دۈنە قۇيۇقۇرۇق ئوچاققا قاراپ:

— ئۆچۈپ قاپتۇمۇ؟ دىققەت قىلماپتىمەن، — دېدى ـ دە، ئوچاققا ئوتۇن سالدى ۋە تۇتاشتۇردى:

— بۇ كاپىر ئابدىنى قارا ...

ئابدىنىڭ نامىنى ئاڭلاپلا مەمەتنىڭ كۆزىدە ھېلىقى ئۇچقۇن يەنە چاقنىدى.

— ئۇنى ئۇلتۇرگۈچىنىڭ قولى نۇرلىنىدۇ، تويتوغرا!

جەتتەتكە كىرىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى بۇنداق ئەمەس ئىدى، يېزىلىقلارنىمۇ ئويلايتتى، — دېدى ئەلى.

ئەلىدىن كېيىن بىرقانچە دېھقان ئۇلارغا يەيدىغان نەرسىلەرنى ئەكېلىشتى. بۇنى ئابدى تۇيمايلا قالدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەكېلىپ بەرگەنلىرى پەقەت ئون بەش كۈنلا يەتتى. ئانا بىلەن ئوغۇل ئىككىسى ئىككى كۈن ئاچ قالدى. ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە دۈنە ھېچ نەرسە دېمەستىنلا سىيىرنى يانتاق يېرىدىن تۇرغۇزدى، ئاندا باغلاپ سىرتقا چىقاردى.

سىيىر تاشقىرىغا چىققاندا، مەمەت:

— ئانا! — دېدى.

— ھە، باغرىم، — دېدى دۈنە.

دۈنە سىيىرنى يېتىلەپ ئابدى ئاغىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى. موزاي سىيىرنىڭ ئاياغلىرى ئارىسىغا بېشىنى تىقىپ ئېمەتتى. دۈنە ئۆينىڭ ئالدىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ قالدى. تۇرسۇن كۆرۈپ خوجايىنىغا خەۋەر قىلدى. خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاغا سىرتقا چىقتى، دۈنە بېشىنى يەردىن ئۈستۈن قىلمايتتى. كالپۇكلىرى، ئۇزۇنچاق ئېڭىكى تىترەيتتى. ھېلىلا ۋارقىراپ يىغلىۋېتىدىغان بالىدەك كالپۇكلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغانىدى. پۈتۈن بەدىنىگىمۇ يېنىك بىر تىترەك ئولاشتى.

ئابدى ئاغا سىيىرنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— دۈنە، سېتىش ئۈچۈن ئەكەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

دۈنە بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ:

— ھەئە، ئاغام، — دېدى.

ئابدى ئاغا تۇرسۇنغا:

— بۇ سىيىرنى دۈنە يەڭگەڭنىڭ قولىدىن ئېلىپ بىزنىڭ ئېغىلغا ئاپىرىپ قوي! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

تۇرسۇن يانچۇقىدىن بىر تۇتام ئاچقۇچىنى چىقاردى - دە:

— ئاغار ئەكەلدىڭمۇ قىزىم، دۈنە؟ — دەپ سورىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى يۇمشاق ۋە مېھرىبان ئىدى.

— ھەئە، — دېدى دۈنە.



# 7

ئەمەن ئۆسكەن جايدا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئۆسۈملۈك ئۆسمەيدۇ. تاغۇتاش، ئېدىر، ھەممە يەردە ئەمەن ئۆسكەن. ئەمەن غوللۇق، قىسقا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى كالتە، ئەڭ ئۇزۇن شېخى بىر مېتىردىن ئاشمايدۇ. قويۇق يېشىل يوپۇرماقلىرى ئۈستى - ئۈستىگە قەۋەتلىشىپ كېتىدۇ. يەرگە پۈتۈن كۈچى بىلەن مەھكەم يېپىشقان بۇ ئۆسۈملۈكنى ھەرقانداق كۈچ قومۇرۇپ ئالالمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ.

ئەمەن ئۆسكەن يەر ئۇنۇمسىز، شورلۇق بولۇپ، ئۈستىدە ئەمەندىن باشقا نەرسە ئۆستۈرمەسكە قەسەم ئىچكەندەك كۆرۈنىدۇ.

قەدىرلى دېگەن جاي بىلەن چىغچىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك - كىچىك دۆڭلۈك. دۆڭلەر يۇمشاق، قايقارا مۇنبەت. بۇ يەرلەر بۆرۈتقى چوقۇر ئوۋا پاتقاقلىقنىڭ ئاخىرقى قىسمى، كۈنپېتىش تەرىپىدە ئاقچەساز پاتقاقلىقى، كۈنچىقىش تەرىپىدە تۇرۇس تېغىنىڭ قارىغايلىقى بار. دۆڭلۈكلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەممىلا يەرگە زىرائەت تېرىلاتتى. ئەنە شۇ ئېتىزلىقلاردىمۇ ئەمەنلەر ئۆسىدۇ. ئۇلار سەرۋى دەرىخىدەك ئېگىز، شاخلىرىدا بىر خىل يېشىللىق ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، غوللىرى باشقا قىسقا غوللۇق ئەمەنلەرنىڭكىدەك مۇدۇر - چوقۇر ئەمەس ئىدى. بەلكى قاپاق تېرەكلەرنىڭكىدەك سىلىق، تۈز ئىدى. ئېكىنزارلىق ئىچىدە ئەمەن ئەمەس، خۇددى باشقا دەرەخلەردەك تۇراتتى.

چىپقىرتىكەنلىك بەزىدە يېشىل، بەزىدە كۆل رەڭ، بەزىدە سۈتتەك ئاق رەڭدە دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ. دالانىڭ ئويۇقتا يېقىن جايلىرىغا قىرۋۇ چۈشكەن، يەر - جاھاننى مۇز قاپلىغانىدى.

مەمەتلەر چىپقىرتىكەنلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا پاچاقلىرىنى قىيما - چىيما قىلىپ يەر ھەيدەپ، تېرىقچىلىق قىلدى.

سوغۇقتا توڭلىدى، تومۇز ئىسسىقىدا خامان تېپتى، كۆيۈپ ـ پىشتى. مىڭ مۇشەققەتتە قولغا كەلتۈرگەن ھوسۇلنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمىنى ئابدى ئاغا تارتىۋالدى. باشقىلاردىن بولسا ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئالدى. شۇ يىلدىن تارتىپلا ئابدى ئاغا ئۇلارغا نىسبەتەن كۆڭلىدە غوم ساقلىدى، پەيلىدىن يانمىدى، پۇرسەت بولسىلا مەمەتنى ئۇراتتى، ھاقارەتلەيتتى.

كىشىلەر ئۆزى تۇغۇلغان تۇپراقنىڭ خوسۇسىيىتىگە بېقىپ ئۇسۇپ تەرەققىي قىلسا كېرەك، ئېھتىمال. مەمەت مۇشۇ شورلۇق يەردە تۇغۇلۇپ ئۆستى.

مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتتە چوڭ بولغاچقا بويى ئۆسمىدى. ئۇنىڭ يەلكىسى تار، پاچاقلىرى ئىنچىكە ئىدى. قوللىرى، پاچاقلىرى قورۇغان دەرەخنىڭ شېخىغا ئوخشايتتى. تېرىسى قورۇپ كەتكەن، سۆڭەكلىرى چىقىپ تۇراتتى. يۈزى قارىقۇمچاق، كۈن نۇرى كۆيدۈرگەندەك ئىدى. ئۇنىڭغا قاراش بىلەنلا ئادەمنىڭ ئېسىگە ھېلىقى توۋا دەرىخى كېلەتتى. چۈنكى، ئۇ ھەم پاكار، ھەم جىۋەك ئىدى. ئۇ، توۋا دەرىخىدەك يەرگە مۇستەھكەم ئورناشقان، قاتتىق ۋە كەسكىن ئىدى. بىرلا يېرىدە مۇلايىملىق ساقلىنىپ قالغان. لەۋلىرى بوۋاق لېۋىدەك قىزىل، ھەر دائىم بىر خىل مۇلايىم تەبەسسۇم ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ چۇس ۋە قەيسەر قىياپىتىگە يارىشاتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن مەمەت ئاۋاقنىڭ خۇشاللىقى تولۇپ تاشقانىدى. بىردەم سىرتقا ـ ئاپتاپقا چىقاتتى، ئاپتاپتا ئايلىنىپ يۈرەتتى. بىردەم ئىچكىرىگە كىرەتتى. قاچقۇن ئەسكەردىن سېتىۋالغان يېڭى كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىدا بىر قول ياغلىقى بار ئىدى. ياغلىقنى ھەر خىل شەكىلدە قاتلاپ باقاتتى. ئۇنى بەزىدە بىر تال يوپۇرماققا ئوخشاش قاتلاپ ئارقا ـ ئالدىنى ئۆرۈپ قارايتتى، بەزىدە بۇزۇۋېتەتتى. شەپكىسىمۇ يېڭى ئىدى. شەپكىسىنى كىيىپ ئۇنىڭ ئاستىدىن بىر تۇتام قارا چېچىنى چىقىرىپ پېشانىسىگە چۈشۈرۈپ قوياتتى. ياراشمىغاندەك ھېس



قىلىپ بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ بارماقلىرى بىلەن تارايتتى. ئەينەككە قاراپ بېقىپ ياراتمايتتى ـ دە، قارا چاچلىرىنى يەنە چىقىرىپ پېشانىسىگە چۈشۈرەتتى. شۇ پېتى قويۇپ قوياتتى. شالۇۋۇرىمۇ يېڭى ئىدى. ئىككى يىل ئىلگىرى ئالغان بولسىمۇ تېخى كىيمىگەنىدى. بۈگۈن تۇنجى قېتىم كىيدى.

پايپاقلىرىنى كىيدى، سېلىۋەتتى. نېمىدېگەن جىق پايپاق بۇ؟ پايپىقى كۆپ ئىدى. ئانىسى پايپاقنى ئوبدان توقۇيتتى. ياخشى گۈل چىقىرالايتتى. ئەڭ ئاخىرىدا كىيگەن پايپاقنىمۇ ياراتمىدى. سېلىپ بىر ياققا تاشلاپ قويدى. ئانىسىغا كۆز قىرىدا قاراپ قويۇپ ساندۇققا قاراپ ماڭدى ۋە ئۇنى ئاچتى. ساندۇقنىڭ ئىچىدىن ياۋا ئالما پۇرىقى كېلەتتى، بىر چەتتە تۇرغان گۈللۈك پايپاققا كۆزى چۈشۈپ تىترەشكە باشلىدى. ئېگىلىپ قولىغا ئالدى. ياۋا ئالمىنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ كەتكەنىدى. پايپاققا قولى تېگىش بىلەن تىترىشى كۈچەيدى. يۈرىكىدىن ئىسسىق بىر نېمە شۇر قىلىپ ئېقىپ كەتكەندەك بولدى. شادلىنىپ كەتتى، بىر خىل ئىللىقلىق ۋە لەززەت ھېس قىلدى. ساندۇق ئىچىدە پايپاقنىڭ رەڭگى توق كۆرۈنەتتى ... قولىغا ئېلىپ يورۇققا تۇتقاندا، رەڭگى ئېچىلىپ يالتىراپ كەتتى.

پايپاق بىر ناخشىنى ئەسلىتىدۇ ... كېچىدىكى ناخشا ئاۋازى بىلەن كۈندۈزدىكى ناخشا ئاۋازى ئوخشىمايدۇ. باللار ئېيتسا باشقا ئاھاڭدا، ئايال ئېيتسا باشقىچە ئاھاڭدا چىقىدۇ ... ياشلارنىڭ ناخشىسى بىلەن قېرىلار ئېيتقان ناخشا ئوخشىمايدۇ ... تاغدا ئېيتىلسا باشقىچە، تۈزلەڭدە، ئورماندا، دېڭىزدا باشقىچە ئاڭلىنىدۇ ... ھەممىسىنىڭ ھوزۇرى باشقىچە. ئەتىگەندە، چۈشتە، كەچتە ۋە كېچىسى باشقىچە تەسىر قىلىدۇ ...

بۇ گۈللۈك پايپاق خۇددى بىر ناخشا كەبى ئىدى. ئۇ بىر خىل ناخشا ئىللىقلىقى بىلەن توقۇلغانىدى. سېرىق، قىزىل، كۆك،

قىزغۇچ، ئىشقىلىپ، خىلمۇخىل رەڭ بىرلىشىپ بىر - بىرىگە ماسلىشىش ئارقىلىق بىر ئىللىقلىق، بىر خىل يېقىملىقلىقنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى. ئىشق - مۇھەببەتنى، مېھىر - شەپقەتنى ئىپادىلىگۈچى بىر نەرسە ئىدى.

بۇ پايپاق ئىشق - مۇھەببەتنى ئىپادىلەيتتى. بۇ بىر خىل ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مەمەتنىڭ بۇ پايپاققا قولى تېگىش بىلەن تىترەپ كېتىشى، يورۇققا تۇتقاندىن كېيىن يۈرىكىنىڭ ئويناپ كېتىشى بىكار ئەمەس ئىدى. بۇنداق پايپاقلارغا تۇمشۇقلىرىنى بىر - بىرىگە تىرەپ سۆيۈشۈۋاتقاندەك تۇرغان ئىككى قۇش رەسىمى كەشتىلەنگەن بولاتتى ... يەنە يوغان گۈللۈك، كىچىك گەۋدىلىك ئىككى دەرەخمۇ كەشتىلەپ سىلىنغان بولۇپ، دەرەخلەر يانمۇيان، گۈللىرى بولسا خۇددى سۆيۈشمەكتەك بىر - بىرىگە تېگىپ تۇراتتى. ئۇندىن باشقا، بۇ ئىككى نەقىش ئوتتۇرىسىدا سۇتتەك ئاق سۇ ئېقىپ تۇراتتى، ئەتراپىدا قىزىل قىيالار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھەر خىل رەڭ بىرىكمىسى جۇلالىنىپ تۇراتتى.

مەمەت پايپاقنى كىيدى. ئۈستىگە چورۇقنى تارتتى، پايپاق تىزىغا چىقاتتى. پاچىقىدا ئىككى قۇش، ئىككى گۈل سۆيۈشمەكتە، سۇلار ئاقماقتا ئىدى.

ئۇ ئۆز كۆڭلىدە خەدىچەگە مۇشۇنداق كۆرۈنسەم دەپ ئويلىدى. خەدىچەلەرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. خەدىچە بوسۇغىدا تۇراتتى. مەمەتنى كۆرۈش بىلەن چاقناپ تۇرغان چوڭ كۆزلىرى كۈلۈمسىرىدى. ئۆزى توقۇپ بەرگەن پايپاقنى ئۇنىڭ پۇتىدا كۆرۈپ تېخىمۇ خۇرسەن بولدى.

مەمەت ئۇ يەردىن ئۇدۇل يېزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

ئۆز ئۆيىگە قايتقان چېغىدا كۈن ئويدانلا چىققانىدى. بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دوستىنى ساقلاشقا باشلىدى. بىر-ئازدىن كېيىن دوستى تامنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەلدى.

— بالىلىرىم، بازاردا ئۆزاق ھايال بولماڭلار، ئابدى ئاغا



شەھەرگە كەتكەنلىكىڭلارنى تۇيىسۇن، ھالىڭلارغا ۋاي بولىدۇ، — دېدى ئانا.

— تۇيمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى مەمەت.

ئۇنىڭ دوستى ئەلى تازنىڭ ئوغلى مۇستافا ئىدى. ئۇمۇ بۇ يىل ئون سەككىزگە كىرگەن، ئۇلار ئىككىسى بىرلىكتە شەھەرنىڭ قانداق يەر ئىكەنلىكى توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىشقانىدى. ئاقىۋەت چىدىماي شەھەرگە بېرىپ كېلىشكە قارار قىلىشتى. ئۇ يەرگە ئۇلارنى قانداقتۇر بىرنېمە تارتماقتا ئىدى. بەلكى تۇرسۇن سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكلەردىكىگە ئوخشايدىغان چۇقۇر ئوۋۋا بولسا كېرەك. ئۇلار بۇ قارارغا بۇنىڭدىن دەل ئىككى يىل بۇرۇن كەلگەنىدى. بۇگۈن، ئەتە دەپ بۇگۈنگىچە ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىدى. مۇستافا دادىسىدىن، مەمەت بولسا ئانىسىدىن قورقاتتى. ئىككىسى بىردەكلا ئابدى ئاغىدىن قورقاتتى.

بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن ئىككىسى بىرلىكتە مەسىلىنى مەمەتنىڭ ئانىسىغا ئېيتىشتى.

— قانداق بولار؟ بۇ يېشىڭلاردا شەھەرگە قانداقمۇ بارارسىلەر، ئۇندىن باشقا ئابدى ئاغا نېمە دەر؟ ئابدى ئاغا تۇيۇپ قالسا بىزنى بۇ يېزىدىن جەزمەن قوغلىۋېتىدۇ، — دېدى ئانا.

مەمەت ئانىسىغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— بولمايدۇ، — دېدى ئانا، ئەمما، — ئابدى ئاغا قوغلىسا قوغلىۋەتسۇن، بىزمۇ ... — دېدى ئاخىر.

مۇستافانىڭ دادىسىغا ئېيتىشمىدى. ئۇنىڭغا بۇغا ئوۋلاشقا بارىدىغانلىقىنى، بىرقانچە كۈن تاغدا تۇرۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. بۇرۇنمۇ بۇغا ئوۋلاشقا بېرىشاتتى. يېزىدا مەمەتنى بېسىپ چۈشىدىغان ئوۋچىمۇ چىقمايتتى. ئۇ شۇنداق مەرگەن ئىدىكى، ئوق بىلەن بۆرىگىنىمۇ سوقالايتتى. ئەلى تاز ئەگەر ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ياسانغان، «مۇھەببەت» پايپاقلىرىنى كىيگەن ھالدا ئوۋغا تەييارلانغانلىقىنى كۆرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئوۋغا چىقىشىغا ھەرگىز ئىشەنمىگەن بولاتتى. مۇستافا ئوۋدا

ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالغان سىلتىقىنى مەمەتلەرنىڭكىدە تاشلاپ قويدى.

شۇ كېچىسى ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە يىلان تۈزۈپ چىقتى. بىر مىنۇتمۇ كۆز يۇممىدى. شۇ ھەقتىلا سۆزلەشتى.

تاڭ سۈزۈلمەي تۇرۇپ ئەتراپ ئالا قاراڭغۇ چاغدىلا يولغا چىقىشتى.

ئۇلار يۈگۈرگەندەك مېڭىپ كېتىشىۋاتاتتى.

تۆۋەندىن سوغۇق بىر شامال ئۇرماقتا.

كۈن ئازراق كۆتۈرۈلۈپ چىققانغا قەدەر بىر ئېغىزمۇ سۆزلەشمىدى. توختاپ بىردەممۇ ئارام ئالمىدى.

كېيىن مەمەت يېشىل چۆپلۈككە كېلىپ توختاپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى:

— ئالدىمىزدىكى يېزا سارىبۇغا يېزىسى. ئالدى بىلەن شۇ يەرگە بارىمىز. ئۇنىڭ كەينىدە دەگىرمەنلەر يېزىسى. ئۇنىڭدىن كېيىن بەكىرلى يېزىسى بار. ئۇ يەردىن ئۆتسەك شەھەرگە كىرىمىز.

— ھە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شەھەر ... — دەپ پىچىرلىدى مۇستافا.

مېڭىشتى. خۇددى يۈگۈرگەندەك كېتىشىۋاتاتتى. ئارىلاپ توختاپ بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى. كېيىن يەنە ئىلدام مېڭىپ كېتىشتى.

ئۇزاق ئۆتمەي سۇلايمانلىدىكى ئەسكى ياغاچ كۆۋرۈكتىن، يەر ئاستى يولىدىن ۋە گۆرىستانلىقتىن ئۆتۈپ كېتىشتى. تورۇنلارغا كەلگەندە چۈش بولغانىدى. ھاۋا ئىللىپ قالغان. ئانار دەرەخلىرى قىپقىزىل چېچەكلىگەن. يەرلەر نەملىشىپ تۇراتتى. يەردە ئولتۇرۇشتى. توساتتىن ئانار دەرەخلىرىنىڭ كەينىدىن مەيدىسى ئوچۇق، چارچىغان، تەر باسقان ئېگىز بويلۇق بىر بوۋاي چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى ئۇزۇن تۈكلىرىمۇ ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئاقارغان تۈكلىرى، ئاپپاق ساقىلىمۇ گىچەك ـ



گىچەك ئىدى. يەلكىسىدىكى خورجۇنتى چۈشۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، يىگىتلەر، — دېدى.

بوۋاينىڭ ئاۋازى بوم چىقاتتى.

ئۇ ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا خورجۇندىن بىر تۈگۈن چىقىرىپ يەشتى. تۈگۈندە تېپىمز ئاق نانلار بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر باش قىزىل پوستلۇق پىياز ... قۇرۇتمۇ بار ئىدى.

بۇ نائاملارنى يېيىشكە باشلىغان بوۋاي:

— ئېلىڭلار، يىگىتلەر، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

— رەھمەت، — دېدى مەمەت.

— رەھمەت، — دېدى مۇستافا.

— كېلىڭلار، يىگىتلەر، — دەپ زورلىدى بوۋاي.

— ئۆزىڭىز ئېلىڭ، — دېدى مەمەت.

— ئۆزىڭىز يەڭ، — دېدى مۇستافا.

بوۋاي توختىماستىن يېيىشكە زورلايتتى.

— شەھەردە تاماق يېمەكچىمىز، — دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى مەمەت.

— شەھەردە تاماق يېمەكچىمىز، — دەپ قوشۇپ قويدى مۇستافا.

— ئۇنداق بولسا باشقا گەپ، — دەپ كۈلۈمسىرىدى بوۋاي، — ئەمدى بىلدىم، بازار نېتى ... تېخى بازارغىچە خېلى يول يۈرىسىلەر ـ دە.

— شۇ يەرگە بېرىپ يەيمىز، — دېدى مەمەت.

— شۇ يەردە يەيمىز ! — دەپ تەكرارلىدى مۇستافا.

يانلىرىدىكى سۇ شارقىراپ، كۆپۈكلىنىپ قىيا تاشلارنىڭ كەينىدىن، ئۈستىدىن، يېنىدىن، ئەتراپىدىن تېز ئاقماقتا ئىدى.

بوۋاي ئاغزىغا لىق نان سېلىۋېلىپ:

— بۇ سۇنى بويلاپ ماڭساڭلار سىلەرنى ئۇدۇل بازارغا ئېلىپ بارىدۇ، — دېدى.

— سىز بىز بىلەن بارمامسىز؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— ۋاي قوزام، مەنمۇ بازارغا كېتىۋاتىمەن. ئەمما سىلەر بىلەن قانداقمۇ تەڭ ماڭالايمەن؟ — دېدى بوۋاي.

مەمەت جىم بولدى. بوۋاي تامىقىنى يەپ بولدى. تۈگۈننى تۈجۈيلەپ چاڭ چىگىپ بولغاندىن كېيىن سۇ بويىدا دۈم يېتىپ قانغۇچە سۇ ئىچتى. قولىنىڭ كەينى بىلەن لېۋىنى، بۇرۇتلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن كېلىپ ئولتۇردى. تاماكا خالتىسىنى چىقاردى. ئۇنى ئاچتى. دەپتەرنىڭ سېرىق قەغىزىنى يىرتىپ بارماقتەك موخوركا ئورىدى. چاقمىقىنى چېقىشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن گۈگۈرت ياندى. ئەتراپقا يېقىملىق پۇراق تارقالدى. موخوركىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، دۈمبىسىنى ئانار دەرىخىگە ياخشىلاپ يۆلىگەندىن كېيىن:

— قېنى يىگىتلەر ئېيتىڭلارچۇ، سىلەر قەيەردىن بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— دەگىرمەن ئۇلۇكتىن، — دېدى مەمەت.

— دەگىرمەن ئۇلۇكتىن، — دېدى مۇستاقا.

— ئۇچكە ساقال كاپىر ئابدىنىڭ يېزىسىدىنمۇ؟ ئاڭلىشىمچە، كاپىر ئابدى يېزىغا ئاغا بوپتۇمىش. ئۇ، دېھقانلارنى قولغا ئوخشاش ئىشلىتەرمىش. ئۇلارنى ئاچ قويارمىش. قىش كەلگەندە خەلق ئاچلىقتىن ئۆلەرمىش. ئابدىنىڭ ئىجازىتى بولمىسا ھېچكىم ئۆيلىنەلمەسمىش، ھەتتا يېزىدىن سىرتقا چىقالماسمىش. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئابدى كۆپ كىشىنى كالتەكلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇمىش. بەش يېزىنىڭ ھۆكۈمىتىمۇ، پادشاھىمۇ شۇ ئىمىش. ئاشقانىنى ئېمىپ، سويغاننى سويارمىش! ... ھەي ئۇچكە ساقاللىق ئابدى! شۇ ئابدى، ئاغا بوپتۇمىش تېخى — ھە!

بوۋاينى كۈلكە قىستاپ كەتتى، توختىماستىن كۈلەتتى ۋە «ۋاي ئابدى ئەبلەخ، ۋاي ئۇچكە ساقاللىق ئابدى كاپىر» دەپ ھەيران بولاتتى. ئۇ كۈلكىسىنى توختاتتى.

— ئاڭلىغانلىرىم توغرىمۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي ۋە



قاشلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى.

باللار بىر — بىرىگە قاراشتى. يىڭنە ئۇچىدەك ھېلىقى غەزەپ ئۇچقۇنى مەمەتنىڭ كۆز قارىچۇقىدا يەنە ئەكس ئەتتى.

بوۋاي باللارنىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى، غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ھەي يىگىتلەر، — دېدى، — ئاشۇ ئۇچكە ساقاللىق ئىتچۇ ... ھېلىقى دېھقانلارغا زۇلۇم سالغان دىۋىز. ئۇ خوتۇنى تالاق خۇمسىچۇ ... توشقانغا ئوخشاش قورقۇنچاق بىرنېمە. ئۇ خوتۇن كىشىنىڭ ئۆزى. ئىسىت، ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى — دە. ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر نومۇسسىز بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام جېنىنى جەھەننەمگە ئەۋەتكەن بولاتتىم. ئىلاج قانچە. ئۆتكەن ئىش ئۆتۈپ كەتتى، خەپ ئۇچكە ساقال!

يەنە كۈلۈشكە باشلىدى:

— دېمەك، ئابدى پادىشاھلىق دەۋاسى قىلىۋېتىپتۇ — دە؟ بەش يېزىنى قول قىلغانمىش — ھە؟ توۋا، ئانىسىنى! ... ئابدى. سېنىڭ بۇنداق بىر نومۇسسىز بولۇپ چىقىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، خۇدا ھەققى، بىلگەن بولسام، خەير ...

مەمەت بىلەن مۇستاقا بىر — بىرىگە چايلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. بوۋايغا گۇمان بىلەن قارىشاتتى. مۇستاقا كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى. بۇنى بوۋاي پەملەپ قېلىپ:

— دېمەك، سىلەر ئابدىنىڭ يېزىسىدىن ئىكەنسىلەر — دە، ئابدىنىڭ پۇتلىرىمغا باش قويىدىغان كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتتى! — دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مۇستاقا بوۋاينى مەسخىرە قىلغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. مەمەت بۇنى كۆرۈپ، سېزىپ قالمىسۇن دەپ مۇستاقانى نوقۇپ قويدى. بوۋاي بۇنىمۇ كۆردى:

— سىلەر ئەخمەت چولاق دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىغانمۇ؟

— ئاڭلىغان! — دەپ جاۋاب بەردى مەمەت.

— ساڭا دەۋاتىمەن، سەن ئاڭلىغانمۇ؟ — دېدى.

مۇستاقا ئالدىراپ:

— راستتىنلا ئاڭلىغان، ئۇنىڭ ئىپتىنى بىلمەيدىغان كىشى بارمۇ؟ — دېدى.

— سىرتىنگاچتىن كېلىۋاتقىنىدا ئىككى قاراقچى ئايدىنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپتىكەن، ھەتتا خوتۇنىنى تارتىۋاپتىكەن، بۇنى ماڭا خەۋەر قىلىشتى، ئابدىمۇ كېلىپ ئايىغىمغا يىقىلىپ يالۋۇردى. بېرىپ خوتۇنىنى قايتۇرۇپ كەلدىم، ئۆزىگە تاپشۇردۇم. غېرىب - غۇرۋالارغا بۇنداق زۇلۇم قىلىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام ...

ئەخمەت چوڭ بۇ تاغلاردا بىر داستان ئىدى. ئانىلار يىغلىغان باللىرىنى «ئەخمەت چوڭ كەلدى» دەپ پەس قىلاتتى. ئەخمەت چوڭ بۇ يەرلەردە دەھشەتلىك بولغىنىدەك، سۆيۈملۈكمۇ ئىدى. ئەخمەت چوڭ يىللاردىن بۇيان ئىككى خىل تۇيغۇنى بىردەك پەيدا قىلىپ كەلگەنىدى. بۇ ئىككى خىل تۇيغۇنى بىردەك ئويغىتالمىغان قاراقچى بۇ تاغدا بىر يىلدىن ئارتۇق ياشىيالمايتتى. چۈنكى، قاراقچىنى سۆيگۈ ياشىتالايدۇ، لېكىن يالغۇز سۆيگۈ ئاجىزلىق قىلىدۇ، يالغۇز قورقۇتۇشنىڭ ئۆزىلا ئۆچمەنلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۆتكەن ئون ئالتە يىل ئىچىدە ئەخمەت چوڭنىڭ بۇرنىمۇ قانىمىدى. ئەخمەت چوڭ ئون ئالتە يىل داۋام قىلغان قاراقچىلىقى جەريانىدا ئاران بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەنىدى. ئۇ بولسىمۇ ئۆزى ئەسكەرلىكتە كەتكەن چاغدا ئانىسىغا زورلۇق قىلىپ نومۇسىغا تەگكەن ئادەم ئىدى. يېزىغا كەلگىنىدىن كېيىن بۇنى ئۇقۇپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ تاغقا چىقىپ كەتكەنىدى. بۇ ئادەم ھۇسەيىن ئاغا ئىدى.

ئۇ يول توسمايتتى، ئۇ كېزىپ يۈرگەن يەرلەردە باشقا قاراقچىلارمۇ يول توسمايتتى.

ئۇ چۇقۇر ئۇۋا بايلىرىدىن بىرىنى نىشان قىلىپ، ئۇنىڭغا ئادەملىرىدىن بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ، مۆتىچىلىك پۇل تەلەپ



قىلىمەن دەيتتى. خەتنى تاپشۇرۇۋالغان باي دەررۇ تەلەپ قىلىنغان پۇلنى ئەۋەتىپ بېرەتتى. قاراقچىلىق قىلىش جەريانىدا كىمدىن قانچىلىك پۇل تەلەپ قىلغان بولسا، بىر تىيىنىمۇ كەم قالدۇرماي ئالغانىدى. باشقا قاراقچىلار بولسا يېزىلارغا بېرىپ بايلارنى قىينايتتى، ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. لېكىن، كۆپىنچە بىر تىيىنمۇ ئالالماي قۇرۇق قول، ھەتتا كەينىدە بىر توپ ژاندارما قايتىپ كېلىشەتتى.

ئەخمەت چوڭ ئالغان پۇللىرىنى ھەرگىز بۇزۇپ - چېچىپ يوقاتمايتتى. تاغدا نەگىمۇ خەجلىسۇن؟ ئۇ مەركۈز پۇللارغا ئاغرىق - سىلاق كىشىلەر ئۈچۈن دورا - دەرمەك، ئۆكۈزسىزلەرگە ئۆكۈز، ئاچ قالغانلارغا يېمەكلىك ئېلىپ بېرەتتى ...

كەچۈرۈم قىلىنىپ ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن يىراق - يېقىن يېزىدىكى دېھقانلار ئايىغى ئۈزۈلمەستىن كېلىپ تۇرغانىدى.

كەچۈرۈم قىلىنغاندىن كېيىن ئەخمەت چوڭ ئۆز ئۆيىگە قايتتى. ئۆزىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى دېھقانچىلىققا سەرپ قىلدى. چۈمۈلىنىڭمۇ ئازار بەرمىدى، پەقەت بىرەر ناھەقچىلىكنى كۆرۈپ ئادەتتىن تاشقىرى خاپا بولغان چاغلىرىدا: «ئاھ، ئاشۇ كۈنلەر» دەپ قوياتتى. ئارقىدىن بۇ گېپىدىن خىجالەت بولغاندەك جىم بولۇپ قالاتتى. ئاچچىقى يانغاندىن كېيىن ئاشۇنداق گەپنى قىلغىنىغا كۈلەتتى.

ۋاقىت ئۆتكەنچە ئەخمەت چوڭ ئۆز يېزىسىدا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. بۇنداق ئادەم بارمۇ - يوقمۇ، ھېچكىم دىققەت قىلمايتتى. يېزا خەلقى ئۇنىڭغا كۆنۈپ قېلىشقانىدى. بۇ ئاق ساقاللىق بوۋاينىڭ بىر چاغلاردا تۇرۇس تاغلىرىدا داڭ چىقارغان ئەخمەت چوڭ ئىكەنلىكىنى ھېچكىممۇ يادىغا كەلتۈرمەيتتى. ئەخمەت چوڭ بارمۇ - يوقمۇ خىيالىغا كىرىپ - چىقمايتتى.

تاغدا بىرەر قاراقچى نام چىقارسا كىشىلەر «ئەخمەت چوڭغا ئوخشاش» دېيىشەتتى. بىرەر قاراقچى ئاياللارغا ھاقارەت قىلسا ـ يوللارنى توسسا، «ئەخمەت چوڭغا ئوخشاش» دەپ قويۇشاتتى. ئادەم ئۆلتۈرسە، خەلققە زۇلۇم قىلسا، يەنە: «ئەخمەت چوڭدەك ...» دېيىشەتتى. قىسقىسى، ھەرقانداق بىر ياخشىلىق بولسا «ئەخمەت چوڭغا ئوخشاش» دېيىش ئادەت بولۇپ قالغانىدى.

بوۋاي مۇستاپاغا قاراپ:

— ئەخمەت چوڭ دېگەن قانداقراق ئادەم ئىكەن؟ ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— دادامنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئەخمەت چوڭغا ئوخشىغان باتۇر، نومۇسكەر، غېرىب ـ مىسكىنلەرگە باشپاناھ بولىدىغان بىر قاراقچى بۇ مەملىكەتتە بولمايتىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى مۇستاپا.

— بوي ـ تۇرقى، چىرايى قانداق ئىكەن؟ داداڭ ئېيتمىدىمۇ؟ — دېدى بوۋاي.

— دادامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئەخمەت چوڭ ئېگىز بويلۇق، قارامتۇل كەلگەن، شاپ بۇرۇت، تاغدەك زور ئادەم ئىمىش، دادام ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەنىكەن. ماڭلىيىدا يوغان بىر قارا مېڭى بارمىش، كۆزلىرى چاقناپ تۇرارمىش. مىلتىقتا مىس تەڭگىنىمۇ سوقارمىش. دادام تېخى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپتىكەن، — دېدى مۇستاپا.

بوۋاي چاقچاق ئارىلاش سورىدى:

— كايىر ئابدىنىڭ خوتۇنىنى قاراقچىدىن تارتىۋېلىپ ئەكېلىپ بەرگەن كىم؟

— كىم بولاتتى، ئۆزۈڭغۇ؟ مەن ئېلىپ بەردىم دېمىدىڭمۇ؟

بوۋاي پۇشايمان قىلغاندەك بېشىنى چايقاپ:

— ياق، مەن ئەمەس، مەن ئەمەس، مەن ... — دېدى.

مەمەت بۇ ئادەمنىڭ يۈزىگە سەپسېلىپ قارىدى، ئىككى



قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئاق تۈكلەرنىڭ ئارىسىدا خېلى چوڭ بىر مەڭنى كۆردى. مەڭ قارا بولماي، كۆكۈچ ئىدى ... شۇنىڭدىن كېيىن مەمەت بوۋايدىن زادى كۆز ئۈزمىدى.

— سەن ئېلىپ بەرمىگەنمىدىڭ؟ — دېدى يەنە مۇستاپا.

— ياق، ياق، مەن ئېلىپ بەرمىدىم. ئۇ ئۆلۈپ كەتتى ... — دېدى بوۋاي.

شۇنداق دېگەندىن كېيىن يەردە ئوڭدىسىغا سوزۇلۇپ يېتىپ خورجۇننى بېشىغا قويدى.

مۇستاپا مەمەتنى نوقۇپ، ئاستاغىنا:

— قوپ، ماڭايلى، — دېدى.

مەمەت جاۋاب بەرمەيلا ئورنىدىن قوپتى. كۆزلىرى ھېلىمۇ بوۋاينىڭ چىرايىدا ئىدى. ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇش بىلەن بوۋايمۇ كۆزىنى ئاچتى.

— دېمەك، كېتىسىلەر، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.

مەمەت ھەيرانلىق ئىچىدە:

— ئامان بول ! — دېدى.

— ئامان بول ! — دېدى مۇستاپا.

بوۋاي «يول بولسۇن» دېدى. بېشىنى خورجۇندىن كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قارىدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن خورجۇنغا بېشىنى قويدى، كۆزلىرىنى يۇمدى. يانتىكى سۇ شارىلداپ ئاقماقتا ئىدى.

ئۇلار تۈگەيۈينى قارىغايلىققا كەلگۈچە سۆز قىلىشمىدى. مەمەتنىڭ چىرايىدىن زەھەر تېمىپ تۇراتتى. غەزەپلىك ئىدى. بىردەمدە ئۇنىڭ چىرايىغا خۇشاللىق يۈگۈرۈيتتى. سەل ئۆتمەي خۇددى قارا بۇلۇت ياسقاندەك غايىب بولاتتى.

مەمەت بىرقانچە قېتىم مۇستاپاغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويدى. مۇستاپا ھەيرانلىق ئىچىدە ئىدى. دۆڭگە چىققاندىن كېيىن مەمەت ھارغىن ھالدا بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. بىردىن كۈلۈمسىرىدى، مۇستاپا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ:

— نېمىگە كۈلدۈڭ؟ ئېيتقىنا، — دېدى.

مەمەت كۆلۈمسىرەشنى داۋام قىلدى.

— ئېيتقىنا، — دېدى مۇستافا.

مەمەت جىددىيلەشتى:

— خۇدا بىلىدۇ، مۇشۇ ئادەم ئەخمەت چوڭنىڭ دەل ئۆزى. ماڭا شۇنداقتەك بىلىنىۋاتىدۇ، — دېدى.

— بوق گەپ، — دەۋەتتى مۇستافا.

— بوق گەپ دېگىنىڭ نېمىسى؟ بۇ ئادەم ئەخمەت چوڭنىڭ ئۆزى، — دەپ ئاچچىقلاندى مەمەت.

— ماڭغىناۋاي، بۇ ئادەم ھەممىمىزگە ئوخشاشلا ئادەم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوۋامدەك. ئۇنىڭ ئەخمەت چوڭغا ئوخشايدىغان نېمىسى بار؟ — دېدى مۇستافا.

— ماڭلىيىدىكى مېڭىنى كۆردۈڭمۇ؟ قوشۇمىسىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا، — دېدى مەمەت.

— كۆرمىدىم، — دېدى مۇستافا.

— ئۇنىڭ كۆزى خۇددى مەشئەلدەك چاقناپ تۇرىدۇ، — دېدى مەمەت.

— ياق، — دېدى مۇستافا.

— كۆزلىرى مەشئەلدەك پارقىراپ تۇرىدۇ، — دېدى مەمەت.

— مەن كۆرمىدىم، — دېدى مۇستافا.

— مېنىڭچە، مۇشۇ ئادەمدىن باشقىسى ئەخمەت چوڭ بولالمايدۇ.

— بىكار گەپ، مۇشۇنداق ئادەم ئەخمەت چوڭ بولىدىغان بولسا، دۇنيا ئەخمەت چوڭلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولاتتى. بۇ ئادەم سەن بىلەن ماڭا ئوخشاشلىقۇ ...

— كۆزلىرى مەشئەلگە ئوخشاش يېنىپ تۇرىدۇ، چىرايىدا بىر خۇشخۇيلۇق، جان كۆيەرلىك بار ... كاشكى، سېنىڭ دادىڭ بۇ ئادەمنى كۆرگەن بولسىدى ...

ئۇلار مۇشۇنداق گەپلىشە ـ گەپلىشە دۆڭدىن يەسكە چۈشۈش بىلەن ئالدىلىرىدا بىر تۈزلەڭلىك كۆرۈندى. تۈزلەڭلىكتە كەڭ



بىر تېرەكلىك بار ئىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر دەريا جۇشقۇنلىنىپ ئاقاتتى. تۈزلەڭلىكنى بويلاپ، كۈندە پارقىراپ، ئۆزۈن ئەگىم ـ ئەگىم بولۇپ، بۇژغۇنلىنىپ، تۆۋەنگە تۈزلەڭدە ئاقىدىغان دەريانى بۇلار تۆنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.

— يېقىنلىشىپ قالدۇق، — دېدى مەمەت.

— نەدىن بىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى مۇستافا.

— چۇقۇر ئوۋادا سۇلار ئەگىپ ئاقىدۇ. مېنىڭچە، بۇ سۇ ساۋرۇن دەرياسى. تېرەكلەر قەدىرلىنىدىغان دېگىرمەن تېرەكلىكى بولسا كېرەك. دۇرمۇش ئەلى ئاغام شۇنداق دېگەنىدى. بولدىمۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى مەمەت.

مۇستافا مەمەتنىڭ كەسكىن سۆزلىرىگە قاراپ ئاچچىقلانغانلىقىنى ھېس قىلدى. مەمەت ئوڭايلىقچە ئاچچىقلانمايتتى. ئەگەر ئاچچىقلىنىپ قالدىمۇ، بولدى ... ئىش چاتاق بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن مۇستافا ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالماقچى بولدى.

— دېمەك، بۇ يەر چۇقۇر ئوۋا دېگىن. ئەلى ئاغىنىڭ ئېيتقىنى ئېسىڭدە ئوبدان قالغانىكەن، — دېدى مۇستافا.

شابابلى دېگەن يەرگە كېلىشتى. شابابلىنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان ئېرىق بۇزۇلۇپ كەتكەچكە يولنى سۇ بېسىپ كەتكەنىدى. ئاياغلىرىنى سېلىپ سۇغا كىرىشكە مەجبۇر بولۇشتى.

شابابلىنىڭ تۆۋىنىدە، يەنى ھارىرقى يولات مۇستافانىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا قىزىل تۇپراقلىق يەرلەر بىلەن ئاق تۇپراقلىق يەرلەر يانداشىپ تۇراتتى. ئۇ يەرنىمۇ چاتقاللار ئىگىلىگەنىدى.

چاتقاللىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن شەھەرنىڭ ئۆيلىرى كۆرۈندى. بۇ ئۆيلەرنىڭ بىر قىسمى قومۇش بىلەن يېپىلغان ئۆيلەر ئىدى. مەركىزى ئۆيلەرنىڭ نېرىقى يېنىدا كاھىش ئۆگزىلىك بىر ئۆي كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئۇ تەرىپىدە چاقچۇقلىرى، ئاقلانغان تاملىرى، قىزىل كاھىش ئۆگزىلىك

ئۆيلىرى بىلەن بازار خۇددى ئويۇنچۇق شەھەردەك سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. مەمەت بىلەن مۇستاپانىڭ كۆزلىرى شەھەردە. نېمىدېگەن ئاق، نېمىدېگەن كۆپ ئۆي — ھە؟ ئۇلار كۆزىنى بازاردىن ئۈزەلمەيتتى.

بوكلۇ ئۆستەڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن شەھەرگە كىرىپ كېلىشتى. كۈن نۇرى دېرىزىلەرنىڭ ئەينەكلىرىنى پارقىرىتاتتى، مىڭلاپ ئەينەك پارقىرىماقتا ئىدى ... ئەينەكلىك سارايلار ... خۇددى تۇرسۇن ئېيتقاندەك، پەرىلەر پادىشاھىنىڭ شەھىرى.

شەھەرگە كىرىشتە ئوڭ — سول تەرەپ قەبرىستانلىق ئىدى. قەبرە تاشلىرى ھەر ياققا قىڭغىيىپ تۇراتتى. قارىيىپ كەتكەن قەبرە تاشلىرىنىڭ شىمال تەرەپلىرىنى مۇخ باسقانىدى. قەبرىستانلىقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا شاخلىرى يوپۇرماقسىز، بىر تەرىپى چىرىپ قۇرۇغان قېرى بىر ئۈجمە دەرىخى تۇراتتى. بۇنداق چوڭ بىر قەبرىستانلىقنى بالىلار تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى.

شەھەر بازىرىغا كەلگۈچە مازارنى ئارىلاپ مېڭىشتى. مازارلىقتىن ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ ئىچىگە بىر خىل قورقۇنچ ۋە ئەندىشە چۈشكەنىدى. تۇنجى دۇكاننى كۆرگەندىن كېيىنلا مازارنى ئۇنتۇدى. تۇنجى دۇكان ئۈستى چاقچۇق بىلەن يېپىلغان كىچىككىنە بىر دۇكان ئىدى. دۇكانچى بىر ئۈستەل ئۈستىگە رەڭگارەڭ تاتلىقلار تولدۇرۇلغان ئەينەك قاچىلارنى تىزىۋەتكەنىدى. ئەينەك قاچىلار تىزىلغان ئۈستەلنىڭ ئالدىدا كىرىسىن تۇڭلىرى، شېكەر، تۇز، ئەنجۈر، قۇرۇق ئۈزۈم ساندۇقلىرى قويۇلغانىدى.

ئۇلار ياتمۇيان تۇرۇشۇپ بىردەم دۇكاننى تاماشا قىلىشتى. بۇ دۇكان ئايدى ئاغىنىڭ دۇكىنىغا زادىلا ئوخشىمايتتى.

بىر مېڭىپ، بىر توختاپ تاماشا قىلىپ، بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە كۆز قايرىلغانىدى. بىر گەزمال



دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاشتى. كۆزنى چاقنىتىدىغان ھەر خىل چىت، گۈللۈك رەخت، شالۇۋۇرلۇق، قوزۇقلارغا ئېسىلغان دوپپا، تاۋار — دۇردۇن ... يىپەك رەخت رەت — رەت قىلىپ دۇكان ئىچىگە ئېسىپ قويۇلغانىدى. دۇكان ئىچىدە بادام قورساق پاكار بىر كىشى مۈگدەپ ئولتۇراتتى.

ئۇلار تاش ياتقۇزۇلغان يول چېتىدە توختاشتى. ياتقۇزۇلغان تاشلار قومۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. مەمەت ئىچىدە: «بىرنىمۇ بېسىپ قويۇشۇپتىكەن — دە؟» دەپ ئويلىدى. بازارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قاتار — قاتار ئېگىلىپ كەتكەن قېرى ئۈجمە دەرەخلىرى بار ئىدى. ئۇلار ئورمانغا ئوخشاش بىر — بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن. ئۈجمە ئاستىدا بىرقانچە تاقسىجى ئولتۇرۇشاتتى. بالىلارنىڭ بۇرنىغا يات بىر خىل پۇراق ئۇرۇلاتتى. ئاچچىق پۇراق، سوپۇن پۇرىقى ... تۇز، يېڭى ماتا بوياقلىرىنىڭ پۇرىقى، ئېچىغان تەرسىلەرنىڭ پۇراقلىرى كېلەتتى.

مەمەت مۇستاپانىڭ قولىنى تۇتتى، بىر ئۈجمىنىڭ ئاستىغا تارتتى. ئۈجمە ئۈستىدە قۇشقاچلار ۋىچىرلىشاتتى. شۇنچىلىك ۋىچىرلىشاتتىكى، پۈتۈن شەھەر قۇشقاچ ئاۋازى بىلەن تولۇپ كەتكەندەك بىلىنەتتى.

— كەچ كىرىۋاتىدۇ، مۇستاپا، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى مەمەت.

مۇستاپا ئېسىنى يىغدى، ئۆزىگە كەلدى.

— قانداق قىلايلى؟ — دەپ مەمەتنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە مۆل — مۆل قارىدى، ئۇ خۇددى چۈشىدە كېزىپ يۈرگەندەك ئەھۋالدا ئىدى.

— ئەلى تاغىنىڭ ئېيتىشىچە، يېزىلىقلار شەھەرگە كەلگەندە دەڭدە ياتىدىكەن، دەڭگە كېتەيلى، — دېدى مەمەت.

— دەڭگە بارايلى، ھەممىسىدىن دەڭ ياخشى، — دېدى مۇستاپا.

— ئەمدى دەڭ نەدىكىن؟ ئۇنى تاپساق بولاتتى.

— ئىزدەپ باقايلى، — دېدى مۇستاپا.

دۇكانلارنىڭ ئىشىكلىرى، تاختايلىرى شاراقلاپ يېپىلماقتا ئىدى. بۇ خىل ئاۋازلار ئۇلارنى ساراڭ قىلىۋەتتى. ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك مېڭىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن بويىنىغا تەنزە ئېسىۋالغان سېمىز ئىككى كىشى ئۆتتى. دەڭنى سوراشقا پېتىنالمىدى. ئاندىن كېيىن بىر دۇكاننىڭ ئالدىغا بېرىپ توختاشتى. كۆن ئولتۇرغان، ئەتراپنى گۆگۈم قاراڭغۇلۇق باسقان، ئۇلار خۇددى كىچىك بالىلاردەك بىر ـ بىرىنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالغانىدى. دۇكانچى ئۇلارنى خەۋەردار دەپ چاغلاپ:

— كېلىڭلار، ئاغىلار، نېمە ئالىسىلەر؟ — دەپ ئىلتىپاتلىق سۆزلەرنى قىلدى.

ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاغىلار دېگەنلىكىدىن خىجىل بولۇشتى. دۇكاننى تاشلاپ ئۇ يەردىن كېتىپ قالدى. ئەسلىدە ئۇلار دەڭنى سوراشماقچى ئىدى.

دۇكانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاقالدى. لېكىن، ئۇلار ئۇ يەردىن بۇ يەرگە مېڭىپ يۈرۈشمەكتە ئىدى. بىر سائەتچە سورايدىغان ئادەم تاپالماي، چۆرگۈلەپ يۈرۈشتى. كۆرۈنگەن ھەرقانداق ئادەمدىن سوراشنى لايىق كۆرۈشمىدى. مەمەت يامان خىياللارغا پېتىپ تۇرۇپلا بىردىن خۇشاللىنىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئاغىلىقلار قولىدا تۇتقۇغان رەختتىن چاپان كىيىۋالغان بىر كىشى ئىتتىك ئۆتۈپ كەتتى. مەمەت ھەممىنى ئۇنتۇپ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ باردى.

— بۇرادەر، ھەي بۇرادەر! — دەپ ۋارقىرىدى، — تۇرۇپ تۇر!

بۇ كىشى توختىمىدى. مەمەتنىڭ ھودۇققان قىياپىتىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىدى، ئۇنىڭ بۇ خىل قارىشى مەمەتكە ياقتى. ئۇ، بۇنى كۈتمىگەنىدى.

— ھە، نېمە دەيسەن؟ — دەپ قاتتىق تەگدى بۇ ئادەم.

— بىز مۇساپىر ئىدۇق، — دېدى مەمەت.

— نېمە دېمەكچىسىلەر؟ — دېدى ھېلىقى ئادەم.



مەمەت تارتىنىپ ـ قورۇنۇپ تۇرۇپ:

— دەڭ نەدىكىن؟ شۇنى سورايلى دېگەنىدۇق، — دېدى.

بۇ ئادەم ئارقىسىغا ياندى.

— ئارقامدىن مېڭىڭلار، — دېدى ۋە بىر كوچىغا باشلىدى.

ئۇ تېز ماڭاتتى. مەمەت ئۇنىڭ مېڭىشىغا دىققەت قىلدى. بۇ، تاغلىقلارنىڭ مېڭىشى ئىدى. چۈنكى، تاغلىق ئادەملەر قەدەم تاشلىغاندا ئاياغلىرىنى ئېگىز كۆتۈرىدۇ، ئاندىن ئېھتىيات بىلەن قورقۇپ چۈشۈرىدۇ. بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالغان. ھالبۇكى، تۈزلەڭدە ياشىغۇچىلار پۇتۇنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە، پۇتلىرىنى سۆرىگەندەك ماڭىدۇ.

دەڭ بولسا چوڭ دەرۋازىلىق، دەرۋازىسىنىڭ تاختايلىرىنى قۇرت يەپ چىرىتىۋەتكەن ۋەيرانە بىر قورۇ ئىدى. ئاۋايىقى ئادەم «دەڭ مۇشۇ» دەپ كۆرسىتىپ قويۇپلا، بۇرۇنقى تاغلىقلار مېڭىشى بويىچە ئىلدام كېتىپ قالدى.

— بېرىپ دەڭچىنى تاپايلى، — دېدى مەمەت.

— تاپايلى، — دېدى مۇستاپا.

ئىچكىرىگە كىرىشتى. دەڭنىڭ ئىچى ئاتلار، ئېشەكلەر، قېچىرلار، ھارۋىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئىچكىرىدە ئات، ئېشەك قىغلىرى ئىزغىنچە كېلەتتى. ھۆل قىغلار كىشىنىڭ دىمىقىنى يارغۇدەك سېسىق پۇرايتتى. بۇ سېسىق پۇراقتىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى. ئوتتۇرىلىقىدا چوڭ بىر يەنەر ئېسىقلىق تۇراتتى. يەنەر شېشىسىنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلىشىپ قارىيىپ كەتكەنىدى.

— نېمىدېگەن چوڭ، — دېدى مۇستاپا.

بويى پاكار، جۇغى كىچىك، تار ئېڭەكلىك بىر ئادەم قورۇدا تىنىماي ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا مېڭىپ يۈرەتتى. بىر نەرەيتە، كىيىملىرىدىن ماراشلىق ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان ئۇن بەشتەك ئادەمدىن تەشكىل تاپقان بىر توپ ۋارقىرىشىپ تالاش ـ تارتىش قىلىشماقتا ئىدى. بىرى ئاچچىقلىنىپ ئاغزىنى بۇزۇپ

تىللايتتى. ئاغىلارنى، پاشالارنى، دۇنيانى، پەلەكنى، ئانىسىنى، خوتۇننى، ھەممىنى تىللايتتى.

ئۇ كىشى توختاپ قېلىپ، كېيىن تىللاشنى توختاپ قالغان يېرىدىن باشلايتتى.

— ئەگەر بىز مۇنۇ ماتالارنى ساتالمىساق، — دەپ بىرى سۆزنى باشلىشى بىلەن ھېلىقى ئاغزى يامان ئادەم:

— ئانىسىنى، خوتۇننى ... — دەپ گەپنى تاماملايتتى. مەيلى قايسىبىرى سۆز باشلىسۇن، ئۇ تىللاشقا چۈشەتتى.

— ئۇنىڭمۇ ئانىسىغا، خوتۇنىغا ملىڭ ...

— ئۇنىڭمۇ ئەۋلادىغا، ئاتا ـ بوۋىسىغا ملىڭ ...

مۇستاپا بىلەن مەمەت ئىختىيارسىز ئۇلارغا يېقىن كەلدى. گەپ تالىشىۋاتقانلار ئۇلارغا پەرۋامۇ قىلمىدى. ئەڭ چەتتە بىر بوۋاي بولارنىڭ جېدەللىرىگە ئارىلاشماي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى باللارنىڭكىدەك يېقىملىق ئىدى. تىمىلىرىندۇر ئويلاپ، ئارىلاپ ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ قوياتتى.

مەمەت تارتىنمايلا ئۇنىڭغا يېقىن باردى:

— تاغا، دەڭچى نەدىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە قىلىمەن ئۇ دۆيۈزنى! ئۇ سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇمىش، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي.

— ئۇۋال، بىچارىگە، — دېدى مۇستاپا.

مەمەت بۇ گەپ ئۈچۈن مۇستاپانى نوقۇپ قويدى. ئۇ بوۋاينىڭ چاقچاق قىلغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى.

— بېشى بىلەنلا سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ، — دەپ كۈلدى بوۋاي.

مۇستاپا يەنىلا چۈشەنمەي:

— ھەي ي ... ئۇ بىچارىگە ئۇۋال بوپتۇ! — دېدى.

— ۋاي، ئۇۋال بولدى ... — دېدى بوۋاي.

— تاغا، بۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالما، بىز بۇ دەڭگە قونغىلى كەلگەن، دەڭچى قەيەردە؟ — دېدى مەمەت.



بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇستاپا خاپا بولۇپ قالدى.

بوۋاي ئوتتۇرىدا چىيىپ يۈرگەن ئادەمگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— دەڭچى خۇنپەر ئاۋۇ شۇ، دەردىڭلارنى شۇنىڭغا دەڭلار، — دېدى.

دەڭچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدى:

— خۇنپەرنى ئىزدىسەڭلار، چوڭ خۇنپەر يېنىڭلاردىكى ئاق ساقال شۇ ... ئۇنىڭ ساقىلى تۈگمەندە ئەمەس، بەلكى خۇنپەرلىكتە ئاقارغان ... — دېدى.

— ھەي خۇنپەر، بۇ يىگىتلەر ياتىدىغان يەر سوراۋاتىدۇ، — دېدى بوۋاي.

مەمەت دەڭچىنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

— ئاشۇ ئاق ساقاللىق خۇنپەر ياتقان ھۇجرىدا ياتىسىلەر، ئۇ سىلەرنى شۇ ھۇجرىغا باشلاپ كىرىدۇ، — دېدى دەڭچى.

— ھەي خۇنپەر! — دەپ ئورنىدىن تۇردى بوۋاي، — يۈرۈڭلار، يىگىتلەر، مەن سىلەرگە ياتىدىغان ئورنۇڭلارنى كۆرسىتىپ قوياي.

ئۇلار توپا، لىڭشىپ تۇرغان ياغاچ پەلەمپەيدىن قورقۇپ تۇرۇپ يۇقىرىغا چىقىشتى. چۈنكى، ئۇنىڭ تاختايلىرى ھېلىلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك غىچىرلاپ تۇراتتى. توپا ـ چاڭ باسقان بىر ئۆيگە كىرىشتى. ھۇجرىدا بىر ـ بىرىگە يانداشتۇرۇپ بىرمۇنچە ئورۇن راسلانغانىدى.

— سىلەرنىڭ تۇنجى قېتىم شەھەرگە كېلىشىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.

— تۇنجى قېتىم، — دەپ جاۋاب بەردى مەمەت.

— تۇنجى قېتىم، — دەپ قوشۇپ قويدى مۇستاپا.

— بۇ قانداق بولغىنى؟ ھەربىر يىگىت يىگىرمە ياشتىن ئاشقاندەك قىلىسىلەر، قانداق قىلىپ مۇشۇ چاغقىچە شەھەرگە كېلىپ باقمىغانسىلەر؟ — دېدى بوۋاي.

مەمەت خىجىل بولغان ھالدا:

— كىلەلمىدۇق، — دېدى.
— قايسى يېزىدىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.
— دەڭمىرمەن ئۆلۈكتىن، — دېدى مەمەت.
— ئۇ يەر تاغلىق يېزىمۇ؟ — دېدى بوۋاي.
— تاغلىق، — دېدى مەمەت.
— سىلەر تېخى تاماق يېمىدىڭلارغۇ دەيمەن؟ — بۇ گەپ بىلەن ئۇلار قورساقلىرىنىڭ قاتتىق ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى.
— ئېتىم ھەسەن ئۇنبېشى ... — دېدى بوۋاي.
— مېنىڭ ئېتىم مەمەت، بۇنىڭ مۇستافا، — دېدى مەمەت.
ئۇلار تونىكە قۇتىلىرى دات بېسىپ كەتكەن، قورۇق ئۈزۈم، پەشمەك ۋە ھالۋىلىرىنىڭ ئۈستىگە قارا يولۇتەك چىۋىن قونغان بىر باققال دۇكىنىغا كىرىشتى.
ھەسەن ئۇنبېشى باققالغا:
— بۇ ئارسلانلار نېمە خالىسا شۇنى بەر، ماڭىمۇ ھالۋا بىلەن نان بەر، — دېدى.
— بىزگىمۇ ھالۋا بىلەن نان بەرسۇن، — دېدى مەمەت.
ئۇلار پىل - پىل يېنىپ تۇرغان كىرسىن لامپىسىنىڭ يورۇقىدا ھالۋىلارنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى.
دەڭدىكى ھوجرىغا قايتقان چاغدا، ئۆز ئورۇنلىرىدىن باشقا ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە ئادەم يېتىپ بولغانىدى. ئۇلار يېشىنمەيلا ئورۇنغا كىرىشتى. ئۆينى تاماكا تۈتۈنى قاپلىغانىدى. تاماكا ئىسى ئىنتايىن قويۇق ئىدى. تاماكا ئىسىنىڭ ئارقىسىدا يانكىتا چۇۋا ئۆلتۈرۈلگەن قان داغلىرى بىلەن بويالغان تامدا بىر كىرسىن لامپىسى خىرە يورۇپ تۇراتتى. ياتاقتىكىلەر ھەر يەردە گۇڭگۇر - گۇڭگۇر سۆزلەشمەكتە ئىدى.
ھەسەن ئۇنبېشى يېتىشقا تەييارلىنىۋاتقان باللارغا قاراپ:
— دېمەك، بىرىنچى قېتىم دەڭدە يېتىۋاتىسىلەر - دە؟ — دېدى.



— ھەئە، — دېدى مەمەت ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئادەم بۇ تۈتۈن ۋە سېسىق پۇراقتىن تۇنجۇقۇپ قالىدىغانغا ئوخشايدۇ ... — دېدى.
مەمەت بىلەن مۇستافا جىم بولۇشۇپ قالدى.
— قانداق، شەھەر يارىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنبېشى.
— بەك چوڭ ئىكەن، ئۆيلىرى چوڭ، سارايدەك ئىكەن، — دېدى مەمەت.
ھەسەن ئۇنبېشى كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:
— ئەگەر ماراشنى كۆرگەن بولساڭلار، تېخى ! ئۇنىڭ ئۈستى يېپيېڭى بازىرى بار، ئۇنىڭدا رەڭگارەڭ نۇر چاقناپ تۇرىدۇ. ھەممە نەرسە ساڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. كۆرۈپ لال بولىسەن. بىر ياندا گەزماليۇرۇشلار، بىر ياندا ھۈنەرۋەنلەر، بىر ياندا مەسكەرلەر ... نېمە دېسە شۇ بار، ماراش بىر جەننەت ! ماراش بۇ يەردىن يۈز ھەسسە چوڭ !
مەمەت ئۇزاقتىچە ئويلىنىپ:
— پاھ، — دېدى.
— شۇنداق، راستلا شۇنداق، ئەگەر ئىستانبۇلنى كۆرسەڭلار تېخى ... — دېدى ھەسەن ئۇنبېشى.
مەمەت ئېزىلىپ كېرىلدى، يۈزى قىزىرىپ پۇرۇشۇپ كەتتى. راھەتلىنىپ يەنە گەپ باشلىدى:
— بۇ شەھەرنىڭ ئاغىسى كىم؟
ھەسەن ئۇنبېشى باشتا ياخشى چۈشەنمەي:
— نېمە دېدىڭ؟ — دەپ سورىدى.
— بۇ شەھەرنىڭ ئاغىسى كىم دەۋاتىمەن، — دېدى مەمەت.
— ئوغلۇم، ئاغا دېگىنىڭ نېمىسى؟ شەھەرنىڭمۇ ئاغىسى بولامدۇ؟ بۇ يەردە ئاغا يوق، ھەركىم ئۆزىگە ئاغا. بۇ يەردە بايلارنى «ئاغا» دەيدۇ. ئۇنداق ئاغىلار تولا، — دېدى ھەسەن ئۇنبېشى.
مەمەتنىڭ ئەقلى يەتمىدى:
— بۇ يەرنىڭ چوڭ ئاغىسى كىم؟ — دەپ تەكرارلىدى، —

ئۇنىڭ ئىچى نېمە؟ بۇ دۇكانلارنىڭ، بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئىگىسى كىم؟

ھەسەن ئۇنبېشى ئاقسۇەت ئۇنىڭ سۆزىگە چۈشەندى ۋە مەممەتتىن:

— سىلەرنىڭ يېزاڭلارنىڭ ئاغىسى كىم؟ — دەپ سورىدى.

— ئابدى ئاغا، — دېدى مەممەت.

— يېزاڭلاردىكى ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى ئابدى ئاغىنىڭمۇ؟

— شۇنىڭ بولماي كىمنىڭ بولاتتى؟!

— دۇكانلىرىچۇ؟

— ئاغىنىڭ.

— سىيىرلىرى، ئۆچكىلىرى، قويلىرى، ئۆكۈزلىرىچۇ؟

— كۆپىنچىسى شۇنىڭ، — دېدى مەممەت.

ھەسەن ئۇنبېشى ساقىلىنى تاتىلاپ ئويلانغاندىن كېيىن:

— ماڭا قارا، ئوغلۇم مەممەت! بۇ يەردە سەن بىلگەندەك ئاغىلار يوق. بۇ شەھەردىكى يەرلەر ئازدۇر - كۆپتۇر ھەركىمگە مەنسۇپ. يېرى يوقلارمۇ ئەلۋەتتە بار. بۇ دۇكانلارنىڭ ھەربىرىنىڭ بىردىن ئىگىسى بار، خوجايىنلارنىڭ ئىمارەتلىرى كۆپ، ئەلۋەتتە. كەمبەغەللەرنىڭ ئاز. يەرسىز كەمبەغەللەرمۇ جىق، — دېدى ھەسەن ئۇنبېشى.

— دېگەنلىرىڭ راستمۇ؟ — ھەيران قالدى مەممەت.

— يالغان بولاتتىمۇ، راست، — دېدى ھەسەن ئۇنبېشى.

بوۋاي بىر - زېمىنى يوقلار ھەققىدە ئۇزاق سۆزلىدى. ئاندىن ماراش ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدى. ماراشتىكى شالىلىقلار، شال تېرىيدىغان دېھقانلار، ماراشنىڭ باغلىرى، ئىمارەتلىرى ... توغرىسىدا سۆزلىدى. خوجا ئوغلى ئاملىق بىر ئاغىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ چەكسىز جىق يېرى، كۆپلەپ ئالتۇنى بارلىقىنى سۆزلىدى. مەممەت ئېغىز ئاچمايتتى. ھەسەن ئۇنبېشى ئۇز زامانىسىدا ئەسىرگە چۈشۈپ كاپكازغا بېرىپ قالغانىدى. شۇ يەرلەرنى سۆزلەپ بەردى. گالىچىيانى، شامنى، بېيرۇتنى،



ئادانانى، مەرسىننى، كونيە شەھىرىنى تونۇشتۇردى. كونيەدە مەۋلانا دېگەن بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ ئۆتكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ مازارى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. كېيىن بىردىنلا سۆزدىن توختاپ يوتقانىنى بېشىغا پۈركىۋالدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنىمۇ بېسىقتۇرالمىدى. چەتتىن تەبىرەك بىرى مۇڭلۇق سېيىپ ئولتۇرۇپ ساز چالاتتى. بوم ئاۋاز بىلەن ئاڭلىنار - ئاڭلانماس ناخشىمۇ ئېيتاتتى. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇزۇنچاق يۈزى كىرسىن لامپىنىڭ يورۇقىدا ھەر خىل شەكىلگە كىرەتتى، بىر ئۇزىرايتتى، بىر قىسقىرايتتى، بىر كېڭىيەتتى. مەممەت ھېچ نەرسە ئويلىماستىن ئۇزاققىچە شۇ سازنى ئاڭلىدى. سازچى سازنى بېشى تەرەپتىكى مىخقا ئېسىپ قويغاندىن كېيىن، يوتقانىنى بېشىغا پۈركىۋالدى.

مەممەتكە بىر نەرسە بولغانىدى. كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيتتى. تىنماي خىيال سۈرەتتى، خىيال مېڭىسىگە ھۇجۇم قىلاتتى. دۇنيا مېڭىسىدە چوڭىيىپ باراتتى. دۇنيانىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى ئويلايتتى. دەگىرمەن ئۇلۇك يېزىسى پەقەت كىچىك چېكىتتەك كۆز ئالدىغا كېلەتتى. شۇنداق چوڭ ئابدى ئاغىمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە بىر چۈمۈلىدەك بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. بەلكى تۈنجى قېتىم مۇشۇنداق توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇۋاتاتتى. بۇلارنى مۇھەببەت بىلەن، قىزىقىش بىلەن خىيال قىلاتتى. ئېيتى ۋاقىتتا ئۆچمەنلىك ھېسسىمۇ ئاشماقتا ئىدى. ئۆزىنىڭ نەزىرىدە ئۆزىمۇ چوڭىيىپ كەتكەندەك بىلىنەتتى، ئۆزىنىمۇ ئىنسان قاتارىدا ساناشقا باشلىدى. ئورنىدا ئۆيانىدىن - بۇيانىغا ئۆرۈلگەن ھالدا «ئابدى ئاغىمۇ ئىنسان، بىزمۇ ...» دەپ ئۆزىچە پىچىرلايتتى.

ئەتىگەندە مۇستافا ئۇنى ئويغاتتى. ئۇ تۇيمىدى. قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدى. بەلكى ئۇخلاۋاتقاندەك جىم ياتقاندۇ. مۇستافا يوتقانىنى ئېچىۋەتتى، ئۈستىدە يوتقان بولمىسا ئۇ ئۇخلىيالمايتتى. ئويغاندى، سەكرەپ قوپتى. كۆزلىرى ئىششىپ، يۈزى سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئەمما، چىرايىدا بىر مەمنۇنلۇق ئىپادىلىنىپ

تۇراتتى، كۆزلىرىدە خىيال سۇرۇشنىڭ بەختىيارلىقى كۆرۈنەتتى.

دەڭچىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ، چىقىپ كېتىشتى.

— ھەسەن ئۇنىمۇ قەيەردىكىن؟ ئۇنىڭغا بىر خوش دەپ قويساق بولاتتى. — دېدى مەمەت.

— شۇنداق قىلساق بولاتتى، — دېدى مۇستاپا.

دەرۋازا ئالدىدا پاكار دەڭچىدىن سوراشتى.

— ئۇ خوتىپەرمۇ؟ كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ماللىرىنى ئارتىپ يېزىلارغا سېتىش ئۈچۈن كەتتى. ئۇن كۈندىن كېيىن كېلىدۇ، ئۇ خوتىپەر بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، — دېدى دەڭچى.

— كۆرۈشەلىسەك ئىدى كاشكى، — دەپ ئۇھ تارتىپ قويدى مەمەت.

— كاشكى ... — دېدى مۇستاپا.

ئۇلار بازارنىڭ مەركىزىگە كېلىشتى ۋە ھودۇقۇپ قېلىشتى ھەم ھەيرانلىق بىلەن ھەر ياققا قارىشاتتى. كۆز ئالاھىدە ئېچىپ قالغانىدى. بۇنداق بازاردىكى ئادەملەر ئۇلار ئۈچۈن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل قاينام بولۇپ كۆرۈندى. مەمەت ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ «چۈمۈلىدەك قايناپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى. شەربەتچىلەر قوللىرىدىكى تۈچتىن ياسالغان قاچىلىرىنى تاراقلىتىپ ۋارقىرىشاتتى:

— شەربەت، شەربەت! ھەي ... تاتلىق شەربەت، ھەسەل شەربىتى ... مېۋە شەربىتى! ئىچكەنلەر ھەيراندا، ئىچمىگەنلەر ئارماندا!

سېرىق تۈچ تۇڭلارغا چۈشكەن كۈن نۇرى كۆزنى قاماشتۇراتتى. مەمەت تۈچتىن ياسالغان تۇڭلارنى يېقىندىن كۆرۈش ئۈچۈن:

— شەربەتچى، ماڭا بىر قاچا شەربەت بېرىڭ، دوستۇمغىمۇ بېرىڭ، — دېدى.



شەربەتچى سەل ئېگىلىپ قاچىلارغا شەربەت قۇيۇۋاتقاندا، مەمەت پارقىراپ تۇرغان سېرىق تۈچ تۇڭنى قورقۇپراق سىلاپ باقتى، شەربەتچى ھەر ئىككىسىگە بىر قاچىدىن شەربەت ئۇزاتتى. شەربەت مۇزدەك سوغۇق، كۆپۈكلىنىپ تۇراتتى. ھەر ئىككىسىمۇ شەربەتنىڭ پەقەت بىرسىنىلا ئىچىشتى، شەربەت ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغانىدى.

بىر چەتتە، ئېگىز كۆتەكنىڭ ئۈستىدە بىرەيلەن ئولتۇرۇپ تاقا سوقماقتا، بولقا ئاۋازىغا تاختا ئاۋازى جور بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ كىشى شەھەردىكى داڭلىق تاقىچى ھاجى قارىغۇ ئىدى. مەمەت تۇڭلارغا، ئۇنىڭ ئالدىدا دۆۋىلىنىپ تۇرغان تاقىلارغا قاراپ ھەيران بولدى. كېيىن بۇرنىغا مەززىلىك پۇراق ئۇرۇلدى. بۇ كاۋاپ پۇرىقى ئىدى. ئۇلار ئارقىسىغا ئۇرۇلۇپ بىر ئەسكى دۇكاننىڭ ئىچىدىن ياغ بۇسى چىقىۋاتقانلىقىنى بايقاشتى. بۇستىن بىر خىل گۆش ۋە ياغ پۇرىقى كېلەتتى، بۇ پۇراقلار ئۇلارنىڭ باشلىرىنى قايدۇراتتى. كاۋاپچىنىڭ دۇكىنىغا ئىختىيارسىز كىرىپ قېلىشتى.

شاگىرت بالا ئۇلارغا «كېلىڭلار، كېلىڭلار!» دەپ ئىلتىپات كۆرسەتتى. بۇ ئۇلارنى تېخىمۇ ھودۇقتۇرۇپ قويدى. ئولتۇرۇشتى ۋە كاۋاپ كېلىشىنى كۈتۈشتى. تۇنۇگۈنكى بازار، تۇنۇگۈنكى شەھەر، تۇنۇگۈنكى دۇنيا بۈگۈن مەمەتنىڭ كۆزىگە پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ كۆرۈندى. بۈگۈن ئاياغلىرىدىكى، كۆڭۈللىرىدىكى چىگىچلەر يېشىلىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ھۆر - ئەركىن ھېس قىلاتتى، ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك يەڭگىل بولۇپ قالدى.

ئۇلار كاۋاپنى يەكمۇ تارتىنىش ئىچىدە يېدى. گويا دۇكاندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا قاراۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كاۋاپچىنىڭ دۇكىنىدىن چىققاندىن كېيىن مەڭدەپ قېلىشتى.

بازارنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئىككى - ئۈچ قېتىم چۆرگىلەپ چىقىشتى. مەمەت مۇستاپاغا قاراپ:

— بۇ يەرنىڭ ئاغىسى يوقمىش، — دېدى.
— راست شۇنداق ئىكەن، — دېدى مۇستاپا.
— ئاغىسى يوق يېزا. — دېدى مەمەت.

تاۋار - دۇردۇنلار ئېسىقلىق بىر دۇكانغا كىرىشتى، مەمەت بىر سېرىق يىپەك ياغلىقنى تاللىدى. يىپەك ياغلىقنى ئالىقىنىغا ئېلىپ مىجىقلاپ باقتى. ئالىقىنىنى ئاچتى. ياغلىق ئالىقىنىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ساپ يىپەك ئىدى. ئۇنى سېتىۋالدى - دە تاشقىرى چىقىشتى.

مۇستاپا مەمەتكە كۆزىنى قىسىپ:
— خەدىچەگىمۇ؟ — دېدى.
— بىلىۋالدىڭ، ئەقىللىق بالىسەن - دە! — دەپ چاقچاق قىلدى مەمەت.

تۈنۈگۈن ئاخشام ھالۋا يېگەن دۇكاندىن يەنە ھالۋا ئېلىشتى. ئاندىن ناۋايدىن ئىسسىق نان ئالدى. ناندىن ئىسسىق ھور چىقىپ تۇراتتى. ھالۋا بىلەن ناننى قول ياغلىقلىرىغا چىگىۋېلىشتى. ئۇلار بازارنىڭ چېتىدىكى بىر ئاق تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى. مېۋە دۇكىنىدىكى دۆۋىلەنگەن ئاپېلسىنغا كۆزى چۈشتى. ئورنىدىن تۇرۇشتى، بىر تالدىن ئاپېلسىن سېتىۋېلىشتى - دە، سويۇپ يېيىشتى.

يېزىغا قاراپ ماڭغان چاغدا چۈش بولۇپ قالغانىدى. تىك كۆتۈرۈلگەن كۈن ئۆز سايىلىرىنى دەل ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاياغلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرەتتى. ئۇلارنىڭ كۆلەڭگىلىرى كىچىك قارا دائىرە شەكلىگە كىرگەنىدى.

شەھەرنىڭ سىرتىغا چىققاندىن باشلاپ تاكى شەھەر كۆزدىن غايىب بولغۇچە يېنىپ - يېنىپ ئارقىسىغا قاراپ مېڭىشتى. شەھەرنىڭ ئۈستىدە ئاق بۇلۇتلار ئەگىپ يۈرەتتى. ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن كۈمۈش رەڭ ئىسلار ھاۋادا لەيلەپ يۈرەتتى. قىزىل ئۆگزىلەر كۆپكۆك ئاسمان بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.



ئۇلار تۈن يېرىمىدا يېزىغا كىرىپ كېلىشتى. ئۇپۇقتا يوغان، يورۇق يۇلتۇز تۇغۇپ پارقىراپ، ئەتراپقا نۇر چاچماقتا ئىدى.

مۇستاپا مەمەتلەرنىڭ ئۆيى ئالدىدا ئۇنىڭدىن ئايرىلدى. بەكمۇ ھېرىپ كەتكەنىدى. شەھەرگە بارغىنىغىمۇ، بارماقچى بولغىنىغىمۇ پۇشايمان قىلاتتى. ھالبۇكى مەمەت دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، خۇشاللىق ئىچىدە ئىدى. مەمەتمۇ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى، بىراق ئاياغلىرى كەينىگە كېتەتتى. ئۆينىڭ تېمىغا يۆلىنىپ تۇردى، كىرەيمۇ - كىرمەيمۇ؟ دەپ ئويلاندى. ئاقىۋەت كىرمەسلىككە قارار قىلدى. ئارقىسىغا ياندى. قاشالارنىڭ قاراڭغۇ سايىسىنى بويلاپ مېڭىپ كەتتى. بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا دېمى تۇتۇلغاندەك توختاپ قالدى. ئۆينىڭ ئالدىدا شاخلىرى كۈنلۈككە ئوخشاش باراقسانلاشقان بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار ئىدى، تۇرغان يېرى ئەنە شۇ ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستى ئىدى. كېيىنىرەك سول تەرەپتىكى قاشانىڭ سايىسىغا بېرىپ ياتتى. ئاستا - ئاستا ھاردۇقى چىقىشقا باشلىدى.

مۇشۇ ئەتراپتا پاچاقلىرى بەكمۇ ئۇزۇن، ئۆزى نازۇك، رەڭگى يېشىلغا مايىل، تۇمانغا ئوخشاش، ھېلىقى تۇمانلار ئارقىسىدىن كۆرۈنىدىغان دەرەخلەرنىڭ يېشىللىقى بارغۇ، ئەنە شۇنداق يېشىل بىر قۇش بار ئىدى، بۇ قۇشنىڭ بويىنى ۋە تۇمشۇقى شۇنچىلىك ئۇزۇنكى، ئۇنىڭ بويىنى بىلەن تۇمشۇقى گەۋدىسىدىن ئايرىم تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ قۇشلار سۇ بويلىرىدا ياشايدۇ. دەگىرمەن ئولۇك دېھقانلىرى بۇ قۇشنى دۆلەك قۇشى (تىنىماس قۇش) دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ئىسىم ئۇنىڭ ئاۋازىغا كىنايە قىلىپ قويۇلغان بولسا كېرەك. بۇ قۇش غەلىتە، ئىسقىرتقاندەك سايرايدۇ، ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سايرايدۇ. بۇ قۇش سايراشقا باشلىسىلا بىردىن ئاۋازى ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. بۇ قۇشلارنىڭ سايراشلىرىدىكى ئالاھىدىلىك ئاۋازىنىڭ ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ چىقىشىدا ئىدى. مەمەت ئەنە شۇ قۇشنىڭ سايرىشىنى بەكمۇ ئوخشىتىپ دورايتتى. ئۇ ياتقان يېرىدە بىرنەچچە قېتىم شۇ قۇشنىڭ

سايرىدى، كۆزى ئىشىكتە ئىدى، ئىشىك ئېچىلمىدى.
ئېچىلىدىغاندەكمۇ ئەمەس، خاپا بولدى، ئارقا ـ ئارقىدىن بىر نەچچە قېتىم سايرىدى. بىرھازادىن كېيىن ئىشىك ئاستا ئېچىلدى. مەمەتنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە سوقۇشقا باشلىدى. ئىشىكتىن چىققان قارا سايە ئۇن ـ تىنسىزلا ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى. ئۇلار قاشانىڭ سايىسىغا ئۆيدائىراق يوشۇرۇنۇۋېلىشتى.

مەمەت ئاستا قولىنى ئۇزارتتى ـ دە:

— خەدىچە ! — دېدى.

— جىمىم، — دېدى خەدىچە، — يولۇڭغا بەك قارىدىم، كۆزلىرىم يولۇڭدا بولدى.

بەدەنلىرىنىڭ ئىسسىقى بىر ـ بىرىگە ئۆتۈشتى، تىنىقلىرى خۇددى ئوت يالقۇنىدەك ئىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ يېقىنلاشتى. باشلىرى ئايلانغاندەك بولدى.

مۇزدەك ۋە يۇمشاق يىپەك ياغلىق خۇددى سۇدەك مەمەتنىڭ قولىدىن خەدىچەنىڭ قولىغا ئاقتى.

ئۇلار خېلىغىچە ئاشۇنداق قۇچاقلاشقان پېتى يېتىشتى. سۆزلەشمىدى، دىر ـ دىر تىترىشەتتى، پاچاقلىرى كېرىلەتتى. چىمەنلىك يۇرتقى ... باشلىرى پىرقىرايتتى ...

— سەن بولمىساڭ مەن ئۆلۈپ قالىمەن، ياشىمايمەن، ئىككى كۈن تېرى كەتكەتتىدىڭ ... دۇنيا كۆزۈمگە تار كۆرۈنۈپ كەتتى، — دېدى خەدىچە.

— مەنمۇ ئۇزاق تۇرالمىدىم، — دېدى مەمەت.

— شەھەر قانداق ئىكەن؟ — دەپ سورىدى خەدىچە.

— توختاپ تۇر ! — دېدى مەمەت، — ساڭا ئېيتىمدىغان گېپىم جىق. ئىشلار باشقىچە ... ھەسەن ئونبېشى دېگەن بىر ئادەم بىلەن تونۇشتۇم، ئۇ ئىستانبۇلنىمۇ كۆرۈپتىكەن. ئۇ ھەسەن ئونبېشى دېگەن مارالشلىق ... ماراشنىڭ ئۇزىدىن، ماڭا ھەممە نەرسىنى سۆزلەپ بەردى. ھەسەن ئونبېشى قانداق ئادەم



دېگىنە، ئۇ ماڭا: سەن ۋەدىلەشكەن قىزىڭنى ئېلىپ چۇقۇر ئوۋاغا كەل، چوقۇر ئوۋانىڭ ئاغىسى يوق ... دېدى. ئۇ ماڭا يەتتە يەر، ئۇكۇز، ئۆي تېپىپ بېرىمەن، دېدى ... ھەسەن ئونبېشى بارغۇ، چۇقۇر ئوۋادا. «ۋەدىلەشكەن قىزىڭنى ئېقىپچىپ كەل !» دېدى.

— ھەسەن ئونبېشى؟ ! — دېدى خەدىچە.

— ئۇ شۇنداق ياخشى ئادەمكى، بىزدىن جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ. قېچىپ كېتەلىسەك، ئۇ بىز ئۈچۈن ھەممە ئىشنى قىلىپ بېرىدۇ ... — دېدى مەمەت.

— قاچالىساق ... — دېدى خەدىچە.

— ھەسەن ئونبېشى ... ئۇنىڭ ساقىلى ئۇزۇن، سۈتتەك ئاق. ئۇ چۇقۇر ئوۋادا بولىدىكەن. بىزگە غەيرىي ئادەم كېرەك ئەمەس. ھەسەن ئونبېشى ماڭا: «بولدى، يىگىت، ۋەدىلەشكەن قىزىڭنى ئال ـ دە، قېچىپ كېلىۋەر» دېدى. مەنمۇ: «ماقۇل، ئون كۈندىن كېيىن ئەكېلىمەن» دېدىم.

— ئون كۈندىن كېيىن؟ ...

— دادىمىزدىنمۇ ياخشى ... ئاق ساقاللىق، ئېقىن سۇدەك، يالتىراپ تۇرىدۇ.

— ھازىرلا كەتسەكچۇ؟ — دېدى خەدىچە.

— ياق، ئون كۈندىن كېيىن ...

— قورقىمەن.

— ھەسەن ئونبېشى چۇقۇر ئوۋادا بولسىلا قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. مېنىڭ غېمىم ئانامدا. ئانامغا ئابدى زۇلۇم سالىدۇ.

— ئۆزىمۇ بىز بىلەن كەتسۇن، ھەسەن ئونبېشى بار بولغاندىكىن ...

— يالۋۇرىمەن، چۈشەندۈرىمەن، ئونبېشى بار دەپ ئېيتىمەن، بەلكى يارار ...

— مەن قورقىمەن، ئابدىدىن قورقىمەن. جېنىنى ھەممىسە بىزنىڭ ئۆيدە. ئاتام بىلەن تىنماي كۆسۈلدىشىدۇ ... ئۆلتۈشكۈن

تېخى ...

— ئون كۈن ... ئون بىرىنچى كۈنى دېگەندە ... سەن، مەن، ئانام ... بىر كېچىدە ... قايدىسەن چۇقۇر ئورۋا دەپ يولغا ... ھەممەن ئونىبىشى، بىز كەلدۇق، دېمىز. ئۇ ھالقى ـ تالق قالىدۇ، يەنە شۇنداق خۇشال بولىدۇكى، — دېدى مەمەت.

— بەلكى خۇشال بولار، بىراق مەن قورقىمەن، — دېدى خەدىچە.

ئۇلار ئۇزاققىچە جىمىپ كېتىشتى. تىنىقلىرىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. كېچە ھاشاراتلىرى چىرىلداشماقتا ئىدى.

— قورقىمەن، — دېدى خەدىچە.

— ئونىبىشى ئىنتايىن خۇشال بولدى، — دېدى مەمەت.

— ئانامدىن قورقىمەن، — دېدى خەدىچە.

مەمەتنىڭ بېشى قايدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سېرىق ئۇچقۇنلار ئۇچاتتى، بولۇشىچە ئېقىۋاتقان، چۆرگۈلەۋاتقان، يېنىۋاتقان سېرىق ئۇچقۇنلار ...

— يەنە ئون كۈن ئۆتۈپ ئون بىرىنچى كۈن بولغاندا ... يائاللا ... — دېدى مەمەت.

خەدىچە ئوسمانىنىڭ قىزى ئىدى. ئوسمان ياۋاش، ھېچ كىشى بىلەن ئارىلاشمايدىغان، ئۆز ھالى بىلەن ياشايدىغان ئادەم ئىدى. بىراق، خەدىچەنىڭ ئانىسى بولسا خۇدانىڭ بالايىئاپىتى ئىدى. يېزىدا قانداقلا ماجىرا ـ غوۋغا بولسا، شۇ يەردە تەييار ئىدى. ئۇ ئېگىز بويلۇق، كۈچلۈك ئايال ئىدى. ئائىلىسىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇراتتى، ھەتتا تېرىقچىلىق ئىشلىرىنىمۇ قىلاتتى.

مەمەت بىلەن خەدىچە بالىلىق دەۋرىنى بىللە ئۆتكۈزگەنىدى. ئوغۇل باللار ئىچىدە لايدىن كىچىك ئۆي ياساشقا مەمەت ناھايىتى ماھىر ئىدى. ئۆينى بېزەشكە خەدىچە ئۇستا ئىدى. ئادەتتە بىللە ئويناۋاتقان باللارنى ئويۇنغا مەلىكە قىلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى باشقا يەرگە كېتەتتى ۋە خىلمۇخىل ئويۇنني تېپىپ ئوينىشاتتى ...



ئون بەش ياشقا كىرگۈچە خەدىچە مەمەتنىڭ ئانىسىدىن پايپاق توقۇشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھەر كۈنى مەمەتلەرنىڭ ئۆيىگە كېلەتتى. مەمەتنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا ئەڭ چىرايلىق نۇسخىلارنى بېرەتتى، ئەڭ چىرايلىق گۈل توقۇشنى ئۆگىتەتتى. ئاندا ـ ساندا خەدىچەنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— خۇدايىم بۇيرۇسا سەن ماڭا كېلىن بولىسەن، چىرايلىق قىزىم، — دەپ قوياتتى.

ئۇ خەدىچەنىڭ ئانىسى بىلەن ۋە باشقا ھەرقانداق كىشى بىلەن خەدىچە توغرىسىدا سۆزلەشسە «كېلىنىم» دەيتتى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئون ئالتە ياشلىرىدا ھەممە ئىش ئايان بولدى. مەمەت چارچىغان ھالدا كېلىۋاتاتتى. خەدىچەمۇ تاغدىن موگۇ تېرىپ قايتىۋاتاتتى. تەخمىنەن بىر ئايدىن بېرى بىر ـ بىرىنى كۆرمىگەنىدى. گۈگۈم ۋاقتىدا ئۇچرىشىپ قالغىنىغا ھەر ئىككىسىمۇ خۇشاللىنىپ، چىرايلىرىنى كۈلكە قاپلىدى. بىر تاشنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇشتى. قاراڭغۇ چۈشمەكتە ئىدى، خەدىچە قوپماقچى بولدى، مەمەت قولىدىن تۇتۇپ ئولتۇرغۇزۇۋالدى ـ دە:

— بىردەم توختا، — دېدى.

مەمەت دىرىلداپ تىترەيتتى، پۈتۈن بەدىنى ئوتتەك قىزىپ كەتكەن، تېنى جۇغۇلدىماقتا ئىدى.

— سەن مېنىڭ ۋەدىلەشكىنىم ئەمەسمۇ سەن؟ — دېدى مەمەت.

ئۇ خەدىچەنىڭ قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىۋالدى.

— سەن مېنىڭ ... — دېدى خەدىچە كۈلۈپ.

— ئېيتقىنا قىز، سەن مېنىڭ ۋەدىلەشكىنىم ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

خەدىچە مەمەتنىڭ قولىدىن چىقىشقا تىرىشاتتى، مەمەت تۇتۇۋېلىپ كەتكىلى قويمايتتى، ئۇنى تەر باسقانىدى ...

— قىز، سەن ... — دەيتتى.

ئەڭ ئاخىرىدا سۆيۈۋېلىشنى ئويلىدى.

خەدىچە شالپىردەك قىزىرىپ، مەمەتنى بىر ئىتتىرىپلا قاچتى. مەمەت ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ تۇتۇۋالدى. قىز خۇددى قوزىدەك ياۋاشلىشىپ قالغان، مەمەتتىكى ھاياجانمۇ خېلىلا بېسىلىپ قالغانىدى.

— بۈگۈن بېرىم كېچىدە كېلىمەن، — دېدى مەمەت، — چوڭ ئۈجمە دەرىخىنىڭ سايىسىغا يوشۇرۇنۇۋالىمەن، دۆلەك قۇشىغا ئوخشاش سايرايمەن ... ياشقىلار دۆلەك قۇشى سايراۋاتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

ئاندىن بىرقانچە قېتىم دۆلەك قۇشىنى دوراپ سايرىدى.

— مانا، مۇشۇنداق، — دېدى مەمەت.

خەدىچەنىڭ كۈلكىسى قىستاپ كەتتى.

— خۇددى دۆلەك قۇشىغىلا ئوخشايدۇ، ھېچكىممۇ پەرق ئېتەلمەيدۇ، — دېدى خەدىچە.

— بىز بىر - بىرىمىزنىڭ ۋەدىلەشكىنىنى ئەمەسمۇ، ھېچكىمنىڭ بىلمىگىنى ياخشى، — دېدى مەمەت.

تۇساتتىن خەدىچەنىڭ رەڭگى ئاتىرىپ:

— ۋاي ... بىزنى بىراۋ كۆرۈپ قالغان بولسا قانداق بولىدۇ ! — دەپلا قېچىپ كەتتى.

دېمەك، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئىشق - مۇھەببەتلىرى كۈنسايىن كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ سەۋداسى تىللاردا داستان بولۇپ كەتتى.

ئۇلار ھەرقانداق ئامالنى قىلىپ ھەر كۈنى كەچقۇرۇن كۆرۈشەتتى. تېپىشالماي قالسا ئىككىلىسىنىڭمۇ كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى ... خەدىچەنىڭ ئانىسى كۆرۈپ قالغان چاغلارمۇ بولدى. ئانىسى خەدىچەگە زۇلۇم سېلىشقا باشلىدى، ھېچ ئامال قىلالماي ئاخشىمى خەدىچەنىڭ قول - پۇتىنى باغلاپ قويىدى، ئىشىككە قوش قۇلۇپ سېلىۋېتىپمۇ قويىدى. ئامال بولمىدى. خەدىچە ھامان بىر چارە تاپاتتى ... خەدىچە مەمەتكە مۇھەببەت پايپاقلىرى



توقۇيتتى، قول ياغلىقلار كەشتىلەپ بېرەتتى. مەمەت ھەققىدە قوشاق توقۇغانىدى. ئىشق - مۇھەببىتى، ھەسرىتى، كۈنچىلىكىنى خىلمۇخىل گۈل ۋە ناخشا ئارقىلىق ئىپادىلەيتتى. بۇ خىل ناخشىلار ھازىرغىچە تۇروس ۋادىسىدا ئېيتىلماقتا. ئۇ پايپاقلارنى كۆرگەنلەر ھەيران قالاتتى، بۇنداق ناخشىلارنى ئاڭلىغانلار، ئېيتقانلار خۇشاللىققا چۆمەتتى. بىر خىل ساپ جۇشقۇن ھېسسىياتلار ئۇرغۇپ چىقاتتى ...

مەمەت ئۆز ئۆيىگە قاچان ۋە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى. شەرقتە پارقىراپ تۇرغان ھېلىقى يۇلتۇز نۇرىنى يوقاتقان، ئاقىرىپ كەتكەن، تاڭ ئاتاي دەپ قالغانىدى.

— ئانا ! ئانا ! — دەپ ئىشىكتىن چاقىردى.

ئانا ئۇخلىماي ئوغلىنى ئويلاپ ياتقانىدى.

— قوزام ! — دەپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىشىكنى ئاچتى ۋە بالىسىغا ئېتىلدى.

— كېچىدە مېڭىپسىلەردە؟ — دېدى ئانا.

— ھەئە، — دېدى - دە، ئىچكىرىگە كىرىپلا ئۆزىنى ئورۇنغا تاشلىدى. بەكمۇ ئۇيقۇسى كەلگەنىدى. مېڭىسىدە سېرىق ئۇچقۇنلار چاقنايتتى. پارلىدىغان ئۇچقۇنلار چۆرگىلەيتتى.

بەلكى بۇ ئۈمىدتۇ ياكى بىر سېغىنىش. سېغىنىش ھارارەتلىك بولىدۇ. سېغىنىشنىڭ ئۆزى بىر دوست، سېغىنىش بىر سۆيۈملۈك يار. ئۇنىڭ ھارارىتى ئىنساننى كۆيدۈرىدۇ. مەمەتنىڭ مېڭىسىگە، يۈرىكىگە، ھەتتا يىلىكلىرىگىچە سىڭىپ كەتكەن بىر خىل سېرىق ئۇچقۇن پارلىغانىدەك ئىدى. بۇنداق پارلىغان ئۇچقۇنلارنىڭ كەينىدە قىزىل كاھىشلىق ئۆگزىلىرى ئاسمانغا تۇتىشىپ كەتكەن شەھەر ...

سېرىق تۈج قاپلارنىڭ پارقىراشلىرى، كاۋاپنىڭ كۆكۈچ تۈتۈنلىرى، ھاجى قارىغۇنىڭ تاقا سوقۇشلىرى، پىيادىلەر بولىغا يېيىلغان ئايپاق تاش تىزمىلىرى، ئايپاق پارقىراپ كۆرۈنۈشلىرى.

ئانا ئوغلىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ سورىدى:

— قوزام، شەھەر قانداق ئىكەن؟

مەمەت بولسا «ھە، نېمە؟» دېدى - يۇ، مۈگدەشكە باشلىدى.

ھاجى قارىغۇنىڭ ئاقا سوقۇۋېتىپ قانداق ناخشا ئېيتقانلىقىنى خىيال قىلدى. خىيالى ئاقىدىن ئۆتۈپ قىزىل كاھىش ئۆگزىلىك ئۆيلەرگە كەتتى. يېرىم ئۇيقۇلۇق، يېرىم ئويغاق ھالەتتە كۈلۈمسىرىدى. يەنە ئەتە - ئۆگۈن قېچىپ كېتىشلىرى خىيالىغا كەلدى. ئۇ: ھەسەن ئۇنبېشى يېزىلاردىن ئون كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلىدى. بۇنىڭغا سەل خاپا بولدى - يۇ، ئۇزاق ئۆتمەي خاپىلىقى يوقالدى. چۈنكى، ئون كۈنگىچە ھەسەن ئىشلىرىنى توغرىلاپ بولىدۇ. شۇ ئاندا ھەسەن ئۇنبېشىنىڭ بالىلارچە چاقچاقچى ئىسسىق چىرايى كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاپپاق ساقاللىرىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭ ساقىلى خۇددى چاپلىۋالغان سۈنئىي ساقالدەك تۇراتتى. ھەسەن ئۇنبېشى بۇلارغا يەر - زېمىن، قىلىدىغان ئىش تېپىپ بېرىدۇ. مەمەت نېمىشقىدۇر ھەسەن ئۇنبېشىغا بەك ئىشىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە: «ھەسەن ئۇنبېشى دۇنيانى باشتىن - ئاياغ كېزىپ چىققان، ھەممىنى بىلىدىغان ئادەم» دەپ تونۇيتتى. شەھەرنىڭ ئاغىسى يوق ... خەدىچە، ئانىسى ۋە ئۆزى ئۈچ يەردە ئىشلىسە، ئىشلەپ تاپقىنى ئۆزلىرىنىڭ بولىدۇ. ھەسەن ئۇنبېشى مۇشۇنداق قىلامدۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىدۇ. مەمەت چوڭقۇر ئۇۋۋانىڭ يېرى ھوسۇللۇق دېگەن سۆزنى نەدىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئەمما، بۇنى خىيالىغا كەلتۈرگەندە، يۈرىكى يېرىلغۇدەك خۇش بولۇپ كەتتى. چوڭقۇر ئۇۋۋانىڭ يەرلىرىدە چېكەتكە ئۈنمەيدىكەن. ئۆزلىرى چوڭقۇر ئۇۋۋاغا ئورۇنلىشىپ ئۆي - جايغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۆز يېزىسىغا كېلىدۇ. «چوڭقۇر ئۇۋۋا ئۇنداق، چوڭقۇر ئۇۋۋا مۇنداق ...» دەپ ئېيتىپ بېرىدۇ. يېزىدىكى جىمى دېھقان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چوڭقۇر ئۇۋۋاغا ماڭىدۇ. ئابدى يېزىدا ئۆزى يالغۇزلا قالىدۇ. ئۇ زىرائەت



تېرىشىنمۇ، ئورۇپ يىغىۋېلىشىنمۇ بىلمەيدۇ ... ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ ...

— شەھەر قانداق ئىكەن، ئوغلۇم؟ — دەپ قايتا سورىدى ئانىسى.

ئۇ ئانىسىغا جاۋاب بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. يىراق، خىيال سۈرەتتى. ئاپپاق شەپكە كىيگەن بىر كىشىنىڭ مېۋە دۇكىنى ئالدىدا تۇرغانلىقى كۆزىگە كۆرۈنىدى. پاك - پاكىز، ئاپپاق شالۋۇر كىيگەن بىر ئادەم. ئۇ، قولىغا ئاپېلسىنلارنى ئالاتتى، مەمەت ئۇنىڭ بارماقلىرىغا دىققەت قىلاتتى، ئۇزۇن ئاق بارماقلىرى پۇللارنى تېز - تېز سانايتتى. پۇللار بارماقلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى. كۈمۈش تەڭگىلەر پارقىرايتتى.

— قوزام، ئۇخلاۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى ئانىسى.

ئۇ ئۇخلاۋاتاتتىمۇ؟ ئۈچتىن ياسالغان تۈڭلۈكلاردىن ئەكس ئەتكەن نۇر ئۇنىڭ مېڭىسىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. چوڭقۇر ئۇۋۋا قۇياشىنىڭ ئاستىدا، كۈن نۇرى چۈشۈش بىلەن ئەكس ئەتكەن مىليونلاپ نۇر ...

ئويغانغان چېغىدا چاشكا بولۇپ قالغانىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا قاراپ بېشىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ئانىسىدىن ئۇيالدى، يوتقانىنى بېشىغا پۈركىۋالدى. بالىلىق چاغلىرىدا خۇشال بولغاندا ھەمىشە ئاشۇنداق قىلاتتى. ئانىسى كۈلۈپ تۇرۇپ يوتقانىنى بېشىدىن تارتىۋەتتى.

— قوپە يىگىت، چاشكا بولۇپ قالدى. ئورنۇڭدىن قوپۇپ شەھەر ھەققىدە سۆزلەپ بەر، — دېدى.

ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئاران ئورنىدىن تۇردى. ئاشقىرى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ئاپتاپ ئىدى. كۈنگە بىر قاراپ قويدى. كۆزى قامىشىپ تەتۈر قارىۋالدى. قۇياش نۇرى ھەممە نەرسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ كۆرسىتەتتى.

بۈگۈن ئۇ قاتتىق چارچىغان ۋە بوشاشقان ھالدا ئورنىدىن

تۇرغانىدى. قاتتىق چارچىغانلىقىغا ۋە ئىچىدىكى خىرەلىككە قارىماي، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە قانداقتۇر بىر خىل يورۇقلۇقنى ھېس قىلاتتى. يۈرىكىدىكى سىقىلىشنى نېرى كەتكۈزۈۋاتقان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بەلكى ئۇ خۇشاللىق، ئەنە شۇ پارلاق نۇرنىڭ تۈپەيلىدىندۇ. بۇ نۇر نېمىدىن پەيدا بولغان؟

ئانىسىنىڭ تىزىغا يېقىن ئولتۇرۇپ شەھەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. دۆنە بىرقانچە قېتىم ئېرىدىن، بىرقانچە قېتىم باشقىلاردىن شەھەر ھەققىدە ئاڭلىغانىدى. بىراق، ھېچكىم شەھەرنى بۇنداق چىرايلىق سۈپەتلەپ بەرمىگەنىدى. مەمەت كۆزلىرىدە ھېلىقى سېرىق ئۇچقۇنلار پەيدا بولغاندا ھاياجانلىنىپ كەتتى، ئاغزىدىن سۆزلىرى خۇددى ئېقىن سۇدەك راۋان چىقاتتى ...

مەمەت شەھەرنى قىزغىنلىق بىلەن سۆزلەپ بەردى. پەقەت ئانىسىغا ئېيتماقچى بولغان گەپكە كەلگەندە دۇدۇقلاپ قالدى، ئانىسى ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى بىلەتتى. بۇ قېتىممۇ مەسىلىنى ھېس قىلدى. ئوغلىنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى، كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارىدى. ئوغلى بىر نەرسە ھەققىدە، ناھايىتى مۇھىم بىر نەرسە ھەققىدە سۆزلىمەكچى ئىدى - يۇ، ئەمما سۆزلىيەلمەيتتى. مەمەت كۆزىنى ئانىسىنىڭ كۆزىدىن قاچۇراتتى. ئانا ئىچىدە: «كۆڭلۈمگە ئايان، بىر ئىش بار، چوقۇم بىر ئىش بار» دەپ ئويلىدى. مەمەت ھەرىكەت قىلالايدىغان، مىدىرلىيالايدىغان ھالدا ئەمەستەك كۆرۈنەتتى. ئانىسى «ئاسانلا ئېيتالمايدۇ» دېگەن ئويغا كەلدى ۋە تاقەت قىلالماي:

— تىلىڭنىڭ ئۇچىدىكى گەپنى قىلماڭچۇ، جېنىم بالام، — دېدى. مەمەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈدى، چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— سۆزلىسەڭچۇ، — قىستىدى ئانا.

مەمەت يەرگە قاراپ تۇرۇپ:

— مەن بۈگۈن كىچىك خەدىچە بىلەن سۆزلەشتىم، قېچىپ كېتىشنى قارار قىلدۇق، — دېدى.



— مەمەت، ئەقلىڭنى يوقاتتىڭمۇ؟ — دېدى ئانا.

— بىز ھەممىنى ئويلاپ قويدۇق. سەن يېزىدا قالساڭ ئابدى ئاغا ساڭا زۇلۇم قىلىدۇ، سەنمۇ بىز بىلەن چوقۇم ئۇۋاغا كەت، شەھەرگە بېرىپ ئورۇنلىشىمىز.

ئانا دەھشەت ئىچىدە:

— ساراڭ بولدۇڭمۇ مەمەت. مەن يۇرتۇمنى، ئۇۋامنى، ئۆيۈمنى تاشلاپ نەگە كېتىمەن؟ خەقنىڭ قىزىنى نەگە ئەكەتمەكچىسەن؟ — دېدى.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز؟ ئۆزۈڭ بىر ئەقىل كۆرسەت.

— مەن ساڭا شۇ خەدىچەدىن ۋاز كەچ دەپ يۈز قېتىم، مىڭ قېتىم ئېيتتىم. ۋاز كەچ! ئۇنى ئابدى ئاغىنىڭ جىيەنىگە چاي ئىچۈرمەكچىمىش، ساڭا بەرمەيدۇ. بۇنداق خىيالدىن ۋاز كەچ!

— ۋاز كەچمەيمەن، مەيلى ئابدى ئاغا بولامدۇ، باشقىسى بولامدۇ، ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن. ئابدى ئاغا باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ئاغىلىق قىلامدىكەن! خەدىچەنى ئالىمەنۇ، قاچىمەن، بىراق مەن بىر نەرسىدىنلا قورقىمەن، ئۇ بولسىمۇ ساڭا ئۇلارنىڭ زۇلۇم قىلىشى، مېنىڭ قورقۇنچىم شۇ! بولمىغاندا ... ئاۋۋىلى خۇدا ...

— ئۆي - ئوچىقىمنى، يۇرتۇمنى، ئۇۋامنى تاشلاپ ھېچ يەرگە بارمايمەن. سەن خەدىچەنى ئەكېتىۋەر! يەنە شۇنى ساڭا ئېيتىپ قويايكى ئوغلۇم، سەن يالغۇز سەن، بۇنىڭدىن ياخشىلىق چىقمايدۇ، ئالدىڭدا بەش يېزىنىڭ چوڭ ئاغىسى تۇرماقتا. قىزنى ئۇنىڭ جىيەنى سوراۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. بۇ ئىشتىن ۋاز كەچ. ساڭا قىز تېپىلماي قالمايدۇ!

مەمەتنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئانىسىغا بەكمۇ ئار ئاچچىقلىناتتى.

— قىز يوق، دۇنيادا خەدىچەدىن باشقا قىز يوق، — دېدى - دە قايتا ئېغىز ئاچمىدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئابدى ئاغىنىڭ نېرىقى يېزىدا تۇرۇشلۇق جىيەنى خەدىچەنى سورىتىپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچىلەرنىڭ ئىچىدە ئابدى ئاغىمۇ بار ئىكەن. قىزنىڭ ناله ـ زارىغا قارىماي، ئەلچىلەرنىڭ بىرىنچى قېتىم كېلىشىدىلا ئۇنى ئابدى ئاغىنىڭ جىيەنىگە بېرىشكە ماقۇل بولۇشۇپتۇ. ئابدى ئاغىنىڭ جىيەنى تولىمۇ قاملاشمىغان ـ ئۇسال بىر نېمە ئىدى. ئەگەر قىزنىڭ ئۆزىگە قويۇپ بەرسە، ئۇنىڭغا تەگكەندىن كۆرە سىگانلارغا ياكى تاغرىچىغا تەگكەن بولاتتى. خەدىچە تىنماي يىغلاپ ئازابلانماقتا ئىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن قىزغا رەسمىي چاي ئىچۈرۈلدى. ئابدى ئاغىمۇ كېلىنگە ۋەدىلەشكەنلىكىنىڭ نىشانىسى قىلىپ ئۆزۈك سېلىپ قويدى.

چاي ئىچۈرۈلگەندىن كېيىن يېزىدىكى ئەرلەر ـ ئاياللار، باللار، قىرىلارنىڭ ئاغزىدا ھەر خىل سۆز ـ چۆچەك تارقىلىپ كەتتى:

— مەمەت خەدىچەنى چوقۇم ئەپقاچىدۇ، خەدىچەنى ئابدى ئاغىنىڭ تاز جىيەنىگە بەرمەيدۇ ...

— مەمەت قورقىدۇ.

— مەمەت زادى قورقمايدۇ.

— مەمەتنىڭ كۆزىدە كىم قورقۇشنى كۆرگەن؟!

— ئۇنىڭ ئېتى مەمەت.

— مەمەت زادى قانچىلىك نېمە ئىدى؟ ئابدى ئاغا ئۇنى پارچە ـ پارچە قىلىپ، گۆشىنى ئىتقا تاشلاپ بېرىدۇ.

— ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلمىسۇن ... ئەزرەيىلنىمۇ ئاتتۇرۇپ تاشلايدۇ.

— مەمەت قىزنى ئېلىپ بىر ياقلارغا كېتىدۇ.

— نەگە كېتەلەيدۇ!

— ئۇ كېتىدىغان يېرىنى بىلىدۇ.

— نەگە كەتسىمۇ، ھەتتا يىلاننىڭ ئىنىغا كىرىۋالسىمۇ ئابدى ئاغا ئۇنى تېپىۋالىدۇ.



— ئابدى ئاغىنىڭ قولى ئۇزۇن. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ھۆكۈمەت بار ...

— ھۆكۈمەتمۇ بار، ھاكىممۇ بار، مۇدىرمۇ بار، ھەتتا ساقچى باشلىقىمۇ بار.

— ھەر كۈنى مۇدىر ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇرىدۇ.

— خۇدا ھەققى، شۇ مەمەتكە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ.

— يات يېزىلىق دۈيۈز كېلىپلا قىزنى تارتىۋالدى.

— مەمەتنى ئاخشام كۆردۈم.

— ۋاي بىچارە!

— ئۆيىنىڭ كەينىدە كۆردۈم، چىرايى ساپسېرىق، زەھەر رەڭگىگە كىرىپتۇ. يېشىل، سېرىق.

— مەنمۇ كۆزلىرىدىن قورقتۇم. ئەسلىدە كۆزى يېقىملىق ئىدى.

— بىچارە، قىزغا چاي ئىچۈرۈلگەن كۈندىن بېرى ئۆيىدىن چىقماسمىش.

— قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ كەچكىچە خىيال سۈرەر ...

— بۇ قارا سەۋدا، ئېغىر دەرد جۇمۇ.

— كۆيۈك ئادەمنى ساراڭ قىلىۋېتىدۇ.

— مەمەت ئۆزىمۇ يېرىم ساراڭ ئىدى.

— قىزنى ئانىسى ھەر كېچىسى باغلاپ قويىدىكەن. پۇت ـ قولىنى چىڭگە تانا بىلەن تېڭىۋېتىدىكەن.

— دەرۋازىغا قوش قۇلۇپ سالارمىش.

— دۆنەنگىمۇ ھالى خاراب.

— ئۇمۇ ئوغلىدىن غەم قىلارمىش.

— ئابدى ئاغىمۇ ئاڭلاپتۇدەك ...

— ۋاي بىچارە مەمەتتەي ...

— ئابدى ئاڭلاپ زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپ قويغانمىش ...

— قىزنىڭ ئىككى كۆزى بۇلاققا ئايلىنىپتۇ.

— ۋاي بىچارە مەمەت.

— ئابدى ئاغىنىنىڭ تاز جىيەنى كېلىپ، مېنى كۆرۈپ قوي دېگەندەك يېزىدا چۆرگىلەپ يۈرگۈدەك.

— مۆڭگۈزلۈك ...

— بۇغا مۆڭگۈزى ...

— بۇغا ...

— زۇلۇم ...

— ۋاي بىچارە مەمەت.

— زۇلۇم.

— مەمەت ئاچچىقلىنىپ جىنى چىقىپ كەتمىسە ... دەيمەن.

— قىز غەم ـ قايغۇدىن ئۆلۈپ قالارمىكىن.

— ئۇلارنى جۇدا قىلغانلارنىڭ كۆزلىرى قويۇلۇپ كەتسۇن.

— ئاستا گەپ قىلىڭلار.

— يالجىمىسۇن شۇ زالىملار.

— خانىۋەيران بولسۇن ...

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇلارنىڭ تېنىنى قۇرت ـ قۇمرۇسقا يەيدۇ.

— يىلان چېقىپ ئىڭراپ قويالماي ياتسۇن ...

— ئاستا گەپ قىل.

— كۆزلىرىدە چېقىرتىكەن ئۇنىڭەي ...

— بەش يېزا، تاغ ـ تاشمۇ ئۇنىڭكى.

— پۇل بىلەن دۇنيانى سېتىۋالغىلى بولىدۇ، كۆڭۈلنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.

— ۋاي بىچارە مەمەت.

— ئابدى قاراپ تۇرسۇن، مەمەت ئۇنىڭ بېشىغا ھەر بالالارنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن، كۆرۈپ قالارسىلەر ...

— ئۆلتۈرۈۋەتسە ـ ھە؟

— ئۆلتۈرۈۋەتسىغۇ قولى شىپا تاپىدۇ.

— مەمەت يەتتىلا يالىدە ...



— ۋاي بىچارە مەمەتتەي ...

— ئۆزى بالا بولسىمۇ، لېكىن ...

— يىلدا مەمەت قانچە تاغ تېكىسى ئاتىدۇ؟

— ساناپ ياققىنا !

— ئوقنى يىگىتنىڭ تۆشۈكىدىنمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

— ئابدىنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىسىكەن.

— ئاستىراق سۆزلە !

— مەمەتنىڭ قولىغا قورال چىقىپ قالسا ئابدى ئاغىنى ساق قويمايدۇ.

— مۇشۇ كۈنلەردە ئەخمەت چولاق تاغدا بولسىدى ...

— يېزىغا كېلىپ ئۇلارنىڭ تويلىرىنى بۇزۇپ، قىزنى مەمەتكە ئېلىپ بېرەتتى.

— قولىغا بىر قورال چۈشۈپ قالسىدى ...

— مەمەت ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەلەيتتى.

— كاشكى، شۇنداق بولسا ...

— بىزنىمىزدا شۇ كۈنىنى كۆرسەك ... قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي قىلغان بولاتتۇق.

— ئاشىق ـ مەشۇقلارنى ئايرىۋەتكەن ئادەم ياخشىلىق كۆرمەيدۇ.

شۇنداق بولغاي.

— مەمەتتىن كەلمىسە خۇدادىن كېلىدۇ.

— ئىنشائاللا شۇنداق بولار ...

— ئاستا ! ئاستا !

— ئەخمەت چولاق قەيەردىسەن؟ ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ قويىدىغان پەيت كەلدى.

— ئەخمەت چولاق داغىستاندا دېھقانچىلىق قىلىۋېتىپتۇمىش. خوتۇنلاردىنمۇ قورقارمىش.

— مەمەت شەھەرگە كېتىپتۇمىش.

— ئۆزىگە جاي ئىزدەۋاتقانتۇ.

— شۇ تاز كۈيىۇ ئوغۇلغا بىر بالا تەگسىدى.

— ئۈستىگە چاقماق چۈشسىكەن.

— تۇرۇپلا جىنى چىقىپ كەتسىكەن.

— جىنى چىقىپ كەتسىكەن.

— قىزنى مەمەت ئالسا، بىر ياقلارغا ئەكەتسە.

— مەمەت قىزنى ئېلىپ قاچسا.

— مەن خەدىچەمنى ياخشى بىلىمەن، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ.

— ئۇ ئۆلسە مەمەتمۇ ياشىمايدۇ.

— ۋاي بىچارە مەمەت.

— بىچارە دۆنە، ياش تۇرۇپلا ئېرىدىن ئايرىلدى، ئەمدى بالىسىدىن ئايرىلىپ قالمىسىكەن.

— ئوغۇلسىز قالمىسىكەن.

يېزىنىڭ ھەممە ئادىمى پۈتۈنلەي مۇشۇ ھەقتە سۆزلىشەتتى. مەمەتنىڭ ئىشى ئۇلار ئۈچۈن بىر دەرد بولغانىدى. ئەمما قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيتتى. بۇ گەپ - سۆزلەر ئابدى ئاغىنىڭ قۇلىقىغا ھەر مىنۇتتا يېتىپ باراتتى. يېزىدىكى «تىرىق» قىلغان ئاۋازنىمۇ ئۇ بىلىپ تۇراتتى. يېزىلىقلارنىڭ ئىچىنىۋاتقانلىقىنى، نېمە گەپ - سۆز قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىر - بىرلەپ بىلىپ تۇراتتى.

بىر كېچىسى ئادىمىنى ئەۋەتتى، مەمەتنى ئۆز ئالدىغا چاقىرتتى. مەمەت بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا، ئابدى ئاغا گۈرۈلدىگەن ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ:

— ھەي نومۇسسىز، تۇزكور ! كىچىككە ئوخشاش ئىشىكىمدە ئۆسۈپ چوڭ بولدۇڭ، ئادەم بولدۇڭ، ئۇيالمىدىڭ ! ئاڭلىسام، جىيەنىم ئالىدىغان قىزغا كۆز تىكىپسەن ! — دېدى.

مەمەت تاشتەك قاتقان ھالدا قىمىر قىلماي تۇراتتى. چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. مىدىر - سىدىر قىلمايتتى. بىراق، يىگىنە ئۈچىدەك ھېلىقى بىر ئۈچقۇن كېلىپ كۆز قارىچۇقىغا ئورۇنلاشقانىدى.



— مەمەت، ماڭا قارا ! — دېدى ئابدى ئاغا، — بۇ يېزىدا ياشىنى، نان يېيىشنى خالايدىغان بولساڭ، كېيىمدىن چىقما. سەن تېخى بالىسەن، سەن بىلمەيسەن، سەن تېخى مېنى بىلمەيسەن، مەن ئەسل - نەسلىڭنى قۇرۇتىۋېتىمەن. ئاڭلىدىڭمۇ قەلەندەر، نان كور ! نەسلىڭنى قۇرۇتىۋېتىمەن !

كېلىپ مەمەتنىڭ قولىنى قوپاللىق بىلەن تۇتتى.

— مېنىڭ ئىتىم ئابدى ئاغا، مەن ئادەملەرنىڭ نەسلىنى قۇرۇتىۋېتەلەيمەن.

مەمەت جىم تۇراتتى. مەمەت ئۇن چىقارمىغانچە ئۇنىڭ ئوغىسى قايناۋاتاتتى. ۋارقىرايتتى:

— گادايىنىڭ بالىسى، قەلەندەر، جىيەنىمنىڭ ئالىدىغان قىزىغا ھېچكىم كۆز تىكەلمەيدۇ. مەن ئۇنداق ئادەمنى پارچىلاپ، ئۆلۈكىنى ئىتلارغا تاشلاپ بېرىمەن. ماڭا قارا ! ئۇ ئىشنىڭ ئالدىدىن ھەرگىز ئۆتمەيسەن ! ئاڭلىدىڭمۇ !؟ قەتئىي ئۆتمەيسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

مەمەتنى بىرقانچە قېتىم قوپاللىق بىلەن سىلكىشلىدى. تاشتىن ئاۋاز چىقاتتى - يۇ، ئەمما مەمەتتىن ئاۋاز چىقمايتتى. بۇ جىمجىتلىق ئۇنى تېخىمۇ غالجىرلاشتۇردى. بىردىن ئۆزىنى تۇتالماي مەمەتنى تېپىشكە باشلىدى. مەمەت ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى زورىغا تۇتۇپ تۇراتتى. چىشىنى چىشلەپ جىم تۇراتتى. قوۋۇزىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى، ئاغزىغا قان توشۇپ كەتتى. مېڭىسىدە ھېلىقى سېرىق ئۈچقۇن چاقناپ كەتتى.

— كۆزۈمدىن يوقال ! سىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، سىلەرنى چوڭ قىلىپ ئادەم قىلىش ھارام ! كۆزۈڭنى قاغا چوقۇسۇن ! يوقال ئىتتىنىڭ كۈچۈكى !

مەمەت يېرىم ھوشسىز، يېرىم تەلۋىلەرچە كوچىغا چىققاندىن كېيىن يەرگە تۈكۈردى، تۈكۈرۈكى بىر ئۈچۈم قان ئىدى.

# 8

ئۆيلەر، دەرەخلەر، قىيالار، يۇلتۇزلار، ئاي، يەر، بۇ دۇنيادا نېمە بولسا ھەممىسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يوقىلىپ، ئېرىپ كەتكەندەك ئىدى. شۇ قاراڭغۇلۇق ئۈستىگە سىم - سىم يامغۇر ياغاتتى. يامغۇر بىلەن بىللە ئازراق سوغۇق شامالمۇ چىقىپ تۇراتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئىتلار ھاۋشىپ قوياتتى. بىر خوراز سوزۇپ - سوزۇپ چىللىدى، ۋاقىتسىز چىللىغان بۇ خورازنى ئەتە ئەتىگەندە ئىگىسى چوقۇم بوغۇزلىۋېتىدۇ.

ئۇزاقتىن — تاغنىڭ ئېرىسىدىكى يولدىن قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى. قوڭغۇراق ئاۋازى بىردەم ئۈزۈلۈپ، بىردەم ئاڭلىناتتى، بۇ، كېلىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ ھېرىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى.

مەمەت خېلىدىن بېرى يوغان شاخلىرى كۈنلۈكتەك ئېچىلىپ تۇرغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ يېنىدىكى قاشا تۈۋىگە مۈكۈنۈۋېلىپ كۈتۈۋاتاتتى. مەمەت ئويغا چۆمدى ... ياق! بۇ ھالەتتە مەمەت ھېچ نەرسىنى ئويلىيالمايتتى، پەقەت توڭلاۋاتاتتى. مەمەت تۇساتتىن بىر نەرسىلەرنى سەزگەندەك قىلاتتى. قاراڭغۇلۇقتا يامغۇر چۈشۈۋاتاتتى. يامغۇر مەمەتنىڭ ئىچ - ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. بەزىدە بىر تىترەك باساتتى - دە، يەنە توختاپ قالاتتى. قاشانىڭ تېرىسىدا شىلدىرلىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. قۇلىقىنى دىڭ تۇتتى. بۇ، قاشادىن ئاتلاپ ئۆتكەن مۈشۈك بولسا كېرەك. شۇئان ئانىسى ئېسىگە كەلدى. بەدىنى تىلمىغاندەك بىر ئاغرىق سەزدى. يۈرىكى زەھەر قۇيغاندەك ئېچىشتى. پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئانىسىنى قاندىق ئازابلايدىغانلىقى كۆز ئالدىغا كەلدى ... يىراق بىر يەردە چاقماق چېقىپ، تۈن قاراڭغۇسىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ غوللىرى ۋە شاخلىرىنى يورۇتتى. مەمەتنىڭ قەلبىدىمۇ بىر يورۇق يول —



ئۆزۈن كەتكەن پارلاق يول ئېچىلغاندەك بولدى.

بۇ چاغدا پۈتۈن يېزا ئات - ئېشەكلىرى، قوي - كالىلىرى، ئۇچار قاناتلىرى، توخۇلىرى، مۈشۈكلىرى، ئىتلىرى، ھەممە نېمىسى بىلەن بىللە ئۇيقۇدا ئىدى. دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك، مۇھەببەت، قورقۇش، غەم - قايغۇ، باتۇرلۇقلار ئېغىر ئۇيقۇدا پەقەت چۈشلەرلا داۋاملاشماقتا. چۈشلەرلا ياشىماقتا.

ئادەمنىڭ كۆرۈش دائىرىسىنىڭ قانچىلىك تار بولۇشىغا قارىماي، خىيال دەرياسى شۇنچە كەڭ بولىدۇ. دەگىرمەن ئۆلۈك يېزىسىدىن باشقا يەرگە چىقىپ باقمىغان بىر ئادەمنىڭمۇ ئاجايىپ كەڭ خىيال دۇنياسى بار. ئۇ، يۇلتۇزلارنىڭ ئېرىسىغىچە ئۆزىراپ كېتىدۇ. ئەگەر ھېچ يەرنى تاپالمىسا، قاپ تېغىنىڭ ئارقىسىغىچە كېتىدۇ ... ئۇمۇ بولمىغان تەقدىردە، چۈشلىرىدە كۆرگەن يەرلىرى ئۆزگىرىپ جەننەتكە ئايلىنىدۇ. ھازىر شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە، ئۇيقۇ ئىچىدە چۈشلەر داۋاملاشماقتا. شۇ يوقسۇل خەلق شۇ دوزاختەك دەگىرمەن ئۆلۈك يېزىسىدا باشقىچە دۇنيادا ياشاۋاتاتتى.

مەمەت چۈش كۆرۈۋاتاتتى، ھەم قورقاتتى، ھەم چۈش كۆرەتتى. بىردىنلا چاقماق چېقىپ كەتتى. چۇقۇر ئۆۋانىڭ ئۇتلۇق قۇياشى مېڭىسىدە پارچىلاندى، چوڭقايدى، كېڭەيدى. قەلبىدىكى يورۇقلۇق ئېقىمى توختاش بىلەن مەمەت ئەندىشىگە چۈشتى ۋە قورقتى، «كەلمەي قالامچۇ؟» دەپ ئويلىدى. مېڭىسىگە ھەر خىل ئېھتىماللىق ھۇجۇم قىلدى. «كەلمىسە نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن!» دېدى. قولى تاپانچىسىنىڭ تەپكىسىگە سوزۇلدى. تاپانچىسى يادىغا كېلىش بىلەن بارلىق قورقۇنچى تۈگىدى، ئىلاجىسىز قالغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى. دەل تاپانچىسىنى ئويلاپ تۇرغاندا يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرغان خەدىچە ئىدى. مەمەت سەللا بۇرۇن ئويلىغانلىرىدىن خىجالەتچىلىك ھېس قىلدى. ئەگەر كۈندۈزى بولۇپ خەدىچە مەمەتنىڭ يۈزىگە قارىغان بولسا، يۈزىنىڭ دىسلەپ

سارغىيىپ، كېيىن قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ۋە ھەيران قالغان بولاتتى. بۇ خىل ھالەتنى باشقا ئىشلاردىن ياكى قورقۇشتىن بولدى دەپ ئويلىغان بولاتتى.

— تارىمۇ ساقلاتتىم، ئاتام زادىلا ئۇخلىماي كەتتى، — دەپ ئۆزرە قويدى خەدىچە.

ئۇلار قول تۇتۇشۇپ قورقۇيراپ مېڭىپ كېتىشتى. شۇنچىلىك يەم بىلەن ماڭاتتىكى، كىچىككىنە شەپىمۇ چىقمايتتى. خۇددى پۇتلىرى يەرگە تەگمىگەندەك ماڭاتتى.

يېزىدىن چىقىپ كەتكۈچە تىنىمىدى دېسەكمۇ خاتالاشمايمىز. يېزىدىن چىققاندىن كېيىنلا قورقۇشلىرى پەسىيىپ، ئۆزلىرىنى سەل - پەل ئازادە ھېس قىلىشتى.

خەدىچەنىڭ بوغجىمىسىنى مەمەت كۆتۈرۈۋالغانىدى. خەدىچە مەمەتنى ھېرىپ كەتمىسۇن دەپ ئۇنى ئۆزۈم كۆتۈرەي دېگەنىدى، مەمەت ئۇنىماي قويدى.

بەختكە قارشى سىم - سىم يېغىۋاتقان يامغۇر بىردىنلا شارقىراپ يېغىشقا باشلىدى. ئارقا - ئارقىدىن چاقماق چېقىلاتتى. ئۇلار قىيالىقتىن ئۆتۈپ بىر ئورمانلىققا كىردى، چاقماق چاققان چاغدا ئورماننىڭ ئىچى يورۇپ كۈندۈزدەك بولۇپ كېتەتتى. دەرەخلەردىن سۇلار شارىلداپ چۈشۈۋاتقانلىقى كۆرۈنەتتى. خەدىچە ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

مەمەت خاپا بولۇپ:

— دەل يىغلايدىغان ۋاقتنى تاپتىڭ - دە ! — دېدى.

ئاڭ سوزۇلگىچە ئورماندا مۇشۇ ھالەتتە مېڭىشتى. نەدە كېتىپ بارغانلىقلىرىنىمۇ بىلمەيتتى. يامغۇر توختىماستىن ياغاتتى.

خەدىچە ھەربىر قەدەمنى باسقاندا:

— خۇدايىم جاجىسىنى بەرسۇن ! — دەپ يامغۇرنى قارغايتتى.

كۈن قىزىرىشقا باشلىغاندا قىيالىقتىكى بىر ئۆڭكۈرگە



كىرىۋېلىشتى، ئۆرە تۇرۇشتى، ھەر ئىككىسى دىر - دىر تىترەيتتى. كىيىملىرى بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. خەدىچەنىڭ چاچلىرىدىن ھازىرمۇ يامغۇردا كېتىۋاتقاندەك سۇلار تامچىپ تۇراتتى.

مەمەت چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ:

— ئارىشا گۈڭگۈرت ھۆل بولۇپ كەتمىگەن بولسىلا ئوت قالاپ ئىسسىنىمىز، كىيىملىرىمىزنى قۇرۇتىمىز، — دېدى.

خەدىچە خۇشاللىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— كۈلمىگىن، — دېدى مەمەت، — يامغۇرغا شۇنداق چىلاشتۇقكى، چۆپ سۇزمە بولۇپ كەتتۇق. تېرە قاپچۇققا يامغۇر ئۆتمىگەن بولسىلا مەيلى ئىدىغۇ !

بەلبېغىغا باغلانغان تېرە قاپچۇقنى قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئېچىشقا باشلىدى. بارلىق ئۈمىد مۇشۇ قاپچۇقتا ئىدى. كۆزلىرى قاپچۇقنىڭ ئىچىگە تىكىلگەنىدى. كېيىن بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەشتى. چۈنكى، قاپچۇقنىڭ ئىچىگە سۇ ئۆتمىگەنىكەن.

— بۇ قاپچۇقنى كىم تىكىپ بەرگەن، بىلەمسەن؟ — دېدى مەمەت.

— ياق ! — دېدى خەدىچە.

— ھېلىقى مەن ئۆيىگە قېچىپ بېرىۋالغان سۇلايمان ئاغا بارغۇ، شۇ كىشى تىكىپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدىن بېرى بۇنى يادىكار قىلىپ ساقلاۋاتىمەن.

مەمەت ئەنسىرەش بىلەن ئەتراپىغا قاراپ:

— قوللىرىمنى ئىبرىتىۋەتكۈدەك قۇرۇق نەرسە يوق، بۇ ھۆل قوللىرىم تەگسىلا ئارىشا گۈڭگۈرت ھۆل بولۇپ كېتىدۇ.

— ئارىشا گۈڭگۈرتنى ھۆل قولۇڭ بىلەن تۇتمىغىن، — دېدى خەدىچە.

— قاراپ تۇر، قوللىرىمنى قانداق قۇرۇتىمەنكىن، — دەپ ماختاندى مەمەت.

ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ يەرگە يامغۇر

چۈشمىگەنىدى. تويا تۇزۇپ تۇراتتى. قوللىرىنى تويىغا سۈركىدى. تويا قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— ئەمدى بولدىمۇ؟ — دەپ خەدىچەدىن سورىدى. خەدىچە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— خەدىچە، بېرىپ چاۋار تېرىپ كەلگىنە! — دېدى.

خەدىچە ئۆڭكۈردىن چىقىپ يامغۇردا يۈگۈردى. بىر ئازدىن كېيىن بىر قۇچاق چاۋار تېرىپ كىردى. شاخ - شۇمبىلار ھۆل ئىدى. ئۇلارنى ئۇششاق - ئۇششاق قىلىپ ئوشتۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغدى. تارىشا گۈڭگۈرتنى ياقتى. تارىشا گۈڭگۈرت بولغان بىلەن چاۋارلارنى تۇتاشتۇرغىلى بولمايتتى. چاۋارلارنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن كىچىككىنە بولسىمۇ ئۇچقۇن چىقىرىش كېرەك ئىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

— سەن تۇرۇپ تۇر، — دېدى مەمەت، — مەن بېرىپ ئوتۇرۇق تېپىپ كېلەي.

بىر ئازدىن كېيىن قولىدا ئازراق قۇرۇق ئوتۇرۇق ئېلىپ قايتىپ كىردى. خەنجىرى بىلەن ئوتۇرۇقنى ياردى. تارىشا گۈڭگۈرت ئوتۇرۇقنىمۇ تۇتاشتۇرالمايتتى، ئۇنىڭغىمۇ ئۇچقۇن كېرەك. كىچىككىنە ئۇچقۇن بولسىلا ئوتۇرۇق تۇتىشىپ كېتەتتى. ھازىر بىر تال سەرەڭگە بولغان بولسىدى ... ھەممە ئىش ھەل بولاتتى ... سەرەڭگە ئېلىۋالغانىدى، بىراق ھۆل بولۇپ مىچىلداپ كېتىپتۇ.

— خەدىچە، ئازراق قۇرۇق لاتا تاپقىلى بولماسمۇ؟

خەدىچەنىڭ چىشلىرى كاسىلدايتتى.

— بوغچىنى ئېچىپ باقاي، بەلكى ئوتتۇرىسىغا سۇ ئۆتمىگەندۇ.

سىرتتا يامغۇر قاتتىق ياغماقتا، گويا ئاسمان تېشىلىپ كەتكەندەك.

خەدىچە بوغچىنى ئاچتى. ئىزدەشتۈرۈپ يۈرۈپ كۆڭلەكلەر ئىچىدىن يۆرىلىشىپ كەتكەن بىر ياغلىقنى تاپتى. بۇ، مەمەت



تونجى قېتىم ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىپ بەرگەن قىزىل چېكىم ياغلىق ئىدى. بىراق ئاياللىرى مۇشۇنداق ياغلىق چىگەتتى.

— بۇ قۇرۇق ئىكەن، — دەپ مەمەتكە كۆرسەتتى خەدىچە.

مەمەت ياغلىقنى كۆرۈپلا تونۇۋالدى:

— بۇ تېخى بارمۇ؟ — ئۇ ياغلىقنى كۆرۈپ ئاجايىپ خۇشال بولدى.

— ھەئە شۇ، — دېدى خەدىچە.

مەمەت سەل خاپا بولغاندەك قىلىپ:

— بۇ يەردە توڭلاپ ئۆلسەممۇ بۇنى كۆيدۈرمەيمەن! — دېدى.

— بەلكى كۆڭلەكلىرىمنىڭ ئارىسىدىن قۇرۇق يەرلىرى چىقىپ قالار.

— قېنى، ئەكەل!

خەدىچە بوغچىنى مەمەتنىڭ ئالدىغا قويدى.

مەمەت بوغچىنى ئاختۇرۇپ:

— ئوھوي ... بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە قۇرۇق لاتا ئەمەس، يۈز پارچىنى تېپىشمۇ مۇمكىن، — دېدى.

— تېپىلىدۇ. ھەممىنى يېقىۋېتىپ يالىڭاچ قالايلى، — دېدى خەدىچە.

— مۇشۇنداق بولسا، ئۇمۇ بىراق ئەمەس، — دېدى مەمەت.

بىر قۇرۇق كۆڭلەكنىڭ غول ئەستىرىنى سۆكۈپ چاقماقنى ياقتى.

تارىشا گۈڭگۈرتنى لاتىنىڭ ئىچىگە ئوراپ پۈۋلەشكە باشلىدى، ھارغۇچە پۈۋلىدى، ھارغاندىن كېيىن خەدىچەگە بەردى. دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىغىلا بىر چاقماق چۈشتى، يەر تەۋرەپ كەتتى، دەرەخلەر ۋاراسلىدى، خەدىچەنىڭ قولىدىكى ئەرسە يەرگە چۈشۈپ كەتتى. مەمەت يۈكلىنىپ ئالدى. قوۋۇزىنى تولدۇرۇپ يەنە پۈۋلىدى، قوۋۇزلىرى ئاغرىپ كەتتى. لاتىنىڭ ئۈستىدە كىچىككىنە بىر ئۇچقۇن پەيدا بولۇشى بىلەن خۇشاللىقتا چۇمدى. شۇ ھامان قولىدىكى ئوتۇرۇقنى ئۇنىڭغا

تۇتتى، تۇتۇرۇق چىرسىلداپ تۇتىشىشقا باشلىدى. بىرنەچچە تال تۇتۇرۇقنى بىرلەشتۈرۈپ يېنىۋاتقان تۇتۇرۇقنىڭ ئەتراپىغا قويدى. يامغۇر بارغانسېرى قاتتىق ياغماقتا ئىدى. ئاسماننى قارا تۇمان قاپلاپ كەتكەن، تىنماستىن چاقماق چاقاتتى، چاقماقلار يەرگە چۈشەتتى. چاقماق بىردەملىك بولسىمۇ جاھاننى يورۇتۇۋېتەتتى. ھەربىر چاقماق چاقىقاندىن كېيىن مەمەتنىڭ قەلبى سېرىق ئۇچقۇنلار بىلەن تولاتتى.

ئوت ئۇلغىيىشقا باشلىدى. مەمەت توختىماستىن يالقۇنغا ئوتۇن تاشلايتتى. ئوتۇن قۇرۇش بىلەنلا تۇتىشىپ كېتەتتى. يالقۇنلار گۈرۈلدەيتتى. ئۇلار كىيىملىرىنى يەشتى، بىر شاخنىڭ ئۈستىگە يايدى ۋە شاخنى ئوتنىڭ يېنىغا قاقلاپ قويدى. خەدىچە ئىزا تارتىپ كەتتى، شۇڭلاشقا ئىچ كۆڭلىكى بىلەن تامبىلىنى سالمىدى.

— ئۇلارنىمۇ سېلىۋەت، تىترىشىڭ توختىسۇن! — دېدى مەمەت.

خەدىچە يالۋۇرغاندەك قىلىپ مەمەتكە قارىدى ۋە:

— بۇلار ئۈستۈمدە تۇرۇپ قۇرۇسۇن، — دېدى.

— ئۈستۈڭدە تۇرۇپ قۇرۇمايدۇ، — دېدى جىددىي ھالدا مەمەت، — ئۈستۈڭدە قۇرىغۇچە مۇزلاپ ئۆلىسەن!

خەدىچە مەمەتنىڭ تىترىككەنلىكىنى بىلىپ، كۆڭلىكىنى سېلىشقا باشلىدى. مۇرىسى تولۇقسىنا بولۇپ، بۇغداي ئۆڭلۈك ئىدى. كۆڭلىكىنى يېشىپلا شاخ ئۈستىگە تاشلىدى ۋە قوللىرى بىلەن كۆكرىكىنى يېپىۋالدى. مۇرىسى تىترەيتتى، بويتى ئاق قۇنىڭ بوينىدەك ئۇزۇن ۋە چىرايلىق ئىدى. ئۇششاق چاچلىرى قۇلاقلىرىنىڭ ئارقىسىغىچە بۇدۇر - بۇدۇر بولۇپ يېپىشىپ تۇراتتى. ئۆرۈلگەن قاپقارا چاچلىرى كەينىگە تاشلانغانىدى، ئالمىدەك كۆكسى قوللىرى، بارماقلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سېرىق تۈكلىرىنىڭ ئورنى سوغۇقتىن بۇدۇر - بۇدۇر بولۇپ كەتكەنىدى. ئىسسىق بىلەن بۇ بۇدۇرلەر يوقالدى. بەدىنى



سىلىقلىنىپ، ئاستا - ئاستا قىزىرىشقا باشلىدى.

مەمەتنىڭ كۆزلىرى خەدىچەگە تىكىلگەنىدى. ئىچىدە يۈگەنلەپ بولمايدىغان بىر ئارزۇنى ھېس قىلدى.

— خەدىچە!

خەدىچە بۇ ئاۋازدىن، بۇ خىل چاقىرىلىشتىن شۈركۈنۈپ كەتتى، بۇ ئاۋاز ھەممىنى ئىپادىلەيتتى. بۇنى چۈشەندى.

— مەمەت، ھازىر يېزىمىزدا قىيامەت بولىۋاتقاندۇ، ئۇلار بىزنى ھېچ يەرنى ئالا قويماي ئىزدىشىۋاتقاندۇ، تېپىۋالارمىكىن دەپ قورقۇۋاتىمەن.

مەمەتنىڭ كۆڭلىدە ئەنە شۇ قورقۇش بار ئىدى. بىراق ئۇنى بىلىندۈرمىدى.

— بۇ ئورمانلىقنىڭ ئىچىدىن بىزنى قانداق تاپالىسۇن؟ شۇنداقمۇ؟ سەنمۇزە! — دېدى.

— بىلمەيمەن، بىلمەيمەنۇ، بىراق قورقۇۋاتىمەن.

خېلى ئۇزاققىچە جىم ئولتۇرۇشتى. يامغۇرمۇ خېلى ئاستىلاپ قالغاندەك ئىدى. ئوت بارغانسېرى ئۇلغايدى، ئەتراپتىكى تاشلار ئىسسىشقا باشلىدى، تويلارمۇ قۇرۇپ كەتتى. خەدىچە قۇرۇغان كۆڭلىكىنى كىيگەندىن كېيىن تامبىلىنى سالدى. مەمەت ئۇنىڭ تولغان چىرايلىق پاچاقلىرىنى كۆردى. ئۇزاقتىن بېرى پەيدا بولغان كۆڭلىدىكى ئارزۇ چىدىغۇسىز ھالەتكە كەلگەنىدى.

يەنە شۇ خىل ئاھاڭدا:

— خەدىچە! — دېدى.

— قورقۇۋاتىمەن، مەمەت، — دېدى خەدىچە.

مەمەت خەدىچەنىڭ يېنىغا بېرىپ بىلەكلىرىنى ئاغرىتقۇدەك دەرىجىدە قاتتىق تۇتتى. خەدىچە ئۇياق - بۇياققا تولغاندى. مەمەت خەدىچەنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قۇچاقلىدى، سۆيدى. خەدىچە بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى. مەمەت ئۇنى قىيا تاشنىڭ تۈۋىگە ئەكەلدى. خەدىچەنىڭ قېلىن كالپۇكلىرى ئېچىلىپ، كۆزلىرى يۇمۇلغان، پۇت - قوللىرى بوشاشقانىدى. ئاستاقىنا

«قورقۇۋاتىمەن، مەمەت، ئۇنداق قىلمىغىن» دېيىتتى.

كۆچىلۈك ئوت يالقۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى. ئۇچقۇنلار تاشلارغا ئۇرۇلاتتى ...

بىرھازادىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىگە كېلىشتى. مەمەت خەدىچەنى قولىدىن تۇتتى. ياتقان يېرىدىن تۇرغۇزماقچى بولدى. خەدىچە سەل مىدىرلىدى ۋە يەنىلا ئۇگدىسىغا ياتتى. قورقۇنچى يۈتۈنلەي تۈگىگەنىدى. قەلبىدە بىر خىل ئېزىلىش، ۋۇجۇدىدا بىر خىل ھارغىنلىق بار ئىدى. كېيىن ئۆزى ئورنىدىن تۇردى. پاچاقلىرى، دۈمبىسى، يانپىشى توپىغا مىلىنىپ كەتكەنىدى ...

خەدىچە خوتۇن بولۇپ قالغانىدى ...

## 9

ئانا تاك سوزۇلۇشتىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇردى. خەدىچەنىڭ ياتقان يېرىگە قارىدى. يوتقان كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ھېچ شۈبھىلەنمىدى. تاڭ ئاتقاندىمۇ خەدىچەنىڭ كۆندىكىدەك بالدۇرلا ئورنىدىن تۇرمىغانلىقىنى بايقاپ، يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. قورقىنى تۇغرا چىقتى. يوتقانى ئېچىش بىلەن بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك بولدى. خەدىچە بىر تەكىيىنى يوتقانىنىڭ ئىچىگە ئۇزۇنىسىغا تىقىپ قويغانىدى. يوتقان ئاستىدا خەدىچەنىڭ ئورنىدا تەكىيە ياتاتتى. بۇ، خەدىچەنىڭ كېچىدە قېچىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتەتتى. تەكىيىنى بولسا ئانام دەرھال بىلىپ قالمىسۇن دەپ قويۇپ قويغانىدى.

ئانا يوتقاننى تۇتقىنىچە قېتىپلا قالدى. پەقەت خەدىچەنىڭ دادىسى ئۇنى چاقىرغاندىلا ھوشىغا كەلدى ۋە يوتقان قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.

توروس يېزىلىرىدا بىر خىل ئادەت بار ئىدى. قىزى قېچىپ كەتكەن، ئېتى، كالىسى، توخۇسى ئوغرىلانغان ئادەم ئىشىكى ئالدىغا چىقىپ پۈتۈن يېزىنى، كۆرەلمەسلەرنى، كۆزىگە



ئىلمىغانلارنى بولۇشىچە تىللاشقا باشلايتتى، سائەتلەپ قارغايتتى. يېزىدىكىلەر ئۇلارغا زادىلا جاۋاب قايتۇرمايتتى، كارىمۇ بولمايتتى. قارغىغۇچىنىڭ بىرھازادىن كېيىن ئاچچىقى بېسىلىپ ئاندىن ۋەقەنى جىددىيلىك بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى.

ئانا ئېرىگە قاراپ:

— قىز قېچىپتۇ، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

خەدىچەنىڭ دادىسى خۇشال بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى:

— خۇداغا مىڭ مەرتەم شۈكۈر، خۇداغا شۈكۈر، ئابدى ئاغىنىنىڭ شۇ تاز جىيەنىگە قىزىمنى زادىلا بەرگۈم يوق ئىدى. چارىسىزلىق بىلىمنى پۈكمەكتە ئىدى. مىڭ مەرتەم شۈكۈر ...

— جىم! — دېدى ئانا. — ئاغزىڭنى يۇم! بىرى ئاڭلاپ قالمىسۇن. ئابدى ئاغا قىزنى ئۆزلىرى قاچۇرۇۋەتكەن دەپ تېرىمىزنى تەتۈر سويمىسۇن.

كېيىن ئانا ئادەت بويىچە ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئاستا - ئاستا ۋايساشقا باشلىدى. ئىچىدىن بىر پەرياد چىقمايتتى. ھېچكىمنى تىلغا ئالالمايتتى. ۋارقىرىيالمايتتى. پەقەتلا ئىككى تەرەپكە چايقىلاتتى ۋە:

— ۋاي مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن بالا - قازا! ... ۋاي قىزىم! ... قانداق قىلاي قىزىم! ... سىرسان بولارسەن ئىلاھىم! نومۇسۇمنى بىر تىيىن قىلدىڭ! خۇدا جاجاڭنى بېرەر! ئىككى كۆزۈڭ ئېقىپ كەتسۇن! — دەپ يالغاندىن ۋارقىرايتتى.

ئېرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قوپاللىق بىلەن:

— كىر ئۆيگە! قىزىمىز ياخشى قىلدى. كۆڭلى خالىغان ئادىمى بىلەن قېچىپتۇغۇ؟ نېمە بولسا بولسۇن، ئۈنىڭنى چىقارما خوتۇن! ۋارقىرىما! ماڭ، بېرىپ ئابدى ئاغىغا بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگىن، قىزنى قارغىما! ئىچكىرى كىر.

ئانا ئېرىنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. بېشىغا قارا ياغلىقىنى سېلىپ توپتوغرا ئابدى ئاغىنىڭ قېشىغا باردى.

ئابدى ئاغا ئايالنى كۆرۈش بىلەن:

— ھوي قۇدا، نەلەردە يۈرسەن؟ قۇداڭنىڭ ئۆيىگە يولىماس بولۇپ كەتتىڭغۇ؟ كەل، يېنىمدا ئولتۇر! — دېدى.

ئايال ئولتۇردى، يىغلاشقا باشلىدى. ئايالنى بېشىدا قارا ياغلىق، يىغلىغان ھالدا كۆرۈش بىلەن ئابدى ئاغىنىڭمۇ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى.

— نېمە بولدى، قۇدا؟ — دەپ ئەنسىرەپ سورىدى ئۇ.

ئايال بېشىنى كۆتۈرمەيتتى، يىغلاپ، جاۋاب بەرمەيتتى.

— سۆزلە! — دەپ ۋارقىرىدى ئابدى ئاغا، — خۇدا ھەققى، سۆزلىسەڭچۇ؟!

بىردەم ئويلاپ تۇرۇپ:

— سۆزلىگىنە، كېلىن بالىمغا بىر ئىش بولدىمۇ؟ — دېدى.

— ئاغام! ...

— سۆزلە!

— ئاغا، ئاغام! — دېيلا توختاپ قالدى ئايال. ئۆكسۈپ سۆزىنى داۋام قىلدۇرالمايتتى.

— ھەي خوتۇن! — دېدى ئاغا، — خۇدايىم جاجاڭنى بەرسۇن، ئادەمنىڭ جېنىنى چىقارمىغىن!

— قېچىپتۇ، ئورنىغا تەكيىنى تىقىپ قويۇپ ئاۋۋال ئاخشامدا قېچىپتۇ، — دېدى.

ئابدى ئاغا ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ۋاي، ۋاي خۇدا! ئەمدى بېشىمغا كەلمىگەن مۇشۇ ئىش قالدىمۇ؟! ئابدى ئاغىنىڭ كېلىنى بىر مالاي بىلەن قاچقانمىش. شۇنداقمۇ تېخى!؟ — ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئايالنى بىرنى تەپتى.

— بۇ يېزىنى باشتىن - ئاياغ كۆيدۈرۈۋېتىمەن! ئوت قويۇپ كۆل قىلىۋېتىمەن!

توختىدى، بىرھازاغىچە ئويلاندى. ئايالنىڭ قولىدىن تۇتتى. قۇلىقىغا ئېگىلدى:

— دۆنەنىڭ يېتىم ئوغلى ئېلىپ قېچىپتۇمۇ؟

ئايال كۆز يېشىنى ياغلىقى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ بېشى بىلەن



«شۇنداق» دەپ تەستىقلىدى.

ئابدى ئاغا ئورنىدا تۇرالماي قالدى. ئۆز ئادەملىرىنى چاقىردى، پۈتۈن يېزىدىكىلەرنى چاقىردى. بۇ ئىش ئۇنىڭ يېزىدىكى ئابرۇيى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ زەربە ئىدى. شۇڭا، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلماي بولمايتتى.

— قاراپ تۇرسۇن، — دېدى ئۇ، — تېپىپ كۆرسۇن ئۇ قەلەندەر مالاي! ئۇنىڭغا نېمە قىلىشىمنى كۆرسۇن! پارچە - پارچە، قىيما - چىيما قىلىۋېتىمەن!

بۇ ۋەقە بىردەمدە پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتتى. پۈتۈن يېزىدىكىلەر توي - بايرام قىلىشقا باشلىدى. ئەر - ئايال، قېرى - ياش ۋە بالىلار بىر ئېغىزدىن خۇشاللىق سادالىرىنى ياڭراتتى، لېكىن بۇنى ئابدى ئاغىدىن يوشۇرۇنچە قىلاتتى. دېھقانلار ئابدى ئاغىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئالدىدا ئۇلاردىنمۇ قايغۇلۇق كۆرۈنەتتى، ئاستا پىچىرلىشاتتى.

يامغۇر توختىماي ياغماقتا ئىدى. يېزا ئادەملىرى يىغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي توپلىنىپ، بىر - بىرىگە سۆركىلىشىپ، غۇژمەك - غۇژمەك بولۇشۇپ پاراڭلىشاتتى. يامغۇرغا قارىماي ئۆيدىن - ئۆيگە قاتراپ يۈرگەنلەر، شۇمشەيگەن ھالدا بىر - بىرى بىلەن سۆزلىشىۋاتقانلار — ھەممىسى، خۇددى سۇغا چۈشۈپ كەتكەندەك چۆپ سۆزمە بولۇپ كەتكەنىدى. بولغۇسى كۈيئو ئوغۇل تېرىقى يېزىنىڭ ئادەملىرىنى باشلاپ «يائاللا - يا ھەزرەت» دېيىشىپ يېزىغا بېسىپ كىردى. ئۇلارنىڭ قولىدا ئوۋ مىلتىقى بار ئىدى. كۈيئو ئوغۇل بولغۇچى ئوق ئاتاتتى. ئوق ئاۋازى ھەممە ئادەمنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. «كۆيدۈرۈۋېتىمەن! ۋەيران قىلىۋېتىمەن!» دەپ مەمەتنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا دۆنە ئۆيىنىڭ ئىچىدە دۇنيادىن بىخەۋەر ئولتۇراتتى. قىزنىڭ لايىقى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چېپىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە ئىچكىرى كىردى. ئايالنىڭ چاچلىرىدىن تۇتتى. سۆرىگەن پېتى ئابدى ئاغىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئەكەلدى. ئابدى

ئاغا ئايالنى كۆردى، ئۆزىنى باسالمىدى. كېلىپ ئۆتۈكى بىلەن چەيلەشكە باشلىدى. دۇنيانىڭ غىڭ قىلغان ئاۋازى چىقمايتتى. ھەممە يېرى لايغا مىلەنگەنىدى. لاي دەستىدىن كۆزلىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئابدى ئاغا ئايالنى دەسسەپ - چەيلەپ ھارغاندىن كېيىن يىگىت كېلىپ دەسسىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇرۇتلىرىنى تولغاپ قويۇپ ھويلىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدى. قايتا كېلىپ ئايالنى تېپىشكە باشلىدى. ئايالنىڭ ئاغزىدىن ئاققان قان لايغا ئارىلىشىپ قىزغۇچ سىزىق ھاسىل قىلىپ، تۆۋەنگە، ئاياغلىرىغىچە ئېقىپ چۈشەتتى.

ئابدى ئاغا ئادەتتىن تاشقىرى غەزەپلەنگەنىدى. گەپ قىلماستىن ھويلىدا پىرقىراپ يۈرەتتى. كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپتىكىلەر پىرقىراپ يۈرگەن ئابدى ئاغىنى نېمە دەركىن دەپ قاراپ تۇراتتى. ئابدى ئاغا مۇھىم بىر قارارغا كېلىش ئالدىدا ساقلىنى بىگىز بارمىقىغا ئوراپ تارتاتتى. ھازىرمۇ توختىماستىن شۇنداق قىلىۋاتاتتى. ئۇ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىغاندا ھەممە جىم بولدى، ئۇنىڭغا قارىدى. بارمىقىغا ئورىۋالغان ساقلىنى قويۇۋەتتى ۋە سىلاشقا باشلىدى.

— سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار، — دېدى، — ھازىر ئۇلار ئۇزاققا بارمىدى، يا قىيالىقتا، ياكى ئورمانلىقتا. ئىزدىشىمىز كېرەك، لېكىن مۇنداق كۆپ ئادەمنىڭ ھاجىتى يوق، ئوندەك ئادەم بولسا كۇپايە. ئۇلارنى تاپساڭلار ئۆلتۈرمەيسىلەر. ئۇ يەردە مەن بولماي قالسام ئالدىمغا ئەكېلىسىلەر. ئۇنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرىمەن، ئابدى ئاغىنىڭ كېلىنىنى قانداق ئەپقېچىشنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويىمەن.

ئابدى ئاغا سۆزىنى تۈگىتىش بىلەن تېرىقى يېزىلىق رۇستەم ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ تاز، چوقۇر، بۇرنى يوغان ئادەم ئىدى.

— مەن دەپ باقاي، ئاغا، سەن ئاڭلاپ باق، — دېدى ئۇ، — تۈنۈگۈن ئاخشامدىن بېرى يامغۇر توختىماي يېغىۋاتىدۇ،



شۇنداقمۇ؟

بىرنەچچە ئادەم بىر ئېغىزدىن «شۇنداق» دېيىشتى.

— پاتقاقتا ئىز قالمىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى رۇستەم.

— ئىز قالمىدۇ، — دېيىشتى باشقىلار.

— ئىزى قالمىغان ھالەتتىمۇ ... مەيلى قالمىغانمۇ بولسۇن، بەلكى قىيالىقلار ئىچىدىن ماڭغاندۇ، ئىزىنى ئىزدەيمىز. ئۇلار يېقىن ئەتراپتا، چوقۇم ئىزىنى تاپالايمىز، ئىز ...

— ئۈچ ئادەم بازار يولىغا ماڭسۇن. ئۇلارنى بازارغا قاچتى دەپ ئاڭلىدىم، — دېدى ئابدى ئاغا. كېيىن رۇستەمگە قاراپ:

— كىم ئىز ئىزدەيدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلى توكۇر.

— ئەلى توكۇر خالىسىلا ھېلىغۇ يامغۇر ئىكەن، قۇرۇق تۇپىدىنمۇ، تاشتىنمۇ ئىز تاپىدۇ. ھەتتا قۇشلارنىڭ ئىزىنىمۇ تاپىدۇ، — دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— قۇشنىمۇ تاپالايدۇ، قانتىنىڭ كىچىككىنە يېرى يەرگە تېگىپ كەتسىلا كۇپايە. ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشنىمۇ ئىزدەپ تاپىدۇ.

— ئەلى توكۇرنى نەدىن بولسىمۇ تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئاغا.

— ئەلى توكۇر مۇشۇ يەردە، — دېيىشتى.

ئەلى توكۇر پۈتىنى سۆرەپ، دىڭگۇسلاپ ئاغىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئاغام، خاتىرجەم بول، كۆڭلۈڭگە گۇمان كەلمىسۇن، ئەگەر مەمەت ئاۋاق يەرگە دەسسىگەن بولسىلا تاپىمەن، قۇش بولۇپ ئۇچۇپ كەتمىگەن بولسىلا تاپىمەن. كۆڭلۈڭگە غەم - ئەندىشە چۈشمىسۇن ...

ئەلى توكۇرنىڭ يېزىلىقلىرى باشقا يېزىلىقلارغا، ئابدى ئاغىغا ئەلى توكۇرنى بولۇشىچە ماختاپ بەردى:

— بۇ ئەلى توكۇر بىزنىڭ يېزىدا ئوغرىلىقنىڭ ھەممىنى

تاپقانىدى.

— ئۇن - ئون بەش يىلدىن بېرى يېزىمىزدىن بىر تال يىڭنىمۇ يىتمىدى.

— ئەلى توكۇر بولغىنى ئۈچۈن ...

— ئەلى توكۇر بىلەن بۇغا ئوۋلاشقا بېرىش كېرەك.

— تاشلارنىڭ، قىيالارنىڭ ئۈستىدە ئىز كۆرۈنەمتىمۇ؟ ئەلى توكۇر قىيالاردىن ئىز قوغلاپ بۇغىنىڭ ئوتلاۋاتقان يېرىگىچە ئېلىپ بارىدۇ ...

— ئەلى توكۇر دەپ ئاتىشىدۇ بۇنى ئاغام !

— بۇ ئەتراپلاردا سوغۇرمۇ قالمىدى.

— ئەلى توكۇر بولغىنى ئۈچۈن ...

— مەمەت ئاۋاق ئاسمانغا چىقىپ كەتسىمۇ تاپىدۇ ...

— بولۇپمۇ ئادەمنى ! ئۈچ كۈنلۈك يەردىكى ئادەمنىڭ يۈرىقىنى يۈراپ تاپىدۇ.

ئابدى ئاغىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا، ئادەملەرگە زادىلا ئارىلاشمايدىغان، يېزىدا كۆزگە چېلىقمايدىغان هۆسۈكمۇ كەلگەنىدى. بۇ ئادەم ئۇزۇنتۇرا هۆسۈك دەپ ئاتىلاتتى. هۆسۈك، ئەلى توكۇر بىلەن ياتمۇيان تۇرۇپ يەر هەيدىگەن ۋە توكۇرنىڭ ئۈستا ئىزچى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. بۇ ئەتراپتا توكۇرنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئابدى ئاغىمۇ توكۇرنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانىدى. يېزىلىقلىرىنىڭ ئۇنى شۇنچە ماختاشلىرى ئۇنى ئاغىغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ماختىنىش ئۈچۈن ئىدى.

هۆسۈكنىڭ بايقىشىچە، ئەلى توكۇر مەمەتنىڭ ئىزىنى ئىزدەشكە ماقۇل كەلگەندەك تۇراتتى. ئەلى توكۇر مەمەت نەدە بولسا، قايسى يولدا، قايسى غاردا، قايسى قوۋۇقتا بولسا، ئۇنى يوشۇرۇپ قويغاندەكلا تېپىۋالىدۇ. قانداقلا بولسۇن ئىش باشلاشتىن بۇرۇن توكۇر بىلەن سۆزلەشمە ياخشى بولاتتى. ئەلى توكۇر ئۇنىڭ سۆزىنى يىرمايتتى. شۇنچە يىلدىن بېرى بىللە تۇز -



تائام يېيىشىپ كەلگەنىدى. ئەلى توكۇر يېزىلىقلىرىنىڭ ئۆزىنى ئابدى ئاغىغا ماختاپ بېرىشلىرىنى هەيرانلىق بىلەن ئاڭلايتتى.

ئۇلار توكۇرنى ماختىغانچە، ئۇمۇ «ئاۋۋال خۇدا، ئاندىن سىزنىڭ سايىڭىزدە ئاغام ...» دەپ كېرىلىپ تۇراتتى.

باشقىلار ئۇنى ياتۇر دېيىشسۇن، ياخشى ئادەم دېيىشسۇن، ئەلى توكۇردەك ئادەم دۇنيادا يوق دېيىشسۇن، پەرقسىز ئىدى. ئەلىنىڭ كارى بولمايتتى. پەقەتلا «توكۇردەك ئىزچى يوق» دېيىشكەن خۇشاللىقىغا هېچنېمە تەڭ كەلمەيتتى.

توكۇرغا هاجىتى چۈشكەنلەر بىر - ئىككى كۈن بۇرۇن ئۇنىڭغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «ئەلى توكۇردەك ئىزچى دۇنيادا بارمۇ؟ مۇنداق ئىزچى زادىلا يوق. ئادانا زېمىننى كېزىپ چىقساڭمۇ تېپىلمايدۇ. ئانىلار پەقەت بىرلا ئىزچى تۇغۇپتىكەن، ئۇ بولسىمۇ ئەلى توكۇر» دەپ ماختىشىدۇ. بۇ ماختاشلىرىنى ئەلى توكۇرنىڭ ئاڭلىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىشاتتى. ئەلى توكۇرمۇ ئۇلارنىڭ خالىغىنىنى ئورۇنلايتتى. مۇنداق ئادەمنىڭ ئىشىنى ئەلى توكۇر جېنى چىقىپ كەتسىمۇ قىلىپ بېرەتتى.

توكۇر كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ ئىزنىڭ ئۇچىنى تېپىش ئۈچۈن خەدىچەنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا، هۆسۈك ئارقىسىدىن كەلدى.

— توختا، ئەلى، ساڭا ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار.

— ئوھوي، قېرىندىشىم هۆسۈك ! — دەپ بويىنىغا ئېسىلدى ئەلى، — هۆسۈك، سېنى شۇنچىلىك كۆرگۈم كەلدىكى، گەپ قىلما ! بۇ كۈنلەردىن سېنىڭ قېشىڭغا بارماقچىدىم. هە، قېرىندىشىم، ئەھۋالىڭ قانداق؟ مۇشۇ ئىشنى تۈگىتىپلا قېشىڭغا قونغىلى بارىمەن. شۇ بالىنى تاپاي، هېلىلا تاپىمەن ... ئادەمنى تېپىش تېمە ئىدى؟

— ئارقامدىن ماڭ، سۆزلەشكىنىمىزنى هېچكىم كۆرمىسۇن، ئاغا مەندىن گۇمان قىلىدۇ، — دېدى هۆسۈك.

ئەلى توكۇر ھەيرانلىق بىلەن ھۆسۈكنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ ماڭدى. خېلىدىن بېرى پەسلەپ قالغان يامغۇر يەنە قاتتىق چۈشۈشكە باشلىدى.

ئاغىنىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئەلى توكۇر ئۈچۈن ئات توقۇلۇۋاتاتتى. ئىزنى ئاتلىق قوغلامدۇ؟ ئەلى توكۇر مۇنداق ئىزنى كۆزىنى باغلاپ قويسىمۇ تاپالايدۇ.

ھۆسۈك بىر تامنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈۋالدى ۋە يېنىغا كەلگەن ئەلىگە خاپا بولۇپ مۇنداق دېدى:

— ھەي قېرىندىشىم، كەل، يېنىمدا ئولتۇر، قېنى ئەلى، سەن قانداق قىلىپ شۇ بىچارىنى ئابدىغا تۇتۇپ بەرمەكچىسەن؟ بۇ ئىشنى قانداقمۇ قىلغۇلۇك كېلىدۇ؟ شۇ مەممەت ئاۋاقتا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، شۇ يېتىمنى ئايىغىن، ئىبراھىم ئاكىدەك ياخشى ئادەم بارمىدى؟ سېنىمۇ بەك ياخشى كۆرەتتى. سەن شۇنداق قىلساڭ گۆرىدە ئۆرە ئولتۇرىدۇ. بىلىمەن، ئۇلارنى ھازىرلا ئۆزەڭ مۆكتۈرۈپ قويغاندەك تېپىپ كېلىسەن. ئاندىن ئۇنىڭغا زۇلۇم سالىدۇ، دېمەك، شۇ زۇلۇمنى ئۇنىڭغا سەن سالغان بولىسەن. ساڭا بىر نەرسە دەيمۇ ئەلى؟ سەن بۇگۈن بۇلارنى يولدىن ئاداشتۇر. مەممەت بۇگۈننى ئۆتكۈزىۋالسىلا قۇتۇلۇپ كېتىدۇ. مەممەت بالا ۋاقتىدا بىر قېتىم كەسمە يېزىسىدىكى سۇلايماننىڭ ئۆيىگە قېچىپ بارغانىدى. ئۇنى ھەممە ئادەم ئۆلدىگە چىقارغان. ئاللە ئايمۇ، بىر يىلمۇ، ئىشقىلىپ، خېلى ۋاقىتتىن كېيىن مەن ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ ئانىسىغا سالامەتلىكىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزگەنىدىم. ئۇ چاغدا شۇنداق ئىش بولغانىدى. بالىنى ھەممىمىز ئۆلدىگە چىقىرىۋەتكەنىدۇق. بېشىنى تىقىدىغان بىر يەر تاپىدۇ. قېنى يۇرادىر، ئۇلارنى ئاداشتۇرۇۋەت، كىم بىلىدۇ. شۇ بىچارىلەر مۇشۇ يامغۇردا قەيەرگە يوشۇرۇنغاندۇ؟ سوغۇقتىن تىترىشىپ كەتكەندۇ؟ ھە، ئەلى، بىرنېمە دېگىنە، بۇ ئىشىڭدىن ۋاز كەچكىن!

ھۆسۈك سۆزلىگەنسېرى توكۇرنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى.



تېخى ھېلىلا «ئىز قوغلايمەن، شۇنچە چوڭ يېزىدا ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىز قوغلاپ، قاچقانلارنى تاپىمەن» دەپ قانچىلىك خۇشال بولغانىدى. ئەمدى! ھۆسۈك سۆزلىگەندە لام - جىم دېمەي يەرگە قاراپ تۇردى.

ئۇ جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ھۆسۈك ئىچىدىكى سۆزلەرنى قىلدى.

— قېرىندىشىم ئەلى، ھازىر ئۇ بىچارىلەر بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا كىرىپ، تىترىشىپ، بىر - بىرىگە يېپىشىپ تۇرغاندۇ؟ ئۇستىدىن يامغۇر ئەمەس، ئۇستەك قۇيۇلۇۋاتقاندۇ؟ سەلدەك قۇيۇلۇۋاتىدۇ - دە! ئەلى بۇرادىر! ئۇ بىچارىلەر ھازىر قورقۇۋاتقاندۇ. ئۇلارغا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ. بۇ يامغۇرنىڭ قىلىۋاتقىنىنى قارا، توختىماستىن قۇيۇۋاتىدۇ. شۇلارغا ئېچىنىپ بولسىمۇ توختاپ قالسا بولمامسىدى! ئۇلار ھازىر قۇش پەرلىرىدەك چۈچۈيدۇ، بىر چاشقان ئۆتسىمۇ، كەسلەنچۈك مىدىرلىسىمۇ يۈرەكلىرى قېپىدىن چىققۇدەك بولىدۇ. «مانا كېلىدۇ، ئەنە كېلىدۇ» دېگەن ئەندىشىدە. ئۇلار ئاشىقلار. ھەي ئەلى، ئاشىق - مەشۇقلارغا ئۇۋال قىلغان ئادەم راۋاج تاپمايدۇ. بۇنداق كىشىنىڭ قوللىرى خۇددى قاقشال دەرەختەك قورۇلۇپ قالىدۇ. راستىنلا قولى قورۇلىدۇ. ئەلى ئاداش! يولدىن ئاداشتۇرۇۋەت! شۇ ئاشىق - مەشۇقلارنى قۇتۇلدۇرۇۋال! ئورنۇڭ جەننەتتە بولىدۇ. خۇدايىم ھازىرلا ئورۇن تەييارلاپ قويغاندۇ. قېنى سۆزلە، ئەلى! ماڭا ۋەدە بەرگىن!

ھۆسۈك ئەلىنىڭ كۆزىگە «مۇشۇنداق قىلمىساڭ بولمامدۇ؟» دېگەندەك قىلىپ تىكىلىپ قارىدى. بىراق ئەلى لام - جىم دېمىدى. ھۆسۈك ئەلىنىڭ قولىنى تۇتۇپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەلى، ماڭا قارا. مەن ساڭا شۇنى دەيكى، ئۇلار يالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشەتتى. قىر مەمەتنى بىر كۈن كۆرمىسە بىمەي - ئىچمەي، ئۇخلىماي ھۆكرەپ

يىغلايتتى. ئۇلارنى خۇدايىم ئۇزى قوشقان. ئۇقتۇڭمۇ، خۇدانىڭ ئۇزى ! ھېلىقى چاغدا مەمەت كەسمە يېزىسىغا قېچىپ كەتكەندە، مەن ئانىسىغا خەۋەر ئەكەلگەنىدىم. شۇ چاغدا بۇ قىز مەمەت قايتىپ كەلگۈچە ئاغرىق ياتتى، سارالڭ بولايلا دېدى. ئىشلار مانا شۇنداق. قېرىنداشىم ! مانا شۇنداق بولغان، ئەلى ! قالغىنىنى ئۇزۇلڭ ئويلاپ كۆر. ئاداش ! ئاخىر قىزنى ئابدىنىڭ تاز جىيەنىگە بەرمەكچى بولدى. شۇڭلاشقا ئۇلار قېچىپ كەتتى. ئەمدى قالغىنىنى ئۇزۇلڭ بىل ! بىر قۇش بىر يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە يوشۇرۇنسا، يۇلغۇن چىغىدا ئۇنىڭغا پاناھ بولىدۇ. مەمەت سەندىن پاناھ ئىزدەيدۇ. ئەمدى سەن ئۇنىڭغا زالىم بولما ! سەن بۇ ئىشنى قىلىپ بەرسەڭ، ئابدى ساڭا دوست بولۇشى مۇمكىن. ئەمما پۈتۈن يېزا خەلقى سەن بىلەن دۇشمەنلىشىدۇ. «مەيلى، ئابدى دوست بولسىلا بولدى» دېيىشىڭ مۇمكىن. ئىش ئۇنداق ئەمەس ! ئۇ ساڭا دوست بولمايدۇ. بۇنى ئۇزۇڭمۇ بىلىسەن، ئەلى. ساڭا دېمەكچى بولغانلىرىم شۇ ...

مۇكچىيىپ، سولغۇن چىرايى قايغۇدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن ئەلى ھۇسۇككە ھېچ نەرسە دېمەستىنلا ئورنىدىن تۇردى. ھۇسۇك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن:

— پۈتۈن يېزا ساڭا دۇشمەن بولۇپ قالىدۇ، — دېدى. كېيىن قوغلاپ بېرىپ قۇلىقىغا دېدى، — ئاشىق - مەشۇقلارنى ئايرىۋەتكەن ئادەمنىڭ ياخشى كۈن كۆرگەنلىكىنى ئاڭلىغانمىدىڭ زادى؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قارا تىكەن بولۇپ ئۈنمە، ئەلى ! «ئۇۋۇا بۇزغۇچىنىڭ ئۆز ئۇۋىسى بۇزۇلىدۇ». «ئاشىق - مەشۇقلار تېپىشتى» دەپ پۈتۈن يېزىدا بايرام بولۇپ كەتتى. پۈتۈن يېزا خەلقى بىلەن دۇشمەنلىشىپ قالساڭ، چىرىگەن دەرەختەك ئايلىنىپ قالىسەن. قارىغىنا، مەمەتنىڭ ئانىسىنى نېمە قىلىۋەتتى !؟ تېخىچە ياتقاقتا ىىلىنىپ ياتىدۇ ! بەلكى ... ئويلاپ باق، ئەلى !

بۇ چاغدا ئات ھازىرلانغانىدى. ئەلىنى چاقىرىشتى. بىر يىگىت ئاتنى ھۆرمەت بىلەن يېتىلەپ كېلىپ ئەلىنى كۆتمەكتە ئىدى.



ئاتقا ئۇزۇن يۈگلۈق قارا يوپۇق يېپىلغانىدى. يامغۇر سىم - سىم يېغىۋاتاتتى.

پۈتكۈل يېزا خەلقى سىرتقا چىقىۋالغانىدى. ئەلىگە تىكىلىپ تۇراتتى. بۇ قادىلىپ قاراشلار خۇددى ئۇنىڭ بەدىنىنى تېشىپ ئۆتۈۋاتقاندەك بىئارام قىلدى. ئۇنىڭ توكۇر پۇتىغا دەھشەتلىك ئاغرىق كىرىپ كەتتى. ئاغرىققا چىدىغىلى بولمايتتى. ھەرقانداق چاغدا قىيىستۇرۇلىقىدا ئۇچرىسا توكۇر پۇتىغا ئاغرىق كىرىپ كېتەتتى. ئاغرىققا چىداپ بولمايتتى.

پۈتكۈل يېزا ئادەملىرى، تاش - تۇپراقلىرى، مال - ۋارانلىرى توكۇرنى قارغىماقتا ئىدى.

خەدىچەنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئۇجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئىككى ئىز يانمۇيان كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىزنى تونۇدى. ئالدى بىلەن خەدىچەنىڭ ئۆيىنى ئۈت - بەش قېتىم ئايلاندى، يېزىدىكى ھەممە بالا ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالغانىدى. كېيىن ئۇ يېزىنىڭ توغرا كەلگەن بىر تەرىپىگە مېڭىپ خىيالغىچە ئايلىنىپ يۈردى.

بىرنەچچە دېھقان ھۇسۇكنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— توكۇرغا نېمە دېدىڭ؟ — دەپ سوراشتى.

ئۇ ماختانغاندەك قىلىپ:

— دېمەكچى بولغانلىرىمنى دېدىم، توكۇر سۆزۈمنى يەردە قويماس دەپ ئويلايمەن، — دېدى.

دېھقانلار توكۇرنىڭ ئەركىن ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى. توكۇر ئىز قوغلىغاندا يېزىدا ئايلىنىپ يۈرمەيتتى. ئىز قوغلىغاندا ھامان ئاخىرىغا يەتكۈزمەي قويمايتتى. لېكىن توكۇرنىڭ يېزا ئىچىدە مۇنداق ئايلىنىپ يۈرۈشىدە ياخشىلىق بار ... بۇ سۆز ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى.

— توكۇرنىڭ مۇنداق ئايلىنىپ يۈرۈشىدە بىر ياخشىلىق بار.

— كىم دېدى؟

— ھۇسۇك دېدى.

— كىم؟

— ئۆزۈڭنىڭ تورا.

— توكۇر يېزىدىن چىقماي ئايلىنىپ يۈرىدۇ. خۇدا بىلىدۇ، ئاشىقلارغا ئىچى ئاغرىغاندۇ. ئۇلارنى يولدىن ئاداشتۇرماقچىدۇ. قېنى سېنى بىر كۆرەيلى، توكۇر ! — دېدى ھۆسۈك.

— مەن ئۇ توكۇرنى ياخشى بىلىمەن، — دېيىتتى ئەلى تاز. بۇ توكۇر دادىسىنىڭ ئىزىنىمۇ تاپىدۇ. دادىسى تېپىلسا دارغا ئاسىدىغانلىقىنى بىلىسىمۇ، يەنىلا ئىز قوغلاشتىن يانمايتتى. ئىزنى كۆرگەندە چىداپ تۇرالمايدۇ. توكۇرنىڭ ئۆزى ياخشى، كۆڭلى يۇمشاق، ئاشىق - مەشۇقلارغا ئىچ ئاغرىتىشۋاتقاندۇ؟ بىراق، ئىزنى ئىزدىمەي تۇرالمايدۇ، ئىز قوغلاشتا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئالدىدىكى ئۆلۈمنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، كۆزىگە ئىزلا چېلىقىدىكەن، قوغلاپ تاپىدۇ.

— ياقەي، ئەلى، — دېدى ھۆسۈك، — ئۇ ئۈينى ئۇن قېتىمچە ئايلاندى، خېلىدىن بېرى يېزىدا ئىز قوغلىغاندەك قىلىپ ئايلىنىپ يۈرىدۇ. مەمەت قىزنى ئېلىپ ئۈيمۇئۈي ئارىلاپ يۈرمىگەندۇ، قىز ئەپقاچقان ئادەم كەينىگە ياقمايدۇ. ئەلى توكۇر ئىزنى يوقىتىپ قويىدىغان ئادەم ئەمەس، بولۇپمۇ بۇ يامغۇردا ... مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىمكى: «ئەلى، ئەگەر شۇنداق قىلساڭ ئىككىنچى يۈزۈمگە قارىما ! ...»

ئەلى تاز شۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى. چىرايىدا بىر خىل ئۈمىد ۋە خۇشاللىق پەيدا بولدى.

— خۇدايىم، شۇ توكۇرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بېرىپ خۇيىنى ئۆزگەرتكەن بولسا ئەجەب ئەمەس، يېزىدا ئايلىنىپ يۈرگىنىگە قارىغاندا خۇيى ئۆزگەرگەندەك تۇرىدۇ. قېنى، ئەلى توكۇر، سېنى بىر كۆرۈپ باقايلى !

ئەلى توكۇر ئۇيان ماڭدى، بۇيان ماڭدى، ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى، يەرلەرنى سىنچىلاپ تەكشۈردى. تاشلارغا



قارىدى. ئىز تېپىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ھەممە ئىشنى قىلدى. لېكىن، ئەسلىدىكى ئىز يار جايغا نېمە ئۈچۈندۇر يېقىنلاشمايتتى. قورقاتتى. چۈنكى، ئىزنى كۆرۈپ قالسىلا چىدىيالماي ئارقىسىدىن ماڭاتتى. ئىز ئىزدەۋاتقان كىشى بولۇپ يېزىنىڭ سىرتىغا چىقتى. ئىچىدە ئاتتى راسا تويغۇزۇپ، بېشىنى ئەپقېچىپ كېتىشنى ئويلايتتى. ئورمانلىقتا ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى. ئىز تۈپتوغرا ئورمانلىققا قاراپ ماڭغانىدى. سۆيۈشكەن ئىككى ئادەمنى كۆرگەندەك بولدى. كاللىسىغا كەلمىگەن خىياللار كەلدى.

يامغۇر ئاستا ياغماقتا ئىدى.

ئېتىنىڭ بېشىنى يەنە خەدىچەنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ بۇرىدى. خەدىچەنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئۈجمە دەرىخىنىڭ يېنىدىكى قاشاغا كېلىپ توختىدى. يەردە ئۆزۈن بىر چورۇقنىڭ ئىزى تۇراتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «چورۇق يېڭى تىكىلگەن، توكلىرى ئۇزۇن، بۇ چوقۇم قىشتا ئۆلگەن موزاينىڭ تېرىسى بولۇشى مۇمكىن» دېدى. كۆز ئالدىغا يەنىلا ئورمانلىقتىكى ئاشىق - مەشۇقلار كەلدى. ئاستا يېغىۋاتقان يامغۇردا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىر خىل قىزىقىش ئوتى كۆيدۈرمەكتە ئىدى.

ئۆيگە يېتىپ تۇرغاندا بىر دېھقان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ شۇنداق دېدى:

— نېمە بولدى، ئەلى؟ بۇ يەردە ئۇخلاپ قالمىدىغاندەك تۇرسەن. ئابدى ئاغىنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ كەتتى، «نېمە ئۈچۈن يېزىنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرىدۇ، شۇنچىلىك ماختىغان ئەلى توكۇرنىڭ تاپقان ئىزى شۇمۇ» دەۋاتىدۇ.

بۇلار سۆزلىشىۋاتقاندا ئابدى ئاغا ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ قالدى.

— نېمە ئىش؟ — دېدى، — سەنمۇ ئىزچىمۇ؟ ماشائاللا، ئىزچى ! ئىزنى شۇنداق تاپىدىكەنسەن - دە ! ئەتىگەندىن بېرى تويا قارىدىغاندەك پۈتۈن يېزىنى ئايلىنىپ چىقتىڭ، مانا ھازىر

بۇ قاشانىڭ تۈۋىدە ئۇخلاپ قالىدىغاندەك تۇرسەن.

ئەلى توكۇرنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئېتىنىڭ بېشىنى تېزلىكتە ئابدى ئاغا تەرەپكە بۇراپ:

— ئاغا، — دېدى، — دېھقانلاردىن سوراپ باق، ئۇ يىڭى چورۇق كىيگەنمۇ؟ بۇ چورۇق قىشتا ئۆلگەن موزاي تېرىسىدىن تىكىلگەنمۇ؟

ئاغا دېھقانلارغا قاراپ:

— توغرىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— توغرا، — دېدى بىر دېھقان، — قىشتا ئىسمائىلنىڭ موزىيى ئۆلۈپ قالغانىدى، ھېلىقى تۈگمەنچى ئىسمائىلنىڭ، ئېسىڭلارغا كەلدىمۇ؟ مەمەت ئۇنىڭدىن بىر چورۇقلۇق ئالغانىدى.

ئاغا ئەلى توكۇرغا قاراپ:

— توغرا ئىكەن ... ھە ئەلى، قېنى ھۈنىرىڭنى كۆرسەت ! — دېدى.

ئەلى بويىنىنى ئىچىگە تىقتى. ئاستىدىكى ئاتنى قامچىلىدى، ئابدى ئاغا بىلەن يەتتە - سەككىز ئاتلىق ئادەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېزىنىڭ سىرتىغا چىقتى. قىيالىققا كېلىش بىلەن ئەلى ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتتى. باشقىلارمۇ ئاتلىرىنى توختاتتى. ئىز قىيالىققا قاراپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا ئەلى راستتىنلا تەمتىرەپ قالدى، ئەسلىدە ئىزلار ئورمانلىققا قاراپ ماڭغانىدى. لېكىن، ئۇ قىيادىكى ئىزلارغا يېپىشتى.

— قىيالار ئارىسىدىن مېڭىپتۇ. ئاتتىن چۈشۈڭلار، قىيا تاشلار ئىچىدىن ئىزنى قوغلايلى، — دېدى.

ئاتلارنى بىرىگە تاپشۇرۇپ ئەلىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتى، قىيالارنىڭ ئارىسىدا كىچىك بىر پارچە يەرنى كۆردى. بۇ يەردە ئۈچ تۈپ سېرىق گۈل ئېچىلىپ تۇراتتى. بۇ يەرنىڭ توپىسى قارا، يۇمشاق ئىدى، سېرىق گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىدى. سېرىق گۈلنىڭ بىر تۈپى قىڭغىيىپ قالغانىدى. ئەلى بۇنى ئارقىدىكىلەرگە كۆرسىتىپ:



— بىلەمسىلەر، نېمە ئۈچۈن بۇ گۈل قىڭغىيىپ قېلىپ، باشقىلىرى تىك تۇرىدۇ؟ تۈنۈگۈن ئاخشام باكى بىرىسىم كېچىدە بىرى دەسسىۋەتكەن. قاراڭلار، چورۇقنىڭ يان تەرىپى، شۇ يەردە بىر ئىز قالدۇرۇپتۇ.

ئەلى قىيالىقلار ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈردى. ئابدى ئاغا ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا ماڭدى. ئۈچلۈق قىيا تاشنىڭ تۈۋىگە كېلىش بىلەن:

— مانا بۇ يەردىن ئارقىلىرىغا قايتىپتۇ. — دېدى.

ئۇلار ئاتلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئەمدى ئىزلار ئورمانلىققا قاراپ كەتكەن بولۇپ، ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئىزلارنى باشقىلارمۇ تېپىپ ماڭالايتتى. ئورمانلىقنىڭ چېتىگە كېلىش بىلەن ئەلى تۇرۇپلا قالدى. يۈزى سامانندەك سارغىيىپ، كۆلدەك تاتىرىپ كەتتى. كېيىن كۆكىرىشكە باشلىدى. ئىزلار ئورمانلىقتىكى قىيا تاشلار ئارىسىغا قاراپ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەنىدى. بۇ، قارىغۇلارچە مېڭىش ئىدى. نەگە مېڭىشنى بىلمىگەنلەرنىڭ مېڭىشى ئىدى. ئىز خېلىغىچە تۈپتۈز كەتكەن، كېتىۋېتىپ، يەنە باشقا تەرەپكە بۇرۇلغان، يەنە قايتىپ كەلگەنىدى. ئەلى بۇ ئىزلارنىڭ بىرقانچە قېتىم ئايلىنىپ، يەنە مۇشۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى بىلدى، ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. «مۇشۇ ئابدىنى ئورمانلىقنىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىپ باراي، بىچارىلەر قۇتۇلسۇن» دەپ ئويلىدى.

بىر دەرەخ يىلتىزىنىڭ تۈۋىدە ياپىېشىل ئوت ئۈنۈپ قالغانىدى. بۇ يۇمران ئوت دەرەخنىڭ يىلتىزى تەرەپكە قاراپ قىڭغىيىپ قالغان، ئوتنىڭ يىرىمى ئېزىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر پارچە ئوتۇن توپىغا كۆمۈلۈپ قالغانىدى.

يامغۇر باشقىدىن قاتتىق يېغىشقا باشلىدى. ئەلى توكۇر ئاتنىڭ يويۇقىنى ئېلىپ ئۈستىگە ئارتىۋالدى. باشقىلار جىم تۇراتتى.

— ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئەلى، ئىزنى يەنە يوقىتىپ

قويدۇغىمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئابدى ئاغا.
— ياق، مېڭىڭلار! — دېدى ۋە ئاتنى ئۇرمانلىققا باشلىدى. بۇ قېتىم راستتىنلا ئىزنى يوقىتىپ قويدى. ئابدى ئاغىغا قاراپ:
— ئىزنى يوقىتىپ قويدۇم، — دېدى.
— ھۇنىرىڭ شۇمىدى، ئەلى توكۇر! شۇنچىلىكمىدى؟ — دەپ غودۇڭشىشقا باشلىدى ئابدى ئاغا.
بولغۇسى كۈيۇ ئوغۇل ئەڭ ئارقىدا تاپانچا تۇتۇپ تۇراتتى...
ئەلى توكۇر ئابدى ئاغىنىڭ سۆزىگە خاپا بولۇپ كەتتى:
— ھازىر تايمەن ئىزنى، بۇلار مۇشۇ ئەتراپتا بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردە شۇۋىرغانغا ئۇچراپ قاپتۇ، بۇ يەردە خېلى ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. شۇڭا، ئىزنى يوقىتىپ قويدۇم.
ئەلى توكۇر خېلى ئىزدىگەندىن كېيىن ئىزنى تېپىۋالدى.
ئۇرمان قويۇق ئىدى. ئاتلار ماڭالمىغۇدەك ھالغا كەلگەنىدى. ئاتلارنى تاشلاپ قويۇشتى. ئۇلارنى پىيادە مېڭىشقا باشلىدى.
— مانا بۇ يەردىن بىر شاخ سۇندۇرۇۋاپتۇ، — دېدى ئەلى، — كېيىن ھاياجانلىنىپ كەتتى.
— يېقىنلاشتۇق، بۇ يەردىنمۇ بىر قۇچاق يۇلغۇن تۇپلاپتۇ، قۇرۇق يۇلغۇن. ئىز قىيا تاشلار ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.
ئەلى توكۇر بىلەن ئابدى ئاغىدىن باشقىسى چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. ئابدى بولغۇسى كۈيۇ ئوغۇلغا قاراپ:
— تېمىشقا يوپۇقۇڭنى ئالمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.
يىگىتنىڭ جاۋاب بەرگۈدەك ھالى يوق ئىدى، قولىدىكى تاپانچىسى چۈشۈپ كېتىدىغاندەك تىترەيتتى.
ئەلى توكۇر قىيا تاشلار ئارىسىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ھاياجانلانغانلىقىدىن تەپىسى بوغۇلاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقىلارمۇ يۈگۈرۈشتى.
— تاپتىم! — دېدى ئەلى، — شۇ يوغان قىيانىڭ ئاستىدا، ئاستا كېلىڭلار!
ئابدى ئاغا ئارقىدا كېلىۋېتىپ ۋارقىرايتتى:



— شۇ يەردىمۇ؟ تۈزۈك بىر نەرسە دېمەمچۇ، ئەلى!
ئەلى توكۇردىن سادا چىقمايتتى. ئابدى ئاغا ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى ۋە ئەلى تۇرغان يەردە تۇرۇپ كۆزىتىشكە باشلىدى. ئارقىدا قالغانلارمۇ بۇ يەرگە كېلىپ تىزىلدى.
ئەلى مۇنداق دېدى:
— بۇ يەردە ئوت يېقىپتۇ، شۇ يۇلغۇننىڭ ئۈستىگە كىيىملىرىنى يېيىپ قۇرۇتۇپتۇ، ئوتنى سەرەڭگە بىلەن ئەمەس، تارىشا گۈڭگۈرت بىلەن يېقىپتۇ...
ئەلى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە، قۇرۇق تويلىق يەرگىچە باردى. يەرگە ئېگىلىپ ئۇزاققىچە قارىدى. تويدا قىزنىڭ كەڭ، قاتتىق يانپىشىنىڭ ئىزىنى پەرق ئېتەلىدى. يانپىشىنىڭ سەل ئۈستىدە تاغاق سۆڭەكلىرىنىڭ ئىزى بىلىنىپ تۇراتتى.
— كېلىڭلار! — دەپ ئارقىسىدىكىلەرنى چاقىردى ئەلى، — كېلىپ كۆرۈڭلار!
ھەممىسى ئېڭىشىپ تويغا قارىدى. ئابدى ئاغا نېمە بولىدىغاندەك قىلىپ ئەلى توكۇرغا تىكىلدى.
— بولىدىغان ئىش بولۇپ بوپتۇ، — دېدى ئەلى.
ئابدى ئاغا بۇ سۆزنى چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ يەنە سورىدى:
— نېمە بوپتۇ؟
— قاراپ باق، ئاغا! بۇ، قىزنىڭ يانپىشىنىڭ ئىزى، ئاۋۇ بولسا تاغاقلىرىنىڭ... ئاۋۇ بېشىنى قويغان يەر... شۇ سىزىقلارغا قارىغىنا، بۇ يەرگە چاچلىرى چۇۋۇلغان... يەنى، ئاغام، قىزلىقى ئېلىنغان...
ئابدى ئاغىنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، بىرھازا جىم بولۇپ كەتتى، كېيىن ئاستا-ئاستا جانلىنىپ:
— سىڭىلچە، ئۇلار نەگە كەتكەندۇ؟ — دېدى.
— يىراققا كەتمىدى، ھازىرلا تاپىمىز.
كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى.
— قاراڭغۇدا قالمايلى، ئەلى، — دېدى ئابدى ئاغا.

— ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن كەتكىنىگە كۆپ بولسا ئىككى سائەت بولغاندۇ. بۇ قويۇق ئورمانلىقتا ئىككى سائەتتە قانچىلىك يول ماڭغىلى بولاتتى؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار ئاچ قورساق! ئىستىغان يېرىدە نان ئۇۋۇتقى يوق، يېگۈدەك نەرسىسى بولسىلا يېگەن بولاتتى.

بولغۇسى كۆيۈ ئوغۇل ئۈمىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەممە يېرىدىن سۇ ئاقاتتى. چىشلىرى كاسىلدايتتى.

— ئوت يېقىپ ئىسسىنۋالايلى، توڭلاپ ئۆلگۈدەك بولدۇق، — دېدى ئۇ.

— توڭلاپ ئۆلمىدىغان بولدۇق، — دېدى باشقىلارمۇ.

ئابدى ئاغا غەزەپ بىلەن:

— بىز ئۇلارنى ئىزدەيلى، سىلەر قىلىپ ئىسسىنىڭلار، توخۇ يۈرەك مەخلۇقلار! — دېدى.

ئۇلار ئەلى بىلەن بىللە ئورمانلىققا كىرىشتى. ئابدى ئاغا تاپانچىسىنى چىقاردى. بولغۇسى كۆيۈ ئوغۇل ئابدى ئاغىنىڭ خاپا بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئوت يېقىشتىن يالتىيىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

ئاستا - ئاستا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. ئەلى دەل ئىزنىڭ ئۈستىدىن ميڭمۇۋاتاتتى. ئىز شۇنچىلىك ئېنىق ئىدىكى، قاراڭغۇدىمۇ تاپقىلى بولاتتى. ئۇلار قاپقانغا چۈشكەنىدى: ھازىرلا قولغا چۈشەتتى. ئىزلار بارغانسېرى يېڭىلىنىپ باراتتى. بىر چاتقال ئارقىسىدىن شىلدىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشتى، قاراڭغۇلۇق بارغانسېرى قويۇقلاشتى.

— چاتقالنى قايرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئابدى ئاغا.

— مانا بۇ يەردە ئىكەن، — دېدى ئەلى.

بىردىنلا ئايالنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەممەتنى ئۆلتۈرمەڭلار، تۇتۇپ مېنىڭ ئالدىمغا ئەكېلىڭلار! ئۇنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن ... ئۇنى نېمە قىلىش كېرەك بولسا ئۆز قولۇم بىلەن قىلىمەن ... مەممەتنىڭ بىر تال مويىغىمۇ



تەگمەڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئابدى ئاغا.

مەممەت چاتقالنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈۋالغانىدى. قولى تاپانچىنىڭ تەپكىسىدە، تاپانچىسى بولسا ئوڭ يانچۇقىدا ئىدى. ھازىر ئۇ ھېچ نەرسىدىن، ھېچكىمدىن قورقمايتتى. خەدىچەگە قاراپ:

— قورقما، سېنى ئۇلارغا بەرمەيمەن! — دېدى.

چاتقالدىن چىقىپ تىك تۇردى، قورقۇش بىلەن ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلارغا قاراپ:

— تەسلىم! تەسلىم بولىمەن! — دېدى مەممەت.

— توختاڭلار! شۇ ئىتنىڭ قېشىغا ئۆزۈم باراي، — دېدى ئابدى ئاغا.

باشقىلار ئارقىسىغا داجىشقا باشلىدى. ئابدى ئاغا بىلەن بولغۇسى كۆيۈ ئوغۇل ئالدىغا چۈشتى. مەممەت بىر قارا سايىدەكلا كۆرۈنەتتى. ئەلى توكۇر سەللا بۇرۇن ئىز قوغلاپ تاپقانلىقى ئۈچۈن شۇنچىلىك خۇشال بولغانىدىكى، ئەمدى بۇ ۋەزىيەتنى كۆرۈپ دەھشەتلىك قايغۇغا چۆمدى. ئەزەلدىن شۇنداق بولاتتى. شۇ يەردىكى بىر كۆتەكنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بېشىنى قوللىنىڭ ئارىسىغا ئالدى، ئۆزىچە پىچىرلايتتى «مەن بۇ ئىشنى قىلمايمەن، ھەرگىزمۇ قىلمايمەن. ۋاي مەممەت!»

— ھەي نان كور، ھەي گاداي، ماڭا شۇنداق قىلدىڭما؟ خەپ سېنى، — دېدى ئابدى ئاغا. — يېرىڭغا ئېلىپ بارىمەن ... قالغىنىنى ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆر ...

دەل شۇ چاغدا «پاق» قىلىپ بېسىلغان تەپكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. لېكىن، ئوت ئالمىدى. ئابدى ئاغا ئارقىسىغا قاراپ غەزەپ بىلەن:

— ۋاي سىلەرگە دېدىمغۇ؟ ئۇنىڭغا زادىلا چېقىلماڭلار ...

مەممەت مىدىرلىماستىن تۇراتتى. يا ھاياجانلانمايتتى، يا قورقمايتتى. ئاتىنىڭ قېتىپ قالغانىدى. بۇ چاغدا شالۇۋۇرنىڭ ئوڭ يانچۇقىدىكى قولى سەل - پەل مىدىرلىدى. تاپانچىسىنى

ئاستا ـ ئاستا تاماكا قۇتىسىنى ئالغاندەك خاتىرجەم چىقاردى ۋە ئايدى ئاغىنغا قارىتىپ تۇغرىلىدى. خۇددى ھېچ نەرسە بولمىغاندەك خاتىرجەم ئىدى. ئىككى پاي ئوق ئاتتى. ئايدى ئاغا «ئۆلدۇم، ۋاي ئانام ...» دەپ يىقىلغاندا، تاپانچىسىنى بولغۇسى كۈيۈ ئوغۇلغا قاراتتى. ئۇنىڭغا ئۈچ پاي ئاتتى. ئۇمۇ «ۋايجان» دەپ يەرگە يىقىلدى.

مەمەت تاپانچىسىنى يانچۇقىغا سالدى ۋە سوغۇققانلىق بىلەن:

— خەدىچە مۇشۇ يەردە. ئۇنىڭ مويىغا تېگىدىغان بولساڭلار سىلەرگە كۆرگۈلۈكۈڭلارنى كۆرسىتىمەن، — دېدى ۋە خەدىچەگە قاراپ. — سەن ھازىرچە ئۆيگە كېتىپ تۇر، مەن كېيىن كېلىپ سېنى ئەكېتىمەن، بىشىمىزنى ئېلىپ ھېچكىم بىلمەيدىغان يەرگە كېتىمىز. سەن توپتوغرا ئۆيگە قايتىپ كەتكىن، بۇلار ساڭا چېقىلالمايدۇ.

ئۇلار مەمەتكە قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى. مەمەت بۇنىڭغا ھەيران قالدى. چۈنكى، مەمەت ئاللىبۇرۇن يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئوقنى قاراڭغۇلۇققا ئېتىشاتتى.

يېرىم كېچىگە يېقىن ئورمانلىقتىن چىقتى.

تېخى سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

## 10

ئىشىك ئاستا قورقۇپىراق ئۇرۇلدى، بىردەم توختاپ يەنە ئۇرۇلدى.

ئايال ئېرىنى ئويغاتتى:

— ھەي، تۇرغىنا، ئىشىكنى بىرى قېقىۋاتىدۇ.

ئۇيقۇلۇق ئەر كىشى بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇشقا تەمشەلگەندىن كېيىن يەنە بېشىنى ياستۇققا تاشلىدى. بۇ قېتىم ئىشىك قاتتىقراق ئۇرۇلۇشقا باشلىدى.

— ئورنۇڭدىن تۇرساڭچۇ! بىرى ئىشىكنى ئۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئايال.

ئەر غودۇڭشىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە سەنتۈرۈلۈپ ئىشىكنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— مەن! — دېدى تىترىگەن بىر ئاۋاز ۋە كېلىشنى قىرىپ قويدى.

— كىمسەن؟

— ئىشىكنى ئاچ، مېنى تونۇيسەن!

ئەر كىشى ئىشىكنى ئاچتى:

— ئۇنداق بولسا كىرگىن.

تاشقىرىدىكى ئادەم سەنتۈرۈلۈپ ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ ئىدى ...

— خوتۇن، چىراغنى يېقىۋەت، مېھمان كەلدى. — دېدى ئۆي ئىگىسى.

بىرھازادىن كېيىن چىراغ يېقىلدى. چىراغنى يېقىپ بولۇپ ئايال ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. مېھماننىڭ ئۇستىبېشىدىن سۇ ئاقاتتى. كىيىملىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار چىلىق ـ چىلىق سۇغا چىلاشقان مېھمانغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى.

ئايال نېمە ئۈچۈندۇر بۇ مېھماندىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى. تۇرۇۋېلىپ ئۇبدان قارىدى. بويىغا سەپسالدى، كۆزلىرىگە، چاچلىرىغا قارىدى. بىراق تونۇيالمىدى.

— بۇ مېھماننى تونۇغاندەك قىلىمەنۇ، بىراق ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن، — دېدى.

ھەر دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان بۇ ئەر كىشى يەنە كۈلۈمسىرەپ:

— ماڭىمۇ تونۇشتەك قىلىدۇ. مېنىڭمۇ ئېسىمگە كەلمەيۋاتىدۇغۇ؟ بۇ مېھمان كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ. نەدە كۆرگەندىمەن؟ — دېدى.

مېھماننىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ قارىدى.

— بىلمەيۋاتىمەن، تونۇشلا بىر چىراي، بىراق بىلەلمىدىم، — دېدى ـ دە، ئايالىغا قاراپ، — خوتۇن، بۇ مېھمان توڭلاپ كېتىپتۇ، يۈتۈن ئەزايى سۇ، تېز ئوت يېقىۋەتكىن، — دېدى.

— قېنى مېھمىنىم، زادى كىم بولسەن، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈۋاتىسەن، بىراق ئەسلىيەلمەۋاتىمەن، — دېدى.

— تاغا ! — دېدى مېھمان، — مەن مەمەت ئاۋاق.

سۇلايمان تېرىقى ئۆيدىن ئوتتۇن ئاچىقىۋاتقان ئايالىغا ۋارقىرىدى:

— خوتۇن، قارىغىنا، كىم ئىكەن ! بىر قاراپ باق !

— كىم ئىكەن؟ — دەپ ھاياجانلىنىپ سورىدى ئايال.

— بىزنىڭ مەمەت ئاۋاق ! ماشائاللا. ئۇكوزدەك چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، چويىچوڭ يىگىت بولۇپ قاپتۇ. مەن مۇشۇ كۈنلەردە تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا سېنىڭ گېپىڭنى قىلىپ قويماتتىم. بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ دېيتتىم. دېمەك، كۆڭلۈم تۇيۇپتىكەن ـ دە.

— ۋاي بالام، — دېدى ئايال، — سۇلايمان تاغاڭ تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا سېنىڭ گېپىڭنى قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

سۇلايمان بەكمۇ قېرىپ كەتكەنىدى، ئۇسۇپ، ئاقىرىپ كەتكەن قاشلىرى كۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ساقىلىمۇ ئۇزۇن ئىدى. بىر تۇتام پاختىدەك بۇ ساقال سۇلايمانغا ھەيۋەتلىك تۈس بەرگەنىدى.

ئايال بىر قۇر كىيىم ئاچىقىپ مېھماننىڭ ئالدىغا قويدى:

— ئۇستىڭدىكىنى سېلىۋېتىپ، مۇنۇلارنى كىيگىن، زۇكام بولۇپ قالىسەن.

مەمەت ئۇنىڭ قاراڭغۇ بولۇڭغا بېرىپ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلىدى. كۆڭلەك، ئىشتان بىلەنلا ئوچاق بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— خوش؟ — دېدى سۇلايمان.



— سىلەرنى شۇنچىلىك سېغىندىم، بىراق ئىلاج قانچە ! يىزىچىلىق ... — دېدى مەمەت.

سۇلايمان مەمەتكە چاقچاق قىلدى:

— ھېلىقى يېزىغا تېخى بارالمىدىڭمۇ، مەمەت؟

مەمەت ئاچچىق ـ ئاچچىق كۈلۈپ: «بارالمىدۇق» دېگىنىدە، مېڭىسىنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر توپ سېرىق ئۇچقۇن يارقىراپ كەتتى.

— سورىغان ئەيىب بولماس، بۇ كېچىدە نېمە ئىش بولدى مەمەت؟

— ئەمدى سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى مەمەت، — دەردىمگە دەرمان بولارمىكىن دەپ قېشىڭغا كەلدىم. دۇنيادا سەندىن باشقا ماڭا ياردەم قىلغۇدەكمۇ ھېچكىم يوق.

— توڭلاپ كېتىپسەن، بالام، بىر چىنە كۆجە ئۇسسۇپ بېرەي، ئىچىۋال، توڭلاپ كېتىپسەن، — دېدى ئايال.

مەمەت كۆجە قاچىسىنى قولىغا ئېلىش بىلەن شۇنچە يىللار بۇرۇن مۇشۇ ئوچاقنىڭ مۇشۇ بۇرجىكىدە خۇددى بۇگۈنكىدەك توڭلاپ كىرگەندە ئىچكەن كۆجىسىنى ئويلىدى. ئۇ چاغدا يالغۇز ئىدى ۋە قورقاتتى. ھەممە نېمىدىن قورقاتتى. ئورمانلىق بېشىغا كېلىلگەندەك قورقاتتى. ھازىر جاسارەتلەنگەن، قەتئىي قارارغا كەلگەنىدى. دۇنياغا كۆز ئېچىپ، تەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىغانىدى. قىلغان ئىشىدىن زادىلا پۇشايمان قىلمايتتى.

— سىلەر ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىڭلار، مەن چىقىپ ياتاي، — دېدى ئايال.

ئايال ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن:

— قېنى سۆزلە، مەمەت بالام، — دېدى سۇلايمان.

— ئابدىنى ئېتىۋەتتىم، جىمەنىنىمۇ ئاتتىم.

مەمەتنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆز چىقىشى بىلەن سۇلايمان ھەيران بولۇپ:

— قاچان؟ — دەپ سورىدى.

— بۈگۈن قاراڭغۇ چۈشكەندە، — دېدى.

— راست دەۋاتامسەن مەمەت؟ — دەپ ئىشەنمەي سورىدى سۇلايمان، — ھېچ ئادەم ئۆلتۈرگەن تۇرقۇڭ يوق.

— شۇنداق بولۇپ قالدى. قانداق قىلىمەن. تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ.

مەمەت سۇلايمانغا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ بەردى.

خوراز چىللاشقا باشلىدى. سۆزنى تۈگەتكەندىن كېيىن سۇلايمان:

— قولۇڭغا دەرد كەلمىسۇن، بالام، ياخشى قىپسەن. ھە، ئەمدى نېمە قىلماقچىسەن، دېگىنە؟

— ھەرھالدا ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ تەسلىم بولمايمەن، تاغقا چىقىپ كېتىمەن.

— سەن بۈگۈن يېتىپ دەم ئال، قالغان ئىشلارنى ئەتە ئويلىشىپ كۆرەيلى.

— مېنى ئۇلار بۇ يەردە قولغا چۈشۈرۈۋالمىسۇن يەنە؟

— ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، يۇرتىنىڭ تۆۋەندىكى يېزىغا كېلىپ سوقۇنۇۋېلىشنى كىم ئويلىسۇن.

— شۇنداق! — دېدى مەمەت، — ئۇلار سېنى ئىزدىسە، يىراق يېزىلاردىن، تاغلاردىن ئىزدەيدۇ ...

قات - قات دەستىلەنگەن گۈللۈك تاغارلار تامغا يۆلەپ قويۇلغانىدى. سۇلايمان مەمەتنى چاقىرىپ:

— كەل، مەمەت، شۇ تاغارلارنى بېرى تارتايلى، نېمە بولىدۇ، نېمە ئەمەس، بىز يەنىلا تەدبىرلىك بولۇشىمىز كېرەك. تاغارلارنىڭ ئارقىسىغا ساڭا ئورۇن سېلىپ بېرەي.

خېلى ۋاقىت تەرلەپ، تەپچىرەپ ئاران دېگەندە تامنىڭ تۆۋىدىن بىر ئادەم پاتقۇدەك يەرنى ئېچىشتى. تاغارلارنىڭ



ئارقىسىغا بىر كىشىلىك ئورۇن ھازىرلىغاندىن كېيىن سۇلايمان شۇنداق دېدى:

— كىرىپ يات! خالىساڭ بىر ئاي يات. بۇ يەردىن ھېچكىم گۇمانلانمايدۇ. ئۈستۈڭگە بىر پالاس ئارتىپ قويساملا بولىدۇ. خالىغىنىڭچە يېتىۋېرىسەن.

مەمەت ھېچ نەرسە دېمەستىن ئورۇنغا كىرىپ ياتتى.

سۇلايمان ئىشىكنى ياخشىلاپ تاقىغاندىن كېيىن ئورنىغا كىرىپ ياتتى. ئۇخلاپ قالغان ئايالىنى ئويغىتىپ:

— ماڭا قارا! — دېدى، — مەمەتنىڭ ئورنىنى تاغارلارنىڭ ئارقىسىغا سېلىپ بەردىم. مەمەتنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى كېلىنىڭگە، ئوغلۇڭغا، ھېچكىمگە دېمەيسەن!

ئايالى «بولىدۇ» دېدى - دە ئۇيقۇغا كەتتى.

مەمەت ئورنىدا يېتىپ خېلىغىچە خەدىچەنى ئويلىدى. ئابدىنىڭ تولغىنىپ يىقىلغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئابدى مۇنداق بولۇشنى ھېچ كۈتمىگەنىدى. جېسەتنىڭ ۋارقىرىشىنى، قوللىرى بىلەن توپىلارنى، يەردىكى شاخلارنى، توپىلارنى قاماللىشىنى ۋە كېيىن بىردىنلا قان ئىچىدە سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شۇ چاغدا بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالغانىدى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا ئوق ئېتىۋاتسا، ئۇ ئادەم بېشىنى قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ بىر كۆتەكنىڭ ئۈستىدە غەمكىن لىڭشىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ زور قايغۇ ئىچىدە بىئارام بولۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ زادى كىم؟ بۇنىڭغا ئەقلى يەتمەيتتى.

كېيىنچە ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇدى. گويا يىغىمدىن تۇغۇلغاندەك كاللىسىدا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ھېچ نەرسە بولمىغاندەك ئۇخلاپ قالدى.

كەيپى جايىدا ئويغاندى. يولغان ئىش بولغانىدى. تۈنۈگۈن ئاخشام بولغان ئىشلارنى ئويلىغاندا، ھېلىقى يىگىتنىڭ ئۆچمەك ئۇچقۇن كۆزىدە چاقنىدى.

— ماڭا قارا، مەمەت، — دېدى سۇلايمان، — مەن ئەتىگەن تۇرۇپ يېزىنى ئارىلاپ چىقتىم. ئايدىڭنىڭ ئېيتىلغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار بۇ يەرلەرنىمۇ ئىزدىشى مۇمكىن. بۈگۈن كېچە مەن بىلەن تاغقا چىقىپ قاراقچىلارنى تاپايلى.

مەمەتنىڭ خۇشال بولغانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. سۇلايمان مەمەتكە قاراپ شۇنداق دېدى:

— تۇردى تەلۋە بىزگە تۇغقان كېلىدۇ، ياخشىلىقىمنى كۆپ كۆرگەن. شۇڭا سېنى قوغداپ قالىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق تۇرما. ئۇ ئىتنىڭ ئۆزى. ئۇنى بەرىبىر تاغدا ئۇزاق ياشاتقۇزمايدۇ. قانداق قىلىپ بولسۇن ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. ئۇنىڭغا ئوخشاش قاراقچىنىڭ تاغدا بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ قېلىشى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش. بىراق، ئۇنىڭدا بىر خىسلەت بار. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇنىڭ كۈنى ئۇزاققا بارمايدۇ. ئۇ ئورنۇڭنى تېپىۋېلىپلا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا ھەرىكەت قىل. ئىشقىلىپ، بىر - ئىككى ئاي مەشىق كۆرۈپ قالارسەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈڭ بىر ئەترەت قۇرۇۋالساڭ بولىدۇ. ماڭا قارا. ساڭا تاپىلاپ ئېيتايىكى، ئۇ ئىت بىلەن ئۇزاق ۋاقىت بىللە يۈرمە. ئۇ باتۇر ئەمەس، بۇلاڭچى ئوغرى ... سېنى دېمىسەم يۈزىگىمۇ قارىمىغان بولاتتىم. ئەسلىدە بۇ تۇردى تەلۋە ياخشى بالا ئىدى، ئۇنى يېزىلىقلىرى بۇزدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆز يېزىسىغا مېھمان بولۇپ بارغاندا ئۆز يېزىلىقلىرى ئۇنى تەلۋىلەرچە يېگۈزۈپ - ئىچكۈزۈپ، ساقچىلارغا تۇتۇپ بېرىپتۇ. مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلۇپتۇ. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ بۇزۇلدى. نېمە بولسۇن، بىر - ئىككى ئاي ئۇنى سەن باشقۇرغىن.

— تۇردى تەلۋىنىڭ ئەترىتى چوڭمۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— بۇ يەرلەردە قانچىلىك ئىت بولسا، شۇ يەرگە توپلانغان،



داردىن، تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەترابىغا يىغىلغان. ماڭا قارا، ئوغلۇم مەمەت، ساڭا بىر - ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلاي، ياخشى ئاڭلا. سەن تېخى ياشسەن، لېكىن چېنىققان. ئۇزاققىچە تاغلاردا قالامسەن - قالمامسەن، بۇنى بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ. ئەگەر ئۆزۈڭگە پايدىلىق ھېسابلىساڭ سۆزۈمنى ياخشى ئاڭلا. قاراقچىلار بىلەن كۆپ ئارىلاشتىم، بىللە يېتىپ - قوپتۇم، ئۇلارنى ياخشى بىلىمەن. كۆپلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئەترەتكە كىرىمەن - كىرمەيلا ھەممىسى بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتمە. ئۇلار بىرىنىڭ بىلەنلا سەن بىلەن دوست بولۇشنى خالايدۇ. ساڭا ياخشى ۋە سىلىق مۇئامىلىدە بولىدۇ، دوستتەك كۆرۈنىدۇ. ساڭا قىزىقىدۇ، دەردى بارلىرى ساڭا دەردىنى تۆكىدۇ. ئادەملەر ئومۇمەن شۇنداق بولىدۇ. سەن ھېچقاچان سىرىڭنى ئاچماسلىقىڭ، ئېچىلىپ - يېيىلىپ كەتمەسلىكىڭ كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇلارغا بەرگەن تەسىرىڭ ياخشى بولىدۇ. ئېغىر - بېسىق بولۇشۇڭ كېرەك. قاراقچى بولۇشتا ئەترابىڭدىكىلەرگە تەسىرىنى ئۆتكۈزۈش شەرت. ھە، نېمە دەۋاتاتتىم، بىربىلا ھەممىسى بىلەن تونۇشۇپ، يېقىنلىشىپ كېتەي دەپ ئويلىما. بىر ئاجىزلىقىڭنى تۇتقۇزۇپ قويساڭلا بولدى، ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە ھېچ نەرسە قىلالمايسەن، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر تىيىنلىك ئابرۇيۇڭ قالمايدۇ. كۆڭلىڭنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى تونۇۋالىسەن. ئادەمنىڭ سۆزىگە قاراپ ئەمەس، ئەمەلىيىتىگە قاراپ باھا بەرگىن! شۇنىڭدىن كېيىنلا دوست بولغۇدەك ئادەمنى تاللاپ تېپىپ دوست بول. يېنىڭدا ئۈچىنى قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ قويغان كۈنۈڭ ئۆزۈڭنىڭ ۋەيران بولغان كۈنۈڭ بولىدۇ. تۈرمە بىلەن تاغنىڭ قىلچە پەرقى يوق، ھەر ئىككى يەردە باشلىقلار بولىدۇ. باشقىلار شۇ باشلىقلارنىڭ قولى، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى قوللىرى ... باشلىقلار ئادەمدەك ياشايدۇ، باشقىلار ئىتتەك ... سەن باشلىق بولىسەن. بىراق سەن باشقىلارنى قولدەك ئىشلەتمە.

ئۇ سىنىڭ ھاياتىڭكى سىرىڭ بولسۇن. سەن بىرىش بىلەنلا تۇردى تەلۋە بىر تاپانچا بېرىدۇ. باشقا قوراللارغا ئاستا - ئاستا ئىگە بولىسەن. مەن ھازىر بېرىپ تۇردى تەلۋىنىڭ قەيەرلەردە يۈرگەنلىكىنى بىلىپ كېلەي.

بۇ يىغىلىقلاردىن بىرى تۇردى تەلۋىنىڭ نەرسىلىرىنى سىغدۇرۇپ بېرەتتى، سۈلايمان شۇنىڭ ئۈيىگە باردى. ئۇنىڭدىن تۇردى تەلۋىنىڭ تۇرغان يېرىنى بىلىپ كەلدى.

تۇردى ئۇدۇلدىكى ئاقسۆگەت يېزىسىدىن ئىدى. سۈلايمان ئۇنى بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ بىلەتتى. دادىسى سوقۇشقا كەتكەن پېتى قايتىپ كەلمىگەن. ئازراق تۇغقانچىلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن سۈلايمان ئۇنىڭغا ۋە ئانىسىغا ياردەم قىلغان، تۇغرىسىنى ئېيتقاندا، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتمەسلىكلىرىگە سەۋەبچى بولغانىدى. ئۇ بالا ۋاقتىدىلا ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان قۇلاق كەستىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

بەش يىلدىن بېرى تاغدا ئىدى. ئوت قويىلمىغان ئۆيى، ۋەيران قىلىنمىغان ئائىلىسى قالمىغانىدى. بۇ تەرەپلەردىكى دېھقانلار ئۇنىڭدىن زار - زار قاقشايتتى. ئۇنىڭ دەستىدىن يوللاردا ئادەم ماڭالمايتتى. ئۇچرىغانلا ئادەمنىڭ بار - يوقىنى پاك - پاكىز بۇلاپ كېتەتتى. ھەممە نەرسىسىنى، ھەتتا ئىشتانلىرىنىمۇ سالدۇرۇۋالاتتى. بۇ تەلۋە دوستلۇق، تۇغقانچىلىق دېگەننى بىلمەيتتى. قېرىنداشلىرىنىڭ، ھەتتا ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايتتى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن سۈلايمان مەمەتنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتىن قورقاتتى. تۇردى تەلۋە خىيالىغا كەلسە بۇ بالىنى ئېتىپ تاشلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

سۈلايمان مەمەتكە شۇنداق دېدى:

— بۇ تەلۋە ئىتنىڭ تۇرغان يېرىنى بىلىپ كەلدىم. تومان تېغىدا ئىكەن. بىز تومان تېغىغا چىقىپ ئۈچ پاي ئوق ئاتىمىز، تۇردى تەلۋىنىڭ ئادەملىرى كېلىپ بىزنى ئەكېتىدۇ. مەنغۇ بۇ تەلۋىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيمەن ... تېمە بولسۇن ...



ھۆرمىتىمنى قىلىدۇ. كاشكى، يېقىن ئەتراپتا باشقا قاراقچىلار ئەترىتى بولغان بولسىدى ...

كۆن ئۆلتۈرغاندىن كېيىن سۈلايمان ئالدىدا، مەمەت كەينىدە يولغا چىقتى. يېزىدىن چىقىپلا سۈلايمان كەينىگە قاراپ:

— ھەي مەمەت! ئەمدى سەن قاراقچى بولسەن، بىزنىڭ ئۆيگە ھۇجۇم قىلىپ يۈرمە جۇمۇ؟ — دېدى.

— ئالدى بىلەن سىلەرنىڭ ئۆيىنى بۇلايمەن، بۇ قاراقچىلىقنىڭ شەرتىپى. مەن تۇردى تەلۋىنىڭ ئەترەت ئەزاسى ئەمەسمۇ؟

سۈلايمان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— شۇنداقمۇ تېخى! — دېدى.

— توغرا ئەمەسمۇ؟ — دەپ سورىدى.

سۈلايماننىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى.

— مېنىڭ مەمىتىم، — دېدى، — يامان ئىش قىلغان بولساڭ، ئابدىدىن باشقا ھەرقانداق بىرسىنى ئۆلتۈرگەن بولساڭ ئىدىڭ، ئۆز قولۇم بىلەن ھۆكۈمەتكە تۇتۇپ بەرگەن بولاتتىم.

— مەنمۇ باشقا ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە قىيمايتتىم، — دېدى مەمەت.

سۈلايمان تۇرغان يېرىدە توختاپ مەمەتنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ، كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ماڭا قارا، ئوغلۇم مەمەت، گۇناھسىز ئادەمنى، ئازراق گۇناھ قىلىپ قويغان ئادەمنى يول ئۈچۈن ئۆلتۈرىدىغان بولساڭ ئىككى قولۇم ياقاڭدا قالسۇن!

مەمەت ئادەتتىن تاشقىرى پەس ئاۋازدا:

— بۇنىڭدىن كېيىن ئادەم ئۆلتۈرمەيمەن، — دېدى.

سۈلايمان ئۇنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەرمەستىن:

— ئەگەر يەنە بىر ئابدى ئاغىغا يولۇقۇپ ئۇنى ئۆلتۈرمىسەڭ، يەنىلا ئىككى قولۇم ياقاڭدا بولسۇن! يۈز ئابدى ئاغىنى يولۇقتۇرساڭ، يۈزىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرگىن ...

— گېپىم گەپ ! — دېدى مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ، — يۈزىگە يولۇقسام، يۈزىنى ئۆلتۈرىمەن ...

يامغۇر ئەتىگەندە توختىغان، تۇزلەڭلىك پاتقاق ئىدى. ئۇلار تاغقا چىقىپ كېتىۋاتاتتى. يول شېغىللىق، ئۇششاق تاشلار يۇتلىرىنىڭ ئاستىدىن سىيرىلىپ چۈشەتتى. ھاۋادا چىرىگەن دەرەخنىڭ، ئاچچىق گۈل ۋە ئوت - چۆپلەرنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ئاسماندا چوڭ - چوڭ يۇلتۇزلار ... ھەربىر يۇلتۇزنىڭ ئەتراپىنى بىر يورۇق ھالقا ئوراپ تۇراتتى ... ئوغلاقتەك مەرەيدىغان بىر قۇش بار ئىدى. ئەنە شۇ قۇش بەزىدە مەرەپ قوياتتى. سەل يۇقىرى چىققاندا ھۇۋقۇش ھۇۋلاشقا باشلىدى.

تومان تېغىنىڭ چوققىسىغا چىققاندا، سۇلايمان:

— مەمەت، تاپانچاڭنى چىقىرىپ ئۈچ پاي ئوق ئات ! — دېدى.

سۇلايمان ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يەرگە ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ دېمى سىقىلاتتى.

— ئۇھ ! ... ئۇھ قېرىلىق ... ئىسىت ياشلىق ! — دېدى.

بۇ چاغدا مەمەت ئاسمانغا قارىتىپ ئۈچ پاي ئوق ئاتتى.

ئۇزاقتىن، قىيالىقلاردىن جاۋاب تەرىقىسىدە بىر پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋاي، ۋايجان تىزلىرىم ! — دەپ ئورنىدىن تۇردى سۇلايمان، — قېنى بالام، شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭايلى.

مەمەت سۇلايماننى قولتۇقلاپ ماڭدى.

دەل ئۇلارنىڭ يېنىدا بىر پاي ئوق ئېتىلىش بىلەن توختاپ قېلىشتى.

— نېمە ئىش، ئىتنىڭ باللىرى! مېنى ئاتماقچىمۇ سىلەر؟ — دەپ ۋارقىرىدى سۇلايمان.

— كىم ئۇ؟ — بىر ياش ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھەي، بۇ يەرگە كېلىپ بىزنى تەلۋىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بار، — دېدى سۇلايمان.

ئوڭ تەرەپتىكى قىيا تاشنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئادەم چىقىپ:



— ئوق ئاتقان سىزمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— بىز ئىدۇق، تەلۋە نەدە؟ تەلۋىنى ماڭا كۆرسەتكىن، — دېدى سۇلايمان بوم ئاۋازدا.

— خوجايىنغا كىم كەلدى دەيمەن؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى.

— كەسمە يېزىسىدىكى سۇلايمان تاغا، دېگىن.

— خاپا بولما، سۇلايمان تاغا، ئاۋازىڭنى تونۇمايتىمەن.

— قېرىلىق، ئوغلۇم، — دېدى سۇلايمان، — ئادەمنىڭ ئاۋازىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن. سەن كىم بولىسەن، ئوغلۇم؟ مەنمۇ تونۇيالمىدىم.

— كاراجا ئۆرەندىكى مۇستۇقنىڭ ئوغلى جاپپار بولىمەن. مەن دادام بىلەن سىزنىڭ قېشىڭىزغا چوم تىكتۈرۈش ئۈچۈن بارغانىدىم، ئۇ چاغدا بىزگە ھەم چوم تىكىپ بېرەتتىڭىز، ھەم ناخشا ئېيتىپ بېرەتتىڭىز.

— ئاجايىپ ئىش، — دېدى سۇلايمان، — سەنمۇ قاراقچى بولۇپ كەتتىڭمۇ، زادىلا ئاڭلىماپتىمەن.

— بولۇپ قالدۇق - دە، — دېدى ۋە تۇردىغا ۋارقىرىدى، — كەسمە يېزىسىدىكى سۇلايمان تاغا ئىكەن.

ئاۋاز قىيالاردا ئەكس سادا قوزغىدى.

غارغا ئوخشاپ كېتىدىغان چوڭ بىر قىيا تاش ئاستىدا گۈلخان يېنىۋاتاتتى. گۈلخان ئەتراپىدا يەتتە - سەككىز كىشى ملتىقلىرىنى تازىلاۋاتاتتى. ياندىكى قىيا تاشلار خۇددى قاپاق تېرەكتەك ئېگىز ئىدى. يېنىۋاتقان گۈلخان قىيا تاشلار ئۈستىدە ھەر خىل قورقۇنچلۇق شەكىللەرنى ھاسىل قىلاتتى. مەمەت قىيا تاشلارنى، ئادەملەرنى، قورallارنى، ئوتلارنى مۇنداق ئوچۇق كۆرۈش بىلەن كۆڭلى ئاجايىپ بولۇپ قالدى.

قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن كەلگەن ئاياغ تاۋۇشلىرىنى ئاڭلاش بىلەن گۈلخان ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن بىرى ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ بويى ئېگىز ئىدى. ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى ئۇزۇن شەكىللەر

بىلەن قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ سىدىرلاشقا باشلىدى. بۇ ئادەم تويتوغرا كېلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

— بىز كېلىۋاتقان يىزنىڭ تەلۋىىغۇ دەيمەن، — دېدى سۇلايمان.

— شۇنداق، تۇردى ئاغام ... — دېدى جايپار.

تۇردى ۋارقىراپ كەتتى، ئاۋازى قوڭغۇراقتەك جاراڭلايتتى:

— خوش كەپسەن، سۇلايمان تاغا ! بۇ كېچىدە نېمە ئىش بولدى؟ بىزگە قوشۇلۇش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ، سۇلايمان تاغا؟ — دېدى ۋە سۇلايماننىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆيدى.

— ۋاي تەلۋە، — دېدى سۇلايمان — سېنى بۇ تاغلارنىڭ پادىشاھى بوپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم. خالىغانچە چېپىپ - قىرىپ يۈرۈپسەن ...

— شۇنداق بولدى، سۇلايمان تاغا ! — دېدى، — خۇدا ھەققى، ئەنە شۇ تۆۋەنكى يوللاردىن ئادەم ئۆتكۈزمەيمەن. يېقىندا ئادەم ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلدىم. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرلەرگە ئادەم قەدىمى تەگمەيدۇ. بۇ يەردىن ماراشقىچە بولغان يولنىڭ ھەممە بېجىنى ئۆزۈم ئالىمەن، ئاقسۆگەت يېزىسى مېنى تونۇپ قويسۇن ! تۇردى تەلۋىنىڭ كىملىكىنى بىلىپ قويسۇن !

— يەنىلا تەلۋىدەك سۆزلەشكە باشلىدىڭ، — دېدى سۇلايمان.

— ئەگەر ئۇلار مېنى يەنە خاپا قىلسا ئاقسۆگەت يېزىسىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋېتىمەن، يەر بىلەن يەكسان قىلىمەن، ئورنىغا ئېشەك مەدىكى تېرىيمەن، — دېدى تۇردى.

— مۇنداق سۆزلىرىڭنى قوي، تەلۋە ! — دەپ دوق قىلدى سۇلايمان.

— ئۇنداقتا سېنىڭ مەندىن خەۋىرىڭ يوق ئىكەن - دە، — دەپ غودۇڭشىدى تۇردى، — خەۋىرىڭ يوق ئىكەن.

— خەۋىرىم بار، — دېدى سۇلايمان، — خەۋىرىم بولمامدىغان نەس تەلۋە، قاراقچىلىقنى بىر تىيىن قىلىۋەتتىڭ.

— يەنە يىرىنەچچە يىل ئۆتسۇن، مەن باي بولاي،



قاراقچىلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئاندىن بىلىسەن !

— ئۇ چاغقىچە مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، قاراقچىلىقىڭنى كۆرەلمەيمەن. ھازىرچە ئوغرىلىق بىلەن داڭ چىقاردىڭ.

— كۆرىسەن، تېخى كۆرىسەن، — دېدى تۇردى.

سۇلايمان خاپا بولۇپ:

— مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساڭ، مۇشۇ ئاغزىڭ بولسىلا ھەي تەلۋە، سېنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. سېنىڭ ئۆلۈكۈڭنىلا كۆرىمەن. ياشلىقىڭغا ۋاي، ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، مەن سېنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن ! — دېدى.

— ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلمەمدىمەن، بىلمەيدۇ دەپ ئويلامسەن؟ يولداشلىرىمدىن سوراپ باق، ھەر كۈنى گېپىڭنى قىلىمەن، سۆزىكىمنى خۇدايىم يارانقان، گۆشۈم سۇلايمان تاغامنىڭ دەيمەن، — ئۇ ئەترايىتىكىلەردىن سورىدى، — شۇنداق ئەمەسمۇ سەپداشلار !

— شۇنداق، — دېيىشتى باشقىلار.

— مەن سېنىڭ سەۋەبىڭلا قاراقچى بولۇپ كېتىشىڭنى خالىمايمەن. خوش، ئېيتقىنا، سەن نېمە ئۈچۈن تاغقا چىقتىڭ؟ شۆھرەت ئۈچۈن، بۇ قاملاشمايدۇ. تۇردى ! بۇ تەلۋىلىك.

— ئولتۇرغىن، سۇلايمان تاغا ! ئولتۇرۇپ چاي ئىچكىن.

سۇلايمان تىزلىرىنى تۇتۇپ ئاران ئولتۇردى:

— بۇ ياشلىق ئەمدى قايتىپ كېلەمدۇ؟ ! ۋاي ھارىممىلار، سىلەر ياشلىقىڭلارنى تاغلاردا چىرىتىتىڭلار، — دېدى - دە، تۇردىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— جاننىڭ قەدرىنى بىلمەيدىكەنسەن، تەلۋە، بۇ پىچانلارنى نەدىن يىغىپ كەلدىڭ؟

گۈلخان ئەترايىدىكى خامان ئورنىدەك يەرگە پىچان سېلىنغانىدى ۋە قېلىن تۆشەك قىلىپ يېيىتىلغانىدى. كېچىلىك ھاۋاغا پىچاننىڭ خۇشبۇي پۇرىقى تارقالغان. پىچاننىڭ تۆرىسۇ، پۇرىقىمۇ يۇمشاق بولۇپ، كىشىنى مەست قىلاتتى.

تۇردى مەغرۇرلىنىپ:
— سىزنىڭ سايەڭدە ھەممىنى تاپىمىز، تاغا، بۇ تاغلار بىزنىڭ، — دېدى.
سۇلايمان قاقاقلاپ كۈلۈپ:
— ۋاي تەلۋىيەي ! دېمەك، يىچانلارنىڭمۇ ئۈشرىسىنى ئالىرىيسەن ـ دە !
مەمەت ھەممىگە دىققەت قىلاتتى. قاراقچىلارنىڭ ھەممىسى قىزىل فەس كىيىۋالغانىدى. قىزىل فەس كىيىش تاغلاردا ئادەت ئىدى. قىزىل فەس قاراقچىلارنىڭ بەلگىسى ئىدى. قالپاق ياكى شەپكە كىيگەن قاراقچى يوق ئىدى. لېكىن، بۇ فەسنى بۇ تاغلاردا كىمنىڭ ئىجاد قىلغانلىقى مەلۇم ئەمەس. شىلەپە ئىنقىلابىدىن كېيىن كىمنىڭ كىيگەنلىكىمۇ ئېنىق ئەمەس، بەلكى شىلەپە ئىنقىلابى بولۇۋاتقان چاغدا تاغلاردا قاراقچىلار بولۇپ، ئۇلار فەسنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەكلىكىنى ئاڭلىماي قالغاندۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تاغقا چىققان ئادەملەر بېشىغا فەس كىيىپ يۈرگەندۇ.
سۇلايمان ئولتۇرۇش بىلەن ھەممە قاراقچى يىغىلدى. سالام بەرگەندىن كېيىن ھەممىسى ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ چىقتى. مەمەتكە ھەيران بولۇپ قاراشتى. مەمەت سۇلايماننىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋالغان، بېشىنى مۇرىسى ئىچىگە تىقىپ تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى.
— بۇ بالىنى يېلمەكچى بولساڭلار، ئىسمى مەمەت ئاۋاق، قولىدىن قاتىللىق قىلىش كېتىۋ، شۇڭا سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا ئەكەلدىم، — دەپ مەمەتنى تونۇشتۇردى سۇلايمان. بۇ چاغدا مەمەت يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنى كىچىكلەپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. تۇردى بىر بالىغا، بىر سۇلايمانغا قاراپ ھەيران بولۇپ سورىدى:
— بىز بىلەن بىللە بولامدۇ؟
— ئەگەر سىلەر قوبۇل قىلساڭلار ... قوبۇل قىلمىساڭلارمۇ



يالغۇز ئۆزى تاغدا يۈرىدۇ، — دېدى سۇلايمان.
— سۇلايمان تاغا، — دېدى تۇردى، — سەن ئەكەلگەندىكىن بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرىمىز ...
تۇردى ئارقا يانچۇقىدىن بىر فەس چىقىرىپ مەمەتكە تاشلاپ بەردى. ئۈيلىنىپ ئولتۇرغان مەمەت فەسنى تۇتىۋالدى.
— ئالە، ياتۇرۇم، بۇنى كىيىۋال، بۇ مېنىڭ كونا فەسىم ئىدى، ھازىر باشقىسى يوق، كېيىن يېڭىسىنى تاپىمىز، — كېيىن سۇلايمانغا قارىدى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى، — ماشائاللا، بەكمۇ ياش ئىكەن.
سۇلايمان بۇنىڭغا رەنجىگەندەك قىلىپ:
— بەكمۇ ياش، بىراق قىرىق يىل دەۋران سۈرگەن ئابدى ئاغىنى يوق قىلدى، بۇ تاغقا ئېشەك ئوغرىلاپ قويغىنى ئۈچۈن چىققىنى يوق، — دېدى.
— ئابدى ئاغىنىمۇ؟ — دەپ دەھشەت بىلەن سورىدى تۇردى.
— ئابدى ئاغىنى ـ ھە؟ ۋاي ئانىسىنى ...
— تېمىدەپ ئۈيلىغانىدىڭ؟ — دېدى سۇلايمان.
تۇردى مەمەتكە ئىشەنمىگەندەك، ئۇنىڭ غەيرەت بىلەن تولغان كۆزلىرىگە قاراپ:
— مىلتىقىڭ يوقتۇ دېمەن بۇرادەر، — دېدى ۋە، — ئابدى ئاغىنى جايلاپ ياخشى قىپسەن، قولۇڭ دەرد كۆرمىسۇن. بەش يېزىنىڭ قېنىنى ئىچەتتى، خۇددى سۈلۈكتەك ... — كېيىن جاپپارغا بۇرۇلدى، — جاپپار، ئاخىرقى ھۇجۇمدا قولغا چۈشكەن ھېلىقى مىلتىق بارغۇ، ئۇنى كۆمۈپ قويغان يەردىن ئەكەل، بىر ـ ئىككى ئوقدانمۇ ئەكەل، ئوقلارنىمۇ قوشۇپ ...
تۇردى مۇشتۇمدەك ئاۋاق بىر بالىنىڭ ئابدى ئاغىنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە نېمە ئۈچۈندۇر ئىشەنمەيتتى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارىدى. بۇنى سەزگەن سۇلايمان:
— يالغۇز ئابدى ئاغىنىلا ئەمەس، جىيەنىنىمۇ ئۆلتۈردى، ئۇقتۇڭمۇ تۇردى !؟ — دېدى.

تۇردى تېخىمۇ ھەيران بولدى.

— دېمەك، ئۇنىڭ جىيەنىنىمۇ ئۆلتۈردى دېگىن! ...

بۇ چاغدا مەمەت شۇمشىيىپ گۈلخان قېشىدا تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك ۋە مۇزلاۋاتقاندەك ئولتۇراتتى.

ئۇزۇن ئىستاكانلارغا ئىسسىق چاي قۇيۇپ سۇلايمان بىلەن مەمەتكە سۇنۇلدى.

سۇلايمان مەمەتكە خۇددى دادىسىدەك مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ:

— ئەمدى قاراقچىلىق ھاياتىڭ باشلاندى، مەمەت، چىڭ تۇر! — دېدى.

گۈلخان ئۈستىگە ھەر تەرەپتىن ئوتۇنلار تاشلىناتتى. ئوت بارغانسېرى ئۇلغايدى. ئوتنىڭ تەپتى كۈچەيگەنسېرى، پىچانىنىڭ خۇش پۇرىقى دىماققا تېخىمۇ كۈچلۈك ئۇرۇلاتتى. ئوت يورۇقىدا ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئۇششاق يىڭنە ئۇچىدەك كۆرۈنەتتى.

— خاتىرجەم بول، سۇلايمان ئاغا! — دېدى تۇردى، — مەن بار ئىكەنمەن، ئۇنىڭ بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەيدۇ.

سۇلايمان تۇردىغا باشتىن - ئاياغ ئېچىنىش بىلەن قاراپ:

— ھەي تۇردى، سەن توپتوغرا ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتىسەن، — دېدى.

— نېمىشقا؟ — دەپ كۈلدى تۇردى.

— قاراقچىلىق قىلىپ يۈرگەن كىشى تاغ ئۈستىدە مۇنداق ئوت ياقمايدۇ، دۈشمىنىڭ چۈمۈلىدەك بولسىمۇ ئۇنى كىچىك چاغلىما، بۇنداق قىلىش توغرىدىن - توغرا ئۆلۈمگە قاراپ ماڭغانلىق دېمەكتۇر.

تۇردى سۇلايماننىڭ بۇ سۆزىگە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي ئاغا! بۇ تاغ بېشىدا كىم بار، كىممۇ كۆرەتتى؟!

— بىر كۈن كۆرمەيدۇ، ئىككى كۈن كۆرمەيدۇ، ئاخىر بىر كۈن چېكەتكىدەك يامراپ كېلىدۇ.

— كۆرمەيدۇ، كۆرۈپ قالغان تەقدىردىمۇ تۇردى تەلۋىنىڭ



ئۈستىگە ژاندارما كېلەلمەيتى. ۋاي ئاغا! سەن تۇردى تەلۋىنى تېخى چۈشەنمەيسەن، تۇردى تەلۋە بۇ تاغلارنىڭ بۈركۈتى، تۇردى تەلۋىنىڭ تەۋەسىگە كىم كېلەلەيدۇ؟

— كۆرەرمىز، — دېدى سۇلايمان.

تۇردى گەپنى باشقا تەرەپكە يۆتكەش ئۈچۈن مەمەتتىن:

— ئايدى ئاغىغا ئوق ئاتقاندا قولۇڭ تىترىمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، زادىلا تىترىمىدى.

— قەيېرىگە قارىتىپ ئاتتىڭ؟

— كۆكسىگە ... دەل يۈرىكىگە ...

مەمەت مۇشۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا چۈشەندۈرۈپ بەرگۈسىز بىر خىل يالغۇزلۇق ھېس قىلدى. ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە يوقالغاندەك بولدى. ئۇ تۇردى تەلۋىنى زادىلا ياقتۇرمىغانىدى. كۆڭلىدىكى غېرىبلىق تۇيغۇسى بەلكى شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن؟ قارشىسىدىكى ئوت قارىداشقا باشلىدى، قوراللىرىنى تازىلاۋاتقانلارنىڭ يۈزى قاراڭغۇدا كۆرۈنمەي قالدى. قىيا تاشلار ئۈستىدىكى سايىلەر چوڭىيىپ، ئاخىر يوقالدى. شامال ئوت ئۇچقۇنلىرىنى كۈنپېتىش تەرەپكە ئۇچۇراتتى. بىردىنلا مەمەتنىڭ كۆزى سۇلايمانغا چۈشتى، ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئاق ساقاللىق يۈزى ئوت يالقۇنىدا ھەر خىل تۈسكە كىرەتتى. ئۆزگىرىپ تۇراتتى. مەمەت سۇلايماننىڭ ئۆزىدىن غۇرۇرلىنىدىغانلىقىنى سەزدى، غېرىبسىنىشى سەل پەسەيدى. كېيىن قاتتىق ئۇيقۇ باستى، ئولتۇرغان يېرىدىلا مۈگدەپ قالدى.

— بالىلار، مەنمۇ مۇشۇ يەرگىلا يانپاشلاي، بىزنىڭ ئوغۇل ئۇخلاپ قالدى، — دېدى سۇلايمان.

— ئاغا! — دېدى تۇردى، — يېڭى بىر ھەربىي جۇۋام بار، ئۈستىڭىزگە يېپىۋال.

— ئەكەل! — دېدى سۇلايمان.

سۇلايمان جۇۋىنىڭ بىر پېشىنى مەمەتكە يېپىپ، ئۇنىڭ

يېنىغا كېلىپ ياتتى. باشقا قاراقچىلارمۇ ياتتى. يالغۇز بىر نۆۋەتچى قېلىپ قىيانىڭ چوققىسىدا كۆزەتمەكتە ئىدى.

مەمەت توڭلاپ، تاشتەك قېتىپ قالغان ھالەتتە ئويغاندى. تېخى كۈن چىقمىغانىدى. ھازىرچە چىقىدىغاندەكمۇ تۇرمايتتى. ئۇ غوۋۋا قاراڭغۇدا گۈلخاننى چۆرىدەپ يېتىپ خورەك تارتىۋاتقان قاراقچىلارنى كۆردى. كۆزلىرى نۆۋەتچىنى ئاختۇردى، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. پەقەت خورەكلا ئاڭلىناتتى. خاتىرجەم ئۇخلىمىغانلار خورەك تارتمىدۇ، دېگەن سۆز توغرا ئىدى. مەمەت بىرنەچچە كۈندىن بېرى تۇنجى قېتىم قورقۇش ھېس قىلدى. ھازىر ئىككىلا كىشى كېلىدىغان بولسا، بۇ خورۇلداپ ئۇخلاۋاتقانلارنى بىر ھۇجۇم بىلەن يوق قىلاتتى ۋە بۇرۇتنى تولغىغان پېتى كېتىپ قالاتتى. مەمەت مىلتىقىغا ئوق سېلىپ نۆۋەتچىلىكتە تۇردى.

ئالدى بىلەن تۇردى، ئاندىن باشقىلار ئويغاندى. سۇلايمانمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئويغاندى.

تۇردى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ:

— نۆۋەتچى! — دەپ ۋارقىرىدى.

مەمەت:

— خوش، ئاغام! — دەپ قىيالىقتىن چۈشتى، — ھېچ ۋەقە يۈز بەرمىدى، ھېچكىمنى كۆرمىدىم، — دەپ جىددىي دوكلات قىلدى.

— سەنمۇ، مەمەت ئاۋاق!؟ نۆۋەتچى سەنمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى تۇردى.

— مەن! — دېدى مەمەت.

— سەن تېخى يېڭى كەلدىڭ، توختاپ تۇر، نۆۋەتچىلىككە تېخى خېلى بار ... — دېدى تۇردى.

— ئۇيقۇم كەلمەي، بېرىپ بۇرادەردىن نۆۋەتچىلىكنى تاپشۇرۇۋالدىم.

— شۇنداق بولىدۇ. تاغقا چىققان ئادەمنىڭ بىر ھەپتىگىچە



ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ. كۆڭلىدە بىر غېرىبلىق، بىچارىلىك تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ، دۇنيادا ئۆزىنى يالغۇز قالغاندەك ھېس قىلىدۇ.

سۇلايمان ئۇيقۇلۇق يېتىپ:

— قاراڭلار بىزنىڭ شۇ تەلۋىگە، ئىمىلەرنى بىلىپ كەتكەن، تۇۋۋا! — دەپ زاڭلىق قىلدى.

— ۋاي سۇلايمان تاغا! سەن مېنى قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ دەپ قارايسەن، ھازىر ئەھۋالىم قانداقراق ئىكەن؟

ئەتراپ ئاستا ـ ئاستا يورۇشقا باشلىدى. كۈن تېخى چىقمىغانىدى، لېكىن ئۇدۇلدىكى تاغ چوققىسىغا كۈن نۇرى چۈشكەن، چوققا يورۇق بولۇپ، تاغنىڭ باشقا يەرلىرى تېخى قاراڭغۇ ئىدى. كۈن نۇرى ئاستا ـ ئاستا چوققىدىن ئەتراپقا يېيىلدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇدۇلدىكى تاغنىڭ ئارقىسىدىن كۈن كۆتۈرۈلۈپ چىقتى.

سۇلايمان تۇردىغا ئۈن ـ تىنسىز قاراپ قويۇپ:

— ئامان بولۇڭلار! — دېدى ـ دە، مەمەتنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويۇپ يولغا چىقتى.

— سۇلايمان تاغا، ھېچبولمىسا چېيىمىزنى ئىچىپ ماڭساڭچۇ؟ — دەپ ئارقىسىدىن يۈگۈردى تۇردى، — چېيىمىزنى ئىچمىسەڭ بولمايدۇ ... خۇدا ھەققى، چاي بەرمەستىن يولغا سالمايمەن!

— سالامەت بول، بالام، دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇن!

تۇردى سۇلايماننىڭ يېڭىدىن تارتىپ:

— چېيىمىزنى ئىچمىسەڭ كەتكۈزمەيمەن، شۇنچە يىلدا بىر قېتىم تاغقا چىققىنىڭدا ... بىر پىيالە چاي بەرمەستىن يولغا سالامدىم ـ ھە! ... سېنى قويۇپ بېرەمدىم!؟

سۇلايمان ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇ تەلۋىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، ياتاي ئەمدى» دېدى ـ دە، پېشىنى ئەگدى.

— گۈلخاننى ياخشىلاپ يېقىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى تۇردى.

— ھازىر ئوتۇننىڭ ئىسى كۆرۈنۈپ قالدىغۇ؟ — دېدى سۇلايمان.

— قانداق قىلىمىز، ئوت ياقماي نېمە قىلالايمىز، سەن دەپ باققىنا قېنى؟ — دېدى تۇردى.

— مەن ساڭا ھېچ نەرسە ئۆگىتەلمەيمەن، ئوغلۇم، ھەممە چارىنى ئۆزۈڭ ئويلاپ تاپىسەن، — دېدى سۇلايمان.

تۇردى تەلۋە ئويلىنىپ قالدى. بېشىنى بىر - ئىككى قېتىم چايقاپ قويدى. فەسىنىڭ ئاستىدىن قارا چاچلىرى پىشانىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

سۇلايمان سۆزىنى داۋام قىلىپ:

— يوقسۇل بىچارىلەرگە زۇلۇم سالماسلىقىڭ كېرەك، يولسىزلىق قىلغانلارغا، يامانلارغا نېمە قىلساڭ قىل، جاسارىتىڭگە ئىشىنىپ كەتمەسلىكىڭ كېرەك. ئويلاپ ئىش قىلغىن، بولمىسا ياشىيالمايسەن. بۇ يەر تاغ يېرى، تۆمۈر قەپەسكە ئوخشايدۇ.

چاي تېزلىكتە قاينىدى. چاينىڭ دەسلەپكىنى سۇلايمانغا سۇندى. ئەتىگەنكى سوغۇقتا چايدىن ھور چىقىپ تۇراتتى ...

سۇلايمان ئايرىلىش ۋاقتىدا شۇنداق دېدى:

— مەمەتنىڭ سىلەرگە ياردىمى تېگىدۇ. دەسلەپكى كۈنلەردە مەمەتكە ياخشى قاراڭلار! خاپا قىلماڭلار، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىڭلار، بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۆگىنىپ كېتىدۇ.

سۇلايمان تاياققا تايىنىپ تاغدىن چۈشۈشكە باشلىدى. بېلى مۈكچەيگەن بولسىمۇ يەنىلا يىگىتلەردەك مېڭىپ كېتىۋاتاتتى.

سۇلايمان كېتىۋاتقان چاغدا مەمەتنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. «كىم بىلىدۇ، قاچان كۆرۈشىمىز، بەلكى كۆرۈشەلمەسمىز» دەپ ئويلىدى - دە، يىغلىۋەتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ دۇنيادا نېمىدېگەن ياخشى ئادەملەر بار - ھە!» دەپ پىچىرلىدى.

كۈن پارقىراپ چىقىپ ئەتراپنى ئىسسىتماقتا ئىدى.



تۇردى بىر تاشنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرغان مەمەتنى چاقىردى:

— كەلگىنە مەمەت ئاۋاق، يېڭى مىلتىقىڭنى سىناپ كۆر! مۇنداق مىلتىقنى ئېتىپ كۆرگەنمىدىڭ؟ — دېدى.

— بىرنەچچە قېتىم ئېتىپ كۆرگەن.

— قارىغىنا، ئاۋۇ قىيا تاشنىڭ ئۈستىدە بىر ئاق داغ تۇرامدۇ؟

— ھەئە.

— ئەنە شۇنى قارىغا ئال ...

مەمەت مىلتىقنى مۈرىسىگە تىرىدى، ئاق داغقا قارىتىپ ئوق چىقاردى.

— تەگكۈزەلمىدىڭ، مەمەت ئاۋاق! — دېدى تۇردى.

— قانداق ئىش بولۇپ كەتتى؟ — دەپ تېرىكىپ سورىدى مەمەت، — نېمە بولدى؟ ...

— مەمەت، تەدىن بىلەي! — دەپ مۈرىسىنى قىستى تۇردى، — شۇنداق، تەگكۈزەلمىدىڭ.

مەمەت كالپۇكلىرىنى چىشلىدى. بۇ قېتىم مىلتىقنى ياخشىلاپ مۈرىسىگە قويدى، ئۇزاققىچە چەنلىدى، كېيىن تەپكىسىنى باستى.

— مانا بۇ قېتىم بولدى، دەل ئوتتۇرىسىغا تەگدى، — دېدى تۇردى.

ئاق داغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىس چىقاتتى.

مەمەت ھودۇقۇش بىلەن:

— نېمە ئۈچۈن ئابايىقى ئوق تەگمىگەندۇ؟ — دەپ يەنە سورىدى.

— مەمەت ئاۋاق، سەن ئاتقان ھەربىر ئوقۇڭنى تەگكۈزەلەمسەن؟ — دەپ سورىدى تۇردى.

— بىلمەيمەن! — دەپ كۈلۈمسىرىدى مەمەت.

تۇردىنىڭ سوزۇنچاق يۈزى تارتىشىپ كەتتى. تۇردى يالىش

يولۇشغا قارىماستىن يېزىلىرىگە قورۇق چۈشۈپ كېتىكەنىدى. ئاغزى يوغان، كالپۇكلىرى تېپىز ئىدى. ئۇڭ ياڭىقىنىڭ ئۈستىدىن چاچلىرىنىڭ ئىچىگىچە ئۇزۇن بىر تاتۇقى بار ئىدى. ئېڭىكى ئۇچلۇق ئىدى، ئەمما ناھايىتى كۈچلۈك كۆرۈنەتتى. دائىم كۈلۈپ تۇراتتى، ھەربىر كۈلكىسىدە بىر خىل ئەلەم بىلىنىپ تۇراتتى.

— مەمەت ئاۋاق، سەندە بىر خىسلەت باردەك تۇرىدۇ، — دېدى تۇردى.

مەمەت ئاۋاقنىڭ بالىلارنىڭكىدەك تارتىنچاق يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى ۋە يەرگە قارىۋالدى.

پەستە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم پۇشتەك چېلىندى. قۇلاق سېلىپ ئاڭلاشتى.

— ئەنە، خەۋەرچى كېلىۋاتىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى جاپپار.

بىردەمدىن كېيىن خەۋەرچى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلدى ـ دە، دېمىنى ئالمايلا:

— تۆۋەندە چاناكلىق تۆزلەڭلىكتىن ئاقىيول تەرەپكە قاراپ بەشچە ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۈستىبېشى ئېسىل ... باي ئادەملەردەك قىلىدۇ، — دېدى.

تۇردى تەييارلىنىۋاتقان ئادەملىرىگە قاراپ:

— تېزدىن ھازىرلىنىڭلار، ھەممە ئادەم كۆپرەك ئوق ئېلىۋالسۇن ! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ۋە، — تۇردى تەلۋە يەنە بىرنەچچە ئائىلىنى ۋەيران قىلىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى. كېيىن مەمەتكە:

— قارا، مەمەت ئاۋاق ! — دېدى.

ئاق داغقا قاراپ ئوق ئاتتى. قىيالىقنى ئىس قاپلىدى ۋە تارقالدى.

— قانداق، مەمەت ئاۋاق؟ — دەپ ماختاندى تۇردى.

— دىل ئوتتۇرىسىغا تەگدى، — دېدى مەمەت.

— ھە، ئوتتۇرىسىغا، — دەپ كۈلۈمسىرىدى تۇردى.



تۇردى ئەتراپىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ:

— مەمەت ئاۋاق، بۇ سېنىڭ تۇنجى قېتىم ئوۋغا چىقىشىڭ، چىڭ تۇر ! — دېدى.

مەمەت جاۋاب بەرمىدى.

— تەييار بولدۇڭلارمۇ بۇرادەرلەر؟ — دېدى تۇردى.

— تەييار ! — دەپ جاۋاب بەردى باشقىلار.

زىچ ئۆسكەن تووۋا دەرەخلىرى ئارىسىدىكى يولغا كەلگەندە چۈش بولغانىدى. يولنىڭ بىر چېتىگە ئەللىك قەدەمدە بىردىن مۆكۈنۈپ يېتىشتى، بىرى ئالدىغا بېرىپ كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇردى.

بىر ئازدىن كېيىن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورۇق، پۇتلىرى ئالمىشىپ كېلىۋاتقان بىر بوز ئېيشەكنىڭ ئارقىسىدىن چار ساقىلى چاڭگىلىشىپ كەتكەن، ئۇزۇن بۇرۇتلىرى ئاغزىنى يېپىپ تۇرغان، بۇرۇتلىرىنىڭ ئۇچى تاماكا ئىسىدىن سارغىيىپ بولۇپ كەتكەن، سېرىقلىقى يىراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇرغان، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن، يوغان پۇتلىرى توپىغا مىلەنگەن، ياماق تامبىلىنىڭ پۇچقاقلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان بىرى كېلىۋاتاتتى، ئۇ سول ئويىنىغاندەك مېڭىپ ناخشا ئېيتاتتى. ئۆزىچە ھەر خىل ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇلار كۈلۈمسىرەپ ناخشىنى تىڭشىدى.

قارىغاي سېغىزى ئاقىدۇ
قىز يىگىتكە باقىدۇ.
كۆكسۈڭدىكى ئەمچەكلەر
ئالما ھىدى چاچىدۇ.

ئامان، ئامان، قارا قىز،
چاچلىرىڭنى تارا، قىز.
بولۇپ باتۇر كۆزەتچى
قوغداي سېنى گۈزەل قىز.

— تەسلىم بول ! ئاتىمەن ! — دەپ ۋارقىرىدى تۇردى.
ئاخشا توختىدى. ئۇ ئادەم تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى.
— تەسلىم بولاي، باتۇرۇم ! تەسلىم بولدۇم. نېمە بولدى؟
تۇردى تەلۋە ئورنىدىن سەكرەپ يولغا چۈشتى.
— كىيىملىرىڭنى يەش !
ھېلىقى ئادەم ھودۇقۇپ كەتتى.
— نېمىنى يېشىمەن، ئاغام؟
— ئۈستىۈگەمدىكىلەرنى ...
ئۇ ئادەم كۆلۈشكە باشلىدى ۋە:
— خۇدا ھەققى، چاقچاق قىلما، كىيىملىرىمنى نېمە قىلماقچىسەن؟ مېنى قويۇۋەت، يولۇمغا ماڭاي. بەك ھېرىپ كەتتىم، تاپانلىرىمنىڭ ئاغرىشىدىن يىقىلغۇدەك ھالغا كەلدىم. مېنى قويۇۋەت، چىرايلىق ئاغام ...
— سال دېدىمغۇ، سالامسەن؟ — تۇردى تەلۋە قاپاقلىرىنى تۈردى.
بۇ ئادەم گۇمان بىلەن ئىككىلىنىپ، چاقچاقمىدۇ ياكى راستمۇ دېگەندەك تۇردىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە خۇشامەت قىلغۇاتقان ئىتتەك كۆلۈمسىرەپ قارايتتى.
تۇردى قوپاللىق بىلەن:
— قېنى يەش، ساقلاتما ! — دېدى.
ئۇ ئادەم تېخىچە ئىشەنمەستىن كۈلۈمسىرەيتتى. تۇردى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ پۈتىغا بىرنى تەپتى.
ئۇ ئادەم ئاغرىقتىن ۋارقىراپ كەتتى.
— سال دەيمەن ساڭا، سال ! — دېدى تۇردى.
ئۇ ئادەم يالۋۇرۇشقا باشلىدى:
— پاشا ئەپەندىم، ئاياغلىرىڭغا يىقىلاي، قوللىرىڭنى سۆيەي، بۇنىڭدىن باشقا كىيىمىم يوق، مەن ئاتىدىن تۇغما، قىپيالىڭاچ قالىمەن ... — ئۇ ئادەم بىگىز بارمىقىنى ئاغزىغا تىقىپ شوراپ قايتا چىقاردى، — ئاھ، خۇدا، مانا مۇشۇنداق يالىڭاچ،



مۇشۇنداق ... باشقا ھېچ نەرسەم يوق، پاشا ئەپەندى. قوللىرىڭنى سۆيەي، پۇتلىرىڭنىمۇ ... كىيىملىرىمنى سالدۇرما ... سەن ئاھايىتى چوڭ پاشا، ئەپەندى، بۇ جەندىلىرىمنى نېمىمۇ قىلاتتىڭ. پۇتلىرىڭنى، قوللىرىڭنى سۆيۈپ قوياي ...
— ھەي ئىتتىنىڭ كۈچۈكى، يەش دەۋاتىمەن ساڭا. نېمە پاشا ئەپەندى، پاشا ئەپەندى؟ !
بوۋاي توختىماستىن يالۋۇراتتى. كېيىن يىغلاشقا باشلىدى:
— مەن بەش ئايدىن بېرى مۇساپىر بولۇپ يۈردۈم. چوقۇر ئوۋاغا بېرىپ ئىشلەپ كەلدىم ...
تۇردى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:
— دېمەك، پۇلۇڭ بار ئىكەن - دە؟ — دېدى.
بوۋاي باللاردەك بۇرنىنى تارتىپ يىغلاشقا باشلىدى.
— بەش ئاي غورىبەتتە ئۆتتۇم، چوقۇر ئوۋانىڭ پاشىلىرى مېنى ئۆلتۈرۈپ قوياي دېدى ...
— دېمەك، پۇلۇم بار دېگىنە ! — دەپ تەكرارلىدى تۇردى.
— ئازراق بار. شۇ قىرىلىقىمغا قارىماستىن شاللىقتا ئىشلىدىم، پاتقاقلىقتا. چوقۇر ئوۋادا ئۆلەي دېدىم، ئەمدى ئۆيۈمگە كېتىۋاتىمەن. ئۇنداق قىلما، ئەپەندىم، مېنى يالىچاقلىرىمنىڭ ئالدىغا قىپيالىڭاچ ئەۋەتمە.
تۇردى تېخىمۇ غەزەپلەندى:
— شۇنداق بارساڭ بەك ياخشى، كىيىملىرىڭنى سال، ھەممىسىنى سال !
بوۋاي تولغىناتتى، تۇردى خەنجىرىنى چىقاردى. خەنجەر كۈن نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ يالتىراپ كەتتى. خەنجەرنىڭ ئۇچىنى بوۋايغا تەگكۈزدى، بوۋاي سەكرەپ ۋارقىرىۋەتتى:
— مېنى ئۆلتۈرمىگىن، بالىچاقلىرىمنى كۆرۈۋالاي، كىيىملىرىمنى سېلىپ بېرەي، سېنىڭ بولسۇن.
مۈكۈنۈپ يانچانلار كۆلۈشتى. پەقەت مەمەتلا ئاچچىقلىناتتى. يىرتقۇچ بولۇۋاسنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۇچقۇن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە

چاقنىدى. تۇردىدىن يىرگەندى.

بوۋاي ھودۇقۇش ۋە قورقۇش ئىچىدە قوللىرى قولاشماستىن چاپىنىنى، ئالۋۇزىنى سېلىۋاتقاندا:

— ھە، ئەنە شۇنداق سال! شۇنداق ... ئادەمنى نېمانچە خاپا قىلىسەن، ھەي قېرى؟ — دېدى تۇردى.

بوۋاي قوللىرى تىترەپ تۇرۇپ كىيىملىرىنى سالدى، بىر تەرەپكە قويدى.

— ئىشتانىنىمۇ، كۆڭلەكنىمۇ سال، — دەپ ۋارقىرىدى تۇردى ۋە خەنجىرىنىڭ ئۇچىنى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياتۇردى. بوۋاي ھەم تىترەيتتى، ھەم كۆڭلىكىنى سالاتتى.

— ياخشى ئاغام، پاشايىم، مېنى ئۆلتۈرمەڭ، ھەممىنى سېلىپ بېرەي.

كۆڭلىكىنى سېلىپ كىيىملىرىنىڭ ئۈستىگە قويدى، ئىچ كۆڭلىكى يوق ئىدى. ئەمدى تۇردىغا يالۋۇرغاندەك قىلىپ بويىنىنى ئېگىپ قارايتتى.

— قېنى، تېزرەك بول، كۆزلىرىمگە قارىما، ئىشتىنىڭنى سال!

بوۋاي ئىشتىنىنىمۇ مىڭ تەستە سالدى. تىترەشتىن ھېلىلا ئۆچۈپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى. قوللىرى بىلەن ئالدىنى توسۇپ يۈگۈرگەن بويى ئېشىكنىڭ يېنىغا كەتتى. ئېشەك يولنىڭ چېتىدە ئوتلاۋاتاتتى. سول قولى بىلەن چۇلۋۇرىنى تارتتى. ئۇنىڭ پاچاقلىرى ئىنچىكە تۈكلۈك ئىدى. بولجۇڭ گۆشلىرى سۆڭەكتەك قاتتىق، تېشىغا چىقىپ تۇراتتى. تارتىشىپ كەتكەن قورسىقى پۈرۈم - پۈرۈم، خۇددى پوستەكتەك ئىدى ... مەيدىسىدىكى تۈكلەر ئاقارغان، كىرلەشكەندى. مۈكچەيگەن مۈرىسى تۆۋەن ساڭگىلىغاندى، پۈتۈن بەدىنى بۈرگە، پاشىلارنىڭ چېقىشىدىن قاپارغان، قىزىرىپ كەتكەن، بەدىنى خۇددى توقۇلغان بورىدەك ئىدى. مەمەت ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بوۋاينى كۆرۈپ تېخىمۇ ئېچىندى.

بۇ چاغدا يولنىڭ تېرىقى بېشىدا تۇرغان تۆۋەتچى:



— كېلىۋاتىدۇ! — دەپ يۈگۈرۈپ كەلدى.

— ئاتلىقلار كېلىۋاتىدۇ! — دېدى تۇردى.

مۆكۈنۈپ ياتقانلار بىر قولى بىلەن ئالدىنى توسۇپ ئاران - ئاران كېتىۋاتقان، قەددى پۈكۈلگەن قېرىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. بوۋاي بەش - ئون قەدەم مېڭىپ كېيىن ئارقىغا بۇرۇلدى ۋە كىيىملىرىگە ھەسرەت بىلەن قارىدى. يەنە ماڭدى، كېيىن توختاپ ئارقىغا قارىدى.

تۇردى بوۋايغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— بۇياققا كەل، نەرسىلىرىڭنى ئال. بىزنىڭ ئۇۋلار كېلىۋاتىدۇ. جېنىڭنى قۇتۇلدۇر ...

تۈگۈلۈپ - تۈگۈشكەندەك كۆرۈنگەن بوۋاي كۈتۈلمىگەن چاققانلىق بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئەسكى - تۈسكى، كىرلىشىپ قېتىپ كەتكەن كىيىملىرىنى قۇچاقلىدى. يەنە يۈگۈرگەنچە ئارقىغا قايتتى. ئېشىكىنىڭ ئالدىدا تىنماي يۈگۈرۈيتتى.

مەمەتنىڭ چىرايى قارىداپ كەتتى، قوللىرى تىترەيتتى. قولىدىكى مىلتىقتا قانچىلىك ئوق بولسا، ئۇنىڭ بىرىنىمۇ زايە قىلماي تۇردىنىڭ كاللىسىغا ئېتىشنى ئىستەيتتى. ئۇنى ئېتىپ تاشلاشتىن ئۆزىنى زورىغا تۇتۇۋالدى.

تۇردى بۇ قېتىم تېخىمۇ قاتتىق ئاۋازدا:

— تەسلىم بولۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

كېلىۋاتقان بەش ئاتلىقنىڭ بەشىلىسى تەڭلا دېگۈدەك ئاتلىرىنى توختاتتى.

— بىر قەدەم چامدىساڭلار، قىمىر قىلساڭلار ئېتىپ تاشلايمەن، خۇدا ھەققى، ئېتىپ تاشلايمەن! — دېدى تۇردى ۋە مۆكۈنۈپ تۇرغانلارغا ۋارقىرىدى، — مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بارىمەن، بىرەر ھەرىكەت قىلسىلا، ھەممىڭلار ھەر تەرەپتىن ئوق ئېتىڭلار!

ئۇ پايپاسلاپ، خۇددى ھېچ نەرسە بولمىغاندەك ئاتلىقلارنىڭ

يېنىغا باردى ۋە:
— ئاتتىن چۈشۈڭلار ! — دېدى.
ئاتلىقلار ئاۋاز چىقارماستىن ئاتلىرىدىن چۈشتى.
ئاتلارنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرى كۈمۈشتىن ئىدى. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئېسىل كىيىنگەنىدى. بۇلاردىن ئىككىسىنىڭ كىيىمى شەھەر كىيىمى ئىدى. بۇ بەش ئاتلىقنىڭ بىرى ئون يەتتە ياشلاردىكى بالا ئىدى.
تۇردى ئۆز ئادەملىرىگە ۋارقىرىدى:
— ئۈچ ئادەم كەلسۇن !
دەل شۇ چاغدا ئون يەتتە ياشلاردىكى بالا ۋارقىراپ يىغلاشقا باشلىدى:
— مېنى ئۆلتۈرمەڭلار، نېمىنى خالىساڭلار ئېلىڭلار، نېمە بولىدۇ، مېنى ئۆلتۈرمەڭلار.
— ھەي ئاسلان ! — دېدى تۇردى بالىغا قاراپ، — قىپيالىڭاچ — ئانىدىن تۇغما بولسەن، ئۆتىڭدىن كېيىن يولۇڭغا ماڭ ! — دېدى.
بالا بىردىنلا خۇشال بولۇپ ۋارقىرىۋەتتى:
— مېنى ئۆلتۈرمەمسىلەر !؟
بالا كىيىملىرىنى تېز - تېز سېلىۋېتىپ:
— دېمەك، مېنى ئۆلتۈرمەيدىكەنسىلەر - دە؟ — دەپ مىننەتدارلىق بىلەن سورايتتى، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە كىيىملىرىنى — كۆڭلىكىنى، ئىچ كۆڭلىكىنى، ئىشتىنىنى، قىسقىسى، ھەممە نېمىسىنى سېلىۋەتتى، تۇردىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ: «ئال» دېدى.
باشقىلارمۇ ھېچ نەرسە دېمەستىن يېشىندى. يەقەت ئىشتانلىرىلا قالدى.
— ئىشتانلىرىڭلارنىمۇ سېلىڭلار، ئاغىلار. ئەڭ مۇھىمى، ماڭا ئىشتان كېرەك ! — دېدى تۇردى.



ئادەملەر يەنىلا ھېچ نەرسە دېمەستىن ئىشتانلىرىنى سېلىپ قوللىرى بىلەن ئالدىلىرىنى توسۇۋالدى - دە، يولغا چۈشتى.
قاراقچىلار ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى، كىيىملىرىنى ۋە ھەممە نېمىسىنى ئېلىپ توپتوغرا تاغقا قاراپ ماڭدى.
تاغقا چىقىپ كېتىۋېتىپ تۇردى مەمەتكە شۇنداق دېدى:
— تەلەيلىك ئىكەنمەن، ئاۋاق، بۈگۈن تەلىيىمىز ئوڭدىن كەلدى. ئۇلارنىڭ يانچۇقىدىن توپتوغرا بىر مىڭ بەش يۈز لىرا① پۇل چىقتى. ئاتلىرى، كىيىم - كېچەكلىرى، جابدۇقلىرى ... ھېلىقى بالىنىڭ كىيىملىرى ساڭا دەل كېلىدۇ، يېپيېڭى ئىكەن. ئۇ كۈچۈكنىڭ قانداق چىرقىرىغىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ جېنى بەك تاتلىق ئىكەن ئۇنىڭ...
قاراڭغۇ قىيالىقتىكى پاناھلىقنىڭ تۈۋىگە يېتىپ كەلگەندە تۇردى ئاتتىن چۈشۈپلا بالىنىڭ كىيىملىرىنى مەمەتكە كىيگۈزدى ۋە قاراپ - قاراپ:
— ھەي مەمەت ئاۋاق ! — دېدى، — ئۇ كۈچۈكنىڭ كىيىملىرى ساڭا كارامەت ياراشتى ... خۇددى ئوقۇغۇچىلاردەك بولۇپ قالدىڭ ...
مەمەت يات كىيىملەر ئىچىدە يۈرىكى ئېزىلىپ، ئۆزىنى كىچىكلەپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. بوغۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى.
مەمەت نەگە بېرىشنى، نېمە قىلىشنى بىلەلمەيتتى. يولدا كېلىۋېتىپ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغان سوئالنى ئوتتۇرىغا قويدى:
— ھەممە نەرسىسىنى ئالدۇق. ئېلىشنىغۇ ئالايلى، نېمە ئۈچۈن ئىشتانلىرىنىمۇ سالدۇرۇۋالىمىز؟ بۇنى زادىلا چۈشەنمىدىم؟ ...
بۇنى دەپ بولۇپ يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. بىردەم بولسىمۇ ئۈستىدىكى باشقىلارنىڭ كىيىمىنى ئۇنتۇپ قالدى.

① لىرا — تۈركىيە پۇلى، 1000 قۇرۇشقا باراۋەر.

تۇردى مەمەتنىڭ بۇ سوئالىغا كۈلۈپ تۇرۇپ:
— داڭقىمىز مەملىكەتكە تارقالسۇن دەپ ئىشتانلىرىنى سالدۇرۇۋالىمىز، — دېدى، — تۇردى تەلۋىدىن باشقا قاراقچى ئىشتاننى ئالمايدۇ. كىشىلەر بۇلارنىڭ تۇردى تەلۋە تەرىپىدىن بۇلانغانلىقىنى بىلسۇن!

## 11

يامغۇردىن كېيىنكى دىمىق ئىسسىق باشلانغانىدى. چىلىق - چىلىق تەرلەتسىدىغان ھۆل ئىسسىق ... ۋەلىنىڭ ھۆل كىيىملىرى تېنىگە يېپىشقان، قان ۋە لايغا مىلەنگەن جەسىتىنى ئابدى ئاغىنىڭ ھويلىسىدىكى بىر كىگىز ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويغانىدى، يېشىل چىۋىنلەر يالت - يۇلت ۋاژىلداپ مېيىتنىڭ ئۈستىدە غوڭۇلداپ يۈرەتتى. مېيىت بىر غېرىبلىق ۋە يالغۇزلۇق ئىچىدە ياتاتتى. سارغىيىپ كەتكەن قوللىرى ئىچىنىشلىق ھالدا ئىككى تەرەپكە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ئوقنىڭ بىرى ئابدى ئاغىنىڭ سول مۈرىسىگە تەگكەنىدى. ئوق مۈرىسىنى تېشىپ كىرىپ تاغىقىنىڭ ئاستىدا توختاپ قالغانىدى. يەنە بىر ئوق سول پاچىقىغا تەگكەن، بىراق سۆڭەككە تەگمەستىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئابدى ئاغىنىڭ يارىسىنى ئورمانلىقتىلا يېزا دوختۇرى تېڭىپ قويغانلىقتىن قان كۆپ چىقمىغانىدى. بىراق، تاغىقى ئاستىدىكى ئوق ... يەكمۇ ئاۋارە قىلماقتا ئىدى. بۇ ئوق ئۆپكىسىگە يېرىپ تاقالغانىدى.

ئابدى ئاغىنىڭ بىرى ئون تۆتتە، يەنە بىرى ئون ئالتىدە ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئوغۇللىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، مالايلىرى، ئۇنىڭ بېشىغا توپلانغان، ئۇلار ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر ئېغىز سۆزنىڭ چىقىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. ئۇ ئاستاغىنا ئىڭراپ ئۈھ تارتاتتى. خوتۇنلىرىمۇ ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئۈن چىقارماستىن مىشىلداپ يىغلىشاتتى.



ئابدى ئاغا تۇيۇقسىزلا كۆزلىرىنى غىلىتە ئالايتىپ:
— جىيەنىم قانداق؟ ۋەلىيىم قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.
ئاياللار ھۆڭرەپ يىغلاش بىلەن جاۋاب بەردى.
— دېمەك ... — دەپ قويدى ئابدى ئاغا.
— بېشىڭ ئامان بولسۇن! — دەپ جاۋاب بەردى يېزىلىقلاردىن بىرى، — ئۆزۈڭ سالامەت بول، ئابدى ئاغىمىز!
ئابدى ئاغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ:
— ئۇ مەلئۇنچۇ!؟ — دەپ سورىدى.
ھەممىسى باشلىرىنى ئېگىپ ئارانلا:
— قاچۇرۇپ قويدۇق، — دېيىشتى.
ئابدى ئاغا كۆزلىرىنى غەزەپ بىلەن ئالايتىپ يەنە سورىدى:
— ھېلىقى قىز دېگەن بۇزۇقچۇ؟
— ئۇنى ئەكەلدۇق.
ئابدى ئاغا كۆزىنى يۇمدى، بېشىنى ياستۇققا قويدى، ئىڭراشقا باشلىدى. بىرھازادىن كېيىن كۆزلىرىنى ئېچىپ:
— قىزنى ئۇرمىغانسىلەر؟ — دەپ سورىدى.
— زادىلا ئازار بەرمىدۇق! — دېيىشتى.
— يەك ياخشى قىپسىلەر، تاك قىلىپ بىرنى چەكمىگەنسىلەر؟
— بىرنىمۇ چەكمىدۇق.
— بەكمۇ ياخشى قىپسىلەر.
ھەممىگە مەلۇم ئىدىكى، دېھقانلاردىن بىرەرى بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندا، ئابدى ئاغا ئۇنى ئۇرغۇزمىسا، دېمەك، ئۇنىڭغا ھەممە يامانلىقنى قىلاتتى. ئۇ ئادەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قىلغان گۇناھىنىڭ جازاسىنى تارتاتتى. ئەگەر ئۇرغۇزىدىغانلا بولسا، بۇ ئىش ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى. ئابدى ئاغىغا قارشى بىرەر گۇناھ قىلىپ قويغان دېھقان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپلا ئولتۇراتتى، تاكى تاياق يەپ بولمىغۇچىلىك ئۇنىڭ

ئالدىدىن تېرى كەتمەيتتى.

ئۇ كۆزلىرىنى يەنە يۇمدى، يۈزى سايىسىرىق سارغايغان ۋە ئۆزىراپ قالغانىدى. سەل تۇرۇپ كۆزلىرىنى ئاچقاندا چىرايىدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس خۇشاللىق ئالامىتى كۆرۈندى.

— مەن بىلەن بىللە ئورمانغا بارغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەلى توكۇر بىلەن رۇستەم يوق.

— بېرىپ ئۇلارنىمۇ دەرھال تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ جىددىي بۇيرۇق قىلدى.

يىردەمدىن كېيىن ھويلىنىڭ ئىچى ئائىلىلەرنىڭ يىغا ـ زارىغا تولدى. ۋەلىنىڭ دادىسى، ئانىسى، يېزىلىقلىرى كەلگەنىدى. ئانىسى ئوغلىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ، قان ۋە پاتقاق ئىچىدە ياتقان مېيىتنى سۆيەتتى. دادىسى بىر قولىدا پېشانىسىنى تۇتۇپ، خۇددى ئېسىدىن ئازغان كىشىدەك ئولتۇراتتى. ئانىسىنى مىڭ تەسلىكتە ئوغلىنىڭ جەسىتى ئۈستىدىن ئايرىپ ئەكېتىشتى. دادىسىمۇ ھوشسىز ھالەتتە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. بۇ ئېگىز، ئورۇق، سوزۇق، ماڭلىيى كەڭ ئادەم ئىدى. ئۈستىگە كەشتىلىك ياقىسىز كۆڭلەك، يولluq رەختتىن شالۋۇر كىيگەن، پۇتىغا تېرە چورۇق تارتقان، چورۇقىنىڭ تۇكلىرىمۇ چۈشمىگەنىدى. ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن ئەتراپىغا ھودۇقۇش بىلەن قاراپ، قوللىرىنى ساڭگىلىتىپ داڭ قېتىپ قالدى ... چىرايى قايغۇ ۋە تەرىپلىگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئەلەم بىلەن تولغانىدى. ئوغلىنىڭ جەسىتىگە زادىلا قارىيالمايتتى، چىدىيالمايتتى.

ئۇ ئەنە شۇنداق تۇرغاندا، يىرى كېلىپ قولىدىن تۇتتى ۋە ئابدى ئاغىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ئابدى ئاغا ئۇنى كۆرۈش بىلەن:

— تەقدىر! — دەپ بېشىنى ئەگدى.

ئۇ ئادەم بىر سەسكىنىپ:

— تەقدىر ... تەقدىر — بۇنى تەقدىر دېگىلى بولمايدۇ، ئابدى



ئاغا. بۇ تەقدىر ئەمەس، بىر مۇشۇكىكە، بىر ئىتقا، بىر قۇشقا، ئىشقىلىپ، بىر جانلىققا ھۇجۇم قىلماق بىرىنچى قېتىم قورقىدۇ، ئىككىنچى قېتىممۇ قورقىدۇ ... ئۈچىنچى قېتىم جىننى قولغا ئېلىپ يولۋاسقا ئايلىنىدۇ ... ۋە سىنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىدۇ. ئادەملەرگە ئۈنچىلىك قاتتىقلىق قىلماسلىق كېرەك ئىدى. قىزنى ئەپقېچىپتۇ ... قويۇپ بەرگەن بولساق بولاتتى ... خۇدايىم جاجىسىنى بېرەر ئىدى — ... دېدى ـ دە، جىم بولۇپ قالدى. يەنىلا ئەسلىدىكى ھوشسىز ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. خۇددى بۇ ئۆيگە كىرگەندىن بېرى سۆزلىمىگەندەك، مىدىر قىلمىغاندەك، جايىدا تاشتەك قېتىپلا قالغانىدى.

ئابدى ئاغا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىنى بىلگەن بولسام ئىدىم ... بىلگەن بولسام ... قاراپ تۇر، ئۇلارنىڭ بېشىغا نېمە كۈيلەرنى سالىمەن تېخى! ئۇ مەلئۇنىمۇ، ئۇ بۇزۇقمۇ پەرياد ئۇرۇپ ئۆزىگە مىڭ قېتىم ئۆلۈم تىلەيدۇ، مىڭ قېتىم ... ئەزدەپ ئاپتۇرىمەن، مۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام ۋەلىنى بىللە ئاپىراتتىممۇ؟ مەن شۇنداق ئويلامسەن؟ بىر قارىغايغا باغلاپ، ئاستىدىن ئوت قويىدۇرىمەن، نېمە قىلىپ بولسىمۇ ئۇلارنى قولغا چۈشۈرىمەن ...

يېنىدىكىلەردىن سورىدى:

— قوغلاشقا چىقىپ كەتتىمۇ؟

— ئاخشامدىن بېرى ...

— ساقچىغا ئادەم ئەۋەتتىڭلارمۇ؟

— ئاخشام ئەۋەتكەن.

— ژاندارمىلار تېخى كەلمىدىمۇ؟

— كەچقۇرۇن كېلىدۇ، ھۆكۈمەتكە خەۋەر قىپتۇ. سوتچى بىلەن دوختۇرنى كۈتۈۋاتقاندۇ؟! ...

— دوختۇر كەلمىسە بولمايدۇ، — دېدى ئابدى ئاغا، — ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن ئورماندا مەن بىلەن بىللە بولغانلارنىڭ ھەممىسى جەم بولسۇن، بىرى كەم بولسا بولمايدۇ ...

— ئەلى توكۇر بىلەن رۇستەم سىرتتا تۇرىدۇ.
— دېمەك، ھەممىسى جەم بوپتۇ ـ دە؟
— ھەممىسى!
— ئۇنداق بولسا ھەممىسى قېشىمغا كەلسۇن، ئۇيدە باشقا ھېچكىم قالمىسۇن، ھېچقانداق كىشى ... — دېدى ئابدى ئاغا.
ئۇلگەن بالىنىڭ دادىسى ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئورنىدىن تۇردى، ئاستا سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئابدى ئاغىنىڭ چىرايىغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى چىقىپ كەتتى.
ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئورماندا بىللە بولغانلار كىرىشتى. ئابدى ئاغىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. ھەممىسى تەشۋىشتە ئىدى. ئۇنىڭ «ئۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بېرىڭلار! مۇنداق دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈڭلار» دەيدىغانلىقىنى بىلىشەتتى. ھۆكۈمەتنىڭ بىرەر ئىشى چىقىپ قالسىلا، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن ھېچ نەرسە دېيەلمەيتتى. نېمە دېيىش كېرەك بولسا، ئابدى ئاغا ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىپ بۇ سۆزلەرنى يادلىتاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھۆكۈمەت ئادەملىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ شاتۇتىدەك ئۆگەنگەن گەپلەرنى تەكرارلىشاتتى. يادلىۋالغان سۆزلىرى تۈگەپ، باشقا بىرەر سوئال سورىلىپ قالغان تەقدىردە «بىلمەيمەن» دېيىشەتتى. نېمىنى سورىسا «بىلمەيمەن» دەپلا جاۋاب بېرىشەتتى. ئابدى ئاغا ھەممىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ چىقتى. ھەممىسىنىڭ رەڭگى سارغىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىرھازاغىچە يەرگە قاراپ ئۈن ـ تىنسىز تۇرۇۋېلا قالدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ يەنىلا ئۇلارنىڭ كۆزىنى تېشىۋەتكۈدەك قىلىپ تىكىلدى. كالپۇكلىرى ئاستاغىنا مىدىرلىدى. ئۈنىنى ئارانلا چىقىرىپ:
— ماڭا قۇلاق سېلىڭلار، قېرىنداشلار! — دېدى، — ئالدى بىلەن قولۇڭلارنى كۆكسۈڭلەرگە قويۇڭلار ... قويدۇڭلارمۇ؟ ھە، ئەمدى ئويلاڭلار ... ھازىر مەن سىلەردىن سورايمەن: يۈنداڭلارنى ئېچىپ، ئىشكىڭلاردا ياتقان ئىت سىلەرنى تالاپ، بالىچاقاڭلارنى



ئۆلتۈرۈۋەتسە، سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟ بۇنىڭغا جاۋاب بېرىڭلار ... قولۇڭلار كۆكسۈڭلەردە بولسۇن! قورقۇپ كەتمەڭلار ...
ھەربىر كىشىگە ئۇزاققىچە تىكىلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن يەنە سورىدى:
— جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار قېنى، سىلەر بولساڭلار قانداق قىلغان بولاتتىڭلار؟
بۇ قېتىم كۆزلىرىنى دەھشەت بىلەن چاقماق تېزلىكىدە يۈگۈرتۈپ چىقتى.
— سىلەر بولساڭلار قانداق قىلاتتىڭلار؟ سۆزلەڭلار.
— جاجىسىنى بەرگەن بولاتتۇق، — دېيىشتى مىرىلدىشىپ.
— قانداق قىلىپ؟ — دېدى ئابدى ئاغا كۆزلىرىنى ئالايتىپ.
— سېنىڭ دېگىنىڭدەك قىلاتتۇق، ئاغا، بۇنى ئۆزۈڭ بىلىسەن.
بۇنى ئاڭلىغان ئابدى ئاغا خۇددى ئۇلار مۇھىم نەرسىلەرنى سۆزلىگەندەك، ئۇلارنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغان ھالدا:
— خوپ، قېرىنداشلار! مانا مېنىڭ بالامنى تالىدى، مېنى يارىلاندۇردى، ئىتنىڭ بىرى قېچىپ كەتتى، چوقۇم تۇتۇلىدۇ، قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. بۇ يەردە ئۇنىڭ گۇناھلىق ھەمراھى قالدى. ئەسلىدىمۇ بۇ ئەسكىلىكلەر شۇ قىزنىڭ كاساپىتىدىن بولغانىدى. ھەممە جىنايەت ئۇنىڭ ... ئۇ بالىنى شۇ قىز ئاتتى ... بۇنى كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، ۋەلىنى شۇ قىز ئاتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ قولىدا تاپانچا بار ئىدى. بۇنى ھەممىڭلار كۆردۈڭلار. ئالدى بىلەن ئۇ مەلئۇن مېنى قارىغا ئېلىپ ئوق چىقاردى. كېيىن قىز ئۇ يىگىتنى چەتلەپ ئوق ئاتتى.
ئابدى ئاغا تاشقىرىغا قاراپ ۋارقىرىدى:
— بالىلىرىم، بىرىڭلار كىرىڭلار.
چوڭ ئوغلى كىرىپ كەلدى.
— ئۇ قورالنى ئېلىپ بەرگىن، بالام!
ئوغلى ئۇينىڭ تام ئىشكاپىدىن يېپيېڭى بىر تاپانچىنى ئېلىپ

دادىسىغا بەردى. ئابدى ئاغا قولىدىكى تاپانچىنى يېتىدىكىلەرگە ئۆزارتتى:

— قايتا - قايتا ئوبدان قاراپ چىقىڭلار. قىزنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان تاپانچا مۇشۇمۇ؟ ۋەلىنى ئاتقان تاپانچا مۇشۇمۇ؟ ئوبدان قاراڭلار ...

تاپانچا قولدىن - قولغا ئۆتتى. ئاخىر يەنە ئابدى ئاغىنىڭ قولىغا كەلدى.

— كۆردۈڭلارمۇ؟ — دېدى ئابدى ئاغا.

— كۆردۇق.

— بۇ تاپانچا ۋەلىنى ئاتقان قىزنىڭ قولىدىكى تاپانچا. قىز ۋەلىگە ئوق چىقاردى، ۋەلى يەرگە يىقىلىش بىلەن تەڭ تاپانچىمۇ قىزنىڭ قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. تاپانچىنى يەردىن ھاجى ئالدى. قىزنىمۇ ھاجى تۇتۇۋالدى، بۇنىمۇ ھەممىڭلار كۆرۈپ تۇردۇڭلار، شۇنداق ئەمەسمۇ، ھاجى؟

ھاجى پاكار، چېقىر كۆز، بۇرنى يوغان، ۋاقتىدىن بۇرۇن قېرىپ كەتكەن، يىرتىق چاپانلىق، يۈز - كۆزىنى قاسماق بېسىپ كەتكەن، چاچ - ساقاللىرىغا تارغاق سېلىنمىغان، خۇددى تۈپىگە سېلىنىپ چىققاندەك بىر ئادەم ئىدى.

— شۇنداق بولدى، سادىغاڭ كېتەي ئاغام، دەل شۇنداق بولدى. تاپانچا يەرگە چۈشۈش بىلەن، يەنە يەرگە چۈشۈش بىلەن، جېنىم ئاغام، مەن ئېلىۋالدىم ... قىز ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاچقانىدى، يەنى ئوغۇلنىڭ قولىنى تۇتۇپ ... ئوغۇل دېگىنىم ھېلىقى مەلئۇن مەمەت ئاۋاق بارغۇ. شۇنىڭ دەل ئۆزى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشۇپ بىللە قېچىپ كېتىۋاتاتتى. بېرىپلا خەدىچەگە ئېسىلدىم، ماڭغۇزمىدىم. دەل شۇ چاغدا كۆز ئالدىمدىلا خەدىچە ۋەلىنى ئېتىۋەتتى ... — ھاجى بېشىنى لىڭشىتىپ كۆزىنىڭ يېشىنى ئېرتقاندەك قىلدى.

— ئاھ، ۋەلى غوجام. ۋەلى غوجامغا يېتىدىغان ئادەم بارمىدۇ؟ يامانلار ئۆزىڭغا قەست قىلدى. باتۇرلارنىڭ باتۇرىنى ئۆلتۈرگەننى



كىم كۆرگەن؟! ئاھ، ۋەلى غوجام، بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدىغان خوتۇننىڭ ئوقىنى يەپ ئۆلگەن غوجام. بۇ كاپىرنىڭ قىزى كۆز ئالدىمدىلا ئوق چىقاردى ... شۇنداق بىر قارىغا ئالغانىدى، ئىتنىڭ قىزى ... بىر چەنلىدى ... نەدىن ئۆگەنگەندۇ بۇنى ...

— ئاڭلىدىڭلارغۇ، ھەممىڭلار مانا شۇنداق كۆرگەنىدىڭلار، راستىمۇ؟ زەكەرىيە، سەنمۇ خۇددى شۇنداق كۆرگەنمىدىڭ؟ — دېدى ئابدى ئاغا.

— راست، خۇددى شۇنداق كۆرگەنىدىم، — دېدى زەكەرىيە.

— ئەلى توكۇر، سەنچۇ؟

ئەلى توكۇر باياتىن بېرى پارتلاپ كېتەي دەپ قالغانىدى.

— مەنمۇ؟ — دېدى ئۇ — ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم، ئاغا. ھېچقانداق نەرسىنى كۆرمىدىم، بىر ئىزنى قوغلاپ تاپقىنىم ئۈچۈن يېزىدىكىلەر يۈزۈمگە قارىماس بولدى، مەيلى مۇشۇ يېزىدىكىلەر بولسۇن، مەيلى ئۆزۈمنىڭ يېزىلىقلىرىم بولسۇن، يۈزۈمگە قارىمايدۇ، باللار چېغىدا ماڭا تەتۈر قارايدۇ، خوتۇنۇممۇ مەندىن يىرگىنىدىغان ۋە ماڭا گەپ قىلمايدىغان بولىۋالدى. ھېچ نەرسىنى كۆرمىدىم، ئاغا. بۇنى ياخشى بىلىۋال، ئاغام! مەمەتنىڭ سېنى ئاتقانلىقىنىمۇ كۆرمىدىم، — دېدى - دە ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ئىلدام ماڭدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىر ئىسيانغا ئايلانغان، ھەقىقىي ئىسيانكاردەك ماڭاتتى.

ئابدى ئاغا مۇنداق ھەرىكەتنى، مۇنداق ئىسيانىنى ھېچكىمدىن كۈتمىگەنىدى. تېرىككەنلىكىدىن ساراڭ بولاي دەپ قالدى. كالپۇكلىرى ساڭگىلاپ كەتتى، سەل ئۆزىگە كەلگەندىن كېيىن غەزەپلەندى، ئاچچىقىدىن بېشى پۇلاڭلاشقا باشلىدى. ئارقىسىدىن يۈگۈرىدىغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ سوزۇلدى:

— ئەلى توكۇر! ھەي ئەلى توكۇر! ئەمدى بۇ يېزىدا تۇرغۇچى بولما! كۆزە - كۆرىيەڭنى يىغىشتۇرۇپ نەگە كەتسەڭ كەت! يەنە بىر كۈن تۇرۇپ قالساڭ، ئادەم ئەۋەتىپ ئۆيۈڭنى بېشىڭغا يىقىتقۇزىمەن. ئۇقتۇڭمۇ ئەلى توكۇر؟! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى

ۋە ئۆز - ئۆزىگە، — تومۇسسىزلار، نان كورلار، يالاڭ تۆشلەر ... —
دېدى، كېيىن ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:
— ھەممىڭلار خۇددى ھاجىغا ئوخشاشلا كۆرگەنسىڭلارغۇ؟
ھەممە ئادەم بىر ئېغىزدىن:
— شۇنداق، كۆردۇق ! — دېيىشتى.
— يەنە قولۇڭلارنى كۆكسۈڭلەرگە قويۇڭلار، ئەي بىزىلمقلىرىم، قېرىنداشلىرىم ... مېنى مۇشتۇمدەك ھېلىقى شۇمتەك ئۆلتۈرمەكچى بولسۇڭنۇ ... مەندەك يەش يېزىنىڭ ئاغىسىنى ... خوجايىنىنى ... بىر قىز ئۈچۈن ... مەن ئۆلگەن بولسام سىلەرنىڭ ھالىڭلار نېمە بولاتتى !؟ ... بۇنى ئويلاپ بېقىڭلارچۇ قېنى ! مېنى يوق دەپ پەرز قىلىپ كۆرۈڭلارچۇ قېنى ! بىر قىز ماڭا كېلىن بولىدىغان چاغدا بىر يالاڭ تۆش بىلەن قېچىپ كەتسۇن، بۇ قايسى كىتابتا يېزىلغان؟ ۋىجدانىڭلارغا مۇراجىئەت قىلىڭلار ... ۋىجدان ئازابلاشمايدىغان ئىش ئىش بولمايدۇ، ئۇ ئىشتىن ياخشىلىق چىقمايدۇ ... بولۇپمۇ ۋىجدان ...
— ئاغىمىز ئۈچۈن قولىمىزنى قويدۇق مانا ! — دېدى ياشقىلار.
ئاغا ماختىغاندەك قىلىپ:
— ياشاپ كەت، مۇسا ! — دېدى.
— ئاغىمىز ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ بولدى، ھەممىمىز قولىمىزنى كۆكسىمىزگە قويدۇق، بولدى، — دېدى قادىر كېكەچ.
— رەھمەت سىلەرگە، — دېدى ئاغا، — بۇ يىل سىلەردىن ھوسۇلنىڭ پەقەت تۆتتىن بىرىنى ئالىمەن. قېنى، چارۋا ماللارنىمۇ سىلەرگە بېغىشلىدىم، قولۇڭلاردىكى ماللار سىلەرنىڭ بولىدۇ. خوپ، مېڭىڭلار، قولۇڭلارنى كۆكسۈڭلەرگە قويۇپ تۇرۇپ ھۆكۈمەتكە نېمە دېيىشىڭلارنى ئويلاپ كۆرۈڭلار ...
ئۇلار ئاغىنىڭ ئالدىدىن خۇشال - خۇرام، كۈلۈپ چىقىشتى. ھوسۇلنىڭ تۆتتىن ئۈچى ! ماللارمۇ ! ۋاي ئاناڭنى ! دېيىشىپ



ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا — ئەللىك مېتىر نېرىدىكى بىر يەرگە يىغىلىشتى، دېمەكچى بولغان سۆزلىرىنى يادلاشتى:
— ھاجى ئەپەندى ... مانا بۇ ھاجى ئەپەندى بىرىنچىلا تاپانچىنى يەردىن ئالدى. قىز ئوغۇلنىڭ قولىنى تۇتۇپ قاچقانىدى، قىز ئوغۇلنىڭ قولىدىن بوشاپ چىقتى ... باردۇق - دە، تۇتۇۋالدۇق ...
ھاجى ئۇلارنىڭ سۆزىنى توختىتىپ:
— بۇ يېرى قاملاشمىدى، — دېدى. — مۇنداق دېيىش كېرەك: «ھاجى، يەنى مەن باردىم، ئۇلار قول تۇتۇشۇپ قاچقانىدى، مەن بىرىنچىلا خەدىچەگە ئېسىلدىم، مەن، يەنى ھاجى ئېسىلغاندا دېسىلەر، ئوغۇل بالا، يەنى مەمەت ئاۋاق قىزنى تاشلاپ قاچتى ... ھاجى بىرىنچىلا قىزغا ئېسىلدى. ھاجى قىزغا ئېسىلىشى بىلەنلا ئوغۇل، يەنى مەمەت ئاۋاق قىزنى تاشلاپ قاچتى ... قىز تاپانچىنى بەتلىدى ... نەلەردە ئۆگىنىۋالدىكىن بۇ ئىتنىڭ قىزى؟ ۋەلىنى چەنلەپ تۇرۇپ ئۈچ پاي ئوق چىقاردى. ئۈچىلىسى دەل تەگدى ! ۋاي ئىتنىڭ قىزى، ئۈچىلىسى ! ... شۇنىڭدىن كېيىن ۋەلى يەرگە جانسىز يىقىلدى. قىزنىڭمۇ قولىدىكى تاپانچا يەرگە چۈشتى، ھاجى قېشىغا باردى. مانا بۇ ھاجى بىرىنچى تاپانچىنى يەردىن ئالدى ...»
— توغرا ! دەل شۇنداق بولدى، — دېدى ھاجى، — ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن بىز ياخشىلاپ يادلىۋالساق بولىدۇ.
چۈشتىن كېيىن ئالدىدا ئىككى نەپەر قوراللىق ژاندارما، ئارقىسىدا دوختۇر بىلەن تېپتىش، ژاندارما چاۋۇش[1] كېلىپ ئابدى ئاغىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ھويلىدىكى مېيىتنىڭ ئۈستىگە بىر گۈللۈك يوتقان يېپىلغانىدى، مېيىتنىڭ سايىسېرىق قولى يوتقاننىڭ چېتىدىن چىقىپ تۇراتتى.
دوختۇر ياش، كۆك كۆز، قىزلارغا ئوخشايدىغان بىر ئادەم ئىدى. ئاتتىن چۈشۈپ مېيىتقا يىرگىنىپ قاراپ چىقتى ۋە

[1] چاۋۇش — يەنجاڭ دەرىجىلىك ئەمەلدار.

يوتقانني ھەم يېپىپ قويدى.

— كۆمسەڭلار بولىدۇ، — دېدى دوختۇر.

ئۇلار قاپاقلىرى سۇرلۇك قىياپەتتە ئىچكىرى كىرىپ كەتكەن ئاغىنىسىنىڭ يېتىغا كېلىپ ئولتۇردى. بەكمۇ ھېرىپ كېتىشكەنىدى. بۇلارنىڭ ئۈچىلىسى ئابدى ئاغىنى شەھەردىكى چېغىدىلا تونۇيتتى. چاۋۇش ئابدى ئاغىنىنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. بۇ ۋەقەدىن قايغۇرغانلىقىنى پۈرسەت تاپسىلا ئەسكەرتىپ تۇردى:

— سەن زادىلا قايغۇرما، ئاغا! قاتىلنى خۇددى ئۆزۈم قويۇپ قويغاندەك تېپىپ كېلىمەن. جاجىسىنى يەيدۇ، زادىلا بىشارام بولما! ... ئىزدەش ئۈچۈن تۆت ژاندارمنى ئەۋەتتىم.

چاۋۇش ماشىنكىنىمۇ ئالغاچ كەلگەنىدى. قېپىدىن چىقىرىپ تاختاينىڭ ئۈستىگە قويدى. بىر ژاندارمنى ئەۋەتتى، خەدىچەنى ئەكەلدى. قىزنى سوراق قىلدى. قىز ۋەقەنى باشتىن ـ ئاخىر سۆزلەپ بەردى. دېگەنلىرى ماشىنكىدا بېسىلدى. ئاندىن كېيىن ۋەقەنىڭ گۇۋاھچىلىرى ئۆز ئىپادىلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئالدى بىلەن ھاجى گۇۋاھلىق بەردى. ۋەقەنى باشتىن ـ ئاخىر سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىنلا:

— مەمەت ئابدى ئاغىغا ئوق ئاتقان چاغدا بىردىنلا خەدىچەگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ قىزنىڭ قولىدا تاپانچا، ۋەلىنى چەتلەپ شۇنداق بىر ئاتتىكى، ۋەلى: «ۋاي ئانام! ئۆلدۈم! ...» دەپ يەرگە دۈم چۈشۈش بىلەن خەدىچە قېتىپلا قالدى ... تاپانچىمۇ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى ... مەن بېرىپ تاپانچىنى پاتقاقنىڭ ئىچىدىن ئالدىم. مەمەت قىزنى، يەنى خەدىچەنى قولىدىن تۇتۇپ قاچقانىدى، بېرىپلا ئۇلارغا ئېتىلدىم ـ دە، ئىككىسىنىلا تۇتۇۋالدىم ... مەمەت قېچىپ كەتتى، مەن قىزغا ئېسىلىۋالدىم، زادىلا قويۇپ بەرمىدىم، مانا شۇنداق، قويۇپ بەرمىدىم، قويۇپ بېرەمتىم! ...

خەدىچە ھاجىنىڭ بۇنداق گۇۋاھچىلىقىغا ھەيرانلا قالدى. ھاجى نېمە قىلماقچى، بۇنى زادىلا بىلەلمىدى.



— بۇ ئادەم ۋەلىنى سېنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ئىسپاتلىدى. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن خەدىچە؟ — دەپ سورىدى تەپتىش.

— ياق! — دېدى خەدىچە، — مەن قانداق قىلىپ بولغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرەلەيمەن؟ ۋەقە ھېچقاچان ھاجىنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس. نېمە ئۈچۈن ئۇلار مۇشۇنداق دەيدۇ، ۋاي خۇدايىم توۋا!

ئۇنىڭدىن كېيىن زەكەرىيە گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. ئۇمۇ خۇددى ھاجىدەكلا سۆزلىدى. بىر سۆزنى كەم قويمىدى، بىر سۆزنىمۇ قوشمىدى. گۇۋاھچىلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل سۆزلىگەندىن كېيىن خەدىچە ئۆزىگە قارشى بىر سۇيىقەست قىلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى، قورققىنىدىن يۈرىكى سىيلىپ كەتتى، كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى.

تەپتىش گۇۋاھچىلارغا تاپانچىنى كۆرسىتىپ:

— خەدىچەنىڭ قولىدىكى تاپانچا مۇشۇمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، مۇشۇ تاپانچا ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ئۇلار شۇ كېچىسى ئابدى ئاغىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشتى. ئاستىلىرىغا قاتمۇقات كۆرپىلەر سېلىندى، ھۇزۇرىغا قوزىلار سويۇلدى، تونۇر كاۋاپلىرى قىلىندى. تەپتىش ھەر قېتىم تاغلىق يېزىلارغا كەلگىنىدە تونۇر كاۋىپى قىلدۇرۇپ يەيتتى. گۆشنى ئەڭ لەززەتلىك پىشۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى مۇشۇ ئىدى.

شۇ كېچە خەدىچەنىمۇ ياندىكى بىر ئۆيگە سولاپ قويدى. ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىگەن خەدىچە بېشىنى تىزلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تاڭ ئاتقۇچە ئىچىدە يىغلاپ چىقتى. تاڭ ئېتىش بىلەن ئىككى ژاندارما خەدىچەنى سولاپ قويغان ئۆيدىن ئاچىقىپ ئالدىغا سېلىپ مېڭىشتى. خەدىچە تۇرمىگە ئېلىپ كېتىلىۋاتاتتى. ئۇ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقانىدى. نېمە بولۇۋاتقىنىنى، نېمە قىلارىنى بىلەلمەيتتى. ماڭغاندا پۇتلىرى ئالمىشىپ كېتەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆز يېزىسىدىن ئىككىنچى قېتىم چىقىشى ئىدى. بىرىنچى قېتىمدا يېنىدا يۆلەنچۈكى، سۆيگىنى بار ئىدى، ئۇ چاغدا ئەگە

بېرىشنى، تېمە قىلىشنى بىلەتتى، مېھرى ئىسسىق ئېتىز، بىر ماكاننىڭ شېرىن خىيالى كەينىدىن كېتىۋاتاتتى. ھازىر بولسا يۈرىكىدە بىر خىل قورقۇش ۋە ئۈمىدسىزلىك بار ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇنى تېمە قىلىشنى ئويلايتتى. يېزىدىن ئايرىلغاندا ھەتتا ئاپىسىمۇ خوشلاشقىلى چىقمىدى ... دوستلىرىمۇ ئۇزاتمىدى. بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق كەلدى. بۇ ئىش ئۇنى تۈگەشتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئۆزىنى يات ئادەملەر ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. تۇرۇۋېلا ھېچ نەرسىنى ھېس قىلالمايتتى، ئويلىيالمايتتى ۋە كۆرەلمەيتتى. بەزىدە ھوشىنى يىغىپ ئىككى تەرىپىدە كېتىۋاتقان ژاندارمىلارغا قاراپ قورقاتتى. خەدىچە ئۈچۈن كەلگۈسى قاراڭغۇ ئىدى، ماڭغانسېرى تېخىمۇ قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ... كۆز ئالدىدا كارامەت چوڭ بىر ھۆكۈمەت ... ژاندارمىلار ... ئالدىدا كېتىۋاتقان ئىككى ھۆكۈمەت ئادىمى ...

ئەتىسى شەھەرگە كەلگەندە خەدىچە ھالىدىن كېتەتتى. چارچاشتىن سۆرىلىپ ماڭاتتى. بازار كۆڭلىگە سەل - پەل ئارام بولدى. يۈرىكىمۇ ئاز - تولا ئىزىغا چۈشتى، قورقۇنچى ئازايدى. مەمەتنى ئەسلىدى. مەمەت دائىم سىبرىق رەڭلىك ئۇچقۇننى تەسۋىرلەپ بېرەتتى. ئاپېلسىنلارنى، ئاپپاق شېغىل تاشلارنى، ئېقىن سۇلارنى، كاۋاپ پۇراقلىرىنى ... بىر ئۆينىڭ ئۈستىدە قارلىغاچ ئۇۋىسىدەك كىچىككىنە كەپە بار، دېگەنتتى. شۇ ئۆي نەدىكىنە؟ بىر ئۆينىڭ ئەينەكلىرىگە كۈن چۈشۈپ قىزارتىۋەتكەنىدى. پەنجىرىگە قىزىل پەردە تارتقانىدى. بىردىنلا بېشى قېيىپ كەتتى. مەمەت ئۆز ئەينى كۆز ئالدىغا كەلدى. مەمەت ھازىر نەدىدۇ؟ ئەگەر مەمەتنى تونۇۋالسا چوقۇم ئېتىۋېتىدۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەن ئۈچۈن قىلدى، بىچارە ...

ژاندارما ئىدارىسىنىڭ ئاستىدىكى تۈرمە سېمونت ئىدى. ئۇشۇقىچە سۆز تۇشقۇزۇلغانىدى. تېمە ئۈچۈن سۆز تۇشقۇزۇلغانلىقىنى، تېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىنغانلىقىنى



بىلگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى ۋە قاراڭغۇ ئىدى، ئالىقانىدەكلا پەنجىرىسى بار ئىدى. ئۇمۇ چىلەك يېپىقلىق تۇراتتى. خەدىچەنى مۇشۇ يەرگە ئىتتىرىپ كىرگۈزدى. بىر كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇخلىغۇدەكمۇ يەر يوق ئىدى. ئەگەر كۆڭلى خاتىرجەم بولغان بولسىدى، ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلىغان بولاتتى. شۇنچە چوڭ تۈرمە، دەرىيادەك قاراڭغۇلۇق ئۇنى يۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى. ئىشىك ئېچىلسىلا قۇتۇلۇپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. تاڭ ئاتقانلىقىنى پەرەز قىلدى. ھېچقانداق يەردىن، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىنمۇ يورۇق چۈشمەيتتى، شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا تاڭ ئاتقانلىقىنى پەرەز قىلدى.

بىردىنلا ئىشىك ئېچىلدى. ئوقتەك كىرگەن يورۇقلۇقنىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن ئېسىنى يوقىتىپ قويدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كەلدى. بۇ چاغدا بىر ژاندارما ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سىرتقا سۆرىدى.

سىرتتا بىرمۇنچە ئادەم توپلىشىپ تۇراتتى. خەدىچە سىرتقا چىقىشى بىلەن ھەممىسى ئۇنىڭغا بۇرۇلدى. «مانا، لايىقىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قىز» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىدى. دېمەك، شۇنچە كۆپ ئادەم ئۆزىنى كۆرۈش ئۈچۈن توپلانغانىكەن - دە. كۆپچىلىككە بىر قېتىممۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىمىدى. شۇ پېتى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى يېنىدىكى ژاندارما ئۇنىڭغا قورقۇش ئەمەس، بەلكى مەدەت بەرگەندەك بولدى.

ئۇنى بىر سوراقچىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈشتى. سوراقچى بېشىدىن نۇرغۇن سىناق ۋە ئىش ئۆتكەن، بويى پۈرلىشىپ كەتكەن شاپ بۇرۇت قېرى بىر ئادەم ئىدى. قىزنىڭ تەرجىمىھالىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن سوراق قىلدى:

— مۇستافانىڭ ئوغلى ۋەلىنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭ راستمۇ؟

خەدىچە مۆڭلەردەك ساددىلا جاۋاب بەردى:

— خۇدا ھەققى، ۋەلىنى ئۆلتۈرمىدىم، مەن ئادەم ئۆلتۈرەلەيمەنمۇ؟ قولۇمغا تاپانچا ئېلىشتىنمۇ قورقىمەن.

سوراقچى يېزىلىقلارنى، يېزا ئاياللىرىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇنچە يىلدىن بېرى نەچچە مىڭنى سوراق قىلغانىدى. خەدىچەنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى دەرھال سەزدى. لېكىن، ئۇنى سولاپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى، چۈنكى گۇۋاھچىلار كۈچلۈك ئىدى.

ئاياللار كامېرى تۈرمىگە كېيىن قوشۇلغان ياندىكى بىر ئۆيدە ئىدى. سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى ... تاملىرى قان داغلىرى بىلەن بويالغان، ھازىرغىچە بۇ تاملاردا يۈزلەپ، مىڭلاپ ھاشارات ئۆلتۈرۈلگەن، بۇ، شۇلاردىن قالغان داغلار ئىدى. تام - تورۇسلار، پەنجىرىلەر، تاختايلار چىرىپ كەتكەن.

ھەممە يەر زەي ۋە سۈيدۈك پۇرايتتى. ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا بىر قاچا تۇراتتى. گۈندىپاي ئۇ قاچىنى كۆرسىتىپ، كېچىسى قىسىلسا، بۇ قاچىنى ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

خەدىچە گۈندىپاي ئەكىرىپ بەرگەن تاندىن بىر پارچىنى خالىماستىن ئاغزىغا سالدى، چايناپ - چايناپ يۇتالمىدى، تۈكۈرىۋەتتى.

ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ ھېچ نەرسە يېمىدى. ئۇ ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا ئەڭ يامان زۇلۇم دۇنياسى ئىدى. بۇنىڭغا ئۇ زادىلا كۆنەلمەيتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئانىسى كىرىپ كەلدى. ئانىسىنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ تۈرمە پەنجىرىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ:

— قىزىم، چىرايلىق قىزىم! سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن بۇ نېمە كۈندۇ؟ كىشىنىڭ بالىسىنى نېمىشقا ئۆلتۈردۈڭ؟ — دېدى.

قىز بىرىنچى قېتىم رەت قىلىپ، غەزەپ بىلەن:

— مەن قانداق قىلىپ كىشىنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرەي!؟ مەن قولۇمغا قورال ئېلىپ كۆرگەنمىدىم؟ بۇنى سەن بىلمەمسەن!؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

ئايال بۇ سۆزلەردىن كېيىن يۇمشىدى. قىزىنىڭ بۇ ئىشلارنى



قىلالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەنىدى.

— مەن نەدىن بىلەي، جېنىم قىزىم، ھەممە ئادەم ۋەلىنى ئاتقان خەدىچە دەپ يۈرىدۇ، مەن نەدىن بىلەي، چىرايلىق قىزىم! ئەرز يازىدىغان ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر ئەرز يازدۇرىمەن. قىزىم قورالدىن قورقىدۇ، دەيمەن. ئابدى ئاغا ماڭا ئەرز قىلىپ يۈرمىسۇن دەپ كىشى ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماستىن بىر ئەرز يازدۇرىمەن، جېنىم قىزىم، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ ئەرز قىلىمەن. ئۇنداق بولسا جېنىم قىزىم، سېنىڭ گۇناھىڭ يوق، ئۇ كاپىر مەمەت ئاۋاق كىشىنىڭ بالىسىنى ئېتىپ تاشلاپ، ساڭا ئارتىپ قويغان ئوخشايدۇ. ئۇ كاپىر مەمەت ئاۋاق ئۆيىمىزنى خاراب قىلدى ... سېنىڭ ئۈچۈن ياخشىلاپ بىر ئەرز يازدۇرىمەن، جېنىم قىزىم. بېرىپ ئەرز يازغۇچىغا يىغلايمەن. خەير، قىزىم، مەن كېتەي!... — يېزىدىن يېمەكلىك بىلەن تولدۇرۇپ كەلگەن تۈگۈننى پەنجىرىدىن ئۆتكۈزۈپ بەردى.

— ئەرز يازغۇچىغا بېرىپ ھەممىنى يازدۇرىمەن. ئەرزنى ھۆكۈمەت ئوقۇيدىغانلا بولسا، سېنىڭ گۇناھسىزلىقىڭنى بىلىدۇ ... ھۆكۈمەتمۇ ئادەمغۇ ... ئۇنىڭدىمۇ مېھىر - شەپقەت باردۇ؟ گۇناھسىز تۇرساڭ نېمە ئۈچۈن سېنى بۇ يەرگە سولايدۇ؟

ئانىسىنىڭ كېلىشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر ئاز ئاچقانىدى. خەدىچە تۇنجى قېتىم پەنجىرىدىن مۇنۇلارنى ئوچۇق كۆردى: يېڭى سېلىنغان بىر ئۆينىڭ قارفۇر، پاك - پاكىز، قىپقىزىل كاھىشلىرى، ئۇنىڭ ئارقىسىدا مەسچىتنىڭ گۈمبىزى، ئىنچىكە، تۈپتۈز سۇنتەك ئاق مۇنارى، نېرىقى تەرىپتە — تامنىڭ تۈۋىدە قويۇق يوپيوپۇرماقلىق ئەنجۈر دەرىخى، ئۇنىڭ نېرىسىدا توپا - چاڭلىق چوڭ ھويلا، ھويلىدا ئۇ يەر - بۇ يەرگە كېتىۋاتقان ئادەملەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى ... مەمەت بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دېگەنتۇ، لېكىن قىزىل كاھىشنىڭ گۈزەللىكىنى، پارقىراقلىقىنى دېمىگەنىدى.

گۈندىپاي كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ ئاچچىقى يامان ئادەم

ئىدى، قوپاللىق بىلەن:

— تاشقىرىغا چىقىپ ھاۋا يەپ كىرسەڭ بولىدۇ ! — دېدى.

چۈشلۈكى، كەچلىكى ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى سىرتقا چىقىراتتى. ھازىرغىچە سىرتقا چىقىشنىڭ قەدرىگە يەتمىگەنىدى. مانا ھازىر يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەندەك خۇشاللىق ھېس قىلدى.

تۈرمىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى بىلەن كامېرنىڭ يانىدىكى پەنجىرىسى ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئىدى. بىر ـ ئىككى مەھبۇس ئۇنىڭ خېلى ئېچىلىپ قالغانلىقىنى، دۇنياغا ئانچە ـ مۇنچە قىزىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى:

— ھەي سىڭلىم، غەم قىلما ! ئادەمنىڭ بېشىغا نېمە ئىشلار كەلمەيدۇ. ئۇ كاپىرنىڭ ئەدىپىنى ياخشى بېرىپسەن. ياشا سىڭىل، ياشىسۇن ئىشق ـ مۇھەببەت !

خەدىچە جاۋاب بەرمىدى، ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. مەمەتنى ئويلاشقا باشلىدى ...

ئانىسى ئەرز يازغۇچى ھاراقكەش پەخرىنىڭ قېشىغا باردى. پەخرى دەلدۈش خېلى يىللار بۇرۇن سوت كاتىپى بولۇپ، پارا يېگەنلىكى ئۈچۈن قوغلانغانىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئەرز يېزىپ بېرىپ كۈن كەچۈرەتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى كىرىمى كاتىپلىق قىلغان كىرىمىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ئىدى. «ئادۇۋوكاتتىنمۇ ئۇستۇن» دەپ داڭ چىقارغانىدى. كېچە ـ كۈندۈز دېگۈدەك مەست يۈرەتتى. ئەرزنىمۇ مەست ھالدا يازاتتى.

پەخرى دەلدۈش بېشىنى ماشىنكا قويغان مەينەت ئۈستەلگە قويۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن ھاراق پۇراپ تۇراتتى. ئۇ ئاياغ تاۋۇشىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى. بۇ خىلدىكى ئاياغ تاۋۇشى، ئەرز يازدۇرغۇچىنىڭ ئاياغ تاۋۇشى ئىدى. پەخرى شۇنچە يىلدىن بېرى بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن ئەرز يازدۇرغۇچىلارنى ئاياغ تاۋۇشىدىن تونۇيتتى. يېزىق ئۈستىلى بىر قاساپ دۇكىنىنىڭ سايىۋىنى ئاستىدا بولغىنى ئۈچۈن بۇ يەردىن ئادەم كۆپ ئۆتەتتى. ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ بىرەرىگىمۇ بېشىنى



كۆتۈرۈپ قارىمايتتى. ئەرز يازدۇرغۇچى خېلى يىراقتا كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ بېشىنى دەرھال كۆتۈرۈپ، كەلگۈچىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ قاراپ:

— قېنى، سۆزلىگىن، — دەيتتى.

خەدىچەنىڭ ئانىسىغىمۇ:

— قېنى، سۆزلىگىن، — دېدى.

ئايال يولنىڭ چېتىگە كېلىپ بېشىنى تامغا يۆلەپ ئولتۇردى.

— سادىغاڭ كېتەي، پەخرى ئەپەندىم، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئايال، — بېشىمىزغا كەلگەنلەرنى سەن سورىما.

پەخرى ئەپەندى قەلىمىنى ئاغزىغا تىقىپ شوراپ ئولتۇراتتى.

— قۇربانىڭ بولاي، پەخرى ئەپەندى، يالغۇز قىزىم بار ئىدى ... جېنىم قىزىم خەدىچە ... پەخرى ئەپەندى، ساڭا دەپ بېرەي، چىرايلىق قىزىمنى ئەكېتىپ تۈرمىگە سولاپ قويدى، جېنىم قىزىم تۈرمىدە ياتىدۇ ...

پەخرى ئەپەندى ئاغزىدىكى قەلەمنى ئاستا تارتىۋالدى.

— قىزىڭ نېمە سەۋەبتىن تۈرمىگە چۈشۈپ قالدى؟ بولارنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىن، — دېدى.

— سادىغاڭ كېتەي، پەخرى ئەپەندى، ساڭا دەپ بېرەي، ئوبدان ئاڭلا ... قىزىمنى ئابدى ئاغىنىڭ جىيەنى ۋەلىگە ماقۇللىشىپ قويغانىدۇق، چىرايلىق قىزىمنى، كەكلىكتەك چاققان قىزىمنى. ھايۋاندىن تۆرەلگەن ھېلىقى مەمەت ئاۋاق بارغۇ، دۆنەنىڭ يېتىم ئوغلى، قىزىم ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت باغلىغانمىش، بۇنى يىلىز نەدىن بىلەيلى. بىر كېچىدە قېچىپ كەتتى. ئىزچى ئەلى توكۇرنى تونۇمسەن؟ ئۇنى تونۇمايدىغان ئادەم يوق. ئۇ كاپىر ئۇلارنىڭ ئىزىنى قوغلاپ يۈرۈپ، بىر قىيانىڭ تۈۋىدە سۆيۈشۈپ تۇرغاندا، ئۇز قولى بىلەن تىقىپ قويغاندەكلا تېپىۋاپتۇ. يىگىت تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئابدى ئاغىنىمۇ، ۋەلىنىمۇ ئېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قېچىپ كېتىپتۇ ... ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى قېرىنداشىم ساڭا سۆزلەپ بېرەي، يىگىتنى ھازىرغىچە

ئۆتالمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ژاندارمىلار مېنىڭ ئىشچان قىزىمنى ئۇتتۇپ كەتتى. مېنىڭ گۈل قىزىمنى تۈرمىگە تاشلىدى. ئۇ كۆزى كور بولۇپ كەتكۈر يېتىم ئوغلاق مەمەت ئاۋاقنىڭ كاساپىتىدىن مۇشۇنداق بولدى. ۋەلىنى قىزىم ئۆلتۈرۈپتۇمىش ... دېھقانلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. يالغۇز بىرلا ئەلى توكۇر گۇۋاھ بولالمايمەن، دەپتۇ. ئابدى ئاغا ئۇنىمۇ يېزىدىن ھەيدىدى ... مەن نەدىن بىلەي، پەخرى قېرىندىشىم، قىزىمنىڭ ۋەلىنى ئۆلتۈردى دېگىنىگە دەسلەپتە مەنمۇ ئىشەنگەنىدىم، شۇنچە چوڭ بىر يېزا خەلقىنىڭ ھەممىسىلا يالغان سۆزلىمەس، دېدىم. ئۇلارنىڭ قىزىمغا نېمە قەستلىرى بارلىقىنى بىلمىدىم. ئۇ نومۇسسىز ئابدى شۇنداق دېگۈزگەنىكەن ... يېزىلىقلار ھېچقاچان ئابدىنىڭ سۆزىدىن چىقمايدۇ. ۋاي ئەقىلسىز بېشىم ... تۇۋا، تۇرۇپلا شۇلارغا ئىشىنىپ كەتكىنىمنى ! ۋاي پەخرى ئەپەندى، قېرىندىشىم ... كېيىن قىزىمنىڭ قېشىغا بېرىپ سورىدىم. ئىش باشقىچە ئىكەن ... چىرايلىق قىزىم: ئانا، مەن قورال ئىشلىتىشنى بىلمەيمەن، دېدى. مەنمۇ ئويلاپ كۆردۈم. راستتىنلا قىزىم قورال ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قورالدىن بەكمۇ قورقىدۇ. بىزنىڭ ئۆيدە ھېچقاچان قورال بولۇپ باققان ئەمەس. بىچارە قىزىمنىڭ دادىسى قورالنى زادىلا ياقتۇرمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىزىم ئۈستىدە يالغان گۇۋاھلىق بەردى ... غەرەزلىك ئىش قىلدى. پەخرى ئەپەندى، ئاغام، ئىش مانا شۇنداق ... جېنىم قىزىم قورالدىن قورقىدۇ ... مىلتىقنى كۆرسە يۈرىكى يېرىلىپ كېتىدۇ ... ھۆكۈمەتكە بۇلارنى ئۆز ئېغىزى بويىچە يازغىن ...

پەخرى ئەپەندى قەغەزنى ئېلىپ ئېچىقى چىقىپ كەتكەن ماشىنكىغا سالدى، تاقىلدىتىپ بېسىشقا باشلىدى. توختىماستىن تولۇق بەش بەت ئەرز يازدى.

— قاراپ باق، خانىم، مەن ئوقۇپ بېرەي، سەن ئاڭلاپ باق، قالتىس قاتۇرۇۋەتتىم، — پەخرى ئەپەندى تاماكىسىنى ئاغزىنىڭ



بىر ئۇ تەرىپىگە، بىر بۇ تەرىپىگە يۆتكەپ تۇرۇپ ناھايىتى تېزلىكتە ئەرزنى ئوقۇپ بولۇپ، قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— قولۇڭ دەرد كۆرمىسۇن، بەك ياخشى يېزىپسەن، — دېدى ئايال.

— خانىم، — دېدى پەخرى، — باشقىلارغا ئون بەش لىراغىمۇ يېزىپ بەرمىگەن بولاتتىم، سەن ئون لىرا بەرسەڭمۇ بولىدۇ. ئەرز يېزىش شۇنداق بىر ھۈنەركى، تاشنىمۇ ئېرىتىۋېتىدۇ، خۇدا ھەققى ! تاشقىمۇ تەسىر قىلىدۇ.

ئانا قوللىرى تىترەپ تۇرۇپ، قات - قات ئورىغان تۈگۈچتىن پۇلنى چىقىرىپ تۇرۇپ:

— قولۇڭغا دەرد كەلمىسۇن، خۇدايىم بۇيرۇسا تاشتىمۇ ئېرىتىۋېتەر ! — دېدى.

پەخرى ئەپەندى قىپقىزىل ئون لىرالىق پۇلنى قولىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرۇپ، ئەرزنى نەگە ئاپىرىدىغانلىقىنى، نېمە دېيىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا ياخشىلاپ چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ئايال ماڭماقچى بولۇپ:

— خاپا بولۇپ قالمىغىن، پەخرى ئەپەندى، قېرىندىشىم، كېيىنكى قېتىم كەلگەندە ساڭا توخۇم، ماي ئالغاچ كېلىمەن ... — دېدى.

دېگەن يەرگە باردى. ئەرزنى بېرىدىغان يەرنىمۇ تاپتى، ئالدىدا قىزىنى ئەكەتكەن ئەمەلداردىن بىرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈش بىلەن دەسلەپ قورقتى، كېيىن:

— سادىغاڭ كېتەي، باشلىق، — دېدى، — قىزىمنى نېمە ئۈچۈن ئەكەتتىڭ؟ ئەكېلىپلا تۈرمىگە سولاپ قويدۇڭ. قىزىم مىلتىق ئېتىشنى بىلمەي تۇرۇپ قانداقمۇ ئادەم ئۆلتۈرسۇن !؟ قىزىم مىلتىقتىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ ... كىچىككىدە بىر مىلتىق كۆرۈپ قالسا يىغلىغان پېتى ماڭا ئېسىلاتتى. يوشۇرۇنۇشقا تىرىشاتتى. ساڭا بىر ئەرز ئەكەلدىم، پەخرى ئەپەندى شۇنداق قاتۇرۇپ يېزىپ بەردى. ئوقۇپلا قىزىمنى قويۇۋېتىسەن، قېرىندىشىم،

ئاياغلىرىڭغا يىقىلاي. مېنىڭ ئۇ ئىشچان قىزىمنىڭ زادىلا گۇناھى يوق. كۆڭلى چۈشۈپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇ كاپىر مەمەت ئاۋاق بىلەن قېچىپتۇ ... ياشقىلارنىڭمۇ قىزى قاچمىدۇغۇ؟ قىزىمنى قويۇۋەت، ئاپانلىرىڭنى سۆيەي، قېرىنداشىم ...

تەيتىش قوپاللىق بىلەن:

— تولا ھېيلىگەرلىك قىلما! ئەرزىڭنى قويۇپ قويۇپلا ئۆزۈڭ كەتكىن، سوت ئادىل قارار چىقىرىدۇ، — دېدى. ئۇستەل ئۈستىدىكى ماتېرىياللارغا قاراپ يەنە بېزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ئانىسى تۈرمىگە كەلگەندە كەچ كىرىپ كەتكەنىدى. خەدىچە ئەتىگەندىن بېرى ئۇنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.

— پەخرى ئەپەندىگە شۇنداق بىر ئەرز يازدۇردۇمكى، تاشنىمۇ ئېرىتىۋېتىدۇ. ئۇنى ھۆكۈمەت بىر ئوقۇپ كۆرسۇن، سېنى جەزمەن قويۇۋېتىدۇ. گۇناھسىز ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ قويۇۋېتىدۇ. ئەرزگە سېنىڭ قورالدىن قورقىدىغانلىقىڭنى يازدۇردۇم. سەن كىچىك چېغىڭدا مىلتىقنى كۆرسەڭ قېچىپ كېتەتتىڭ ۋە قوچىقىمغا مۆكۈنۈۋالاتتىڭ. مانا شۇلارنىمۇ يازدۇردۇم. پەخرى ئەپەندى شۇنچىلىك قامالاشتۇرۇپ يازدىكى، توپتوغرا يىگىرمە لىرالىق ئەرزگە مەندىن ئون لىرا ئالدى. مەيلى قانچە ئالسا ئالسۇن، سېنىڭدەك قىزىم ئۈچۈن مەيلى ئەمەسمۇ؟ مىلىم كەتسىمۇ مەيلى، جېنىم كەتسىمۇ مەيلى ... ئۇنى ھۆكۈمەت بىر ئوقۇپ كۆرسۇنچۇ ...

— كاشكى، دېگىنىڭدەك بولسىدى، — دېدى خەدىچە ۋە ئانىسىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ بېشىنى ئەگدى، — ئانا، جېنىم ئانا، ماڭا مەمەتنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ بەرسەڭ، يەنە بىر كېلىشىڭدە خەۋەر ئەكەل، ماقۇلمۇ، جېنىم ئانا؟ بىر خەۋەر ئەكەل!

ئانىسى خاپا بولۇپ:

— ھەي بالا ـ قازانىڭ تۈتۈرۈقى! ... — دېدى.

خەدىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئانىسىغا يالۋۇرغاندەك قارىدى:



— ئانا، جېنىم ئانا، قارىغىنا، بۇ تۆشۈكتە چىرىپ كېتىمەن. مەمەت بولمىسا مەن بۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىمەن. سەن قىزىڭنىڭ ئۆلۈشىنى خالامسەن؟ ئۇنىڭدىن بىر خەۋەر ...

— ۋاي بالا ـ قازا! — دېدى ئانا، — خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇنى پارە ـ پارە قىلىپ تاشلار، ساڭا ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئەكېلەرمەن، ئىنشائاللا ...

قىز يىغلاشقا باشلىدى. ئانا بۇنى كۆرۈپ جىم بولدى. قىز خېلىغىچە يىغلىدى ۋە ھېچ نەرسە دېمىدى.

— كەچ بولۇپ كەتتى، قىزىم، مەن كېتەي، خوش! — دېدى ئانا.

— ئانا ... — دەپ چاقىردى خەدىچە.

ئانا تۇرۇۋېلا قالدى. قىزىنىڭ كۆزلىرىگە ياش تولغانىدى.

— خوپ، — دېدى ئانا تىترىگەن ئاۋاز بىلەن، — سېنىڭ يۈزۈڭنى قىلىپ بولسىمۇ بىر خەۋەر ئېلىشقا تىرىشىپ كۆرەي. مەمەتنىڭ ئانىسىنى بەك قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ ... بەلكى ئۇ بېچارە ئۆلۈپ قالار، ۋاي بېچارە دۆنە، ئامان بول، قىزىم، — دېدى ـ دە، مېڭىپ كەتتى، — قورقما قىزىم، پەخرى ئەپەندى ئەرزنى قاتۇرۇپ يېزىپتۇ ...

ئانا ئاپىرىپ بەرگەن ئەرزگە يەكمۇ ئىشىنەتتى.

## 12

شۇنچىلىك قاراڭغۇ ئىدىكى، ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئورمان ھۇۋۇلدايتتى، ئورمان قاراڭغۇدا بىر تامدەك سوزۇلۇپ تۇراتتى. يىراقتىكى تاغنىڭ چوققىسىغا يېقىن بىر يەردە يىل ـ يىل قىلغان ئوت كۆرۈنەتتى. ئۇلار دەرەخلەرگە ئۇرۇلۇپ، قوللىرى بىلەن سىيپىلاپ مېڭىشاتتى. شالدىرلىغان تاۋۇش چىقىراتتى. كېچە ھاۋاسى نەم پۇرايتتى. قارىغاي، قېيىن، پىچان ۋە ئەمەنلەرنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرى، تەرنىڭ ئاچچىق

يۇرتقى بىرلىشىپ گۇيۇلدەپ يۇرايتتى. ئاسماندا بىر ـ ئىككى يۇلتۇز بىردەم چاقناپ، بىردەم ئۆچەتتى. شۇنچە ئايدىن بىرى ئۇلار بىرمۇنچە ئۆينى بۇلىغان. يوللارنى توسقان، ژاندارمىلار بىلەن ئېلىشقانىدى. ژاندارمىلار باشقا قاراقچىلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشنى تاشلاپ، تۇردى تەلۋىنىڭ ئىزىغا چۈشكەنىدى. تۇردى تەلۋىمۇ ژاندارمىلارنى زاڭلىق قىلىپ ئويۇن ئوينىماقتا ئىدى. مەمەت قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇنىڭ ئۈزىنى كۆرسەتكەنىدى. سەپداشلىرى ۋە تۇردى تەلۋىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ئەترەتكە چوڭ ياردىمى تەگكەنىدى.

قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن تۇردىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مۇشۇ يەردە دەم ئالايلى، تۇگىشىپلا كەتتۇق، ئۆلىدىغان بولدۇق، ئىككى كۈندىن بېرى توختىماستىن قاچتۇق، مۇشۇنداق ماڭساق نېمە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىمىز ؟! — ئۇنىڭ ئاۋازى شىددەتلىك ۋە كەسكىن ئىدى.

مەمەت ئۇنىڭ يېنىغا باردى:

— ئاستا، بوشراق سۆزلە، ئاغام.

— نېمە بوپتۇ؟ — دەپ غەزەپ بىلەن سورىدى تۇردى.

ئەگەر مەمەت بولماستىن باشقا بىرى مۇشۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن بولسىدى، مۇنچىلىك خاپا بولمىغان بولاتتى. چۈنكى، ئۇ تۇنۇگۈن كېلىپلا بۇگۈن قاراقچىلارغا دەرس بېرىۋاتاتتى.

— دۈشمىنىڭ چۈمۈلىدەك بولسىمۇ ... — دېدى مەمەت.

— ھە ... كىيىنچۇ؟ — دېدى تۇردى.

مەمەت تۇردىنىڭ تەنىسىنى بىلمەسكە سېلىپ:

— يەنە دېمەكچىمەنكى، ئۇنى كىچىك چاغلىما !

تۇردى چىدىيالماستىن كۈلگىلىدىكىنى ئېيتىۋەتتى.

— ۋاي ـ ۋۇي مەمەت ئاۋاقەي، سۇلايمان كەھىيا سېنى بىزگە سەپداش ئورنىدا ئەمەس، ھەربىي باشلىق سۈپىتىدە ئەۋەتىپتىكەن ـ دە؟ مۇنداق ئىشلارغا ئارىلاشما !



جاپپار مەمەتنىڭ سول تەرىپىدە كېتىۋاتاتتى. تېز ـ تېز نەپەس ئالاتتى.

— مەمەت توغرا دەۋاتىدۇ، ئاغا، — دېدى ئۇ. — ئورمانىنىڭ ئىچىدە قېلىپ قالساق، بىزنى قورشىۋالىدۇ. ئۇلار ئارقىمىزدىنلا كېلىۋاتىدۇ. بىزنى كەكلىكنى تۇتقاندەكلا تۇتۇۋالىدۇ. خۇدايىم ساقلىسۇن، تۇتۇپ ئارقىمىزغا قايتۇرۇپ كېتىشنى ... ئاسىم چاۋۇش مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى كۈتمەكتە، ئاستا ...

— كەكلىكنى ئۇۋلىغاندەكلا ... — دېدى مەمەت.

— ئارقىمىزدا كېلىۋاتقان ژاندارمىلار ئاز ئەمەس، — دېدى جاپپار، — ئۇلارغا دېھقانلار، بىزگە ئۆچمەن قاراقچىلار قوشۇلغان، ئاغا، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيمىز.

— تەڭ كېلەلمەيمىز، تېخى قوراللىرىمىز يوق، — دېدى مەمەت.

تۇردى تۇرغان يېرىدە تىكىلىپ تۇرۇپلا قالدى.

— بۇ يەردىن بىر قەدەم نېرى ئاتلاشقا رۇخسەت يوق ! — دەپ ۋارقىرىدى تۇردى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئورماندا جاراڭلاپ كەتتى.

— ئىككى كۈندىن بېرى ئىتتەك قېچىپ يۈرىمىز، ئىتتەك !

بۇلارنىڭ ئارىسىدا رەجەپ چاۋۇش دېگەن بىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، قانچە يىلدىن بېرى قاراقچىلىق قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھېچكىممۇ ئۇنىڭ كەچۈرمىشىنى سورىمايتتى. سورىغۇچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈدەك قىلاتتى. ئۇنداق ئادەم بىلەن ھەرگىز بىر يەردە بولمايتتى، ئۇچراپ قالسىمۇ سۆز قىلمايتتى. قىرىق يىللىق دۈشمىنىدەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئەللىكتىن ئاشقانىدى. ئۇنىڭ ئەخمەت چوڭنىڭ ئەترىتىدە بولغانلىقىدىن باشقا، ھېچقانداق ئىشى مەلۇم ئەمەس ئىدى. مەزكۇر ئەترەتنى ھۆكۈمەت كەچۈرۈم قىلغاندىن كېيىن ھەممە ئادەم ھۆكۈمەتكە تەسلىم بولغان بولسىمۇ، يالغۇز مۇشۇ ئادەملا بۇ كەچۈرۈمنى قوبۇل قىلمايتۇ. بىر ـ ئىككى يىل تاغلاردا يالغۇز ياشايتۇ، ئىككى يىلدىن كېيىن تاغدا يېڭى

قاراقچىلار ئەترىتى پەيدا بولغاندا ئۇلارغا قوشۇلۇپتۇ. ئۇ قاتناشمىغان قاراقچى ئەترىتى يوق دېيەرلىك ئىدى. قايسى ئەترەتتە بولسۇن ئۇزاق تۇرمايتتى، ھەممە قاراقچىلار ئەترىتى بۇ ئادەمنى تونۇيتتى، ھۆرمەت قىلاتتى، ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بىرلا ئەترەتكە مەنسۇپ بولۇپ قالالمايتتى. بۈگۈن خالىسا تۆردى تەلۋىنىڭ ئەترىتىگە كىرەتتى، ئەتە كۆڭلى تارتسا تۆردى تەلۋىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى يۈزجۈننىڭ ئەترىتىگە قاتنىشاتتى. ھېچكىمگە ھېچكىم ھەققىدە غەيۋەت قىلمايتتى. ئۇشۇقچە بىر ئېغىز گەپ قىلمايتتى ... ئۇگۈنلۈككە بولسا، كۈرد رەشىدنىڭ ئەترىتىگە كېتىپ قالاتتى ... ھەرقانداق قاراقچىلار ئەترىتىدە ئۇنىڭ ئورنى بار ئىدى. ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟ نېمە ئۈچۈن كېتىپ قالىسەن دېگۈچىلەرمۇ چىقمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىمنىڭ ئەترىتىگە كەلسە، شۇ ئەترەت بەكمۇ خۇشال بولاتتى. ئايىغى يارىشىدۇ، دەپ قارايتتى. قاراقچىلىققا بەكمۇ ئۇستا ئىدى. جەڭگە قاتنىشىپ قالسىلا بولدى، ئۇنىڭ قولى ئاپتوماتتەك ئىشلەيتتى.

قاراڭغۇلۇقتىن ئۇنىڭ بوم ۋە يات ئاۋازى ئاڭلاندى:

— تۆردى، باللار راست دەيدۇ، ئورماندىن چىقىپ قېيالمىققا بارايلى، — دېدى.

— ھەي رەجەپ چاۋۇش، رەجەپ چاۋۇش، — دەپ ۋارقىرىدى تۆردى، — بۇ يەردىن بىر قەدەم نېرى مېڭىشقا بولمايدۇ!

— تۆردى ئاغا، — دېدى جاپپار، — ھېچ نەرسە قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار بىزنى قورشىۋېلىپ ئورمانلىققا ئوت قويۇۋېتىدۇ ...

— بىر قەدەممۇ ماڭمايسىلەر! ... — دېدى تۆردى.

— ئۇنداق قىلما، ئاغا، — دېدى جاپپار.

— قەتئىي مېڭىشقا بولمايدۇ، — دېدى تۆردى.

— ۋەيران بولۇپ كېتىمىز، — دېدى جاپپار.

— مەن ئەترەتنىڭ باشلىقىمۇ، ئەمەس؟ — دېدى تۆردى.



— ھەي، — دېدى جاپپار، — سەن باشلىقسەن!

— ئەستاغپۇرۇللا ... — دېدى مەمەت.

باشقىلارمۇ شۇنداق دېيىشتى.

— ھەي ئاغا، — دېدى مەمەت، — مەن بىر نەرسە دېسەم خاپا بولما.

— قېنى دەپ باققىنا باش قوماندان! — دەپ كۈلدى تۆردى.

— ھېچبولمىسا قويۇق دەرەخلىك ياكى تاشلىق چوڭقۇر بىر يەرگە بارايلى، — دېدى مەمەت.

— بىر قەدەم ماڭمايمىز! — دېدى تۆردى.

تۆردى تۇرغان يېرىدىلا ئولتۇرۇۋالدى. باشقىلارمۇ ئولتۇردى. خېلى ۋاقىتقىچە ئۈن چىقىرىشمىدى. بىر - ئىككىسىنىڭ قولىدىكى تاماكا ئوتى قاراڭغۇدا يۇلتۇزدەك پارقىرايتتى. ھېچكىمدىن تىۋىش چىقمايتتى.

جاپپار ئورنىدىن تۇردى، كېرىلدى، يۇقىرى تەرەپكە ماڭدى. مەمەتمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

جاپپار بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە تەرەت قىلدى، مەمەتمۇ يېنىغا باردى. بىرھازادىن كېيىن جاپپار ئىشىنى تۈگىتىپ قايتتى، مەمەتمۇ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئارقىلىرىغا قاراپ سۈس يورۇقلۇقنى كۆرۈشتى - دە، ھودۇقۇپ كېتىشتى. تۇرغان جايلىرىدا قېتىپلا قېلىشتى. تۆردى قارىغاي شاخلىرىنى يىغىپ ئوت قويۇۋەتكەنىدى، ئوتنىڭ يورۇقىدا ئۇ خۇددى سايىدەك ھەر ياققا ئىرغاڭلايتتى.

— تويپتوغرا ئۆلۈمنى ئىزدەپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ ئادەم! — دېدى مەمەت.

— ئالسىم چاۋۇشقۇ مەيلى ئىدى، خەۋپىنىڭ ئەڭ چوڭى ئارقىمىزدىكى دېھقانلاردىن كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىشتانسىز قويدۇق، — دېدى جاپپار.

— مەن كەلگەندىن بېرى ئاز دېگەندە بەش يۈز ئادەمنى ئىشتانسىز قويدۇق، — دېدى مەمەت.

— بۇلىنىۋالغان كىيىملىرىمىزنى ھېچبولمىسا شۇ يېزىلاردىكى كىيىمئەللىرگە تارقىتىپ بەرگەن بولساق، — دېدى جاپپار، — بەلكى دېھقانلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولاتتۇق. ئىككى كۈندىن بېرى قۇتۇلالماسلىقىمىزنىڭ سەۋەبى بار. سىرتتا ھېچقانداق ياردەمچىمىز يوق، دېھقانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولساق، بىزنى تىرىك تۇرغۇزۇپلا يەۋېتىدۇ ... زۇلۇم قىلدۇق ... تۇردىنىڭ ئۇلارغا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى. چەكسىز زۇلۇم، ئەقىلگە سىغمايدىغان ئازابلارنى سالدى، ھاقارەتلەرنى قىلدى.

— ماڭا قارا، ئاداش، — دېدى مەمەت، — ئادەملەرنى ئۇرساڭمۇ، ئۆلتۈرسەڭمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ نومۇسىغا تەگمەسلىك، ئىززەت - تەپسىنى ئاياغ ئاستى قىلماسلىق كېرەك. ئىشتانسىز، قىپيالىڭاچ يېزىسىغا، ئۆيلىرىگە بېرىش بىر ئادەم ئۈچۈن ئۆلۈمدىن ئېغىر ئىش. مانا شۇنداق قىلماسلىقىمىز، ئىنسان بىلەن ئويناشماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. ئىنسان دېگەننىڭ مەلۇم تەرىپى، نازۇك تەرەپلىرى بولىدۇ، ئەنە شۇنىڭغا چېقىلىشقا بولمايدۇ. مەن ئابدى ئاغىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. بولمىسا، ئادەملەرنىڭ ئەنە شۇنداق نازۇك تەرىپىدىن قورقۇش كېرەك. ئادەملەرنى پەس كۆرمەسلىك كېرەك.

ئۇلار قايتىپ كېلىۋېتىپ كىچىك بىر ئورەكتىكى سۇغا كىرىپ كېتىپ، تىزلىرىغىچە پېتىپ قالدى. سۇدىن يالپۇز پۇرىقى كېلەتتى. ئەتراپقا يالپۇز پۇرىقى چېچىلدى. ئاسماندا يۇلتۇزلار چىمىلداپ نۇر چاچاتتى. ئەتراپقا يالپۇز پۇرىقى تارالدى. كىچىككىنە سۇ، يۇلتۇزلار، شۇۋۇلداپ تۇرغان قارىغايلار، يېشىل يالپۇزلار ...

— كاشكى، شۇ تاڭنى كۈتۈپ مۇشۇ يەرگە ئەكېلەلىسەك، — دېدى مەمەت.

— ئۆلتۈرسەڭمۇ بىر قەدەم سىلجىتالمايسەن ئۇ جاھىلنى، —



دېدى جاپپار.

تۇردى ياققان ئوت ئۆلگىلىغاندى. بىر خالاننىڭ ئورنىدەك يەر يېلىنجاپ تۇراتتى. ئۇچقۇنلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. چوڭ - چوڭ كۆتەكلەر چارىسلداپ ياناتتى.

تۇردى كۆلگىنىچە ئوتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى:

— قاراڭلار شۇ ئوتقا، بۇ ئوتتىن كەچكىلى بولامدۇ؟ مۇنداق ئوتنى قەيەردە ياققىلى بولىدۇ؟

— يانمىسىچۇ كاشكى ! — دېدى جاپپار.

— گۈرۈلدەپ يانسۇن ! — دېدى تۇردى.

— كاشكى ... — دېدى جاپپار.

— ئوتنىڭنى چىقارما، جاپپار ! — دەپ ۋارقىرىدى تۇردى.

ئۇلار شۇ كېچىسى شۇ يەردە — ئوتنىڭ ئەتراپىدا قونۇشتى. تۇردىدىن باشقىسى قورقۇپ ئۇخلىيالمىدى. ھەممىنىڭ كۆڭلىدە، ئۇخلاپ ياتقاندا ژاندارمىلار باستۇرۇپ كېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، دېگەن قورقۇش بار ئىدى. بۇ خىل ۋەھىمە كىمنىڭ كۆڭلىگە چۈشسە شۇنى بىئارام قىلاتتى.

ئۈچ ئادەمنى، يەنى رەجەپ چاۋۇش، ھۇرالى ۋە مەمەتنى نۆۋەتچىلىككە قويۇپ، باشقىلار ئۇخلاشقا ياتتى. خېلىغىچە ئۇخلاشقا تىرىشىپ باقتى. ياتقان يەرلىرىدە ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماي ئاخىر تۇرۇپ كېتىشتى. ئالدى بىلەن جاپپار تۇرۇپ كەتتى. ئوتنىڭ بېشىدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقىلار ... تۇردى خاتىرجەم خورۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئوتنىڭ ئەتراپىدا گەپ - سۆز قىلماستىن بىر - بىرىگە قارىشىپ ئوتقا تىكىلىپ ئولتۇرۇشتى.

تاڭ يورۇش بىلەن تەڭ قىيامەت باشلاندى. تۆت تەرەپتىن يامغۇردەك ئوق ياغقىلى باشلىدى. ئۇلار ئاخشامدىن بېرى «مانا كېلىدۇ، ئەنە كېلىدۇ» دەپ كۈتۈپ تۇرغانىدى. ھودۇقۇپ كېتىشمىدى. ئوتنىڭ يېنىدىن قېچىپ بېرىپ خېلى نېرىدا

مۇداپىئەگە تەييارلاندى.

مەمەت قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىن ۋىڭىلداپ ئۇق ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنى ئارانلا بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئالتى. ژاندارما باشلىقى ئاسىم چاۋۇش ئۇيەدىن يوشۇرۇنمىغاچقا، ئۇنىڭ دۈمبىسى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. مەمەتمۇ دەل ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى، مىلتىقىنى ئېلىپ ئاسىمنى قارىغا ئالدى. ئىچى ئېلىشىپ كەتتى، مىلتىقىنى بۇراپ باشقا تەرەپكە ئاتتى.

ئۇ ئۆزىچە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— چاۋۇش، ھەي چاۋۇش ! — دەپ ۋارقىرىدى، — ياخشى مۆكۈنمەيسەن، ئوقۇمنى يەپ قالىسەن !

چاۋۇش بۇنى سەزدى. ئەتراپىدا ئۇق ياغاتتى، بۇ مۆكۈنىدىغان جاي ئەمەس ئىدى. دەل شۇ چاغدا بىر پاي ئۇق شەپكىسىنى ئۇچۇرۇۋەتتى.

— خەپ ! خەپ، قولۇمغا بىر چۈشەرسەن ! — دېيتتى ئۇ.

— مېنى مەمەت ئاۋاق دېدۇ. ھەي چاۋۇش، سەن ئۆلۈم گىرۋىكىگە كېلىپ قالدىڭ. بالىچاقىلىق ئادەمسەن، ئارقاڭغا قايت، چاۋۇش، كېتىپ قال، يولۇڭغا ماڭ !

— ھەي ئىست ... — دېدى چاۋۇش.

چاۋۇشنىڭ مىلتىق تەپكىسىنى تۇتقان قولىنى ئۇق سىيرىپ كەتتى، قولىدىن قان تامچىلىماقتا ئىدى.

— يولۇڭغا ماڭ ! چاۋۇشۇم، بىزگە چېقىلما ! بىزنىڭ قولىمىزدا ئۆلۈپ كەتمىگىن ! يامانمۇ پېيىمىزگە چۈشۈۋالدىڭ !

چاۋۇشنىڭ ھەممە تەرىپى ئوچۇقچىلىق ئىدى. قورقۇپ چېكىندى. پەرەز قىلدىكى، شەپكىسىنى ئۇچۇرۇۋەتكەن، قولىنى سىيرىپ كەتكەن ئوقنى ئاتقان بۇ ئادەم، ئۇنىمۇ ئېتىپ ئۆلتۈرەلەيتتى. بۇ مەمەت ئاۋاق دېگەن كىم بولغىيدى؟ ئەگەر ئۆزىنى تۇردى تەلۋە مۇشۇ ھالەتتە تۇتۇۋالىدىغان بولسا، ھالى خاراب بولاتتى. مەمەت ئاۋاق ! مۇنداق بىر ئىسىمنى ئەسلىيەلمىدى. مەمەتلەر يەكمۇ كۆپ، ئەمما مەمەت ئاۋاق !؟



— خەپ، خەپ، ساڭا مەمەت ئاۋاقلىقىڭنى كۆرسىتىمەن ! — دېيتتى چاۋۇش.

ئۇق ياغاتتى، قىزىل چوغىدەك ئوقلار شەپەق يېيىلىۋاتقان تەرەپكە ياغاتتى. تۇردى ئوچۇقچىلىقتا ئەتراپىغا قارايتتى، چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ توختىماستىن ئۇق چىقىراتتى. بەزىدە تۇرۇپلا چاۋۇشنى تىللايتتى:

— چاۋۇش، ھەي چاۋۇش ! تۇردى تەلۋىنى قېچىپ كەتتى دەپ ئويلىما، سېنى يۈزبېشىنىڭ ئالدىغا ئىشتانسىز ماڭدۇرىمەن تېخى. باتۇر بولساڭ يىگىندەك يېرىڭنى كۆرسىتىپ باققىن قېنى، ئىشتانسىز !

چاۋۇش، ژاندارمىلار ۋە دېھقانلار قاراقچىلارنى تۆت تەرەپتىن قورشاپ قاپقانغا چۈشۈرگەنىدى ...

تۇردى تەلۋە ئۆزلىرىنىڭ قاپقانغا چۈشۈپ قالغىنىنى بىلگەنىدى. ئۇ سۆرۈلۈپ - سۆرۈلۈپ مەمەتنىڭ يېنىغا كەلدى. قوشۇنىدا ئەڭ ئىشىنىدىغان ئادىمى مەمەت ئىدى. ئۇلار تۇرغان جاي ئوق بىمالال تېگىدىغان جاي ئىدى. دۈشمەن يەنە ئازراق قىستاپ كېلىپ مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى كىچىكلەتسىلا ھەممىسى ئوق يەيتتى.

تۇردى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم سەل - پەل ھودۇقۇپ قالدى. بۇ قاپقان يامان قاپقان ئىدى. قارشى تەرەپمۇ تۇردىدىن قورقاتتى. قىستاپ كېلەلمەيتتى. بۇ يەردە — ئورمانىنىڭ ئوچۇقچىلىق يېرىدە تۇردىنىڭ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلماقچى بولغىنىغا ھەيران بولۇشاتتى. بۇنىڭدا بىر قۇۋلۇق - شۇملۇق بار، دېيىشەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار تۇرغان يېرىدىن ئىلگىرىلىيەلمەيتتى. تۇردىنىڭ قېچىپ كېلىپ جەڭنى مۇشۇ يەردە — ئوچۇقچىلىقتا قىلماقچى بولغىنىغا ئەقلى يەتمەيتتى.

— ئىش چاتاق، — دېدى تۇردى تەرگە چۆمگەن، ھاسىرىغان ھالدا، — ھېچقايسىمىز قۇتۇلۇپ كېتەلمەيمىز.

شۇ چاغدا بىرى:

— ۋايجان، ئوغلۇم ! — دەپ ۋارقىرىدى.
— بۇ بىرىنچىسى، — دېدى تۇردى، — رەجەپ چاۋۇش تۈگىدى !
تۇردى سەل تۇرۇۋېلىپ:
— بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن قورقمايمەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۆت يوللۇق دەپ ئاتىلىدىغان بىر ژاندارما بار، يەنە بىزنىڭ يېزىدىن قارا مۇستان دېگەن بىرى بار. ئۇلار بولمىغان بولسا قورشاۋنى يېرىپ چىقىپ كېتەتتىم. ئۇ ئىككىسى يۈرگىنىمۇ تاقلاتماستىن ئاتالايدۇ.
مەمەت ئارقىسىغا قارىدى:
— مىلتىقىم قىزىپ كەتتى، — دېدى، — قولۇمنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ. قانداق قىلارمەن؟ !
— ئوقنى كۆپ ئېتىۋېتىپسەن، مەمەت ئاداش. قولۇڭدىكى مىلتىق ئەڭ ياخشى مىلتىق ئىدى. ئېتىشنى توختىتىپ، مىلتىقنى بىردەم توپىغا سۈركە، سوۋۇيدۇ. بولمىسا ئاتالمايسەن، كېرىلىپ كېتىدۇ.
— تۈفى ... — دەپ ئېچىندى مەمەت.
— قېرىنداشىم، — دەپ ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى تۇردى، — ئەمدى قورشاۋدا قالدۇق، ماڭا قارىماڭلار، مېنىڭ تەجرىبەم كۆپ، ئەدىن بولسىمۇ يۈسۈپ چىقىپ كېتىمەن. ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق. بىراق، سىلەرنى ئويلاۋاتىمەن. مېنىڭ كاساپىتىمدىن ... ئەلۋىلىكىمدىن ... سىلەر قانداقمۇ قۇتۇلۇپ كېتەرسىلەر؟ غېمىم شۇ. مەن قۇتۇلۇپ چىقسام، كىشىلەر: «تۇردى ئەلۋە سەپداشلىرىنى تاشلاپ، ئۆزى قېچىپتۇ» دېيىشىدۇ.
— مېنىڭچە، ھازىر ھېچقانداق ئامالىمىز يوق. ئاخشامغىچە كۈتۈش كېرەك، — دېدى مەمەت.
شۇ چاغدا تۇردىنىڭ دەل ئالدىغىلا ئىككى پاي ئوق كېلىپ چۈشتى، توپا توزۇپ كەتتى.
— چارىمىز يوق، — دېدى مەمەت، — كەچكىچە چىداشلىق



بېرىشىمىز كېرەك.
تۇردى يەرگە كىرىپ كەتكەن ئوقلارنىڭ ئىزىنى كۆرسىتىپ:
— بۇ ئوق قارا مۇستاننىڭ ئوقى، ئەمدى ھەر ئىككىمىزنى ئېتىۋېتىدۇ. بىزنى كۆرۈپ قالغاندەك قىلىدۇ، — دېدى.
— تۇردى ئاغا، رەجەپ چاۋۇش ئۆلگەنمىدۇ؟ يېنىغا بېرىپ باقساق بولاتتى، — دېدى مەمەت.
— قوزغالما، ئۇ مۇناپىق بىزنى جايلىۋېتىدۇ، تۇرۇپ تۇر، — دېدى تۇردى.
دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدىدىن قاتتىق چاڭ كۆتۈرۈلدى. ئەتراپىغا قانچىلىك ئوق چۈشكەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيتتى.
— ساڭا دېمىدىممۇ. قارا مۇستان دېگەن نومۇسسىزنى مەن ياخشى بىلىمەن، — دېدى تۇردى.
— ۋاي ئاناڭنى ... — دېدى مەمەت.
— تېزلىكتە بۇ يەردىن يۆتكىلىشىمىز كېرەك ... — دېدى تۇردى.
ئۇلار دومىلاپ بېرىپ بىر توپ دەرەخنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى.
— ئارىسىدا شۇ قارا مۇستان بولمىسا ...
مەمەتنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى رەجەپ چاۋۇشتا ئىدى:
— رەجەپ چاۋۇشتىن سادا چىقمايۋاتىدۇ، بېرىپ باققان بولساق ...
باشلىرىغا ئوق يېغىۋاتاتتى. ئوقلار شاخلارنى ئۈزۈپ چۈشۈرەتتى، نوتىلارنىمۇ...
ئۇلار ئۆمىلەپ مېڭىشتى. يېغىۋاتقان ئوقلارغا قارىماي رەجەپ چاۋۇشنىڭ يېنىغا بېرىشتى. رەجەپ چاۋۇش ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى، ھەممە يېرى قانغا مىلەنگەن. ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئاغرىقتىن چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى. بېشىنى ئاران كۆتۈرۈپ:
— سەپداشلار، — دېدى، — ئۆزۈڭلارنىڭ غېمىنى قىلىڭلار،

ئۇلار ئاز دېگەندە يۈز ئەللىك ئادەم چىقىدۇ. مېنى مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ ئۆزۈڭلار كېتىڭلار. تەقدىر مۇشۇنداق ئوخشايدۇ ...
يارىسىغا قارىدى. ئوق ئۇنىڭ بويىنىغا تەگكەندى ... بويىنىدىن كىرگەن ئوق تاغىقىنىڭ ئۈستىدىن سۆڭەكنى زەخىملەندۈرمەستىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئوق تەگكەن يەر تىتىلىپ كەتكەندى.
— سىلەرگە دېمىدىغان بىر سۆزۈم بار، — دېدى رەجەپ چاۋۇش، ھېلىقى جايپار بارغۇ، ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇڭلار. ئۇ ساغلام، باتۇر يىگىت. ئۇ پۈتۈن بىر قىسىمغىمۇ باشچىلىق قىلالايدۇ. ئۇ بولمىغان بولسا ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كېتەتتىم. ماڭا ئوق تەگكەنلىكىنى كۆرۈش بىلەن ئۇلارنى ئۆزى تەرەپكە قارىتىۋالدى، شۇنداق قاتتىق ئوت ئاچتىكى، ئۇلارنى ئالاقزادە قىلىپ قويدى.
ئۇلار كۆڭلىكىنى يىرتىپ رەجەپنىڭ يارىسىنى تاڭدى. رەجەپ چاۋۇش جۆيلۈگەندەك:
— يېرىڭلار، — دېدى ئۇ، — قورشاۋنى يېرىپ چىقىڭلار.
— مۇمكىن ئەمەس، چاۋۇش! يېرىشقا كىرىشسەك چوقۇم ئوققا تۇتۇلىمىز. بىزدىن خېلىلا قورقۇۋاتىدۇ. بىز يا كەچكىچە چىداشلىق بېرىمىز، ياكى بۇ يەردە ئۆلىمىز.
رەجەپ چاۋۇش ئويلىنىپ قالدى. يۈزى تارتىشىپ كەتتى. ۋارقىرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇپ:
— قارىغىنا، بۇنى توغرا ئويلاپسەن، مەمتىم. ئاراڭلاردىن بىرى قاچسىلا ھەممىڭلار ئۆلىسىلەر. سەپداشلارنىڭ ھەممىسىنى توپلاڭلار، بىر قەدەممۇ مىدىرلىماسلىققا قەسەم ئىچىڭلار. ئېنىقكى، قېچىش — ئۆلۈش دېگەن سۆز. چىداپ تۇرۇڭلار. ئۇلار ھېچقاچان ئۈستۈڭلەرگە باستۇرۇپ كېلەلمەيدۇ، كېلەلىگەن بولسىدى، ئاللىقاچان كەلگەن بولاتتى. بىر نەرسىدىن، يەنى قاپقانغا چۈشۈشتىن قورقىدۇ.
— قېنى تۇردى ئاغا، شۇنداق قىلايلى، — دېدى مەمەت.



— زالانىڭ ئوغلىدىن قورقساڭلار بولىدۇ. ئۇ توخۇ يۈرەكنىڭ بىرى، ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇپ يۈرۈڭلار. بەلكى ئۇ قېچىشى مۇمكىن ... — دېدى رەجەپ چاۋۇش.
— ئاغىنىلەرنى توپلايلى، ھۆرالى بىلەن جايپار ئوق چىقىرىپ ئۇلارنى مەلىكە قىلىپ تۇرسۇن، — دېدى تۇردى.
شۇنىڭدىن كېيىن يىغىلىش ئۈچۈن ئىسقىرتتى. بۇنى ئاڭلىغان قاراقچىلار دەل مۇشۇ چاغدا — ئوق يامغۇردەك يېغىۋاتقان پەيتتە چېلىنغان يىغىلىش ئىسقىرتىشنىڭ مەنىسىگە چۈشىنەلمىدى.
— قىيامەت قايىم بولۇۋاتسا، يىغىلغۇلۇق ! — دەپ ياتلىرىدىكى سەپداشلىرىغا ھەسرەتلىنىپ سۆزلىدى زالانىڭ ئوغلى، — ئەمدى قۇتۇلۇش تەس ... رەجەپ چاۋۇشمۇ تۈگىدى.
ئالدى بىلەن ھۆرالى كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالايۇسۇپ، كېيىن گۇدۇك ئوغلى.
— زالانىڭ ئوغلى قېنى؟ — دەپ گۇمان بىلەن سورىدى تۇردى.
— كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ھۆرالى، — ئۇ، يەرگە يېپىشىۋاپتۇ، بىر پايمۇ ئوق چىقارمىدى، توختىماي تىترەيدۇ.
— تۇۋا! ئاجايىپ ئىش، — دېدى تۇردى، — مەن ئۇنى ئىچىمىزدىكى باتۇرلاردىن دەپ ئويلاپتىمەن.
دەل شۇ چاغدا زالانىڭ ئوغلىمۇ ئۆمىلەپ كەلدى، قوللىرى قاناپ كەتكەنىدى.
تۇردى ھۆرالى بىلەن جايپارغا قاراپ:
— سىلەر توختىماستىن ئوق ئېتىڭلار، ئۇلارنى مەلىكە قىلىپ تۇرۇڭلار، بىزنىڭ سۆزلىشىدىغان ئازراق ئىشىمىز بار، — دېدى.
بۇ يىغىلىش جەريانىدا بىردەملىككە ئوقنىڭ توختاپ قېلىشى ئاسىم چاۋۇشنى خېلىلا بىئارام قىلىپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ تۇردى تەلۋە بىلەن بىرىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشى ئەمەس ئىدى.

ئەمما، ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. تەلۋىلەرچە ھەرىكەت قىلغىنىغا ئوخشاش، ئەڭ ئەقىللىق ھەرىكەتلەرنىمۇ قىلاتتى. بۇ ئورماننىڭ مۇشۇنداق ئوچۇقچىلىق يېرىدە ئۇرۇشۇشنى لايىق كۆرگەن بۇ ئادەم يا بىراقلا ئۆلۈشنى خالىغان، ياكى دۆتلۈك، تەلۋىلىك قىلغان، ياكى بولمىسا چوقۇم باشقا بىر خىل قاپقان قۇرغان. تۇردى تەلۋىدەك يىگىتنىڭ كۆزىدىن ئۆتەلمەيدىغان ئادەم مۇنداق خاتا يولنى باساتتىمۇ؟ ئاسىم چاۋۇشنىڭ پەرەز قىلىشىچە، بۇ چوقۇم بىر تۇزاق! مانا چىقتى، ئەنە چىقىدۇ دېگەندەك چىقىپ قالسا، بۇنىڭغا قارشى قانداق چارە قوللىنىش كېرەك؟ ئۇ بۇنى بىلەلمەي تۇراتتى. ناۋادا ئۇ قايتىپ كەتسە، ئابرۇيى بىر تىيىن بولاتتى. كەتمىسە، چوقۇم بىر تۇزاققا چۈشۈشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن تۈگىشىپ كېتەتتى ... شەپكىسىنى ئۇچۇرۇپ كەتكەن، قولىنى سۇرۇپ كەتكەن ئوقلار نېمىنى بىلدۈرەتتى؟ ئاگاھلاندۇرۇشمىدى؟ مەمەتنىڭ سۆزلىرى ئۇنى خېلىلا ئۈركۈتكەنىدى. ئەگەر خالىسا شۇ ئوقنى ئاتقۇچى ئەلۋەتتە ئۇنى ئاللىقاچان ئېتىۋەتكەن بولاتتى. ھازىر چېكىنىش قولىدىن كەلمەيتتى. ھازىر تۇردى تەلۋىنى مۇھاسىرىگە ئالغانىدى. تۇردى تەلۋە يەنە بىر قېتىم مۇشۇنداق مۇھاسىرىگە چۈشەرمىدى؟

— بۇرادەرلەر، — دەپ ۋارقىرىدى ئاسىم چاۋۇش، — ھېچقايسىڭلار ئورنۇڭلاردىن قوزغالماڭلار، قېنى بۇ تەلۋە نېمە قىلاركىن. قورشىۋالدۇق، ئالقىنىمىزدا تۇرۇپتۇ، بۇ ئادەم ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئالقىنىمىزغا چۈشتى. ئۇنداق بولمىسا، ئاللىقاچان ھور تېغىنىڭ قىيالىرىنى بويلاپ كېتىپ قالاتتى.

ئوتېبېشى يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— بۇ خوتۇنپەر تەلۋىنى مەن ياخشى بىلىمەن. سارائىنىڭ بىرى، ئۆزى خالاپلا مۇشۇ يەردە قالغاندۇ، تۇزاق قۇرۇشنى ئويلىمىغاندۇ، ئۇ ئۆزىگە بەكمۇ ئىشىنىدۇ. مۇھاسىرىنى قىسىپ كۆرەيلى، قېنى شۇ چاغدا ئالقىنىمىزغا قانداق چۈشىدىكىن.



— شۇنچە يىلدىن بېرى قاراقچىلىق قىلىپ يۈرگەن تۇردى تەلۋىدەك ئىتنىڭ بالىسى قاراقچى تۇرۇپ ئوخلايلىقچە بۇ يەردە ئۇرۇشۇشقا جۈرئەت قىلمايتتى. ھېچبولمىسا ئورماننىڭ قويۇق يېرىگە چېكىنگەن بولاتتى. بۇ، ئورماننىڭ ئەڭ شالاڭ يېرى تۇرسا ... بۇنىڭدا چوقۇم بىر ئىش بار، ھوشيار بولايلى، — دېدى ئاسىم چاۋۇش.

— ئۇنداق دېمە ... — دېدى ئوتېبېشى، — ئۇ ئۆزىگە بەكمۇ ئىشىنىدۇ. قورشىۋېلىپ ئىشنى تۈگىتەيلى، بىر قوشۇق سۇدىلا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىمىز.

— تۇرغان يېرىمىزدىن مىدىرلىمايلى، — دەپ ئاسىم چاۋۇش ئوتېبېشىنى رەت قىلدى.

ھۆرالى بىلەن جاپپارنىڭ ئاتقان ئوق ئاۋازى قايتىدىن ئاڭلىنىش بىلەن ئاسىم چاۋۇش نېمە بولىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدى. بۇ نېمە ئىش؟

— بۇرادەرلەر، — دېدى تۇردى، — بىر - بىرىمىزدىن زادىلا ئايرىلمايمىز. ھەممىمىز بىللە يىغىلىپ ئوق ئاتىمىز. ئۈستىمىزگە يېپىپ كېلىپ مىلتىقىنى بېشىمىزغا تەڭلىگەندىمۇ مىدىرلىمايمىز. گېپىمىز گەپمۇ؟

ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:

— گېپىمىز گەپ! — دېيىشتى.

— ئۇنداق بولسا، مۇداپىئەلىنىدىغان ياخشى بىر يەرنى تېپىڭلار، — دېدى تۇردى.

— مەن تاپايمۇ؟ — دېدى مەمەت.

— تاپقىن.

دەل شۇ چاغدا مەمەت «يېتىڭلار، يېتىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. ئۆزىنى چاققانلىق بىلەن يەرگە ئاتتى.

باشقىلارمۇ ياتتى. قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋىدىن ئوقلار ۋىڭىلداپ ئۆتۈۋاتاتتى.

— بىزنى كۆرۈپ قاپتۇ، ئەمدى بىزگە ئارام بەرمەيدۇ، —

دېدى تۇردى.

خېلى ۋاقىتقىچە ياتقان جايلىرىدىن تۇرۇشمىدى. ئوقلار ئۇۋاك ـ سولدىن ۋىلك ـ ۋىلك قىلىپ يانلىرىغا چۈشەتتى.

زالائىنىڭ ئوغلى تېخىمۇ تىترەپ:

ـــ ۋاي، ۋاي ئاللا، مەمەتكە ئوق تەگدى، ـــ دەپ تۇۋلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

ـــ راستىمۇ ـــ دەپ سورىدى تۇردى.

مەمەت ئۆزى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئۇلارغا قارىدى ۋە سورىدى:

ـــ نېمە بولدى؟

زالائىنىڭ ئوغلى چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ:

ـــ ئۇستىبېشىڭ قانغا بويىلىپ كەتتى، ساڭا ئوق تېگىپتۇ، ـــ دېدى.

ـــ ھېچقانداق ئاغرىق سەزمىدىم، ـــ دېدى ـ دە، قولى بىلەن بېشىنى تۇتتى، قوللىرىغا قارىدى، قولى قىپقىزىل قان ئىدى. يۈرىكى سىيلىشقا باشلىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى تۇتۇپ، ئوق تەگكەن يەرنى ئىزدەپ تاپالمىدى.

تۇردى چىرايى سارغايغان ھالدا مەمەتنىڭ قېشىغا كەلدى. يارىسىنى ئىزدەپ تاپتى.

ـــ بېشىڭغا تېگىپتۇ، ئازراق جىجاپ كېتىپتۇ ـــ دېدى.

ـــ كېرەك يوق، ـــ دېدى مەمەت كۈلۈمسىرەپ، ـــ ئەمدىلا باشلاندى ... ـــ ئۇ ئورنىدىن تۇردى. ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى، ئوقلارنىڭ ئىچىدىن ھېچ نەرسە بولمىغاندەك ماڭاتتى.

بىر ئازدىن كېيىن:

ـــ بۇ يەرگە كېلىڭلار، ـــ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ژاندارمىلار كۆزنى ئاچۇرمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ مېڭىشتى.

بۇ يەر ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، شاخلار دۆۋىلىنىپ قالغان چوڭقۇرلۇق ئىدى.

ـــ ئەمدى بولدى، شاخلارنى ئېلىپ تاشلايلى، ـــ دېدى



تۇردى.

بىردىنلا ئۇستىلىرىگە ئوقلار ئېتىلدى. يوپۇرماقلار تۆكۈلەتتى، شاخلار قاراسلايتتى. شاخلارنى ئېلىپ تاشلىماستىنلا ئازگالغا چۈشۈپ قارشىلىق كۆرسەتتى. ھەر ئىككى تەرەپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇشاتتى. ھەر ئىككى تەرەپ بىرىنىم سائەتچە ھېچ توختىماستىن ئوق ئېتىشتى. كېيىن مەلۇم ۋاقىت ئىككى تەرەپمۇ جىمىپ قالدى. ئەمدى تۇردى زادىلا قوپمايتتى. كېلەلمىسە ھازىرغىچە كېلىپ بولاتتى. مۇھاسىرىنى قىسىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ كەچ كىرىشكە ئاز قالغانىدى. ئۇ چاغقىچە چىداشلىق بېرەلەيتتى. ئەمما، شۇ ئاسىم چاۋۇشنىڭ ئالدىدىن قېچىپ كېتىشنى زادىلا خالىمايتتى.

ھۆرالى بىلەن جاپپارمۇ قايتىپ كەلدى.

جاپپار «رەجەپ چاۋۇش قېنى؟» دېيىش بىلەنلا ھەممىيلەن غۇدۇراپ كەتتى.

ـــ تېرىكمەڭلار، مەن بېرىپ ئەكېلىمەن، ـــ دېدى مەمەت.

ھەممە جىم بولۇشتى.

مەمەت ئېمىلىپ، ئۆمىلەپ دېگەندەك ئازگالدىن چىقتى. يەڭ ھېرىپ كەتكەنىدى. ھارغىنلىقتىن نەپەس ئالغۇدەك ھالى يوق ئىدى. يېرىپىلا بىر كۆتەكنىڭ تۈۋىدە سوزۇلۇپ ياتتى. بۇ چاغدا قارشى تەرەپتىن يەنە ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. كۆتەكنىڭ ئاستىدىن زادىلا چىقالمىدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ئېتىلغان ئوقنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كۆتەككە تېگەتتى. مەمەت بىر تەرەپكە سەكرىگەنىدى، بىر يېرى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئۆز ـ ئۆزىگە: «ئەمدى ئوق تەگدى» دېدى. ئورنىدىن تۇردى. ئۇ يەر، بۇ يېرىنى سىلاپ كۆردى، ئاغرىغان يېرىنى سىلاپ كۆردى، يارا يوق ئىدى.

رەجەپ چاۋۇشنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندا ھەممە يېرى قانغا بويالغانىدى. قول ـ پۇتنىڭ تېرىسى تىتىلىپ كەتكەنىدى.

رەجەپ چاۋۇش ئۇنى كۆرۈش بىلەن:

ـــ ۋاي ئاللا، بۇ نېمە ئىش، قان ئىچىدە ئۆزۈپ

كېلىۋاتىسەنغۇ؟ — دېدى.

مەمەت كۈلۈمسىرىدى، بىراق يۈز - كۆزى قانغا شۇنچىلىك بويىلىپ كەتكەنىدىكى، كۈلۈمسىرىگەنلىكى بىلىنمىدى.

— قىنى ماڭايلى، رەجەپ چاۋۇش، سىنى ئەكېتىش ئۈچۈن كەلدىم.

— كېتىڭلار، بالىلىرىم، — دېدى چاۋۇش، — سىلەر ئۆزۈڭلارنى قۇتۇلدۇرۇڭلار، مەن مۇشۇ يەردە قالاي. بۇ كاپىرلار تۆت تەرەپتىن قورشىۋالدى. بىر تەلۋە ئىتنىڭ كاساپىتىدىن مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قالدۇق. بۇ چەمبەرنىڭ ئىچىدىن هېچقايسىڭلار قۇتۇلۇپ چىقالمايسىلەر، ئەگەر قارىساڭ، شۇ تەرەپتىن ئوق كېلىۋاتىدۇ. ئاسىم چاۋۇش ئەقىللىك بولۇپ قاپتۇ. مەن بۇ يەردە قالاي، مېنى تاشلاپ كېتىۋېرىڭلار. ماڭا قارا، ئوغلۇم مەمەت، سەن بىر ياخشى بالىسەن. ئەگەر مۇشۇ قورشاۋنى يۆسۈپ چىقىپ كېتەلىسەڭلا، بۇ تەلۋىگە ئەگەشمە، مېنىڭ ئەندىشە قىلىۋاتقىنىم شۇ. هازىر چۈشتىن ئاشتى، ئۇلار نېمە ئۈچۈن چەمبىرنى قىسىپ كەلمەيدۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ بار - يوقىمىزنى بىلىپ بولدى.

— ئۇلار قورقىدۇ، — دېدى مەمەت.

— ئاجايىپ ئىش ! — دېدى چاۋۇش.

— ئۇلار بىزنى تۆزلاق قوردى دەپ هېسابلاپ قورقۇشىدۇ. تۆردى تەلۋىنىڭ ئۆزۈمچىلىكىدىن ئورماننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوچۇقچىلىقتا قالغانلىقىمىزنى بىلمەيدۇ، يەنى ئەقلىگىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. تۆردى ئوت يېقىشتىن ۋاز كېچەلمىدى. بۇنى ئۇلار بىلمەيدۇ. قىنى چاۋۇش، ئورنۇڭدىن تۇر، ماڭايلى. ئۆلسەكمۇ بىللە، قالساقمۇ ...

— جېنىم مەمەت، — دېدى رەجەپ چاۋۇش، — بۇنىڭدىن بىر قۇتۇلالىسام ...

— يارالاڭ يېنىك، چوقۇم قۇتۇلىسەن، — دېدى مەمەت.

رەجەپ چاۋۇش ماڭغۇدەك هالدا ئەمەس ئىدى. يوغان، ئېغىر



چاۋۇشنى مەمەت هاپاش قىلدى. سەل ماڭغاندىن كېيىن يەرگە چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

رەجەپ چاۋۇش ئۆزىنىڭ كۈچى يەتمىگەنلىكىنى بايقاپ:

— بالام، مۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ. هاپاش قىلما. كەل، مەن ساڭا تايىنىپ ماڭاي، مۇنداق قىلساق ياخشى بولىدۇ ... — دېدى.

— ماقۇل، — دېدى مەمەت.

ئۇلار يول بويى قان ئۇيۇندىلىرىنى قالدۇرۇپ ماڭدى. يەنە ئوققا تۇتۇلدى. يەرگە يېتىۋېلىشتى. ئۇلارنى كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ، ئوق دەل ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى توپىلارغا چۈشەتتى.

— هەددىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەمدىلا ئەس - هوشىنى تېپىشقان ئوخشايدۇ ئىپلاسلار ...

مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتتە ئازگالغا كەلگەندە، ئىككى ئادەمگە ئوق تەگكەنلىكىنى كۆرۈشتى. زالانىڭ ئوغلى بىلەن هۆرالى يارىلانغانىدى. زالانىڭ ئوغلى هازىرغىچە دىر - دىر تىترەيتتى، يىغلايتتى، ۋارقىراپ - جارقىرايتتى.

قورشاۋنى تارايتىۋاتقانلىقى بىلىنىدى، قارشى تەرەپنىڭ ئوقلىرى تېخىمۇ قورقۇتۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا تۆردىنىڭ يېزىلىقى قارا مۇستانمۇ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرايتتى:

— هەي تۆردى تەلۋە، ئاقسۆڭەكلىك يېزىڭنى سېنىڭ باتۇرلۇقۇڭنى بىر ئازدىن كېيىن كۆرىمىز. مۇستان ئاغاڭنى ياخشى بىلىسەن ... هاكاۋۇرلۇق قىلما، ئوغلۇم ...

تۆردى تەلۋە تېرىكەتتى، غەزەپلىنەتتى، بىراق جاۋاب بەرمەيتتى. ئۇزاققىچە ئوقلار شۇنداق ئېتىلىپ تۇردى.

— ئوغلۇم تۆردى تەلۋە، — دېدى قارا مۇستان، — تىلىڭ تامىقىڭغا چاپلىشىپ قالدىمۇ؟

ئەڭ ئاخىرىدا تۆردى تەلۋە چىداپ تۇرالمىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— قارا مۇستان ئاغا، — دېدى، — مەن سېنى ياخشى

بىلمەن، سەنمۇ مېنى ياخشى بىلىسەن. ئەگەر خوتۇنۇڭنىڭ تامبىلىنى سالدۇرۇپ بېشىڭغا قالپاق قىلىپ كىيدۈرمىسەم مېنى تۇردى تەلۋە دېمىسۇن، بۇ تۇردى تەلۋە دېگەن نام ھارام بولسۇن ! ...

دەل شۇ چاغدا مەمەت تىك تۇرغان تۇردىنى ئۈزىگە تارتتى. تۇردى تېزلىكتە مەمەتنىڭ ئۈستىگە كېلىپ چۈشتى. يەنە دەقىقە تىك تۇرغان بولسا، تۇردى بەش تال ئوقنى بىراقلا يېگەن بولاتتى. چۈنكى، قارشى تەرەپتە قارا مۇستان بىلەن يەنە تۆت كىشى ئۇنى چەنلىگەنىدى. بەش كىشى تەڭلا ئوق چىقاردى. ئەمما، تۇردى ئورنىدا يوق ئىدى.

— ۋاي تەلۋە، دۈيۈز، — دېدى رەجەپ چاۋۇش، — بۇ لوكچەكلىكنى يەنە بىر قېتىم قىلىدىغان بولساڭ، مېنىڭ ئوقۇمدا ئۆلىسەن. ھەممە ئىش سېنىڭ كاساپىتىڭدىن ...

تۇردى تەلۋە رەجەپ چاۋۇشنىڭ بۇ سۆزلىرىگە كۈلدى:

— ئوق ئاتقۇدەك ھالىڭ بولسا، نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا ئاتمايسەن؟ ...

رەجەپ چاۋۇش مەمەتنى كۆرسىتىپ:

— شۇ مۇشتۇمدەك بالىغا دۇئا قىلغىن ! — دېدى، — ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا ھالىمىز خاراب بولاتتى.

مەمەت كۆڭلىدە ئىنتايىن رەنجىدى. تۇردىغا شۇنداق بىر قارىدى. تۇردى ئۇنىڭغا دوستلارچە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ قويدى.

تۇردى مەمەتنىڭ قوللىرىدا، يۈزىدە، چاچلىرىدا قېتىپ قالغان قاننى كۆرۈپ ئۈزىچە كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ دەسلەپكى كەلگەن كۈننى ئەسلىدى. سۇئاليماننىڭ ئارقىسىغا قانداق يوشۇرۇنۇۋالغانلىقى ... كۆز ئالدىغا كەلدى ... سۇئاليماننىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۇۋېلىپ ئۇ يەردە يوقاپلا كەتكەنىدى. تۇردىنىڭ كۆزلىرىدە ئامراقلىق ئۇچقۇنى چاچرىدى. «ئادەم بالىسى ـ دە ! — دېدى ئۈزىچە، — نېمىسى يېتىشمەيدۇ ... ئەنە شۇ مۇشتۇمدەك



بالا تۈنۈگۈنلا قاراقچى بولدى، بۈگۈن بولسا ئەللىك يىللىق قاراقچىدىنمۇ تەجرىبىلىك، شۇنچىلىك ئۇستا ...»

ئالدىدىن بىر ئاۋاز كەلدى:

— تەسلىم بولۇڭلار !

— مانا ساڭا قارا مۇستان ! — دېدى تۇردى، — بۇ سېنىڭ بولسۇن ...

قارا مۇستان كالىدەك ھۆركىرەپ يەرگە يىقىلدى.

تۇردى رەجەپ چاۋۇشقا قاراپ:

— بۇنىڭدىمۇ ھەقلىق ئەمەسمۇمەن، چاۋۇش؟ — دەپ سورىدى.

— قولۇڭغا دەرد كەلمىسۇن، — دېدى رەجەپ ۋە ئارقىدىنلا، — خۇدا ھەققى، سىلەر مۇشۇ يەردە ئۆلۈشكە قەسەم بەرگەنمىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، قەسەم بەرگەنىدۇق. بۇ ئازگالدىن چىقمايمىز، سەن شۇنداق دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟ — دېدى تۇردى.

— پىلىموتنى ئىشقا سالدى، قىرىۋېتىدۇ. ئەمدى قۇتۇلۇشتىن ئۈمىد يوق، يا ئۆلۈم، يا تەسلىم، — دېدى رەجەپ چاۋۇش.

مەمەت ھەيرانلىق بىلەن قورقۇپ سورىدى:

— يا ئۆلۈم، يا تەسلىم دېمىسنا؟

ئۇنىڭ مېڭىسىدە ھېلىقى سېرىق ئۇچقۇن چاقناپ كەتتى، تارقالدى، ئۆچۈپ كەتتى.

— باشقىچە بىر يولنى بىلسەڭ سۆزلىگىن، مەمەت ئاۋاق، — دېدى رەجەپ چاۋۇش.

— سەن بىلمىسەڭ، مەن نەدىن بىلەي.

رەجەپ چاۋۇش ئويلىنىپ قالدى. يارىسى قىزىپ ئاغرىشتىن توختاپ، ئېچىشىشقا باشلىغانىدى. ئويلاشقىمۇ ئىمكان بەرمەيتتى. ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ، يۈزىنى يۇرۇشتۇردى. كالپۇكلىرىنى تىنماي چىشلەيتتى. بىردەمدىن كېيىن چاۋۇش

ھەممىگە باشتىن ـ ئاياغ قاراپ چىقتى:

— مېنىڭ بىر تەكلىپىم بار. ئىشقا ئاشۇرالىساق قۇتۇلۇپ كېتىمىز. مەن دېگەندەك قىلالىساقلا ئاسىم چاۋۇش بۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرالمايدۇ. تۈپتۈغرا يۇزبېشىنىڭ يېنىغا كېتىدۇ.

— نېمە تەكلىپ ئۇ؟

— ئۈچ دانە بومبا ... — دېدى چاۋۇش، — ئاراڭلاردا شۇ پىلىموتقا ئۈچ بومبىنى ئاتالىغۇدەك يىگىت بارمۇ؟

جاپپار مىلتىقىغا ئوق سېلىۋېتىپ ئارقىسىغا يۈرۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— بۇ ئىشتا ھەممىمىز باتۇر. ئاسىم چاۋۇش ھەممىمىزنى قىرىۋېتىشى مۇمكىن. ئۇنداق ئۆلگەندىن باتۇرلۇق قىلىپ ئۆلمەيمىزمۇ ...

— زادىلا ئۆمىد يوقمۇ؟ — دېدى مەمەت.

— بىرلا ئۈمىد، ئاڭلىقى دېگىنىم، — دېدى چاۋۇش.

— مەن تەييار ! — دېدى مەمەت.

مەمەتنىڭ كۆزلىرىدە يىگىتنىڭ ئۆچىدەك غەزەپ ئۈچقۇنى ھاسىل بولدى. مېڭىسىدىمۇ شۇنداق ئۇچقۇن يالقۇنجىدى. قەلبىدە خۇشاللىق بىلەن قايغۇ ئارىلاش بىر خىل تۇيغۇ ھاسىل بولدى.

— بۇ باتۇر يىگىتكە قاراڭلار ! ماڭا ئىككى بومبا بېرىڭلار! — دېدى ـ دە، تۇردى ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ جاپپاردىن بومبىنى ئالدى، بارلىق كۈچى بىلەن يۈگۈردى. ئوقلار قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتەتتى. ئۆزىنى بىر تاشنىڭ ئارقىسىغا ئاتتى. بۇنىڭدىن ئارقىسىدىكىلەر قورقۇپ كېتىشتى، ئوق تەگدى دەپ گۇمان قىلىشتى. شۇنداق تېز يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان تۇردى تەلۋە ئوق تەگمىگەن بولسا ئۆزىنى نېمىشقا يەرگە ئاتىدۇ، دەپ ئويلىشاتتى. تاشنىڭ ئاستىدىن سېرىق ـ يېشىل گىياھلار ئۈنۈپ چىققانىدى. تاش چوڭ ۋە يۇمىلاق ئىدى. تاشتى مىدىرلىتىپ كۆردى. يۇمىلاق تاش ئورنىدىن قوزغالدى.



تاشنى بېشىغا دالدا قىلىپ دومىلىتىشقا باشلىدى. ئاق تاشقا ئوقلار كېلىپ تېگەتتى. ۋارقىراشلار ئەۋجىگە چىقتى. ئەمدى بۇ تاش ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالالمايتتى. ئەللىك مېتىر نېرىدا بىر دەرەخ تۈۋىدىكى ئازگالنى كۆردى. ئۇ يەرگە ئاتلاش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. ئۆزىنى خۇددى يومىزەكتەك ئازگالغا ئاتتى. ئازگالنىڭ ئىچى توپا ۋە چىرىگەن يوپۇرماق پۇرايتتى. سۇسۇن رەڭلىك بىر گۈل كۆرۈندى، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېسىگە ئالالمىدى. شۇ گۈلنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. بۇ گۈل كۆرگەنلا يەردە ئۈنۈۋەرمەيدۇ، پەقەت قىيالىقلاردىلا ئۆسىدۇ. تاغنىڭ ئۈستىدە بىر بۇلۇت پارچىسى ئۈزۈپ يۈرەتتى. كۈن نۇرى بۇلۇتلارنىڭ ئەتراپىدا نەقىشلەنگەندەك پارقىرايتتى. ئۇ پىلىموتنىڭ ئۆز يېنىدىلا تىرىلداۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھوشىغا كەلدى. ئالدىدا بىر دۆڭ، ئۇنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىر دۆڭلۈك بار ئىدى. بۇ دۆڭ ئالدىدىكىسىدىن سەل ئېگىزرەك، پىلىموتنى ئەنە شۇ ئىككى دۆڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشتۇرغان بولسا كېرەك، ئايلىنىپ كېلىپ ئارقىدىكى دۆڭگە چىقىش لازىم. بۇ دۆڭ زىچ دەرەخلىك ئىدى.

تۇردى ئورنىدىن دەس تۇردى. قوللىرىنى سىلىپ ئۆزۈن يولغا ماڭغاندەك خاتىرجەم ماڭاتتى. بۇنى كۆرگەنلەر لەۋلىرىنى چىشلەپ قالدى.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بومبىلار پارتلىدى ۋە پىلىموتنى پاچاقلىۋەتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن بىرقانچە قېتىم قاتتىق پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى. يەر ـ جاھان زىلزىلىگە كەلدى، ئەتراپنى تۈتەك قاپلىدى.

تۇردى يۈگۈرۈپ سەپداشلىرىنىڭ يېنىغا كەلدى. كۈن ئولتۇراي دېگەنىدى. گەپ ـ سۆز قىلىمىدى، ھېچكىمگە قارىمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى، شۇ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىر نۇقتىغا قادالغان، يۈزى تارتىشىپ كەتكەنىدى. ئوقلار ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە شالاڭ چۈشۈشكە باشلىدى.

تۇردى ئورنىدىن تۇرۇپ كىرىلدى:

— ئاسىم چاۋۇش، ھەي ئاسىم چاۋۇش! سالامەت بول، ئۇ تىرىلدىقىڭنى رىمونت قىلدۇرۇپ كەل، سېنى ساقلاپ تۇرىمەن.

ئۇ تەرەپتىن سادا چىقمىدى.

تۇردى رەجەپ چاۋۇشتىن سورىدى:

— سەن بۇ تەرەپلەرنى ئوبدان بىلىسەن، يېقىن ئارىدا يېزا يوقمۇ؟

— يوق، — دېدى چاۋۇش.

— ئەمدى قىيالىققىچە ماڭالامدۇق؟ ماڭغۇدەك ھالىمىز قالمىدى، — دېدى تۇردى.

— قويايلى، قىيالىققىچە مېڭىشىمىز كېرەك، مەن چېغىمدا بۇ جاراھىتىم ۋە قىرىلىقىم بىلەن ماڭىمەن ... بۇ يەردە تۇرغىلى بولمايدۇ.

تاڭغا يېقىن قىيالىققا يېتىپ بارغاندا ھەممىيلەندە ئادەم سىياقى قالمىغانىدى. ھۆرالى يول بويى نېمە ئۈچۈندۇر، كىمنىدۇر تىنماي تىللاپ كەلدى ۋە ھازىرمۇ تىللىماقتا ئىدى. رەجەپ چاۋۇشنىڭ چىدىغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. بارلىق كۈچى بىلەن چىشىنى چىشلەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئاخىر ئىڭراشقا باشلىدى.

يارىلانغان، ھالسىزلانغان تۇردى قىيالىققا كېلىپ ئولتۇردى ... ئاستا موخوركا ئوراپ تۇتاشتۇردى. بىرنەچچە قېتىم شورىغاندىن كېيىن مەمەتكە قاراپ:

— بۇ دۇنيادا نېمىنى خالايدىغانلىقىمنى بىلەمسەن، قېرىنداشىم؟ — دېدى.

— ياق، — دېدى مەمەت.

— ھازىر مەن ئېتىمۇتكەن قارا مۇستان بارغۇ، ئۇنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، بىر ياغاچقا ئىلىپ، بىزنىڭ يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاداپ قويۇشنى خالايتتىم. ئۇنىڭغا ئارقامدىن قوغلاپ مېڭىشنى كىم قويۇپتۇ؟! قېرىنداشىم مەمەت، ئېيتقىنا،



ئۇنىڭ مەندە زادى نېمە ئىشى بار؟

— سىلەر نېمە قىلىۋاتقانلار قىلىشقىلار! — دەپ ۋارقىرىدى يىراقتىن جاپپار، — مېنىڭ ئاغرىقتىن جېنىم چىقىۋاتىدۇ.

— يەنە بىر ئاز بەرداشلىق بەر، غەيرەت قىل! ... سېنى باتۇر يىگىت دېيمەن، — دېدى تۇردى.

— جىم! تىڭشاڭلار، — دېدى جاپپار، — يىراقتىن ئىتنىڭ قاۋاشلىرى كېلىۋاتىدۇ. يېقىن ئەتراپتا يېزا يوق. بۇ ئاۋازغا نېمە دېگۈلۈك؟

— ھەي جاپپار، — دېدى رەجەپ چاۋۇش ئىڭراپ تۇرۇپ، — مەن ئۆمرۈمدە ئېشەكتەك گالۋاڭ ئادەملەرنى كۆپ ئۇچراتتىم. بىراق گالۋاڭلىقتا سېنىڭدىن بەتتەر ئادەمنى كۆرمىدىم.

— نېمە ئۈچۈن، چاۋۇش؟

— زادىلا كۆرمىدىم، — دېدى چاۋۇش.

— ۋاي ئانىسىنى ... — دېدى جاپپار، — دېمەك چاۋۇشنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپتۇق ـ دە؟

— ۋاي ئېشەك، تېخى بۇ قاۋاشنىڭ قەيەردىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمىدىڭمۇ؟ — دېدى چاۋۇش.

— مەن نەدىن بىلەي، — دېدى جاپپار، — بۇ ئىتلارنى مەن تۇغمىسام ...

— ھەي ئېشەك، — دېدى چاۋۇش، — بۇ قاۋاشلار كۆچمەنلەرنىڭ چېدىرلىرىدىن كېلىۋاتىدۇ. يېقىن ئەتراپتا كۆچمەنلەر چېدىر قۇرغان. ئىتلار شۇلارنىڭ، ئەمدى ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، — دېدى جاپپار.

— ھەرنېمە بولسا ئۇقۇۋالدىڭ، — دېدى رەجەپ چاۋۇش.

— ئۇنداق بولسا مەمەت ئاۋاق بىلەن چېدىرلارغا بېرىپ نان تېپىپ كېلەي، بىللە بارامسەن، ئاۋاق؟ — دېدى جاپپار.

— ئۇزۇڭلار بېرىڭلار، — دېدى تۇردى، — بىز بۇ يەردە گۈلخان يېقىپ ئىسسىنىمىز، سىلەرنى ساقلاپ تۇرىمىز.

— بارايلى، جاپپار، — دېدى مەمەت، — بىراق تۇرقىمىزغا

بىر قارىغىنا، بىزنى كۆرگەنلەر جىن - ئالۋاستىنى دېيىشى مۇمكىن ياكى قان يالىغان ئىتمىكىن دەپ قالار.

— ئەنسىرىمە، بۇرادەر، يۈز - كۆزىمىزنى بىر يۇيىمىز، ئىش تامام! — دېدى جاپپار.

ئۇلار قىيادىن تۈزلەڭلىككە سۆز قىلماستىن چۈشۈشتى. نېمە ئۈچۈندۇر خۇددى بىر چوڭ گۇناھ قىلىپ قويغان ئادەملەردەك بىر - بىرىگە قارىيالمايتتى.

ئاخىر جاپپار قولىنى سوزدى، مەمەتنىڭ بىگىز قولىنى تۇتتى. مەمەت بېشىنى ئاستاغىنا كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. جاپپارمۇ مەمەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى. بىرھازاغىچە تۇرغان يېرىدىن مىدىرلىماي، بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قاراشتى.

— جاپپار، — دېدى مەمەت، — بۇ ياخشى ئادەم ئەمەس، بىز نېمىدەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭىمىز؟

— ئۇنداقمۇ دېمىز، مۇنداقمۇ دېمىز، بىللە يۈرۈپ كۆزىمىز خېلى ئېچىلىپ قالدى، — دېدى جاپپار.

كۈن چىققانىدى. ئۇلار چېدىرغا يېقىنلىشىپ كېلىشتى، چېدىر تەرەپتىن بەش - ئالتە يوغان ئىت توغرىدىن ئۇلارغا قاراپ ئېتىلدى.

— ئىتلارنى تۇتۇڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى جاپپار.

چېدىردىن بىرنەچچە بالا چىقىپ، قاراپلا ئارقىلىرىغا قېچىشتى ۋە ئانىلىرىغا ۋارقىراشتى:

— قاراقچى! قاراقچىلار كېلىۋاتىدۇ!

تاشقىرىغا ئاۋۋال ئاياللار، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەرلەر چىقىشتى.

مەمەت چوڭ چېدىرنىڭ ئالدىغا يىغىلغان كۆچمەنلەرگە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دەپ سالام بەردى.

كۆچمەنلەر بۇ كىچىككىنە قاراقچىغا ھەيران بولۇپ قاراشتى. مەمەتنىڭ ئەكسىچە جاپپار يوغان، كۈچلۈك، قامەتلىك بىر ئادەم



ئىدى.

ساقاللىق بىر كۆچمەن:

— مەرھەمەت، ئىچكىرى كىرىڭلار، — دېدى.

باشلىرىنى ئېگىشتۈرۈپ ئىچكىرى كىرەر - كىرمەي مەمەت چېدىر ئىچىنىڭ گۈزەللىكىگە تاڭ قالدى. ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق چېدىرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. كۆچمەننىڭ «خۇش كەپسىلەر» دېگىنىنىمۇ سەزمەي قالدى. كۆزلىرى چېدىردا ئىدى. چېدىرنىڭ ئارقا تۆرىدە نەپىس ئىشلەنگەن شىرداقلار ... شىرداقلارنى ھەر خىل كەشتە ۋە رەڭلەر بېزەپ تۇراتتى. بۇ خىل رەڭلەر كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى ... رەڭلەر ئوتتەك ياناتتى. بۇ چېدىرنى يورۇتۇپ تۇرغان شۇنچە كۆپ نۇر قەيەردىن كەلگەن؟ نۇرلار بىلەن رەڭلەر بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ چېدىردا جۇلالىناتتى. مەمەتنىڭ كۆزى بىر شىرداققا چۈشتى. خېلىغىچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالالمىدى. شىرداققا مۇھەببەت قۇشلىرى ئىشلەنگەنىدى. كىچىك - كىچىك مىڭلاپ قۇش... تۇمشۇقلىرى تېگىشىپ تۇرغان قۇشلار ... يېشىل، كۆك، قىزىل، سۆسۈن قۇشلار ... مەمەتنىڭ كۆزىگە ياش تولدى. قۇشلار ھەر خىل رەڭدە ئۇچۇۋاتقاندەك تۇراتتى.

چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈك نەقىشلەنگەن، ئۇچقاندەك چېپىپ يۈرگەن كېيىكلەرنىڭ رەسىمى ئويۇلغان. تۈكلىرى پار - پۇر يالتىراپ تۇرغان كېيىكلەر ... خۇددى ساپ سەدەپتىن ياسالغاندەك ...

— ئۇخلاپ قالدىڭمۇ؟ ئويغاتقىنا! — دەپ مەمەتنى تۈرتۈپ قويدى جاپپار.

مەمەت كۈلۈمسىرەپ ئېسىنى يىغىۋالدى.

— مۇشۇ كۈنگىچە مۇنداق چېدىرنىڭ ئىچىنى كۆرۈپ باقماپتىمەن، جەننەتتەك ئىكەن، نېمىدېگەن چىرايلىق!

جاپپار: «چېدىر كىمنىڭ؟» دەپ سوراش بىلەن، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئاپياق ساقاللىق، قىزىل يۈزلۈك، چىرايىدىن كۈلكە

تېمىپ تۇرغان بىر بوۋاي جاۋاب بەردى:
— مېنىڭ. مېنى كەرىم ئوغلى دەپ ئاتىشىدۇ.
— ئاڭلىغانمەن، دېمەك، كەرىم ئوغلى سەنمىدىڭ؟ — دېدى جاپپار.
كەرىم ئوغلى ئۆزىگە ئىشەنگەن بىر قىياپەتتە:
— مەن بولىمەن، — دېدى.
— ئاغا، سېنىڭ ئىسمىڭنى جىق ئاڭلىغانمەن. ئۆزۈڭنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن، — دېدى جاپپار — ساچىقارالى قەبىلىسىنىڭ ئاغىسى كەرىم ئوغلى ئەمەسمۇ؟
— ھەئە، دەل ئۆزى، — دېدى كەرىم ئوغلى.
چېدىرغا يېڭى قاينىتىلغان سۈتنىڭ پۇرىقى كىرىپ تۇراتتى. ئاغا جاپپارغا قاراپ قويدى، جاپپارمۇ ئاغىسىغا قارىدى. ئاغا خوتۇنىغا قاراپ:
— يىگىتلەرنىڭ قورسىقى ئاچتەك تۇرىدۇ، تېزرەك بولغىنا خوتۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.
— سۈت قايناۋاتىدۇ. قايناپ بولسۇن، ئاندىن ... — دەپ جاۋاب بەردى خوتۇنى.
مەمەت كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاپپارغا:
— مېنىڭ بۇرنۇم ... — دېدى جاپپارغا.
— بۇرنۇڭغا نېمە بولدى؟ — دېدى جاپپار.
— بۇرنۇمغا سىرتتىكى سۈتنىڭ پۇرىقى كىرگەندى، توغرا چىقتى، — دېدى مەمەت.
— مېنىڭمۇ، — دېدى جاپپار، — قورساق ئاچقاندا ھەممە بۇرۇن بىزنىڭكىدەك بولىدۇ.
كەرىم ئوغلىنىڭ قىزىل يۈزى تېخىمۇ قىزىرىپ، خىجالەت ئارىلاش:
— بالىلىرىم، سىلەر جەڭ مەيدانىدىن كېلىۋاتسىلەرغۇ دەيمەن؟ — دېدى.
— ئاسىم چاۋۇش بىزنى قىستاپ كەلگەنىدى، ئاران قوتۇلۇپ



چىقتۇق، خۇداغا شۈكۈر، — دېدى جاپپار.
— قورقۇنچاقنىڭ پىرى ئىكەن، بولمىسا ھەممىمىزنى كەكلىك ئۇۋلىغاندەك بىر - بىرلەپ تۇتۇپ كەتكەن بولاتتى، — دېدى مەمەت.
— بىر قەدەممۇ ماڭالمىغانىدۇق، بىكاردىن - بىكارغىلا ئوق ئاتتى، — دېدى جاپپار.
ئايال داستىخاننى ئەكېلىپ بەردى. كەرىم ئوغلى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۇنى ئاچتى. مەمەت تۇنجى قېتىم ئۆزىدە ياتسىراش ھېس قىلدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئۆز - ئۆزىدىن ياتسىراش ئىدى. كۆزى سىلتىقىغا چۈشتى، ئۆزىنىڭ تورقىنى كۆز ئالدىغا ئەكەلدى. پۈتۈن كۆكرىكى چەپرەس ئوقدانلار بىلەن تولغان ... بېلىگە يوغان خەنجەر ۋە بومبىلار ئېسىلغان ... بېشىدا پۇرلىشىپ - كىرلىشىپ كەتكەن بېغىر رەڭ فەس، ئۈچىسىدا تۇردى تەلۋىنىڭ كونا كىيىملىرى. كۆڭلىدە: «دېمەك، مەن قاراقچى بولۇپ كەتتىم، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرۈم قاراقچىلىق بىلەن ئۆتىدۇ - ھە! ...» دەپ ئويلىدى.
داستىخانغا ئالدى بىلەن سۈت ئەكەلدى، كۆكۈچ ھور چىقىپ تۇراتتى. ئۈستى چىمىرلاپ قايماق تۇتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىدىن ئىرىمچىك، ئۇنىڭدىن كېيىن قورداق كەلتۈرۈلدى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى. باللارچە كۈلۈپ، بىر - بىرىگە قاراشتى. كەرىم ئوغلىمۇ ئېچىلىپ كەتتى. قېرىنىڭ چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولۇپ، سۈتتەك ئاق چىشلىرى پارقىرايتتى.
— ئېلىڭلار، بالىلىرىم، ئېلىڭلار، تەكلىپ، تەكەللۇپ كۈتمەڭلار، — دېدى ئۇ.
ئىككىسى ئىككى قوشۇقنى ئېلىپ ئالدى بىلەن سۈتكە تېگىش قىلدى. ھەش - پەش دېگۈچە داستىخاندىكى نان تۈگىدى. داستىخانغا يەنە نان كەلتۈرۈلدى. سۈت تۈگىدى، يەنە سۈت قويۇلدى.

تاماقنى شۇنچە تېز يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن:
— دۆلىتىڭلار زىيادە بولسۇن، ئاغا، — دېيىشتى.
ئاغا تېخى ئاستا تاماق يېمەكتە ئىدى.
— سالامەت بولۇڭلار، بالىلىرىم، — دېدى، — ياشلىق مۇشۇنداق بولىدۇ، ھەي جىيەنلىرىم! — دېدى.
كېيىن ئاغىمۇ قولىنىڭ كەينى بىلەن بۇرۇتلىرىنى سۈرتۈپ، داستىخاندىن تۇردى.
— ھە، سىلەر تاماكا چەكمەمسىلەر؟ قېنى، بىرەر تالدىن چېكەيلى، — دېدى كەرىم ئوغلى.
— ھەر ئىككىمىز چەكمەيمىز، — دەپ جاۋاب بەردى جاپپار.
كەرىم ئوغلى تاماكىسىنى ئاغزىغا ئاپاردى، چاقماقنى چاقتى، يېقىملىق مەست قىلغۇچى بىر خىل گۈڭگۈرت پۇرىقى تارقالدى. تاماكىسىنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن:
— مەن سىلەرگە بىر تەرىمە دېسەم خاپا بولماڭلار، — دېدى ئۇ. — خىيالىڭلارغا باشقىچە بىر ئىشلار كېلىپ يۈرمىسۇن.
— دېگىن ئاغا، خىيالىمىزغا نېمە كېلەتتى؟ — دېدى مەمەت.
كەرىم ئوغلى قىزىرىپ - تاتىرىپ شۇنداق دېدى:
— شۇنداق دېمەكچىمەنكى، بۇ تاغلاردا ئاتاڭلار يوق، ئۆيۈڭلەر يوق ... جەڭ مەيدانىدىن ئەمدىلا چىقىپسىلەر، ئۇستىبېشىڭلار قان، يارىلانغاندەك تۇرىسىلەر، كىيىملىرىڭلارنى سېلىپ بېرىڭلار، ئوتىقا تۇتۇپ قۇرۇتۇپ بېرىدۇ. قۇرۇغىچە مېنىڭ كىيىملىرىمنى كىيىپ تۇرىسىلەر. خىيالىڭلارغا «كەرىم ئوغلى بىزنى يېشىندۇرۇپ قويۇپ تۇتۇپ بەرمەكچى» دېگەن ئوي كېلىپ قالمىسۇن. كەرىم ئوغلىنىڭ ئۆيىدىن ھېچقانداق ئادەمگە يامانلىق كەلمەيدۇ. كەرىم ئوغلى ھاياتلا بولسا، ئۇنىڭ مېھمانلىرىغا ھېچكىم چېقىلالمايدۇ، بۇنى بىلىپ قويۇڭلار ...
— ھەي ئاغا، بىز كەرىم ئوغلىنى بىلىمىز، — دېدى جاپپار.
— قارا، سېنىڭ خىيالىڭغا كەلگەن نەرسىنى!



— شۇنى دېمەممەن، نېمىلەرنى ئويلاپ يۈرگىنىڭنى ... — دېدى مەمەت.
— ئۇنداق دېمىگىن، بالام، ئادەم بالىسى خام سۈت ئەمگەن. ھەرقانداق ياخشىلىقنى قىلغىنىدەك، ھەرقانداق يامانلىقنىمۇ قىلالايدۇ. ئۇنداق دېمە! ... — دېدى كەرىم ئوغلى.
قارا كۆزلۈك، سۇزمە تارتقان، مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ تۇرغان بىر كېلىنچەك ئۇلارنىڭ ئالدىغا سويۇن يۇراپ تۇرغان كىيىملەرنى ئەكېلىپ قويدى.
— مەن چىقىپ تۇراي، سىلەر كىيىنىۋېلىڭلار! — دېدى - دە، كەرىم ئوغلى چىقىپ كەتتى.
ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەمەت جاپپارغا قاراپ:
— ھەي جاپپار، بۇ دۇنيادا ئەجەبمۇ ياخشى ئادەملەر بار - ھە! — دېدى.
— مەمەت، بۇ دۇنيادا شۇنچىلىك زالىم، مۇناپىق ئادەملەرمۇ بار - دە، — دېدى جاپپار.
— قارىغىنا، شۇ كەرىم ئوغلىغا، — دېدى مەمەت.
— قارا ئۇنىڭ مېھماندوستلۇقىغا ...
— ھەي يۇرادەرلەر، كىيىنىپ بولدۇڭلارمۇ؟ ئەمدى كىرەيمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى سىرتتا تۇرۇپ كەرىم ئوغلى.
— كىيىندۇق، — دەپ جاۋاب بەردى مەمەت.
كەرىم ئوغلى چېدىرغا كىرىپ مەمەتكە قاراپ:
— ساڭا بىر قاراپ باقاي، يارىلىرىڭ قانداقكىن؟ — دېدى.
— ھاجىتى يوق، — دېدى مەمەت، — بېشىمنى ئوق سۈرۈپ كەتتى، كىچىككىنە يەرنى.
كەرىم ئوغلى جاپپاردىن سورىدى:
— سېنىڭ ياراڭ بارمۇ؟
— خۇداغا شۈكۈر، يوق، — دېدى جاپپار.
كەرىم ئوغلى سىرتقا چىقىپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن قولىدا بىر قاچا، بىرمۇنچە لاتا بىلەن كىرىپ كەلدى. مەلھەمنى ئۇز

قولى بىلەن ياسىغانىدى. مەمەتنىڭ يارىسىغا سۈرۈپ تېڭىشقا باشلىدى.

— ئىككى كۈندىلا ساقىيىپ كېتىدۇ. ياشلىقىمىزدا بىزمۇ يارىلانغانىدۇق، بالام، ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ.

مەمەتنىڭ بېشىنى ئۇستا دوختۇرلاردەك تېڭىپ قويدى. مەمەت مىننەتدارلىق بىلەن:

— قولۇڭغا دەرد كەلمىسۇن، ئاغام، — دېدى.

— ياراڭ ئېغىر ئەمەس ئىكەن، بىراق زورۇقۇپ ئىششىپ كېتىپتۇ. بۇ مەلھەم تېز پايدا قىلىدۇ. قورقما! — دېدى كەرىم ئوغلى.

كەرىم ئوغلىنىڭ بالىلاردەك غەلىتە مىجەزى بار ئىدى. بىر نەرسە ياكى بىرەر سوئال سورىماقچى بولسا يۈزى قىزىرىپ، ئىزا تارتاتتى، كۈلۈمسىرەيتتى، قىزىرىپ - تاتىرىپ كېتەتتى. ئاخىر ناھايىتى تەسلىكتە سورايتتى. بۇ قېتىممۇ شۇ ھالەتتە مەمەتتىن:

— بالام، سورىغان ئەيىب بولماس، سەن راستىنىلا قاراقچىمۇ؟ — دەپ سورىدى، — راستمۇ ... ياكى بولمىسا ...

جاپپار كۈلۈپ كېتىپ:

— ئاغا، بىزنىڭ مەمەت قاراقچىلىق ئويۇنى ئويناۋاتىدۇ، — دېدى.

— ئاغا، قاراقچىلىق ماڭا ياراشمىغاندەك تۇرامدۇ؟ — دەپ كۈلۈپ كەتتى مەمەت.

— ئەيىبكە بۇيرۇما، بالام، — دېدى كەرىم ئوغلى، — سېنى كەمسىتكىنىم ئەمەس، بەكمۇ ياش ئىكەنسەن. ئاران ئون ئالتىگە كىرگەندەك تۇرىسەن. شۇڭلاشقا سوراپ باقتىم، ئەيىبكە بۇيرۇما ...

مەمەت مەغرۇرلۇق بىلەن:

— ئون سەككىزگە كىردىم، — دېدى.

— شۇ ئىشقا ھەيران بولىمەن. خۇدا ھەققى، رەنجىمىگىن، نېمە ئۈچۈن مۇشۇ يېشىڭدا قاراقچى بولۇپ قالدىڭ؟ — دەپ



سورىدى كەرىم ئوغلى.

— خوجايىنىنىڭ ئېشىكىنى ئوغرىلاپ سېتىپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى جاپپار، — كېيىن خوجايىنىنىڭ ئۇرۇۋېتىشىدىن قورقۇپ بىزگە قوشۇلدى. بىزمۇ ئىلاجىسىز قوبۇل قىلدۇق. ئەمدى سېپىمىزدە ئېشەك ئوغرىسىمۇ بولسۇن دېدۇق - دە. باشقىچە ئىش يوق ...

كەرىم ئوغلى جاپپارنىڭ چاقچاق قىلىۋاتقىنىنى چۈشەندى. مەيۈسلەندى. ئۇنىڭ بۇ سوئالنى سورىغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. جىم بولۇپ قالدى.

جاپپار كەرىم ئوغلىنىڭ بۇ چاقچاقتىن كۆڭلى يېرىم بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن:

— ئاغا، سەن دەگىرمەن ئۆلۈك يېزىسىدىكى ئابدى ئاغا دېگەن بىرىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟ — دېدى.

— ئۇنى ياخشى بىلىمەن، — دېدى كەرىم ئوغلى، — ئۆتكەندە ئۇنىڭغا ئوق تەگكەنلىكىنى، بىراق ئۆلمەي قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. جىيەنى ئۆلۈپتۇمىش ...

— ئەنە شۇنى ئاتقان مۇشۇ! — دېدى جاپپار.

كەرىم ئوغلى خىيالىغىچە مەمەتكە باشتىن - ئاياغ قاراپ چىقتى.

— ئاجايىپ ئىش، بۇ مەمەت ئاۋاق ئادەم ئاتىدىغان بالىغا ئوخشىمايدۇ، تۇۋا!

مەمەت كەرىم ئوغلىغا قاراپ شۇنداق دېدى:

— ئاغا، بۇ مەلھەمدىن بىزگە يەنە ئازراق ياساپ بېرەمسەن؟ يارىدار بولىدىغانلىرىمىز بار. ئۇلارغا ئالغاچ باراي ...

— تەييار مەلھەمدىن بار، — دېدى كەرىم ئوغلى، — شىپالىق مەلھەم. ئۇنىڭدىن بېرەي ساڭا. چاپلايدىغان دورا ياساپ بېرىمەن.

— يامان كۈن كۆرمە! — دېدى مەمەت.

كەرىم ئوغلى چوڭ بىر پارچە لاتىغا مەلھەمدىن ئورىدى، چاپلايدىغان دورىدىنمۇ ئازراق ياساپ مەمەتكە بەردى.

ئۇلار يولغا چىققاندا كەرىم ئوغلى شۇنداق دېدى:

— مەمەت ئاۋاق، راستىنلا ساڭا ھەيران قالدىم. سەن زادىلا قاراقچىغا ئوخشىمايسەن. ئەمما، نېمە ئىلاج، ئۇ كاپىر يامانلىق قىپتۇ ... ئادەم بالىسى ـ دە، كىمنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ ...

ھەر ئىككىسى كەرىم ئوغلىغا قاراپ:

— سالامەت بول، ياخشى قال ! — دېيىشتى.

كەرىم ئوغلى چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئاقىۋول تىلەيمەن. بەزىدە كېلىپ تۇرۇڭلار، پاراڭ قىلىشىمىز، — دېدى.

ھەر ئىككىسىنىڭ قولىدا يوغان خالتا. خالتىلار ئېغىر ئىدى. بۇ خالتىلار نان، سېرىق ماي، پىشلاقلار بىلەن تولدۇرۇلغانىدى.

— نېمىدېگەن ياخشى ئادەم ! — دېدى جاپپار.

— نېمىدېگەن ياخشى ! ... — دېدى مەمەت.

بىردىنلا مەمەتنىڭ ئېسىگە بىر نەرسە كەلدى:

— ھەي جاپپار، كىيىملىرىنى بەرمەستىنلا مېڭىپتۇققۇ؟

— كېرەك يوق، بىز ئوغرىلىمىدۇققۇ، ئۇنتۇپ قاپتىمىز.

— ياق، بولمايدۇ، — دېدى مەمەت، — ئاپىرىپ بېرىپ كېلەيلى.

جاپپار كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كەرىم ئوغلى راست ئېيتىدۇ، سەن زادىلا قاراقچىغا ئوخشىمايسەن، — دېدى.

— قانداق قىلاي، — دېدى مەمەت، — ھەممە ئادەم قاراقچى بولۇپ تۇغۇلمايدۇ ـ دە؟

— ئۇنداق بولسا ئارقىمىزغا يېنىپ، كىيىملەرنى بېرىۋېتەيلى، — دېدى جاپپار.

— يانايلى.

يۈگۈرگىنىچە ئارقىسىغا يېنىشتى. كەرىم ئوغلى ھەيرانلىق



بىلەن ئۇلارنى چىدىر ئالدىدا قارشى ئالدى ۋە:

— نېمە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن يېنىپ كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— كىيىملىرىڭنى سېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇق، قايتۇرۇپ بېرىشكە كەلدۇق، — دېدى مەمەت.

— مەن تېخى بىر نەرسە يولغان ئوخشايدۇ، دەپ قورقۇپ كېتىپتىمەن، — دېدى كەرىم ئوغلى. — كىيىملەر سىلەرگە قىلغان سوۋغام بولسۇن، سالماڭلار.

— ئۇنداق قىلساق بولامدۇ؟ — دېدى مەمەت.

— بولىدۇ، سېلىپ بەرسەڭلار خاپا بولۇپ قالىمەن.

يىراقتا — قىيالىقنىڭ چوققىسىدا بىر پارچە يورۇقلۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— مەمەت ئاداش، شۇ يورۇق يەردە بىزنىڭكىلەر بولۇشى مۇمكىن ... — دېدى جاپپار.

— بىزنىڭكىلەرمۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— ھەئە بىزنىڭكىلەر. كىم شۇنچىلىك ئۇلۇغ ئوتنى ياقالايدۇ؟ ! تۇردى تەلۋە ئاسىم چاۋۇشلار بىلەن قېرىشىپ، قەستەنگە شۇنداق كۆچلۈك ئوت يېقىۋەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى جاپپار.

— مىدىرلىغۇدەك ھالىم قالمىدى، جاپپار، خەۋەر بېرىش ئۈچۈن ئىسقىرتقىنا !

جاپپار ئىككى بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ كۈچلۈك، ئۇزۇن ئىسقىرتتى.

— ھەي جاپپار، — دېدى مەمەت، — سېنىڭ ئىسقىرتىشىڭنى بىر كۈنلۈك يەردىن ئاڭلىغىلى بولىدۇ. خۇدا ھەققى، راست.

بىر ئازدىن كېيىن ئوت يېقىلغان تەرەپتىن بىر پاي ئوق ئېتىلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا بىرمۇنچە ئوق ئېتىلدى.

— بىر ئىش بولدىمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— تۇردى تەلۋە بايرام قىلىۋاتىدۇ؛ كېيىپى چاغ ۋاقىتلىرىدا مانا شۇنداق ئوق ياغدۇرىدۇ، — دېدى جاپپار.

ئىسقىرتقا جاۋابەن ھېچكىم كەلمىدى. مەمەتمۇ، جاپپارمۇ بۇنىڭغا خاپا بولۇشتى.

ئوتنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەنلىرىدە تەرگە چۆمۈلۈپ ھېچ دەرمانلىرى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلارنى تۇردى بىلەن ھەممە سەپدىشى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قارشى ئالدى. تۇردى ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپلا تاپانچىسىنى چىقاردى ۋە «شەرىپىڭلار ئۈچۈن» دەپ بىرنەچچە پاي ئوق ئاتتى. كېيىن:

— ھەممىمىز ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە ئاز قالغانىدۇق، سەللا كېچىككەن بولساڭلار ئۆلەتتۇق. قاراڭلار، رەجەپ چاۋۇش ئىڭراۋاتىدۇ. جاراھىتىنىڭ ئاغرىقىدىن ئەمەس، ئاچلىقتىن، خۇدا ھەققى، ئاچلىقتىن ... — دېدى.

ئوت بىر خامان ئورنىدەك يەرگە يېقىلغانىدى. يوغان، ئادەم بويىدەك يالقۇنلار بىر - بىرىگە يۆگىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى. ئوتۇنلارنىڭ چارسىلدىغان ئاۋازى ئەتراپقا تارقىلاتتى. يېنىۋاتقان ئوتۇنلاردىن بىر خىل خۇش پۇراق چىچىلاتتى. ھۆل ئوتۇنلارنىڭ يېنىشى ئاجايىپ ... يالقۇنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇقسۇپ تۇرىدۇ، ئۇزاققىچە تۇتاشمايدۇ، كېيىن ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، يالقۇنغا ئايلىنىپ يوقاپ كېتىدۇ.

مەمەت ئالدى بىلەن رەجەپ چاۋۇشنىڭ يېنىغا باردى.

— قانداقراق ئەھۋالىڭ، چاۋۇش؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن. چاۋۇش ئاران ئىڭراپ:

— يارام يامانلىشىپ كەتتى، زورۇقتى، مەن بۇ يارىدىن قۇتۇلالماي ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن ... — دېدى.

مەمەت ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆرالىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئۆزۈڭ قانداقراق ھۆرالى. قېرىنداشىم! — دەپ سورىدى.

ھۆرالى ئاغزىنى ئېچىش بىلەنلا تىل سالغىلى باشلىدى:



— ۋاي ئانىسىغا ... خوتۇنىغا ... دەرەخلىرىگە، تاش - تۆپىلىرىغا، قىيالىرىغا ... يارىسىغا ... ئايدى ئاغىنىڭ خوتۇنىغا ... ھەممىگە مىڭ لەنەت... مىڭ... ئەستاغپۇرۇللا، ئايدى ئاغا ئۆلمەپتۇ، ۋاي خۇنپەر! ھېلىمۇ ھېچ گەپ يوق، قىلغۇرما، ئەدىپىنى بېرىمىز، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، جىيەنى ئۆلۈپتۇمىش ...

— قېرىنداشىم، ياراڭلارغا چاپىدىغان مەلھەم ئەكەلدىم. كەرىم ئوغلى بەردى. ئۆز قولى بىلەن ياسىغان. ئۇ ياشانغان ئادەم ئىكەن. ئىككى كۈنگە قالماي يارىلىرىڭ ساقىيىپ كېتىدۇ... — دېدى مەمەت.

— مەلھەمىنىڭمۇ خوتۇنىغا مىڭ ... — دەپ تىللىدى ھۆرالى.

— ئۇنداق دېمىگىن، بۇرادەر، — دېدى مەمەت، — پايدىسى بولۇپ قالار.

— ئىنشائاللا! — دېدى ھۆرالى.

— سېنىڭ كەرىم ئوغلۇڭمۇ بۇنى راسا ئېچىتىپتۇ، — دېدى رەجەپ چاۋۇش، — بىر ئايدا ساقايتالىسىمۇ رازى بولاتتىم.

مەمەت ھەر ئىككىسىنىڭ يارىلىرىنى ئېچىپ، دورىنى سۈرۈپ تېڭىپ قويغاندىن كېيىن ئوتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى:

— ئۇھ، شۇنداق ھېرىپ كەتتىمكى ...

— قارىغىنا، مەمەت، — دېدى تۇردى، — بىلەمسەن، جاپپار سېنى نېمە دەۋاتىدۇ؟! مەمەت ئاۋاق كەرىم ئوغلىنىڭ چېدىرىنىڭ ئىچىنى كۆرۈش بىلەن ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى، دەيدۇ.

— شۇنداق، راستىنلا ئۆمرۈمدە ئۇنداق چېدىرنى زادىلا كۆرمىگەنىكەنمەن. جەننەتتەكلا بىر جاي ... — دېدى مەمەت.

— ئۇ كەرىم ئوغلى - دە، ئۇنى كەرىم ئوغلى دەيدۇ. ئىسمى - جىسمىغا باب كەرىم ئوغلى ... ئۇنىڭ چېدىرىنىڭ ئىچى شۇنداق بولماستىن كىمنىڭ بولسۇن! — دېدى جاپپار.

— سەن ئۇنى بۇرۇندىن بىلەمتىڭ؟ — دەپ سورىدى تۇردى.

— ئاڭلىغانىدىم، — دېدى جاپپار، — بەكمۇ بايمىش،

كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. مىليون ـ مىليون بايلىق ئىچىدە ياشارمىش.

— بۇ دۇنيادا نېمىدېگەن ياخشى ئادەملەر بار ـ ھە ! — دېدى مەمەت، — تولىمۇ مېھماندوست ئىكەن، يارىلىرىمىزنى تاڭدى، قورسىقىمىزنى تويغۇزدى، كىيىملىرىمىزنى يۇدۇرۇپ بەردى، بىر قۇردىن كىيىممۇ سوۋغا قىلدى.

— ناھايىتى كاتتا ئاغا ئۇ، — دېدى جاپپار.

— شۇنچىلىك داڭلىق، شۇنچىلىك باي ئاغىنىڭ ئىسمىنى نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە ئاڭلىمىدۇق؟ — دېدى تۇردى.

— بۇ كۆچمەنلەرنىڭ ئاغىسى، بۇلار بىر يەردە قونۇپلا كېتىپ قالىدۇ، — دېدى جاپپار.

— قونامدۇ، كېتەمدۇ، نېمە قىلسا قىلسۇن، ئىشقىلىپ، ياخشى ئادەملەر ئىكەن. چېدىرنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى ساپ سەدەپتىن نەقىشلەپتۇ، — دېدى مەمەت.

تۇردى ھەيرانلىق بىلەن:

— چېدىرىنىڭ تۈۋرۈكلىرى سەدەپتىن نەقىشلەنگەن دەمسەن؟ ۋاي ئاناڭغا ! دېمەك باي نەرسە ئىكەن ـ دە، ۋاي ئاناڭنى، تۈۋرۈكلىرى سەدەپتىن دېگىن تېخى؟

— نېمە دەيسەن تېخى، — دېدى مەمەت، — شۇنچىلىك چوڭ چېدىركى، ئون ـ ئون بەش تۈۋرۈكى بار. كېلىنچەك بىزگە يېمەك ئەكىردى. بوينىدا ئاز دېگەندە ئەللىك تىللا ئېسىقلىق. كەرىم ئاغا ھەم باي، ھەم ياخشى ئادەم ئىكەن. بەك مۇلايىم، كۈلۈپلا تۇرىدۇ.

— ئايدى ئاغىنى ئاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قانداق ھودۇقۇپ كەتتى ـ ھە ! — دېدى جاپپار، — كۆزلىرىنى ساڭا تىكىپ، خۇددى يەۋەتكۈدەك قارىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، مەمەت؟

— قارىدى، شۇنداق بىر قاراش دېگىنە، — دېدى مەمەت.

تۇردى كۆزلىرىنى يالقۇنلارغا تىكىپ گەپمۇ قىلمايتتى، سوئالمۇ سورىمايتتى، چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى. چىرايى



شۇنچىلىك ئويچان ئىدىكى ... بۇ، تۇردىنىڭ ئادىتى ئىدى. ئادەتتە بىر ئىشنى قارارلاشتۇرۇشتىن ئاۋۋال كۆزلىرىنى قانداقلا بولسۇن بىر يەرگە، بىر ئادەمگە، بىر دەرەخكە، بىر بۇلۇڭغا، بىر گۈلگە ياكى بىر قۇشقا، بىرەر مىلتىققا ياكى ئوتقا تىكىپ سائەتلەپ قىمىرلىماستىن تۇراتتى.

ئۇ جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن باشقىلارمۇ جىم بولۇشتى.

يېنىدىكىلەرگە قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى:

— سىلەر بېرىپ يېتىڭلار، بۈگۈن كېچە ھوزالى، مەن، رەجەپ چاۋۇش كۆزەتتە تۇرىمىز.

شۇ تاپتا تۇردىغا بىر ئېغىز گەپ قىلىشقىمۇ بولمايتتى. قىلسىلا ئېتىپ تاشلايتتى، دادىسى بولسىمۇ ئېتىپ تاشلايتتى. ئۇلار سۆز قىلماستىن مېڭىشتى، قىيانىڭ تۈۋىگە بېرىپ يېتىشتى.

شۇنداق ئادەملەر بولىدۇكى، ئۇلار تۇرقىدىنلا يېقىملىق كۆرۈنىدۇ. رەجەپ چاۋۇش دەل شۇنداقلاردىن ئىدى. بۇلار كىشىلەر ئۆزلىرىنى ياقتۇرسۇن دەپلا تۇغۇلۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن ياخشىراق ئالاھىدە تەرەپلىرى بارمۇ؟ ياق ! مىسالەن رەجەپ چاۋۇش مۇڭداشقاقمۇ؟ ياق ! خۇشچاقچاقمۇ؟ ياق ! ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرەمدۇ؟ ئۇنداقمۇ ئەمەس ! باشقىلارغا دائىم ياخشىلىق قىلامدۇ؟ ناتايىن ! بۇ بىر يوشۇرۇن سىر ! ئۈچ يىلدىن بۇيان تۇردى تەلۋىنىڭ ئەترىتىدە، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىر ئەترەتتە ئىككى ئايدىن ئارتۇق تۇرمىغانىدى. رەجەپ چاۋۇشنىڭ تۇردى تەلۋە ئەترىتىدە ئۈچ يىل تۇرۇپ قالغانلىقىغا ھەممە ئادەم ھەيران بولاتتى.

رەجەپ چاۋۇش تۇردى تەلۋە بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا:

— ماڭا قارا ھەي تەلۋە، مەن ئەقىللىك مۇتتەھەملەردىن بولساڭ ئەترىتىڭدە ئىككى ئايلا تۇراتتىم، ئەترىتىڭگە كىرمىگەن بولاتتىم. ئەگەشتىم، يوچى مەخلۇقلارنىڭ ئىشى تۇزاقىغا چۈشۈپ، ئوق يېيىش، چۈشەندىڭمۇ؟ — دېگەندە، تۇردى تەلۋە:

چۈشەندىم، دەپلا قويغانىدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ رەجەپ چاۋۇش بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە دېمىگەنىدى. تۇردى تەلۋە نېمە دېسىمۇ قارشىلىق قىلمايتتى. بىرنەچچە قېتىم ئەرزىمىگەن يەردە تۇردىنىڭ كاساپىتىدىن يارىدار بولۇپ قالغاندىمۇ تۇردىغا بىر ئېغىز گەپ قىلمىغانىدى.

ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە ھېچكىم تولۇق بىر نەرسە بىلمەيتتى. سۆزلىرىدىن ئاتەپ شەھىرى تەرەپلىرىدىن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، ئېنىق بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى. ئاتەپتە ئۇزاق زامان ياشىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى، دائىم ئاتەپ ھەققىدە سۆز ئاچاتتى.

ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە ھەر خىل سۆز - چۆچەك بار ئىدى. بەزىلەر شۇنداق دەيدىكەن: رەجەپ چاۋۇش بىر كۈنى كېچىدە ئۇيقۇدىن ئويغىنىپلا: «خوتۇن، مىلتىقىمنى ئېلىپ بەر، يەنە ئازراق ئوزۇق تەييارلا، كېتىمەن!» دەپتۇ. خوتۇنى مىلتىقىنى ئېلىپ يېنىغا قويۇپتۇ، ئوزۇقنىمۇ ھازىرلاپتۇ. ئۇ مىلتىقىنى ياخشىلاپ تازىلاپتۇ، بەتلەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن: «خوتۇن، ھېلىقى كونا قالپىقىمنى ئېلىپ بەر، مەن تاغقا چىقىمەن، مەندىن رازى بول!» دەپتۇ. خوتۇنى بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ: «ساراڭ بولدۇڭمۇ! يېرىم كېچىدە ئۇخلاۋاتقان ئورنۇڭدىن ئۈندەرەپ تۇرۇپلا تاغقا چىقماقچىمۇ سەن. مۇنداق ئىشمۇ بولامدۇ؟» دەپتۇ. رەجەپ چاۋۇش: «كۆڭلۈم شۇنى خالاۋاتىدۇ، خوتۇن، مەن كەتتىم!» دەپلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ چىقىپ كەتكەنچە ئىككىنچىلەپ ئۆيىگە كەلمەپتۇ.

يەنە بەزىلەر شۇنداق دېيىشىدىكەن: رەجەپ چاۋۇش كۈيۈ ئوغلىغا خاپا بوپتۇ. ئۇنىڭ خاپا بولۇشىغا كۈيۈ ئوغلىنىڭ قىزنى ھاقارەتلىشى سەۋەب بوپتۇمىش. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كۈيۈ ئوغلىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، كۈيۈ ئوغلى قىزنى: «سېنىڭ داداڭنى ...» دەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قاپتۇمىش، غەزىپىدىن تاغقا چىققانىمىش. كۈيۈ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشكە كۆڭلى



قىيماپتۇمىش.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، رەجەپ چاۋۇش بەكمۇ باي ئۆتكەنىكەن. بىراق يول يۈلى، ئۈسۈم يۈلى دېگەنلەرنى يامان كۆرىدىكەن. يېزىغا باجگىر كېلىشى بىلەن ئاغرىق بولۇپ يېتىۋالىدىكەن. بىرى، يول يۈلى تۆلىمەسلىك ئۈچۈن تاغقا چىققانىمىش دېسە، يەنە بىرى، قېيىنئانىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ تاغقا چىقىۋاپتىكەن، دەيدۇ. ھەممە ئادەم ئۆزلىرىچە بىر نەرسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىدۇ. قايسىسى راست، قايسىسى يالغان، ئېنىق ئەمەس. گۇناھى بار - يوقلۇقىمۇ ئېنىق ئەمەس. لېكىن، نېمە ئۈچۈن تاغقا چىققان بولسا، چىققاندۇ، ئەگەر ھازىر قولغا چۈشۈپ قالمىغانلا بولسا، ئەڭ ئاز دېگەندە ئوتتۇز يىلغا كېسىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ شۇنچىلىك كۆپ ھۆججەتلەردە، شۇنچىلىك كۆپ شىددەتلىك يول توسۇشقا، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان ...

كۈن چىقتى. كۈن ئۆرلەپ چۈش بولاي دېدى. تۇردى تېخىچە ئويغانمىدى. ھالبۇكى، بېشىغا كۈن چۈشكىچە ئۇخلاش ئۇنىڭ ئادىتى ئەمەس ئىدى. چۈش بولدى، يەنىلا ئويغانمىدى. چاپپار كۆڭلىدە بىر نەرسىلەرنى سېزەتتى: «بۈگۈندا چوقۇم بىر گەپ بار، بۇ تەلۋە ھېچقاچان بۇ چاغقىچە ئۇخلىمايتتى. چوقۇم بىر ھۆججەتكە ئاتلىنىدۇ. بەزى قېتىم بۆلەك - تالاڭغا ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئويغاناي ئۇخلىۋېلىش ئۇنىڭ ئادىتى. ئۇمۇ بىر ياكى ئىككى يىلدا بىر قېتىم يۈز بېرەتتى. ئەمدى نەگە بارماقچى بولۇۋاتقاندۇ؟» دەپ ئويلايتتى ۋە ئۇنىڭ ئويغىنىشىنى خاتىرجەمسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

بۈگۈن رەجەپ چاۋۇشنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئۇ خىرىلدىغان بوغۇق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتاتتى. ئۇ بىردىنلا:

— ماڭغا قاراڭلار، بالىلار، ئاۋۇ تەلۋىنى ئويغىتىڭلار، ئويغانسۇن، بىزمۇ ئاغزىمىزغا بىر چىشلەم نەرسە سالايلى، — دېدى.

— مەن ئاربلاشمايمەن، — دېدى مەمەت.

— مەنمۇ، — دېدى جاپپار.

گۆدۈك ئوغلى دېگەن بىرى بار ئىدى. ئۇ تۆردىنىڭ بېشىغا كېلىپ:

— تۆردى پاشا، ئويغانغىنىڭدا پاشايىم، — دېدى.

گۆدۈك ئوغلى تۆردىنى «پاشايىم» دەپ ئاتايتتى. بۇنىڭغا تۆردى بەك خۇشال بولاتتى. گۆدۈك ئوغلىنىڭ بۇ ئەترەتتە بىرنەچچە ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى قىزىقچىلىق قىلىش ئىدى. تۆردىغا قىزىقچىلىق قىلىپ بېرەتتى.

— ئويغانساڭچۇ پاشايىم، چۈشتىن ئېشىپ كەتتى.

تۆردى يوغان مۇشتۇملىرى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

— تېزرەك تاماق يەيلى، ئاندىن يولغا چىقىمىز ! — دېدى.

— يارىدارلارنى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى جاپپار، — رەجەپ چاۋۇش بىلەن هۇرالىنىڭ هالى ئېغىر.

تۆردى يارىدارلاردىن سورىدى:

— ئەھۋالىڭلار قانداق، بىز بىلەن بىللە ماڭالامسىلەر؟

— مەن ماڭالايمەن، ئاغرىق خېلى قويۇپ بەردى، — دېدى رەجەپ چاۋۇش.

— مەنمۇ ماڭالايمەن، بۇ يارىنىڭمۇ ئانىسىنى ! خوتۇنىنىڭ ... — دېدى هۇرالى.

چواڭ دۆگىلەك بولۇپ ئولتۇرۇشۇپ، ئوتتۇرىغا يىمەكلىكلەرنى قويۇشتى.

سايلەر شىمالدىن شەرققە ئۆتكەن چاغدا ئۇلار قىيالىقلاردىن چۈشتى. كۆچمەنلەرنىڭ چېدىرلىرىدىن ئىتلارنىڭ هاۋشىشلىرى ئاڭلىناتتى.

— هازىر نەگە بارىمىز؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

تۆردى جاۋاب بەرمەستىن ئالىيىپ قاراپ قويىدى. مەمەتمۇ تەكرار سورىمىدى. تۆردى نىشانى ئىتلار هاۋشىغان تەرەپكە بۇرىغان زامان مەمەت بىلەن جاپپار ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى.



جاپپار مەمەتنىڭ قۇلىقىغا:

— تۆردىنىڭ كۆزى بەك دەھشەتلىك، — دەپ پىچىرلىدى.

— شۇنداق، — دېدى مەمەت.

— ئەگەر كەرىم ئوغلىغا چېقىلىدىغان بولسا، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى جاپپار.

— قانداق قىلىمىز؟ — دەپ تەكرارلىدى مەمەت.

— قانداق قىلارمىز - ھە؟ — دېدى جاپپار.

تۆردىنىڭ بۇ مېڭىشىدا بىر يامانلىق بار ئىدى. ئۇچىغا چىققان يامانلىق ئىدى. تۆردىنىڭ يۈزى ھېچقاچان ھازىرقىدەك دەھشەتلىك قارايمىغانىدى. ھازىر شۇنچىلىك دەھشەتلىك تۈس ئالدىكى ... بىر چۈشىن قوتسا مىلك پارچە بولۇپ كېتەتتى.

تۆردى قەدىمىنى ئاستىلىتىپ جاپپاردىن سورىدى:

— كەرىم ئوغلىنىڭ چېدىرى يېتىمدا يەنە قانچە چېدىر بار؟

— ئۈچ، — دەپ جاۋاب بەردى جاپپار.

چېدىرلارغا كەلگەندە ئۇلارنى يەنىلا يوغان قويچى ئىتلىرى قارشى ئالدى. ئىتلارنىڭ ئارقىسىدىن باللار يۈگۈرۈشۈپ چىقتى. ئۇلاردىن كېيىن ئاياللار، ئەڭ ئاخىرىدا ئەركىشلەر ... كەرىم ئوغلى ئەرلەرنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. كەلگەن قاراقچىلارغا كۈلۈمسىرەيتتى. چېدىرلارنىڭ ئەتراپىنى ئاق قويلار، ئۆچكىلەر ئورىۋالغانىدى. قارا چېدىرلار ئاق بۇلۇت ئارىسىدا قالغاندەك كۆرۈنەتتى. قوي - قوزىلار مەرىشەتتى. يوغان قويچى ئىتلىرى پالۋانلاردەك ئېتىلاتتى. تۈگىلەر خاتىرجەم، ئاغزىدىن كۆپۈكلىرىنى ئاققۇزۇپ يېتىشاتتى. كەرىم ئوغلى:

— خۇش كەپسىلەر، مېھمانلىرىم، بىزگە خۇشاللىق ئەكەلدىڭلار ! — دەپ ھەربىرىنىڭ قولىنى بىر - بىرلەپ سىقىپ كۆرۈشتى.

مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ:

— سىلەرنى كۆرۈپ خۇش بولدۇق، — دېدى ۋە يۈزىمىكى كۈلۈمسىرەش يوقاپ كەتتى. كۆڭلىدىكى گۇمان ئۇنى بىئارام

قىلىۋاتاتتى، تۇردى تەلۋە زادى نېمە قىلماقچى؟

ئۇ كەرىم ئوغلىغا تۇردىنى كۆرسىتىپ:

— مانا بۇ كىشى بىزنىڭ باشلىقىمىز بولىدۇ، — دېدى.

كەرىم ئوغلى كۆپنى كۆرگەن ئادەم ئىدى. كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا تۇردىغا قاراپ قويدى. ئۇنى چۈشەنمىگەنلىكىنى مەمەتكە ئىما قىلدى. تۇردى بولسا چىرايىنى تۈرۈپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ ئەتراپىغا قارىماستىن ماڭاتتى.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ مەمەتتىن سورىدى كەرىم ئوغلى.

— تۇردى تەلۋە.

كەرىم ئوغلى ھەيران بولۇپ:

— ھە، ئاشۇ شۇمۇ؟ — دېدى.

— ھەئە شۇ، — دېدى مەمەت.

كەرىم ئوغلىنىڭ قىزىل يۈزىدىكى كۈلۈمسىرەش يوقالدى، كۆزلىرى خىرەلەشتى:

— بېشىندۇرگەندە ئىشتانلىرىنىمۇ سالدۇرۇۋالارمىش. شۇنداقمۇ؟

مەمەت خورسىنىپ:

— شۇنداق، — دېدى.

چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرگەندە، تۇردى مەمەتچىلىك ھەيران بولمىسىمۇ، ھەرھالدا ھەيران قالدى. تامدا نەقىشلىك بىر مىلتىق ئېسىقلىق تۇراتتى. تۇردى كەرىم ئوغلىغا غەزەپ بىلەن ھومايغاندىن كېيىن:

— ئاۋۇ مىلتىقنى ئالغىنا، بىر كۆرۈپ باقايلى، ئاغا، ئاغىنىڭ مىلتىقى قانداق بولىدىكىن، — دېدى.

كەرىم ئوغلى بۇ سۆزلەردىكى كىنايىنى چۈشەندى، يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. كۆڭلى بىر پالاكەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى تۇيدى. تۇردىنىڭ چىرايى يېقىمسىز، كۆزلىرى دەھشەتلىك ئىدى.



كەرىم ئوغلى مىلتىقنى تۇردىغا بېرىۋېتىپ:

— تاماقنى ھازىر ئەكىرەيلىمۇ ياكى ئاخشاملىقتا يەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

تۇردىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

— مەن بۇلاشقا كەلدىم. بۇلايدىغان ئادىمىمنىڭ نېنىنى يېمەيمەن، قەھۋەسىنى ئىچمەيمەن، نېنىنى يەپ، قەھۋەسىنى ئىچىپ قويسام بۇلىيالمايمەن.

تۇردى زەردە بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقىلارمۇ تۇردى.

— ئالدى بىلەن تاماقنى يېگىن، ئاندىن كېيىن بۇلىغىن، كەرىم ئوغلىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلەر تاماق يېمەستىن كەتمەيدۇ، — دېدى كەرىم ئوغلى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى، مەڭزىدىكى سۇس بىر قىزىللىق بۇرنىغا، پېشانىسىگە يېيىلدى. بىر ئازدىن كېيىن پېشانىسىدە مونچاقتەك تەر كۆرۈندى.

— ماڭا قارا، تۇردى ئاغا، — دېدى ئۇ، — بۇ تاغلاردا قاراقچىلار كۆپ. ھازىرغىچە ھېچقانداق قاراقچى كەرىم ئوغلىنىڭ ئۆيىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلالمىدى. سەن بۇلايمەن دېسەڭ بۇلىغىن، مانا ئۆي ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ.

بۇ ئەھۋال ئاستىدا مەمەت بىلەن جاپپار تۈگىشىپلا كېتىۋاتاتتى. بېشىدىن قايناق سۇ قۇيۇۋالغاندەك بولاتتى.

— مەن ھېچقانداق قاراقچىغا ئوخشىمايمەن، — دېدى تۇردى.

كەرىم ئوغلى ئورنىدىن مىدىرلىمىدى، چېدىرنىڭ تۈۋرۈكلىرىدەك جىمجىت تەۋرەنمەي تۇراتتى.

— ئالدى بىلەن پۇللىرىڭنى چىقار! — دېدى تۇردى.

رەجەپ چاۋۇش بىلەن ھورالى ئورنىدىن قوزغالغانلار بىلەن تەڭلا تۇرۇشتى ۋە كېيىن ئولتۇرۇۋالدى، بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى تاماشا قىلاتتى. نېمە ئۈچۈندۇر رەجەپ چاۋۇشنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچى كۈلەتتى.

كەرىم ئوغلىنىڭ قىمىر قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرگەن تۇردى ئاستا يېقىن كەلدى، مىلتىقىنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇنىڭ مۈرىسىگە راسا كەلتۈرۈپ بىرنى ئۇردى. كەرىم ئوغلى يەرگە دۈم چۈشتى. تۇردى قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى.

چېدىرنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئاياللار بىلەن باللار چۇرقىرىشىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ماڭا قارا، ئاغا! سېنىڭ خوجايىنلىقىڭ ساچقارالى قىشلاقلىرىدا ئاقىدۇ، مەن ئۈچۈن بىر تىيىن. بۇ تاغلاردا تۇردى تەلۋە خوجايىن، — دېدى. تۇردى كېيىن گۆدۈك ئوغلىغا بۇيرۇق قىلدى: — ئاغا بىلەن بىللە بېرىپ قانچە پۇلى بولسا ھەممىسىنى ئەكەل، ئۇقتۇڭمۇ؟ ئاياللارنىڭ ئالتۇن جابدۇقلىرىنىمۇ ئەكەل، بىلدىڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، پاشايىم، — دېدى گۆدۈك ئوغلى.

گۆدۈك ئوغلىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە ئىشى بار ئىدى. بۇلاڭچىلىق قىلغاندا ئازابلاش يولى بىلەن ھەممە پۇلنى يىغىۋالاتتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئۇستىسى ئىدى. ئۇ قانداقلىكى ئۆيگە كىرسۇن، ئۆيدە بىر تىيىنمۇ قالدۇرمايتتى، ھەممىسىنى قۇرۇتۇۋېتەتتى.

گۆدۈك ئوغلىنىڭ كۆنى توغدى. ئاغىنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇتتى.

— كەل، كەرىم ئوغلى، پۇللارنى قويغان يېرىڭنى ئېيت، بولمىسا گۆدۈكنىڭ بىر پاي ئوقى سېنى تاشلىق يېزىدا يۈگۈرتۈپ ئوينايدۇ.

— كەرىم ئوغلى، — دېدى تۇردى، — يا جېنىڭغا تۇر، ياكى پۇلۇڭغا. قانچىلىك پۇلۇڭ بولسا ھەممىسىنى چىقار!...

چېدىرنىڭ ئالدىغا باشقا چېدىرلارنىڭ ئاياللىرى، باللىرى يىغىلىشقانىدى. تۇردى بۇلارنىڭ ئىشىككە يېپىشىپ تۇرغانلىقلىرىنى كۆرۈپ ئاتقىرىغا چىقتى ۋە:

— ئۆيۈڭلەرگە تارقىلىڭلار! سىلەرگىمۇ ھېلىلا نۆۋەت



كېلىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

كەرىم ئوغلى كۆزلىرى بىلەن مەمەتنى، جاپپارنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۇلار كەرىم ئوغلىنىڭ ئارقىسىدا ئىدى. ئارقىسىغا ئۆرۈلۈش بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى مەمەتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. مەمەت يەرگە قارىۋالدى، كېيىن جاپپارغا قارىدى. كۆزلىرىگە: «ماڭا قىلماقچى بولغىنىڭلار شۇمىدى؟» دېگەن غەزەپ ۋە نەپرەت تولغانىدى. ئۇ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ گۆدۈكنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. چېدىرنىڭ نېرىقى بۆلۈمىگە ئۆتكەن چاغدا ئاياللاردىن بىرىگە ئىشارەت قىلىپ:

— ساندۇقنى ئاچقىن، قانچىلىك پۇل بولسا چىقىرىپ شۇ ئادەمگە تاپشۇر، ئۇستۇڭلەردە قانچىلىك ئالتۇن جابدۇق بولسا، چىقىرىپ ماڭا بېرىڭلار! — دېدى.

كەرىم ئوغلى تۇردىنىڭ نىيىتىنى سەزگەنىدى. تۇردى ئۇنىڭغا بىر تىيىننىمۇ قالدۇرمايتتى. شۇڭلاشقا، نېمە بولسا شۇنى تېز قولى بىلەن بېرىشى لازىم ئىدى.

گۆدۈك ئوغلى بىر باغلام پۇلنى ۋە بىر خالتا ئالتۇننى ئەكېلىپ تۇردىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. كەرىم ئوغلى ئاياللارنىڭ مارجان، ئۈزۈك، بىلەزۈك ۋە دوپپىلىرىغا قادالغان ئالتۇن قاداقلىرىنى توپلاپ بەردى.

تۇردى گۆدۈك ئوغلىدىن:

— ھەممىسى شۇمۇ؟ ھېچ نەرسە قالمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھېچ نەرسە قالمىدى، — دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى گۆدۈك ئوغلى.

ھەر قېتىمقى بۇلاڭچىلىقتا تۇردى گۆدۈك ئوغلىدىن: «قالمىغاندۇ؟» دەپ سورايتتى. ئۇ بولسا «يەنە بار، پاشايىم» دەپ جاۋاب بېرەتتى ـ دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر پارچە ئالتۇن، بىر كاللەك پۇلنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. ئەنە شۇنداق قىلىپ ئۆيىنى ئون قېتىم، يىگىرمە قېتىم ئاختۇرۇپ چىقاتتى. بۇلۇڭ ـ پۇچقاقنى

نېمە قېلىپ قالغان بولسا، قايتا ـ قايتا ئېلىپ چىقاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ھېچ نەرسە قالمىدى دەپ ئىشارەت قىلاتتى. يەنە باشقا يەرلەردە پۇل بار ـ يوقلۇقىنى ئادەمنىڭ چىرايىغا قاراپلا بىلىۋالاتتى. ئۇ خاتالاشمايتتى، چوقۇم تېپىپ چىقاتتى.

— سەن ئەقىللىق ئادەم ئىكەنسەن، كەرىم ئوغلى، — دېدى تۇردى، — بار ـ يوقۇڭنىڭ ھەممىسىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن بەردىڭ. بەرىبىر سېنىڭدىن مەجبۇرىي ئالغان بولاتتىم. ھازىرغىچە بۇلىغان ئادەملىرىم ئارىسىدا سېنىڭدەك ئەقىللىق ئادەمنى كۆرمىگەنىدىم.

كەرىم ئوغلى تاشتەك قېتىپ قالغانىدى. يۈزى سارغايغان، لەۋلىرى تىترەيتتى.

تۇردى يەنە ھۆكۈمرانلارچە قەتئىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى:

— تۇردى تەلۋىنىڭ بىر ئادىتى بار، بىلەمسەن، كەرىم ئوغلى، بۇنى باشقا قاراقچىلار قىلمايدۇ. ئەسلىدە كەرىم ئوغلىنىمۇ باشقا قاراقچىلار بۇلىمايتتى. ھە، بۇنى بىلەمسەن؟

كەرىم ئوغلى جاۋاب بەرمىدى.

— تۇردى تەلۋىنىڭ ئادىتى شۇكى، بۇلىغان ئادەملىرىنىڭ ئىشتانلىرىنىمۇ سالدۇرۇۋالىدۇ. كەرىم ئوغلى، سال كىيىملىرىڭنى! — دەپ ۋارقىرىدى تۇردى تەلۋە.

كەرىم ئوغلى مىدىرلىمىدى.

— ھەي، ساڭا دەۋاتىمەن، سال كىيىملىرىڭنى!

كەرىم ئوغلى مىدىرلاپمۇ قويمىدى.

تۇردىنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئاچچىقىدىن بىر يەردە تۇرالمايتتى. كەرىم ئوغلىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەيتتى. بىردىنلا ئۇنىڭ قولاق تۈۋىگە بىر مۇشت سالدى، مەيدىسىگە بىرنەچچىنى تەپتى ... كەرىم ئوغلى سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. يىقىلاي دېگەندە تۇردى قولىدىن تۇتۇۋالدى. يەنە بىرنى سالدى. يەنە بىرنى ...

— سال!

كەرىم ئوغلى ئەلەم بىلەن سۆزلىدى:



— ماڭا مۇشۇ ئىشنى قىلدۇرما، تۇردى. كەرىم ئوغلىنىڭ ئۆيىنى ھازىرغىچە ھېچكىم بۇلىمىغان. بۇنىمۇ ساڭا ئەسقاتمايدۇ، — بۇ سۆزلەر تۇردىنىڭ جېنىغا تەگدى. كەرىم ئوغلىنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ ئۇنى تېپىشكە باشلىدى. يەرگە يىقىلىپ چۈشكەن كەرىم ئوغلى، — ئۇنداق قىلما، بۇلار ئۆزۈڭگە ئەسقاتمايدۇ، — دېدى.

تۇردىنىڭ غەزىپى ئەۋجىگە چىقتى، ئۇنى دەسسەپ ـ چەيلەشكە باشلىدى.

— مەنمۇ بىلىمەن ئەسقاتمايدىغانلىقىنى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سېنىڭ ئىشتانلىرىڭغىچە بۇلايمەن. ھېچبولمىسا، شۇنداق داڭلىق كەرىم ئوغلىنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرۇۋاپتۇ دېيىشەر، ئۇقتۇڭمۇ؟

نېرىقى ئۆيدە يىغلاۋاتقان خوتۇنلاردىن بىرنەچچىسى بۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ئاڭلاپ بۇياققا چىقىشتى. بىر ئايال ئۆزىنى كەرىم ئوغلىنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. ئايالنىڭ پەريادلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. گۇدۇك ئوغلى بۇ ئايالنى كەرىم ئوغلىنىڭ ئۈستىدىن يۇلۇپ ئېلىپ بىر تەرەپكە تاشلىۋەتتى.

— قىپيالىڭاچ بولمىساڭ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ يالىڭاچلىمىساڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن سېنى، — دەپ ۋارقىرىدى تۇردى.

ئاياللارنىڭ ھەممىسى چىرقىراشقا باشلىدى.

— بۇنداق قىلما ماڭا، بۇنداق قىلما، بالىچاقامنىڭ ئالدىدا ... — دەپ ئىڭرايتتى كەرىم ئوغلى.

بىر چاغدا قېتىپلا قالغان، كالپۇكلىرىنى چىشلەپ دىر ـ دىر تىترەپ تۇرغان مەمەتكە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭغا يالۋۇرغاندەك قارىدى. مەمەتنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. جاپپارغا قارىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراشتى. مەمەتنىڭ كۆزىدە يىگىتنىڭ ئۆچىدەك ھېلىقى ئۇچقۇن چاقناپ كەتتى. جاپپارمۇ غەزىپىدىن قوۋۇزلىرىنى چىشلەيتتى. ئۇ غەزەپلەنگەن ۋاقىتلىرىدا قوۋۇزلىرىنى قان چىققۇچە چىشلەيتتى.

— ئۆنداق قىلما، تۇردى ئاغا، — دەپ ئارقا - ئارقىدىن يالۋۇراتتى كەرىم ئوغلى.
— سال كېسىمگىنى! بولمىسا ... — دەپ ۋارقىرايتتى تۇردى مىلتىقنىڭ ئاغزىنى كەرىم ئوغلىنىڭ ئاغزىغا توتۇپ تۇرۇپ:
— سال! — دېدى.
دەل شۇ چاغدا مەمەت كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە چېدىردىن ئېتىلىپ چىقىپ:
— قىمىرلىما، تۇردى تەلۋە، ئېتىۋېتىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى، — مەندىن رەنجىمىگىن، سېنى ئېتىۋېتىمەن. سېنىڭ بۇ قىلغانلىرىڭ ...
ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا جاپپارنىڭ زاڭلىق قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— قورقالما، تۇردى ئاغا! بۇ ئادەمنى قويىۋەت - دە، كېتىپ قال! ئېتىپ تاشلايمەن. بىز خېلى يىقىن سەپداشلاردىن ئىدۇق، شۇڭا بىزنىڭ قولىمىزدا ئۆلمىگىن.
— بىزنىڭ قولىمىزدا ئۆلمىگىن، — دېدى مەمەت.
مۇنداق بولۇشى تۇردىنىڭ ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيتتى. شۇڭا، ئۇ ھودۇقۇپ قالدى.
— دېمەك، سىلەر مۇشۇنداق قىلماقچىمۇ؟
تۇردى مىلتىقنى بوردى، سىرتقا ئىككى پاي ئوق ئاتتى. قاراڭغۇ چۈشۈۋاتاتتى.
— تۇردى ئاغا، ماڭا قارىغىنا، — دېدى مەمەت، — ئوقنى ئۇنداق ئاتمايدۇ ... — تۇردىنىڭ قولىقىنىڭ تۈۋىدىلا ئىككى پاي ئوق ۋىڭ - ۋىڭ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.
— بۇ ئادەمنى قويىۋېپ بېرىپ ئۆزۈڭ كېتىپ قال! قىلغانلىرىڭ يېتىپ ئاشىدۇ. بۇنى زۇلۇم سېلىش دەيدۇ. قويىۋېپ بېرىپ كەتكىن!
— دېمەك، مەمەت ئاۋاق، گەپ مۇنداق ئىكەن - دە! دېمەك... — دېدى تۇردى.



— ئۆلۈشتى خالىمىساڭ ئادەمنى قويىۋېپ بېرىپ، ئۆزۈڭ چېدىردىن چىقىپ كەت، — دېدى مەمەت ئاۋاق.
تۇردى يەردە ياتقان كەرىم ئوغلىنى يەنە بىرنى تېپىپ:
— قېنى بۇرادەرلەر، ماڭايلى! — دېدى.
تاشقىرىدا بىر چوڭقۇرلۇقتا مۆكۈپ ياتقان مەمەت ئاۋاقنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ:
— خەپ، بىر كۈنى ئۆچۈمنى ئالىمەن، مەمەت ئاۋاق. بەرىبىر ئۆچۈمنى ئالماي قويمايمەن، جاپپار، — دېدى تۇردى.
چېدىردىن رەجەپ چاۋۇش ئەڭ ئاخىرىدا چىقىپ:
— قىلغان ئىشىڭلارغا بارىكاللا، يالىلىرىم، — دېدى، — مەنمۇ سىلەر بىلەن قالايمۇ؟
— قالغىن، چاۋۇش، قال! — دېيىشتى.
— دېمەك، چاۋۇش، سەنمۇ قالامسەن؟ — دېدى تۇردى.
— ھەئە، مەنمۇ قالىمەن، تۇردى ئاغا، — دەپ جاۋاب بەردى چاۋۇش.
— سېنىڭمۇ ئەدىپىڭنى بېرىمەن، چاۋۇش.
تۇردى ئۇلاردىن ئەللىك مېتىر ئۇزاپ بىلەنلا يەرگە ياتتى:
— ھەرىكەت قىلىڭلار، سەپداشلار، بۈگۈن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەيدىغان كۈنىمىز، — دېدى.
ئالتە قول بىردىنلا مەمەت بىلەن جاپپارنىڭ ئۈستىگە ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. مەمەت بىلەن جاپپار تۇردىنىڭ شۇنداق قىلىشىنى ئويدان بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چۈشۈۋالغان چوڭقۇرلۇقتىن چىقمىغانىدى.
— تۇردى ئاغا، ماڭ يولۇڭغا، يالىلىق قىلما! — دېدى مەمەت.
— يا سىلەر ئۆلىسىلەر، يا مەن ... — دېدى تۇردى.
بۇ چاغدا رەجەپ چاۋۇش شۇنداق دېدى:
— ھەي، يولۇڭغا ماڭ دەيمەن، بۇ بالىلارنىڭ بېشىغا بالا بولما. سەن كەرىم ئوغلىغا چېقىلىپ بېشىڭغا بالا تاپىسەن.

ساچىقارالى يايلىقىدىكىلەر ھازىرغىچە خەۋەر تاپقاندۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار تاغلارنى قىزىتىۋېتىدۇ. پاتراق يولۇڭغا ماڭ !

— يولۇڭغا ماڭ دېمەن، — دېدى مەمەت.

— بىزنىڭ قولىمىزدا ئۆلمىگىن، يولۇڭغا ماڭ ! — دېدى جاپپار.

تۇردى تەرەپتىكى ئوق ئاۋازى توختىدى.

— ئۇلار كەتتى، — دېدى جاپپار، — كېتىشتى بالا - قازالار. كەرىم ئوغلىنىڭ پۇللىرىنى بۆلۈشكىلى كېتىشۋاتىدۇ.

— مەيلى، كەتسۇن ! — دېدى رەجەپ چاۋۇش، — ساچىقارالى يايلىقىدىكىلەر ئۇلارنىڭ بۇرنىنىڭ بىزىنى ئېلىپ قويىدۇ. ئاز ئۆتمەستىن بۇ تاغۇتاشلار ئادەمگە لىق تولىدۇ ... ئەگەر بۇ ئادەم ساچىقارالى قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كەرىم ئوغلى بولمىغانلا بولسا، ساچىقارالى يايلىقىنىڭ كىشىلىرى ھېلىلا بۇ يەرگە يېغىپ كېتىدۇ.

— ئەمدى بىرىپ كەرىم ئوغلىغا نېمە دەيمىز؟ بۇ ئادەمنىڭ يۈزىگە قانداقمۇ قارايمىز؟ — دېدى مەمەت.

— بۇ ئادەم بىزگە ياخشىلىق قىلدى، بىز بولساق يامانلىق ... — دېدى جاپپار، — يېنىغا بېرىپ نېمىمۇ دەرمىز؟ ساڭا قىلغانلىرىمىزغا خۇش بولدۇڭمۇ ! باتۇرلۇق دېگەن مانا شۇنداق بولىدۇ. بىز ئادەملەرنى ئەنە شۇنداق بۇلىيالايمىز دېمەمدۇ؟ بولدى ئەمدى، ئۇنىڭغا كۆرۈنمەيلا چۈشۈپ كېتەيلى.

— مەن نېمە دېيەن؟ نېمىمۇ دېيەلىشىم مۇمكىن كەرىم ئوغلىغا ! — دېدى مەمەت.

ئۇلار چۈشۈۋالغان چوڭقۇرلۇقتىن چىقىشتى ۋە چېدىرغا قاراپ مېڭىشتى.

كەرىم ئوغلىنىڭ چېدىرىدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ چىرقىراشلار، ئاھ - ۋاھلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. چېدىرنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. بىر - ئىككى ئايال كەرىم ئوغلىنىڭ قاتىغان بېشىنى داسقا ئېگىشتۈرۈپ يۇيۇۋاتاتتى. بىر تەرەپتىن يۇيۇپ، بىر تەرەپتىن



قاراقچىلارنى قارغاۋاتاتتى.

— كەرىم ئوغلى ئاغا ! — دەپ چاقىردى مەمەت.

ھەممە ئىشىككە بۇرۇلدى. مەمەت ھېچ نەرسە دېمەستىن قېچىپ كېتىش خىيالىغا كەلدى، ئەمما قاچالمىدى.

— ئاغا، — دەپ دۇدۇقلىدى، — خاپا بولما، مۇنداق بولۇشىنى بىلمەپتىمىز.

ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا قېچىشقا باشلىدى.

كەرىم ئوغلى ئارقىسىدىن ۋارقىراشقا باشلىدى:

— كەچكى تاماقنى يېمەستىن كەتمەڭلار، بالام ! كەتمەڭلار ! ...

مەمەت جاپپارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— قېنى يۈرۈڭلار، كېتەيلى. بۇ يەردە يەنە تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى. بۇ ئادەمگە شۇنچىلىك ئىچىم ئاغرىپ كەتتىكى ... يۈرەكلىرىم پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ...

جاپپار ئورنىدىن تۇرۇپ:

— قولىمىزدىن نېمە كېلەتتى؟ ! بىر قېتىم بولۇپ قالدى - دە، — دېدى.

مەمەت ئۇھ تارتىپ:

— شۇ تەلۋىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك بولاتتى، — دېدى.

— ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئاسان ئەمەس، مەمەت، — دېدى جاپپار، — ئۇ ئادەم ئەمەس، بىر ئىت. ئۇنداق بولمىسا مەن ... مەن ئۇنى شۇنداقلا قويۇپ بېرەرمىدىم ! ...

— ئوق يېگەندىن كېيىن نېمە قىلالايتتى؟ — دېدى مەمەت.

— ئوقنى تەگكۈزمەيتتى. ئۇنىڭدەك ئادەمنى ئۆمرۈمدە زادىلا ئۇچراتمىدىم، — دېدى جاپپار.

— ئۇ ئادەمدە بىر مۆجىزە بار. ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى باشقا بىرى قىلغان بولسىدى، بىر كۈندىن ئارتۇق ياشىيالمىغان بولاتتى. بىر مۆجىزە بار ئۇ ئادەمدە. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكىنىمىز ياخشى بولدى. بىراق، كارامەت جەسۇر ئادەم ئىدى. ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا تۇردى، — دەپ قوشۇمچە قىلدى

چاۋۇش.
— ئۇنىڭ ئەنە شۇ تۇرقى مېنى چۆچۈتتى. شۇڭا ئاتالمىدىم، بولمىسا ... — دېدى مەمەت.
— ئىشقىلىپ، بىر تېمىسى بار ئۇ ئادەمنىڭ...— دېيىشـ تى، جىم بولدى جاپپار.

* * *

مۇشۇ يەردە ئىككى سائەت ئۇخلايلى، — دېدى ئەلى.
— يەنە قانچىلىك قالدى دەيمەن ئەلى؟ — دېدى ھەسەن، — چۈشكىچە بىزنىڭ يېزىغا يېتىپ بارىمىز. بۈگۈن كېچە بىزنىڭ ئۆيدە قونىسەن. ئەتە ئەتىگەن تۈرۈپلا ماڭىسەن، نامازشامغىچە يېزاڭغا يېتىۋالىسەن.
ئەلى ئۇزۇن بويلۇق، ئۇزۇنچاق، چوقۇر يۈزلۈك، يۈۋ دېسە ئۇچۇپ كەتكۈدەك ئورۇق بىر ئادەم ئىدى. ئۇ:
— بولدى. بۇ يىرىم كېچىدە ئىنس - جىننى پەرق قىلغىلى بولمايدۇ. كەل، مۇشۇ يەردە تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلايلى، تاڭ ئېتىشقا بىر - ئىككى سائەتلا قالغاندۇ، — دېدى.
— مەن بىر مىنۇتمۇ تۇرالمايمەن، — دېدى ھەسەن، — تۆت يىلدىن بېرى ئۆيۈمنى كۆرەلمىدىم.
— مەنمۇ كۆرمىدىم، بىراق ... — دېدى ئەلى.
— ھە ... ئۇنداق بولسا؟ — دەپ سورىدى ھەسەن.
— ھېرىپ كەتتىم.
— قارىغىنا، — دېدى ھەسەن، — شىرىلداپ سۇ ئېقىۋاتقاندەك قىلىدۇ. بېرىپ يۈزۈڭنى يۇيۇپ كەل، ئۇيقۇڭ ئېچىلىدۇ.
— سوغۇق سۇ ھېرىپ كەتكەندە كار قىلمايدۇ، — دېدى ئەلى.
— بىزنىڭ يېزىلىرىمىزنىڭ سۈيىدەك سۇ نەدە بار؟ مۇزدەك،



سۈتتەك ئاپپاق، يەرنىڭ تېگىدىن قايناپ چىقىدۇ. بۇرۇن دەل مۇشۇ سۇنىڭ ئۈستىدە يوغان بىر چىنار دەرىخى بار ئىدى. مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. بىر كۈنى قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتاتتى. دەھشەتلىك قارا يامغۇر ... بىردىنلا ئاسماندا يېشىل ئوت چاقناپ كەتتى. يېشىل ئوچقۇن چىنارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ چۈشتى. بىرىپ قارىساق، چىنار دەرىخى يوق ... چىنار كۆل بولۇپ كېتىپتۇ. خۇدا ھەققى، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. كۆل بولۇپ كېتىپتۇ. ھازىر چىنارنىڭ نەگە كەتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس ...
— تۈپتۈغرا ئۈچ يىل چۆقۇر ئۆۋادا جاپا چەكتىم. لېكىن، دوستۇم، ئاقىۋەت پۇلمۇ تاپتىم ...
ئەلى يول بويى، ئېھتىمال يۈز قېتىملاپ بىر خىلدىكى جۈملىنى، يەنى چۆقۇر ئۆۋادا مىڭ مۇشەققەتتە تاپقان پۇللىرىنى، ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى تەكرار - تەكرار سۆزلەيتتى. سۆزلىرى تۈگەپ قالغاندا يەنە بىردەم جىم مېڭىشاتتى. كېيىن سۆزلەشكەنلىرىنى يەنە قايتىدىن تەكرارلايتتى. ھەسەنمۇ يېزىسى، بالىلىرى، كۆيۈپ كۆل بولۇپ كەتكەن چىنار دەرىخى، چۆقۇر ئۆۋا توغرىسىدا، چۆقۇر ئۆۋادىكى ئاغىسى ھەققىدە قايتا - قايتا سۆزلەيتتى.
ئەلى سۆزىنى داۋام قىلدى:
— پۇلۇمنىڭ ئىككى يۈز لىراسىنى قېيىنئاتامغا بېرىپ قىزىنى ئۆيۈمگە ئەكېلىمەن. قالغان پۇلغا بىر جۈپ ئۆكۈز ئالىمەن. ئاتامغا پاختىلىق جىلىتكە تىكتۈرۈپ بېرىمەن. بولمىسا مۇزلاپ كېتىدۇ، بىچارە. ئۆينىڭ ئۈستىنى ئېچىپ باشقىدىن ياپتۇرىمەن. بىزنىڭ شۇ ئۆيىمىزنى بىر كۆرسەڭ، بىر يامغۇر يېغىشقا باشلىسۇنچۇ، شارىلداپ ئاقىدۇ ...
— ئۆيۈڭنىڭ ئۈستىنى ياپتۇر، بۇرادەر، لاي سالدۇر! ئۆيدىن يامغۇر ئۆتسە بەك يامان. چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ، — دېدى ھەسەن.
— چۆقۇر ئۆۋادا جېنىم چىقاي دېدى، كۆيۈپ - يىغلىدىم

ئادەمنى كاۋاپ قىلىۋېتىدۇ كاپىرنىڭ يۇرتى، پەتىدىيات دېدىم، بەزگەك يۇقتۇرۇۋالدىم، قىشتا كۆرسەڭ تېخى، — دېدى ئەلى.

— بەزگەك كېسىلى مەندىمۇ بار، — دېدى ھەسەن.

— ئۆيگە بىر خوتۇن بىلەن بىر جۈپ ئۆكۈز ئەكىرەي، ئانامغا بىر جىلىتكە ئېلىپ بېرەي دەپ چۆقۇر ئوۋاتنىڭ جاپاسىنى تارتتىم، بولمىسا چىداپ تۇرامتىم؟ — دېدى ئەلى.

— چىداپ بولمايدۇ!

شۇنىڭدىن كېيىن ئەلىنىڭ ئاغزىدىن سۆزنى ھەسەن تارتىۋالدى.

— بۇرادەر، مۇشۇنداقلا ماڭساق ئەتە دەل چۈشتە بىزنىڭ يېزىنىڭ ئوتلاقلىرىغا يېتىپ بارىمىز.

— ئۇ يەردە ...

— ئۇ يەردىن نېرىراقتا، تۇزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ... ھە ...

— بىر دەرەخ بار، شاخلىرى يەلپۈنۈپ تۇرىدۇ.

— دەرەختىن ئۆتكەندىن كېيىن ...

— دەرەختىن ئۆتۈپ سول ياندا ...

— تاشلىرى بىر - بىرىگە مىنگەشكەن ...

— ئوت بېسىپ كەتكەن مازارلىق كۆرۈنىدۇ، — دېدى ھەسەن.

— مازارلىقنىڭ ئىچىدىكى دەرەختى دېمىدىڭ، — دەپ تۈزىتىش بەردى ئەلى.

— مەن يېزىدىن ئايرىلىدىغان كۈنى كىمدۇر بىرى مازارلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىنچىكە غوللۇق، بىلەكتەك بىر دەرەختى تىكىپ قويۇپتىكەن، — دېدى ھەسەن.

— بىچارە، يالغۇزلا دەرەختى ... — دېدى ئەلى.

— شۇنداق، — دېدى ھەسەن.

— ئەگەر قۇرۇپ قالمىغان بولسا، يوغىناپ كەتكەندۇ، — دېدى ھەسەن — مازارلىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا مېنى چوقۇم بىرى كۆرىدۇ.



ئۇنىڭ سۆزىنى ئەلى تۈزىتىپ:

— بىرى ئەمەس، كۆرچەنىڭ ئوغلى بەكرى كۆرۈپ قالىدۇ، — دېدى.

— ھە، بەكرى كۆرىدۇ، — دېدى ھەسەن، — چۈنكى، بەكرى ھەر كۈنى بۇلاق بېشىدىكى تاشتا ئولتۇرۇپ شىرىلداپ ئاققان سۇغا قاراپ خىيال سۈرىدۇ.

— بۇ ئۇنىڭ ئادىتى ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئەلى.

— ئادىتى.

— بەكرى بېرىپ ئۆيىۈڭگە خۇش خەۋەر يەتكۈزىدۇ، — دېدى ئەلى.

— ئاپام مۇكچەيگىنىچە ...

— دۈمچىيىپ يۈگۈرىدۇ ... — دېدى ئەلى.

— مېنى قارشى ئېلىشقا ئالدىمغا يۈگۈرىدۇ، — دېدى ھەسەن.

— بالاڭچۇ؟

— كەلگىنىدە، مۇشۇ يەردە بىردەم ئولتۇرايلى، — دېدى ھەسەن.

ئۇلار ئولتۇرۇشتى. ھەسەن ۋىجىككىنە، ئورۇق، قورۇلۇپ كەتكەن ئادەم ئىدى. يوغان چىشلىرى لەۋلىرىنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىرپىكلىرى بەكمۇ غەلىتە بولۇپ، توپا قونۇپ قالغاندەك ئاق ئىدى. كۆك رەختتىن شالۋۇر كىيىۋالغان، شالۋۇرى يىپىيېڭى، فابرىكا پۇراپ تۇراتتى. قىڭغىر كىيىۋالغان شەپكىسىمۇ يېڭى، قىزىل گۈللۈك كۆڭلىكى ئۆزىگە يەك ياراشقان، ئۇنىڭدىن باشقا، پەس پاشنىلىق ئادانا ئايىغىدىن بىرنى سېتىۋالغان بولسىمۇ، ئاياپ يولدا كىيمىگەنىدى. يۇتىدا كۆندىن تىكىلگەن چورۇق بار ئىدى. يېزىدىن كىيىپ كەلگەن، تېخى كونىراپ كەتمىگەن قىلىن پايپىقى ئۈستىگە چورۇقنى كىيىۋالغان، پايپىقى گۈللۈك ئىدى.

— ھېرىشنىغۇ ھاردۇق، لېكىن ... — دېدى ئەلى.

— توره ! — دېدى ھەسەن، — شۇنچىلىك دەم ئېلىشىمىز يولۇچىغا يېتىپ ئاشىدۇ ... بىر ماقال بارغۇ، يولۇچى يولى بىلەن دەپ.

— يېزىمىزغا كىرىمىز، بۇرادەر. بالام ھازىر ئالتىگە كىردى. مەن ماڭغاندا ئىككى ياشتا ئىدى، ھازىر ... — دېدى ھەسەن.

— ھازىر ئالتە ياشتا دېگىن، — دېدى ئەلى.

— مېنى ئاپام بىلەن بىللە بالامىز قارشى ئالىدۇ، — دېدى ھەسەن.

— بالاڭ ساڭا «دادا» دەپ ئېسىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگە كىرىمىز، — دېدى ئەلى.

— يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئۆيگە يىغىلىدۇ: «ھە، قېنى سۆزلىگىنە ھەسەن ئەپەندى، چوقۇر ئوۋادىن نېمە تېپىپ كەلدىڭ؟ ...» دەپ سورىشىدۇ. مەن: ھېچ نەرسە، چوقۇر ئوۋادا نېمە تايىقلىق بولسۇن، باردۇق، يەنە قايتىپ كەلدۇق، شۇ ... دەيمەن.

— مەتىمۇ ئەتە ئەتىگەندە تۇرۇپ ئاناڭ ئەتكەن ئاماقنى ئىچىمەن، يەنى بوغداي كۆجىسىنى ئىچىمەن - دە، يولغا چىقىمەن، — دېدى ئەلى.

— مەن كەتكەندىن كېيىن مەتىمۇ بالامنى ئېلىپ نېرىقى يېزىغا بارىمەن. ئۇ يەردىن ئاي مۈڭگۈزلۈك يوغان بىر جۈپ ئۆكۈز ئالىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن سۇ بويىدىكى ئاشلىق ئېتىزىنىڭ تاشلىرىنى ئېلىپ تاشلايمەن ... — دېدى ھەسەن.

— ئۇنىڭدىن كېيىن ئېتىزلارنى ئىككى قېتىم ھەيدەيمەن. خۇددى چوقۇر ئوۋانىڭ ئېتىزلىرىدەك ئۇندەك يۇمشىتىپ ئۇرۇق چاچىمەن، — دېدى ئەلى.

— شۇنداق قىلىپ، زىرائەت پەيدا بولىدۇ ... ھەربىر غولى يولۋاس پەنجىسىدەك يەرگە يېيىشقان زىرائەت ... — دېدى ھەسەن.

— بىبىرىپلا گۆككىمۇنىدىكى ماشىنىچىغا ئانامنىڭ



جىلىتكىسىنى تىكتۇرىمەن، — دېدى ئەلى.

ھەسەن ئەلىنىڭ يۈزىگە قاراپ ئېگىلدى. تىنىمى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

— يېزاڭدىن ئايرىلغىلى قانچە ئۇزاق بولدى؟ — دېدى ھەسەن.

— ئۈچ يىل.

— يېزاڭغا بېرىپلا قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىڭ ۋەدىلەشكەن قىزىڭنى ئۆيۈڭگە ئەكېلىۋېلىش بولسۇن، — دېدى ھەسەن.

— ئۇ بىچارە مېنى ئۇزاق كۈتتى. بۇ يىل توپتوغرا ئالتە يىل بولىدۇ پۇتتۇشۇپ قويغىلى. يېزىغا بارار - بارمايلا دادىسىنىڭ قولىغا پۇللارنى ساناپ تۇتقۇزىمەن ... ئىككىنچى كۈنى ...

— شۇنداق قىلساڭ ياخشى بولىدۇ، بۇرادەر، — دېدى ھەسەن.

— چوقۇر ئوۋادا تارتقان جاپالىرىمنى بىر كۈندىلا ئۇنتۇپ كېتىمەن، — دېدى ئەلى.

ئۇلار دۆڭگە چىقىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن جىم مېڭىشتى. دۆڭگە چىقىپ، ئۇنىڭدىن ئارتىلىپ پەسكە چۈشكەندىن كېيىن كەڭ تۈزلەڭگە دۈچ كەلدى. يولنىڭ چېتىدە بىر شەپە ئاڭلاپ، ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ قېلىشتى.

بىردىنلا پىلىموتنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى.

— توختاڭلار !

— ئۆلدۇق، — دېدى ھەسەن پىچىرلاپ.

— ئەمدى تۇگەشتۇق، — دېدى ئەلى.

— قاچايلى ! — دېدى ھەسەن، — ئۆلۈپ كېتىش بولاڭ - تالاڭ قىلىنىشتىن ياخشىراق. ئەگەر ئوق تەگمەي قالسا، ئۆيىمىزگە يېتىپ بارارمىز.

— ماقۇل، — دېدى ئەلى.

قېچىشقا باشلىدى. ئارقىلىرىدىن ئوق يېغىشقا باشلىدى. ۋارقىراپ يەرگە يېتىۋېلىشتى.

ئابايىقى «توختاڭلار» دېگەن ئاۋاز:

— ئورنۇڭلاردىن مىدىرلىماڭلار، ھازىر بارىمىز! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەلى بىلەن ھەسەن ياتقان يېرىدىن قىمىرلىمىدى. قورقىنىدىن قىمىر قىلغۇدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى.

مەمەت، جاپپار، رەجەپ چاۋۇش ئۈچى ياتقانلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى.

— ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، — دېدى مەمەت.

ئۇلار ئۆلۈكتەك تاتىرىپ، ئورۇنلىرىدىن ئاستا تۇرۇشتى.

— نەدىن كېلىۋاتىسىلەر؟ — دېدى مەمەت.

— چۇقۇر ئۇۋادىن، قېرىنداشىم، — دېدى ھەسەن.

— ھە، شۇ يەردىن، — دېدى ئەلى.

جاپپار كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئۇنداق بولسا پۇلنى جىق تېپىپسىلەر - دە. سىلەر بولمىساڭلار بىز ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىمىز. پۇللارنى چىقىرىڭلار.

— مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، — دېدى ھەسەن، — توپتوغرا تۆت يىل ...

— چىقىرىڭلار دەيمەن! — دېدى جاپپار.

— مېنى ئېتىۋەت! — دېدى ھەسەن.

— ۋەدىلەشكەن قىزىم ئالتە يىلدىن بېرى كۈتۈۋاتىدۇ. مېنى ئېتىۋەتكىنە زادى! — دېدى ئەلى.

— توپتوغرا ئالتە يىل .... — دېدى ھەسەن.

جاپپار ھەسەننىڭ قولتۇقىغا قولىنى تىقىپ بىر بولاقنى ئالدى. بولاق تەرگە چىلىشىپ كەتكەنىدى. بولاقنى ئاچقانىدى، ئىچىدىن مايلىق قەغەز چىقتى. بۇ قەغەزنىڭ ئىچىدە پۇللار بار ئىدى.

— قارىغىنا، تېپىمدىگەن جىق پۇل! كارامەت ياخشى ساقلاپسەن، — دېدى جاپپار.



— مىلتىقىڭنى ئاغزىمغا توغرىلا، ئات مېنى! بالىچاقىلىرىمنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بارالمايمەن! — دېدى ھەسەن.

— توپتوغرا ئالتە يىل ... — دېدى ئەلى، — ئەمدى مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلار بولمامدۇ؟! قۇرۇق قول كەتمەيمەن.

— توپتوغرا ئالتە يىل چۇقۇر ئۇۋانىڭ زەھەرلىك سۈيىنى ئىچتىم، بەزگەكمۇ بولدۇم. — دېدى ھەسەن.

— پۇت - قوللۇڭلارنى سۆيەي، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، — دېدى ئەلى.

— ئۆلتۈرۈڭلار بىزنى! — دېدى ھەسەن.

مەمەتنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى.

— ماڭا قاراڭلار، — دېدى ئۇ شەپقەت بىلەن، — سىلەرنىڭ پۇلۇڭلارغا ھېچكىم چېقىلمايدۇ. جاپپار، ئۇنىڭ پۇلىنى بەرگىن. ئال پۇلۇڭنى.

ھەسەن ئىشەنمىدى، قورقتى. تىترىگەن قولىنى ئۇزارتتى. پۇلنى ئالدى، نېمە دېيىشىنى بىلمەيلا قالدى. پەقەت ئارانلا:

— ئاللا ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلسۇن، — دېيەلىدى، كېيىن يىغلاپ تاشلىدى.

— ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلسۇن، — دېدى ئەلى.

— گېپىمنى ئاڭلاڭلار، چاناكلى تۇزلەڭلىكىدىن ئۆتمەڭلار. ئۇ يەرنى تۇردى تەلۋىنىڭ ئەترىتى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئىشتىتىڭلارغىچە بۇلايدۇ. ئاق يوللۇق بولۇڭلار. سەنمۇ ۋەدىلەشكەن قىزىڭنى ئالارسەن، بۇرادەر، — دېدى - دە مەمەتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. گەپ قىلغۇسى بار ئىدى، قىلالماي قالدى.

ھەسەن باللاردەك ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى. يىغىسى زادىلا توختىمايتتى. كېتىشۋېتىپ:

— سالامەت بولۇڭلار، ئامان بولۇڭلار، قېرىنداشلار. بەختلىك بولۇڭلار. ئاللا سىلەرنى بۇ تاغلاردىن تىنچ - ئامان قۇتۇلدۇرۇپ، سۆيۈملۈكۈڭلەرگە ئېرىشتۈرسۇن، — دېدى.

— ئېرىشتۇرسۇن ! — دەپ تەكرارلىدى ئەلمۇ.
ئۇلار كۆزىدىن يىراقلاشتى، بىراق ھەسەننىڭ يىغىسى توختىمايتتى.
— ئەمدى بولدى قىل، ھەسەن ! تېمىدىگەن ماتەم بۇ؟ !
— بۇ دۇنيادا تېمىدىگەن ياخشى ئادەملەر بار - ھە؟ شۇ مۇشتۇمدەك قاراقچىغا قارىغىنا، ئۇ بولمىسا ھېلىقى تۈگمىدەك بىرنېمە پۇللىرىمىزنى ئېلىۋالغان بولاتتى، — دېدى ھەسەن.
— ياق، ئۇمۇ ئالمايتتى، — دېدى ئەلى.
— چاناكلى تۈزلەڭلىكىدىن ئۆتمىسەك، بىزنىڭ يېزىغا ئىككى كۈندە يېتىپ بارىمىز، — دېدى ھەسەن.
— قانداقمۇ قىلارمىز؟ — دەپ سورىدى ئەلى.
— مەيلى، چاناكلى تۈزلەڭلىكىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا بېرىۋېتىدىغان بولسىمۇ، يولىمىز ئىككى كۈن ئەمەس، ئىككى ئايغا ئۇزارسىمۇ ئۇ يەردىن ئۆتمەيمەن، — دېدى ھەسەن.
— ئۇنداق بولسا، ئولتۇرۇپ ياخشىراق دېمىمىزنى ئېلىۋالايلى. ئەمدى زادىلا چوڭ يولدىن ماڭمايلى. بۇلۇڭ - پۇچقاقلار بىلەن كېتەيلى، — دېدى ئەلى.
ئۇلار ئولتۇرۇشتى.
مەمەت كېتىۋاتقانلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ:
— ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئالغاندىن كۆرە ئولتۇرۇۋەتسەك خوشال بولۇشاتتى، — دېدى.
— ھېلىقى ئېگىز بويلۇقى «ئېتىۋەت» دەپ تولىمۇ يېلىنىدى ! — دېدى مەمەت.
— ۋەدىلەشكەن قىزى ئالتە يىلدىن بېرى كۈتۈۋېتىپتۇمىش ... — دېدى جاپپار.
— چاناكلى تۈزلەڭلىكى بىلەن ماڭغان بولسا تۆردى تەلۋە ئۇلارنى چوقۇم بۇلاپ كېتەتتى. — دېدى مەمەت.
— ئۇ تەلۋىگە بۇ دۇنيادا ياشاش ھارام، — دېدى جاپپار.



ئۇلار بېرىپ بۇرۇنقى يەرلىرىدە ئولتۇرۇشتى. بۇ ئىشلارغا ئارىلاشمىغان رەجەپ چاۋۇشنىڭ تېڭىرقىلىق بويىنى بىر تەرەپكە قىيسايغانىدى.
چاۋۇش كېرىلىپ تۇرۇپ:
— بىر قىسما بولۇۋاتىمەن، بالىلار، يۈرىكىم مۇزلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئۆزۈم تىترەۋاتىمەن. ئۆلۈپ كېتىمەن ... — دېدى - دە، كېيىن دېگەن سۆزىگە پۇشايمان قىلغاندەك جىم بولۇپ قالدى.
— مۇنچىلىك جاراھەتكە ئادەم بىرتەرىپە بولمايدۇ، — دېدى مەمەت.
— بېشىڭنى قويۇپ ئازراق ئۇخلىۋالغىن، — دېدى جاپپار.
چاۋۇش ئۇخلاش ئۈچۈن كۆزلىرىنى يۇمدى.
ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەمەت خۇددى مۇھىم بىر سىرنى ئېيتىۋاتقاندەك جاپپارغا يېقىن كېلىپ:
— سەن بىلەن مەن بىر تۇغقان قېرىنداشتەك بولۇپ قالدۇق. شۇنداق ئەمەسمۇ قېرىندىشىم؟ — دېدى.
جاپپار بۇ سۆزگە خۇشال بولۇپ:
— بۇنىڭدا شۈبھە بارمۇ؟ ! — دېدى.
— غەم - ئەندىشىدىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدىم، يۈرىكىم كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇ، قېرىندىش. — دېدى مەمەت.
— قېنى، سۆزلە قېرىنداش، ئىككىمىز بىرلىشىپ بىر ئىلاجىنى قىلارمىز، — دېدى جاپپار.
— مەن بۇ ئىشنى قىلغىنىمغا خېلى ئايلار بولۇپ قالدى. ئەمدى ئاڭلىسام ئايدى ئاغىمنى يارىدار قىپتىمەن، ئۆلتۈرەلمەپتىمەن. خەدىچە نەھالدا؟ ئانامنىڭ ئەھۋالىچۇ؟ ئەلەمدىن يېرىلىپ كېتەي دەۋاتىمەن. شۇ تەلۋىنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، سوقۇشلارغا قاتنىشىپ ... بىر يولنى تېپىپ خەۋەر ئالالمىدىم ...

— يېزىغا بېرىپ ئوقۇپ كېلىمىز، قېرىندىشىم، نېمانچە ئەنسىرەيسەن؟! — دېدى جاپپار.

— ئۇ كاپىر ئۆلمەپتۇ. دېمەك، خەدىچەگە چوقۇم بىر يامانلىق قىلدى. كۆڭلۈمگە بىر نەرسىلەر كېچىۋاتىدۇ ... چۈشىنىكسىز بىر خىل ئازاب ... بىر خىل يۈرەك يارىسى مېنى ئەزمەكتە. كۆڭلۈم: «مەمەت، پاتراق بارغىن!» دەۋاتىدۇ.

— چاۋۇشنىڭ يارىسى سەل ياخشى بولغان هامان بارىمىز، — دېدى جاپپار.

— يۈرىكىم: «تۇرما، تۇرمىغىن!» دەيلا تۇرىدۇ، قېرىندىشىم جاپپار ...

## 13

جەسەتتى ئەچۈشتى هېلىمت تۈزىنگە،
بېشى يوقتۇر قارىسام ئۇتنىڭ يۈزىنگە.
مەندىن سالام ئېيتىڭ بەگنىڭ قىزىنگە،
ئىراز موماي ياشلاپ چىققۇن تاغنىڭ ئۈستىگە،
دىلىم قانسۇن گۈزەل يۈزى، ئاهۇ كۆزىنگە.

نۆكرالىڭمىكىن دەپ قالسەن ئۇفۇ تېغىنى،
دەردكە دەرمان دەيسەن يۈركۈت يېغىنى.
سوراتتىم مەن بەسنى بېگىنىڭ ئوماق قىزىنى.
ئىراز موماي ياشلاپ چىققۇن تاغنىڭ ئۈستىگە،
دىلىم قانسۇن گۈزەل يۈزى، ئاهۇ كۆزىنگە.

ئىراز يىگىرمە يېشىدا قۇچىقىدىكى توققۇز ئايلىق بالىسى بىلەن تۇل قالدى. ئۇ ئېرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

ئېرىنىڭ جەسىتى ئالدىدا تۇرۇپ: «هۆسەيىندىن باشقا كىشى ماڭا هارام بولسۇن» دېگەنىدى. گېپىدە تۇردى. باشقا ئەرگە



تەگمىدى.

ئېرى ئۆلۈپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بالىسىنى بىر ئايال تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدى ـ دە، ساپانىنىڭ سېپىنى تۇتتى. بىر ئاي ئىچىدە ئېرى چالا قالدۇرۇپ كەتكەن يەرلەرنى هەيدەشكە كىرىشتى. ئورۇق چېچىپ تۈگەتتى.

ياز كىرىش بىلەن هوسۇلنى يالغۇز يىغدى. ئۇ كۈچلۈك، قاۋۇل ۋە ياش ئىدى. شۇڭا، تىنىم تاپمىدى.

بالىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئەركىلەتكەن هالدا پۈتۈن مەهەللىنى ئايلىنىپ چىقاتتى. «تاغىلىرى قارىمىغانغا بالام چوڭ بولمايتتىمۇ؟ مېنىڭ رىزا قوزام چوڭ بولمامتى؟» دېيتتى.

— خەپ، تاغىلىرى كۆرۈپ قالار.

ئوغۇلنىڭ چوڭ تاغىسى ئىرازغا ئۆيلەنمەكنى خالايتتى.

— تەگمەيمەن، — دېيتتى ئىراز، — هۆسەيىننىڭ ياتقان ئورنىغا باشقا ئەر ياتقۇزمايمەن. قىيامەتكىچە ياشىغۇدەك بولسامۇ، ئەرگە تەگمەيمەن.

باشقىلار بولسا: «ئىراز، بۇمۇ ئۇنىڭ قېرىندىشى، يات ئادەم ئەمەس، بالاڭنىڭ ئۆز تاغىسى، ئۇنىڭغا ئۆز دادىسىدەك قارايدۇ» دېيىشەتتى.

ئىراز بۇنى بالا ـ قازا هېسابلايتتى ...

شۇ سەۋەبتىن ئىراز بىلەن قېرىشىپ قالغان قېيىنئىنىسى هۆسەيىندىن قالغان يەرنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالدى. ئەسلىدە يەردە قىلچە هەققى يوق ئىدى. دادىسى ئۆلگەندە ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا يەرنى تەڭ بۆلۈشۈۋالغانىدى. بۇ بىر پارچە يەر ئىرازنىڭ ئېرى هۆسەيىنگە تەگكەنىدى. نېمە ئىلاج؟ ئىراز تېخى ياش ئىدى. هۆكۈمەتكە بارىدىغان يولنى، ساقچىنىڭ ئىشىكىنى بىلمەيتتى. قانداقلا قىلسا پارا بېرىشكە توغرا كېلەتتى.

ئىراز يەرسىز قالدى، بىراق چىداشلىق بەردى.

— تاغىلىرى ۋىجدانسىزلىق قىلسا، بالام چوڭ بولمامتى؟ مېنىڭ رىزا قوزام مېنى باقالمايتتىمۇ؟ يېرى يوق بولسا، جۇۋاق

بولماي قالامتى؟ — دېيتتى.

يازدا كۆتلۈك ئىشلىدى، قىش كۈنلىرى بايلارنىڭ ئۆي خىزمىتىنى قىلدى، ئىشقىلىپ، كۈنىنى كۆن ئەتتى. بالىسى يومىزەكتەك دوپدومىلاق ئىدى. ئىراز دائىم مەرسىيە، دەردلىك ناخشا ياكى ئەللەي ئېيتىۋاتقاندەك «مېنىڭ ئوغلۇم چوڭ بولماسمۇ؟» دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلايتتى.

بالىسىمۇ چوڭ بولدى. نېمە ئۈچۈن يوقسۇزچىلىق ئىچىدە قالدى؟ نېمە ئۈچۈن يەرسىز قالدى؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاپىسىدىن، دېھقانلاردىن ئاڭلاپ چوڭ بولدى. ئۇنىڭ قەلبىدە يالقۇنلۇق بىر ناخشا — ئانىسىنىڭ غەم - قايغۇلىرىنى، كۆچىنى، قەھرىمانلىقىنى ئىپادە قىلغۇچى بىر ناخشا مەھكەم ئورنىشىپ قالدى: «مېنىڭ بالام چوڭ بولماسمۇ؟»

رىزا يىگىرمە ياشقا كىردى. نوتىدەك، دەرەختەك ئۆستى. ساكار يېزىسىدا ئۇنىڭدەك چەۋەنداز، ئات ئۈستىدە كالتەك ئالىشىدىغان، قارىغا ئاتىدىغان، ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئادەم يوق ئىدى. لېكىن، ئانىسىمۇ، بالىسىمۇ خاتىرجەم ئەمەس ئىدى ... يۈرەكلىرىدە ساقايماس بىر دەردى بار ئىدى. ئۆزۈڭنىڭ يېرىڭ تۇرۇقلۇق باشقىلارنىڭ ئىشىكىدە مالايلىق قىل، يالىلىنىپ يۈرگىن - ھە؟ ...

ساكار يېزىسىنىڭ يېرى بەكمۇ ئۇنۇملۇك ... باشقا يېزىلارغا قارىغاندا يېرى كەڭ ۋە تۈزلەڭ ئىدى. تۈزلەڭلىكنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ئارالچە دەپ ئاتىلىدىغان يوغان بىر قىيا تاش بار. بۇ تۈزلەڭ تېرىلىپ، ئېتىزلار يېشىللىققا ئايلانغاندىمۇ ئارالچە قىيالىقى يېشىللىق ئىچىدە ئايپاق يالتىراپ تۇراتتى. ئارالچە قىيالىقىنىڭ تۆۋىنىدىكى ئەڭ چوڭ بىر پارچە ئېتىز رىزانىڭ دادىسىدىن قالغان يەر ئىدى. بۇ يەرنى ئۇزاق يىللاردىن بېرى تاغىسى تېرىۋاتاتتى. مانا شۇ ئېتىز ... رىزا دەل مۇشۇنداق ھوسۇللۇق ئېتىزنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇنى خىيال قىلغانچە يۈرىكىدىكى غەزەپ دولقۇنلىنىپ تاشاتتى ... نەگە بارسا، نەدە يەر



ھەيدىسە، خۇددى ئارال قىيالىقىغا ئاشىق بولۇپ قالغاندەك كۆزى شۇ قىيانىڭ تۆۋىگە چۈشەتتى.

ئانىسى خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى:

— ئاھ ئوغلۇم، ئارالنىڭ ئېتىزلىرى ... داداڭ بۇ ئېتىز بىلەن يەرنى گۈلدەك باقاتتى، خەپ كور بولغۇرلار ... — دېيتتى.

رىزانىڭ بېشى ساڭگىلاپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى. بۇرنىغا دائىم يۇمشاق قارا چىلان توپىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى ... بۇ زېمىننىڭ ھەسرىتىنى چېكەتتى ...

— سېنىڭ شۇ كاپىر تاغاڭ! — دېيتتى ئانىسى، — سېنىڭ شۇ كاپىر تاغاڭنىڭ بۇرنىدىن تامغاي!

كېيىنكى كۈنلەردە رىزا ئاجايىپ بولۇپ قالغانىدى، بۇرۇن ئۇنداق ئەمەس ئىدى. تاڭ سەھەردە ئويغىناتتى، ئارالغا قاراپ يولغا چۈشەتتى ... ئارال قىيالىقىنىڭ تۆۋىنىدىكى ئېتىزلىققا باراتتى. بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى، ئويغا چۆمەتتى ... زىرائەتلەر باش چىقارغان، ئېتىزدا ھاشاراتلار پەيدا بولغانىدى. كۈن چىقىش بىلەن يەردىن ھور كۆتۈرۈلەتتى. ھور چىقىپ تۇرغان يەرنىڭ ھەسرىتى بەك يامان ئىدى. رىزا قولىنى يۇمشاق توپىغا تىقاتتى. توپا ئىسسىق. بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن توپىلار كېپەك ئالتۇندەك ئېقىپ چۈشەتتى. رىزا: «بۇ توپىلار مېنىڭ!» دېيتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدى تىكەنلىشەتتى. بىر خىل لەززەت ھېس قىلاتتى: «بۇ يەر مېنىڭكى - ھە! يىراق يىگىرمە يىلدىن بېرى باشقىلار تېرىۋاتىدۇ، ئورۇۋاتىدۇ ...» دېيتتى.

ئورنىدىن تۇرۇپ ھارغىن ھالەتتە ئۆيگە قايتاتتى. ئانىسى ئۇنىڭدىن سورايتتى:

— تاڭ ئاتقاندىن بېرى نەلەرگە كەتتىڭ؟

ئۇ جاۋاب بەرمەيتتى. چىرايى قارايغانىدى. بۇنداق ئەھۋال توپتوغرا ئىككى ئاي داۋاملاشتى. زىرائەتلەر تىزغا كەلدى، سېرىق، يېشىل قوڭۇر، قېنىق يېشىل تۇسكە كىردى.

رىزا بىر كۈنى:
— ئانا، بۇ ئېتىز بىزنىڭ - ھە؟ — دېدى.
— بىزنىڭ، بالام، بىزنىڭ بولماي كىمنىڭ بولاتتى؟
— مەن بېرىپ ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىمەن، — دېدى رىزا.
— مەنمۇ بالام، مەنمۇ مۇشۇ كۈننى كۈتۈپ يۈرەتتىم.
— قېرىلاردىن سورىدىم. بوۋامدىن قالغان يەرلەرنى دادام ھايات ۋاقتىدا تاغىلىرىم بىلەن بۆلۈشۈپ يېپتىكەن. بۆلۈشمىگەن تەقدىردىمۇ بىزگە تېگىشلىكى بىزنىڭ بولىدىكەن. دادامدىن ماڭا مىراس بولۇپ قالىدىكەن.
— ۋاي بالام، ئۆزىمىزنىڭكى ئۆزىمىزنىڭ بولىدۇ، ئەلۋەتتە.
بۇ بىر مىراس دەۋاسى بولغانلىقى ئۈچۈن سوت ئۇزاققا سوزمىدى. ئارال قىيالىقىنىڭ تۆۋىدىكى قارا چىلان تۇپراقلىق مۈنبەت يەر رىزاغا تەگدى. شۇنچە يىللىق جاپا - مۇشەققەتتە ئېزىلىپ كەتكەن ياش رىزا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئانا - ئانىسىغا تەلپۈنگەن بالىدەك ئېتىزغا يۈگۈرۈپ باردى. ئېتىز قولىغا تەگكەندە ياز پەسلى ئىدى. يەر ئىسسىقتىن چارسىلداپ تۇراتتى. زىرائەتلەر يىغىۋېلىنغان، قورال - سايمانلار پارقىراپ ياتاتتى.
رىزا بىر جۈپ ئۆكۈز ئاپتى. كالىلارنى قوشقا قاتتى. ساپان چىشى يەرنى تىلغاپ يۇمشىتاتتى. رىزانىڭ ئىس - يادى دەرھال يەرنى ئاغدۇرۇپ سۆرەم سېلىپ، ئۆزىنىڭ ئېتىزىنى بىرگە ئوتتۇز، بىرگە قىرىق ھوسۇل بېرىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش ئىدى.
يەرنى ئاختارما قىلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئىككى قېتىم قوش قاتاتتى. بىرى، سەھەردە تاڭ ئېتىشتىن ئىككى سائەت بۇرۇن، بىرى، كەچ تەرەپتە نامازدىگەردىن كېيىن غەرب شامىلى چىققان چاغدا قوشاتتى. تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن قوشۇلغان قوش كۈن قىزىغىچە ھەيدىلەتتى. كۈن قىزىغاندىن كېيىن قوش ھەيدەلمەيتتى. چۈنكى، ئۆكۈزلەرنى چىۋىنلەر ئاۋارە قىلىدۇ،



ياخشى مېڭىپ بەرمەيدۇ. بۇ چاغدا ئۆكۈزلەر نامازدىگەر بولغۇچە دەرەخنىڭ سايىسىدا دەم ئالدۇرۇلىدۇ. نامازدىگەردىن كېيىن ئاق دېڭىزنىڭ ئۈستىدە يەلكەنلىك بۇلۇتلار كۆتۈرۈلگەندە قايتا قوشقا قېتىلىدۇ. ئەگەر ئايدىڭ بولسا، يېرىم كېچىگىچە، بولمىسا قاراڭغۇ چۈشكۈچە يەر ھەيدىلىدۇ.
ئايدىڭ ئىدى. رىزا ئەتىگەندىن كۈن قىزىغىچە، نامازدىگەردىن يېرىم كېچىگىچە تىنىماي ئىشلەيتتى. ئىسسىقنى ئىسسىق دېمەستىن، ھاردىم - ئالدىم دېمەستىن ئىشلەيتتى. بەزىدە ئۆزىنى ئۇنتۇتۇپ قالغان ھالدا، تاڭ ئاتقاندىن كېيىنمۇ توختىمايتتى. ئاغدۇرۇلغان يۇمشاق توپىلار ئاي يورۇقىدا تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. كېچە ... جىمجىتلىق ... ساپاننىڭ توپىغا پېتىپ چىقارغان ئاۋازى تېخىمۇ يېقىملىق ئاڭلىناتتى.
ئىراز قاۋۇل بىر ئوغۇل چوڭ قىلغانلىقى، قارا نىيەت تاغىلىرىدىن ئۆز يېرىنى تارتىۋالغانلىقى ئۈچۈن مەغرۇرلىناتتى. ئۇ شۇ كۈنلەردە خۇشاللىقىدىن يېزىدا قويۇندەك پىرقىراپ يۈرەتتى. باشقىلار «رىزا ...» دەپ ئاغزىنى ئاچار - ئاچمايلا: «ئۇ ئېتىزىنى ھەيدەۋاتىدۇ» دەيتتى.
ئاينىڭ ئون تۆتى تولۇن ئاي. ئېتىزلارنى، بولۇپمۇ رىزانىڭ ھەيدەلگەن ئېتىزلىرىنى يورۇتاتتى. سالقىنغىنا شامال چىقاتتى. رىزانىڭ ئۆكۈزلىرى ئاياغلىرى توپىغا پاتقان ھالدا ساپاننى ئاستا سۆرەيتتى. ئاينىڭ يورۇقىغا، خۇددى بىزەك بېسىلغاندەك يەرنىڭ جىلاسىغا قارىماي، رىزانى ئېغىر بىر ئۇيقۇ باساتتى.
رىزا ھارغان ئۆكۈزلەرنى قوشتىن چىقىرىپ، بىر توپا دۆۋىسىنى ياستۇق قىلىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ چەكسىز تۈزلەڭدە ھەيدىلىپ، تۈزلەڭگە يېپىشتۇرۇلغان نەقىشلىك قەغەزدەك ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشكەن داغقا ئوخشاپ ياتاتتى.
ئەتىسى ئەتىگەندە تۇغقانلىرىنىڭ ئون بىر ياشلىق دۇرمۇش دېگەن بالىسى ھەر كۈندىكىدەك رىزاغا تاماق ئەكەلدى. كۈن خېلى قىزىغان، ئەتراپ تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. بالا ھەر

كۆندىكىدەك دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن رىزانى ئىزدىدى. ئادەتتە رىزا ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا كۈلۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلەتتى. تامىقىنى قولىدىن ئالماي تۇرۇپلا ئىككى قولتۇقىدىن تۇتۇپ يۇقىرى كۆتۈرەتتى. بالا ئەندىشە ئىچىدە دەرەخلەرنىڭ ئاستىلىرىغا قارىدى. ئۇ يوق. ئاخىر ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۈگۈلۈپ ياتقان رىزانى كۆردى. ئەتراپتا ئۆكۈزمۇ كۆرۈنمەيدۇ. تۈگۈلۈپ ياتقان رىزانىڭ قېشىغا كېلىش بىلەن قورقۇپ چۆچۈپ كەتتى ۋە قولىدىكى تاماق يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بالا ۋارقىرىغان پېتى ئارقىغا قېچىشقا باشلىدى.

يېزىغا كىرگەندە بالىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. يىقىلىپ چۈشەي دەپ قالغانىدى. بالا ۋارقىرايتتى، ئەمما ئاۋازى خىرقىراپ چىقاتتى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىشى بىلەنلا ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. ئايالار تويلاشتى. قورقۇپ كېتىپتۇ دېيىشىپ، ئۇنى سىلكىپ سۆزلىتىشكە ھەرىكەت قىلىشتى. يۈزىگە سوغۇق سۇ سەپتى، سۇ ئىچۈرۈشتى. بالا ئاران ھوشىغا كېلىپلا:

— رىزا ئاكام قان ئىچىدە يېتىپتۇ ... يەرگە بىرمۇنچە قان ئۇيۇپ قاپتۇ ... ئاغزىدىنمۇ قان ئېقىپتۇ، بۇنى كۆرۈپ يۈگۈرگەن پېتىم كەلدىم! — دېدى.

ئايالار ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى. باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ جىم بولۇشتى. بىر پەستە بۇ خەۋەرنى پۈتۈن يېزا ئاڭلاپ كەتتى. ئىرازمۇ ئاڭلىدى. ئىراز چاچلىرىنى يۇلۇپ، پەرياد سېلىپ ئالدىدا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېزىلىقلار ماڭدى، ئېتىزغا يېتىپ كېلىشتى. رىزانىڭ بېشى توپا دۆۋىسىدىن پەسكە چۈشۈپ قىڭغىيىپ قالغانىدى.

ئىراز: «ۋاي يېتىم بالام، خۇۋلۇق كۆرمىگەن بالام ...» دەپ ئوغلىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى.

رىزا تىزلىرىنى مەيدىسىگە تىرىگەن پېتى تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئالدىدىكى ئويمانغا قانلار ئۇيۇپ قالغانىدى. قاننىڭ ئۈستىگە كۆكۈيۈنلەر، چىۋىنلەر ئولاشقانىدى ... ئۆتكۈر، كۆيدۈرگۈچى



دىمىق ئىسسىق قاننىڭ ناخۇش پۇرىقىنى ئەتراپقا تارقاتماقتا. كۈن قىزىماقتا ئىدى. ئۆلۈكنىڭ ئۈستىدە بىرمۇنچە كۆكۈيۈن، يېشىل چىۋىن غوڭۇلداپ ئۇچۇشاتتى. قان كۆپۈكلەنمەستىن كېسەكتەك قېتىپ قالغان، ئەمما بۇ ئىسسىقتا كۆپۈكلەنگەندەك كۆرۈنەتتى ياكى ئادەمگە شۇنداق بىلىنەتتى.

— يېتىم ئوغلۇم، كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرمىگەن جىگىرىم ...

ئايالار، بالىلار، ئەرلەر ئۆلۈكنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. ئايالارنىڭ كۆپىنچىسى يىغلىشاتتى.

— باتۇر يىگىتىم، ساڭا كىم قەست قىلدى؟

ئىراز ئۆزىنى يوقاتقانىدى، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئاتاتتى. ئۇنىڭ يىغانلىرى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى.

ئىككى ئايال ئىرازنى مېيىتنىڭ ئۈستىدىن تارتىۋالماقچى بولدى. ئۇ يېپىشىۋالغاچقا ئاجراتقىلى بولمىدى.

— مېنىمۇ رىزام بىلەن تىرىكلا كۆمۈۋېتىڭلار!

شۇ كۈنى كەچ كىرگۈچە ئىراز ئوغلىنىڭ جەسىتى ئۈستىدىن قوپمىدى. ۋەقە شەھەرگە خەۋەر قىلىندى. ساقچىلار، سودىيەلەر، دوختۇرلار كېلىشتى. ساقچىلار كۆزلىرىگە قان توشقان، يىغلاپ - يىغلاپ كۆكىرىپ كەتكەن ئايالنى سۆرەپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە جەسەتتىن ئاجراتتى. ئايال يەردە دۈم يېتىۋالدى. خېلىغىچە ئاۋازى چىقمىدى. ئۆلۈكتەك قېتىپلا قالغانىدى ...

يەردە توپىغا سىلىنىپ ياتقان ئايالنى سودىيەنىڭ ئالدىغا ئەكېلىشتى.

— ئوغلۇڭنى كىم ئۆلتۈردى، بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى سودىيە، — كىمدىن گۇمانىڭ بار؟

ئايالنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. نۇرسىزلانغان كۆزلىرى بىلەن سودىيەنىڭ يۈزىگە مۆل - مۆل تەلمۈردى.

سودىيە تەكرار سورىدى:

— بالاڭنى كىم ئۆلتۈردى؟ كىمدىن گۇمانلىنىسەن؟

— شۇ كاپىرلار، شۇ دىنسىزلار ... شۇ كاپىرلاردىن باشقا كىم ئۆلتۈرەتتى؟ تاغىسى. ئۇنىڭ ئوغلى ئۆلتۈردى. يەر ئۈچۈن ...

سودىيە بىر مەسىلىسىنى ياخشىلاپ سۈرۈشتە قىلىپ بېرىۋالدى. كۆپچىلىك ئېتىز بېشىدىن كېتىشتى.

ئۈستىگە يېشىل چىۋىنلەر ئولاشقان جەسەت، ئۆكۈزلىرى قېچىپ كېتىپ قۇرۇق بويۇنتۇرۇق بىلەن قالغان ساپان ۋە يىغلاۋېرىپ كۆزلىرىدە نەم قالمىغان ئانا تۈزلەڭلىكتە قايغۇ ئىچىدە قالدى. قارامتۇل، ئۇنتۇلمۇلۇك ئېتىز ساپسېرىق تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئويۇپ قويۇلغان نەقىشتەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

رىزانىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلىنى قاتىل دەپ تۇتۇپ كەتتى. ئەلى شۇ كۈنى ئۆزىنىڭ بۇ يېزىدا بولمىغانلىقىنى، ئۆكۈزلۈ يېزىسىدا تويدا بولغانلىقىنى گۇۋاھچىلار بىلەن ئىسپاتلىدى. ئۆكۈزلۈ يېزىسى ساكار يېزىسىغا تۆت سائەتلىك يول ئىدى. ئىراز ۋە يېزىدىكى ھەممە ئادەم رىزانى يەر سەۋەبىدىن ئەلىنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى.

يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى، بولۇپمۇ ئىراز ھەيران قالغانىدى: ئىككى كۈندىن كېيىن ئەلى قوللىرىنى سالغان ھالدا تىنچ - ئامان يېزىغا قايتىپ كەلدى. ئىراز ئۇنى چوقۇم دارغا ئاسىدۇ، دەپ ئويلىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بەرگەنىدى. ئەمدى ئوغلىنى ئاتقان ئادەمنىڭ يېزىدا لاغايلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى يوقىتىپ ساراڭ بولاي دەپ قالدى. ئۆيدىكى پالتىنى ئېلىپ تۈپتۈز ئەلىنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى. ئوغلىنى ئۆلتۈرگۈچىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى ئىدى. ئەلىنىڭ ئۆيدىكىلەر ئىرازنىڭ پالتا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش بىلەن ئىشىكنى تاقاپ قولۇپلىۋالدى. ئىراز تاقاقلىق ئىشىكنى پالتا بىلەن چېپىشقا باشلىدى ... ئەلى ئۆيدە يوق ئىدى. ئەگەر ئۆيدە بولسا دەرۋازىنى ئېچىۋالماس ئىدى. قورۇدا



ئانا - ئانا، ئىككى قىز، بىر كىچىك ئوغۇل بار ئىدى. دەرۋازا سۇناي دەپ قالدى، ئىراز دەرۋازىنى سۇندۇرۇپ كىرىپ ئۆيدىكىلەرنى چېپىپ تاشلاش ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن دەرۋازىغا پالتا ئۇراتتى. ئەتراپتىكىلەر بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ كېلىشكەن ۋە ئۆينىڭ ئەتراپىغا توپلانغانىدى. ئۇلار ئىرازغا يېقىن كېلەلمەيتتى. توغرىسى، ئۇلار يېقىنلىشىشنى خالىمايتتى. ئوغلىنىڭ ئىنتىقامىنى ئۆز قولى بىلەن ئالسۇن دېيىشەتتى.

تۇرۇپ - تۇرۇپ بىر ئەركىشى:

— ئۇنداق قىلما، يەڭگە، ئۇنداق قىلما! ئىچىدىكىلەرنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ ئەلى ئۆيدە يوق، پەيلىڭدىن يان! — دەپ قوياتتى.

دەرۋازىنىڭ ئىچىدىن ئەلىنىڭ دادىسىمۇ:

— ئەلى يوق، ئۇنداق قىلما! — دەپ ۋارقىرايتتى.

تۇيۇقسىزلا كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن ئەلى ئېتىلىپ كېلىپ ئىرازنى ئارقىسىدىن تۇتۇۋالدى ۋە قولىدىكى پالتىنى يۇلۇۋالدى. دەرمانى قالمىغان ئايالنى بارلىق كۈچى بىلەن بىر تەرەپكە ئىتتىرىۋەتتى - دە، بېرىپ دەسسەشكە باشلىدى. يېزىلىقلار بېرىپ ئىرازنى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىن تارتىۋالدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئىراز ئەلىلەرنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتتى. يېزىلىقلار يىغىلىپ ئوت ئۆچۈرۈۋاتقاندا، ئەلى ئاتلىنىپ ساقچىغا چاپتى ۋە شۇ كۈنى ئەتىگەندە بولغان ئىشنى، كېچىدە ئىرازنىڭ ئوت قويغانلىقىنى ئەرز قىلدى. ئۆيلىرىنىڭ ھازىرمۇ كۆيۈۋاتقانلىقىنى قوشۇپ قويدى.

ئەلى ژاندارمىلار بىلەن بىللە يېزىغا كەلگەندە تاڭ ئاتقانىدى. ئۇنى كۆرگەن دېھقانلار ئەلىنى ئورىۋالدى:

— ئۇنداق قىلما، ئەلى، — دېيىشتى، — بىچارىنىڭ تۇتىدىغان ئوغلى ئۆلدى، يۈرىكى كۆيۈپ كەتتى. بىچارە نېمە قىلغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ئەمدى سەن يارىسىغا تۇز سەپمە! بىچارىنى

تۈرمىدە چىرىتمە. بىز ھەممىمىز ئوتنى ئۆچۈرۈپ، ئۆيۈڭنى قۇتقۇزۇۋالدۇق.

ئەلى ئويغانمىدى، ژاندارمىلار ئىرازنى ئالدىغا سېلىپ شەھەرگە ئەكەتتى.

ئىراز ئۆزىنىڭ ئىقرارىدا شۇنداق دېدى:

— دەرۋازىنى سۇندۇردۇم. ھەممە ئىشنى مەن قىلدىم. ئەگەر ئىچكىرىگە كىرەلىگەن بولسام ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ چانايتتىم، ئۇنى قىلالماي قالدىم. ئوغلۇمنى، يالغۇز يېتىم بالامنى ئۆلتۈرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم ئارتۇقلۇق قىلاتتىمۇ؟ ئۆيگە مەن ئوت قويدۇم. ھەممىسى ئۆيدە چاراسلاپ كۆيۈپ كەتسۇن دەپ كېچىدە ئوت قويدۇم. بۇ نومۇسسىز يېزىلىقلار جىم تۇراتتىمۇ؟ خەۋەر قىلىشتى. ئوتنى ئۆچۈرۈۋېلىشتى. ئوغلۇم رىزانىڭ خۇنى ئۈچۈن بۇ ئارتۇق كېتىپتۇمۇ؟ مېنىڭ يېتىم بالام بىر مەملىكەتكە تەڭ ئىدى. مەن ئۇنى قانداق چوڭ قىلدىم، بىلەمسىلەر؟ ئارتۇق كېتىپتۇمۇ؟

تەپتىشنىڭ ئالدىدىمۇ، سوتتىمۇ شۇنداقلا دېدى. سولاقتا ھۆكۈم قىلىندى. تۈرمىگە تاشلاندى.

شۇنداقتىمۇ، دېگىنىدىن يانمىدى. يەنىلا:

— مېنىڭ ئوغلۇم بىر يېزىغا، بىر مەملىكەتكە تەڭ كېلەتتى. ئارتۇق كېتىپتۇمۇ؟ مېنىڭ ئوغلۇم ئۈچۈن ئارتۇق كېتىپتۇمۇ؟ — دەيتتى.

تۈرمىنىڭ يالغۇز ئۆيلۈك ئاياللار كامېرىغا ئەكىردى. ئۇ بۇنى كۈتمىگەنىدى. چىناردەك ئوغلىنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن بىر ئۆيگە ئوت قويغانىدى. بۇ ھەققانىيەتسىزلىك ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ بەكرەك ئېغىر كەلدى. ھېچ يەرگە باش كۆتۈرۈپ قارىمايتتى. دەسسىگەن يېرىنىمۇ كۆرمەيتتى. كۆزى ھېچ نەرسىنى پەرق قىلالمايتتى. قارىغۇدەك قولى بىلەن ئۇ يەر - بۇ يەرنى سىيپاپ تەمتىلەپ ماڭاتتى. بۇ ئۆيدە ئۆزى يالغۇزمۇ، باشقا بىرەرى بارمۇ، بىلەلمەيتتى. ئاقىۋەت بىر بۇلۇڭدا ئۈن -



تىنسىز قۇدۇقتا چۈشكەن تاشتەك چۆكۈپلا قالغانىدى.

ئادەتتە بېشىغا ئاپپاق ياغلىق چىگەتتى، چىرايى قارىيۇچاقتىنا، يوغان قارا كۆزلىرى يېنىپ تۇراتتى. ئەگىم قاشلىرى ئۇنىڭغا باشقىچە بىر خىل گۈزەللىك بېرەتتى. ئېڭىكى ئۇزۇنچاق كەلگەن، يۈزلىرى بولسا كەڭ ئىدى، كەڭ پېشانىسىگە غىجىملانغان بىر تۇتام چېچى چۈشۈپ تۇراتتى. ئەمدى بولسا پەرىشان، چىرايى قارىداپ كەتكەن، كۆزلىرىنىڭ ئىچىمۇ قاندەك قىزارغان، ئېڭىكى پۈرۈشكەن، لەۋلىرى قانسىز، خۇددى سۇسىزلىقتىن يېرىلىپ كەتكەنىدى. پەقەتلا ياغلىقى بۇرۇنقىدەكلا ئاپپاق — كىرسىز تۇراتتى. ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا: «مېنىڭ قارىغايدەك ئوغلۇم بىر دۆلەتكە تەڭ ئىدى! ئۇنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن ئارتۇق كېتىپتۇمۇ؟ بىر يېزىنى توپىرىقى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتسەممۇ ئارتۇقلۇق قىلامتى؟» دەيتتى.

خەدىچە بۇ يېڭى كەلگەن ئايالدىن بىرنەرسە سورىيالمايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كەلگىنى ئۈچۈن خۇشال بولدى. بۇ، يالغۇزلۇقتا بىر ھەمراھ ئىدى. دەسلەپ ئىچىدە خۇشال بولغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئايالغا ئىچى سىيرىلدى. كىم بىلىدۇ، بۇ بىچارىنىڭ بېشىغا نېمە بالالار كەلگەندۇ؟ ئۆزىگە ھەمراھ يولداشمۇ ئىزدىمىگەنىدى. بۇ بىر پالاكەت يەر. بىرىنىڭ بۇ يەرگە كىرىشىگە خۇشال بولۇشقا بولمايدۇ.

بىرنېمىلەرنى سوراپ باقاي دەيتتى - يۇ، بىراق پېتىنىپ سوراشقا تىلى بارمايتتى. مۇنداق جىمجىت، مۇنداق ھايات - ماماتلىق جېڭى قىلىۋاتقان، مۇنداق جان تالىشىۋاتقان ئادەملەردىن ئۇچرايلىقچە بىرنەرسە سورىغىلى بولمايتتى. كىشى بىرنەرسە سوراشتىن قىسىلاتتى. خەدىچەمۇ بىرنەرسە سورىيالماي ئايالغا قاراپلا قالدى.

كەچ كىردى. خەدىچە سىرتقا چىقىپ تۈرمە قورۇسىدىكى ئوچاقتا بۇغداي يارمىسىدىن كۆجە قايناتتى. پىياز، ئاچچىق ماي پۇرىقى كېلىپ تۇرغان كۆجىنى ئەكىردى. كۆجىدىن ھور

چىقمۇاتاتتى. كۆچە سوۋۇغاندىن كېيىن ئىرازنىڭ يېنىغا قورقۇپراق يېقىنلاشتى.

— ھامماچا، قورسىقىڭ ئاچقاندۇ، بۇنىڭدىن ئازراق ئىچمۇال، — دېدى.

ئىرازنىڭ كۆزلىرى قارىغۇنىڭ كۆزىدەك ھەرىكەتسىز ئىدى. ئاڭلىمىغاندەك قىلدى.

— ھامماچا، — دەپ تەكرارلىدى قورققان ئاۋازدا خەدىچە، — ھامماچا، ئازراق ئىچكىنە، ئازراقلا ئىچمۇال، قورسىقىڭ ئېچىپ كەتكەندەك قىلىدۇ ...

ئىراز پىسەنت قىلمىدى. كۆزلىرى نۇرسىز، تاشتەك قېتىپ قالغان، كۆزلىرىنى چىملىدىتىپمۇ قويمايتتى. قارىغۇلاردىنمۇ بەتتەر ھالدا ئىدى. قارىغۇ كۆزلەردىمۇ كۆرۈشكە ئىنتىلىش، ئىستەك ۋە ھەرىكەتلىنىش سېزىلىدۇ. ئۇنىڭدا بۇمۇ يوق؛ پاڭ قۇلاقلاردىمۇ بىر خىل بىئاراملىق، تېگىرقاش، ئاڭلاشقا ئىنتىلىش بولىدۇ. ئۇنىڭدا بۇمۇ يوق.

خەدىچە ئاستاغىنا تۇرتۇپ: «ھامماچا !» دېدى.

ئايالنىڭ قېتىپ قالغان كۆزلىرى ئاستا – ئاستا ھەرىكەتكە كەلدى. خەدىچەگە تىكىلىپ قارىدى. بۇ قاراشتىن خەدىچە قورقۇپ تۈگۈلۈپ كەتتى. بۇ كۆزلەردىن قېچىشقا تىرىشتى. بىرتەرىسلەرنى دېمەكچى ئىدى، بىراق تىلى كالۋالىشىپ ھېچ نەرسە دېيەلمىدى. قاچىنى شۇ يەردە، ئايالنىڭ ئالدىدا قويۇپلا ئۆزىنى تاشقىرىغا ئاتتى. دېمى سىقىلىپ كەتكەنىدى.

گۆندىپاي كېلىپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويغۇچىلىك ئىچكىرىگە كىرمىدى. ئۆيگە كىرىشتىن، ئىرازغا قاراشتىن قورقاتتى. توغرىسىنى ئېيتقاندا يۈرىكى چىدىمايتتى. ئىشىك قۇلۇپلىنىش بىلەن تەڭ تىترەپ، ئىراز تەرەپكە قارىماستىنلا ئورنىغا كىرىپ يېتىۋالدى. ئورنىدا خېلىغىچە بىئارام بولۇپ تۈگۈلۈپ ياتتى. قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. بىراق، ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقالمىدى. ھەر كۈنى قاراڭغۇ چۈشەر – چۈشمەيلا



چىراغنى يېقىۋالاتتى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر يېقىشقا قولى بارمايتتى. چىراغنى ياقسىلا ھېلىقى ھايات – ماماتلىق كۆرۈشى ئۈستىدە تۇرغان چىرايىنى كۆرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئەمما، قاراڭغۇلۇقتىنمۇ قورقاتتى. بىراق، ھازىرقى قاراڭغۇلۇق بۇنىڭ ئۈچۈن يورۇقلۇقتىن ياخشىراق ئىدى. قاراڭغۇلۇق، ھېچ بولمىسا ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بىر تامدەك توسۇق بولۇپ تۇراتتى.

شۇ كېچىسى خەدىچە كۆزىنى يۇممىدى. پەنجىرە قاپقىقىنىڭ يوچۇقلىرىدىن تاڭنىڭ يورۇقى چۈشۈش بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇردى. ئىراز ئولتۇرغان يېرىدە تامغا يېپىشقان سۇس كۆلەڭگىدەك تۇراتتى، مىدىرلىمايتتى. پەقەتلا ئاق ياغلىقى كىرلەشكەن تامدا ئاپپاق بىر پەنجىرىدەك كۆرۈنەتتى.

چۈش بولدى، ئىراز يەنىلا شۇ ھالەتتە، كەچ بولدى، يەنىلا شۇنداق. بۇ كېچىمۇ خەدىچە ئاۋۋالقى كېچىدىكىدەك قورقۇپ، يېرىم ئويغاق تاڭ ئاتقۇزدى.

ئەتىگەندە يورۇق چۈشۈش بىلەن كۆزلىرى ئېچىشقان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپلا ئىرازنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ قىلىشقا قەتئىي بەل باغلىغاندەك ئىدى.

— ھامماچا، سادىغاڭ كېتەي ھامماچا، بۇنداق قىلما ! — دېدى ۋە ئايالنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى:

— ئۇنداق قىلما، نېمە بولىدۇ، ئۇنداق قىلما؟

ئايال يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىنى خەدىچەگە تىكتى. بۇ كۆزلەر سولغان، نۇرىنى يوقاتقانىدى. كۆزلىرىنىڭ ئېقى قانغا، يۈتۈنلەي قارىغا ئايلانغانىدى.

— ھامماچا، دەردىڭنى ماڭا دە، — دەپ تۇرۇۋالدى خەدىچە، — سادىغاڭ كېتەي ھامماچا، دەردى يوق ئادەم بۇ يەرگە كېلەمدۇ؟

— نېمە دەۋاتىسەن، قىزىم؟ — دەپ ئىڭرىدى.

خەدىچە ئىرازنىڭ ئاغزىنى يىرتىپ بىر ئېغىز گەپ

قىلدۇرالمىغىنىغا خۇشاللاندى. خۇددى ئۇستىدىن بىر ئېغىر يۈك چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى.

— نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن، هامماچا؟ كەلگەندىن بېرى ئېغىز ئاچمىدىڭ، بىر چىشلەممۇ نەرسە يېمىدىڭ.

— مېنىڭ ئوغلۇم بىر دۆلەتكە تېگىشىدىغان ئوغۇل ئىدى. يېزىمىزنىڭ يارىشىقى، ھەرنېمە قىلسام ئەرزىيتتى! — دېيەلا جىم بولدى ئايال.

— سېنى كۆرۈپلا ئۆزۈمنىڭ دەردىنى ئۇنتۇپ قالدىم، هامماچا، — دېدى خەدىچە، — زادى نېمە دەردىڭ بار؟ سۆزلەپ ئىچىڭدىكىنى بوشاتقىنا!

— ئوغلۇمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەرنىڭ ئۆيىگە ئوت قويسام، ئىشكىلىرىنى سۇندۇرۇۋەتسەم يامان بولىدۇمۇ؟ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ، قىيما - چىيما قىلىۋەتسەممۇ ئازلىق قىلاتتى.

— ۋاي جېنىم هامماچا! — دېدى خەدىچە، — كور بولۇپ كەتكۈرلەر!

— يېزىمىزنىڭ يارىشىقى ئىدى، — دەپ ئەلەم بىلەن پەس ئاۋازدا سۆزلىدى ئايال، — ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ ئاز!

— ۋاي ئانامەي، ۋاي خۇدايىم! — دېدى خەدىچە.

— بۇنى ئاز دەپ مېنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ سولاپ قويدى. ئوغلۇمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل يېزىدا قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ گىدىيىپ يۈرىدۇ تېخى! مەن ئۆلمەستىن كىم ئۆلسۇن؟!

— جېنىم هامماچا، — دېدى خەدىچە، — سەن ئاچلىقتىن ئۆلەيلا دېدىڭ. كەلگەندىن بېرى بىر چىشلەم نەرسە يېمىدىڭ. مەن ئازراق تاماق ئېتىپ بېرەي.

بۈگۈن تاماققا مايىنى كۆپرەك قويماقچى بولدى. خەدىچە بۇ يەرگە كېلىپ بىرمەر ئايدىن كېيىن بەزى باي مەھبۇسلارنىڭ كىرىنى يۇيۇشقا باشلىغان ۋە ئاز - پاز پۇلمۇ يىغقانىدى. بىر كىچىك قىز مەھبۇسلارغا بازاردىن يەيدىغان بەزى نەرسىلەرنى



ئەكېلىپ بېرىپ تۇراتتى. خەدىچە شۇ قىزنى چاقىرىپ، قولىغا ئەللىك قۇرۇش پۇلنى تۇتقۇزدى ۋە «بۇ پۇلغا ماي ئەكەل!» دەپ يولغا سالدى.

خەدىچە خۇشاللىقىدىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولاتتى. چۈنكى، مەھبۇس ئايال سۆز قىلغانىدى. دەردىنى سۆزلىگەن ئادەم ئوڭايلىقچە ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، سۆز قىلماي دەردىنى ئىچىگە يۇتقان ئادەم خەتەرلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەدىچە خۇشال ئىدى.

خەدىچە قانچىلىك شوخ ناخشىلارنى بىلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يادىدىن كەچتى. ئوچاققا كۆمۈر سېلىپ يەلپۈشكە باشلىدى. كۆمۈر تېزلا قىزىل چوغقا ئايلاندى. بىر تەرىپتىن يەلپۈپ، بىر تەرىپتىن پۈۋلەيتتى. كىچىككىنە مىس قازاننىغا سۇ قويۇپ ئوچاققا ئاستى. تاماق شۇنچە تېز پىشتىكى، بۇنىڭغا خەدىچەنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

خەدىچە تاماقنىڭ گېپىنى قىلىش بىلەن ئىراز بوشىشىپ، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئىچى ئېلىشاتتى، قورسىقى ئاشقازىنى چاپلىشىپ كەتكەندەك سېزىلەتتى. ئوغلى ئۆلگەندىن بېرى ئاغزىغا ھېچ نەرسە ئالمىغانىدى. ئاشقىرىدىن ئىرازنىڭ بۇرنىغا ئېرىگەن مايىنىڭ، قورۇلغان پىيازنىڭ پۇرىقى كەلدى. قىزىغان مايغا سۇ قۇيۇلغاندا چىققان ۋاز - ۋۇز ئاۋازلارنى ئاڭلىدى.

خەدىچە تاماق ئۇسقان قاچىنى ئىرازنىڭ ئالدىغا قويدى.

— هامماچا، قانداق بولۇۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

قولىغا بىر ياغاچ قوشۇق تۇتقۇزۇپ قويدى. قوشۇق قولىغا ھېچ ئەپلەشمەيتتى. قولىدىن چۈشۈپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى.

خەدىچە ئىرازنىڭ تاماق يېمەي قويۇشىدىن ئەنسىرەپ:

— قېنى هامماچا، تېزرەك ئىچكىنە! — دېدى.

ئىراز قوشۇقنى ئاستا تاماققا سالدى.

ئىراز تاماقنى يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، خەدىچە:

— ھامماچا، ئېرىقتا سۇ بار، يۈز - قولۇڭنى يۇيۇۋال، ئۆزۈڭگە كېلىپ قالىسەن، — دېدى.

ئىراز خەدىچەنىڭ دېگىنىنى قىلدى. بىرىپ يۈز - قولىنى يۇدى.

— رەھمەت، چىرايلىق قىزىم، خۇدايىم مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن! — دېدى.

— كاشكى، — دېدى خەدىچە، — ئاھ جېنىم ھامماچا، دېگىنىڭ كەلسە، كاشكى.

ئۇ ئولتۇرۇپ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى ئىرازغا بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

— قارا، جېنىم ھامماچا، ئەنە شۇنداق ئىشلار بولدى. مەستىمدىن بىر خەۋەر ئالالىساملا بولدى. باشقا ھېچ نەرسە ئىستىمەيتتىم. بۇ يەرگە كىرگىلى تويتوغرا توققۇز ئاي بولدى. بىرەرىمۇ كېلىپ باقمىدى ... ئانام بولغان ئادەممۇ، مېنى تۇغقان ئانامىمۇ بىرلا قېتىم كەلدى. جېنىم ھامماچا! دەسلەپكى كۈنلەردە بۇ تۆشۈكتە ئاچتىن - ئاچ ياتتىم. كېيىنچە مەھبۇسلارنىڭ كىيىمىنى يۇدۇم ... جېنىم ھامماچا! بىر خەۋىرىنى ئالالىسام ... ئۆلۈكمۇ - تىرىكمۇ، شۇ خەۋەرنىلا ئالغان بولسام، دارغا ئاسسىمۇ مەيلى، مەستىمدىن بىر خەۋەر كەلسىلا بولاتتى ...

ئىرازنىڭ جىمىپ قېلىشلىرى، ئەسەبىيلىشىشلىرى بارغانسېرى ئازىيىشقا باشلىدى. كېيىنچە باشقا مەھبۇسلاردىن چۈشەندىكى، سوتتا: «ئىشىكنى مەن پالتا بىلەن سۇندۇردۇم، ئۇ ھارامزادە كېلىپ قالمىغان بولسا، ئىچكىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم، ئىچكىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كەتسۇن دەپ ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتتىم» دېگەن سۆزلەرنى قىلماسلىقى كېرەك ئىكەن. ئەگەر بىرەرى ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئىسپات تېپىلمىسا، يەنە ئۇنى كۆرگەن - بىلگەنلەر چىقمىسا، قانۇندا بۇ قاتىل قولغا ئېلىنمايتتى، ئىراز



دەسلەپكى چاغلاردا بۇ ھەققانىيەتسىزلىكلەرنى زادىلا چۈشەنمەيتتى. بارغانچە بۇنى چۈشەندى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق سوراقتا، بارلىق ئىقرارىدا ھەممە نەرسىنى ئىنكار قىلىشقا باشلىدى.

— ئاھ خۇدا، — دەيتتى ئىراز، — سىرتتا بولغان بولسام ئوغلۇمنى ئەلىنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ھۆكۈمەتكە ئىسپاتلاپ بېرەتتىم.

خەدىچە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشاتتى:

— ئىنشائاللا چىقىپ كېتىسەن، ھامماچا، چىقىپلا ئوغلۇڭنىڭ قاتىلىنى ھۆكۈمەتكە تۇتۇپ بېرىسەن. بىراق، مېنىڭ ھالىم! ئىسىت ياشلىقىم! مەن شۇ يەردە چىرىيمەن. گۇۋاھچىلارنىڭ دېگىنى دېگەن بولدى.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى ... خەدىچە بىلەن ئىراز ئانا - بالىدەك بولۇپ كەتتى. بەلكى ئانا - بالىدىنمۇ بەتتەررەك. ھەتتا بىر يۇتۇم سۇنىمۇ بىللە ئىچىشەتتى. ھازىر ھەر ئىككىسىنىڭ دەردى بىر دەردكە ئايلانغانىدى. خەدىچە رىزانىڭ بوي - تۇرقىنى، قارا كۆزلىرىنى، قەلەمدەك بارماقلىرىنى، ئۇسسۇل ئويناشلىرىنى، بالىلىق چاغلىرىنى، بالىلىق چاغلىرىدا نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى، ئىرازنىڭ ئۇنى قانداق جاپا بىلەن چوڭ قىلغانلىقىنى، يەر مەسىلىسىنى، كېيىنكى جىنايىتىنى يېپيېڭىسىگىچە، خۇددى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بىلىۋالغانىدى. ئىرازمۇ شۇنداق، ئۇمۇ مەمەتكە ئائىت نېمە بولسا ھەممىسىنى، يەنى ئۆي ياساپ ئوينىغان كۈنلىرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ھەممە ئىشلارنى بىلەتتى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئىككىسىنىڭ خۇشاللىقىمۇ، قايغۇسىمۇ بىرلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىرلا غېمى بار ئىدى. بۇ غەم — مەمەتنىڭ غېمى ئىدى.

ئىراز بىلەن خەدىچە كۈنبويى، ھەتتا يېرىم كېچىگىچە پايپاق توقۇيتتى. كۆزلىرى تېلىپ كۆرمەي قالغۇچە توقۇشاتتى.

ئۇلارنىڭ توقۇغان پايپاقلىرىنىڭ داڭقى شەھەرگە پۇر كەتتى. «لايىقىنى ئۆلتۈرگەن قىز بىلەن ئوغلى كەتكەن ئايالنىڭ پايپىقى ...» پايپاقلاردا ئاڭ ئىچىنىشلىق مەتزىرىلەر ئىپادە قىلىناتتى. خەدىچە بىلەن ئىراز ھېچقاندىقا ئۆرنەككە قارىماستىنلا ھەر خىل نۇسخىلارنى، ئىچىنىشلىق تەسۋىرلەرنى يارىتاتتى. بۇ شەھەر بىنا بولغاندىن بېرى پايپاق نۇسخىلىرىنىڭ مۇنداق تەسىرلىك، ئىچىنىشلىق، چىرايلىقلىقنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. شەھەردىكىلەر بۇ پايپاقلارنى شۇنچىلىك ياقتۇرۇشقان، سۆز ـ چۆچەكلەرگە ئايلاندۇرۇشقانىدى.

ئادەم تۇرمىگە دەسلەپ كىرگىنىدە ھودۇقۇپ قالىدۇ. دۇنيادىن ئايرىلىپ قالغاندەك، خۇددى باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. چەكسىز ئۇرماندا ئادىشىپ كەتكەندە، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۆزىنىمۇ بەتتەر ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۆز يېرىدىن، ئۆيىدىن، دوستلىرىدىن، سۆيگىنىدىن، ھەممە نەرسىدىن رىشتىسى ئۈزۈلگەندەك، چوڭقۇر ـــ تەگسىز ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىدۇ. يىگى مەھبۇسلار ئۆچۈن شۇنداقمۇ بىر ھالەت يۈز بېرىدۇكى، ئۇلار تاش ـ تۆپىراقلارنى، تاملارنى، پەنجىرىدىن كۆرۈنىدىغان كىچىككىنە ئاسماننى، ئىشىك، تۆمۈر مىخلانغان پەنجىرىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە دۈشمەن ھېسابلايدۇ. بولۇپمۇ يۆلى يوق بولسا، بىر بۇلۇڭدا بوينىنى قىسىپ ئولتۇرىدۇ.

خەدىچە بىلەن ئىرازنىڭ كېچە ـ كۈندۈز كۆزلىرىنى قارىغۇ قىلغۇدەك دەرىجىدە بېرىلىپ پايپاق توقۇشلىرى بىكار ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئايقان پۇللىرىنىڭ بىر قىررۇشىنىمۇ خەجلىمەيتتى. يېمەكلىك سېتىۋالمايتتى. ئۈچ ئايدىن بېرى تۈرمىدىن بېرىلگەن تاماقتىلا يەپ كېلىۋاتاتتى.

مەمەت قاچانلا بولسۇن بىر كۈنى بۇ يەرگە ئەكىلىنەتتى، يالكى ئەتە، بەلكى بىر ئايدىن كېيىن ... چوقۇم ئۇنى تۇتۇپ كېلىشى مۇمكىن، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا پۇل لازىم بولىدۇ. بىر



بۇلۇڭدا بوينىنى قىسىپ قالمىسۇن دەپ شۇنچىلىك كۆز نۇرلىرىنى سەرپ قىلىۋاتاتتى ...

ـــ قىزىم، ـــ دېيتتى ئىراز، ـــ مەمەت بىزدەك قىيىنچىلىق تارتمايدۇ، بۇ يەردە بىز بار.

خەدىچە پەخىرلىنىپ:

ـــ بىز بار، جېنىم ھاماچا، بىز بار، ـــ دېيتتى.

ـــ بىزنىڭ مەمەتنىڭ بۇ يەردە پۇلىمۇ بولىدۇ. ئۇ كەلگۈچە يەنە كۆپ پۇل تاپىمىز. ئۇ كەلگەن كۈنى ھەممىسىنى قولىغا تۇتقۇزىمىز. ھېچ نەرسىدىن خىجالەت تارتمايدۇ. باشقىلارنىڭ قولىغا قارىمايدۇ.

ئاخشاملىرى ھېرىپ، كۆزلىرى ئېچىشىپ كېتىپ ئورۇنلىرىغا كىرىپ يېتىشاتتى ۋە ئۇزاققىچە مۆكىدىشاتتى. مەمەت ھەققىدە ھەر خىل ئېھتىماللىقنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشەتتى. ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان، ئەقلى يەتمەيدىغان ئىشلارنى ئويلاپ تاپاتتى. ئاخىرىدا خەدىچە ئانىسىدىن خاپا بولاتتى.

ـــ شۇ ئانامىمۇ ئاجايىپ، ـــ دەپ سۆزىنى باشلايتتى، ـــ شۇمۇ ئانا بوپتۇمۇ؟ نېمە تەلەپ قىلدىم شۇنچە؟ «جېنىم ئانا، قۇلۇقۇڭ بولاي، ئانا، مەمەتتىن بىر خەۋەر ئەكەل، سەندىن تىلەيدىغىنىم شۇ» دېدىم. كېتىپلا ئىككىنچىلەپ كەلمىدى.

ـــ ئۇ بىچارە ئاناڭغا نېمىلەر بولغانلىقىنى كىم بىلىدۇ دېيسەن، ئۇنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلدى دېگىنە، ـــ دېيتتى ئىراز.

ئىراز دائىم ئانىنى شۇنداق دەپ ھىمايە قىلاتتى.

بۈگۈنمۇ ھەر كۈنى ئاخشىمىدەك يېرىم كېچىگە يېقىن ئورۇنلىرىغا كىرىپ ياتتى. ئورۇنلىرى نەملىشىپ كەتكەن. كېچىلىك ھاشاراتلار چىرىلدايتتى. كۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇققا كۆندۈرۈش ئۈچۈن ئاستا ئۇۋۇلىشاتتى.

ـــ ئىراز ھاماچا ! ـــ دەپ چاقىردى خەدىچە.

ـــ نېمە بولدى؟ ـــ سورىدى ئىراز.

ھەر كۈنى ئۇلار گەپنى شۇنداق باشلىشاتتى.
— ئەملىشىپ كېتىپتۇ، — دېدى خەدىچە.
— قانداق قىلاتتۇق، قىزىم، — دېدى ئىراز.
— مېنىڭ ئاتامۇ زە !
ئىراز:
— ۋاي قىزىم، شۇ بىچارىنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلدى دېگىنە؟ — دەپ دائىم دەيدىغان سۆزىنى تەكرارلىدى.
خەدىچە ئانىسى ھەققىدىكى سۆزدىن باشقا سۆزگە كۆچەتتى.
— چوقۇر ئوۋئانىڭ يۈرەگىمىر دېگەن يېرىدە بىر ئېغىز ئۆيىمىز بولىدۇ، مەمەت ياللىنىپ ئىشلەپ، كېيىنچە يەر ئالماقچى ئىدى. مەمەت شۇنداق دېگەنىدى.
— سىلەر تېخى ياش، ئۇ ئىشلارمۇ بولىدۇ.
— مېنى شەھەر بازىرىغا ئەكىرىپ كاۋاپ ئېلىپ بەرمەكچى ئىدى.
— ئۇمۇ بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۇزاققىچە سوزۇلاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا خەدىچە سۆزگە بەكمۇ بېرىلىپ كېتەتتى. ئۆزىنىڭ تورمىدە ئىكەنلىكىنى، مەمەتنىڭ قېچىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالاتتى. ئىرازمۇ ھەممىنى ئۇنتۇيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تورمىدە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى:
— يۈرەگىمىر، — دەپ گەپ باشلايتتى خەدىچە، — يۈرەگىمىر ئىسسىق، يېرى كۆڭگەي. زىرائەت شۇنچىلىك قويۇق ئۆسەتتىكى، قاپلانمۇ يېرىپ ئۆتەلمەيتتى. بىزنىڭ ئېتىزىمىز ئوتتۇز دۆنۈم.
— ھە، قىزىم، ئوتتۇز دۆنۈم دېگىنە !
— شۇنداق، يېرىمىغا بۇغداي، يېرىمىغا ئارپا تېرىيتتۇق.
ئىراز:
— بۇغدايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىككى چوڭ پىياز، — دېدى.
— ئۆيىمىزنىڭ ئىچىنى كاكىل بىلەن سۇۋايمىز. — دېدى



خەدىچە.
— كۆك سېغىز ياكى قىزىل گىل بىلەن سىرىياشمۇ مۇمكىن.
— بىر ئىنىكىمىز بولىدۇ، كۆزلىرى يوغان، توق قىزىل ئىنەك ... ئۇنىڭ بىر موزىيى ...
سۆز شۇ يەرگە يەتكەندە ئىراز جاۋاب بەرمەيتتى، يەنە جىم بولۇپ كېتەتتى.
خەدىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
— مېنىڭ ئۆيۈم سېنىڭ ئۆيۈڭ، مەمەت ئوغلۇڭ، مەن قىزىڭ بولىمەن، — دېدى.
— ئەلۋەتتە قىزىمسەن.
— ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى مەجنۇنتالنىڭ شاخلىرى يەرگە ئېگىلىپ تۇرىدۇ.
— ئۆينىڭ ئەتراپىغا قاشا ياسايمىز، ئوتتۇرىسىغا بىر باغچە ... گۈللۈك ...
خەدىچە قاتتىق ئۇيقۇدىن سىلكىپ ئويغىتىۋەتكەندەك ئۆزىگە كېلەتتى.
— مەمەتنى قاچانمۇ تۇتۇپ كېلەر؟ — دەپ ئىرازدىن سورايتتى، — ھە، نېمە؟ سېنىڭچە قانداق، ھاماچا؟
— ئەنە بولمىسا، بىر ئايدىن كېيىن ...
— بىز شۇ چاغقىچە بولىمىز، شۇنداق ئەمەسمۇ ھاماچا؟
— ھە، بىز بولىمىز ! پۇلىمىزمۇ بولىدۇ، — دەيتتى ئىراز.
مۇشۇنداق سۆزلىشىپ يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشاتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى.
جۈمە كۈنى ئىدى. جۈمە كۈنى شەھەردە بازار بولاتتى. ھەر جۈمە كۈنى خەدىچەنىڭ كۆزلىرى ئىنتىزارلىق بىلەن يولغا تىكىلەتتى. ئانىسى كەلسە جۈمە كۈنى كېلەتتى. خەدىچە بۈگۈنمۇ سەھەردە، تېخى كۈن چىقمايلا ئويغىنىپ كەتتى ۋە: «خۇدايىم بۈگۈن كېلىپ قالسا ـ ھە» دېدى. ھەر جۈمە كۈنى شۇنداق

دېيتتى.

چۈش ۋاقتى ئىدى، مۆرىسىگە خۇرجۇن ئارتقان ئېگىز بويلۇق بىر ئايال قورقۇپ، ئەيمىنىپ تۆرمىگە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— ئىراز هاماچا! — دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى خەدىچە.

ئىراز هاياجان بىلەن:

— نېمە بولدى، قىزىم؟ — دېگىنىچە ئىچكىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى.

— ئانام كېلىۋاتىدۇ!

ئىراز يولغا قارىدى. ئىككىسى يانمۇيان، يالاڭ ئاياغ، هارغىن ئىدى، قارا ياغلىقنىڭ ئۇچىنى چىشلىگەن هالدا ئاقساقلاپ كېلىۋاتقان ئايالغا قارايتتى. ئايال بېشىنى يەرگە سالغانىدى. ئۇ تۆرمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

گۈندىپاي ۋېجىككىنە، ئۇستىخانلىرى تېرىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان دىر - دىر تىترەپ تۇرغان ئايالدىن ۋارقىراپ سورىدى.

— هەي قېرى، نېمىگە كەلدىڭ؟

— قىزىم بار، ئۇنى كۆرۈشكە كەلگەنىدىم.

— ئانا! — دەپ ۋارقىرىدى خەدىچە.

ئانىسى بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ گۈندىپايغا قارىدى.

— ئەپەندى قېرىنداش، ئەنە شۇ مېنىڭ قىزىم، — دېدى.

— كۆرۈشمەڭلار بولمىدۇ. — دېدى گۈندىپاي.

ئايال خۇرجۇننى تامنىڭ تۈۋىگە قويدى - دە، تامغا يۆلىنىپ ئاران ئولتۇرۇۋالدى:

— ئوھ ... ئۇستىخانلىرىم سىرقىراپ كەتتى.

خەدىچە ئاۋۋالقىدەكلا ئانىسىغا قارىماقتا ئىدى. ئانىسىنىڭ ئاياغلىرى پارە - پارە يىرتىلغان. يىرتىقلار توپا - چاڭ بىلەن تولغان، چاچلىرى توزاندىن ئاقارغان. بويىنى لاي ئارىلاش تەردىن بۇلغانغان، قاش - كىرپىكلىرى چاڭ - توزان دەستىدىن پەرق



ئەتكىلى بولمايدىغان هالغا كەلگەن. يىرتىق، كىر كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى پاچاقلىرىغىچە يۆگىشىپ تۇراتتى. ئانىسىنىڭ قىياپىتىنى كۆرۈپ خەدىچەنىڭ ئانىسىغا بولغان ئاچچىقى يوقالدى، ئىچى ئاغرىپ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. گېلىغا بىر نېمە تىقىلغاندەك بولۇپ قالدى. ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىشقا پېتىنالمىدى.

ئانىسى جايىدىن قىمىرلىماي، ياش تولغان كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان قىزىنى كۆردى. ئۇنىڭمۇ بوغۇزىغا بىر نەرسە تىقىلغاندەك بولدى. نېمە دېيىشىنى ئويلاپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا، ئۇمۇ يىغلاپ تاشلىغان بولاتتى.

— كەلگىنە، قەدىرسىز بالام، ئاناڭنىڭ يېنىغا كەل، كەلگىنە، بەختى قارا قىزىم، — دېدى - دە، ئۆزىنى تۇتالماي ئىچ - ئىچىدىن بۇقۇلداپ يىغلاپ تاشلىدى. خەدىچە ئانىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ قولىنى سۆيدى ۋە يېنىدا ئولتۇردى. ئىرازمۇ يېتىپ كەلدى.

— خۇش كەپسەن، يەڭگە! — دېدى.

خەدىچە ئانىسىغا ئىرازنى تونۇشتۇردى:

— بۇ ئىراز هاماچام بولىدۇ، بىر ئۆيدە ياتىمىز.

— بۇ سىڭلىمنىڭ نېمە گۇناهى بار ئىكەن؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى ئانا.

— ئوغلى رىزاتى كىشىلەر ئۆلتۈرۈپتىكەن، — دېدى خەدىچە.

— ۋاي خۇدايىم! كۆزلىرى كور بولۇپ كەتكۈرلەر! ئاھ، سىڭلىم.

ئۈچىلىسى بىر پەس جىم بولۇپ قېلىشتى. كېيىن ئانا بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— قىزىم، سۆمبۈل چاچلىق، قارا كۆزلۈك قىزىم، ئاناڭدىن رەنجىمە، ئۇ كاپىر ئابدى ماڭا نېمە كۈنلەرنى كۆرسەتمىدى؟ ... هۆكۈمەتكە ئەرز قىلغىنىم ئۈچۈن بېشىمغا نېمە دەردلەرنى

سالمىدى ... ئۇنىڭدىن تارتقان ئەلەملىرىمنى بىر ئۆزۈم، بىر خۇدا بىلىدۇ. مېنىڭ شەھەرگە كىرىشىمنى چەكلەپ قويدى. ۋاي جېنىم قىزىم، ئۇنداق بولمىسا سەندەك چىرايلىق قىزىمنى خەقنىڭ شەھىرىدە، تۆت تام ئىچىدە يالغۇز تاشلاپ قويارمىدىم. كۆزدە بىر كېلىپ كۆرگەن بولاتتىم، سۆمبۇل چاچلىق قىزىم.

ئانا بىردىنلا سۆزىنى چورت ئۈزۈپلا قويدى. بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم چىرايى ئېچىلدى. ئاياللارنىڭ بېشىنى ئۆزىگە تارتىپ ئاستاغىنا شىۋىرلاپ:

— توختاپ تۇر، چىرايلىق قىزىم، ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، ساڭا بىر خەۋىرىم بار. مەمەت قاراقچى بولۇپ كېتىپتۇ، قاراقچى!

ئانىسى مەمەتنىڭ ئىسمىنى چىقىرىش بىلەن خەدىچەنىڭ يۈزى سارغىيىپ كەتتى. يۈرىكى كۆكسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى.

— مەمەت ئۇلارنى ئاتقاندىن كېيىن تۇردى تەلۋىنىڭ ئەترىتىگە قوشۇلۇپ كېتىپتۇ. يولدىن ھېچ كىشىنى ئۆتكۈزمەيدىكەن، ھەممە يولنى توسىۋاپتۇ. ئالدىغا ئۇچرىغانلارنى ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشتانلىرىغىچە بۇلايدىكەن، ئاتىدىن تۇغما قىلىپ قويىدىكەن، — دېدى ئانا.

خەدىچە ئاچچىق بىلەن:

— مەمەت مۇنداق ئىشلارنى قىلمايدۇ. مەمەت ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ، — دېدى.

— مەن نەدىن بىلەي، قىزىم، — دېدى ئانىسى، — ھەممە ئادەم شۇنداق دېيىشىدۇ. تۇردى تەلۋىدىن كېيىن ئۇنىڭ نامى چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ داڭقى ئالەمگە پۇر كەتتى. مەمەت ئاۋاق دېيىشىدۇ ـ دە، جىم بولۇشۇپ قالىدۇ. مەن نېمىنى بىلىمەن، قىزىم! مەنمۇ كىشىلەردىن ئاڭلىغان گەپنى قىلىۋاتىمەن. شۇ كاپىر ئابدى مەمەتنىڭ قاراقچى بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر ئايغىچە ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا ھەر كېچىسى تۆت ـ بەش



كۆزەتچى قويدى. يېزىدىكىلەرنىڭ دېيىشكەنلىرىگە قارىغاندا، سىرتتا بەش نەپەر قوراللىق كۆزەتچى ئۆينى ساقلاپ تۇرىسمۇ، ئىچىدىكىلەر قورقۇپ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماسمىش، ئۆينىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرەرمىش. ئۇنىڭدىن باشقا، ئابدىنىڭ ئۆيىگە ئاسىم چاۋۇش كەپتۇدەك، مەمەت ئاۋاقنى قوغلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ يەنە: بۇ تاغلاردا ھېچقاچان مەمەت ئاۋاقتەك بىر قاراقچى كۆرۈلۈپ باقمىغان، ئۇ بولمىغان بولسا، مەن تۇردى تەلۋىنىڭ ئەترىتىنى تارمار قىلاتتىم، دەپتۇمىش. بۇنى ئاڭلاپ ئابدى ئاغا يېزىدىن بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بەزىلەر ئۇنى شەھەرگە كېتىپتۇ، دەيدۇ. بەزىلەر چۇقۇر ئوۋا يېزىلىرىغا كېتىپتۇ، دەيدۇ. بەزىلەر تېخى ئەنقەرەگە، چوڭ ھۆكۈمەتنىڭ قېشىغا بېرىۋاپتۇ، دېيىشىدۇ. ئىشقىلىپ، ئابدى ئاغا مەمەتتىن قېچىپ يۈرىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ يېزىدا يوقلۇقىنى بىلىپ، جېنىم قىزىمنى كۆرۈپ كېلەي دەپ ماڭدىم. چىرايلىق قىزىم، ئىشلار مۇشۇنداق ...

ئانا بۇلارنى سۆزلىگەندە چىرايى ئېچىلىپ كۈلۈمسىرىگەندەك قىلغانىدى. بىراق، سۆزىنى تۈگىتىش بىلەنلا چىرايى تاتىرىپ ئۆلۈكتەك بولۇپ قالدى. دېمى سىقىلىپ كەتكەندەك بولدى.

مەمەتنىڭ قاراقچى بولۇپ كەتكىنىگە ئىرازىمۇ، خەدىچەمۇ خۇشال بولغانىدى. كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى، كۆزلىرى ئارقىلىق مۇڭداشتى.

ئۇلار ئانىسىنىڭ بوغۇلۇپ قالغاندەك كۆكەرگەن چىرايىنى كۆرۈپ ئەندىشىگە چۈشتى.

خەدىچە دۇدۇقلاپ:

— ئانا، نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى ئارانلا.

— سورىمىغىن، قىزىم، — دېدى ئانىسى، — ساڭا بىر شۇم خەۋەر ئېيتاي، يالغان بولۇپ چىقار، ئىلاھىم. كېلىۋېتىپ ئاڭلىدىم، دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ، تىلىم بارمايدۇ. قىزىم ... ئەتىگەندە قىزىم، تۈنۈگۈن ئەتىگەندە ئاڭلىدىم، قىزىم،

ئاڭلىشىمچە، بىر كۆچمەنلەرنىڭ باشلىقى سەۋەبىدىن تۆردى تەلۋە بىلەن مەمەت ئاۋاق ئوتتۇرىسىدا جاڭجال چىقىپتۇدەك. تۆردى تەلۋە ئىككى سەيدىشى بىلەن بىللە مەمەتنى ئېتىپ تاشلاپتۇمىش. شۇنداق دەپ ئاڭلىدىم، قىزىم. مەمەت كۆچمەنلەر باشلىقىغا يان بېسىپتىكەن، تۆردى تەلۋە مەمەتنى ئېتىۋېتىپتۇمىش. بىر ئاتلىق يېزىدىن ئۆتۈپتىكەن، ئۇمۇ كۆچمەنمىش. ئىككى دانە مىلتىقى بار ئىكەن، ئاستىدىكى ئېتى قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىپتۇ، كۆچمەنلەر باشلىقىغا ياردەمگە كېتىۋاتىمەن دېگەنمىش. شۇ ئادەم مەمەتنىڭ ئۆلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇدەك.

خەدىچە دەسلەپتە تۇرۇپلا قالدى. كېيىن ئىرازنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئاتتى.

— ئەمدى بېشىمغا كەلمىگەن مۇشۇ بالا قالدىمۇ ھاماچا؟ ! — دەپ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى. كېيىن جىم بولۇپ قالدى.

— مەن كېتەي، قىزىم، — دېدى ئانىسى، — خۇدايىمغا ئامانەت، ئەتە - ئۆگۈن ساڭا راست خەۋەرنى ئەكىلەي. خورجۇنتا ياغ، تۇخۇم، نان بار. ئۇ كاپىر يېزىغا قايتمىغانلا بولسا، كېلەر جۈمە كۈنى يەنە كېلىمەن. خورجۇنۇڭغا ھېزى بول، يىتتۈرۈپ كەتمىسۇن. سالامەت بول، قىزىم، — ئانا شۇنداق دەپلا يولغا چۈشتى.

يولدا كېتىۋېتىپ: «بۇنى ئۇنىڭغا دېمىسەم بوپتىكەن، زادىلا دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى» دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە.

خەدىچە تۇرۇپ - تۇرۇپلا يىغلاشقا باشلايتتى.

— ئاھ، — دەيتتى ئۇ، — ۋىجدانسىز تۆردى تەلۋە، مەمەتنى ئېتىشقا قانداقمۇ قولۇڭ بارغاندۇ؟ ئادەم ئۆز دوستىنى قانداقمۇ ئاتالايدۇ؟ قانداقمۇ قولۇڭ بارغاندۇ؟

ئىراز خەدىچەگە تەسەللى بېرىپ:

— قاراقچىلارنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆلۈم خەۋىرى كېلىدۇ، ئىشەنمىگىن. مۇنداق ئىغۋالارغا كېيىنچە كۆنۈپ



قالىسەن، — دەيتتى.

ئۇنىڭ سۆزلىرى خەدىچەنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

— مەن ئەمدى ياشىمايمەن، — دەيتتى خەدىچە، — مەمەتتىن كېيىن قېلىپ ياشىيالمايمەن.

— ھەي قىز ! — دەپ ئاچچىقلاندى ئىراز، — يىگىتىڭنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى نەدىن بىلىسەن؟ تىرىك ئادەمگە يىغلىسا يامان بولىدۇ. مەن ياللىق چاغلىرىمدا، ياق، ياق، ياشلىقىمدا بولسا كېرەك، ئەخمەت چولاقنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاز دېگەندە يىگىرمە قېتىم ئاڭلىغانمەن، لېكىن ئەخمەت چولاق ھازىرغىچە سالامەت ئىكەن.

— ۋاي جېنىم ھاماچا، بۇ ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ تېخى يېڭى قاراقچى. ياق، ئەمدى مەن ياشىيالمايمەن. ئۆلىمەن، — دېدى خەدىچە.

— ۋاي سارالڭ قىز، — دېدى ئىراز، — بەزىدە قاراقچىلار قەستەنگە ئۆزىنى ئۆلدىگە چىقىرىشىدۇ. ئويلاپ كۆر، ئۇنىڭ قاراقچىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئۈچكە ساقال ئاڭلاپلا يېزىدىن قېچىپ كېتىپتۇ. بەلكى، بۇ خەۋەرنى شۇ ئۈچكە ساقاللىق ئاڭلىسۇن دەپ تارقاتقاندۇ. ئۆزىنى ئۆلدىگە چىقارسا، ئۈچكە ساقاللىق يېزىغا قايتىپ كېلىدۇ - دە، مەمەت ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. بەلكى شۇنداق بىر پىلاندۇ بۇ !

— ئۇ بۇنداق ئىشلارنى قىلالمايدۇ، ھاماچا، — دېدى خەدىچە، — مەن ئەمدى ياشىيالمايمەن، ئۆلۈپ قالىمەن.

خەدىچە بەزگەكتەك تىترەپ، قىزىشقا باشلىدى. ئىراز ئۇنى كۆتۈرۈپ ئەكىلىپ ئورنىغا ياتقۇزدى.

— توختاپ تۇر، — دەيتتى ئۇ، — تېخى ئالدىرىما، ئەقىلسىز قىز، تاڭ ئاتقۇچە تېخى نىمە ئىشلار بولىدۇ تېخى ! ئالدىرىما، بۇنداق ھەممە گەپكە ئىشىنىۋەرمىگىن ...

خەدىچە ئەتىسى ئورنىدىن ئۆلۈكتەك تۇردى. پېشانىسىگە بىر قارا ياغلىقنى چىگىۋالغانىدى. چىرايى مومدەك سېرىق ۋە

خۇنۇك ئىدى.

بۇ خەۋەردىن كېيىن خەدىچە ئۆزىنى يوقىتىپلا قويدى. كۈندىن - كۈنگە سارغىيىشقا باشلاپ، جۇدەپ كەتتى. زادىلا ئۇخلىيالمايتتى. تاڭ ئاتقۇچە بېشىنى تېمىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ چىقاتتى.

ئىرازمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاشلا ئۇخلىمايتتى.

ئۇلار كېچىسى پاراڭ سېلىشمايتتى. ئىراز تۇرۇپ - تۇرۇپلا:

— كۆرسەن تېخى ساراڭ قىزىم، كۆرۈپمۇ قالارسەن. يېقىندا مەمەتتىن ياخشى خەۋەر ئالىسەن، — دەپ قوياتتى.

خەدىچە بۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى.

## 14

ئۇلار ئىككى كۈندىن بېرى كۈندۈزى مۈكۈنۈۋېلىپ، كېچىسى يول ماڭاتتى. قارىغايلىق قىيانىڭ بېشىغا كېلىپ دەم ئېلىشتى. ئۇلار تۇردى تەلۋىنىڭ ئۆزلىرىنى توزاقتا چۈشۈرۈۋېلىشىدىن قورقۇشاتتى.

جاپپار شۇنداق دېدى:

— ئۇ تەلۋە ھەرگىزمۇ ئېسىدىن چىقىرىۋەتمەيدۇ. بىزگە بىر يامانلىق قىلىۋالمىغۇچە كۆزىگە ئۇيقۇ كىرمەيدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن نېمە كەچسە، بىلىمەن. ئۇنىڭ بىلەن تۆت يىل بىللە بولدۇم. ئۇ ئۇزاق ياشىيالمايدۇ، يېقىنقى كۈنلەردە ئوق يەپ قالىدۇ ... ئۇ پېيىمىزگە چۈشكىنى چۈشكەن. بولمىسا ئۆلۈۋالىدۇ. ئۇ ھازىرمۇ بىزنىڭ پېيىمىزدە. كاشكى، ئۇنداق قىلمىغان بولساق.

— قورقۇۋاتامسەن، جاپپار؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— ياق، ئەمما ...

— ئەمما دېگىنىڭ نېمىسى؟

— دېمەكچى بولغىنىم، ئۇ پېيىمىزگە چۈشىدۇ - دە ...



— كېلەلىسە كەلسۇن ...

— ئۇ كەلگەندىمۇ ئادەملەردەك كەلمەيدۇ، — دېدى جاپپار. — بىر يەردە، بىز ئويلىمىغان بىر يەردە توزاق قۇرىدۇ، بىز ئۇنىڭ توزىقىغا چۈشىمىز. ئەگەر ئۇ مەردلەرچە ئالدىمىزغا چىققان بولسا مەيلى ئىدى ... خۇدايىم يا ئۇنى مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ، ياكى بىزنى ...

رەجەپ چاۋۇش پېتىۋاتقان كۈنگە، قۇياش بىر تەرىپىنى قىزارتقان قارىغايلارنىڭ ئۇچىغا قارايتتى. كۈن ئولتۇرۇۋاتاتتى. بېشىنى ئاستاغىنا تۆۋەن سىلىۋالدى. ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈن نۇرى ئۇنىڭ يۈزىدە، بويىندىكى يارىسى تېڭىلغان يوللۇق لاتىدا جىلۋىلىنەتتى.

— تەلىيىمىز ئۈگىدىن كېلەر، — دېدى - دە، يەنىلا قارىغايلارنىڭ ئۇچىغا قاراشقا باشلىدى چاۋۇش.

— ماڭغا خاپا بولۇپ قالدىڭمۇ، مەمەت؟ — دەپ سورىدى جاپپار.

— ياق، نېمىشقا خاپا بولاي، بۇرادەر؟ بەلكى دېگەنلىرىڭ توغرىدۇ. مېنىڭچىمۇ بىزنىڭ پېيىمىزگە چۈشكەندەك تۇرىدۇ.

— دېمەك، ھوشيار تۇرايلى. ھەرنېمە بولۇش ئېھتىمالى بار.

— توغرا دېيسەن، جاپپار، ھەرقانداق ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن، — دېدى مەمەت.

— ماڭا قاراڭلار، باللار، — دېدى رەجەپ چاۋۇش، — مەن بۇ تاغلارنىڭ نېمىسىنى ياخشى كۆرىمەن، بىلەمسىلەر؟

— مەمەت كۈلۈمسىرەپ: «ياق!» دەپ جاۋاب بەردى.

— كۈن ئولتۇرۇش ۋاقتىدىكى دەرەخلەرنى. قاراڭلار، كۈن ئولتۇرۇۋاتقاندا نۇر دەرەخلەرگە تەڭگە - تەڭگە بولۇپ چۈشىدۇ. مانا شۇنى ياخشى كۆرىمەن.

— چۈشەندىم، — دېدى مەمەت.

كۈن ئولتۇردى، قاراڭغۇ چۈشتى، ھىلال ئاي چىققانىدى. بۇنداق ئاي ئۇزاق تۇرمايلا ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئاي دەرەخلەرنىڭ

سايىلىرىنى يەرگە چۈشۈردى. سايىلەر بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

— ماڭالىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى جاپپار.

— ماڭايلى، — دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى مەمەت.

— تۇرۇپ تۇرۇڭلار يالىلار، مېنى ئازراق ساقلاڭلار، — دېدى رەجەپ چاۋۇش ۋە قىيالىقنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ يەردە بىر ئاز مەلىكە بولغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدى.

— قاراڭغۇ چۈشەي دېگەن چاغدا قىيانىڭ تۈۋىدە شۇنداق چىرايلىق بىر خىل يېشىللىقنى كۆردۈم. يېشىل ئۇچقۇن ... يېشىل يالقۇن. بېرىپ قارىسام، تاشلار ئۈستىدىكى مۇخ ئىكەن ...

جاپپار كۈلدى، مەمەتمۇ ئىشىنىڭ تەكتىگە يېتىپ كۈلۈشكە باشلىدى.

— ھە، رەجەپ چاۋۇش، قاراڭغۇدا مۇخنى يېشىل يالقۇنغا ئوخشىتىپسەن ـ دە؟ — دېدى.

رەجەپ چاۋۇش جىددىي بىر قىياپەتتە:

— شۇنداق. ھەيران قالدىم، قاراڭلار، ئەنە ئاۋۇ يەردە.

— يېشىل يالقۇننى كۆرۈپ بولدۇڭمۇ؟ شۇنداق بولسا ماڭايلى، — دېدى مەمەت.

— يەنە بىر ئاز خالايتتىم، بىراق ئىشىمىز بار ـ دە، — دېدى رەجەپ چاۋۇش.

— شۇنداق، ئىشىمىز بار، — دېدى مەمەت.

ئۇلار قىيالىقلاردىن چۈشۈشكە باشلىدى. ئىككى كۈندىن بېرى قىيالىقلاردىلا مېڭىپ كېلىشىۋاتاتتى. مېڭىپ ئەمەس، بەلكى ئۆمىلەپ دېگۈدەك كېلىۋاتاتتى. ئەتىگەندىن بۇيان ئوزۇقلىرى تۈگەپ، قورساقلىرى ئاچقانىدى. ئاياغ كىيىملىرى ساق قالمىغانىدى. چۈنكى، مۇدۇر ـ چوقۇر تاشلار ئاياغلىرىنى يىرتىۋەتكەنىدى، پۇتلىرىدا پەقەت ئاياغلىرىنىڭ ئۇستىلا قالغانىدى. ئالىقانلىرىنىڭ تېرىسى سويۇلۇپ، گۆشى كۆرۈنۈپ



قالغان، قان ئېقىپ تۇراتتى.

— يەنە باشلىدۇق، — دېدى رەجەپ چاۋۇش، — يەنە ئۆمىلەشكە باشلىدۇق. بۇ نومۇسسىز تەلۋىدىن تېمانچە قورقىسىلەر؟ زادى نېمىشقا قورقىسىلەر؟ پەسكە چۈشەيلى! يىقىلساق دەرھال قوپۇپ مېڭىۋېرىمىز! يىتتىرما قۇرسا قۇرسۇن، نېمە قىلسا، قىلىپ باقمىسۇنمۇ!

— خاپا بولما، رەجەپ چاۋۇش، پەسكە چۈشىمىز، — دېدى مەمەت.

— قولۇمنىڭ ئاغرىقى بوينۇمنىڭ ئاغرىقىدىن بەتتەررەك بولۇۋاتىدۇ. مەن بۇ قوللىرىم بىلەن قانداقمۇ ئوق ئاتالايمەن؟ تېخى سەن خاپا بولما دەيسەن، نېمىشقا خاپا بولمايتتىم.

— ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى مەمەت، — يېزىغا يېتىپ بارغاندا قولۇڭغا مەلھەم ياستىپ بېرىمەن.

— مومايلاردىنمۇ ئېشىپ كەتتىڭ، — دېدى جاپپار.

رەجەپ چاۋۇش تېرىكتى:

— يەنە شۇنداق گەپتىن بىرنى قىلىدىغان بولساڭ، جاپپار، خۇدا ھەققى، ئەنە شۇ يەرگە مىخلاپ قويىمەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟

مەمەت جاپپارغا «جىم!» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى.

جاپپار قاقاقلاپ كۈلەتتى.

رەجەپ چاۋۇش ئۇنىڭ كۈلگىنىنىگىمۇ غەزەپلەندى ۋە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— بۇ ئادەم بولامدۇ؟ ھارامزادە! — دېدى.

— مانا ھازىرلا پەسكە چۈشىمىز ھەي ئارسلان چاۋۇش، — دەپ ئۇنى بەزلەشكە تىرىشتى مەمەت.

— شۇ ھارامزادىگە ئېيتقىن، كۈلكىسىنى توختاتسۇن. خۇدا ھەققى، ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمەن، — دېدى چاۋۇش.

جاپپار رەجەپ چاۋۇشنىڭ يېنىغا كەلدى، قوللىرىنى تۇتۇپ سۆيدى ۋە:

— خوپ. مانا ياراشتۇق، ئەمدى نېمىنى خالايسەن؟ — دەپ كۈلدى.

رەجەپ چاۋۇش يۆمشىمىدى:

— مەن مۇنداق ھارامزادىلەر بىلەن ياراشمايمەن.

مەمەت گەپنى باشقا ياققا بۇراش ئۈچۈن:

— چاۋۇشۇم، مىلتىقىڭدا ئوق تولۇقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— تولۇق! — دەپ قوپاللىق بىلەن جاۋاب بەردى چاۋۇش.

— تولا ئوبدان، — دېدى مەمەت.

— بەش پاي ئوقۇمنىڭ ھەممىسىنى ئابدى دېگەن كاپىرنىڭ بېشىغا ئاتىمەن، كاللىسى پارچە - پارچە بولۇپ كەتسۇن، قېنى، بىچارە خەلققە زۇلۇم قىلىپ باقسۇن!

— تەڭ ئاتىمىز، ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرمىسەم كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ، — دېدى مەمەت.

ئۇ بىر مۇدھىش ئۆچمەنلىك ھېس قىلماقتا ئىدى. بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈش، بىر ئادەمنى پۈتۈنلەي بۇ دۇنيادىن يوق قىلىپ تاشلاش ... بۇنداق قىلىش ھازىر ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ - دە. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئورمانلىقتا ئاتقان ئوقلىرى كەلدى، ۋەلىنىڭ جان ئۈزۈشىنى، توپىغا، پاتقاققا مىلىنىپ جان تالىشىشىنى ئەسلىدى ... ئۇنى ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگىلى بولمايتتى. تاپانچىنى بەتلىگەن چاغدا بىر ئادەمنى دۇنيادىن يوق قىلىمەن دەپ ئويلىمىغانىدى، لېكىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇشۇ يول قولاي ھەممىدە ئاسان ئىدى. مانا ھازىر بىر ئادەمنى ئۆلتۈرمەكچى، بىر جاننى يوق قىلماقچى ... نەپرەت مۇھەببەت - سۆيگۈگە ئىگە بىرىنى يوقاتماقچى. مۇنداق قىلىشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمىگەنىدەك بىر خىل تۇيغۇغا چۆمگەنىدى. مەمەت ئويلاشنى، ھەر جەھەتتىن چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئويلاشنى ئۆگەنگەنىدى. شەھەردىكى ھەسەن چاۋۇش ... مەمەتنىڭ ئىشق - مۇھەببىتى، مۇنداق ئويلاشلارنى ئۆگەتكەنىدى ... ئابدىنى ئۆلتۈرمىسە نېمە بولىدۇ؟ — بىرمەھەل بىلىنەر - بىلىنمەس خىيالىغا كەلگەن بۇ پىكىرلەردىن قورقۇپ كەتتى. ئۇلارنى چىقىرىۋېتىشكە تىرىشتى. ئۇ، خىياللاردىن قۇتۇلماقچى بولغانسېرى، ئەكسىچە، خىياللار



كاللىسىدىن ھېچ چىقمايتتى. «خەپ، يېزىغىمۇ بارارمىز ...» دەيتتى ئىچىدە.

رەجەپ چاۋۇش پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى:

— تېز كېلىڭلار، يىقىلىپ چۈشىمەن.

ئۇلار يېرىپ قارىسا، چاۋۇش دەسسەپ تۇرغان تاشتىن يەنە بىر تاشقا ئاتلاش ئۈچۈن بىر پۇتىنى سوزغانىكەن، بىراق پۇتىنى يەتكۈزەلمەپتۇ، تارتىۋالالماپتۇ ... بىر دەرەخنىڭ يىلتىزىنى تۇتۇپ، ئېسىلىپ قاپتۇ. ئۇنى تارتىۋېلىشتى.

رەجەپ چاۋۇش بىزار بولغان ھالەتتە:

— ھەي مەمەت، خۇدا ھەققىدە ئېيتقىنا، تۈزلەڭلىككە قانچىلىك قالدى؟ — دېدى.

— مانا، يېتىپ كېلەي دېدۇق، ھازىرلا پەسكە چۈشىمىز.

ئاي ئۇدۇلدىكى تاغنىڭ كەينىگە ئولتۇرغان چاغدا ئۇلار تۈزلەڭلىككە يېتىپ بېرىشتى.

— ھە، شۇنداق دېگىن، — دېدى رەجەپ چاۋۇش، — بىر قىيا تاشتىن يىقىلىپ ئۆلمەي قالدۇق، قېنى شۇ تەلۋە، دۈيۈز تۇزاق قۇرسا قۇرۇپ باقسۇن. شۇ يەردە ئازراق دەم ئالايلى. ئالىقانلىرىم شۇنچىلىك ئېچىشىپ ئاغرىۋاتىدۇكى ...

باشقىلارنىڭمۇ ئالىقانلىرى، تىزلىرى، تاپانلىرى ئېچىشاتتى. خۇددى گۆشلىرى پارچە - پارچىدىن قىيالاردا قالغاندەك ئىدى.

ئۇلار گەپ - سۆز قىلىشمىدى. مەمەت يەنىلا چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى. ئۆز - ئۆزىگە: «ئابدىغا ئۆلۈم ھەق!» دەيتتى ۋە ئۇنىڭ يالغۇز سىيىرىنى ئەكەتكەنلىكى كۆز ئالدىغا كەلدى ... قەھرىتان قىشلاردا پۇتلىرىنى، پاچاقلىرىنى تىكەنلەرگە تىلدۇرۇپ يەر ھەيدىگەنلىرىنى ئەسلىدى. سوغۇقلاردا تىكەنلەر تىلىۋەتكەن يەرلەر كۆيگەندەك پىژىلداپ ئاغرىيتتى ۋە يۈرەكلىرىنىمۇ ئېچىشتۇراتتى. زەھەردەك ئاچچىق، زۇلمەتلىك بالىلىق چاغلىرى زادىلا ئېسىدىن چىقمايتتى ... «ئابدىغا ئۆلۈم ھەق! بېرىشقا بارايلىچۇ، قېنى» دەيتتى ئىچىدە.

جاپپار مەمەتنى نوقۇپ:
— ھەي مەمەت، يەنە نېمە ئويلارغا پېتىپ كەتتىڭ؟ — دېدى.
— ھېچ، — دېدى مەمەت خىجالەت بولۇپ.
— تۇرۇڭلار، ماڭايلى، تاڭغا قالساق ھېچ تەرسە قىلالمايمىز، — دېدى جاپپار.
— راست دېيسەن، — دېدى مەمەت.
ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇشتى. چارەك سائەت ماڭغاندىن كېيىن چېقىرتىكەنلىككە كىرىشتى.
— ۋاي ئانامەي، قىيالىقنىڭ سادىغىسى بولاي، بۇ تىكەنلەر ئادەمنىڭ پاچاقلىرىنى ئىتتەك تالايدىكەنغۇ، — دېدى رەجەپ چاۋۇش.
— بۇ چېقىرتىكەنلىك، مەن ھەيدىگەن چېقىرتىكەنلىكنىڭ دەل ئۆزى! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى مەمەت.
— ۋاي ئانامەي، ۋايجان! — دەپ توختىماستىن زارلايتتى رەجەپ چاۋۇش.
— ھەي مەمەت، شۇنداق چېقىرتىكەننى سايان ئاغدۇرالامتى؟! ... بۇ تىكەنلىك ئەمەس، ئورمانلىق ئىكەن، — دېدى جاپپار.
— ۋاي ئانامەي، ۋايجان!
— ھەئە، ئورمانىنىڭ ئۆزى! — دېدى مەمەت.
— قىيالىقلاردىن قۇتۇلۇپ، مۇشۇنداق تىكەن ئورمىنىغا كىرسەك، بۇمۇ بىر تەلەي - دە، — دېدى جاپپار.
— ۋاي ئانامەي، مەمەت ئاۋاقنىڭ تەلىيى مۇشۇنداق ئىكەن - دە، ۋايتوۋا، — دېدى چاۋۇش.
رەجەپ چاۋۇش ھاسىرايتتى، پاچاقلىرىدىن چىققان قانلارنى قولى بىلەن سۈرتەتتى.
مەمەت تىنىماستىن تىللايتتى. ياللىق چېغىدىكى تىللاشلىرىنى ھازىر ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن ھۇزۇرلىناتتى. بۇ تىللارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۇ تۇرسۇندىن ئۆگىنىۋالغانىدى. شۇ



تۇرسۇن ھازىر نەلەردىدۇ؟
— ۋاي ئانام، قانداق قىلاي؟
چېقىرتىكەنلەر شالدىرلايتتى، دەسسىگەنسېرى قاتتىق، شاۋقۇنلۇق ئاۋاز چىقىراتتى. كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا بۇ ئاۋازلار يىراقلارغا ئاڭلىناتتى.
— ۋاي ئانام، ۋايىمەي!
— تىكەنغۇ بىر تۈرى، يەردىكى شۇ تاشلارمۇ جانغا جاپا، — دېدى جاپپار.
— ماتا، مەن ھەيدىگەن يەرگە كەلدۇق، دەل مۇشۇ، — دېدى مەمەت.
— ۋاي ئانام، ۋايجان!
يىراقتىن — جەنۇب تەرەپتىن خورازنىڭ چىللىشى ئاڭلاندى. خوراز توختىماستىن سوزۇپ - سوزۇپ چىللايتتى. ئۇلار بىر ئويمانلىققا چۈشتى. پۇتلىرىنىڭ ئاستىدا تاشلار دومىلاپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى چېقىرتىكەنلەر تېخىمۇ بەتتەر ئىدى.
— ۋاي ئانام، ۋايىمەي!
ئويمانلىقتىن چىقىش بىلەن قاراڭغۇلۇققا يېپىشتۇرۇپ قويۇلغان يەنە بىر قويۇق قاراڭغۇلۇقتەك چوڭ چىنارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. چىنارغا قاراپ مېڭىشتى. چىنارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈش بىلەن توپ ئاۋازىدەك سۇنىڭ گۈرۈلدىگەن تاۋۇشى ئاڭلىناتتى.
— ۋاي ئانامەي، ۋاي!
— بېزىرىغا كەلدۇق، سۇغا چۈشۈپ يۇز - كۆزىمىزنى يۇيىۋالايلى، ئەتىلىككە مەن سىلەرگە چورۇق تىكىپ بېرىمەن ... — دېدى مەمەت.
ئۇلار پەسكە چۈشتى، ئاياغلىرىنى سالدى، پۇتلىرىنى سۇغا چىلىدى.
— ۋاي ئانام، ۋاي!
— رەجەپ چاۋۇش! — دېدى جاپپار ، — بولدى زارلاۋەرمە، چېقىرتىكەنلىكتىن قۇتۇلدۇق.

كېرەك. ھەربىر ئاشنىڭ كەينىدە بىر تۈزاق قۇرۇلغانلىقىنى ھەرىكەت قىلىشىڭ كېرەك. سەن تېخى بۇ ئىشنى بىگىزلا باشلىدىڭ، خاسەن. ئوغلۇم مەمەت، ياخشى ئويلىنىش تەجرىبىگە تەڭ. سەن ھەرقانداق ئىشنى ئىنچىكە ئويلىشىڭ كېرەك.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مېڭىشتى. يىراقتا چاقماقتەك بىر ئۇچۇپ، بىر يېنىۋاتقان يورۇقلۇق كۆرۈندى.

— قاراڭلار، بىر يورۇقلۇق كۆرۈنۈۋاتىدۇ. شۇ، ئىسمائىل چولاقنىڭ تۈگمىنى بولسا كېرەك، — دېدى مەمەت.

تۈگمەنگە يېقىنلىشىپ بارغاندا نېرىقى تەرەپتىن بىر توپ ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئەنە شۇ يەر، ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان جايى، — دېدى جاپپار.

— ھە، بىزا شۇ يەردە، — دېدى مەمەت.

ئۇلار تۈگمەننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختاشتى. ئىسمائىل چولاق ئاياغ ئاۋۇشلىرىنى ئاڭلاپ:

— كىم ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئاشقىرىغا قاراپ.

— مەمەت ئاۋاق، ئىبراھىمنىڭ ئوغلى مەمەت ئاۋاق.

ئىچكىرىدىن خېلى ۋاقىتقىچە ئاۋاز چىقمىدى. كېيىن:

— مەمەت ئاۋاق بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟ يالغان، ئۇنى تۈردى تەلۋە ئېتىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق، تېخى تونۇگۇن ئاڭلىدۇق، — دېدى.

ئەتراپنى ئۇن پۇرىقى قاپلىغانىدى. ئۇلار بىرئازدىن كېيىن بىر ئۇن ئامبىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدىغاندەك ھېس قىلىشتى.

تۈگمەن تورىدىن ئاققان سۇنىڭ شىددەتلىك گۈرۈلدىشى تۈن قاراڭغۇسىدا ئەتراپقا تارقىلاتتى.

— ئۆلمىدۇق، ئىسمائىل تاغا، مەن مەمەت ئاۋاقمەن، ئۇنۇمدىن تونۇمىدىڭمۇ؟ — دېدى مەمەت.

— تونۇدۇم، تونۇدۇم، مانا، ھازىر ئىشىكنى ئاچىمەن.



— مەن مۇنداق چىقىرتىكەنلىكنى ھېچ يەردە كۆرمىگەن. ۋاي ئانام، ۋاي، — دېدى رەجەپ چاۋۇش.

— بۇ يەرنى سۇ كۆزى دېيىشىدۇ ... — دېدى مەمەت.

مەمەت بىر زامانلاردا سۇلايماننىڭ ئۆيىگە قېچىپ كەتكىنىدە، ئانىسىنىڭ مۇشۇ يەرگە كېلىپ، ھەپتىلەپ بۇ سۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئۆلۈكىنىڭ مۇشۇ قىيالىقتىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ قېلىشتى كۆتكەنلىكىنى ئەسلىدى. دەرھال خىيالى ئانىسىغا يۆتكەلدى. ئېھتىمال مىڭ بىرىنچى قېتىم ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال بېرەتتى: «ئانامنى نېمە قىلغاندۇ؟»

— ھە، جاپپار، ئانامنى نېمە قىلىۋەتكەندۇ؟

— ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ، — دېدى جاپپار.

— ۋاي ئانام، ۋاي، بۇ يەرلەر قەيەر بولغىيدى؟ — دېدى چاۋۇش.

— بۇ يەرنى بۆلاقكۆزى شارقىراتمىسى دەيدۇ، تۆۋەندە بىر تۈگمەن بار، ئىسمائىل چولاقنىڭ تۈگمىنى ...

— ماڭا قارا، بۇرادەر ! بىزنىغا كىرمەستىن، شۇ يەرگە بېرىپ بىرەر خەۋەر ئۇقۇشساق ياخشى بولاتتى، — دېدى چاۋۇش.

— ۋاي ئانام، ۋاي.

جاپپار رەجەپ چاۋۇشقا قاراپ:

— خۇدا ھەققى، ئەمدى بولدى قىل، چاۋۇش ! — دېدى.

— شۇنداق قىلساق تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەگەر ماقۇل دېسەڭلار، ئىسمائىل چولاقنىڭ تۈگمىنىگە بارايلى، — دېدى مەمەت.

— شۇنداق قىلساق ياخشى بولىدۇ، — دېدى جاپپار، — ھەرقانداق يەرگە، ھەرقانداق بىزنىغا قولىمىزنى سىلىپلا كىرىۋەرسەك بولمايدۇ.

— بۇ گېپىڭ جايىدا، — دېدى رەجەپ چاۋۇش، — بۇ لۈكچەك ئىتنىڭ يالىسىدا بىر خىسلەت بار ! قاراقچىلىقتا تاغۇ ـ تاشلارنى، قورت ـ قوڭغۇزلارنىمۇ ئۆزىگە دۈشمەن ھېسابلىشىڭ

شاراقلاپ ئىشىك ئېچىلدى. ئىشىك ئېچىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئوتنىڭ سارغۇچ شولىسى چۈشتى. ئىسمائىل مەمەتكە ئۇزاق تىكىلدى، كېيىن:

— ھەي مەمەت ئاۋاق، — دېدى، — شۇ كاپىرنى ئۆلتۈرۈپ بىزنىمىزنى ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرمىدىڭمۇ؟

مەمەت ئاۋاق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ئۇلار ئىچكىرىگە كىرىشتى، ئوچاقتىكى ئوت يالقۇنلىرى بىر - بىرىگە يۆگىشىپ يەرنى يالىماقتا ئىدى. توگمەتنىڭ ئىچىدە ئۇن پۇرىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئىسمائىلنىڭ تورۇلگەن ئۇزۇن بويىنى، سوزۇنچاق يۈزى، ساقىلى، قۇلاقلىرىغىچە چۈكۈرۈپ كىيىۋالغان ياغلىشىپ كەتكەن كونا قۇلاقچىسى، ھەممىسى ئۇنغا مىلىنىپ كەتكەنىدى.

توگمەنچى كەلگەنلەرنىڭ قول - ئاياغلىرىنى كۆرۈپلا قورقۇپ كەتتى:

— ۋاي، بۇنچىلىك بولۇپ كەتكۇدەك نېمە ئىش بولدى سىلەرگە؟ — دەپ سورىدى.

مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ:

— تۇردى تەلۋە بىلەن سوقۇشۇپ قېلىپ، ئىككى كۈندىن بېرى قىيالىقلاردا ماڭدۇق، — دېدى.

ئىسمائىل بىر تاغارغا يۆلىنىپ تۇرۇپ:

— تۈنۈگۈن بىزنىڭ بىر ئاتلىق ئۆتۈپتىكەن، ئۇ تۇردى تەلۋە بىلەن ئېلىشىشقا كېتىۋاتقانىكەن. شۇ كىشى تۇردى تەلۋىنىڭ سېنى ئېتىپ ئاتلىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. يۈتۈن بىزا ساڭا ئېچىنىدۇ. مەمىتىم، ئۇزۇنغىمۇ بىلىمەن، بىزنىمىزدىكىلەر سېنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى. كېيىن مەمەتنىڭ دۈمبىسىنى شاپىلاقلاپ، قۇلاقلىرىنى تارتتى، — ھەي مەمەت، خۇدا ھەققى، كۆزلىرىمگە زادىلا ئىشەنمەيۋاتىمەن، سەندىكى تېمەيگەن كۆپ قورال - ياراغ بۇ؟ شۇنچىلىك كۆپ ئوقنى قانداقمۇ كۆتۈرۈۋاتىسەن؟ سېنى شۇنداق ئوقلار ئىچىدە



كۆرۈپ ھەيران قېلىۋاتىمەن. شۇ تاپتا سېنىڭ سارىجا تۈزلەڭلىكتە، چىقىرتىكەنلىكتە يىقىلىپ تۇرۇپ يەر ھەيدەشلىرىڭ ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. ھازىرقىدەكلا كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ، ئىشەنمەيۋاتىمەن.

— بولمىدىغان ئىش بولدى، — دېدى مەمەت.

— ھەرقاچان قورسىقىڭلار ئاچ، كۆمەچ پىشۇرۇپ بېرەي، — ئىسمائىل ئورنىدىن قوزغالدى ۋە ئۇنغا قاراپ بىردەم تۇرۇۋالدى، — ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپمۇ قويدى، — ئوتمۇ ياخشى كۆيۈۋاتىدۇ، — دېدى.

ئىسمائىلنىڭ بېلى مۈكچىيىگەنىدى. مەمەت ھەيران بولدى، ئۇنى شۇنچىلىك تېز قېرىپ كېتەر دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇنى خۇددى ئۆزىنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكىدەك ياش ھېس قىلاتتى.

مەمەت قورققان بىر ھالەتتە:

— ئانامدىن، خەدىچەدىن نېمە خەۋەر بار؟ ئايدى ئۆيىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئىسمائىل تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى، يا ماڭالمىدى، جاۋابمۇ بېرەلمىدى، ئولتۇرۇۋالالمىدى. ئۇ بۇ سوئالنىڭ قويۇلۇشىنى بىلەتتى، مەمەت ھېلى بولسا، بىر پەستىن كېيىن ئۇنى سورايتتى. شۇنىڭدىن قورقۇپ تۇراتتى. ئۇ ھودۇققۇش ئىچىدە ھاڭ قېتىپ تۇرغىنىدا مەمەت سوئالنى تەكرارلىدى:

— ئانامدىن؟ ...

ئىسمائىل دۇدۇقلىغان ھالدا:

— ياخشى، ياخشى، — دېدى ئالدىراپ، — تۇرۇپ تۇرۇڭلار، ھازىر كېلىپ ئۇ كاپىرنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرەي. ئۇتتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن تېخى، پۇتلىرىڭلارغا، قوللىرىڭلارغا تۇز سۈيى سۈركەپ قوياي ...

مەمەتنىڭ ئىچىگە ئوت چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ سۆزلەشلىرى، «ياخشى، ياخشى» دېيىلا گەپنى باشقا ياققا بۇراشلىرى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس ئىدى.

بىر داس سۇنى كۆتۈرۈپ كىرگەن ئىسمائىل:
— قوللىرىڭلارنى، پۇتلىرىڭلارنى بۇنىڭغا چىلاڭلار، تاش تىلىۋېتىپتۇ. تاش تىلغان يەر بەك ئاغرىيدۇ، تۇز سۇيى پايدا قىلىدۇ، — دېدى.
— ئانامنى يېقىنقى كۈنلەردە كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ يەنە سورىدى مەمەت.
— ياخشى دېدىمغۇ. ياخشى، جېنىم بالام ... توختا، سىلەرگە ئۇ كاپىرنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرەي. ئۇ كاپىر سېنىڭ قاراقچىلارغا قېتىلىپ كەتكەنلىكىڭنى ئاڭلاپ ... بېشىغا پەت چۈشتى. ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۆيىنى بەش - ئالتە، ھەتتا ئون كۆزەتچىگە ساقلىتىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە يوقاپ كەتتى. ئەگەر چىرايىنى كۆرسەڭلار، قورقاتتىڭلار. قورقۇش ئادەمنى شۇنداق قىلىۋېتىدىكەن - ھە. كېيىن سېنىڭ ئۆلگەنلىكىڭنى ئاڭلىدى. بەلكىم قايتىپ كەلگەندۇ. ئاڭلىسام، ئۇنىڭ جەمەتى ئۆلۈم خەۋىرىڭنى ئاڭلاپ بايرام قىپتۇ. چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ - دە، جېنىم بالام، چۈنكى ئۇلار سېنى ياخشى بىلىدۇ ئەمەسمۇ!
مەمەتنىڭ ئىچىگە ئوت چۈشتى، ئورنىدا تۇرالماي قالدى. بىردەم بولسىمۇ يالدۇرراق يېزىغا بېرىش ئۈچۈن جېنى تاقىلدايتتى.
— قېنى بۇرادەرلەر، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، تاڭ ئېتىشتىن ئاۋۋال يېزىغا كىرەيلى، — دېدى مەمەت.
جاپپار بىلەن رەجەپ چاۋۇش ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ھېچ نەرسە دېمەستىن چورۇقلىرىنى باغلاپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.
ئىسمائىل غەمكىن ھالدا:
— كۆمەچلەر ئوچاقتا قالىدىغان بولدى. ئازراق كۈتۈپ تۇرمامسىلەر؟ تۇز سۇيى پايدا قىلىدۇ. بارغان يېرىڭلاردىمۇ شۇنداق قىلىڭلار، — دېدى.
تۈگمەندىن مەمەت ئالدىدا، باشقىلار كەينىدە چىقىشتى.



بەش - ئون قەدەم ماڭغاندىن كېيىنلا يەنە چېقىرتكەنلىككە كىرىشتى.
رەجەپ چاۋۇش يەنە «ۋاي ئانام، ۋاي» دەپ زارلاشقا باشلىدى.
ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقنايتتى.
رەجەپ چاۋۇش شەرققە يۈزلىنىپ ھاجەتكە ئولتۇردى، كېيىن:
— قويرۇق يۇلتۇزى تېخى تۇغمايتۇ، ئۇ مېنىڭ يۇلتۇزۇم. تاڭ ئېتىشقا تېخى خېلى ۋاقىت بار، — دېدى.
باشقىلار جىم ماڭاتتى. ئەمدى پۇت - قوللىرى ئۇنچىلىك بەك ئېچىشمايتتى. ئالدىلىرىدىن بىر تۈلكە قېچىپ ئۆتتى. يېزىغا يېقىن كېلىپ قالمىغان بولسا، رەجەپ چاۋۇش ئۇنى شۇ يەردىلا موللاق ئاتتۇرغان بولاتتى. ئىلاج قانچە؟ ... تۈلكە يوغان قۇيرۇقىنى تىكەنلەرگە سۆركەپ قېچىپ كەتتى. يۇلتۇز يورۇقىدا تۈكلىرى پارقىراپ كەتتى.
— قېرىندىشىم مەمەت! — دېدى جاپپار.
— ئەمدى يېزىغا كىرىمىز. يېزا ئاشۇ پەستە، — دېدى مەمەت.
باشتىكى ئۆيگە يېقىنلاشقاندا بىرنەچچە يوغان ئىت ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. مەمەت ئىتلارغا يېقىنلىشىپ، «موھ - موھ» دەپ چاقىردى. ئىتلار مەمەتنى تونۇدى، پۇتلىرىغا يېپىشىپ ئەركىلەشكە باشلىدى.
يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل مەمەتلەرنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى. يېزا تىپتىنچ ئىدى. مەمەت ھېچقاچان يېزىنى مۇنداق ھالەتتە كۆرمىگەنىدى. بېتىرقاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدىن ئادەملەرنى، توخۇلارنى، ئىتلارنى، ماڭغانلارنى، ئىشقىلىپ، جانلىقلارنى ئىزدەيتتى.
مەمەت ئىشىكنى ئاستاغىنا تاقىلداتتى ۋە قۇلاق سالدى. سادا يوق. بىرنەچچە قېتىم قېقىپ، كۈتۈپ باقتى. يەنىلا ئۈن - تىنسىز. چىدىيالماستىن كىچىك پەنجىرىگە يېقىن كېلىپ: «ئانا، ئانا، ئانا!» دەپ ۋارقىرىدى. يەنىلا جاۋاب بولمىدى. قۇلىقىنى دېرىزىگە يېقىپ تىڭشىدى. ئىچكىرىدىن ياغاچلارنى

عاجىلاۋاتقان قۇرتلارنىڭ شىرتىرلىغان ئاۋازلىرىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى، گۇمانى تېخىمۇ ئاشتى. لېكىن، قەلبىدىكى ئاخىرقى ئۈمىد نۇرى يەنىلا ئۆچمىگەنىدى.

ئارقىسىغا قاراپ غەزەپ بىلەن:

— ئۆيدە يوق ئىكەن ... — دېدى.

ئۇ ئويلاشقا باشلىدى. بۇ يېزىدا ئانىسى ھەممىدىن كىمنى ياخشى كۆرەتتى؟ دۇرمۇش ئەلىنى ياخشى كۆرەتتى.

دۇرمۇش ئەلى ھازىر يەتمىشلەرگە بېرىپ قالغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا مۈكچىيىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەللىك ياشلىقلاردەك ساغلام ئىدى.

— ئەنە ئاۋۇ يەردە دۇرمۇش ئەلى تاغىنىڭ ئۆيى بار، — دېدى مەمەت.

دۇرمۇش ئەلىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا يوغان بىر ئىت ياتاتتى. ئاياغ تاۋۇشلىرىنى ئاڭلاپ ئىت بېشىنى كۆتۈردى، كېيىن ھورۇنلۇق بىلەن ئالدى ئاياغلىرى ئۈستىگە قويدى.

مەمەت ھارغىن ھالەتتە مۇرىسىنى ئىشىككە تىرەپ تۇرۇپ:

— دۇرمۇش ئەلى تاغا، ھەي دۇرمۇش ئەلى تاغا! — دېدى.

ئىچكىرىدىن ئەنسىز ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

دۇرمۇش ئەلىنىڭ قىرىلىقتىكى بوم ئاۋازى ئالايتەن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ۋاللاھۇ ئەلەم، بۇ مەمەت، دەل مەمەتنىڭ ئاۋازى، خۇدا ھەققىدە، بۇ مەمەتنىڭ ئۆزى! — دەيتتى.

رەجەپ چاۋۇش مەمەتنىڭ قولىقىغا ئېگىلىپ:

— ئۇنۇڭنى تونۇۋالدى، تووۋا! — دېدى، — ۋاي ئانام، ۋاي!

بۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلدى، چىراغ تۇتقان، يالاڭ تامبال ۋە كۆڭلەكچان دۇرمۇش ئەلى كۆرۈندى. ئۇنىڭ سۆڭەك ئاق ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ شۇنچىلىك بەستلىك ئىدىكى، خۇددى ئۆيگە سىغمايدىغاندەك، يېرىمى ئۆينىڭ سىرتىدا قالىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.



دۇرمۇش ئەلى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەي مەمەت، بىز ئۆلۈشكۈن بىر كۈچىمەندىن شۇم خەۋىرىڭنى ئاڭلىغانىدۇق. كۆرگىنىمگە خۇشالمەن، — دېدى ۋە ئىچكىرىگە قاراپ، — قىزلار، مەمەت كەلدى، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ ئوت يېقىڭلار، ئورۇن سېلىڭلار! — دېدى.

كۆرپە - يوتقانلارنىڭ يەرگە تاشلانغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

قويۇق، ئاپپاق ساقاللىق دۇرمۇش ئەلى يول بوشىتىپ:

— قېنى، ئىچكىرىگە كىرىڭلار! — دېدى.

ئۇلار ئىچكىرىگە كىرىشتى.

جاپپار ئۈمچەرەپ تۇراتتى. بىر نەرسە دېسىلا يىغلىۋېتىدىغان ئەلپازى بار ئىدى. دۇرمۇش ئەلى قولىدىكى چىراغنى ئوچاق بېشىغا قويۇپ، ئاندىن ئولتۇردى.

— ھە، مەمەت ئاۋاق، قانداق ئەھۋالىڭ؟ زادى قانداق تۇردۇڭ؟ ئۆلۈم خەۋىرىڭنى ئاڭلاپ پۈتۈن يېزا ماتەم تۇتتى. ئەگەر بۇ خەۋەرنى خەدىچە ئاڭلىغان بولسا قايغۇدىن ئۆلۈپلا قالغاندۇ. خەدىچەدىن خەۋەر ئاڭلىدىڭمۇ؟ رەھمەتلىك ئاناڭمۇ ... ئاناڭنى خۇددى بەن باردەك چىرايلىق ئۇزاتتىم. يەرلىكىگە ئۆز قولۇم بىلەن قويدۇم.

بېشىنى كۆتۈرۈپ مەمەتنىڭ يۈزىگە قارىدى. مەمەتنىڭ يۈزى كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

دۇرمۇش ئەلى ھودۇقۇپ قالدى.

— جېنىم بالام، ساڭا نېمە بولدى، بۇلارنى سەن تېخى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟

جاپپارنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. رەجەپ چاۋۇش ئورنىدا مىدىرلاپ، مىلتىقىدىكى ئوقلارنى چىقىرىپ يەنە قايتا سالدى.

مەمەت چىرايىنى ئۆزگەرتمەي يەنە سورىدى:

— خەدىچەگە نېمە بولدى؟

دۇرمۇش ئەلى بىئاراملىق ئىچىدە:

— ۋاي ئەقىلسىز كالام، بۇلارنى ساڭا نېمىشقىمۇ

دېگەندىمەن. شۇنچە ئاي بولدى، بۇ ئىشتىن خەۋەرسىزلىكىڭنى نەدىن بىلەي! ۋاي مېنىڭ ئەقىلسىز كاللام! — دېدى.

دۇرمۇش ئەلنىڭ خوتۇنى مەمەت كەلگەندىن بېرى ئوچاق تۈۋىدە مۈكچىيگەن پېتى كۆزلىرىنى ئوتقا تىكىپ، مىدىرلىماستىن ئولتۇراتتى. «خوش كەپسەن» مۇ دېمىگەنىدى. ئۇ ئاچچىقى بىلەن:

— سەن دائىم مۇشۇنداق قىلىسەن. بالام ئالدى بىلەن ئازراق بىرنەرسە يەۋالغان بولسىدى، ئاندىن دېگەن بولساڭمۇ كاشكى، قىيامەت بولۇۋاتامتى؟ — دېدى.

— مەن نەدىن بىلەي؟ شۇنچە ئايلار ئۆتۈپ كەتتى. ئاڭلىمىغانلىقتى نەدىن بىلەتتىم! — يىغلىغاندەك تىترىگەن ئاۋاز بىلەن مەمەتكە دېدى، — مەندىن رەنجىمە، بالام، قېرىلىق ...

دۇرمۇش ئەلنىڭ ئوغۇللىرى، نەۋرىلىرى، كېلىنلىرى، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئوچاق بېشىدا ئولتۇرغانلارنى چۆرىدىۋالغانىدى. ئۇلار بىغەر رەڭ كىيىم كىيگەن، يەلكىسىگە ئوقدانلارنى چەپرەسلەشتۈرۈپ ئېسىۋالغان، يانپىشىغا قىلىچ، تاپانچا، بومبا، بويىنىغا دۇربۇن ئاسقان مەمەتكە قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل ھودۇقۇش، ئەنسىزلىك، ئازراق زاڭلىق قىلىش ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

چوڭ كىشىلەر ئالدىدا مەمەت قاراقچىلىق ئويۇنى ئويناۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

— خەدىچەگە نېمە بولدى؟ — دەپ يەنە سورىدى مەمەت.

دۇرمۇش ئەلى جاۋاب بەرمىدى. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئوچاقتىكى ئۇچقۇنلارغا تىكىلگەنىدى.

مەمەت ياشاقلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ياغلىقىدىن يېرىمى قارا، يېرىمى ئاق چاچلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان دۇرمۇش ئەلنىڭ خوتۇنىغا قاراپ:

— ھاما، ئېيتقىنا، خەدىچەگە نېمە بولدى؟ — دېدى.

ئايال مەمەتنىڭ كۆزىگە ئېچىنىش بىلەن قارىدى:



— ساڭا نېمە دېسەم بولار، جېنىم بالام. مەن نېمىمۇ دەيمەن! خەدىچەگىمۇ؟... — دېدى.

ئايالنىڭ يۈزى بىر قىزىرىپ، بىر بوزىراتتى. سارغىياتتى.

— قانداقلا بولسۇن بىرى ئېيتىپ بېرىڭلار. زادى خەدىچەگە نېمە بولدى؟ — دېدى مەمەت.

ئايال دۇرمۇش ئەلگە قارىدى، خۇددى يەۋېتىمدىغاندەك قارىۋالدى - دە:

— ئاھ، ساڭا نېمە دېسەم بولار؟! نېمىمۇ دېسەم بولار. ... بۇ بىچارە بالىنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى قاتچىلىك يول ماڭغانلىقىنى كىم بىلىدۇ. ئامىقىنى يەۋالغاندىن كېيىن خەۋەر يەتكۈزسەڭمۇ بولاتتى.

ئايال قوزغالدى. مەمەتنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزايدى ۋە قولىنى تىزىغا قويۇپ:

— قارا، بالام، ساڭا ھەممىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرەي. ئابدى يارىلىنىپتىكەن، شۇ ئوق ئۇنىڭ يۈرىكىگە قادىلىپلا قېلىپ، قايتىپ چىقمىغان بولسىدى، كاشكى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ يالغان گۇۋاھچىلارنى تويلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەققەت ئەلى توكۇر — ھېلىقى ئىمانسىز، سىلەرنىڭ ئىزىڭلارنى تېپىپ بەرگەن دىنسىز «مەن يالغاندىن گۇۋاھچىلىق قىلالمايمەن» دەپتۇ. توكۇر شۇنداق دېگىنى ئۈچۈن ئۇچكە ساقاللىق ئۇنى يېزىدىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇمۇ بالىچاقىلىرىنى ئېلىپ، ئۆيۋاقلىرىنى ئارتىپ باشقا يەرگە باش ئېلىپ كەتتى.

موماي گۇۋاھچىلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى، خەدىچەنىڭ شەھەردىكى تۈرمىدە يالغۇز كامېردا يېتىۋاتقانلىقىنى بىر - بىرلەپ، ئۇزۇنتىن - ئۇزۇن سۆزلەپ بەردى، ئاخىرىدا يېقىنتىدا خەدىچەنى دارغا ئاسىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويدى.

مەمەتنىڭ كۆزىدە ھېلىقى يىگىتنىڭ ئۇچىدەك ئۇچقۇن يەنە چاقنىدى. جاپپار بۇ ئۇچقۇننى سەزگەنىدى. مەمەتنىڭ كۆزىدە بۇ

ئۇچقۇن پەيدا بولغاندا چىرايى ئۆزگىرەتتى، يۈزىنىڭ گۆشلىرى تارتىشاتتى، قارشىسىدىكى هاۋاغا ئېتىلىشقا هازىرلانغان قاپلانغا ئوخشاپ قالاتتى.

مەمەت ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— كىرىڭلار، بۇرادەرلەر، شۇ ئابدى ئاغا بىلەن هېسابلىشايلى! — دېدى.

مەمەت دۇرمۇش ئەلىنىڭ خوتۇنىنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ:

— هاماچا، ئانامنىمۇ شۇلار ئۆلتۈرۈۋەتتى دېگىنە، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

مومايىنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. سۆز قىلالماي قالدى.

ئايال جىم تۇرۇۋالدى.

— مېڭىڭلار، بۇرادەرلەر! — دېدى مەمەت.

مەمەت ئالدىدا، جاپپار بىلەن رەجەپ چاۋۇش ئارقىدا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەمەت مىلتىقىنى تەكشۈرۈپ، ئوقلىرىنى تولۇقلىدى.

— مىلتىقلىرىڭلارنى تەكشۈرۈڭلار، ئوق كەم بولسا تولدۇرۇۋېلىڭلار، بومبىلارنىمۇ هازىرلاڭلار! — دېدى مەمەت.

رەجەپ چاۋۇش مومايدىن ئاڭلىغانلىرىغا بەكمۇ غەزەپلەنگەنىدى. ئۇ، موماي سۆزلەۋاتقاندا مەمەتكە قاراپ بېشىنى بىر ئۇيانغا، بىر بۇيانغا چايقاپ ئولتۇرغانىدى. يۈگۈرگەندەك كېتىۋاتقان مەمەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ توختاتتى ۋە:

— ماڭا قارا، بالىچاقىلىرىنىمۇ ساق قويمايمىز، هەممىسىنى تۇغرايمىز! — دېدى.

— چاۋۇش، — دېدى مەمەت، — سەن بۇ ئىشلارنى مەندىن ياخشى بىلىسەن، — قولىنى ئۇنىڭ قولىدىن بوشاتتى - دە، ئالغا مېڭىپ كەتتى.

ئۇلار ئابدى ئاغىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا قانداق بېرىپ قالغانلىقلىرىنى بىلمەي قېلىشتى.



مەمەت چاۋۇشقا قاراپ:

— سەن چاقىر، «مېهمان كەلدى، بەك مۇهىم بىر خەۋەر ئەكەلدىم» دېگىن، — دېدى.

چاۋۇش دەرۋازىنى ئۈچ قېتىم ئىتتىك - ئىتتىك قاقتى. ئىچكىرىدىن بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كىم؟

— يەڭگە، ئىشىكنى ئاچ، مەن مېهمان. سالام ئېلىپ كەلدىم. بىر خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلدىم. هازىرلا قايتىپ كېتىمەن! — دېدى چاۋۇش.

ئايال كوتۇلداپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى ۋە:

— شۇ يەردە تۇرۇپ تۇر، قېرىنداشىم، چىراغ ياقاي، — دېدى.

ئايال رەجەپ چاۋۇشنى دەرۋازىنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ ئۆيگە كىردى ۋە سەرەڭگە ياقتى. ئۆينىڭ ئىچى يورۇدى. شۇ چاغدا ئۈچىلىسى بىردەكلا يورۇقتا قاراپ ماڭدى. ئايال ئۈچ كىشىنى كۆرۈش بىلەن چۆچۈدى. هودۇققان هالدا كۆزلىرىنى مەمەتكە تىكتى ۋە ۋارقىرىۋەتتى. رەجەپ چاۋۇش تېزلىكتە ئايالنى تۇتۇۋالدى، قولى بىلەن ئاغزىنى ئەتتى.

— ئابدى ئاغا ئۆيدىمۇ؟ — غەزەپ بىلەن سورىدى مەمەت.

— يوق، ئۇ كاپىر ئۆيگە كەلمەيدۇ. سادىغاڭ كېتەي مەمەت، ئابدى ئاغا بولماي قورۇپ كەتسۇن! — دېدى ئايال.

شۇ ئارىدا ئۆيدىكىلەرنىڭ هەممىسى ئويغىنىپ، تىترەشكەن هالدا قاراقچىلارغا قارايتتى. ئۆيدە ئابدى ئاغىنىڭ ئىككى خوتۇنى، ئىككى ئوغلى، باشقا يېزىدىن مېهمان بولۇپ كەلگەن بىرمۇنچە ئايال بار ئىدى.

مەمەت چاۋۇشقا بۇيرۇق قىلدى:

— بۇلارنى ئالدىڭغا سېلىپ ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ چىق. ئابدىنى كۆرگەن يېرىڭدە كاللىسىغا ئات!

— بەش پاي ئوقنىڭ هەممىسىنى ئۇنىڭ كاللىسىغا ئاتىمەن.

پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىمەن، — دېدى چاۋۇش ۋە ئايالنى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن تۈرتۈپ، — چىراغ يېقىپ ئالدىمغا چۈش! — دېدى.
ئايال ئاۋازىنى چىقارماستىن چىراغ ياقتى ۋە چاۋۇشنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى.
مەمەت ئوتتۇرىدا غەزەپ بىلەن تىك تۇراتتى. كىچىككىنە گەۋدىسى زورىيىپ گوياكى دەۋدەك كۆرۈنەتتى. ئىككى بالا شامال تەۋرەتكەن شاخلاردەك تىترەيتتى.
قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى، چاۋۇش قايتىپ كەلدى ۋە ئۈمىدسىز ھالدا:
— ھەممە يۇلۇڭ ـ پۇچقاقنى ئىزدىدىم، يوق، — دېدى.
— يۈتىڭدىن بىر ئاي بۇرۇن چوقۇر ئوۋاغا كەتكەنىدى. سېنىڭ كېلىشىڭنى بىلەتتى. كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كىرمىدى. ئاخىر بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، — دېدى ئايال.
— چاۋۇش! — دېدى مەمەت.
— خوش.
مەمەت باللارنى كۆرسىتىپ:
— بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئالاغا ئاچىق، تېگىشلىك ئىشنى قىل، — دېدى.
ئىككى ئايال تەڭلا مەمەتنىڭ پوتىسىغا ئېسىلدى:
— قۇربانىڭ بولاي، مەمەت بالام، مېنىڭ شۇ نارەسىدە باللىرىمنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ يولۇڭدا قۇربان بولاي، جېنىم بالام مەمەت، ئۇ ئىمانسىز كاپىرنى تېپىپ ئۆلتۈرگىن، مېنىڭ باللىرىمنىڭ نېمە گۇناھى بار؟
چاۋۇش باللارنىڭ قولىدىن تارتىپ سۆرىيتتى. باللار تىرەجەيتتى، ماڭمايتتى. جاپپار بىر بالىنى بىلىكىدىن تۇتۇپ يەرگە ئاتتى، بالا بار كۈچى بىلەن ۋارقىرىۋەتتى.
ئايالارنىڭ بىرى زوۋان سۈرمەيتتى. مەمەتنىڭ پۇتلىرىغا يېپىشقان پېتى ئۆزىراپ ياتاتتى.



يەنە بىرى تىنماستىن يالۋۇراتتى:
— جېنىم مەمەت، ۋاي مەمەت، يامانلىقنى باللىرىم قىلغانمىدى؟ ئۇلارنىڭ نېمە گۇناھى بار؟
چاۋۇش قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بالىنى بار كۈچى بىلەن يەرگە ئېتىپ، دەسسىۋالدى ۋە مىلتىقنى بالىنىڭ بېشىغا تەڭلەپ تۇرۇپ مەمەتكە قارىدى ۋە:
— تاشقىرىغا ئاچىقىش شەرتمىدى، نېمە قاراپ تۇرىسەن، بۇيرۇق بەر، جايلىۋېتەيمۇ؟ — دېدى.
يەردە سوزۇلۇپ ياتقان ئايال باللارنىڭ بىرىنى ئىشىك ئالدىغىچە سۆرەپ ماڭغان جاپپارنىڭ ئۈستىگە بۆركۈتتەك ئېتىلدى، قوللىرىنى قوچاقلىۋالدى. جاپپار بىر قولى بىلەن بېلىدىكى خەنجەرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئايالغا سالدى. ئايال «ۋايجان!» دەپلا يەرگە يىقىلدى.
بالىنىڭ بېشىغا مىلتىق تەڭلەپ تۇرغان چاۋۇشنى كۆرگەن يەنە بىر ئايال:
— مەمەت، جېنىم مەمەت، بالامنىڭ جېنىغا زامىن بولما، ھەرنېمە قىلساڭ ھەقلىقسەن، لېكىن بالامنىڭ نېمە گۇناھى بار؟ — دېدى.
مەمەتنىڭ چىرايى ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۆزگىرىپ تۇراتتى. كۆزلىرىدىكى يىڭنە ئۇچىدەك ئۇچقۇن ئۆچتى. چاۋۇشنىڭ تەپكىنى باسماقچى بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئىش تۈگەيتتى. سۆزلەشكە ۋاقىت يوق ئىدى، مەمەت بالىنىڭ بېشىغا تىرەلگەن مىلتىقنى بىر پۇتى بىلەن تېپىۋەتتى. شۇ ئان چاۋۇشمۇ تەپكىنى بېسىۋەتكەنىدى. ئوق بېرىپ تامغا تەگدى.
— بالىنى قويۇۋەت! — دېدى جاپپارغا.
ئايال مەمەتنىڭ ئىككى قولىغا نۆۋەت بىلەن سۆيەتتى ۋە:
— يارغىن، مەمەت يالام، بېرىپ ئۇ كاپىرنى تاپقىن ـ دە، ئۆلتۈرۈۋەرگىن. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ھەقلىقسەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تامچە ياش تۆكسەم، زېمىنەپ دېگەن ئېتىمنى يوقىتىۋېتىمەن،

ئۇنى تېپىپ ئۆلتۈر، ھەقلىقسەن، ئوغلۇم! — دەيتتى.

مەمەت ئۈندىمىدى. ئۇ ئېغىر قەدەم بېسىپ، گويا ئەزايى - بەدىنى ئۈزۈپ چىقىۋېتىلگەن كىشىدەك سىرتقا چىقتى.

رەجەپ چاۋۇشنىڭ ئاچچىقى قاتتىق كەلگەنىدى. ئاغزىنى بۇزۇپ مەمەتنى تىللايتتى. مەمەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ شۇنچىلىك قاتتىق سىقتىكى، خۇددى سۇندۇرۇۋېتىدىغان ئەلپازى بار ئىدى.

— سەن مۇشۇ يۈرىكىڭ بىلەن قاراقچىمۇ بولالمايسەن، ئىنتىقامىمۇ ئالالمايسەن. قاراپ تۇر، ئابدى ئادەملىرىگە بۇيرۇق قىلىپ سېنى بىر يولۇڭدا تۇتۇۋالىدۇ - دە، ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارقاڭدا تۇردى ئەلۋەندەك بىر دۈشمىنىڭمۇ بار! — دېدى.

— ماڭا قارا، چاۋۇش، — دېدى جاپپار، — كوتۇلداۋەرمە. تۇردى ئەلۋەندەك دۈشمىنىمىز بولسا، ساچىقارالى قەبىلىسىدەك بىر قەبىلە دوستىمىزمۇ بار. ئابدىنىڭ ئورنىغا مۇشۇ باللارنى ئۆلتۈرەتتۇقمۇ؟

رەجەپ چاۋۇش جىم بولۇپ قالدى.

بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ۋارقىراش - جارقىراشلارنى ئاڭلىغان قوشنىلار يېلىڭ ئىشتان - كۆڭلەك بىلەنلا ئابدى ئاغىنىڭ ئۆيىگە توپلاندى. «مەمەت ئۆلمەپتۇ، مەمەت ھايات ئىكەن» دېگەن سۆز ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچەتتى.

— مەمەت ئۆلمەپتۇ.

— مەمەت ئابدى كاپىرنىڭ بېشىغا چىقماي تۇرۇپ ئۆلەمتىمۇ؟

— مەمەت باللارنى ئۆلتۈرمىدى.

— مەمەتنىڭ كۆڭلى - كۆكسى دېڭىزدەك كەڭ.

مەمەتلەر توپلانغان كۆپچىلىكنى يېرىپ ھويلىدىن سىرتقا چىقىشتى. توپلانغان كىشىلەر ئۈن - تىنسىز تۇرۇشاتتى، ھەتتا نەپەس ئېلىشلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلىناتتى. تۇنجى بولۇپ مەمەت سۆز قىلدى، ئاۋازىدىن خاپىلىق چىقىپ تۇراتتى:



— دېھقانلار بىلىپ بولدى، ئەمدى بىزگە ئارام بەرمەيدۇ. يېزىدىن چىقىپ كېتەيلى.

— چىقىپ كېتەيلى، — دېدى جاپپار.

— يارام زورۇقۇپ كەتتى، — دېدى چاۋۇش. — بەلكىمۇ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. يېزىنىڭ سىرتىغا چىقىپ نېمىمۇ قىلارمىز؟ — ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدۇق.

— كېيىن قايتىپ كېلىمىز، — دېدى مەمەت.

يېزىنىڭ سىرتىغا قاراپ مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ھاي - ھۇي، ۋاڭ - چۇڭ باشلاندى. يېزىنى ئىتلارنىڭ ھاۋۇشلىرى قاپلىدى. ھەممە ياقتىن ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، ئۇزۇن - ئۇزۇن سوزۇپ ھاۋۇشلىرى ئاڭلىناتتى.

رەجەپ چاۋۇش ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— ئۆلتۈرايلى، ھېرىپ كەتتىم، ئۆلىدىغان بولدۇم، يارام ئارام بەرمەيۋاتىدۇ، — دېدى.

— سەنمۇ ئاجايىپسەن چاۋۇش، نېمىدەپ يارىلىنىپ يۈرىدىغانسەن، — دېدى جاپپار.

— چاۋۇش ئاچچىقى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— ھەي ئىتنىڭ كۈچۈكى، — دەپ ۋارقىرىدى، — ھەي ئىتنىڭ كۈچۈكى، ئەمدى ئاغزىڭنى يىغمايدىغان بولساڭ ئوق يەيسەن، ماڭا شۇنچە دېسەم ئۆزۈڭنى بىلمىدىڭ.

جاپپار قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇنداق قىلما جاپپار، بېشىمىزغا بالا تېرىيسەن، — دېدى مەمەت.

— بۇ ھارامزادىنىڭ كاساپىتىدىن بالاغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن. چوقۇم بىر ئىش تېرىيمەن، — دېدى چاۋۇش.

— خاپا بولما، چاۋۇش، ئۇ چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى مەمەت.

— چاقچاق قىلمىسۇن، مەن جان غېمىدە! — دېدى رەجەپ

چاۋۇش.

— جاپپار، ئەمدى زادىلا چاقچاق قىلما، — دېدى مەمەت.

جاپپار بېرىپ رەجەپ چاۋۇشنىڭ قوللىرىغا ئېسىلدى ۋە سۆيدى:

— مېنى كەچۈرگىن، ئىككىنچى چاقچاق قىلمايمەن.

— شەيتاننىڭ خۇيى بار بۇ ھارامزادىدە، — دەپ كۈلدى چاۋۇش.

— توۋا قىلدىم، ھەرگىز چاقچاق قىلمايمەن، — دېدى جاپپار.

ئۇلار يەرگە ئولتۇرۇشتى، يېزىدىكى ۋاڭ - چۇڭنىڭ بېسىلىشى، ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كېتىشىنى كۆزىتىشتى. ھېچكىم گەپ قىلمىدى. ئۈچىلىسىمۇ ئويغا پاتقانىدى.

ۋاڭ - چۇڭلار بارغانسېرى پەسەيدى. ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرىمۇ ئاندا - ساندا ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

جىمجىتلىقتىن جاپپارنىڭ ئىچى پۇشۇپ كەتتى، چىدىماستىن:

— ھەي رەجەپ چاۋۇش! — دېدى.

— ھە، نېمە دەيسەن؟

— رەجەپ چاۋۇش، ئەگەر مەمەت توسۇۋالمىغان بولسا، شۇ تاپتا بالىنى ئۆلتۈرەتتىڭمۇ؟

— ئۆلتۈرۈش دېسەڭغۇ، جېنىنى ئېلىپ جەھەننەمدە قوياتتىم. نېمە بوپتۇ؟

— ھېچ نەرسە. سوراپ قويدۇم.

رەجەپ چاۋۇش چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— جاپپار، سىلەرنىڭ مەھەللىدىكى بۇزۇق ئايال سېنىڭ ئاناڭ، لۈكچەكى داداڭ ئوخشايدۇ، — دېدى.

— جاپپار، ئەمدى جىم بول! — دېدى مەمەت.

— مانا، جىم بولدۇم.



يېزىدىكى ئاۋازلار بېسىلدى، يېزا يەنە بۇرۇنقى جىمجىتلىققا، قاراڭغۇلۇققا چۆمدى.

— تۇرۇڭلار. تاڭ ئاتماستىن بىزنىڭ دۈرمۈش ئەلنىڭ ئۆيىگە بارايلى، — دېدى مەمەت.

— كۆزلىرىڭدىن ئايلىناي، مەمەت، تېزدىن بارايلى. — دېدى چاۋۇش.

ئۇلار قوزغىلىشتى.

يېزا ئۇلار دەسلەپ كىرگەن چاغدىكىدەك تىپتىنچ ئىدى.

دۈرمۈش ئەلى يىراقتىن ئاياغ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ دەرۋازىنى ئېچىپ، ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— مەنمۇ ئۇخلىيالمىدىم. سىلەرنى خېلىدىن بېرى كۈتۈۋاتاتتىم، — دېدى ئۇ.

— مانا، يەنە كېلىپ قالدۇق، بۇرادەر، — دېدى چاۋۇش.

— سىلەرگە توخۇ سويۇپ پىشۇرۇپ قويدۇم، قورسىقىڭلار ئاچقاندۇ؟

— ئۇنى بىر دېمە بۇرادەر، — دېدى چاۋۇش.

رەجەپ چاۋۇشنىڭ ئوقدانلىرى، كەمىرى، مىلتىقىنىڭ تاسمىسى كۈمۈش بىلەن بېزەلگەنىدى. بۇ بېزەكلەر ئۇستا قويمىچىنىڭ قولىدىن چىققانىدى. رەجەپ چاۋۇش خېنە ياققانلىقى ئۈچۈن بۇرۇتلىرى قىزىل تۇراتتى.

ئۇلار ئولتۇرۇش بىلەنلا تارتىنچاق بىر قىز مەمەتكە قاراپ كۈلۈمسىرەپ داستىخان سالدى. ئوتتۇرىغا پولۇ ئەكەلدى. پولۇدىن ئىسسىق ھور چىقىپ تۇراتتى. بىر جاۋۇردا توخۇ گۆشى كەلتۈرۈلدى.

— مانا بۇ پولۇ يارىلىرىمنىڭ ئاغرىقىنى باسىدۇ، ماڭا مۇشۇنداق ھورى چىقىپ تۇرغان، گۈپ - گۈپ پۇراپ تۇرغان ياغلىق پولۇ كېرەك، — دېدى چاۋۇش خوشال بولۇپ.

— ھەي چاۋۇش، سەن قاراقچى ئەمەس، قەلەمكەش ئەپەندى بولساڭ بوپتىكەن، — دېدى جاپپار.

چاۋۋش بارلىق غەزىپى بىلەن:

— ئاغزىڭنى يىغ ! — دېدى.

— چاۋۋش بىلەن چېقىشما ! — دېدى مەمەت جاپپارغا قاراپ.

— ھېچ نەرسە دېمىدىمغۇ؟

دۇرمۇش ئەلى خېلىدىن بېرى مەمەتكە بىر نەرسە دېمەكچى بولاتتى، بىراق ئېيتالمايتتى. يا گەپ ئارىلاپ كېتەتتى، يا بولمىسا دېيىشتىن يالتىيىپ قالاتتى. مەمەت بۇ ھالەتنى سەزدى.

— دۇرمۇش ئەلى ئاغا، نېمە دېمەكچىدىڭ ! ئەتىگەندىن بېرى يۇتقۇنۇپ تۇرىسەن؟

— نېمىشقا يۇتقۇناتتىم، ياخشى بىر ئادەم بولۇپ چىقىشىڭ بالا چېغىڭدىلا بەلگىلىك ئىدى. شۇ نارەسىدە باللارنى ئۆلتۈرمەستىن ياخشى قىلدىڭ.

رەجەپ چاۋۋش دۇرمۇش ئەلىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ھەددىدىن تاشقىرى خاپا بولۇپ كەتتى.

— ئاقساقال، ھەي ئاقساقال ! — دېدى چاۋۋش، — مۇنداق ئىشلارغا سېنىڭ ئەقلىڭ يەتمەيدۇ، ئادەمنىڭ يۈرىكىدىكى ئۆچ ئېلىش تۇيغۇسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ بېشىڭغا مۇنداق ئىشلار كەلگەنمىدى؟

دۇرمۇش ئەلى بېشىنى ئېگىپ: «ياق !» دېدى.

— مەن مەمەتنىڭ ئورنىدا بولسام، ئۇنىڭ ئۆيىدە جانلىق مەخلۇق قويمىغان بولاتتىم. بوغۇزلايتتىم، ئۆيىنىمۇ توزلىۋېتەتتىم. ئاڭلىدىڭمۇ، ئاقساقال؟ — دېدى چاۋۋش.

دۇرمۇش ئەلى مەمەتكە قاراپ قويدى:

— ئاڭلىدىم.

مەمەت بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، خىيالغا پاتقان ھالدا تاماق يېدى.

— دۇرمۇش ئەلى ئاغا، داستىخىنىڭغا بەرىكەت بەرسۇن، تاماقلىرىڭ ئوخشاپتۇ، بەك ئوخشاپتۇ، — دېدى مەمەت.



— بەرىكەت بەرسۇن، — دېدى جاپپار.

— بەرىكەت بەرسۇن، جېنىم ئورنىغا چۈشتى، — دېدى چاۋۋش.

چاۋۋش بىرنېمە دېمەكچى بولغانىدى، مەمەت سۆز باشلاپ قالدى:

— دۇرمۇش ئەلى ئاغا، سەندىن بىر نەرسىنى سورايمەن.

— سورا، بالام.

— ئەلى توكۇر قايسى يېزىغا كەتكەندۇ؟ بىلەمسەن؟

— جاغشاق يېزىسىغا كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، جاغشاق بۇ يەردىن ئىككى كۈنلۈك يول.

— توكۇرنىڭ شۇ يېزىدا بار - يوقلۇقىنى قانداق بىلىمىز؟

— ئەلى قارىغۇنىڭ ئاچىسى شۇ يېزىدىكى بىرىگە تەگكەن. ئىككى كۈن ئىلگىرى بۇ يەرگە كەپتۇ، شۇنىڭدىن سورايمىز.

مەمەت رەجەپ بىلەن جاپپارغا قاراپ:

— ئەلى توكۇرنى چوقۇم تېپىشىمىز كېرەك، ئەگەر ئۇ جاغشاق يېزىسىدا بولسا، شۇ يەرگە بارىمىز، — دېدى.

— ماقۇل، — دېدى جاپپار.

— مېنىڭ يارامچۇ؟ بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى، — دېدى چاۋۋش.

— سەن بارمىغىن، چاۋۋشۇم، خالىساڭ مۇشۇ يەردە قال، ساڭا بۇ يەردە دۇرمۇش ئەلى تاغام قارايدۇ، — دېدى مەمەت.

— ياخشى قارايمەن، بۇرادەر، ئوبدان كۈتىمەن، — دېدى دۇرمۇش ئەلى.

چاۋۋشنىڭ بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك شۈركۈنۈپ كەتتى.

— مەنمۇ؟ سىلەردىن زادىلا ئايرىلمايمەن. ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئۆلسەممۇ سىلەردىن ئايرىلمايمەن. ئايرىلىشنىغۇ ئايرىلمايمەن، بىراق سىلەرگە بىر تەكلىپىم بار. ئادەم ئەۋەتەيلى، ئۇ بۇ يەرگە كەلسۇن.

بىر چەتتە ئولتۇرغان دۇرمۇش ئەلىنىڭ خوتۇنى كېپكە

ئارىلاشتى:
— ھېلىقى خائىننى دەمسىلەر؟ مەمەتنى تېپىپ بېرىپ، ئۇنىڭ بېشىغا مۇشۇ بالا - قازالارنى كەلتۈرگەن شۇ خائىن ئەمەسمۇ؟ ئادەم ئەۋەتسەڭلار قېچىپ كېتىدۇ، بېشىنى ئېلىپ غايىب بولىدۇ، تاغلارغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ كاپىر بۇ يەرگە كېلەتتىمۇ؟
— مەن شۇ توكۇرنى ئىزدەيمەن، بالام، — دەپ مەمەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى دۇرمۇش ئەلى.
— ھەئە، شۇ توكۇرنى.
— سىلەر ئىككى كۈن بىزنىڭ ئېغىلدا يېتىپ تۇرامسىلەر؟
مەمەت ئويلانماستىنلا:
— بىر ھەپتە دېسەڭمۇ ياتىمىز، — دېدى.
— ھازىر مەن ئەلى قارىغۇنى ئاتلاندۇرىمەن - دە، «سېنى دۇرمۇش ئەلى چاقىرىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزىمەن. تاپىدىغان بىر ئىز چىقىپ قاپتۇ دېگۈزىمەن. ئاڭلىسام، ئەلى توكۇر ھازىر ئىز قوغلىماس بوپتۇ. سېنىڭ ئىشىڭدىن كېيىن ئىز قوغلىماسلىققا قەسەم ئىچىپتۇدەك. ئىز قوغلىمايدىكەن. بىراق، مەن چاقىرتسام چوقۇم كېلىدۇ. ئىز قوغلىمىسىمۇ كېلىدۇ. ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق قىلىپ قويماسسەن، مەمەت؟
دۇرمۇش ئەلىنىڭ خوتۇنى يەنە ۋارقىراپ كەتتى.
— مېنىڭ مەمەتىم ئۇنىڭغا خەنجەر ئۇرسۇن! قىيما - چىيما قىلىۋەتسۇن! مەمەتنىڭ بېشىغا شۇنچە بالا - قازانى شۇ كەلتۈرمىدىمۇ؟ ئورمانلىقتا شۇ تېپىپ بەرمىگەن بولسا، كىممۇ تاپالايتتى؟! مەمەتلەرنى، ۋاي مەمەتىم! دۇرمۇش ئەلى ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتىپ كەلسۇن، ئۇنى شۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىدىلا پارچە - پارچە قىلىۋەت. مەن يۈتكۈل يېزا خەلقىنى يىغىپ كېلىمەن. ئۇلارمۇ كۆرسۇن!
— خوتۇن، ساراڭلاردەك گەپ قىلما! — دېدى دۇرمۇش ئەلى، — ئەلى توكۇر بۇ ئىشنى مەمەتكە يامانلىق قىلىش ئۈچۈن



قىلمىدى. ئۇ ئىز قوغلىغان چاغدا ھېچ نەرسىنى ئويلىمايدۇ. كۆزىگە دۇنيامۇ كۆرۈنمەيدۇ. ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ قىلىۋېرىدۇ، ئۆزى بىلمەيدۇ. ئىز قوغلىغاندا ئەقلىدىن ئېزىپ قالىدۇ. ئورمانلىقتىن قايتقاندا ئۇنىڭ چىرايىنى كۆردۈڭمۇ؟ چىرايىدا قان يوق، خۇددى ئۆلۈكنىڭ يۈزىگە ئوخشاپ قاپتۇ. ھەممە ئادەم گۇۋاھلىق بەردى. بىراق، ئۇ يېزىدىن قوغلىنىشتىن، يۇرتسىز - ماكانسىز قېلىشتىن قورقماي خەدىچە ئۈستىدە گۇۋاھلىقتىن ئۆتمىدى. يۇرت - ماكانىنى تاشلاپ كەتتى. جېنىم بالام مەمەت، شۇ ئەلى توكۇرغا يامانلىق قىلما. ئەلى توكۇر يامان ئادەم ئەمەس.
— مەيلى ياخشى ئادەم بولسۇن، مەيلى يامان ئادەم بولسۇن، — دېدى موماي، — ئىشقىلىپ، سېنىڭ بېشىڭغا مۇشۇ ئىشلارنى تېرىغان ئەنە شۇ ئەلى توكۇر. شۇڭا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن، مەمەت. دۇرمۇش ئەلى ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كەلمىسە، ئۆزۈڭ بېرىپ، يىلاننىڭ تۆشۈكىگە كىرىۋالغان بولسىمۇ تېپىپ چىق. يېنىڭدا ھېلىقى كالتا خەنجەر بارغۇ، ئۇنى قورسىقىغا تىقىۋەت!
— ماڭا قارا، خوتۇن، خۇدا ھەققى، دىن ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ ئىشلارغا ئارىلاشما! — دېدى دۇرمۇش ئەلى خاپا بولغان ھالدا.
— دۇرمۇش ئەلى، بالىنىڭ ئەقلىنى ئازغاشتۇرما، قىلىدىغىنىنى قىلسۇن! — دېدى موماي.
— قىلسۇن، قىلىدىغىنىنى قىلىپ ئۇ بىچارىنى ئۆلتۈرسۇن، — دېدى دۇرمۇش ئەلى، — ئۇ ئىز قوغلاشقا خۇشتار. مەمەتنىڭ بېشىغا شۇنچە بالانى كەلتۈرۈشنى ئويلاپمۇ قويمىدى. ئويلىغان بولسىمۇ، ئىز قوغلىغان بولاتتى. ئۇ ئىز قوغلاش تەلۋىسى. ئۇ بىچارىنى مەمەت ئۆلتۈرسۇن، سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭ تىنسۇن!
— يۈرىكىمدىكى ئوت ئۆچەتتى، ئۇنىڭ قانىغا بويالغان ئۆلۈكىنى بىر كۆرسەم مۇزدەك بولۇپ قالاتتى!
— بىر نەرسە قىلماسسەن — ھە، ئوغلۇم، شۇنداقمۇ مەمەت؟

شۇ بىچارىگە بىر ئىش قىلماسمەن؟
مەمەت ئاستا، بوغۇق ئاۋازدا:
— مەنمۇ ئۇنىڭغا ئىز قوغلىتىمەن، — دېدى.
— ئالدى بىلەن ئىزنى تاپتۇر، ئاندىن جايلىۋەت ئۇ كاپىرنى. سېنى شۇ كۈنلەرگە قويدى. خەدىچەمۇ شۇنىڭ كاساپىتىدىن تۈرمىلەردە چىرىپ كېتىدىغان بولدى، — دېدى موماي.
دۈرمۇش ئەلى مەمەتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:
— ئۇنىڭ ئىزىنىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
مەمەت كۆزى بىلەن «ھەئە» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى.
— مانا بۇنىڭغا خۇشالمەن، بالام مەمەت، بەك خۇشال بولدۇم. ئەلى قارىغۇنىڭ قېشىغا ھازىرلا بېرىپ ئورنىدىن تۇرغۇزىمەن – دە، يولغا سالىمەن. ئەلى توكۇر تاغ – ئېدىر دېمەستىن يۈگۈرۈپ كېلىدۇ. ھازىر سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارنى ئېغىلغا جايلاپ بەرسۇن. ئىككى كۈن شۇ يەردە ياتىسىلەر. — ھەي خوتۇن، تەلۋىلەردەك گەپ سېتىپ تۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئېغىلغا ئورۇن راسلاپ بەرسەڭچۇ. مېھمانلار ئۇخلىسۇن، مەن ئەلى قارىغۇنىڭ قېشىغا باراي، — دېدى.
— بارغىن، جەھەننەمنىڭ قەرىگە كەتكىن، — دېدى موماي.
دۈرمۇش ئەلىنىڭ خوتۇنى چاچلىرى ئاقىرىپ، چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن، ئاغزى خالتىدەك پۈرۈشۈپ قالغان، بوغداي ئۆڭلۈك، چېقىر كۆزلۈك ۋىجىككىنە بىر ئايال ئىدى. ئۇ مەمەتنىڭ يېنىغا كەلدى، قوللىرى بىلەن بىرتىپىلەرنى ئىشارەت قىلىپ، بەكمۇ مۇھىم بىر سىرنى ئېيتىدىغاندەك بىر قىياپەتتە:
— بېرىگە كەل، مەمەت، يېقىن كەل، — دېدى ۋە مەمەتنىڭ قۇلىقىغا ئېگىلدى. — بۇ نومۇسسىزلارغا ئىشەنمە، بۇلارغا ئالدانما! دۈرمۇش ئەلى تاغاڭغىمۇ ئىشەنمە! بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ كاپىر ئابدىنىڭ ئادەملىرى. بەلكىم ئۇلار ھازىر سىلەرنى ئېغىلغا سولاپ قويۇپ، ژاندارمىلارغا خەۋەر قىلىپ قويار. ئۇلارغا زادىلا ئىشەنمە. دۈرمۇش ئەلى تاغاڭغىمۇ ئىشەنمە. مەن



تۈگمەننىڭ ئارقىسىغا بېرىپ، ئىككى كۈن شۇ يەردە كۆزەتچىلىك قىلاي، ژاندارمىلار كەلسىلا سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن، سىرتقا چىقىپلا قېچىپ كېتىسىلەر. بالام مەمەت، ساڭا يامانلىق كېلىشنى بۇ يېزىدا بىرلا مەن خالىمايمەن. سەن دۇنەنىڭ تەۋەررۇكى. داداڭ بەكمۇ ئېسىل ئادەم ئىدى! سەن ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرغان تەۋەررۇكى، ئورنۇڭلارنى ئېغىلغا سېلىپ بېرەي، ھازىرلا ياتامسىلەر؟
— ئۇيقۇسىزلىقتىن ئۆلەي دېدىم، ھۆرى ئانا، ئۆلەي دېدىم، ئۈچ كۈندىن بېرى ... — دېدى مەمەت.
— ۋايتوۋا، كۆزۈم ئېقىپ كەتسۇن، ۋاي ئاللا، — دېدى ھۆرى موماي ۋە ئۆيدىكى ئاياللارغا ۋارقىراپ، — ھەي كاپىرنىڭ قىزلىرى، دىنسىزنىڭ قىزلىرى! بۇ باللار ئۇيقۇسىزلىقتىن ئۆلەي دەۋاتسا، بىز بىلمەي ئولتۇرۇپتىمىز، كونا قوتانغا ئورۇن – كۆرپىلەرنى ئاچىقىڭلار، سامانلىقنىڭ ئۈستىگە سېلىپ بېرىڭلار.
— ۋاي – ۋاي، ۋاي ئانامەي! — دېدى رەجەپ چاۋۇش.
— نېمە بولدى، چاۋۇش؟ — دەپ سورىدى مەمەت.
— قارىغىنا، بويىنۇم ئىششىپ كېتىپتۇ! قاراپ باقسىنا، مۈرەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياتماي تۇرغىنىنى.
— ھازىر دورا ياسايمىز، — دېدى مەمەت.
— ھازىر ھۆرى ئاناڭ ساڭا شۇنداق بىر دورا ياساپ بېرىدۇكى، سەللىمازا ساقىيىپ كېتىسەن، — دېدى موماي.
ئورۇن – كۆرپىلەرنى تېزلىكتە ئېغىلغا ئەكىردى. ئارقىدىن مېھمانلار ئېغىلغا كىرىشتى. ئېغىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈكتە كىچىك بىر چىراغ ئېسىقلىق، چىراغ پىل – پىل ياناتتى. ئېغىلنىڭ يېرىمى سامان بىلەن تولغان، سامان پۇرىقى ئادەمنىڭ دىمىقىنى ئېچىشتۇراتتى. ساماننىڭ پۇرىقى يېقىملىق، چاڭ ئارىلاش پۇراق. ئېغىلنىڭ بىر تەرىپىگە تېزەك دۆۋىلەنگەندى. تېزەكمۇ ئاچچىق پۇرايتتى. ئېغىلنىڭ تورۇسىنى ئۆمۈچۈك تورلىرى قاپلاپ كەتكەن. ئۆمۈچۈك تورلىرىغا

مىڭلارچە سامان پارچىسى يېپىشىپ، ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئايالـلار ئىشىكنى ئېتىپ چىقىشتى. كىچىككىنە پەنجىرىدىن كۆكـۈم قاراڭغـۇلۇقـىدىـن دەسلەپكى غۇۋا يورۇق چۈشـۈپ تۇراتتى. تـاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدا ئىدى.

ئورۇنلار سامان ئۈستىگە سېلىنغان، جاپپار ئورۇننىڭ بېشىدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ، توختىماستىن ئەسنەيتتى.

رەجەپ چاۋۇش ئۆزىنى ئورۇنغا ئاتتى ۋە:

— باللار، مەن ئوت بولۇپ كۆيۈپ كېتىۋاتىمەن. ھەممىمىز ئۇخلاپ قالمايلى، بىرىمىز نۆۋەتچىلىك قىلايلى، — دېدى.

— سىلەر ئۇخلاڭلار، مەن كۆزەتتە تۇراي، — دېدى مەمەت.

مەمەت خاپىچىلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغانىدى.

جاپپار ئورۇنغا كىرەر ـ كىرمەي ئۇخلاپ كەتتى. چاۋۇش ئىڭرايتتى.

مەمەت مىلتىقىنى ئېلىپ سامانلىقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بېشىنى تىزلىرىغا قويۇپ ئولتۇراتتى.

چۈشكە يېقىن ھۆرى موماي مېھمانلارغا تاماق ئەكەلدى. چاۋۇش تېخىچە ئىڭراۋاتاتتى. موماي ئۇنى كۆرۈپلا:

— ھەي ي ... ئۆلتۈپ قاپتىمەن، — دېدى.

— ھۆرى ئانا، نېمىنى ئۆلتۈپسەن؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

موماي رەجەپنى كۆرسىتىپ:

— بۇ ئۆكامنىڭ يارىسىغا سۈركەيدىغان دورىسىنى، — دېدى ـ دە، دەرھال ئارقىغا قايتىپ كەتتى.

ئۇلار تاماقلىرىنى يەپ بولۇشىغا، ھۆرى ئانا قولىدا دورا تۇتقان ھالدا يېتىپ كەلدى.

— بۇ دورىنى دادام ياسايتتى، ئوق تەگكەنلەرنى ناھايىتى تېز ساقايتاتتى. مەنمۇ بۈگۈن بۇ ئۆكام ئۈچۈن ياسىدىم.

موماي ئالدىراپ رەجەپ چاۋۇشنىڭ يارىسىنى يېشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قوللىرى ئەپچىل ئىدى، لاتىلار يارىغا يېپىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يېشىش ئوڭايغا چۈشمىدى.



— ۋاي ئۆكـام، يـاراڭ زورۇقۇپ كېتـىپتۇ، ۋاي جـېنىـم ئۆكام، — دېدى ھۆرى موماي.

رەجەپ چاۋۇش چىشىنى چىشلەپ ئىڭرايتتى. مـوماي يارىغا دورىنى سۈركەپ، ياخشىلاپ تېڭىپ قويدى.

— قوللىرىڭغا دەرد كەلمىسۇن، يەڭگە، چىرايلىق قوللىرىڭ دەرد كۆرمىسۇن، ئارام تېپىپ قالدىم، — دېدى چاۋۇش.

جاپپار مەمەتكە قاراپ:

— ئەمدى سەن ياتقىن، مەن كۆزەتتە تۇراي، — دېدى.

— مەنمۇ تۈگمەنگە باراي، — دېدى ھۆرى موماي. — ئۇلار يەتە يۈزسىزلىك قىلىپ قويمىسۇن. ژاندارمىلارنى كۆرۈش بىلەنلا سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن. بۇ ئۆيدە مېھمانغا ھېچكىم يامانلىق قىلالمايدۇ. چىرايلىق دۆنەنىڭ ئوغلىغا ھېچكىم چېقىلالمايدۇ ... مەن تۈگمەنگە بېرىپ، ژاندارمىلارنىڭ يولىغا قاراي ...

مەمەت ئورۇنغا كىرىپ ياتتى، بىراق كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. شۇنچە كۈندىن بېرى ئۇيقۇسىز، ھېرىپ كەتكەنىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق زادىلا ئۇخلىيالمايتتى. ئانىسىنىڭ ئۆلۈمى، خەدىچەنىڭ مەھبۇسلۇقى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. مەمەت شۇنچىلىك ئېغىر پاكەتلەر ئاستىدا بىئارام بولاتتى ۋە بەزىدە بوغۇلۇپ قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. قەلبىدە ئوت ياناتتى. بىر خىل خىيال چۇلغايتتى، بۇنىڭدىن قۇتۇلالمايتتى. نېمىشقىدۇر بەزىدە ئۆزىدىن، ئادەملەردىن، يولداشلىرىدىن، ھەممە نەرسىدىن ئۆركۈيتتى. لېكىن، كۆڭلىدىن كەچكەن ھەرقانداق نەرسىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەيتتى.

بىرىم كېچە بولغان چاغدا جاپپار كېلىپ مەمەتنى ئويغاتتى.

— ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى. نۆۋەتچىلىكنى ئال.

مەمەتنىڭمۇ ئۇيقۇسى كەلمەي تۇراتتى. شۇڭا، دەس تۇرۇپ مىلتىقىنى قولىغا ئالدى ۋە سامانلىقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. تىزلىرىنى مەيدىسىگە تىرەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە

بېشىنى قويدى ۋە خىيالغا پاتتى.

تاڭ ئاتاي دېگەن چاغدا مۈگدەشكە باشلىغانىدى، سامانلىقنىڭ ئىشىكى ئېچىلىش بىلەن مىلتىقنى توغرىلىدى.

— نېمە بولدى، مەمەت ئاۋاق؟ مېنى ئاتماقچىمۇ سەن؟ — دەپ كۈلۈمسىرىدى دۈرمۈش ئەلى.

مەمەت جاۋاب بەرمىدى.

— ئەلى قارىغۇ توكۇرنى باشلاپ كەپتۇ، ئۆيدە قالدى، يولداشلىرىڭنى ئويغىتىپ ئۆيگە كەل. ئەلى توكۇرغا ھەممىنى دېدىم. بەكمۇ قورقۇۋاتىدۇ. قورقۇپ كەتتى، قورققىنىدىن ئۆلەي دەيدۇ. ساراڭ خوتۇنۇمنىڭ توكۇرغا قىلمىغىنى قالمىدى. ئۇستىگە ئېتىلىپ بېرىپ يۈزىگە تۈكۈردى. «سېنى مەمەت ئاۋاق ئۆلتۈرمىسە مەن ئۆلتۈرىمەن» دېدى. توكۇرنىڭ قورقۇپ ھېچ ھالى قالمىدى. «مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەكەلدىڭمۇ؟» دەيدۇ، دىر ـ دىر تىترەيدۇ. قورقۇپ ئۆلەيلا دەپ قالدى.

ئەلى توكۇرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ مەمەتنىڭ چىرايىدا بىر خىل خۇشاللىق پەيدا بولدى. جاپپارمۇ ئويغانغانىدى. چاۋۇشنى ئويغاتمايلى دېيىشىمۇ، بىراق خاپا قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ ئاخىر ئويغاتتى.

— تۇر ئورنۇڭدىن، رەجەپ چاۋۇش! ئىزچى ئەلى توكۇر كەپتۇ. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشىمىز كېرەك، — دېدى جاپپار.

رەجەپ چاۋۇش بويىنىنى مىدىرلىتالماستىن:

— ئەلى توكۇرمۇ؟ ھېلىقى ئەلى توكۇر؟ — دېدى ھەيرانلىق ئىچىدە.

— ئىزچى ئەلى توكۇر ... — دەپ سوزۇپ ۋارقىرىدى جاپپار.

— ۋاي ئانىسى! دېمەك كەپتۇ ـ دە؟

— ۋاي، ۋاي، بويىنۇم ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى چاۋۇش.

— نېمە بولدى رەجەپ چاۋۇش، ئۇنداق قىلمىساڭچۇ؟ !.... — دېدى جاپپار.



— تۇرۇۋەڭلار، ئۇنىڭ يېنىغا بارايلى، — دېدى مەمەت.

رەجەپ چاۋۇش «توختاپ تۇرۇۋەڭلار» دېدى ـ دە، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى. كۆمۈش بىلەن بېزەلگەن قوراللىرىنى جاي ـ جايىدا رەتلەپ چىقتى. بۇرۇتلىرىنى خېلىغىچە بۇراپ تۇردى. كۆمۈش تارغىقىنى چىقىرىپ چېچىنى تارىدى. ئاياغلىرىغا قاراشقا كۆڭلى بارمىدى. چۈنكى، چورۇقىنىڭ چەمى پۈتۈنلەي يىرتىلىپ بولغانىدى. قەسىنىڭ توپىسىنى قاقتى.

جاپپار چىداپ تۇرالماستىن:

— قېنى چاۋۇش، ئاياغ كىيىملىرىمىز سەل كونىراپ قاپتۇ. قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

— قانداق قىلاتتۇق؟ ! — دېدى چاۋۇش.

ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە ئوچاق بېشىدا ئولتۇرغان ئەلى توكۇر ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى. ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ، يەنە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— ئەلى ئاداشنى باشلاپ كەلدىم، — دېدى ئەلى قارىغۇ.

— رەھمەت، — دېدى مەمەت.

رەجەپ چاۋۇش چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ئەلى توكۇرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى ۋە:

— ھېلىقى ئىزچى دۈيۈز سەنمىدىڭ؟ ھەي كاپىر، خۇدادىن قورقمىدىڭمۇ؟ ئەلدىن ھايا قىلمىدىڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

ئەلى توكۇر بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئوچاقنىڭ كۈلىگە كۆزلىرىنى تىكىپ قىمىر قىلمايتتى.

— چاۋۇشۇم، گەپ قىلما! ئەلى ئاغا بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشەي، — دېدى مەمەت.

چاۋۇش غەزەپ بىلەن:

— قېنى، سۆزلەش! سۆزلىشىپ باق بۇ دۈيۈز، نومۇسسىز، ۋىجدانسىز بىلەن! — دېدى.

مەمەت ئەلى توكۇرنىڭ يېنىغا كەلدى، تىزىغا تىزىنى تىرەپ ئولتۇردى ۋە:

— ئەلى ئاغا! ساڭا ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى. مەن بىلەن بىردەملىككە سىرتقا چىقامسەن؟ — دېدى.

ئەلى توكۇر ئولتۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى ۋە:

— مەمتىم، مۇنداق بولۇش زادىلا ئەقلىمگە كەلمىگەنىدى. مېنى كەچۈر! بالىچاقام بار، رەھىم قىل، — دەپ يالۋۇردى.

— قورقما! سىرتقا چىقىپ مەخپىي بىر نەرسە دېيمەن، — دېدى مەمەت.

— رەھىم قىل! مېنى ئۆلتۈرمە. مەن ساڭا يامانلىق قىلغان بولسام، سەن ماڭا قىلمىغىن، قېرىندىشىم، — دەپ نالە قىلدى ئەلى توكۇر.

— ئورنۇڭدىن تۇر، ئاۋۇ بۇلۇڭغا بېرىپ ساڭا بىر نەرسە دەيمەن.

ئەلى توكۇرنىڭ يۈزىدە بىر تامچە قان قالمىغانىدى. توختىماي تىترەيتتى.

— رەھىم قىل، نېمەڭ كېتىدۇ، بالىلىرىمنى يېتىم قىلما! تاپانلىرىڭنى سۆيەي، قېرىندىشىم. مەن قىلغاننى سەن قىلما!

رەجەپ چاۋۇش خاپا بولۇپ:

— ھە ... توكۇر دۈيۈز، سېنىڭ قىلغانلىرىڭ چېكىدىن ئاشتى. قېنى تۇر ئورنۇڭدىن، — دېدى ۋە يېنىدا ئېسىقلىق تۇرغان خەنجىرنى چىقاردى.

— چاۋۇشۇم، بۇ ئادەمگە چېقىلما! — دېدى مەمەت.

— چېقىلمايلى، بولدى چېقىلمايلى، قېرىنداش. بىزگە نېمە ئىدى! مېلى شۇ ئەلى توكۇرنى بېشىڭغا تاجى قىلىپ قىسىۋال! — دېدى چاۋۇش.

چاۋۇش خەنجىرنى خالىمىغان ھالدا قىنىغا سېلىپ قويدى.

— قورقمىغىن، ئەلى ئاغا، ھېچ نەرسە قىلمايمەن. ئەگەر سېنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىم بولسا، ئولتۇرغان يېرىڭدىلا ئۆتۈۋېتەتتىم. قۇلىقىڭغا بىر نەرسە دېيمەن، — دېدى مەمەت.

— بالىچاقامنىڭ ئۇۋالىغا قالما! — دەپ ئورنىدىن تۇردى



ئەلى توكۇر.

ئەلى توكۇر ئايىغىنى سۆرىگەن پېتى تامنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىغا ياردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەمەتمۇ باردى ۋە:

— ماڭا قارا، ئەلى توكۇر، — دېدى، — بېشىمغا شۇنچە پالاكەتنى كەلتۈردۈڭ. شۇنداقلا باتۇرلۇقمۇ قىلدىڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدىكى ئىشقا كېلەيلى، سەن بىر ئىز قوغلايسەن.

— خۇدا ھەققى، سېنىڭ ئىشىڭدىن كېيىن مەن ئىز قوغلىماسلىققا قەسەم ئىچكەنمەن، مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ مەيلى، قەسەم ئىچتىم، ئىز قوغلىمايمەن، قولۇمنى ھەرگىزمۇ قانغا بويىمايمەن، — دېدى ئەلى توكۇر.

— ئىز قوغلىمىساڭ، ئۇنداقتا سېنى ئۆلتۈرىمەن، — دېدى مەمەت.

ئەلى توكۇر بېشىنى ئېگىپ:

— ماڭا بۇنى زورلىما! خۇدا ھەققى، زورلىما! — دېدى.

— ئىز قوغلايسەن! يالۋۇرۇشىڭنىڭ ھاجىتى يوق — دېدى مەمەت.

— بۇ كىمنىڭ ئىزى؟ — دەپ ئاستا سورىدى ئەلى توكۇر.

— ئابدى ئاغىنىڭ ئىزى، ئۇنى تېپىشىڭ كېرەك. يىلاننىڭ تۆشۈكىدە، قۇشنىڭ قانىتى ئاستىدا بولسىمۇ تاپىسەن، ئۇنى تاپمىساڭ ئۇ چاغدا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن ...

— ۋاي قېرىندىشىم ... مەندىن تەلەپ قىلىدىغىنىڭ شۇمىدى؟ ئابدىنى تاپتۇرماقچىمىدىڭ؟ جەھەننەمدە بولسىمۇ تېپىپ چىقىمەن. ھازىر يا شەھەردە، ياكى ئاۋشار يېزىسىدا، ياكى سارىباغچىدا. ئۈچ يەرنىڭ بىرىدە، مەن بىلەن بىللە چوقۇر ئوۋاغا بېرىڭلار. ئۆز قولۇم بىلەن يوشۇرۇپ قويغاندەك تېپىپ بېرىمەن. ئۇ كاپىرنى تېپىپ سىلەرگە تاپشۇراي. بالىغان گۇۋاھلىق بەرمىدىڭ دەپ ئۆيۈمنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بالىچاقام بىلەن ئاچ قالدۇق. چاغشاك يېزىسىدا، يات خەلقلەرنىڭ ئىچىدە

غېرىپ ـ مۇساپىر بولۇپ قالدۇق، قېرىنداشىم. ئۇ كاپىرنى توغرىۋەتكىن. ئۇنى تېپىش ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلاي، قاراقچىلىق قىلسامىمۇ مەيلى. قاراقچى بولۇپ سەن بىلەن تاغلارنى كېزىمەن.

— بولدى، ئەمدى بېرىپ ئوچاق بېشىدا ئولتۇرايلى، ئاخىرنى كېيىن مەسلىھەتلىشەرمىز. ھېچكىمگە دېمە! دۆرمۇش ئەلى تاغام بۇ ئىشنى بىلىپ قالدى. بىراق، ئۇ ھېچكىمگە ئېيتمايدۇ.

— مېنى دېمە دۇنيا بىلسۇن، پەرۋايىم پەلەك. شۇ ئىپلاسنىڭ دېھقانلارغا، ساڭا، خەدىچەمگە، ئاخىر بېرىپ ماڭا قىلغانلىرى يۈرىكىمگە داغ بولۇپ ئورنىشىپ قالدى. دۇنيا ئاڭلاپ قويسۇن. ھېچ بولمىسا بىر مىللەتنى كۆتۈرۈپ قېشىمغا كېتىمەن، خۇدا ھەققى، جان دەپ كېتىمەن ...

مەمەت ئوچاق بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەلى توكۇرنىڭ چىرايىدىن كۈلكە چىقىپ تۇراتتى.

— چىرايىڭدىن كۈلكە چىقىپ تۇرىدۇغۇ توكۇر، يېڭى بىر ئىز چىقىپ قالدىمۇ نېمە؟ — دېدى دۆرمۇش ئەلى.

— ياق، قېرىنداشىم مەمەتنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋالىدىغان بولدۇم، شۇڭلاشقا خۇشالمەن، — دېدى توكۇر.

رەجەپ چاۋۇش، جاپپار، ئەلى توكۇر، مەمەت تۆتەيلەن ئېغىلغا قايتىشتى.

ئۇلار ئېغىلدىن چىقىپ يولغا چۈشكەندە تېخى كۈن چىقمىغانىدى.

— ئامان بول، ھۆرى ئانا، دۆرمۇش ئەلى تاغا، ھەممىڭلار سالامەت قېلىڭلار، — دەپ مېڭىپ كەتتى مەمەت.

يېزىدىكىلەر بىر ـ بىرلەپ ئويغىنىشماقتا، بىرنەچچە موردىن ئىس چىقىشقا باشلىغانىدى.

ھۆرى ئانا ئاچچىق بىلەن شۇنداق دېدى:

— مەمەت، ھەي مەمەت! ئۇ كاپىر توكۇرنى قىيما ـ چىيما



قىلىۋەتمەمسەڭ، ئۇ ئىماتسىزنى ئاياپ قويساڭ ساڭا بەرگەنلىرىمگە رازى بولمايمەن. دۇنە گۆرىدە ئۆرە ئولتۇرىدۇ. ئاڭلىدىڭمۇ، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى؟! ...

— ئاقىۋال، بالام، بۇ سارائىنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالما! — دېدى

دۆرمۇش ئەلى توكۇرغا قاراپ، — ئەلى، سەنمۇ خاپا بولما، ئاياللار قېرىغاندا ئالجىپ قالىدۇ. — دېدى.

يېزىنىڭ سىرتىغا چىققاندا:

— ئۇ كاپىرنىڭ ئۆلۈكىنى كۆزۈم بىلەن كۆرىدىغان بولدۇم ـ دە! — دېدى ئەلى توكۇر. ئۇ كالپۇكلىرىنى يالىدى. كۆڭلىدىكىدەك بىر ئىش بولسا دائىم كالپۇكلىرىنى يالاپ تۇرىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

— گېپىمنى ئاڭلا، قېرىنداشىم. ساڭا كۆپ يامانلىق قىلدىم، ئەمدى ساڭا ياخشىلىق قىلماقچىمەن. بۇ كاپىرنى يوقاتقاندىن كېيىنمۇ ساڭا ياردەم قىلىشنى خالايمەن. سەن مېھرىبان، ياخشى بىر بالىسەن. سېنىڭ ئورنۇڭدا باشقا بىرى بولغان بولسا، مېنى ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. سەن بۇ ئىشتا گۇناھىم يوقلۇقىنى چۈشەندىڭ. مەن بىلىپ تۇرۇپ خەدىچە ئۈستىدە يالغاندىن گۇۋاھلىق بەرگەن بولسام، چوڭ گۇناھقا پاتاتتىم.

رەجەپ چاۋۇش خېلىدىن بېرى سۆزگە ئارىلاشمايتتى.

— دېمەك، سەن قالتىس ئىز قوغلايدىكەنسەن ـ دە؟ — دېدى چاۋۇش.

— شۇنداق ئىدى، بىراق قەسەم ئىچتىم، ئادەم بالىسىنىڭ ئىزىنى قوغلىماسلىققا قەسەم قىلدىم، — دېدى توكۇر.

— ھايۋانلارنىڭ ئىزىنى قوغلاپ نېمە قىلاتتىڭ؟ — دېدى چاۋۇش.

— ئاغا، مەن ئوۋغا چىققانلار بىلەن بىللە كېيىك ـ مېيىكلەرنىڭ ئىزىنى قوغلايمەن. ئۇنىمۇ قىلمىسام ئۆلۈپ

قالىمەن. ئىز قوغلىمىسام ئۆلىمەن، ــ دېدى توكۇر.

ــ شۇنداقمۇ! ... ــ جاپپار ھەيران بولدى.

ــ ۋاي ئانام، ۋايجان! ــ دەپ يەنە بىر قېتىم تووۋلىدى چاۋۇش.

ئۇلار قىيالىقنىڭ تۇزلەڭلىككە كەلگۈچە لام ـ جىم دېيىشمىدى.

يوللارغا قىرووۇ چۈشكەنىدى. بۇ يەرنىڭ توپىلىرى قىزىل ئىدى. بىر خىل پۇراق، چوقۇر ئوۋانىڭ پۇرىقىدەك پۇراق كېلەتتى.

ــ ۋايىمەي، ۋايجان، ۋاي ئانامەي، تىزلىرىم يوكۇلۇپ كەتتى، بېشىم بەك قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ، ــ دېدى رەجەپ چاۋۇش.

ــ ئۇنداق دېمە، چاۋۇش، ساڭا نېمە بولدى؟ ــ دەپ سورىدى جاپپار.

ــ ۋايىمەي، ۋايجان! ــ دەپ ئىڭراشقا باشلىدى چاۋۇش.

ــ يارىسى ئىششىپ كېتىپتۇ، بولمايتۇ، ماڭماق تېخىمۇ ئەدەپ كېتىدۇ. بىز يېزىغا كىرەيلى. يېقىن ئارىدا ئۇممەت سېرىقنىڭ ئۆيى بار، خالىساڭلار شۇ يەرگە كىرەيلى، ئۇ ئوبدان ئادەم، ــ دېدى ئەلى توكۇر.

ــ ياق، بىر يارىنى دەپ خەقنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرمايمەن. ئۇ كاپىرنىڭ ئارقىسىغا كىرگىنىم كىرگەن، ــ دېدى چاۋۇش ۋە ئاچچىقى كەلدى. مەممەت بىلەن جاپپارغا قاراپ، ــ بۇ يەرگە كېلىڭلار، بۇ ئىز قوغلاش ئىشىدا مەن باشلىق بولىمەن. نېمە دېسەم بۇيرۇقۇمدىن چىقمايسىلەر. قوشۇلامسىلەر؟ ــ دېدى.

ــ قوشۇلدۇق! ــ دېدى مەممەت.

ــ بوپتۇ، قوشۇلدۇم. قېنى، نېمە قىلارسەنكىن، كۆرەيلى، ــ دېدى جاپپار.

ــ كىمكى بۇيرۇقۇمغا بويسۇنمىسا ئېتىپ تاشلايمەن.

ــ خوپ. نېمە قىلماقچىسەن؟ ھېچكىم بۇيرۇقۇڭدىن چىقمايدۇ. قىلماقچى بولغىنىڭنى دە! ــ دېدى جاپپار.



ــ سەن ئارىلاشما! ــ دېدى چاۋۇش ۋە ئەلى توكۇرغا قاراپ، ــ ئەلى توكۇر، سەن ياخشى ئىزچى، شۇ ئابدى كاپىرنىڭ تۇرغان يېرىنى تېپىشقا ۋەدە قىلدىڭ، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى.

ــ ۋەدە قىلدىم، ۋەدە قىلمىغان ھالەتتىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى خالايمەن. گۆشىنى خام يېسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ!

ــ قېنى ئالدىمغا كەل، دەپ باققىنا، سەنچە ئابدى ھازىر نەدىدۇ؟ ــ دېدى چاۋۇش.

ــ ھازىر تۇرغان يېرىنى بىلمەيمەن. يا شەھەردە، ياكى ئاۋۇشار يېزىسىدا. بەلكى يۇرەگىر يېزىسىغا كەتكەندۇ. سىلەرنىڭ ئىزدەپ يۈرگىنىڭلارنى ئاڭلىغان بولسا، چوقۇم يۇرەگىر يېزىسىغا كېتىدۇ. يۇرەگىرگە قاراقچىلار بارالمايدۇ. چۈنكى، تۈزلەڭلىكتە يوشۇرۇنغۇدەك يەر يوق.

ــ يۇرەگىرگە كەتكەن بولسا قانداق قىلىمىز؟ ــ دەپ سورىدى چاۋۇش.

ــ مەن ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىمەن. قاچانكى يۇرەگىردىن ئايرىلسا شۇ زامان سىلەرگە خەۋەر بېرىمەن. مەن ئۇنىڭ پېشىنى قويۇپ بەرمەيمەن، ــ دېدى ئەلى توكۇر.

ــ ھازىرچۇ؟ ــ دەپ سورىدى چاۋۇش.

ــ ھازىر سىلەر ئۇممەت سېرىقنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن چوقۇر ئوۋاغا چۈشۈپ ئۇنىڭ تۇرغان يېرىنى بىلىپ كېلىمەن ۋە سىلەرگە دەيمەن. قېنى، ئۇممەت سېرىقنىڭ ئۆيىگە بارايلى، ئۇ ماڭا شېرىم تۇغقان كېلىدۇ. ئۇمۇ ھېلىقى كاپىرنى يامان كۆرىدۇ.

ناماز دىگەرگە يېقىن ئۇممەت سېرىقنىڭ ئورمانلىق ئىچىدىكى بىر دۆڭلۈكتە يالغۇز چوقچىيىپ تۇرغان ئۆيىگە يېتىپ كېلىشتى.

ــ بۇ مەممەت ئاۋاق بولىدۇ، ــ دەپ تونۇشتۇردى ئەلى توكۇر ئۇممەت سېرىققا.

ــ بۇرادەر، ــ دېدى ئۇممەت سېرىق، ــ تاشقا چىقىپ

كەتكەنلىكىڭنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولغانىدىم. بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم.

ئەلى توكۇر ئۇلارنى ھويلىغا ئەكىرىپ قويۇپلا ئارقىسىغا ياندى ـ دە، يولغا چۈشتى.

ئۇممەت سېرىق ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى:

— بۇرادەر ئەلى، بىر چىنە قەھۋە ئىچىپ ماڭساڭچۇ !

ئەلى توكۇر ئارقىسىغا قارىماستىن، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك جاۋاب بەردى:

— قېرىنداشىم ئۇممەت، ئىشىم بار، بەكمۇ ئالدىراش ئىشىم بار.

ئەلى توكۇر ئاقساق پۇتىنى سۆرەپ، يىقىلىپ ـ قوپۇپ، خۇددى يۈگۈرگەندەك ئىتتىك ماڭاتتى.

كېچىدە سالقىن شامال چىقىۋاتاتتى. سۇس ئاي يورۇقى دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن چۈشۈپ تۇراتتى.

«قۇش قانىتى ئاستىغا يوشۇرۇنغان بولسىمۇ تاپىمەن !» دېيتتى ئەلى ئۆز ـ ئۆزىگە.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆيىنىڭ يىقىلىشى كەلدى. نەچچە يىل تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ سالغان بىر ئۇيدانلا ئۆيىنى ئابدى ئاغىنىڭ ئادەملىرى بىر سائەتنىڭ ئىچىدىلا بۇزۇۋەتكەن، خارابىلىككە ئايلاندۇرغانىدى. بۇلارنى ئويلاپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، تېخىمۇ ئىتتىكرەك مېڭىشقا باشلىدى.

ئەلى شەھەرگە يېتىپ بارغىنىدا ئەمدىلا تاڭ يورۇغانىدى. بازارغا كىردى. كوچا سۈپۈرگۈچى مۇرات مۇھاجىر چاڭ ـ توزان ئىچىدە كوچىنى سۈپۈرۈۋاتاتتى. مۇرات توڭلاپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا سالام قىلىپ، يەنە شۇ تېزلىكتە قەھۋەچى تەۋپىقنىڭ قەھۋەخانىسىغا قاراپ ماڭدى. دۇكان ئەمدىلا ئېچىلغانىدى. چاي بۇيرۇدى. ھورى چىقىپ تۇرغان ئىسسىق چاي ئەكەلدى. ئەلى ھاياجاندىن ئىچ ـ ئىچىگە سىغماستىن باشقا دۇكانلار ئېچىلغۇچە مۇشۇ يەردە كۈتۈپ ئولتۇردى.



كۈن نۇرى شەھەرنىڭ ئاق تاش ياتقۇزۇلغان پىيادىلەر يولىغا دەسلەپكى نۇرلىرىنى تۆكۈشكە باشلىغانىدى. ئەلى توكۇر مۇستاپا تاغىنىڭ دۇكىنىغا ياردى. مۇستاپا تاغا ماراشلىق بولۇپ، خۇشخۇي، ئاق ساقاللىق ئادەم ئىدى. ئۇ دۇكىنىنى تېخى ئاچمىغانىدى. شۇڭا، ئەلى توكۇر دۇكاننىڭ ئىشىكىگە يۆلىنىپ، ساقلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدىن تومشۇقىنى يەرگە سۈركەپ بىر غالجىر ئىت ئۆتۈپ كەتتى. ھاجى قارىغۇنىڭ تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئۇدۇلدا ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن ھاجى قارىغۇ كېلىپ دۇكىنىنى ئاچتى. تاخشا ئېيتىپ تاقا سوقۇشقا باشلىدى. ئۇدۇلىدىكى تامنىڭ تۈۋىگە دۈۋىلەپ قويۇلغان قىغدىن ھور چىقىپ تۇراتتى. كۈن قىزدۇرۇش بىلەن ھورمۇ تۈگىدى. شۇ چاغدا يۇقىرىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان مۇستاپا ئەپەندى كۆرۈندى. مۇستاپا ئەپەندى دۇكىنى ئالدىدا قاق سەھەردە ئەلى توكۇرنى كۆرۈش بىلەن كۈلۈپ كەتتى:

— نېمە بولدى، ئەلى؟ نېمە ئىش؟ ئوغرىنىڭ ئىزىنى بىزنىڭ دۇكاننىڭ ئىچىدە كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى.

ئەلى توكۇر كېرىلىپ ئورنىدىن تۇردى:

— شۇنداق بولۇپ قالدى !

مۇستاپا ئەپەندى دۇكىنىنى ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرگەندىن كېيىن:

— كىرگىن، ئەلى بۇرادەر، نەلەردە يۈرىسەن؟ زادى كۆرۈنمەيلا كەتتىڭغۇ؟ — دېدى.

— سورىمايلا قوي، پالاكەت ئۈستىگە پالاكەت كەلدى، — دېدى ئەلى.

— ئاڭلىدىم، — دېدى مۇستاپا ئەپەندى.

— ئاڭلىغىنىڭدەك ئىش، — دېدى ئەلى توكۇر.

— ئابدى بۇنى ياخشى قىلماپتۇ، — دېدى مۇستاپا ئەپەندى، — بەش ۋاخ ناماز ئوقۇپ، سادىغات بېرىپ تۇرۇپ، ياخشى ئىش قىلماپتۇ. ساڭا قىلغانلىرى ئادەمگە ياراشمايدۇ.

— ئاڭلىسام، ئابدى ئاغا مۇشۇ يەردە ئىكەن، — دەپ مۇستاپا ئەپەندىدىن گەپ ئېلىشقا باشلىدى، — نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ ئۇ بۇ يەردە بولسا، مەن شەھەردە يۈرەلمەيمەن. ئۇ بېشىمغا بالا ياغدۇرىدۇ، — دېدى.

— قورقما، ئەلى، — دېدى مۇستاپا ئەپەندى، — ئۇ ئۆز جېنىنىڭ قايغۇسىدا. ھېلىقى بالا يارغۇ، قاراقچى بولۇپ كېتىپتۇ. كارامەت بىر بالا ئىكەن. ئابدى شەھەردىمۇ تۇرالمايدىغان بولدى. تۈنۈگۈن كەلدى. مەندىن ئاماكا، سەرەڭگە ئېلىپ خورجۇنىغا سالدى. ئېتىغا تۆت تاقا قاققۇزدى. ئاقتۇزلۇ يېزىسىغا كەتتى. شۇ يېزىدىن يەر ئېلىپ ئولتۇرارمىش. دىنىمىزنىڭ ئەدىپىنى ئىمانسىز بېرىدۇ. سەن خاتىرجەم بول. ئۇ ساڭا قىلغانىدى، ئەمدى قارىغىنا، مۇشتۇمدەك بالىدىن قورقۇپ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا قېچىپ يۈرىدۇ.

— ئاقتۇزلۇ يېزىسىدا كىمنىڭ ئۆيىدە بولۇشى مۇمكىن؟ — دەپ چاندۇرماستىن سورىدى ئەلى توكۇر.

— كىمنىڭ ئۆيىدە بولاتتى، يېزا باشلىقى ھۆسەيىننىڭ ئۆيىدە. ئۇ ئابدىغا تۇغقان كېلىدۇ، — دېدى مۇستاپا ئەپەندى.

ئەلى توكۇر ئابدىنىڭ زادى ئاقتۇزلۇ يېزىسىدا بار - يوقلۇقىنى ياخشىراق بىلىۋېلىش ئۈچۈن:

— ئۇ ئاقتۇزلۇ يېزىسىنى ياخشى كۆرمەيتتى. چۇقۇر ئوۋاغا چۈشۈپ، ساربىياغچە يېزىسىدىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى، — دېدى.

— نېمە دەۋاتىسەن، ھەي ئەلى؟ — دەپ چېچىلىشتى مۇستاپا ئەپەندى، — ئۇ بىچارىنىڭ چىرايى ساپسېرىق كەھرىۋادەك بولۇپ، يۈزىدە قان دىدارى قالماپتۇ. تاغىسىنىڭ ئوغلىغا، شۇنداق مۆمىن ئادەمگە ئۆز جېنىنى تاپشۇرامتى ئۇ؟! ئاجايىپ قۇۋ نەرسە، ئۇ ئابدى! ئاڭلىساق، بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ئۇ قاراقچى بالا ئابدىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ، كېيىن رەھمى كېلىپ ئۆلتۈرمەپتۇ. بىر ژاندارما ئەترىتى



قاراقچى بالىنى تۇتۇشقا ماڭدى، ئېتى نېمە ئىدى؟ مەممەت ئاۋاق دەمدۇ نېمە؟ ئابدى بۇنى ئاڭلىسا ئاقتۇزلۇ يېزىسىدىن چىقالامدۇ؟ يېزا باشلىقى ھۆسەيىن باتۇر ئادەم، ئۆلسىمۇ ئۆيىدىكى مېھمانىنى تۇتۇپ بەرمەيدۇ. ئابدى ئاجايىپ قۇۋ نەرسە، ساربىياغچە يېزىسىغا كېتەتتىمۇ؟ ھازىر بارساڭ ئۇنى خۇددى ئۆز قولۇڭ بىلەن قويۇپ قويغاندەك ھۆسەيىننىڭ ئوچىقىنىڭ بېشىدىن تاپىسەن.

— كىشىگە قىلسا، ئۆزىگە يانىدۇ، — دېدى ئەلى توكۇر، — ئۇ ماڭا قىلغانىدى، ئاللا ئۇنىڭغا ... خۇدايىم بۇيرۇسا كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە خار - زار بولار، بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر جاپا تارتار.

— سەن خاتىرجەم بول، غەم قىلما، كىشىگە قىلسا، ئۆزىگە يانىدۇ، — دېدى مۇستاپا ئەپەندى.

ئەلى توكۇر گەرچە ئابدى ئاغىنىڭ تۇرغان يېرىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە بىلىۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا كۆڭلى تىنچىمىدى، شۇ ئاۋاقنى بىكارغا بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويۇپ، چۇقۇر ئوۋانىڭ تۈزلەڭلىكىدە بالاغا تىقىپ قويىماي دەپ ئويلىدى.

ئەلى توكۇر مۇستاپا ئەپەندىدىن بىر ئاز ھالۋا، ئۇدۇلدىكى ناۋايدىن بىر نان ئېلىپ ئاقتۇزلۇ يېزىسىغا قاراپ يولغا چىقتى.

شەھەردىن چىقىپ بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن ئاقچەساز پاتقاقلىقى باشلىنىدۇ. چاتقاللار ئورماننى ئەسلىتىدۇ. سۈپسۈزۈك ساۋۇرۇن سۈيى چاتقاللار ئارىسىدىن بۇلغىنىپ چىقىدۇ ۋە ئاقچەسازنىڭ پاتقاقلىرىغا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئاقتۇزلۇ يېزىسى ئاقچەسازنىڭ چېتىگە جايلاشقان. بۇ يەردە بەزگەك بولمىغان ئادەم يوق دېيەرلىك.

يالغۇزدۇت قومۇشلۇقىغا كەلگەندە ئەلى توكۇر يولدىن ئادىشىپ قالدى. ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن ئىز تاپماقچى بولدى. بىر چىلبۆرىنىڭ ئىزىنى قوغلاپ ماڭدى، ئىز پاتقاقلىققا كىرىپ كەتتى. بۇ ئىزنى تاپقىنى ئۈچۈن بىر تەرەپتىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خاپا بولاتتى. كۆڭلىدە: «بۇ چىلبۆرە ساراڭ

بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دېيتتى. لېكىن، ئىزنى يوقاتمايتتى. چېلبۆرىنى تىللىغان پېتى ئىزغا ئەگىشىپ مېڭىۋەردى. ئاخىر بۇ ئىز ئۇنى قورۇقلۇققا ئاچىقتى. «بۇ دۈيۈز بۆرىدە بىر خىسلەت بار، ئادەتتىغۇ ھەممە چېلبۆرە ئەقىللىك كېلىدۇ» دەپ ئويلىدى ئەلى توكۇر.

گەپنىڭ قىسقىسى، ئەلى توكۇر ئىككىنچى كۈنى چاشكا ۋاقتىدا ئاقتۇزلۇق يېزىسىغا يېتىپ باردى. بۇ يېزىدا يىگىرمە بەش ـ ئوتتۇز ئۆيلۈك ئادەم بار ئىدى. ئۆيلەرنىڭ ئۈستى ئوت ـ چۆپ، قومۇش بىلەن يېپىلغان. ئادەتتە سازلىققا يېقىن يېزىلاردىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى يېڭى بولىدۇ، چۈنكى سازلىقتىن يېڭى ئوت ـ چۆپ ۋە قومۇشلارنى ئوروپ كېلىپ يېپىپ تۇرىدۇ. سازلىققا يىراق يېزا ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسىگە يېپىلغان ئوت ـ چۆپلەر بولسا كۆنگە قاقلىنىپ كۈل رەڭ بولۇپ قالىدۇ.

ئەلى توكۇر ئاقتۇزلۇق يېزىسىغا كەلگەندە ئەتراپ جىمجىت ئىدى. پاشا ـ چىۋىنلەرمۇ ئۇچمايتتى. پەقەتلا قاشالىرى قىڭغىيىپ كەتكەن كىچىككىنە بىر ئۆينىڭ ئىشىكىدىن بىر ئايال بېشىنى چىقىرىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى.

— يەڭگە، — دەپ چاقىردى ئايالنىڭ ئارقىسىدىن، — يەڭگە، ھۆسەيىن ئاغىنىڭ ئۆيى قەيەردە؟

ئايال ئىشىككە قايتا چىقتى، يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يېرىمى ئوت ـ چۆپ، يېرىمى قەلەي بىلەن يېپىلغان ئۆزۈن بىر ئۆينى كۆرسەتتى. ئەلى توكۇر يۈتنى سۆرەپ، دېمى كېسىلگۈدەك ھاياجان ئىچىدە شۇ ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۆينىڭ چوڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى. ئىشىك ئالدىدا بىردەم توختىدى، ئىچكىرىسىدىن ئۆزۈنتۇرا بىر ئادەم چىقتى ۋە:

— نېمە ئىشىڭ بار، بۇرادەر؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئابدى ئاغىنىڭ يېزىلىقى بولىمەن، ئۇنىڭغا بىر خەۋەر ئەكەلگەنىدىم، — دېدى ئەلى توكۇر.



— ئىچكىرىگە كىر!

ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە گىلەم سېلىنغان، مورا ئوچىقىدا گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان بىر ئۆيگە كىردى. ئوچاق بېشىدا ئوتقا ئېڭىشىپ ئاستاغىنا تەسۋى سىيرىۋاتقان، مۆكچىيىپ قالغاندەك لىڭشىپ ئولتۇرغان ئابدى ئاغىنى كۆردى. ئىشىك ئالدىدا خېلىغىچە ساقلاپ تۇردى. ئابدى ئاغا يەنىلا ئۇيقۇلۇق لىڭشىپ ئولتۇراتتى. ئارقىدىن كىرگەن ئۆزۈنتۇرا ئادەم:

— ئاغا، يېزىڭىزدىن بىرى كەپتۇ، — دېدى.

ئاغا ئاستا، خىرامان بېشىنى كۆتۈردى، كۆزلىرىنى ئەلىگە تىكتى. ئەلى توكۇر خۇددى بىر تەرەپكە يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك تۇراتتى. ئاغا دەسلەپ ئەلىنى تونۇيالمىدى، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ قارىدى. كېيىن تونۇپلا ئۆڭى ئۆچتى، بىرنەرسە دېمەكچى بولدى، بىراق دېيەلمىدى. دۇدۇقلاپ نېمە دېگەنلىكى ئاڭلانمىدى. ئەلى ئابدىنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. ئابدى ئاغىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، قولىدىكى تەسۋىسى چۈشۈپ كەتتى.

— قېنى، يېنىمغا كەل، ئوغلۇم، — دېيەلىدى ئاخىر، — يېزىدىن بىرەر خەۋەر ئەكەلدىڭمۇ؟

ئەلى ئابدىنىڭ يېنىغا — مورا ئوچاققا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى.

— قېنى، نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېدى ئابدى ئاغا.

ئەلى ئۆرە تۇرغان ئادەمگە قاراپ قويدى. ئابدى ئاغا بۇنى چۈشەندى ۋە ئۇ ئادەمگە قاراپ:

— مەخپىي سۆزلىشىدىغان گەپلىرىمىز بار، ئوسمان، سەن بىردەم چىقىپ تۇر، — دېدى.

ئۆزۈنتۇرا چىقىپ كەتتى، ئىشىكنى يېپىپ قويدى.

ئابدى ئاغا ئەلىگە تېخىمۇ يېقىن كېلىپ:

— ئەلى، نېمە خەۋەر؟ — دېدى ـ دە چىرايى ئۆزگىرىپ، قورقۇنچلۇق بىر تۈسكە كىردى.

— ياكى مېنىڭ ئىزىمنى قوغلاپ يۈرەمسەن؟

ئەلى تـوكۇرنىڭ چىرايى شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق تۈسكە كىردىكى، ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئىدى، چوپچوڭ بىر ئادەم ھازىرلا يىغلاپ تاشلايتتى.

— ئاغا، — دېدى ئۇ، — ئىز قوغلاشنىڭ كاساپىتىدىن بېشىمغا كەلمىگەن ئىش قالمىدى، يۇرتۇمدىن ئايرىلدىم، ئۇۋى - ماكانىمنى يوقاتتىم، ئەمدى جېنىمدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىمەن. مەمەت ئاۋاق مېنى چاغشاك يېزىسىدا تۇتۇۋېلىپ، سىزنىڭ دەگىرمەن ئولۇكقا ئەكەلدى: «ئابدى ئاغىنىمۇ تۇتىمەن، ئىككىڭلارنى بىرلىكتە ئۆلتۈرىمەن» دېدى. كېچىدە سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەرگە باردى، ئىشىكلەرنى چاقتى، ئۆيدىن ۋارقىراش - جارقىراشلار ئاڭلاندى. شۇ ئارىدا مەن قېچىپ كەتتىم. ھوسۇكىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالدىم. ھوسۇك باغلاقلىق قوللىرىمنى يېشىۋەتتى. ھوسۇككە: «سەن بېرىپ قاراپ باق، ئاغامنىڭ ئۆيىدە نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟» دېدىم. ھوسۇك بېرىپ قايتىپ كەلدى. «ئاغا ئۆيدە يوق ئىكەن. مەمەت ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋاپتۇ، ئىچكىرىگە ھېچكىم كىرەلمەيۋاتىدۇ. ئىچكىرىدىن ئاياللار، باللار چىرقىرىشىۋاتىدۇ» دېدى. يەنە ئىككى قاراقچى يېزىدا مېنى ئىزدەپ يۈرگۈدەك. شۇنداق قىلىپ، ئاغام، مەن ئۇ يەردىن قېچىپ كەتتىم. مەن يېزىدىن قېچىپ چىققان چاغدا يېزىدا قىيامەت قايىم بولغانىدى، چىرقىرىغان ئاۋازلار تاكى تۈۋەنكى ئېدىرلارغىچە ئاڭلىناتتى. بۇنىڭغا بىر چارە تاپسۇن، دەپ سىزنىڭ قېشىڭىزغا كەلدىم.

ئابدى ئاغىنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى، چىرايى ھەر خىل ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

ئەلى توكۇر يىغلاشقا باشلىدى، ھۆكىرەپ يىغلايتتى.

— بالىچاقام چاغشاك يېزىسىدا قالدى، ئاغام. مەندە نېمە گۇناھ؟ مەن قانداق قىلىپ يۇقىرى تەرەپلەرگە بارالايمەن، ئاغام! ماڭا بىر ئەقىل كۆرسەت، سېنىمۇ ئويلاۋاتىمەن، چۇقۇر ئوۋۇالىقلارنىڭ قولىدا نېمە كۈنلەرنى كۆرمىسەن، ئاغام! بىزغىمۇ



مەيلى، سېنىڭ ھالىڭغا قاراپ جېنىم سىرقىراۋاتىدۇ. شۇنداق چوڭ بىر ئاغىسەن، بەش يېزىنىڭ خوجايىنى. ھەممە يەردە، پۈتكۈل تاغلىق، يېزىلىقلار ئارىسىدا سېنىڭ مۇشتۇمدەك بالىدىن قېچىپ چۇقۇر ئوۋۇاغا مۆكۈنۈۋالغانلىقىڭ توغرىسىدا سۆز - چۆچەك بولۇۋاتىدۇ. ۋاي ئاغام، مەن نېمە بولسام مەيلىغۇ، سېنىڭ ئەھۋالىڭغا ئېچىنىپ يىغلاۋاتىمەن.

ئابدى ئاغىنىڭ يۈزى، بويىنى قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى. كۆزلىرى ياشلاندى.

— ئەلى بالام، ساڭا يامانلىق قىلدىم، ئۆيۈڭنى چاغشاكتىن يېزاڭغا كۆچۈرۈپ كەلگىن، ساڭا بىر خەت يېزىپ بېرىمەن. ئۆيدىكىلەر ساڭا ئۆزكۆز، ئورۇقلۇق بەرسۇن، مەندىن خاپا بولما. بالام! ماڭ، بېرىپ ئۆيۈڭنى كۆچۈرۈپ كەلگىن.

— يۇقىرى تەرەپكە قانداق بارالايمەن؟ ئۆيۈمنى قانداق كۆچۈرۈپ كېلەلەيمەن؟ ئۇ تومۇسىمىزنىڭ ئوغلى مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى ئەلى.

— قورقما! — دېدى ئابدى ئاغا، — ئۇنى تاغدا ئۇزاق ياشاتقۇزمايمەن. ئۇ تۆردى تەلۋە بىلەن ئارازلىشىپ قاپتۇ. تۆردى تەلۋىگە ئادەم ئەۋەتتىم، يېقىندا چىچەكلىنىڭ ئەترىتىدىنمۇ ئۇنى قوغلاشقا ئەۋەتىمەن. ئۇنىڭدىن قورقما، جېنىم تېنىمدە بولسىلا ئۇنى كەكلىكنى ئۇۋلاتقاندەك ئۇۋلىتىمەن. سەن زادىلا قورقما.

ئابدى ئاغا قولىنى يانچۇقىغا سالدى. بىر باغلام قەغەز پۇل چىقاردى. پۇلنىڭ ئارىسىدىن ئۇنچە يېشىل چەكنى سوغۇرۇپ ئالدى ۋە:

— بۇنى ئال ئوغلۇم ئەلى، ئۆزۈڭ خەجلە. ھازىر ساڭا دەيدىغان گېپىم بار. سەن تويتوغرا يېزىغا بارسەن، ئۆيدىكىلەرگە دېگىنكى، ئوچ قورۇ قوينى چۇقۇر ئوۋۇاغا ھەيدەپ بارسۇن. سەن ئۇ مەلئۇنغا كۆرۈنمە. خالىساڭ كېچىدە بار، سېنى ھېچكىم كۆرمىسۇن. ئۇ يەردىن مالايلارنىڭ بىرىنى ئۆزۈڭنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتكىن، چاغشاكتىكى ئۆيۈڭنى يېزىغا كۆچۈرۈپ

كەلسۇن. ئۆزۈڭ بالىلاردىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن. ئۇ مەلئۇن بالىلارغا نېمە قىلغاندۇ؟ ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن. تاماق يەپ بولۇپلا يولغا چۈش !

ئەلى توكۇر يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

— يۇقىرى تەرەپلەرگە مېنى ئەۋەتمە، ئاغام ! ئۇ مەلئۇننىڭ قولىدىن ئاران قۇتۇلدۇم، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دېدى.

ئابدى ئاغا خاپا بولۇپ:

— ھازىرلا ماڭ، ئېيتقانلىرىمنى ئورۇنلا ! قورقما ! بەلكى ھازىرغىچە ژاندارمىلار ئۇنى تۇتۇپ كەتكەندۇ، ئۇ قاراقچىلىقنى تەدىن بىلسۇن ! — دېدى.

— باراي - كېتەي، ئاغام، راست دەيسەن، ئۇ قاراقچىلىق قىلىشنى تەدىن بىلسۇن ! — دېدى ئەلى.

تاماق ئېلىپ كېلىندى. ئەلى تاماقنى تېز - تېز يېدى ۋە يولغا چىقتى.

— ئاغا، يېزىغا بېرىپ بىر خەۋەر ئەكېلىمەن.

ئەلى توكۇر ئۇچقاندەك ماڭاتتى، پۇتىنىڭ توكۇرلۇقىنىمۇ ھېس قىلمايتتى.

يولدا دەممۇ ئالماستىن، بىر يېرىم كۈن دېگەندە ئۆممەت سېرىقنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. يېرىم كېچە ئىدى. ئاستاغىنا ئىسقىرتتى. ئۆممەت ئىسقىرتنى تونۇدى، تاشقىرىغا چىقتى.

— سالامەت كەلدىڭمۇ؟ ئاستا گەپ قىل، ئىچكىرىگە ژاندارمىلار تولۇپ كەتتى. سەنلەرنى تۇتۇشقا چىقىپتىكەن، تۇتالماستىن قايتىپ كېلىپ ئۇخلىشىۋاتىدۇ. ئاسىم چاۋۇش سارالڭ بولاي دەپتۇ. بىراق ئادەملىرىڭ سامانلىقتا تاماشا قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارغا بىر قوزا سويۇپ بەردىم. سېنىڭ ھېلىقى مەمەت ئاۋاق دېگىنىڭ يامان تېمىسكەن، پولاتتەك يىگىتكە ئوخشايدۇ. سۆز قىلمايدۇ. ھېچ نەرسىگە ئارىلاشمايدىغان مىجەزى بار ئىكەن. بىراق، ئىچى دەردكە توشقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ، كۆزلىرىدىن مەلۇم. كۆزىدىن بىر ئۇچقۇن بىر يېنىپ، بىر



ئۆچۈپ تۇرىدۇ. كۆرۈپ قالارسەن. ئۇ چوقۇم بۇ تاغلاردىكى ئەڭ داڭلىق قاراقچى بولۇپ چىقىدۇ. قېنى سېنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ قوياي.

ئىككىسى سامانلىققا قاراپ مېڭىشتى. ئۆممەت سېرىق يەردىن ئىككى تاش ئالدى، ئۈچ قېتىم تاك - تاك قىلىپ ئۇردى. ئىشىك ئاستا ئېچىلدى.

— مەن كەلدىم، — دېدى ئەلى توكۇر.

— سالامەت كەلدىڭمۇ؟ — دېدى مەمەت ۋە ئىچىگە كىرىپ ئىشىكنى تاقاپ قويدى، — سېنىڭ ھېلىقى ئاغىنەڭ ئۆممەت بارغۇ، باتۇر، ئاجايىپ ياخشى ئادەم ئىكەن، ئەلى ئاغا. ئەگەر باشقىسى بولسا ئاللىقاچان بىزنى تۇتۇپ بەرگەن بولاتتى. خېلى بۇرۇنلا ژاندارمىلار بىلەن ئارىمىزدا بىر ئىش چىققان بولاتتى. بەكمۇ ياخشى چاغدا كەلدىڭ.

— بۇرادەر، — دېدى ئەلى توكۇر، — ئۇنى تاپتىم. ئاقتوزلۇ يېزىسىدىكى ھۆسەيىن ئاغىنىڭ ئۇچىقىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

مەمەت خۇشاللىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەيلا قالدى. يانچۇقىدىن بىر سەرەڭگە ئېلىپ ياقتى. بۇ ئەڭ چوڭ سەۋەنلىك ئىدى، چىراغ ئىشىك يېنىدا ئىدى، ئۇنى تېپىپ ياقتى.

جاپپار بىلەن رەجەپ چاۋۇش بىر بۇلۇڭدا، ئىككىسى بىر ئورۇندا ئۇخلاۋاتاتتى. مەمەت ئاستا باردى، جاپپارنى تۈرتتى. جاپپار دەررۇ سەكرەپ تۇرۇپ، قورقۇش بىلەن كۆزلىرىنى ئاچتى، يېنىدىكى مىلتىققا ئېسىلدى. مەمەت مىلتىقنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ھېچ نەرسە بولمىدى، جاپپار، بۇ مەن، — دېدى.

— نېمە بولدى، بىر ئىش بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى جاپپار.

— ئەلى توكۇر كەلدى ! — جاۋاب بەردى مەمەت.

— ئەلىمۇ؟

— ھەئە، ئەلى !

— تاپالاپتۇمۇ؟
— تېپىپتۇ.
— ئىشىمىز ئوڭدىن كەپتۇ دېگىنە.
— شۇنداق.
— ھازىرلا يولغا چىقامدۇق؟
— ھازىرلا ماڭىمىز.
— ھازىرلا يولغا چىقساق، رەجەپ چاۋۇشنىڭ ھالى خاراب، بويىنىنى مىدىرلىتالمايدۇ، ئۆلۈپ قالمەن دەپ قورقۇۋاتىدۇ، — دېدى جاپپار.
— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى مەمەت.
— ئۇنى مۇشۇ يەردە تاشلاپ كەتسەك قانداق؟ — دېدى جاپپار.
— قالمايدۇ، ئىش تېرىپ بېرىدۇ، — دېدى مەمەت.
— ئىلاجىمىز يوق، ئويغىتايلى.
— ئويغىتايلى، — دەپ قوشۇلدى مەمەت.
جاپپار چاۋۇشنى تۈرتۈپ ئويغاتتى. چاۋۇش ئويقۇلۇقتا سول يېنىدىن ئوڭ يېنىغا ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى.
— چاۋۇش، تۇر ئورنۇڭدىن! — دېدى جاپپار.
— ۋاي خۇدا! مەن ئۆلۈۋاتىمەن، جېنىم چىقالمايۋاتىدۇ.
— تۇر، چاۋۇش، ئورنۇڭدىن تۇر، جېنىم ئاداش، ھازىر يولغا چىقىشىمىز كېرەك، — دېدى جاپپار ۋە قولىدىن تۇتۇپ تارتتى.
— ئۇنداق قىلما، مەن سىلەرگە ئۆلۈۋاتىمەن دېدىمغۇ، جېنىم چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ غودۇڭشىشقا باشلىدى چاۋۇش.
— تۇر ئورنۇڭدىن، كۆزلىرىڭدىن ئايلىنىپ كېتەي يولۋاس چاۋۇشۇم، ئەتىرەت باشلىقى ئەمەسمىدىڭ! ئەتىرەت باشلىقى مۇشۇنداق قىلسا بولامدۇ! — دېدى جاپپار.
جاپپار رەجەپ چاۋۇشنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىشى بىلەنلا يەنە ئورنىدا يېتىپ ئۇخلاشقا باشلىدى.



— بىچارە، نەچچە كۈندىن بېرى بىرىنچى قېتىم ئۇخلىغىنى. ئۇ بىئارام بولۇپ يۈرەتتى، — دېدى مەمەت.
— قانداق قىلىمىز ئەمىسە؟ بۇ يەردە قالسۇنمۇ؟ — دەپ سورىدى جاپپار.
— بولمايدۇ، — دېدى مەمەت.
ئۇلار چاۋۇشنى بىلەكلىرىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزدى، قۇلىقىغا ئېگىلىپ بىرنەچچە قېتىم ۋارقىرىدى:
— چاۋۇش، ھەي چاۋۇش، ئابدى ئاغا ئاقتۇزلۇ يېزىسىدا ئىكەن، ئاقتۇزلۇدا ... ھازىر ئەلى كەلدى، ئەلى توكۇر ...
رەجەپ چاۋۇش كۆزلىرىنى ئېچىپ:
— نېمە؟ — دەپ سورىدى.
— ئابدىنىڭ تۇرغان يېرىنى تاپتۇق، ئاقتۇزلۇدا ئىكەن، — دېدى مەمەت.
— ئەلى توكۇر تېپىپتۇمۇ؟ — دېدى چاۋۇش.
— ھەئە، ئەلى توكۇر تېپىپتۇ، — دېدى مەمەت.
— تاپمىغان بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلغانىدىم. ئەمدى جېنىنى قۇتۇلدۇردى، — چاۋۇش ئورنىدىن تۇردى، زەھەر ئىچكەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. بويىنىنىڭ ئاغرىقىنى بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشاتتى.
— بالىلار، يولغا چىقماستىن تۇرۇپ شۇ يارامغا دورا سۈركەپ قويۇڭلار. ئەمدى رەجەپ چاۋۇش ئۆمرىدىكى ئەڭ ياخشى ئىشنى قىلىدۇ. ئابدى كاپىرنى ئۆلتۈرىدۇ. ھازىرغىچە ھەرقانچە گۇناھ قىلغان بولساممۇ، ئاللاتائالا بۇنىڭ بىلەن مېنى كەچۈرۈۋېتىدۇ.
— توختاپ تۇرۇڭلار، يارىغا مەن دورا سۈركەپ قوياي، — دېدى ئەلى توكۇر.
— ئەلى رەجەپ چاۋۇشنىڭ تىزىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى.
— ھەي ئەلى، — دېدى چاۋۇش، — ئەگەر ئۇنى تاپمىغان بولساڭ ئىشىك چاتاق، چوقۇم سېنى ئېتىپ تاشلايتتىم.
— تاپتۇق. پىقىرلارنىڭ دۈشمىنىنىڭ [illegible]

بېرىڭلار ! — دېدى ئەلى توكۇر.

— شۇنداق بىر ئاتايكى، كۆرۈپ قالارسىلەر. — دېدى چاۋۇش.

ئەلى ئۆتۈك مىيى قۇتىسىدىن مەلھەم دورىنى ئېلىپ يارىغا ياخشىلاپ سۈركىدى، كېيىن تېڭىپ قويدى.

— قېنى تۇرۇڭلار، تېز بولۇڭلار. ئۇ كاپىرنىڭ بىر مىنۇت ياشىشىمۇ زىيانلىق ! — دېدى چاۋۇش.

ئۇ ئىتتىك ئىشىك ئالدىغا چىقتى. ئۇلار ئۇممەتكە «خوش !» دېيىشىمۇ ئۇنتۇپ يولغا چىقىشتى.

— مۇشۇ كۈننى ... — دېدى جاپپار.

— مۇشۇ كۈن ئۈچۈنمۇ خۇداغا مىڭ رەھمەت. — دېدى ئەممەت.

ئەممەت نېمە قىلىشىنى بىلمەيتتى. ئىچ - ئىچىگە سىغمايتتى. ھەممىسىنىڭ ئالدىدا ئۇچقاندەك ماڭاتتى. ئەلى توكۇرمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالمايتتى.

— ماڭا ئون لىرا بەردى، — دېدى ئەلى ۋە بولۇپ ئۆتكەنلەرنى، توقۇغان يالغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ ھەممىسىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

ئۇلار يالغۇزدۇتنىڭ يېنىغا كېلىشكەندە ئاچلىقتىن ھالى قالمىدى. ئۇلار خۇشاللىقىدىن ھېچ يەردە توختىمىغان، كۆندۈزلىرى مۈكۈنۈۋېلىپ، كېچىلىرى ئېدىرلىق ۋە چاتقاللارنى كەزگەنىدى.

— قورقماڭلار، ھازىر بېرىپ نان ئەكېلىمەن، سىلەر شۇ ئويماندا ساقلاپ تۇرۇڭلار. — دېدى ئەلى توكۇر.

ئۇلار يالغۇزدۇت دېگەن يېزىغا باردى. بىر سائەتلىك يولنىڭ نېرىسىدا، ئاناۋارزا قەلئەسىنىڭ ئۈستىدە ئاقتۇزلۇ يېزىسى كۆرۈنەتتى. ئەلى يېرىم سائەتتىن كېيىن لىق بىر خالتا نان بىلەن بىر خالتا سۈزمە كۆتۈرۈپ كەلدى.

— سۈزمىنى ئوغرىلاپ كەلدىم، ئۈينىڭ تۈۋرۈكىگە ئېسىپ



قويۇپتىكەن، ئۇز ئۆيۈمدىكىنى ئالغاندەك ئالدىم.

ئۇلار يېمەكلىكلىرىنى يەپ بولۇشتى، بىر ئورامدىن موخوركا چېكىشتى.

رەجەپ چاۋۇشنىڭ يارىسى چىدىغۇسىز ئاغرىۋاتقانلىقى چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى، چىشلىرىنى چىشلەپ، يۈزىنى پۈرۈشتۈرەتتى، تىنىماي كوتۇلدايتتى.

— مەن ئەترەت باشلىقى. ئەگەر ئىشىمغا ئارىلىشىدىغان بولساڭلار، قالغىنىنى ئۆزۈڭلار بىلىڭلار. شۇنچە يامانلىقلارنى قىلدىم، ئەمدى بىر ياخشىلىق قىلاي. ھەربىر دېگەن سۆزۈمنى ئىجرا قىلىسىلەر، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — كېيىن ئۇ جاپپار بىلەن ئەممەتتىن ئايرىم - ئايرىم «ئاڭلىدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى، ھەر ئىككىسى «ئاڭلىدۇق» دەپ جاۋاب بەردى.

رەجەپ چاۋۇش شۇنداق دېدى:

— بىز كەچ كىرگۈچە مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇرىمىز، كەچ كىرگەندە يېزىنىڭ چېتىدىكى چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ مۈكۈنۈۋالىمىز. سىلەر گەپ - سۆز قىلماڭلار. مەن بۇ يەرنىڭ ھەممە يېرىنى بەش قولدەك بىلىمەن، چۈشەندىڭلارمۇ؟ ئاۋۇ كۆرۈنگەن جەيھاننىڭ ئارىلى. ئاناۋارزانىڭ ئارقىسىدا ھاجىلار يېزىسى بار. ھاجىلارنىڭ يۇقىرىسىغا ماڭساق تاغقا چىقىپ كېتىمىز. ئۇ كاپىرنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئەنە شۇ يوللارنى بېسىپ ئۆتىمىز. ۋەقەدىن كېيىن ئەڭ ئاز دېگەندە بىر روتا ژاندارما چىقىدۇ. ئۇ چاغدا قۇتۇلۇش قىيىن بولىدۇ. ئەمما، بۇ يەرلەرنى مەندەك بىلىدىغان ئادەم يوق، بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە بىلىمەن. سۆزۈمدىن زىنھار چىقمايسىلەر. چولاق بۇرادىر مېنىڭ سۆزۈمگە كىرمىگەنىدى، ئاخىر ئەترىتىنى مەغلۇپ قىلىپ ئۆزىمۇ ئېتىلىپ كەتتى. چۈقۇر ئوۋۋا دېمەك، رەجەپ چاۋۇش دېمەكتۇر. بۇنىمۇ يادىڭلاردىن چىقارماڭلار !

ئۇلار تۇرغان يەر بىر قىيان ئازگىلى ئىدى. قىيان سۇنىڭ ئاق شېغىل تاشلارنى، قارىغاي پوستلىرىنى، قومۇش ۋە ئازغان

يىلتىزلىرىنى بۇ يەرگە ئېقىتىپ كېلىپ چاتقاللارنىڭ تۈۋىگە يىغىپ قويغانىدى. كېيىن كەلگەن قىيانلار چاتقاللارنىڭ يىلتىزىغا ئۇرۇلۇپ، ئۇنى قومۇرۇۋېتەلمەستىن، ئېقىتىپ كەلگەن ھەممە نەرسىنى ئۇنىڭ تۈۋىگە يىغىپ قويۇپ، ئۈستىدىن ئېقىپ ئۆتكەن. ئارگالغا پاتمىغاندا يېنىدىكى ئېتىزلارنىڭ تەكتىنى يالاپ ئويمان ھاسىل قىلغان. ئۇلار ئەنە شۇ ئويماندا ئىدى.

كەچ كىردى، كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئويمانلىق پۈتۈن تۈزلەڭلىكنىڭ يۈزىنى زىننەتلەپ تۇراتتى. يۇلۇنلارنىڭ چۈرىلىرىمۇ يورۇدى ۋە تۈزلەڭلىكنىڭ نېرىقى چېتىگە بېرىپ يەتتى.

— ئۇزاقتىن بېرى چۆقۇر ئۇۋادا كۈننىڭ ئولتۇرۇشىنى كۆرمىدىم، — دېدى چاۋۇش، — كۈن يەر ئۈستىدە مەلۇم ۋاقىت تۇرىدۇ، ئۇ يەردە قىزىرىدۇ، قاندەك قىزىلغا ئايلىنىدۇ، كېيىن بىردىنلا ئولتۇرۇپ كېتىدۇ. تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن بىر تاماشا قىلىۋالاي. بەربىر ئۆلۈپ كېتىمەن، بىر كۆرۈۋالاي، تۇرۇپ تۇرۇڭلار.

جاپپار كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىگە كۈلىسەنوي ئىتنىڭ كۈچۈكى؟ — دەپ خاپا بولدى چاۋۇش.

— ئەلى توكۇرغا كۈلۈۋاتىمەن، — دېدى جاپپار.

چاۋۇش جىم بولۇپ قالدى.

دېگەندەك كۈن ئولتۇردى، قاراڭغۇ چۈشتى. چاۋۇش بېلىنى تۇتۇپ، كۈنگە تىكىلگەن پېتى ھەيكەلدەك تۇرۇپ قالدى.

— ئۆلۈشنىڭمۇ ئۆلىمەن، چۆقۇر ئۇۋادا كۈننىڭ ئولتۇرۇشىنى بىر كۆرۈۋالدىم ـ دە ... — دېدى چاۋۇش.

ئۇلار يالغۇزدۆت تۈزلەڭلىكىدىن ئۆتتى. بىر پاتقاقلىققا يولۇقۇشتى. پاتقاقلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاقتۇزلۇ يېزىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى كۆرۈندى. بىرنەچچىلا ئۆيدىن



سۇس چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. باشقا نەرسىلەر قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۇلار قاتتىق چارچىغانىدى، دۈمبىلىرىنى يۆلغۇنغا يۆلەپ ئولتۇرۇشتى. ئەلى توكۇر تاماكا چەكمەكچى بولغانىدى، ئاستا ئىڭراپ ئولتۇرغان چاۋۇش ۋارقىراپ كەتتى:

— ھەي دۆيوز توكۇر ، ھازىر سېنى يەرگە ياتقۇزۇپ قويىمەن جۇمۇ. قولۇڭدىكى سەرەڭگىنى يانچۇقۇڭغا سال !

توكۇر ھېچ نەرسە دېمەستىن سەرەڭگىنى يانچۇقىغا سالدى.

— سىلەرگە يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، — دېدى چاۋۇش قوپال ئاۋازدا، — ھەرقانداق ئادەم مېنىڭ سۆزۈمدىن چىقىدىغان بولسا، دادام بولسىمۇ ئېتىۋېتىمەن. قېنى ئېيتىڭلارچۇ، مەن سىلەرنىڭ باشلىقىڭلارمۇ ـ ئەمەسمۇ؟

— ئەلۋەتتە باشلىقىمىز سەن، چاۋۇش ! — دېيىشتى.

چاۋۇش شۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن بىرىم سائەتچە ئويلىنىپ قالدى. كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ مەمەتتىن سورىدى:

— بۇ ئەلى توكۇر كېيىنمۇ ئىشىڭغا يارامدۇ؟

— يارايدۇ، — دېدى مەمەت.

— قاراقچى ئۈچۈن ھەردائىم ئەلى توكۇردەك بىر ئادەم كېرەك، — دېدى چاۋۇش.

چاۋۇش يەنە جىم بولۇپ كەتتى. ئۇزاققىچە جىم بولۇپ كەتتى. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، بۇنىڭغا جاپپار چىدىيالماستىن:

— نېمە بولدى چاۋۇش، ئۇخلاپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى.

بۇ سۆزگە چاۋۇش بەكمۇ خاپا بولدى:

— ھەي ئىتنىڭ كۈچۈكى، بۇ تۈزلەڭلىكتىكى چوڭ بىر يېزىدىن ئادەم ئەپقېچىش ئاسان گەپمۇ؟ ئۇخلىمىدىم، پىلان تۈزۈۋاتىمەن، — دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

يەنە ئويغا چۆمدى، بىرھازادىن كېيىن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بېشىنى كۆتۈردى. ھەممە ئادەمنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى.

يۈلتۈزلارنىڭ يورۇقىدا ھېچقايسىسىنىڭ چىرايىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

— باللار! — دەپ سۆز باشلىدى چاۋۇش. ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق ئىدى، خۇددى ئانىلارچە مېھرىبانلىق چىقىپ تۇراتتى، — ئەمدى مېنىڭ ئىشىم تۈگىدى، بۇ يارا مېنى ساق قويمايدۇ، ئەكېتىمدۇ، بۇنى ياخشى بىلىمەن. سىلەرنى كۆپ ئويلايمەن، مەمەت ئاۋاقنى كۆپرەك ئويلايمەن. ئۇنىڭ قەلبىدە ياخشىلىق بار. شۇنچە يىلدىن بېرى بەش يېزىنىڭ ئەرلىرىنىڭ ئىچىدىن پەقەت مۇشۇ باللا زالىمغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۆلمەي قالسامىلا ئۇنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسرايمەن، لېكىن مەن ئۆلۈپ كېتىمەن.

كېيىن ئەلى توكۇرغا يۈزلەندى:

— ئەلى توكۇر، سەن ئەقىللىق ئادەمسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن قاراقچىمۇ ئەمەسسەن، مەمەتكە كۆپ ياردەم قىلالايسەن.

— قولۇمدىن كەلگەن ھەممىنى قىلىمەن، ئۆيۈمنىڭ بۇزۇلۇشى، يېزامدىن ھەيدىلىشىم يۈرىكىمگە تۈگمەن تېشىدەك ئورناپ كەتتى، — دېدى ئەلى توكۇر.

— ئەمدى ئۆز ئىشىمىزغا كېلەيلى. يېرىم كېچىگە يېقىن ھۇسەيىن ئاغىنىڭ ئۆيىگە بارىمىز، ئىشىكنى ئاچتۇرىمىز، ئابدىنى ئىچىدىلا ئېتىپ تاشلاپ قايتىپ چىقىمىز، ئەلى توكۇر بىز بىلەن بارمىسۇن، — دېدى چاۋۇش.

— يېرىم كېچە بولاي دەپ قالدى، ئەمدى ماڭايلى، چاۋۇش، بولامدۇ؟ — دېدى مەمەت.

چاۋۇش ئورنىدىن تۇردى، ئوقدانلىرىنى تۈزىدى، تاپانچىسىغا ئوق سالدى. بومبىلىرىنى تۇتۇپ باقتى، يانچۇقلىرىنى ئاختۇردى.

— توكۇر، سەرەڭگەڭنى ماڭا بەر، — دېدى چاۋۇش، — سەرەڭگەڭنى بەر - دە، بۇ يەردە تۇرما، يولۇڭغا ماڭ، نەگە بارساڭ مەيلى.



توكۇر سەرەڭگىسىنى چىقىرىپ بەردى ۋە:

— غەلىبە قىلىشىڭلارنى تىلەيمەن، — دېدى - دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ مېڭىپ كەتتى.

— يەنە كۆرۈشەرمىز، سالامەت بول! — دېدى مەمەت.

— كۆرۈشەرمىز! — دېدى ئەلى توكۇر.

ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارمۇ يېزىغا قاراپ يولغا چۈشتى. سالقىن شامال چىقىۋاتاتتى. شامالدا يېزا ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىدىن ھەر خىل ئاۋازلار ئاڭلىناتتى.

يېرىم قەلئەيلىك ئۆگزىلىك ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاشتى.

— مەمەت، سەن ئىشىكنى چەك، — دېدى چاۋۇش، — جاپپار، سەن ھازىر بول، ئاۋۇ توپا دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ پايلاپ يات. بۇ ئۆيگە كىم كەلسە، كۆز ياشلىرىغا قارىماستىن ئاتقىن. كۆرۈنگەن سايىنى يىقىتقىن.

مەمەت يەردىن بىر تاش ئېلىپ ئىشىكنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۆينىڭ قاڭالتىرلىرى يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا پارقىراپ تۇراتتى. ئىشىكنىڭ تاقىلداشلىرى يېزىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كىم؟ بۇ يېرىم كېچىدە كەلگەن؟

— مەن قېرىنداش ئابدى ئاغىنىڭ بىر يېزىلىقى، ئىشىكنى ئاچ، خەۋەر ئەكەلدىم، — دېدى چاۋۇش.

— تاڭ ئاتقاندا كەل، — دېدى ئىچكىرىدىكى كىشى.

دەل شۇ چاغدا يېزىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە بىر ئىت ھاۋشىدى.

— بەكمۇ ئالدىراش ئىشىم بار، ھازىر ئاغىنى كۆرۈشۈم كېرەك، بۇرادەر، ئىشىكنى ئېچىۋەتكىن، — دېدى چاۋۇش.

ئىچكىرىدىكى ئادەم ئىشىكنى ئېچىپ، شۇ زاماتىلا تاقىۋالدى ۋە ئىچىدىن ئىلمۇۋالدى.

— ئاھ، مېنىڭ شۇ يارام، — دېدى چاۋۇش، — يارام

بولمىغان بولسا ئىچىگە كىرىپ كېتەتتىم، ۋايجان، يارام. مەيلى، كېرەك يوق، ھازىر مەن ئۇلارغا ئىشىكنى ئاچتۇرىمەن.

چاۋۇش بارلىق كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى:

— مەن قاراقچىلارنىڭ باشلىقى رەجەپ چاۋۇش بولىمەن، ئاڭلىمىغان بولساڭلار ئاڭلاپ قويۇڭلار، كاپىر ئابدىنى ماڭا تاپشۇرۇڭلار، تاپشۇرمىساڭلار ئۆزۈڭلار بىلىڭلار، ھۆسەيىن ئاغا بىلەن كارىم يوق، ئىشقىلىپ، شۇ دىنسىزنى بىزگە تاپشۇرۇڭلار!

مەمەتمۇ ۋارقىرىدى:

— مەن مەمەت ئاۋاقمەن! ئانامنىڭ، سۆيگەن قىزىمنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلدىم! ئۇنىڭدىن باشقا يېزىلىقلىرىمنىڭ ئىنتىقامىنى، بىچارە كەمبەغەللەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماق ئۈچۈن كەلدىم! ئۇنى سىرتقا چىقىرىپ بېرىڭلار! ئۇ چىقمىغۇچە بىز بۇ يەردىن كەتمەيمىز.

ئىچكىرىدىن:

— بۇ ئۆيدە ئابدى ئاغا يوق، بېرىپ ئىشىڭلارنى قىلىڭلار، ئۇ بۇ يەردە يوق، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— مېنى رەجەپ چاۋۇش دەپ ئاتايدۇ، مەن قاراقچىلارنىڭ پىرىمەن، ئۇ كاپىرنى ئالماستىن كەتمەيمەن. ھەي مەمەت! بومبىنى چىقىرىپ ئىشىك تۈۋىگە قوي، ئىشىكنى قومۇرۇۋېتەيلى!

ئىچىدىكى ئادەم ۋارقىرىدى:

— ئۆيدە ئابدى ئاغا يوق، بالىچاقىلىرىم بار.

— ئۇنداق بولسا ئىشىكنى ئاچ، — دېدى چاۋۇش.

— ئاچمايمەن! — دېدى ئىچىدىكى ئادەم.

— مەمەت! — دېدى چاۋۇش، — بومبىنى ئوت ئالدۇرۇپ ئىشىككە قوي!

— مەن تەييار، چاۋۇشۇم، قويايمۇ؟ — دېدى مەمەت.

— بول چاققان! — دەپ ۋارقىرىدى چاۋۇش.

دەل شۇ چاغدا ئىچكىرىدىن قورالنىڭ شاراقلىغان ئاۋازى



ئاڭلاندى.

— مەمەت، يەرگە يات! تېز يات! ئۇ كاپىر ئېتىۋاتىدۇ! — دېدى چاۋۇش.

ئىچكىرىدىن سىرتقا ئوق يېغىۋاتاتتى.

— مەمەت، بومبىنى ئات! — دېدى چاۋۇش.

ئىچكىرىدىن ئاۋاز ئاڭلاندى:

— بالىچاقىلىرىمنىڭ جېنىغا زامىن بولماڭلار! بىز سىرتقا چىقايلى! سىلەر نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار! ئابدى ئاغا، سەنمۇ ئوق چىقارما! بىز ئالدى بىلەن چىقايلى! ئاندىن سىلەر نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار!

ئىچكىرىدىن ئېتىلغان ئوقلار توختىدى، ئىشىك ئېچىلدى. ئۇيقۇلۇق بالىلار، كۆڭلەكچان ئاياللار سىرتقا چىقىشتى ۋە ئىتتىك ئۆيدىن يىراقلاشتى. ئەڭ ئاخىرىدا بىر بوۋاي بىلەن ئىككى ياش يىگىت چىقىشتى.

— ئابدى ئۆينىڭ ئىچىدە قالدى، كىرىپ ئىشىڭلارنى پۈتكۈزۈڭلار، — دېدى بوۋاي.

بوۋاينىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئۆي ئىچىدىن يەنە ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. ئابدى ناھايىتى تېز ئوق ئاتاتتى.

ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان دېھقانلار ھۆسەيىن ئاغىنىڭ ئۆيىگە قاراپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى «قاراقچىلار بېسىپ كەپتۇ» دەپ ۋارقىرىغانىدى، دېھقانلار ئۆز ئۆيلىرىگە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. بىردەمدىلا ئەتراپتا ھېچكىم قالمىدى.

— مەمەت، ئىشىكنى نىشانلاپ ئېتىۋەر! — دېدى چاۋۇش.

— بۇنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئۇ كاپىر ئىچىدە، ئۇچىمىزنى ئېتىۋېتىدۇ! — دېدى مەمەت.

— دېمەك، ئېتىۋېتىدىكەن - دە! — دەپ زاڭلىق قىلدى ۋە، — سەن ئىشىكنى ئوققا تۇتۇۋەرگىن، مەن ئۇنىڭغا ھازىر كۆرسىتىدىغاننى كۆرسىتىمەن! گېپىمگە قوشۇق سالما، نېمە قىل دېسەم شۇنى قىل! ئىشىككە ئۈزمەي ئوق ئات! — دېدى.

چاۋۇش ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— دېمەك، ئابدى، سەن تېخى ئايغىمغا يېقىلىشنىڭ ئورنىغا ماڭا ئوق ئاتامسەن؟ ئۆيىنىڭ ئىچىگە مۆكۈنۈۋېلىپ ئوق ئېتىۋاتىسەن، ئەمدى مەن ساڭا كۆرسىتىپ قوياي.

ئۆيىنىڭ يېنىغا بوراندەك ئۇچۇپ باردى.

مەمەت ئىشىككە ئۆزمۇ ئوق ئاتاتتى ۋە چاۋۇشنىڭ نېمە قىلىشىنى ھەيرانلىق بىلەن كۈتتى.

ئابدى ئاغىمۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدىن ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقىراتتى، جاپپار بولسا يېزىغا كۆز تىكىپ مىدىرلىماستىن ياتاتتى. مەمەت ئىشىكنىڭ يېنىغا مۆكۈنۈۋالمىغان بولسا ئاللىقاچان ئوق يېگەن بولاتتى.

مەيداندا يا ئايال، يا بالا، ھېچكىم قالمىغان، پۈتۈن يېزا ئۇلار يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتىكىدەك يەنە جىمجىتلىققا چۆككەنىدى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتتى، مەمەت ئىشىككە قارىتىپ توختىماستىن ئوق ئاتاتتى. ئەمدى بۇنىڭ ئاخىرى نېمە بولار؟ چاۋۇش ئۆيىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىپ، چىقمىدى. بىردەمدىن كېيىن مەمەت بىكاردىن - بىكارغا ئوق ئېتىشتىن زېرىكتى ۋە ئېتىشنى توختاتتى. چاۋۇش ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، ئوقنى توختاتما! ئوقنى توختاتما!

مەمەت ئوقنى خۇشياقماستىن يەنە ئېتىشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا ئۆجمە دەرىخىنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئاۋاز چىقتى:

— ناڭ ئانقۇچە ئوق ئېتىڭلار قېنى، ئابدىنى سىرتقا چىقىرالامسىلەر؟

— سەن كىمسەن؟ — دېدى مەمەت.

— ھۆسەيىن ئاغا، كۆرد رەشىتتىن كېيىن چۇقۇر ئوۋاغا ھېچقانداق قاراقچى كەلمىگەنىدى. ھەتتا كۆرد رەشىتنىمۇ چۇقۇر ئوۋا يەپ كەتتى. ناڭ ئېتىش بىلەن بۇ تۈزلەڭلىكتە سىلەرنى خۇددى ئامۇت قاققاندەك تۆكۈۋېتىدۇ. تاشلاپ كېتىڭلار.



ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىن رەجەپ چاۋۇشنىڭ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— جاپپار، ھەي جاپپار! شۇ جوھۇتنى سۆزلەتمە! ئاغزىنى تۇۋاقلا!

جاپپار ئۆجمە دەرىخىنىڭ ئاستىنى ئوق چەمبىرىكىگە ئالدى. دەل شۇ چاغدا بولار ئىش بولدى. بىراقلا ئۆيىنىڭ ئۈستىدىن، يېنىدىن، ئالدىدىن قىپقىزىل يالقۇنلار لاۋۇلداپ كەتتى. بىر دەقىقە ئىچىدە پۈتۈن ئۆي ئوت ئىچىدە قالدى.

— ھۆسەيىن ئاغا، ھەي ھۆسەيىن ئاغا! قېرى دۈيۈز، — دەپ ۋارقىرىدى چاۋۇش. — بۇلار كۆرد رەشىتنى ئۆلتۈرگەن بىلەن مېنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ. مېنىڭ ئىسمىم رەجەپ چاۋۇش، چۇقۇر ئوۋانىڭ بۆرىسىمەن، بۇ كېچە يا ئابدىنى ئۆلتۈرىمەن، يا بۇ يېزىنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن.

ئۆجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى ئادەم قاتتىق ۋارقىرىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاياللار، باللار، پۈتۈن يېزا خەلقى ۋارقىراشقا باشلىدى:

— مەمەت! — دېدى چاۋۇش، — ئوقنى توختات، شۇ كاپىر تۇنجۇقۇپ سىرتقا چىقسۇن!

مەمەت ئوقنى توختاتتى.

شامال تېرەك بويى كۆتۈرۈلگەن يالقۇنلارنى ئوڭ ۋە سولغا ئۇچۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۆيىنىڭ يېنىدىكى بىر ئۆيگىمۇ ئوت تۇتاشتى. خېلىدىن كېيىن ئوت ئۈستىدىكى ئۆيگە تۇتاشتى. ئون بەش - يىگىرمە مىنۇتنىڭ ئىچىدە ئونغا يېقىن ئۆيگە ئوت تۇتىشىپ، كۆيۈشكە باشلىدى.

جاپپار بىلەن مەمەت يوشۇرۇنۇپ ساقلاپ ياتاتتى. رەجەپ چاۋۇش ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا پىر - پىر ئايلىنىپ يۈرەتتى ۋە ۋارقىرايتتى:

— ئابدى، چىق تاشقىرىغا! چاراسلاپ كۆيۈپ كېتىسەن. چىقىپ مەمەتنىڭ ئايغىغا يىقىل، بالكى قېتىڭدىن كېچەر.

ئېچكىرىدىن سادا چىقمايتتى. بەزىدە ئوق رەجەپ چاۋۇشنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ۋىڭىلداپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئوت يالقۇنلاپ، ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ ئاسمان - پەلەككە چىقاتتى، ئەگىم - ئەگىم يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى، قاراڭغۇ ئاسماندا پارچىلىنىپ ئۇچاتتى. ئاسمان كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. ئاناۋارزانىڭ قوڭغۇر قىيالىقلىرىدىن جەيھان دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى چاتقاللىقلارغىچە ئاپپاق يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇقنى كېسىپ ئۆتەتتى.

ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپلا سىرتقا چىققان ئادەملەر توپى كۆزگىلەكچان، تامبالچان ئۆيان - بۇيان يۈگۈرۈيتتى. كۆيۈۋاتقان ئۆيلەردىكى نەرسىلەرنى توشۇيتتى. يېزىنىڭ ئىچىدە قىيامەت قايىم بولۇۋاتاتتى.

— ئابدى، ناشقىرىغا چىق! بولمىسا كاۋاپ بولۇپ كېتىسەن. ناشقىرىغا چىق! — دەپ توختىماستىن ۋارقىرايتتى چاۋۇش. كېيىن مەمەتكە قاراپ:

— ئۆينىڭ ئىشكىدىن باشقا چىقىدىغان ھېچقانداق تۆشۈكى يوق، مەمتىم، بوشىشىپ كەتمە! ھازىر ئۇ سىرتقا چىقىدۇ. ئىشىك ئالدىدىلا ئەدىپىنى بەرگىن! — دېدى.

— ماقۇل! — دېدى مەمەت.

قېرى بىر ئايال ئۆجمىنىڭ ئاستىدىن يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە كۆيۈۋاتقان ئۆينىڭ ئىچىگە كىردى، رەجەپ چاۋۇش ئايالغا ھېچ نەرسە دېيەلمىدى. ئايال ئۆينىڭ ئىچىدىن بىر تۇشەك كۆتۈرۈپ چىقىپ، يۈگۈرگىنىچە ئۆجمە دەرىخىنىڭ ئاستىغا ئەكەلدى. كېيىن ياغاچ دەرىخىدىن ياسالغان ساندۇقنى ئاچىقتى. كورپىلارنى، گىلەملەرنى، يەنتوسلار ۋە يوتقان - كۆرپىلەرنى ئارقا - ئارقىدىن توشۇيتتى. ئەڭ ئاخىرىدا تۈرۈلگەن يوغان بىر يوتقاننى قولتۇقىغا قىسىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوت ئىشىككە تۇتاشتى.

مەمەت بىلەن جاپپار تۇرغان يېرىدە، رەجەپ چاۋۇش بولسا



ئۆينىڭ يېنىدا خېلى ئۇزاق ساقلاپ تۇرۇشتى. ئۆيدىن يا ئابدى چىقمىدى، يا بىرەر ئىش سادىر بولمىدى. ئۆينىڭ ئۈستى كۆيۈشكە باشلىدى. ئاخىر گۈمبۈرلۈپ چۈشتى، ئوچۇق قالغان ئىشكتىن ئابدى چىقمىدى. يەنە ساقلاشتى، تاملار كۆيۈپ ئىچىگە ئۆرۈلدى. ھېچكىم يوق ئىدى.

شامال خېلى قاتتىق چىقىۋاتاتتى. ئوت يالقۇنلىرى ئۆيدىن - ئۆيگە تۇتىشىپ، يېزىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئوت كەتتى. خۇددى چوقۇر ئوۋانى ھېلىقى قىزىل كۈن نۇرى يورۇتقاندەك ئەتراپ يوپيورۇق ئىدى. ھەممە يەر ئايدىڭ ئىدى. ئۆجمە، سۆگەت دەرەخلىرىنىڭ ئۇزۇن سايىلىرى يەرگە چۈشۈپ تۇراتتى، ئادەملەرنىڭ سايىلىرىمۇ بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

شامال گويا ئوت - تۇتەك يالقۇنىنى يىراق بىر يەردىن ئۇچۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك پىشقىرايتتى.

— ئىسىت، قاچۇرۇپ قويدۇق! — دېدى مەمەت.

— قاچۇرۇپ قويدۇق! — دېدى جاپپار.

— ئۇ چىقىپ كەتكۈدەك تۆشۈكمۇ يوق ئىدى، — دېدى چاۋۇش. — ئۆينىڭ بىر يېرىنى تېشىپ قېچىپ كەتمىسۇن دەپ توختىماستىن ئۆينىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردۈم. سىرتقا چىقمىدى. ئۆي ئىچىدە كۆيۈپ كەتتى، قولىمىزغا چۈشۈشتىن كۆرە، كۆيۈپ كېتىشنى ئەۋزەل كۆردى.

— بەلكى شۇنداقتۇ، — دېدى جاپپار.

— بەلكى شۇنداقتۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشنى خالايمەن، — دەپ ئاھ ئۇردى مەمەت. — ئىسىت، شۇ مەلئۇننىڭ كاساپىتىدىن پۈتۈن بىر يېزا كۆيۈۋاتىدۇ.

— كۆيۈۋاتىدۇ، — دېدى جاپپار.

— مەيلى كۆيسۇن، پۈتۈن چوقۇر ئوۋانىڭ تاش - تۆپىرىقى كۆيۈپ كۈل بولسۇن — دېدى رەجەپ چاۋۇش.

— كەمبەغەللەر قانداق قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— ئەسلىدىمۇ ئۇلارنىڭ ھېچنېمىسى يوق ئىدى، ئۆيلىرىنى يوقاتقانغا نېمە بوپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ھېچ نەرسە ئۆزگەرتەلمەيدۇ، يەنە ئاۋۋالقىدەكلا بولىدۇ، — دېدى چاۋۇش.

— ھە، چاۋۇشۇم، مۇشۇنداق ساقلاۋېرەمدۇق؟ — دېدى مەمەت.

— راستتىنلا ساقلامدۇق؟ — دېدى چاۋۇش.

— شەھەرگە ئاللىقاچان خەۋەر كەتتى، ئەتىلىككە قىيامەت بولىدۇ، — دېدى مەمەت.

رەجەپ چاۋۇش قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بىر يېزىنى كۆيدۈرۈۋەتتى دەپ ئەنقەرەگە تېلېگراممۇ بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىيامەت قايىم بولىدۇ. ئەمدى ئاناۋارزانىڭ قىيالىقلىرىغا قاراپ بولغا چىقايلى، تۈزلەڭلىكتە قولغا چۈشۈپ قالساق ھالىمىز خاراب، — دېدى.

ئۇلار كۆيۈۋاتقان ئۆيلەرگە قاراشتى. ئۈچى ئۈچ يەردە تۇرۇپ ئۇھ تارتىشتى. كۆيۈۋاتقان يېزىنى تاشلاپ مېڭىپ كېتىشتى.

يېزىدىن چىقىپ بىردەم توختاپ ئارقىلىرىغا قاراشتى. يېزا بىر پارچە زور ئوت — لاۋۇلداۋاتقان يالقۇنغا ئايلانغانىدى.

— ۋاي - ۋۇي، بىرىمۇ ئۆي قالمىدى، ھەممىسى مۇشۇ شامالنىڭ كاساپىتى، شامال چىقمىغان بولسا، مۇنچىلىك بولۇپ كەتمىگەن بولاتتى. ئۆلۈشنى خالايتتىمكى، لېكىن مۇشۇنداق بولۇپ كېتىشىنى خالىمايتتىم، — دېدى مەمەت.

— بىر ئۆيمۇ ساق قالمايتۇ، پۈتۈن يېزىغا ئوت كەتتى، — دېدى جاپپار.

— سەزدىڭلارمۇ؟ — دېدى مەمەت، — بىز يېزىدىن چىقىۋاتقان چاغدا بالىچاقا، ئەر - خوتۇن ھەممىسى بىزگە قاراپ تاشتەك قېتىپلا قالغانىدى. بىرەرىنىڭ بىرنېمە دېگىنىنى سەزدىڭلارمۇ؟ بىرى يا قارغاشمىدى، يا تاش ئېتىشمىدى، تىللاشمىدى، تاشتەك قېتىپلا قېلىشتى. بۇنى كۆرمىگەن بولسام



ياخشى بولاتتى. بۇنى كۆرگەندىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشى ئىدى.

— شۇنداق بولۇپ قالدى، — دېدى چاۋۇش، — ۋاي بوينۇم. ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم، بوينۇم كېسىلىپ كەتكەندەك ئاغراپ كېتىۋاتىدۇ. ۋايجان بوينۇم!

چاۋۇش بوينىنى ئىككى قولى ئارىسىغا ئېلىپ بىردەم مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇرۇپ قالدى.

مەمەت بىلەن جاپپار ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇردى. چاۋۇش بىردىنلا يىقىلىپ، تېپىرلاشقا باشلىدى. جاپپار بېرىپ ئۇنى قۇچىقىغا ئالماقچى بولدى، بىراق بەستلىك چاۋۇشقا كۈچى يەتمىدى. چاۋۇش يايدەك كېرىلەتتى.

يېزىنىڭ ئۇ چېتىدىن ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. بۇ، كۆيچىلىكتىنىڭ جارقىراشلىرى ئىدى.

شەرقتە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز كۆتۈرۈلگەنىدى. يوغان يۇلتۇز پارقىرايتتى.

ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئۇلارغا يېقىنلا كېلىپ قالدى.

«بۇ تەرەپكە كەتتى، ھازىرلا مېڭىشتى» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا:

«قايسى تەرەپكە؟» دەپ سورىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

مەمەت جاپپارغا ئېگىلىپ:

— بۇ ئاۋاز ئاسىم چاۋۇشنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كەتتى، — دېدى.

— دەل شۇنىڭ ئاۋازى، قاچايلى، چاۋۇش، ھەي چاۋۇش! قورشاۋ ئىچىدە قالدۇق! — دېدى جاپپار.

جاپپار قىينىلىپ ياتقان چاۋۇشنى ھاپاشلاپلا ماڭدى.

ئۇلار يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. بىراق، نەگە كېتىۋاتقانلىرىنى بىلمەيتتى. يېزىدىكى ئوتمۇ ئاستا - ئاستا ئۆچۈشكە باشلىغانىدى. ئۇلار قاراڭغۇلۇققا قاراپ قېچىشاتتى.

— دەرەخلەرنىڭ ئىچىگە، ئاناۋارزا تەرەپكە قاراپ قوغلاڭلار! —

دەپ ۋارقىرىدى ئاسىم چاۋۇش.

— ئەمدى تۈگەشتۇق! — دېدى جاپپار.

— شۇ كاپىرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلگەن بولسام ئۆلۈممۇ كۆزۈمگە كۆرۈنمەيتتى. ئاھ، ئۇنىڭ شۇ يەردە ئۆلگەنلىكىگە، پاراس - پۇرۇس قىلىپ كۆيۈپ كەتكەنلىكىگە كۆڭلۈم ئىشەنسە ... — دېدى جاپپار.

— چۈشۈرۈپ قاراپ باق، بىر نەرسە بولمىسۇن، — دېدى مەمەت.

جاپپارغا ھاپاش بولۇۋالغان چاۋۇش ئىڭراپ تۇرۇپ:

— بىر نەرسە بولمىدى، ئاغرىقىم توختاپ قالدى، مىنى چۈشۈرۈۋەت، — دېدى.

جاپپار ھودۇقۇش بىلەن چاۋۇشنى دۈمبىسىدىن چۈشۈردى.

— ئاسىم چاۋۇش قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى جاپپار.

چاۋۇش جاپپارغا قاراپ:

— ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇپ قوي! — دېدى ئاستاغىنا پىچىرلاپ.

جاپپار ئۇنىڭ ئىككى قولتۇقىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. چاۋۇش ئورنىدا تىك تۇرالماستىن بىرنەچچە قېتىم دەلدەڭشىپ كەتتى ۋە ئەتراپىغا ياخشىلاپ قارىدى.

— ماڭا قاراڭلار، — دېدى چاۋۇش، — ھازىر بىز چاتقاللىق يېنىدا تۇرۇۋاتىمىز، ئاتاۋازلارغا بېرىپ يوشۇرۇنغان بولساق چوقۇم قۇتۇلۇپ كېتەلەيمىز. ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس. بىزنى يولدا تۇتۇۋالىدۇ. يېقىنلا كېلىپ قالدى، ئاۋازلىرىنى ئاڭلاۋاتامسىلەر؟

— ئەستاغپۇرۇللا! ... — دېدى مەمەت.

— خەپ! — دېدى جاپپار.

— چاتقاللىقتا قۇتۇلۇپ چىقىش تەس. ئەتىلىككە يېقىن ئەتراپتىكى بارلىق يېزىنىڭ ئادەملىرى بىزنى ئىزدەش ئۈچۈن چاتقاللىققا چىقىدۇ. ئەمدى باشقا چارىمىز يوق، — دېدى



چاۋۇش.

— ئىلاجىمىز يوق، — دېدى مەمەت.

— چاتقاللىقنىڭ كەينىدە جەيھان دەرياسى بار. ئۆزىمىزنى شۇ سۇغا ئاتارمىز. قۇتۇلۇپ قالساق قالارمىز، — دېدى چاۋۇش.

— نېمە قىلدۇق؟ — دېدى مەمەت.

— كاپىر ئابدىنىنى پاراس - پۇرۇس كۆيدۈرۈۋەتتۇق. شۇنداقمۇ؟ ... — دېدى چاۋۇش.

— كۆيدۈرۈۋەتتۇق، — دېدى مەمەت

— گۇمانىم بار. بەلكى قېچىپ كەتكەندۇ، — دېدى جاپپار.

بۇنى ئاڭلاش بىلەن چاۋۇش ساراڭلاردەك ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ھەي ئەبلەخ. ئىككى كاپىر بولسا، بىرى سەن، ئۇ قۇتۇلسا، سەن خۇنى بولىسەن! قېنى دېگىنە، قانداق قۇتۇلۇپ چىقىدۇ؟ ئىشىكتە مەمەت، ئۆينىڭ ئەتراپىدا مەن ئايلىنىپ يۈرسەم، قانداق قۇتۇلىدۇ؟ ئۆينىڭ بىرمۇ پەنجىرىسى يوق تۇرسا، زادى دەپ باققىنا، قانداق قۇتۇلىدۇ؟

— ئۇ پاراسلاپ كۆيۈپ كەتتى. ئەمدى ئۆلسەم ئارمىنىم يوق! — دېدى مەمەت.

— ھەئە، شۇنداق بولمايچۇ! — دېدى چاۋۇش.

جاپپار جىم بولۇپ قالدى.

كېچىدە شىپىرلىغان ئاياغ تاۋۇشلىرىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى. يۇلغۇنلارغا، ئوت - چۆپلەرگە، توپىلارغا تېگىپ ماڭغان ئاياغ تاۋۇشلىرى كېچىدە شىددەتلىك دېڭىز دولقۇنىدەك كۆچىيىپ كەتتى.

— يېنىمىزغا يېتىپ كېلىشتى، زادى سۆز قىلىشمايۋاتىدۇ، — دېدى جاپپار.

— شۇنداق، — دېدى مەمەت.

— بۇك چاتقاللىققا مېڭىڭلار. قولۇمدىن تۇتۇڭلار، — دېدى چاۋۇش.

ئۇلار چاۋۇشنىڭ قولىنى تۇتۇپ يۇك چاتقاللىققا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئارقىسىدىكى ئاياغ تاۋۇشلىرىمۇ تېزلەشتى. جىددىيلەشتى ۋە كۆپەيدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە غاچ - غۇچ ئاۋازلار باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ئاۋازلار بىلەن بىرلىكتە قاراڭغۇلۇقمۇ بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. تاغ، تاش، يۇلغۇن، دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

بۇ دالا ... بىر بالا - قازا دالا، نېمىدېگەن كەڭ تۈزلەڭلىك - ھە! ... ۋاي ئانامەي، كۈن چىققاندا ئاق قەلەيدە نۇر ئەكس ئەتكەندەك پار - پۇر قىلىدۇ. يىراقتا ئاناۋارزانىڭ قىيالىقلىرى كىچىك - كىچىك تۆپىلىكلەر ھالىتىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇ يەرگە يېتىپ بېرىشسا، قۇتۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. ئۇنىڭ نېرىسى جەيھان دەرياسى، ئۇنىڭ سۈيى تۇم قارا بولۇپ، ناھايىتى تېز ئاقاتتى. بەزى - بەزىدە سۇ قېيىپ توختاپ قالاتتى. بۇ چاغدا دەريا قىرلىرى گۈمۈرۈلۈپ چۈشەتتى، چېتىگە دەسسەشكە بولمايتتى. ئەتراپى قومۇشلۇق بولۇپ، ئۇزۇن پاچاقلىق تۆرتىلارنىڭ ئۇۋىسى ئىدى ... تۆرتا گۆشىنىڭ قىيمىسى مەززىلىك بولىدۇ. تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوپيۇرماقلىرىنى چاڭ قاپلاپ كەتكەن بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار ئىدى.

شۇ يەرگە بېرىپ يوشۇرۇنۇش كېرەك. بۇ يۇك چاتقاللىق بولمىسا — تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوچۇق - ئاشكارا تىك تۇرۇشتىن باشقا چارە يوق ئىدى ...

يۇك چاتقاللىقنىڭ ئىچى پاتقاق يېرايتتى. چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە كىرىش قورقۇنچلۇق ئىدى، چۈنكى بۇ يەرلەرگە بۇ يۇك چاتقاللىق پەيدا بولغاندىن بېرى ئىنسان قەدىمى يەتمىگەن، ئادەم كىرگىلى بولمايتتى.

ئاۋازلار كۈچىيەتتى. تۈزلەڭلىكنىڭ يۈزىنى شامالدەك يالايتتى، ئوت يالقۇنىدەك يامراپ كېلەتتى.

رەجەپ چاۋۇش ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ:



— ماۋۇ تەرەپكە مېڭىڭلار، بالىلار، ئاز قالدى، — دېدى.

بىردىنلا ئالدىدىن ئوق ئوتلىرى ئۆتۈپ كەتتى.

— يېتىڭلار! — دېدى چاۋۇش، — ئۇلار چاتقاللىقنى ئوققا تۇتۇۋاتىدۇ، ئاۋازىڭلارنى چىقارماڭلار. ئوق چىقارماستىن چاتقاللىق ئىچىگە ئۆمىلەپ بارىمىز. مىلتىقلىرىڭلاردىكى ئوقلارنى چىقىرىپ تاشلاڭلار، بالىلار، ئوقلارنى تېز - تېز چىقىرىڭلار. بىر تال ئوق ئېتىپ قويساقلا ئۆلدۈق دېگەن سۆز، ھەربىرىمىز ھەر يەردە قالىمىز، كېلىۋاتقان دېھقانلار بىزنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىدۇ.

قارشى تەرەپ ئۇلارنى شۇنچىلىك قاتتىق ئوققا تۇتتىكى، تەسۋىرلەپ بولمايتتى. ئەتراپ چاقماق چاققاندەك يورۇپ كەتتى. كېيىن ئوقلار بىردىنلا توختاپ قالدى.

— ئۇلار بۇ يەردە يوق ئىكەن، بولغان بولسا چوقۇم ئوق چىقارغان بولاتتى، — دېدى بىر ئاۋاز.

— دېھقانلار كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار بار - يوقلۇقىنى بىلىدۇ، — دېدى باشقا بىر ئاۋاز.

دېھقانلار يېقىنلىشىپ قالغانىدى.

— ئاناۋارزاغا قاچقان بولسا كېرەك.

— چوقۇم ئاناۋارزاغا قاچتى ... بىر قاراقچىنىڭ چوڭقۇر ئۇۋادا چاتقاللىققا يوشۇرۇنۇشى — ساراڭلىق.

ئەر - ئايال، قېرى - ياش دېھقانلارنىڭ ھەممىسى يېتىپ كېلىپ ژاندارمىلارغا قوشۇلدى. تەرەپ - تەرەپتىن ئاۋازلار كېلەتتى. كېچە ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلار بىلەن تولدى. غەزەپلەنگەن، نەپرەتلەنگەن ئادەملەر توپى بىر يەردە تۇرماستىن قايناشماقتا ئىدى. چاتقاللىقنىڭ چەتلىرىدە، ئېتىزلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئادەملەر توپى ئۇ يەردىن بۇ يەرگە دولقۇنلىنىپ ئاقاتتى.

بىرئازدىن كېيىن ئاناۋارزانىڭ تۈۋىدىن ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

«ئاناۋارزاغا ! ئاناۋارزاغا !» دېگەن ۋارقىراشلار تۈزلەڭلىككە بىر كەلگەندى. ئادەملەر تويۇپ ئاناۋارزا تەرەپكە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى.

— مىدىرلىماڭلار، — دېدى چاۋۇش، — خۇدا ئىشىمىزنى ئوڭلىدى. ژاندارمىلارنى كۆپچىلىك ئاداشتۇرۇۋەتتى. خۇدا ھەققى، قىمىرلىماڭلار !

رەجەپ چاۋۇشنىڭ نەپەسلىرى مەمەتنىڭ قولاقلىرى ۋە بويىنىنى ئوتتەك كۆيدۈرۈۋەتتى.

يېقىنلىرىدىلا — ئون - ئون بەش مېتىر نېرىدا ژاندارمىلار ھودۇققان ھالدا ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە يېتىپ كەتكەن ئۈچ ئادەمنىڭ يۈرىكى دۈپ - دۈپ سوقاتتى. ئەگەر ژاندارمىلار توختاپ قۇلاق سالغان بولسىدى، بەلكى ئۇلارنىڭ يۈرەك سوقۇشلىرىنى ئاڭلىغان بولاتتى. ئاناۋارزانىڭ تۈۋىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ھېچ پەسەيمەيتتى. بۇمۇ ئۇلارغا چوڭ ياردەم قىلدى.

ژاندارمىلار ئەتراپنى بىر ئاز ئايلىنىشتى، كېيىن ئۆزئارا سۆزلەشتى، ئاخىر كېتىشكە قارار قىلىپ، يولغا چۈشۈشتى.

رەجەپ چاۋۇش چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ:

— ئۇھ ... خۇداغا شۈكۈر، شۇ دېھقانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولساق، بىزنى قىيما - چىيما قىلىۋېتەتتى. ھازىر ئۇلار ئىچكىرىگە مېڭىپ كەتتى، — دېدى ۋە ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇشتى. رەجەپ چاۋۇش بىر - ئىككى قەدەم ماڭغاندىن كېيىن تۇرۇپ قالدى.

— نېمە بولدى، چاۋۇش؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— ۋايجان، ۋايىەي !

— نېمە قىلايلى، چاۋۇش، ئېيتقىنا؟ — دېدى مەمەت.

— ئىچكىرىلەيلى، — دېدى چاۋۇش، — ۋايجان، قاراڭغۇراق يەرگە كىرەيلى ...

چاۋۇشنىڭ بىر قولتۇقىدىن مەمەت، يەنە بىر قولتۇقىدىن



جاپپار يۆلەپ ماڭدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۆلۈك ئادەمنىڭ پۇتلىرىدەك جانسىز، يەرگە سۆرىلىپ قالغانىدى. ئۇپۇق قىزارغىچە ئەنە شۇنداق مېڭىشتى. ئۇپۇق قىزىرىش بىلەن شەرق تەرەپنى، چاتقاللىقنىڭ ئۈستىنى بىر خىل قىزغۇچ نۇر قاپلىدى. چاتقاللىقتىكى قويۇق يېشىللىق قىزغۇچ نۇر ئىچىدە كۆكۈچ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. پۈتكۈل چاتقاللىقتىن، تۈزلەڭلىكتىن قويۇق تۇمان ئاستاغىنا ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى.

ئۇلارنىڭ پاچاقلىرىنى تىكەن تىلىۋېتكەنىدى. مەمەت چىقىرتىكەنلىكتى ئەسلىدى. نېمە ئۈچۈندۇر مېڭىسىدە بىردىنلا سېرىق ئۇچقۇن چاقماق تېزلىكىدە يالقۇنجاپ ئۆتۈپ كەتتى.

چاۋۇشنى قويۇق يۇلغۇننىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇشتى، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئىششىپ كەتكەنىدى. بېشى، بويىنى ئىششىپ كەتكەنلىكتىن، بويىنىنى مۈرىسىدىن پەرق قىلغىلى بولمايتتى ... چاۋۇش بىرنەچچە قېتىم كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ سۆزلەشكە تەمشەلدى، بىراق ئۈنى چىقمىدى. قولى بىلەن ئاناۋارزانى، كېيىن يەرنى كۆرسەتتى، يەرگە تىكىلىپ قارايتتى.

چاۋۇشنىڭ كۆزلىرىدىن ياش تامچىلاشقا باشلىدى. كېيىن كۆزلىرىنى يۇمدى، ئۇزۇن سوزۇلۇپ ياتتى، سەل - پەل مىدىرلاپ قويدى - دە، جان ئۈزدى.

— ۋاي چاۋۇش ! — دېدى مەمەت.

— ئاھ، چاۋۇشۇم ! سۆيۈملۈك ئاغام ! — دېدى جاپپار.

— ئۆلمىدۇ دەپ زادىلا ئويلىماپتىمەن ! — دېدى مەمەت.

— ئۆلمەن دېيتتى، — دېدى جاپپار، — ئادەتتىمۇ دائىم ئۆلمەن دەپ يۈرەتتى.

— مۇراد - مەقسىتىگە يەتكەنمىدۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى، نېمە ئۈچۈن قاراقچى بولغانلىقى، قەيەرلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم ئىدى. شۇڭا، مۇرادىغا يەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن.

— ئابدىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى مەندىنمۇ بەكرەك خالايتتى، دۈشمەن مېنىڭ تۇرسا ئۇ تېمانچە قىلالتتى. سەن ئابدى كۆيۈپ كەتمىدى، قېچىپ كەتتى دېگىنىڭدە ئاچچىقىمدىن سېنى ئەچچە پارچە قىلىۋەتكىلى تاس قالدى.

— مەمەت، خەنجىرىڭنى چىقارغىن، شۇ غېرىب چاۋۇشقا بىر گۆر كولايلى.

مەمەت خەنجىرىنى چىقاردى. تۈپىغا سانجىدى، يەرنى كولاشقا باشلىدى:

— غېرىب ـ مۇساپىر چاۋۇش ئۇچۇن!

بىر سائەتنىڭ ئىچىدە چاتقاللىقنىڭ نەم تۇپىسىنى كولاپ بولدى. ئادەمنىڭ مەيدىسىگە كەلگۈچىلىك چوڭقۇرلۇقتا، كەڭ بىر گۆر هازىرلاشتى. دەرەخلەردىن يوغان شاخلارنى كېسىپ، تىرەك ـ قوزۇقلارنى ياساشتى. يۇلغۇنلارنى كېسىپ كېلىشتى. چاۋۇشنى كىيىملىرى بىلەنلا يەرلىككە قويۇشتى. تىرەك ـ قوزۇقلارنى ئەتراپىغا تىرەپ قويۇشتى. ئۈستىگە يۇلغۇنلارنى يېپىشتى، ئاخىر تۇپا تاشلاشتى.

— جاپپار، — دېدى مەمەت، — غېرىب چاۋۇشنىڭ بېشىغا بىر دەرەخ تىكسەك ياخشى بولاتتى، قېنى، بىر تۈپ دەرەخ تىكىپ قويايلى.

— ماقۇل، — دېدى جاپپار.

ئىزدەپ يۈرۈپ بىلەكتەك بىر ئۇجمە دەرىخى تېپىشتى، ئۇنى چاۋۇشنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە تىكىپ قويۇشتى.

— بۇ چاتقاللىقتىكى تۇنجى قەبرە! — دېدى مەمەت.

— هەئە، تۇنجى قەبرە، — دېدى جاپپار، — كىممۇ ئۆلۈكنى كۆتۈرۈپ كېلىپ بۇ قاراڭغۇ چاتقاللىققا كۆمەتتى؟

بىرئازدىن كېيىن كۈن چىقتى، چاۋۇشنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىكى نەم تۇپىدىن هور كۆتۈرۈلدى.

كۈن پارقىراپ چىقىش بىلەن تەڭ يېزا تەرەپتىن بۇ تەرەپكە، ئاناۋارزاغا، بۇك چاتقاللىققا قاراپ بىر خىل چىرقىرىغان ئاۋاز



كېلىشكە باشلىدى.

— چاۋۇش نېمە دېگەنىدى؟ — دەپ سورىدى جاپپار.

— ئاناۋارزانىڭ قىيالىقلىرىنى كۆرسەتكەنىدى، — دېدى مەمەت.

— جەيهان دەرياسى تەرەپكە قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك. بۇ چاتقاللىقنى يېرىپ چىقىپ ئاناۋارزانى تاپالمايمىز، — دېدى جاپپار.

— چاۋۇشنىڭ دېگەنلىرىنى ئورۇنلىشىمىز كېرەك. ئۇ بۇ يەرلەرنى بەش قولدەك بىلەتتى. بۇ يېزىنى كۆيدۈرۈۋەتكەندە قانچىلىك خۇشال بولدى. شۇنداق ئەمەسمۇ جاپپار؟ ئۇ بارلىق چۇقۇر ئوۋانى كۆيدۈرۈۋەتسە، كۆل قىلىۋەتسە تېخىمۇ خۇشال بولغان بولاتتى. ئاجايىپ ياخشى ئادەم ئىدى رەھمەتلىك چاۋۇش. كىم بىلىدۇ، شۇ چۇقۇر ئوۋا ئۇنىڭغا كۆپ ئەسكىلىك قىلغان بولغىيدى؟

— مەن ئۇنى بىلگىنىمدىن بېرى چۇقۇر ئوۋانى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا هېچكىم چۇقۇر ئوۋانى بىرنەرسە دېيەلمەيتتى. بەزىدە ئويغا چۆمۈپ، هېلىقى «قېرىنداش ناخشىسى» بارغۇ، شۇنى ئېيتاتتى:

چۇقۇر ئوۋا كۆيۈپ ـ كۆيۈپ كۆل بولار،
هەر چىۋىنى چىلبۆرىگە ئايلىنار.
سەن ئۆلۈپ كەتسەڭ يۈرىكىمگە دەرد بولار،
تۇر، قېرىنداش، سېغىنغان يۇرتقا كېتەيلى!

بۇ ناخشىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە هېچكىمگە گەپ قىلمايتتى. بىرنەچچە كۈن ئەنە شۇنداق مۇڭلىنىپ يۈرەتتى. هېچكىم ئۇنىڭ دەردىنى بىلەلمىدى. ئاخىر كېلىپ ئاناۋارزانىڭ چاتقاللىقىدا قالدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا چۇقۇر ئوۋاغا خايىمۇ بولمايتتى. هېلىقى ناخشىنىمۇ ئېيتمايتتى. باشقا قاراقچىلاردىن ئاڭلىشىمىزغا

قارىغاندا، ئۇلار چۇقۇر ئۇۋاغا چۈشۈپ كەتسە، چاۋۇش ئۇلار بىلەن بارماستىن ئۆزى يالغۇز يولدا ئۇلارنىڭ كېلىشىنى كۈتىدىكەن. مانا، ئاقىۋەت مۇشۇنداق بولدى ... چۇقۇر ئۇۋانىڭ تويىسىغا كۆمۈلدى.

— شۇنداق بولۇشنى خالىغان بولغىيدى، — دېدى مەمەت.

— ماڭايلى، مەمەت، سىل تۇرساق، بۇ چاتقاللىق ئادەم ۋە ئىتلار بىلەن تولۇپ كېتىدۇ.

مەمەت چاۋۇشنىڭ قەبرىسىگە قاراپ:

— خوش، چاۋۇشۇم، خەير، تىنچ يات! — دېدى - دە، مېڭىپ كەتتى. كۆزىدىن يوغان بىر تامچە ياش مەڭزىگە ئېقىپ چۈشتى.

— خەير - خوش! — دېدى جاپپار.

قاپلانلار يېرىپ ئۆتەلمەيدىغان زىچ چاتقاللىق ئىچىدە ناھايىتى تەسلىكتە مېڭىشاتتى. چاۋۇشنىڭ مىلتىقىنى، كۈمۈش قاپلانغان ئەسۋابلىرىنى جاپپار ئېلىۋالغانىدى. بۇ يۈكلەر ۋە يېرىپ چىققىلى بولمايدىغان تامدەك چاتقاللار ئۇنى تۇگەشتۇرۇۋەتكەنىدى. مەمەت ھەر ۋاقىتتىكىدىن تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ تېتىك ئىدى ... ئۆزى يېرىپ ئۆتەلمىگەن چاتقاللارنى خەنجىرى بىلەن پۇتاپ تاشلايتتى. جاپپار ئارقىسىدىن كېلىۋاتاتتى. مەمەت قاتتىق بىئاراملىقتا ئىدى.

چۈش ۋاقتىدىكى ئىسسىق ھەممىنى قىزدۇراتتى. ئەتراپتا چاتقاللارنىڭ چارسىلداشلىرىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ئارقىلىرىغا ئۆرۈلۈپ قاراشقان بولسا، مەمەتنىڭ چاتقاللارنى كېسىپ ئۇزۇن بىر يول ئاچقانلىقىنى كۆرگەن بولاتتى.

ئاناۋارزاغا ئىككى سائەتلىك يول قالغانىدى. بۇ يەردىن پەقەتلا كۆك ئاسمانىنى كۆرۈشكە بولاتتى. ئاناۋارزانىڭ قىيالىقلىرىنىڭ چوققىسىنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى.

ئۇلار چاتقاللىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە كۈن ئاناۋارزانىڭ چوققىسىدىن ئولتۇرۇۋاتاتتى.

— بۇ يەردە توختايلى، كېچە بولسۇن، ئاندىن چىقىپ



كېتەيلى، — دېدى مەمەت.

— ھېرىپ ئۆلەي دېدىم، — دېدى جاپپار ۋە سوزۇلۇپ ياتتى. مەمەتمۇ يېنىغا ياتپاشلىدى.

قىيالىققا يېقىن كېلىپ قالغانىدى. قىيالىقلاردىن چۈشۈۋاتقان يۈزلەپ، مىڭلاپ ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ قاراپ باقتى ۋە:

— ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدىم. دېھقانلار بىزنى ئىزدىشىۋاتىدۇ. ئۆتۈپ كېتىشتى، خالىغانلىرىچە ئىزدەشسۇن، ئەمدى قۇتۇلدۇق دېگەن گەپ! — دېدى.

جاپپار ئۆرۈلۈپ:

— ئۇلار ئەمدى بىزنى يا تاغدىن، ياكى چاتقاللىق ئىچىدىن تاپالماي، ئازابى، سۇمباس ۋە شەھەر تەرەپلەرگە ياردەم سوراپ بارىدۇ، بىزنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا بىرنەچچە كۈن كۈتۈپ تۇرايلى، — دېدى مەمەت.

— بىز كوزاننىڭ ئۈستى تەرىپىدىن تاغقا چىقىمىز، — دېدى جاپپار.

— ئۇ يولنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— ئۇ يولنى بىلمەيمەن، بىراق تاغلىرىنى بىلىمەن. ئاناۋارزاغا چىقساق ھەممە يەر كۆرۈنىدۇ، — دېدى جاپپار.

— قېنى، بەك قاراڭغۇ چۈشمەستە يولغا چىقايلى، — دېدى مەمەت.

— ئاياغ تاۋۇشلىرى بېسىلدى، — دېدى جاپپار.

— چاتقاللىقنىڭ چېتىگە پىستىرما قويغان بولمىسۇن يەنە؟! — دېدى مەمەت.

— ياق، ئاداش، بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئەقلىگە نەدىن كەلسۇن؟

— ماڭايلى ئۇنداق بولسا.

ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاناۋارزانىڭ چوققىسىغا چىقىشتى. پىل - پىل يېنىپ تۇرغان يورۇقلۇق بىلەن كېچىدە بەزى يەرلەر

ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. جەيھان دەرياسىنىڭ سۈيى قارا لېنتىدەك ئەگرى - بۈگرى ئاقاتتى. ئاقتۆزلۈ يېزىسى قويۇق تۇمان ئىچىدە قالغاندەك قاپقاراڭغۇ كۆرۈنەتتى.

مەمەت كۈن چىققان تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— بۇ يەر نە؟ — دەپ سورىدى.

— بوزكويۇ يېزىسى بولۇشى مۇمكىن، — دېدى جاپپار.

— شۇ تەرەپ بىلەن ماڭساقچۇ؟ بەك يېقىن ئىكەن، — دېدى مەمەت.

— ئۇ يەرلەرنىمۇ ئىزدىشى مۇمكىن، شۇنىڭدىن قورقىمەن. — دېدى جاپپار.

— شۇ يەردىن ئۆتەيلى، — دېدى مەمەت، — كېلىدىغان بولسا كەلسۇن، كۆرىدىغىنىنى كۆرسۇن.

جاپپارغا قارىدى. قاراڭغۇدا جاپپارنىڭ يۈزىنى ئاران ئىلغا قىلغىلى بولاتتى.

— جاپپار ئاداش، ئۆلگەنمىدۇ ھېلىقى مەلئۇن؟

— ئۆلدى دەپ ئويلىمايمەن. ئەگەر ئۇ ئۆي ئىچىدە بولۇپ، قاچمىغان بولسىدى، ئوت تۇتاشقان چاغدا ئۆزىنى سىرتقا ئاتقان بولاتتى، ھېچ بولمىسا ۋارقىرىغان بولاتتى.

— بەلكى ئىستا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەندۇ، — دېدى مەمەت.

— ياق، ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە ئۆي ئىچىدىن ئوق ئېتىپ تۇردى. ئەگەر تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن بولسا ئوق چىقىرالمايتتى، — دېدى جاپپار.

— بەلكى ئۈستىگە تۇيۇقسىزلا تام ئۆرۈلۈپ چۈشكەندۇ ياكى تورۇس ئۆرۈلۈپ چۈشكەندۇ، — دېدى مەمەت.

— ياللا، شۇنداق بولغان بولسىغۇ، شۇنداق بولسىچۇ، كاشكى ... تارتقان شۇنچە دەرد - ئازابلىرىمىز بىكارغا كەتمىگەن بولاتتى، — دېدى جاپپار.

ئىككىسى دۆڭدىن تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ قورسىقى بەكمۇ ئېچىپ كەتكەنىدى.



# 15

قەدىمكى چۇقۇر ئۇۋا توغرىسىدا كونا ئادەملەر ھېكايە قىلاتتى. مەمەت ئاۋاق قاراقچى بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا توقساندىن ئاشقان ئىسمائىل غوجا دېگەن بىر ئادەم بار ئىدى. ھەممىنى شۇ سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياپيېشىل چىمەندەك ئىدى، ئېگىز بارلىق تۈركمەننىڭ ئېگىزىگە ئوخشاش ئۇزۇنچاق، ساقىلى شالاڭ ئىدى. كەڭ غولى خۇددى ياش چاغلىرىدىكىگە ئوخشاشلا ساغلاملىقتىن دېرەك بېرەتتى. كۆزلىرى بۈركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر، تېخىچە ئۇۋىدىن قالمىغانىدى. دائىم مۈرىسىگە مىلتىقنى ئېسىپ، مۈكچەيگەن ھالدا ئۇۋغا چىقاتتى، شوخ تۈركمەن ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى. قەبىلىلەر ئارىسىدىكى جاڭجاللارنى سۆزلەپ بېرەتتى. ھەر قېتىم ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولۇپ، شۇ جاڭجاللاردىن قېلىپ قالغان يارا ئىزلىرىنى مەغرۇرلۇق بىلەن كۆرسىتەتتى.

ئىسمائىل غوجا بەزىدە يېزىغا سىغماي كېتىۋاتقاندەك، ئۆيى، يېزىسى ئۇنىڭغا تارلىق قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. تۈركمەنلەردىن قالغان نېمە بولسا ئۇنىڭ ھەممىسىنى ساقلاپ قېلىشنى، قەدىمكى تۈركمەن ھاياتىنىڭ ھەر دائىم ئىپادىلىنىپ تۇرۇشىنى خالايتتى.

بوۋاي بەزى كۈنلىرى يايراپ كېتەتتى. سەرخۇش ئادەمدەك يۈرەتتى، ئۆز قولى بىلەن بېقىپ ئۆستۈرگەن چىلان تورۇق ئېتىنى مىنەتتى - دە، قارىغايزارلىقتا ۋە كەڭرى، يالپۇز پۇرايدىغان تاغلارغا چېپىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئېتى قەدىمكى تۈركمەنلەر قەبىلىسى تەرەپتىن كەلگەن شامالدەك غۇيۇلداپ ئۇچاتتى. ئىسمائىل غوجا ئۆچمەنلىك تارىخىنى ۋە سۈرگۈن ھاياتىنى، ئوسمان ئىمپېرىيەسى بىلەن بولغان جەڭلەرنى سۆزلەيتتى: «دۆربۆنلۈك مىلتىقلار، نەقىشلىك ئاۋاقلار

چېدىرلاردا تىزىلىپ تۇراتتى. تام ئۆيلەر ئالمىيشىل زىننەتلىنەتتى. چۇقۇر ئوۋا تۈزلەڭلىكىدە ھەر خىل تاماشا بولۇپ تۇراتتى» دەپ چۇقۇر ئوۋانى ئەسكە ئالاتتى.

ئىسمائىل غوجا «بۇنىڭدىن ئەللىك – ئاتمىش يىل بۇرۇن» دەپ سۆزىنى باشلىغىنىمۇ بولدى، زادى توختىمايتتى. بىر ئاشىققا ئوخشاش، كۆي كۆيلەۋاتقاندەك سۆزلەيتتى: «چۇقۇر ئوۋا پۈتۈنلەي پاتقاقلىق ۋە بۈك چاتقاللىق ئىدى. پەقەت تۆپىلىكلەرنىڭ ئېتەكلىرىدىلا ئالسقاندەك ئېتىزى بار ئىدى ... ئۇ زامانلاردا چۇقۇر ئوۋادا ئىنس – جىن يوق ئىدى. تۈركمەنلەر گۈر – گۈر كۆچۈشكە باشلايتتى. چۇقۇر ئوۋا بايراملىق كىيىملەر بىلەن پۈركەلگەندە، يەنى يوپيۇرماق تاشلىغان دەرەخلەر، قاغجىراپ كەتكەن يەرلەر، يالىڭاچلىنىپ قالغان دۇنيا ياسىنىشقا، كىيىنىشكە باشلىغاندا تۈركمەنلەرنىڭ كۆچۈشى باشلىناتتى ... ئالمىيشىل چېدىرلار، ۋاڭ – چۇڭ ئاۋازلار ... كۆچمەنلەرنى باشلاپ تاغلارغا چىقاتتى. مىڭبۇغا يايلىقىغا بېرىپ قوناتتۇق. قىش كېلىشى بىلەن چۇقۇر ئوۋا تۈزلەڭلىكىگە قايتىپ چۈشەتتۇق. بۇ يەردىكى قومۇشلۇقلارنى، چاتقاللىقلارنى قايىلان بېرىپ ئۆتەلمەيتتى، سازلىقتا، تۈزلەڭلىكتە ئوت – چۆپلەر يىل بويى تىزغىچە كېلەتتى، جەرەنلەر توپ – توپ بولۇپ كېزەتتى، سۈرمە كۆزلۈك، ئۈركەك جەرەنلەر ئويىنىشاتتى ... جەرەننى ئۇچقۇر ئاتلار بىلەن ئوۋلايتتۇق، ئاتنىڭ يانتۇرلۇقى جەرەن ئوۋلاشتا مەلۇم بولىدۇ. چۇقۇر ئوۋانىڭ قومۇشلىرى تېرەكتەك ئېگىز ئۆسەتتى. كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى يېكەنلەرنىڭ تۇزغاقلىرى قۇياش نۇرىدەك پارقىراپ، سۇلارغا تۆكۈلەتتى. چۇقۇر ئوۋانىڭ ھەممە يېرىدە نەرگىس گۈللىرى ئېچىلاتتى، كېچە – كۈندۈز نەرگىس پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇراتتى. چۇقۇر ئوۋا كارامەت بىر يەر ئىدى، ئاكچا دېڭىز[1] ئاق كۆپۈكلىنىپ، دولقۇنلىناتتى ...

① ئوتتۇرا دېڭىز.



قەبىلىلەر يايلاقمۇ يايلاق قوناتتى، چېدىرلاردىن ئىسلار ئەگىم – ئەگىم بولۇپ چىقاتتى. ئوسمانىيەنى، تۈپىراققەلئە تۈزلەڭلىكىنى، يەنى جەيھان دەرياسىنىڭ تاغلارغا توغرا چۈشكەن يۇقىرىقى ئېقىنىنىڭ ئەتراپىنى، دېڭىز ياقىلىرىنى تاجىرلى قەبىلىسى ئىگىلىگەنىدى. ئۇنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنى جەيمان يەكىرلى، مۇستافا بەيلى قەبىلىسى، جەيھان ناھىيەسىنى جەرىت قەبىلىسى، ئاناۋارزا بىلەن ھەمشە قەلئەسىنىڭ ئارىلىقىنى بوزدوغان قەبىلىسى، ئاناۋارزا بىلەن كوزان ئارىلىقىنى لەك كۈردلىرى، سۈمباس دەرياسى بىلەن توروس تېغى ئارىلىقىنى سومباسلى قەبىلىسى، ھازىرقى ئەكىشلەر يېزىسى بىلەن قەدىرلى ئارىلىقىنى تاتارلار قەبىلىسى ئىگىلەپ يۇرت قىلىۋالغانىدى. بەزىدە ئورۇنلىرىنى ئالماشتۇرىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. بوزدوغان قەبىلىسىنىڭ ئورنىغا جەرىت قەبىلىسى، جەرىت قەبىلىسىنىڭ ئورنىغا بوزدوغان قەبىلىسى كېلىپ يەرلىشەتتى. ئەڭ كۈچلۈك قەبىلە ئاۋشار قەبىلىسى ئىدى. بۇ قەبىلە چۇقۇر ئوۋادا خالىغان يېرىگە بارالايتتى، ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەيتتى ... ئاتا – ساندا ئېسىمدە قېلىشىچە، ئوسمانلىلار بىلەن بىر جاڭجال بولۇپ ئۆتكەنىدى. ئۇ چاغدا كوزان ئوغلى دېگەن بىر باي بار ئىدى، ھازىرقى كوزاندا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ باشچىلىقىدا ھەممە قەبىلە ئوسمانلىلار بىلەن سوقۇشتى، سوقۇشتا ئوسمانلىلار يېڭىلىپ چىقتى. كوزان ئوغلىنى ئەكەتتى. ئاۋشار قەبىلىسىنىمۇ بۇزاكا دېگەن يەرگە سۈرۈپ باردى ۋە خانىۋەيران قىلىۋەتتى. دادال ئوغلى بۇ خانىۋەيرانچىلىقنى قوشاقلارغا قاتتى. كوزان ئوغلى ھەققىدە بىر مەرسىيە بار.»

ئىسمائىل غوجا مۇشۇ يەرگە كەلگەندە جىم بولۇپ قالاتتى، كۆزىگە ياش ئالاتتى. لەۋلىرى تىترەپ تۇرۇپ بوم ئاۋاز بىلەن كوزان ئوغلى ھەققىدىكى مەرسىيەنى باشلايتتى:

چىقتىم كوزان تېغىغا
تىزىمغىچە قار كېچىپ.
يارام ئاقتى كۆز بولۇپ،
تېپىلارمۇ بىر تېۋىپ؟

شۇنداق ئىشمۇ بولارمۇ،
ئەجدادنى ئاتارمۇ؟
پادىشاھنىڭ ئەسكىرى
شۇ پېتىچە قالارمۇ؟

چېدىرنىڭ يىقىلماستىن،
ئۆچى يەرگە تەگمەستىن،
كوزان ئوغلى قاچتىڭمۇ،
بەش يۈز ئاتلىق كەلمەستىن؟

«مانا شۇ چاغدىن باشلاپ ئوسمانلىلار يۆتكۈل قەبىلىلەرنى مەجبۇرىي چۇقۇر ئوۋاغا يەرلەشتۈردى. يەرلەرنى بۆلۈپ بەردى، يەر خېتى تارقاتتى. يايلاققا چىقمايسىلەر، دەپ تاغ يوللىرىغا ئەسكەر قويدى، ھېچكىم يايلاققا چىقالمىدى. قەبىلىلەر چۇقۇر ئوۋادا خارابلىشىپ كەتتى. بەزىلىرى بەزگەكتىن ئۆلدى، بەزىلىرى ئىسسىقتىن قىرىلىپ كەتتى ... بۇ قەبىلىلەرنىڭ چۇقۇر ئوۋادا يەرلىشىپ قېلىش نىيىتى يوق ئىدى. ئوسمانلىلار تارقىتىپ بەرگەن مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ قويۇپ ئاندىن تىكەتتى. شۇڭلاشقا، ھازىرغىچە ھېچقانداق يېزىدا دەرەخ يوق. قەبىلىلەرنى پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگەپ كەتمىسۇن دەپ ئوسمانلىلار يازدا يايلاقلارغا چىقىشقا رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قەبىلىلەر ئاستا - ئاستا چۇقۇر ئوۋادا ئولتۇراقلىشىپ قېلىشقا، يېزىلارنى قۇرۇشقا، كېيىن بىرىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئاخىر بېرىپ قەبىلىلەر تارقالدى. قانۇن - قائىدىلەر بۇزۇلدى، دەۋر ئۆزگەردى، ئادەملەر مىسكىنلەشتى، ئوسمانلىلارنىڭ دېگىنى دېگەن بولدى.»

ئىسمائىل ئوجا قەبىلىلەرنىڭ سۆزى چىقىش بىلەن بۇ ھەقتە كۆنلەپ سۆزلەيتتى، ھېرىپ قالمايتتى، ھۆر بىر دۇنيانىڭ ھەسرىتىنى چېكەتتى. ھەربىر سۆزىنى: «دادال ئوغلىنى كۆرگەن ئادەممەن» دەپ باشلايتتى ۋە بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنەتتى.

بىر مىڭ توققۇز يۈز ئون يەتتە، ئون سەككىز، ئون توققۇز ۋە يىگىرمىنچى يىللىرى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بولۇپ، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسى يىقىلغان چاغلاردا چۇقۇر ئوۋا ئەسكەرلىكتىن قاچقانلار، قاراقچىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. قاراقچىلارنىڭ دەستىدىن توروس تاغلىرىدىن ئۆتكىلى بولمايتتى.

فىرانسىيەنىڭ ئىشغالىيەتچى قوشۇنلىرى چۇقۇر ئوۋاغا كىرگەندە، قاراقچىسى، قاچاق ئەسكەرلىرى، يوللۇقلىرى، يولسىزلىرى، ئوغرىسى، توغرىسى، ياخشىسى - يامىنى، ياش - قېرىسى، ئىشقىلىپ، پۈتۈن چۇقۇر ئوۋا خەلقى بىرلىشىپ دۈشمەننى چۇقۇر ئوۋادىن قوغلاپ چىقىرىش كۆرىشىگە قاتناشتى، دۈشمەن قوغلاندى، پۈتۈن يۇرت دۈشمەندىن تازىلاندى، يېڭى بىر ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. يېڭى بىر دەۋر ئېچىلدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا يېقىن، ئولتۇراقلىشىشتىن خېلى يىللار كېيىن شارائىت ئادەملەرنى ئاستا - ئاستا يەرگە باغلىنىشقا مەجبۇر قىلدى. يەرلەر بارغانسېرى ئەتىۋارلىنىشقا باشلىدى. ئولتۇراقلاشقان يەرلىرىگە كۆنەلمىگەن، ئۇرۇش - جاڭجاللاردىن بىزار بولغان تۈركمەنلەر يايلاقلارنى تاشلاپ يەر تېرىشقا كىرىشىپ كەتتى.

چۇقۇر ئوۋانىڭ ھوسۇلدار تۇپىسى بىرگە قىرىق، بىرگە ئەللىك ھوسۇل بەردى. بۇ، كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى.

بىر مىڭ توققۇز يۈزىنچى يىللاردىن كېيىنكى چۇقۇر ئوۋاغا

قارايدىغان بولساق، پاتقاقلىقلارنىڭ بىر ئاز چېكىنگەنلىكىنى، چاتقاللارنىڭ كۆيدۈرۈلۈپ ئېتىزلىق قىلىنغانلىقىنى، بوش ياتقان چۆققۇر ئۆۋا يەرلەرنىڭ يېرىمىغا يېقىن قىسمىنىڭ تېرىلغۇ يەر ھالىتىگە كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

يېڭى ھاكىمىيەت يەر ئىگىلىرىگە، فېئودال قالدۇقلىرىغا، ئۇلارنىڭ چەكسىز ئەركىنلىكىگە زەربە بېرىشكە تىرىشتى. ئەسلىدىمۇ كېيىنكى يىللاردا فېئوداللىق ئۈزلۈكسىز يىمىرىلىشكە باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى بىر توركۇم يېڭى باي ئىگىلىگەنىدى. بۇ بايلارنىڭ بىرمۇنچىسى يەرگە، مۇمكىنقەدەر مول ھوسۇللۇق يەرلەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن تىرىشاتتى، بۇنى ئەلۋەتتە قىلالايتتى. كەمبەغەل خەلقنىڭ قولىدىكى يەرلەرنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن قىلمىغان چارىلىرى قالمىدى. بەزىلىرى قانۇن يولى بىلەن، بەزىلىرى پارا بېرىش يولى بىلەن، بەزىلىرى بولسا زورلۇق بىلەن مەقسەتلىرىگە يېتەتتى. خەلق بىلەن يېڭى ئۆسۈپ چىققان بايلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق زىددىيەت باشلانغانىدى. بايلارنىڭ يەرلىرى بارغانچە كۆپەيدى. مانا شۇ دەۋرلەردە ئۆز يېرى ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلىپ كۆرەش قىلغۇچىلارغا، ئۆز ھەققىنى تەلەپ قىلغۇچى خەلقلەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بايلار تاغلاردىكى قاراقچىلاردىن پايدىلىناتتى. ئۇلارنى تاغلاردا باقاتتى. ھۆكۈمەتتىن يوشۇرۇپ قوغدايتتى. بۇ خىل ئۇسۇلدىن پايدىلانمىغان ھېچقانداق ئاغا قالمىغانىدى. تاغلاردا ئۆزىگە ئارقا تىرەك بولغۇدەك قاراقچى تاپالمىغان ئاغىلار يېڭى قاراقچىلارنى تاغقا چىقىراتتى. شۇڭلاشقا، توروس تاغلىرى قاراقچىلارغا تولغانىدى. چۇقۇر ئوۋادىكى ئاغىلارنىڭ ئادەملىرى تاغلاردا بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشاتتى، تاغلاردىكى قاراقچى ئەترەتلىرى بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىپ، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشەتتى، خەلقلەرنى قىراتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاغىلارنىڭ يەرلىرى كۆپىيەتتى.

ئەلى سايا باي بايلىقىدىن ئايرىلغان بىر ئاغىنىڭ ئوغلى



ئىدى. ئاغا كەمبەغەللىشىپ كەتكىنىگە قارىماستىن، ئوغلىنى ئالدى بىلەن ئادانا ئاقسۆڭەكلەر مەكتىپىدە ئوقۇتۇپ، كېيىنچە ئىستانبۇل ئالىي ھوقۇق مەكتىپىگە ئەۋەتكەنىدى. قانداقتۇر بىر سەۋەبلەر بىلەن ئەلى سايا باي ھوقۇق مەكتىپىنى تۈگەتمەستىن تۇرۇپلا شەھەرگە كېلىپ ئادۋوكاتلىق قىلىشقا باشلىدى. بىرمۇنچە ئىش قىلغاندىن كېيىن، ئەس - ھوشىنى تاپقان بولسا كېرەك، قايتىدىن يەر - زېمىنغا پۈتۈن كۈچى بىلەن باغلاندى.

ئالدى بىلەن ھەر خىل چارىنى قوللىنىپ، دادىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەن يەرلىرىنى دېھقانلاردىن قايتۇرۇۋالدى. ئۇ، يەرگە ئىگە بولۇشنىڭ ھەر خىل ھىيلە - مىكرىنى تاپقانىدى. ئۇ، يەرگە تويمايتتى.

بۇ چاغدىكى دېھقانلار دەسلەپكى ئۇلتۇراقلىشىش دەۋرىدىكى ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىپ يەرلەشكەن دېھقانلارغا ئوخشىمايتتى. بۇلار يەرنىڭ ئالتۇندەك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن، يەرلىرىگە قاتتىق باغلانغانىدى. دېھقانلار بىلەن ئەلى سايا باي ئوتتۇرىسىدا ئۇزاق يىللار توقۇنۇش داۋام قىلىپ كەلدى. ئەلى سايا باينىڭ قاقباش كاللىسى بۇ توقۇنۇشلاردا ئۆزىنى كۆرسەتتى. ھەر خىل قۇۋلۇق - شۇملۇقنى تېپىپ چىقاتتى. دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە قوللاندى. دەسلەپكى چاغلاردا بۇ ئۇسۇللىرى ئىشقا يارىدى. ئۇ، ئىككى - ئۈچ يېزىنى بىر - بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرۈپ، ئۇلار ئۆزئارا ماجىراغا چۈشكەن چاغدىلا بىر تەرەپكە يان بېسىپ، شۇ تەرەپنىڭ ياردىمى بىلەن يەنە بىر تەرەپنىڭ ئېتىز - ئېرىقلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. بۇ ئەڭ ئوڭاي ئۇسۇل ئىدى ۋە خېلى كۆپ پايدا بېرەتتى. لېكىن، بۇ ئىشمۇ ئۇزاققا بارمىدى. بىر - بىرى بىلەن سوقۇشۇپ قالغان دېھقانلار ئەھۋالنى چۈشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي دۈشمەنلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى، بىراق، پۇرسەت قولدىن كەتكەنىدى، دېھقانلارنىڭ ئاز دېگەندە يېرىم زېمىنى قولىدىن كېتىپ

قالغانىدى. ئەلى ساپا باينىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ئىككى - ئۈچ يېزا كۆلىمچىلىك كېڭەيدى.

ئەلى ساپا باي ئۇزاق يىللاردىن بېرى ھەر خىل چارىنى تېپىپ كەلدى. بىر - ئىككى يىل ئىچىدە بۇ چارىلەر ئۆزگىرىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئەلى ساپا باي بۇنىڭدىن خېلى كۆپ پايدا كۆرەتتى، ھەر يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ يېرى تېخىمۇ كۆپىيەتتى.

ئەڭ ئاخىر ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، ئەلى ساپا باينىڭ پۈتۈن ھىيلە - مىكرى چىتقا بېسىلغانىدى. ھېچقانداق دېھقان ئەلى باينىڭ قاپقىنىغا چۈشمەيدىغان بولدى. پۈتۈن چارە - تەدبىرلىرى ئىشقا ئاشماس بولدى. لېكىن، ئەلى ساپا باي يەنىلا باشقا بىر چارە تاپتى.

بۇ چاغدا تاغلاردا قاراقچىلار بار ئىدى، ئەسكەرلىكتىن قاچقانلار، بۇلاڭچىلار، قاتىللار، ئىسيانچىلار ... بۇ قېتىم ئەلى ساپا باي مۇشۇلاردىن پايدىلانماقچى بولدى. تاغدىكى بىر - ئىككى قاراقچى باشلىقى بىلەن كېلىشىپ، بىرنەچچە ئادىمىنى تاغقا چىقاردى. قاراقچىلار دېھقانلارغا بالا بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەلى ساپا باينىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولۇپ، ھېچقانداق دېھقان قىمىر قىلالماس ھالەتكە كەلدى ... قاراقچىلار بىر كېچىدە كېلىپلا دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆرۈپ يىقىتاتتى، خوتۇنلىرىنى ئېلىپ قاچاتتى، ۋەھشىيلەرچە ئازابلاپ ئۆلتۈرەتتى. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەلى ساپا باينىڭ قىلىۋاتقانلىقىنى ھەممەيلەن بىلەتتى. شۇڭلاشقا، ئەلى ساپا باينىڭ بىر تال موينىغا تەگكىلى بولمايتتى. قاراقچىلارنى تۇتقىلى چىققان ژاندارمىلارمۇ ئۆلتۈرۈلەتتى. ئەلى ساپا باينىڭ بۇ ئۇسۇلى ئالاھىدە بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا يېزىلاردىكى بايلارمۇ ئۆگىنىشتى. شۇنىڭ بىلەن چۇقۇر ئوۋانىڭ ھەممە يېرى قانغا بويالدى. ھەركىم ئالدىغا كەلگەن ئادەمنى ئۆلتۈرىدىغان بولۇپ كەتتى ... تاغلاردىكى قاراقچىلارمۇ ئىككىگە، ئۈچكە، بەشكە،



ئونغا بۆلۈنۈپ بىر - بىرىگە قارشى سوقۇشىدىغان بولۇشتى. بىر كېچىدىلا بىرنەچچە قاراقچىلار ئەترىتى يوق قىلىنىپ، بىرقانچىسى پەيدا بولۇپ تۇراتتى.

پەقەت گېزىنىك تۇران، كۈرد رەشىت، جۇتدەلەككە ئوخشاش ئۆزىگە ئۆزى خوجا قاراقچىلار ئاغىلارنىڭ كۈشكۈرتۈشلىرىگە پەرۋا قىلماستىن، ئاغىلارغا، قاراقچىلارغا قارشى چىققان كەمبەغەللەرنى قولىدىن كېلىشىچە قوغداشقا تىرىشاتتى. تۇرۇس تاغلىرىدا داڭ چىقارغان قانچىلىغان باتۇرنىڭ ئىسمى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇلار ھەققىدىكى قوشاقلار تىلدىن - تىلغا داستان بولۇپ كەلمەكتە.

مەمەت ئاۋاقنىڭ تاغقا چىقىشى دەل شۇ چاغقا، يەنى ئاغىلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن تاغلاردا قاراقچىلار بىر - بىرىنى قىرىشىۋاتقان، چۇقۇر ئوۋادا يەرلىرى مەجبۇرىي تارتىۋېلىنغان دېھقانلار زار - زار قاقشاۋاتقان ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالدى.

ئەلى ساپا باينىڭ يىگىرمە دۆنۈملۈك يېرى دەسلەپكى يىلدىلا ئوتتۇز مىڭ دۆنۈمگە يەتتى. كېيىنكى يىللاردا ئوتتۇز بەش، قىرىق مىڭ، قىرىق بەش مىڭ، ئەللىك مىڭ، ئەللىك بىر مىڭ ... دېگەندەك ئارتىپ باردى. يەرسىز دېھقانلار ئۆز يەرلىرىدە پۈتۈنلەي ئەلى ساپا بايغا ئورتاقچى، يىللىقچى بولۇپ ئىشلىشەتتى.

ئەلى ساپا باي دائىم يالتىراق ئۆتۈك كىيىپ يۈرىدىغان ئېگىز بويلۇق، تۇم قارا قاشلىق، كۆكۈچ بۇغداي ئۆڭلۈك ئادەم ئىدى. ئۇ قولىدىكى كۈمۈش ساپلىق قامچىسى بىلەن ھەر دائىم پارقىراپ تۇرغان ئۆتۈكلىرىنى ئۇرۇپ قوياتتى.

بۈگۈن سەيشەنبە ئىدى. قەلەيچى نامىلىق قاراقچىلار ئەترىتىنىڭ قورال - ياراغ قالمىدى دېگەن خەۋەر كەلدى. قوراللارنىڭ سورىيەدىن يېتىپ كېلىشىگە يەنە بىر ھەپتە بار ئىدى. ئەلى ساپا باي ئەتىدىشە ئىچىدە بىئارام بولاتتى. چۈنكى ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى ۋە ئويلىناتتى، ئويلىرىنىڭ ئاخىرى چىقمايتتى:

«بىرقانچە يىل سەۋر ـ تاقەت قىلىپ تۇرۇشۇم كېرەك. ۋايىۋاي پېزىسىنىڭمۇ يەرلىرىنى قولىغا كىرگۈزگۈچە تاقەت قىلىش لازىم. ئاندىن كېيىن ئەتەرگە ئارقا ـ ئارقىدىن تېلېگراممىلارنى ئەۋەتىپ، شەھەر خەلقى ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان كۆتۈردى، تاغلارنى قاراقچىلار ئىگىلەپ بولدى، بۇلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ھۆكۈمەت يوقمۇ؟ دەپ جار سالىمەن. خەپ، بىر ـ ئىككى يىل تاقەت قىلاي، ھەي قەلەيچى ئەترىتى ! ...»

ئەلى سايا باينىڭ خوتۇنى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ ئېرىنىڭ ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشىغا، كۆمۈش قامچىسىنى پارقىراق ئۆتۈكىگە ئۇرۇشىغا ھەيران بولۇپ قارايتتى. ئېرى ئاچچىقى كەلگەن چاغلاردا ئىچىگە سىغدۇرالمىغان سىرلىرىنى، پىلانلىرىنى خوتۇنىغا دەپ ئىچىنى بوشىتاتتى، شۇڭا ھازىرمۇ ئىچىدىكىنى تۆكۈشكە باشلىدى.

— خانىم، مەن نېمە قىلماقچىمەن، بىلەمسەن؟ — دېدى.

— قېنى، دەپ باق !

ئەلى سايا باي ھەر دائىم سۆزىنى شۇنداق باشلايتتى.

— نېمە قىلماقچى، بىلەمسەن؟ خۇدا ھەققى، تويدۇم ... جېنىمدىن تويدۇم، بۇلاردىن تويدۇم، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى قورال ـ ياراغنىڭ گېپى، ھەر كۈنى ساقچىنىڭ خەۋپى ... تويدۇم ... تۈنۈگۈن جىمى دېھقان بىرلىشىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىشىپتۇ. بۇ قاراقچىلاردىن تويدۇق، مېلىمىزنى، جېنىمىزنى قويمىدى، ئىززەت ـ نەپسىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلدى، دەپتۇ. ئۇلار ئەتەرگە تېلېگراما ئەۋەتمەكچى بوپتۇ ... مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردىم: «چوڭلارغا، يۇرتىمىزغا داغ چۈشۈرمەڭلار» دېدىم. يەنە ئىككى يىل سەۋر قىلىپ تۇرۇش كېرەك. مەنمۇ ئۇلاردىن بىزار بولدۇم. بىراق، شۇ ۋايىۋاي پېزىسىنى قولۇمغا بىر كىرگۈزىۋالاي، ئاندىن كېيىن نېمە قىلىدىغىنىمنى بىلەمسەن؟

خوتۇنى «شۇنداق !» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى مىدىرلىتىپ قويدى.



— دېھقانلارنى ئەتراپىمغا توپلايمەن. ئەتەرگە: «ئىسيان كۆتۈرۈلدى، تاغلارنى قاراقچىلار قاپلاپ كەتتى. كىچىك بىر قاراقچىلار ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى» دەپ ئۈستى ـ ئۈستىگە تېلېگراما يوللايمەن. بۇ چاغدا ھۆكۈمەت بىر پولك ياكى بىر ناغ چارلىغۇچى ئەترىتىنى ئەۋەتىدۇ، ھەممىنى يوق قىلىدۇ، تۇتۇپ كېتىدۇ. شۇنچە چوڭ كۈرد قوزغىلىڭىنى باستۇرغان ھۆكۈمەت بۇ بىر ئوچۇم قاراقچىغا تەڭ كېلەلمەسمۇ تېخى ؟... تېلېگراما سوققۇچىغا جېكىپ قويدۇم. قاراقچىلار ھەققىدە شەھەرنى قارىلايدىغان ھەرقانداق تېلېگراممىنى ئەتەرگە يوللىمايدىغان بولدى، ھېچقاندىقىنى زادى ... لېكىن ئىككى يىلدىن كېيىن — ۋايىۋاي پېزىسىنىڭ يەرلىرى قولۇمغا ئۆتكەندىن كېيىن شۇ قاراقچىلارنى نېمە قىلىشنى ئۆزۈم بىلىمەن ...

ئۇ جىم بولدى، ئويلىنىپ قالدى، بىرھازاغىچە ئويچان ھالدا بېشىنى تىك تۇتۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىشقا باشلىدى. دەرۋازا ئېچىلىش بىلەن ئەلى سايا باي خىيالىدىن ئويغاندى. ئىشىكنى ئاچقان خىزمەتچى دەررۇ ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپ يۈگۈرگەن پېتى يۇقىرىغا چىقتى:

— باش ـ كۆزى ئورالغان ئادەم سىز بىلەن كۆرۈشىمەن دەيدۇ، ئۆزى ئۇزۇن ساقاللىق، — دېدى.

— كىرسۇن !

باش ـ كۆزى ئورالغان ئادەم ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئۆيگە كىردى ـ دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى ۋە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەلى سايا باي ئەپەندى، بۇرادىرىم ! — دېدى

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

— ئەلى سايا باي، — دېدى كەلگەن ئادەم، — داداڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنەم ئىدى، ساڭا ھاجىتىم چۈشتى. ئابدى ئاغا سېنىڭ ئۆيۈڭگە كېلىپ قالدى، بالا ـ قازادىن ئۆتتى قۇتۇلدۇر. كۆز ئالدىمدا شۇنچە يوغان بىر پېزىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. داداڭنىڭ

ئاغىسى ئابدىنىڭ ساڭا ھاجىتى چۈشۈپ ئۆيۈڭگە كەلدى. ئەلى ساپا دەپ ئالدىڭغا كەلدىم. ئەمدى مېنى بۇ بالالاردىن قۇتۇلدۇرۇۋال. پۇتلىرىڭغا يىقىلاي، بۇ بالا ـ قازالاردىن مېنى قۇتۇلدۇر، مېنى قۇتقۇزۇۋال. داداڭ بىلەن تاڭ ئابرۇيىغا ئىگە ئىدۇق، قېرىنداشلاردەك ئۆتەتتۇق، تۇغقاندىنمۇ چارە ئىدۇق. تاپانلىرىڭنى سۆيەي، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىن.

ئەلى ساپا باي كۈلۈپ قويۇپ:

— نېمانچە قورقۇش؟ ئالدى بىلەن دېمىكىنى ئال، ئالدىرىماي سۆزلىشىمىز، — دېدى.

— نېمانچە قورقۇش دەپ سورامسەن تېخى! مەن قورقماي كىم قورقسۇن، ئەلى ساپا باي؟ بۇ ئەبلەخ ئەزرائىلنىڭ قىلىچىدەك بېشىمدا ئېلىنىپ يۈرىدۇ، مېنى تۇتىمەن دەپ يوغان بىر يېزىنى — شۇنچىلىك چوڭ ئاقتوزلۇ يېزىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ھودۇقماي، قورقماي بولامدۇ؟ ... پۇتلىرىڭغا باش قوياي. ئەلى ساپا باي، مېنى قۇتۇلدۇرغىن. سادىغاڭ كېتەي، بۇنىڭ قولىدىن مېنى قۇتقۇزغىن. ئابدى تاغاڭ ساڭا قۇربان بولسۇن. ھازىر ماڭا ئۆيىڭ ھارام، ئۇ ئەزرائىلنىڭ قىلىچىدەك بېشىمدا تۇرىدۇ، ئارامىلىق يوق.

ئەلى ساپا باي يېرىم چاقچاق، يېرىم جىددىيلىك بىلەن:

— ئابدى ئاغا، ئاڭلىشىمچە، مەمەت ئاۋۇقنىڭ مۇشتۇمدەكلا بىر بالا ئىكەنغۇ؟ — دېدى.

— يالغان، پۈتۈنلەي يالغان! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ئابدى ئاغا. — يالغان. ھازىر تېرەكتەك ئۆسۈپ كېتىپتۇ. ئۆيگە ئوت قويۇۋاتقان چاغدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئىككىمىزدەك كېلىدۇ. ئاجايىپ يوغان. ئۇلار يالغان دەيدۇ. بالىلىق چاغلىرىدىكى ۋاقتىنى دەيدۇ. ھازىر ئىككىمىزدەك چىقىدۇ. مۇشتۇمدەك بالا شۇنچە ئىشنى قىلالايتتىمۇ؟ ئۇ مەلئۇن دېۋىدەك يوغان!

— ئالدىرىما، ئاغا! — دەپ ئۇنى يۆلەكلەندۈردى ئەلى ساپا



باي. — بىر ئىلاجىنى قىلىمىز، ئالدى بىلەن قەھۋەنى ئىچكىن!

ئابدى ئاغا خىزمەتچى ئەكىرگەن قەھۋەنى قوللىرى تىترىگەن ھالدا ئالدى، گۈپپىدە قەھۋە پۇرىقى كەلدى، ئۇ قەھۋەنى پۈۋلەپ تۇرۇپ ئىچىشكە باشلىدى.

ئەلى ساپا باينىڭ خوتۇنى كېلىپ ئابدى ئاغىسىنىڭ يېنىدىكى كارىۋاتتا ئولتۇردى:

— خۇداغا شۈكۈر، ئاغا، سالامەت قايتىڭ. بولغان ئىشلارنى ئاڭلاپ كۆڭلىمىز يېرىلدى. بېشىڭغا نېمە كۈنلەر كەلگەندۇ، ۋايتوۋا، ئابدى ئاغا، ھەسرەت چەكمە. خۇدايىم بۇيرۇسا ئەلى ساپا باي چوقۇم ئۇ كاپىرنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ.

يېزا كۆيۈپ كەتكەندىن بېرى ئابدى ئاغا خۇشال ئىدى، توختىماستىن سۆزلەيتتى، ۋەقەنى، ئوت قويۇش ئەھۋالىنى سۆزلەيتتى، ئالدىغا كىملا كەلسە، مەيلى ئۇ ئاڭلىسۇن، ئاڭلىمىسۇن، كارى يوق، سۆزلەۋېرەتتى. بۇنى ئاڭلىغۇچىلار ئابدى ئاغىغا ئېچىناتتى، مەمەت ئاۋاقتىن نەپرەتلىنەتتى. ھاكىمى، ساقچى باشلىقى، ژاندارمىسى، كاتىپى، خىزمەتچىسى بولسۇن، مەيلى شەھەرلىك، يېزىلىق ھەممە ئادەم ئابدى ئاغا بىلەن ھەمنەپەس ئىدى ... ئابدى ئاغا بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى يىغلاپ تۇرۇپ شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ھالەتتە سۆزلەپ بېرەتتىكى، ئۇنىڭغا ئېچىنماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى ئالدىدا ئولتۇرغان خوتۇننىڭ دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئابدى ئاغا چىن قەلبىدىن سۆيۈندى ۋە بىر خىل راھەت ھېس قىلدى.

ئابدى ئاغىنىڭ چىرايى ھېلىقى ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىشتىن بۇرۇن شۇنچىلىك پەرىشان، شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق تۈسكە كىرەتتىكى، ئۇ سۆزلىمىسىمۇ چىرايىدىن ھەممە ئەھۋالنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

— بۇ ئىشلارغا ھەممىمىز ئېچىندۇق. تۈنۈگۈن ھاكىمنىڭ خوتۇنى بىزنىڭكىگە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا،

هاكىمنىڭ غەزىپى كېلىپ « ئۇنى چوقۇم تۇتۇش كېرەك، شۇنداق چوڭ يېزا كۆيۈپ كېتەمدۇ؟» دەپتۇ. هاكىمنىڭ خوتۇنى تېخى سىزنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، شۇ ئوت ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىققان زادى قانداق ئادەمدۇ؟ دېدى. ھەممىمىز بىئارام بولدۇق. ئەلى سايا باينىڭ شۇ ۋايۋاي يېزىسىدىكى ئىشلىرى بىر تۈگىسۇن. ئۇلارنىڭ كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىدۇ، تاغلاردا يىرمۇ قاراقچى قويمايدۇ. ۋاي ئابدى ئاغام، ھەممىمىزنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى.

ئەلى سايا باي كۆمۈش قامچىسى بىلەن پارقىراپ تۇرغان ئۆتۈكىنى ئۇرۇپ، ئۆيىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا مېڭىپ يۈرەتتى.

ئابدى ئاغىنىڭ يۈزى تارتىشىپ، كالپۇكلىرى تىترىدى.

— ئاھ! — دەپ سۆزنى باشلىدى ئابدى ئاغا، — ۋاي قىزىم، بېشىمغا كەلگەنلەرنى بىر دېمە! بېشىمغا كەلگەن دەردلەر ھېچقانداق بەندىنىڭ بېشىغا كەلمىگەندۇ! ئاھ، قىزىم، چىرايلىق قىزىم، مېنىڭ ۋەلى جىيەنىم تال چىۋىقتەك بىر بالا ئىدى. خەدىچەنى ئېلىپ بېرىشكە سۆزلىشىپ قويغانىدۇق. ئۇ كاپىر خەدىچەنى ئەپقاچتى. قاچسىغۇ مەيلى ئىدى، بىزگە نېمە، شۇنچىلىك! ئىككى كۆڭۈل بىر بولسا ساماتىلىق باغچە بولىدۇ، ئىككى ياخشى بىر جايدا بولسا چۆللەرمۇ بوستان بولىدۇ، دېگەندەك، مېنىڭ ۋەلى بالامغا قىز كەممىدى؟ قولىنى شىلتىپ قويسىلا قىزدىن ئەللىكى كېلىدۇ. مەن بەش يېزىنىڭ ئاغىسىمەن، دادامۇ، بوۋامۇ ئاغا ئىدى. جىيەنىمنىڭ ئالىدىغان قىزنى ئەپقاچقان بولسا مەيلى، قايتىپ كېلىپ يېزىدا ئولتۇرۇۋەرسۇن، دېدىم. يېزىلىقلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆز ئوغلۇمدەك، ئۇلار ياقا يۇرتلاردا تېنەپ قالمىسۇن دەپ ئويلىدىم. بىراق، «قاغىنى باقساڭ كۆزۈڭنى چوقۇيدۇ» دېگەن گەپكە ئىشەنمەيتتىم. «ۋاپاغا جاپا» دېگەن سۆزگىمۇ ئىشەنمەيتتىم. ئەقىلسىزلىك قىلدىم، نېمىمۇ قىلار ئىدىم ئۇنى، قېچىپ بارغان



يېرىدە قېلىۋەرسە بولمايتتىمۇ؟ ياقا يۇرتلاردا تەمتىرەپ يۈرسە مەيلى ئەمەسمىدى؟ يىلاننى، جان دۈشمىنىمنى يېزىغا چاقىرتىۋاپتىمەن، جىيەنىمنىڭ ئالىدىغان قىزنى ئەپقاچقان ئادەمنى ئەپۇ قىلىپ يېزىغا ئەكەپتىمەن. كېيىن يېرىپ ئۇ جىيەنىمنى ئۆلتۈردى، مېنىمۇ يارىدار قىلدى، ئۆلگىلى تاس قالدىم. قارا، قىلغان ياخشىلىقىم نېمە بولدى؟ يامانلىق ياندى ...

— ۋاي ئابدى ئاغا! — دېدى ئەلى سايا باينىڭ خوتۇنى، — بۇ ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلغىلى بولمايدۇ، بىزنىڭ ئادەم ھېچكىمگە ياخشىلىق قىلمايدۇ.

— ياخشىلىق قىلماسلىق كېرەك، ياخشىلىق قىلمىساق بوپتىكەن. لېكىن، ئەمدى كەتكەن ئىش كەتتى. مېنى ئاتقاندىن كېيىن ئۇ تۈزكور، تاماق يېگەن داستىخانغا پىچاق ئاتىدىغان نان كور قاراقچىلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. مەيلى بارسۇن، خۇدايىم جاجىسىنى بەرسۇن، قاراقچى بولامدۇ، قاچقۇن بولامدۇ، مەيلى دېدىم، بىر كۈنى خەۋەر ئاڭلايمەنكى، ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈشكە قەسەم ئىچىپتۇ. قاراقچىلار ئەترىتىنى باشلاپ ئۇدۇل يېزىغا كېلىۋېتىپتۇ. ۋاي قىزىم، ئەترەت بىلەن كېلىۋاتقۇدەك. «ئابدىنىڭ قېنىنى شەربەتتەك ئىچىمەن» دېگۈدەكمىش. مېنىڭ قىلغان ئادەمگەرچىلىكلىرىمگە ئۇنىڭ قايتۇرغان پەسكەشلىكىنى كۆر! مەندەك بىر قېرىدىن ئالىدىغان نېمىسى بار؟ ھازىر بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلاپ قالدى، ناماز ئوقۇپ ئىبادەت قىلىمەن، دۇنيا بىلەن نېمە كارىم. قارىسام، ئۇ مەلئۇن چوقۇم يېزىغا كېلىپ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈدەك. ئۇ مەلئۇننىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. شۇڭا، يېزىدىن قېچىپ چىقتىم، ئۆي - ئوچىقىمنى، يۇرت - ماكانىمنى تاشلاپ قېچىپ كەلدىم. ئاقتۇزلۇ يېزىسىدىكى ھۈسەيىن ئاغا بىزگە تۇغقان كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ پاناھ تاپقانىدىم. ئۇ يەرگە يوشۇرۇنساممۇ بوپتىكەن، مېنىڭ تۆپىلىمىدىن پۈتۈن بىر يېزا كۆيۈپ كۈل بولدى.

— كاشكى، بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن بولساڭ، بۇ ئىشلارمۇ

بولماس ئىدى، — دېدى ئايال.

— مەن نەدىن بىلەي، قىزىم، ئۇ مەلئۇنلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى ئېسىمگىمۇ كەلمەپتۇ. ئەقلىمنىڭ كالتىلىقى، ۋاي قىزىم. ساڭا دەي، شۇنداق چوڭ يېزا كۆيۈپ كۈل بولدى. كەمبەغەللەر ئاچ - يالىڭاچ تالادا قالدى. ئۇ بىچارە بالىلارغا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ. يەيدىغان نېنى، كىيىدىغان كىيىمى يوق، بۇ قىش ئۇلار ئاچ قالىدۇ. كۆيمىچىسىنىڭ كالىلىرى، باشقا ھايۋانلىرىمۇ كۆيۈپ كەتتى، باشقىلاردىن كۆرە، ئەنە شۇ سەبىي بالىلارغا يەك ئىچىم ئاغرىيدۇ. بۇ بالىلارنى، بۇ بىچارە دېھقانلارنى كۆرۈپ ئۆز ئەھۋالىمنى ئۇنتۇپ قالدىم. بۇ كەمبەغەل خەلققە يەيدىغان بۇغداي ئەكەلسۇن دەپ ئەلى توكۇزنى يېزىغا ئەۋەتتىم. بۇ بىچارىلەرگە شۇنچىلىك ئىچىم ئاغرىپ كەتتىكى، يۈرىكىم ئېچىشىپلا تۇرىدۇ. ئەزەلدىن كەمبەغەللەرگە ئىچىم ئاغرىيتتى. ئەمدى ئۇ كاپىرنىڭ يېزىلىغىمۇ ئوت قويۇۋېتىشىدىن قورقۇۋاتىمەن. ئۇ كۆيدۈرۈپ ئۆگەندى، چوقۇم ئوت قويۇپ يېزىنى كۆيدۈرۈپ، كۈل قىلىۋېتىدۇ، چوقۇم كۈل قىلىدۇ ... ۋاي قىزىم، ساڭا ئېيتاي، ئۇ قانخور تۇرغان يېرىمنى بىلىۋاپتۇ، ئۇ ئەتىرىتىنى باشلاپ كەپتۇ. تىڭشاپ باقسام، بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، مېنى سوراۋاتىدۇ، شۇ كاپىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىر كېچە ئاۋۋال چۈشۈمدە كۆرگەنىدىم، ماڭا ئايان بولغانىدى. يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. ھۆسەيىن ئاغا مېنى سىرتقا چىقارمىدى، مېنى تۇتۇپ بېرەتتىمۇ؟ ئۇ مەلئۇن دەرۋازىنى ئاچتى. ئۇق ئېتىلىشقا باشلىدى. ھۆسەيىن ئاغىغا: «بالىچاقاڭنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىققىن» دېدى. ھۆسەيىن ئاغا بالىلىرىنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى. يېرىم كېچىدە بىچارە نېمىمۇ قىلالايتتى! مېنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىدى، ئۇنىمىدىم، ئىچىدە تۇرۇپ ئۆزۈمنى قوغدىدىم. بۇ چاغدا ئۆيگە ئوت قويۇۋەتتى. چوڭ ئۆي گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئىشىكتە ئۈچ كىشى تۇرۇپ ئوق ئاتاتتى، ئىشىكتىن چىقالمايتتىم، چىقىدىغان باشقا تۆشۈكمۇ



يوق ئىدى. ئىس ۋە ئوت ئىچىدە پىرقىرايتتىم، ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتاي دەپمۇ ئويلىدىم، كېيىن ۋاز كەچتىم. ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغۇچە چارىسلىداپ كۆيۈپ كېتەي دېدىم. ئۈستۈمگە ئۇچقۇنلار چۈشۈشكە باشلىدى، ئەترابىنى قىپقىزىل ئۇچقۇنلار ۋە ئىس قاپلاپ كەتتى، ئىشىكنىمۇ كۆرەلمەيتتىم، قاراڭغۇ ئىس - تۈتەك ئىچىدە قالدىم، بوغۇلۇپ كەتتىم. ئەتراپىم چاراس - چۇرۇس ياناتتى. ئۆزۈمنى ئۇ يەردىن بۇ يەرگە ئاتاتتىم. قۇتۇلۇشتىن ئۈمىد ئۈزدۈم. بېشىمغا ئۇچقۇنلار، ئوت پارچىلىرى يېغىشقا باشلىدى. ئۆلدۈم — ئەمدى ئۆلدۈم، دېدىم، ۋاي بالىلىرىم، ۋاي يېزىلىقلىرىم، دېدىم. مەن بولمىسام بەش يېزىنىڭ دېھقانلىرى ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ، ۋاي بىچارە دېھقانلىرىم، دېدىم. ئاخىرىنى دەي، قىزىم: شۇ چاغدا بىر تەرىپىمگە ئوت تۇتاشتى، بېشىم كۆيۈشكە باشلىدى. جان ئاچچىقىم بىلەن ئۆزۈمنى يەرگە ئاتتىم ... ئەنە شۇنداق جان تالىشىۋاتقان چېغىمدا ئوت ئىچىدىن قۇلىقىمغا «ئابدى ئاغا! ئابدى ئاغا!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ، ھۆسەيىن ئاغىنىڭ چوڭ خوتۇنىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئوت ئىچىدە ھە دەپ مېنى ئىزدەپ يۈرەتتى. «يەڭگە، مەن بۇ يەردە» دېدىم. «بۇ يەرگە كەل، سېنى يوتقانغا ئوراي» دېدى - دە، مېنى يوتقانغا ياخشىلاپ ئورىدى، يوغان بىر يوتقان ئىكەن، مەنمۇ قانچىلىك ئىدىم دەيسەن! كۆتۈرۈپ قولتۇقىغا قىستى - دە، سىرتقا ئاچىقتى. ھازىر ئۇ كاپىر مېنى چاراسلاپ كۆيۈپ كەتتى دەپ ئويلايدىغاندۇ. ھۆسەيىن ئاغىنىڭ چوڭ خوتۇنى بولمىغان بولسا، راستتىنلا چاراسلاپ كۆيۈپ كېتەتتىم ... كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ ئېتىۋېتەتتى. بىراق ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئايالنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى ۋە:

— ھېلىمۇ ياخشى ئۇلارنىڭ ئەقلىگە كەلمەپتۇ، ئاغا، بولمىسا ئۇ كاپىرلار ئۆلتۈرۈۋېتەتتى، — دېدى.

ئابدى ئاغىنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆسەيىن ئاغىنىسىنىڭ ئۆيى كۆيۈپ بولغۇچە قاراپ تۇرۇشتى. ئۆي كۆيۈپ كۈل بولدى. ئۇلار يېزىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىگىلا بىر - بىردىن ئوت قويۇپ چىقتى. ھۆسەيىن ئاغىنىنىڭ ئۆيىغۇ مەيلى، ئۇنى مېنىڭ ئۈچۈن كۆيدۈرۈۋەتتىمۇ دەيلى. ھۆسەيىن ئاغا باي ئادەم، بىرنەچچە كۈندىلا يېڭى ئۆي سېلىۋالىدۇ. لېكىن ئۇ مەلئۇنلار، دىنسىزلار، ئىمانسىز ئەبلەخلەر باشقا ئۆيلەردە، بىچارە كەمبەغەللەرنىڭ ئۆيلىرىدە نېمە ئىشى بار؟ قىش يېقىنلىشىپ قالغان تۇرسا، ئۇلار يىلىڭ - يالىڭاچ، ئۆي - ئوچاقسىز قالامدۇ! ھۆسەيىن ئاغىنىڭ ئۆيىنى كۆيدۈرۈۋېلا يولىغا ماڭمامدۇ، ئۇ خۇداسىزلارغا شۇ بىچارە كەمبەغەل دېھقانلار نېمە قىلغان؟ ھېچكىمگە بولمىسىمۇ شۇ بىچارە كەمبەغەللەرگە ئىچىم ئېچىشىدۇ.
— بۇ قىش كەمبەغەللەر دىر - دىر تىترەپ چىقىدىغان بوپتۇ - دە، — دېدى ئايال، — ئۆي - ماكانسىز، ئاش - نانسىز قانداقمۇ قىلار؟ شۇ ۋايۋاي يېزىسىنىڭ ئىشى تۈگىسۇن، ئەلى ساپا باي تاغلاردا بىرمۇ قاراقچى قويمايدۇ، ئەنقەرەگە — ئىسمەت پاشا① نىڭ ئۆزىگە تېلېگرامما ئۈستىگە تېلېگرامما سوقىدۇ، ئادەتتىكى ژاندارمىلار ئەمەس، مۇنتىزىم قوشۇنلار كېلىدۇ، ھەممىنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ ئاسىدۇ. قېنى شۇ چاغدا يېزىنى كۆيدۈرەلەمدىكەن؟ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى سورىما، ئابدى ئاغا! يىللاردىن بېرى ئۇلارنى بېقىپ كېلىۋاتىمىز، ئەلى ساپا باينىڭ تاپقىنىنىڭ ھەممىسى قاراقچىلارنىڭ قورال - ياراغلىرىغا كېتىدۇ. خەپ! شۇ ۋايۋاي يېزىسىنىڭ ئىشى تۈگىسۇنچۇ!
ئەلى ساپا باي تېخىچە خىيال ئىچىدە مېڭىپ يۈرەتتى. خوتۇنىنىڭ «شۇ ۋايۋاي يېزىسىنىڭ ئىشى تۈگىسۇنچۇ!» دېگەن سۆزى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى ياكى ئېسىگە كەلدى، بىردىنلا خوتۇنىنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

① تۈركىيەنىڭ مەشھۇر سىياسىيونى. 1923 — 1937 - يىللىرى تۈركىيەگە باش مىنىستىر، 1938 — 1950 - يىللىرى پرېزىدېنت بولغان. — تەرجىماندىن.



— ئاغىنىغا نېمە دېدىڭ؟ نېمە دەۋاتاتتىڭ؟ — دېدى.
— كېرەك يوق، ئەلى ساپا باي، بىز يات ئەمەسقۇ، — دېدى ئابدى ئاغا، — دېسە يامان بولمايدۇ، سېنىڭ داداڭ مېنىڭ قېرىندىشىمدىن ئارتۇق ئىدى.
— توۋا، ئابدى ئاغىنى يات كىشى دەپ ھېسابلىغان بولسام بۇ گەپلەرنى قىلاتتىممۇ؟ — دەپ گۇناھكارلارچە پىچىرلىدى خوتۇنى.
ئەلى ساپا باي سىرنى ئېچىپ قويدۇڭ، چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدۈڭ دېگەندەك قىلىپ خوتۇنىنىڭ كۆزلىرىگە ھومىيىپ قارىدى ۋە:
— سەن ئاۋۇ ئۆيگە چىق، ئاغا بىلەن بىزنىڭ قىلىشىدىغان مەخپىي گېپىمىز بار، — دېدى.
ئايال گۇناھكارلارچە پۇشايمان ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ياندىكى ئۆيگە چىقىپ كەتتى.
ئەلى ساپا باي كۈلۈمسىرەپ ئابدى ئاغىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە قوللىرىنى تىزىغا قويۇپ:
— كۆپ ئويلىدىم، ئاغا، — دېدى ئۇ، — كۆپ ئويلاندىم، بۇ مەمەت ئاۋاقنى ئاسانلىقچە يوقاتقىلى بولمايدىكەن. قورقىنىڭ توغرا، ھۆكۈمەتتىن، دېھقانلاردىن قورقماستىن، چوڭ بىر يېزىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن ئادەمدىن قورقماي بولامدۇ؟ بىر ھەپتىدىن بېرى ھەممە تاغقا ژاندارمىلار، ئادەملەر چىقىپ ئىزدەشتى، يوق، تېپىلمىدى. ئاقتۈزلۈ يېزىسىدىن ئەللىك كىشى ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشتى، يېزىدىن تاللانغان ئون بەش قوراللىق مەرگەن قوغلاپ كەتتى. ئۇلارمۇ تاپالمىدى. بۇ ئادەمدىن قورقۇش كېرەك، بۇ ئادەمنى يوقىتىش تەس.
ئابدى ئاغىنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، بىردەم قىزىراتتى، بىردەم بوزىراتتى. ئۇ ئەلى ساپا باينىڭ قولىغا ئېسىلىپ:
— نېمە قىلساڭ قىل، ئىشقىلىپ، مېنى ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇر، ئەتىلا كېلىپ چۇقۇر ئوۋادا قانچىلىك لىرا بولسا

ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ، بىر ئىلاج قىل، — دېدى.

— تەس گەپ، ئابدى ئاغا. قىيىنغا توختايدۇ، لېكىن بىر ئىلاج قىلالايلى! — دېدى ئەلى ساپا باي.

— نېمە قىلساڭ قىل! — دېدى ئابدى ئاغا.

— بۇ ئادەمنى بىر نەرسە قىلىشقا ھەرىكەت قىلاي، ئەمما سەندىن بىر تىلىكىم بار ... — دېدى ئەلى ساپا باي.

— قولۇم كۆكسۈمدە، خالىساڭ جېنىمنى تىلە، ئەلى ساپا باي، جېنىمنى ئالساڭمۇ مەيلى، قېرىندىشىمنىڭ ئوغلىسەن، سەن ئۈچۈن بېرىۋېتىمەن، — دەپ ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇردى ئابدى ئاغا.

ئەلى ساپا باي ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— رەھمەت، ئاغا، مېنى ياخشى كۆرىدىغىنىڭىزنى بىلەتتىم. بۇ ئىش ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلىدى دەپ ئويلاپ قالما! زادى خىيالىڭغا باشقىچە بىر نەرسە كەلمىسۇن! شۇنداق ئويلايدىغان بولساڭ گېپىمنى دېمەيلا قويىمەن. مەن مەمەت ئاۋاقنى يوق قىلىش كويىغا چۈشىمەن، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسە تەلەپ قىلىدۇ دەپ ئويلاپ قالما.

ئابدى ئاغا يەنىلا شۇ جانلىنىش ۋە ھاياجان بىلەن:

— ئويلىمايمەن، ئەزىبىرالى ئويلىمايمەن، سۆيۈملۈك قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى ھەي ئەلى ساپا باي، — دېدى.

ئەلى ساپا باي خېلى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئابدى ئاغىنىڭ كۆزىگە قارىدى:

— ئاغام، ساڭا مەلۇم، مېنىڭ بېشىمدىمۇ ھەر خىل ئىش بار. خۇداغا شۈكۈر، كېيىنكى يىللاردا دەردىم ئازايدى. دەردىمغۇ ئازايدى. ئەمما شۇ ۋايۋاي يېزىسىدىكى يەر دەۋاسى ئۇيقۇمنى ھارام قىلدى، — دېدى.

ئابدى ئاغا يەنە شۇ ھاياجان بىلەن سۆزلىدى:

— ھەممىنى بىلىمەن. ۋايۋاي يېزىسىنىڭ ھەممە يېرى داداڭنىڭ ئىدى، داداڭ تېرىيتتى، ئورۇيتتى. ئۇ تۈگەپ كەتكەن



چاغدا سەن تېخى مەكتەپتە ئىدىڭ، ۋايۋايغا دېھقانلار كېلىپ ئورۇنلاشتى. ساڭا دېگەنىدىمغۇ؟ قولۇڭدىكى ھۆججەتتە ۋايۋاي يېزىسىنىڭ يەرلىرىنىڭ ھەممىسى يېزىلغان. بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، بىزنىڭ بەش يېزىنىڭ خەلقىمۇ، ئاقتۇزلۇ يېزىسىمۇ، ھەممە كىشى بىلىدۇ. سەن بۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرما، ئابدى تاغاڭ بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ. زېمىن ئىشلىرىنى سەن ماڭا قويۇپ بەر، ئالتە ئاينىڭ ئىچىدە ۋايۋاي يېزىسىدىكى زېمىنلار سېنىڭ بولىدۇ.

— ئاغا، خىيالىڭغا باشقىچە ئوي كېلىپ قالمىسۇن جۇمۇ، ھەق تەلەپ قىلىدى دەپ قالما جۇمۇ؟ — دېدى ئەلى ساپا باي.

— ياق، ياق، — دەپ بېشىنى چايقىدى ئابدى ئاغا.

— ھەممە ئادەمنى يېزىدىن سۈرگۈن قىلدىم، قورقۇپ يېزىغا كىرەلمەيدۇ، ھەممىسى يۇرەگىر تەرەپلەرگە قېچىپ كېتىشتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەردىن ۋاز كېچىشمەيدۇ، — دېدى ئەلى ساپا باي.

— سەن ئۇ ئىشلارنى ماڭا — ئابدى تاغاڭغا قويۇپ بەر، بۇنداق ئىشلار مېنىڭ ئىشىم. قاراپ تۇر، قانداق بىگىپ چىقىشىمنى كۆرەرسەن!

— بىر ھەپتىدىن كېيىن سۈرىيەدىن قورال - ياراغ كېلىدۇ، — دېدى ئەلى ساپا باي.

— كەلگەندىن كېيىنچۇ؟ — دېدى ئابدى ئاغا.

— قەلەيچى ئەترىتىگە ھاۋالە قىلىمەن، — دېدى ئەلى ساپا باي.

— سادىغاڭ كېتەي، ئوغلۇم، — دېدى ئابدى ئاغا ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئەلى ساپا باي ئابدى ئاغىنىڭ مېھمان بولۇپ كېتىشىنى ئۆتۈندى، لېكىن ئابدى ئاغا بۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ قېلىشنى زادىلا مۇۋاپىق كۆرمىدى ۋە:

— مۇشۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بىر - بىرىمىز بىلەن

سۆزلەشمەيلى، ئويلىمىغان ئىشلار بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

## 16

ئۇلار شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە توختىماستىن يۈگۈرگەندەك يول مېڭىشتى. تاڭ سۈزۈلگەندە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئاقچە قارىغايزارلىقىنىڭ قىيالىقلىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىككىسى يول بويى گەپلەشمىگەن، بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلىشمىغانىدى. ئاقچە قىيالىقلىرىغا چىققاندا بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كۈن چىقىۋاتقىنىغا قارىماستىن تۇمان بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان چوڭقۇر ئويۋا تۈزلەڭلىكىگە قاراشتى. تۇماننىڭ ئاستا - ئاستا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ يېزىلار، يوللار، تۆپىلىكلەر، پارقىراپ، ئەگرى - توقاي ئېقىۋاتقان دەريا ۋە ئېرىقلار كۆرۈندى.

چاشكا ۋاقتىغا كەلگەندە تۈزلەڭلىكتە بىر پارچىمۇ تۇمان، ئازراقمۇ تۈتەك قالمىدى. تۈزلەڭ تەكشى سوزۇلۇپ، ھەر تۈپ دەرەخ ھەربىر تېشىغىچە ئوچۇق كۆزگە چېلىقاتتى. تېرىلغان ۋە تېرىلمىغان ئېتىزلار، قارامتۇل، چىلان تۇپراق، بوز يەرلەر شۇنداق ئوچۇق كۆرۈندى.

— قارىغىنا مەمەت، — دەپ بۇ جىمجىتلىقنى تۇنجى بولۇپ جاپپار بۇزدى، — تۈنۈگۈن ئاخشام ئەنە شۇ يەردە ئىدۇق.

مەمەت جاپپارغا قارىماستىن جاۋاب بەردى:

— ھە، شۇ يەردە ئىدۇق.

جاپپار مەمەتنىڭ بۇنداق شوك بولۇپ كېتىشىگە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي جىم بولدى. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر پاراڭلاشقۇسى كېلەتتى. ئىچىدە بىر نەرسە ئۇنى سۆزلەشكە ئۈندەيتتى.

— ئاناۋارزانىڭ تۈزىگە قارا! ئەنە شۇ يەر، قاپقارا كۆرۈنگەن يەر، چاتقاللىق ئاۋۇ يەر، ئۈستىدە بىرنەرسىلەر ئۇچۇۋاتقاندەك كۆرۈنگەن يەر ئاقچە سازلىقىنىڭ پاتقاقلىقى ... ئاقتوزلۇ



يېزىسىدىن ھازىرغىچە ئىس چىقىۋاتىدۇ، تۈرۈم - تۈرۈم چىقىۋاتىدۇ، كۆردۈڭمۇ؟ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

مەمەت بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە:

— كۆرۈۋاتىمەن، — دەپ خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بەردى.

جاپپار بىر خىل قىزغىن ھاياجان بىلەن سورىدى:

— نېمە ئويلاۋاتىسەن، مەمەت، كۆڭلۈڭ سۇنۇقمۇ؟

— ئۇ زالىم كاپىر كۆيۈپ كەتكەنمىدۇ، شۇنى ئويلاۋاتىمەن. يەنە ئاقتوزلۇ يېزىسىنىڭ كەمبەغەللىرىگە ئۇۋال بولدى، نېمە قىلسام بولار، — دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— ئويلىما، بولار ئىش بولدى، — دېدى جاپپار.

— ھە، شۇنداق بولدى، — دېدى مەمەت.

— ئۇممەت سېرىقنىڭ ئۆيىگە بارايلى، بۇ كېچىنى ئۇنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزەيلى، ئەتە تاغقا چىقىپ كېتىمىز.

مەمەت كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ:

— يەنە نېمە ئويلىغىنىمنى بىلەمسەن، جاپپار؟ — دېدى.

— بىلمىدىم.

— دىكەنلى تۈزلەڭلىكىگە بارىمەن، بەش يېزىنىڭ ياشلىرىنى يىغىمەن. ئۇلارغا: «ئەمدى ئابدى ئاغا يوق، قولۇڭلاردىكى ئۆكۈزلەر ئۆزۈڭلەرنىڭ، ئورتاقچى، يىللىقچى دېيىلگەن گەپ يوق، ئېتىزلارمۇ سىلەرنىڭكى، خالىغىنىڭلارچە تېرىڭلار، مەن تاغدا ئامان بولسام ئىشلار مۇشۇنداق كېتىۋېرىدۇ. ئەگەر مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشسە ئۆزۈڭلەرنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭلەر قىلىڭلار» دەيمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلارنى يىغىپ چېقىرتىكەنلىككە ئوت قويىمەن، چېقىرتىكەنلەرنى كۆيدۈرۈۋەتمەستىن ھېچكىم قوش سالمايدۇ.

جاپپارنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى:

— نېمىدېگەن ياخشى! ئاغىنىمىز يېزا! ھەركىمنىڭ تاپقىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ! — دېدى.

— ھەركىمنىڭ تاپقىنى ... — دەپ كۈلۈپ قويدى مەمەت.

— قولىمىزدا قورال بار، يەرلەرنى قوغدايمىز.
— يەنە باشقا بىر ئىشمۇ قىلىمىز، — دېدى مەمەت.
— قايسى ئىشنى؟ — دەپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى جاپپار.
— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، قېرىنىدىشىم. لېكىن، چوقۇم بىر ئىشنى قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى مەمەت.
— نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ — دېدى جاپپار.
— شۇ ئاقتۇزلۇق يېزىسىنىڭ كەمبەغەل بىچارىلىرىگە ئۇۋال بولدى. چوقۇم بىر ئىش قىلىپ بېرىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ كاساپىتىمىزدىن ئۆيلىرى كۆيۈپ كەتتى.
— ئۇۋال بولۇشىغۇ بولدى، بىراق نېمە ئامالىمىز بار؟
— بىر ئامال قىلىش كېرەك، — دېدى مەمەت.
جاپپار كېرىلىپ ئورنىدىن تۇردى، ئۆزۈن پاچاقلىرى، كەڭ مۈرىسى خۇددى پولات سىمىدەك سوزۇلدى، مەمەتمۇ كېرىلىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ چىرايى كۆيۈپ قارىداغان، تېرىسى ئۇستىخىنىغا چاپلىشىپ قالغاندەك ئورۇقلىغانىدى. ئەمما، چىرايىدا ھېچقانداق ھارغىنلىق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. مېڭىش - تۇرۇشىدا، گەپ - سۆزىدە، ھەربىر ھەرىكىتىدە بىر خىل ساغلاملىق، ئەمگىنلىك ۋە چىۋەرلىك ئىپادىلىنەتتى. قاراقچى بولغاندىن بېرى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.
ئورنىدىن تۇرۇش بىلەن مېڭىشىدە ھېلىقى سىرىق ئۇچقۇن قوياشتەك پارقىراپ چوڭقايدى ۋە كېڭەيدى ...
مەمەت كاليۈكلىرىنى لەززەت بىلەن يالاپ تۇرۇپ:
— ھەي جاپپار، ھەركىمنىڭ تايقىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، قوغدىغۇچىسى ئۆزىمىز بولىمىز، ھەممە ئادەمنىڭ يېرى بولىدۇ، — دېدى.
— قوغدىغۇچىسى ئۆزىمىز، ھەممە ئادەمنىڭ يېرى بولىدۇ، — دەپ تەكرارلىدى جاپپار.
ئۇلار قىياننىڭ شەرقىي تەرىپىگە چۈشتى - دە، مەمەت ئالدىدا، جاپپار كەينىدە چىغىر يولغا كىرىپ كېتىشتى.



— ژاندارمىلار ئارقىمىزدىن كېلىۋاتقاندۇ، — دېدى جاپپار.
— ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا ئورمانلىققا كىرىپ كېتەيلى.
— ماقۇل، شۇنداق قىلايلى، — دېدى جاپپار.
— شۇ يەر - زېمىن مەسىلىسى كاللامغا كىرىۋالغاندىن بېرى زادىلا ئۇلۇشنى خالىماي قالدىم، — دېدى مەمەت.
— ئۇلۇشنىمۇ؟ — دەپ سورىدى جاپپار. ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل ئەندىكىش بار ئىدى.
— ئۇلۇشنى، — دېدى مەمەت، شۇ ئان رەجەپ چاۋۇش كۆز ئالدىغا كەلدى، — شۇ رەجەپ چاۋۇش، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بىز ئۇنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەستىنلا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇلەر ھالەتتە يېتىپمۇ بىزگە ياخشىلىق قىلماقچى بولدى. يېزىنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكىگە ئاجايىپ خۇشال بولدى. بۇ ئادەمگە زادىلا ئەقلىم يەتمەيدۇ. ئۇ ھەممە ئادەمنى ياخشى كۆرەتتى ھەمدە ھەممە ئادەمدىن نەپرەتلىنەتتى. يېزا كۆيۈپ كەتكەنگە خۇشال بولدى، يېزىغا بېرىپ ياخشىلىق قىلالىغىمۇ خۇشال بولغان بولاتتى.
جاپپار ھاۋانى ھىدلايتتى، ھاۋادىن ئارچا يوپۇرماقلىرى كېلەتتى، ئاغزىغا بىر تال ئارچا ياغىچىنى سېلىۋېلىپ يېرىم - يارتا گەپ قىلاتتى.
— مەنمۇ شۇنداق دەپ ئويلايمەن، — دېدى.
— يۈرىكىم يېرىلىپ كەتكەندەك خۇشالمەن. بېشىم ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، يا كۈلۈشۈمنى، ياكى يىغلىشىمنى بىلمەيمەن، ئىككىلىنىپ قالدىم. شۇ يەر مەسىلىسى ... دېھقانلار بۇ ئىشقا نېمىمۇ دەر، كىم بىلىدۇ! — دېدى مەمەت.
— كىم بىلىدۇ دېيمەن، — دېدى جاپپار.
يۇمشاق شامال بۇلاقنىڭ ھىدىنى، يالپۇز پۇراقلىرىنى ئەكېلەتتى.
ئورمانلارنى كېزىپ، قىيالىقلاردىن ئېشىپ ئۇممەتنىڭ

ئۆينىڭ يۇقىرىسىغا كەلگەندە كۆن ئولتۇرۇشقا باشلىغانىدى.
— كۆن ئولتۇرسۇن، ئاندىن ئۇممەت سىرىقنىڭ ئۆيىگە بارايلى، — دېدى مەمەت.
— شۇ چاغدا بارايلى، — دېدى جاپپار.
ئۇلار ئولتۇرۇشتى، چوڭقۇر نەپەس ئېلىشتى. تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى.
كۆن ئولتۇردى، ئەتراپ قاراڭغۇلاشتى، تۇمان ئىچىدە قالغان چۇقۇر ئۇۋانىڭ ئۈستىگە قارا پەردە يېپىلدى. ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن تولغانىدى. يۇلتۇزلار تىزىپ قويغاندەك ئۈستى - ئۈستىگە جايلاشقان، شەرقتىكى بىر توپ يۇلتۇز ئۈچقۇنلىنىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. يەزىدە بىرەر يۇلتۇز كۆچەتتى، كۆچكەن يۇلتۇزلار كۆپىنچە تاغنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ كېتەتتى ...
ئۇلار قوزغالدى، ئۇممەت سىرىقنىڭ ئۆيىگە كەلدى.
مەمەت پەس ئاۋاز بىلەن:
— ئۇممەت ئاكا ! ھۇشت ! قېرىنداشىم ئۇممەت، — دېدى.
ئىچكىرىدىن خىرىلغىچە ئاۋاز چىقمىدى، كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ ئۇممەت سىرتقا چىقتى. ئۇ قاراڭغۇدا تۇرغانلارنىڭ مەمەت بىلەن جاپپار ئىكەنلىكىنى تونۇغاندىن كېيىن ھودۇقۇپ قورقۇپ كەتتى. ھېچ نەرسە دېيەلمەي قالدى، بىرھازاغىچە تىلىنىڭ ئۇچىدا بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ تۇردى.
— تىنچلىقمۇ ئۇممەت ئاكا، ئەھۋاللار قانداق؟ — دەپ سورىدى مەمەت.
— جىم ! ... — دېدى ئۇممەت.
مەمەت ئەھۋالنى چۈشەندى.
ئۇممەت مەمەتنىڭ قولىقىغا:
— ئارقامدىن مېڭىڭلار، مەن سىلەرنى تاغقا باشلاپ قوياي، بۇ يەر ژاندارمىلار بىلەن تولۇپ كەتتى، — دېدى.
— ئۇممەت، ئاچلىقتىن ئۆلەي دېدۇق، — دېدى جاپپار.
— ئۇنداق بولسا سەل توختاپ تۇرۇڭلار، — ئۇممەت ئۆيگە



كىرىپ كەتتى. ئون مىنۇتلاردىن كېيىن قايتىپ چىقتى، — قېنى مېڭىڭلار، كەتتۇق !
ئۇلار ئۇممەتنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتى، تاغنىڭ چوققىسىغا قاراپ، قىيا تاشلارنى ئاتلاپ، ئورمان چاتقاللىرىنى قايرىپ، بىر يېرىم سائەتتەك يول مېڭىشتى.
ئۇممەت بىر دەرەخلىكتە ھاسىراپ توختاپ قالدى.
— ھەي ماكانسىز قارىغۇلار، — دەپ سۆز باشلىدى ئۇممەت، — شۇنداقمۇ قىلغان بارمۇ؟ چۇقۇر ئۇۋانىڭ چوڭ بىر يېزىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىپسىلەر ! شۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ؟ مۇنداق قىلىشقا گىزىك تۇران[1]مۇ جۈرئەت قىلالمىغان بولاتتى، قولۇڭلار قانداق باردى؟
— ئەھۋاللار قانداق؟ ئالدى بىلەن شۇنى دېگىنە ئۇممەت، — دېدى جاپپار.
ئۇممەت ئۇچۇقچىلىققا چىقىپ، ھاسىراپ نەپەس ئالاتتى.
— قانداق بولاتتى، ھېچقانداق ! توققۇز - ئون يېزىنىڭ مىڭغا يېقىن قورallلىق ئادىمى بىلەن ژاندارمىلار ئىككى كۈندىن بېرى ھەممە يەرنى قورشىۋالدى. سىلەرنى ئىزدىمىگەن چاشقان تۆشۈكلىرىمۇ قالمىدى. مۇشۇ كۈنلەردە قولغا چۈشۈپ قالمىغان بولساڭلار، سىلەرنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىدۇ. شۇنداق چوڭ چۇقۇر ئۇۋا يېزىسى ! ... كۆرۈلۈپ باققان ئىشمۇ بۇ؟ بۇنىڭغىمۇ خەيرىيەت، يېزىنى كۆيدۈرۈشنىغۇ كۆيدۈرۈپسىلەر، لېكىن ...
ئۇممەت بۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدى.
— كۆيدۈرۈشنى كۆيدۈردۇق ! ... — دېدى مەمەت بوغۇق ئاۋازدا.
ئۇممەت يەنە جىم بولۇپ قالدى.

[1] گىزىك تۇران — توروس تاغلىرىدا ئاتالغان بولۇپ، ئەسەمەلىكىگە يارىشىم بېرىش بىلەن داڭ چىقارغان باتۇر. ئۇ، چۇقۇر ئۇۋادىكى ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگىمۇ قاتناشقان — ئەسلى ئىزاھ.

— كۆيدۈرۈشنى كۆيدۈرگەن بولساق نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— ھېچ نەرسە، كۆيدۈرگەن بولساڭلار ئەمدى، — دېدى ئۆممەت.

— كۆيدۈرگەن بولساق ئەمدى ... — دېدى مەمەت.

ئۆممەت ئىشنىڭ تەكتىنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن گېپىنى باشقا ياققا بۇرىۋېتىشنى لايىق كۆردى:

— كۆيدۈرۈشتى كۆيدۈرگەن بولساڭلار ... — دەپلا تۇرۇپ قالدى، بىر ئىر يالغاننى توقۇپ چىقىرالمايتتى، بىردىنلا مېڭىسىدە چاقماق چېقىپ كەتتى.

— شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى كاپىرنى ئۆلتۈرەلمىدىڭلارمۇ؟

— ھۈسەيىن ئاغىنىڭ ئۆيى بىلەن بىللە چارىسلداپ كۆيۈپ كەتتى، — دېدى جاپپار.

— ئاۋۇ يەردە غارغا ئوخشاش بىر ئۆڭكۈر بار، — دېدى ئۆممەت، — بۇ يەرگە ھېچكىم كەلمەيدۇ. سىلەرنى قوغلاپ كەلگەنلەر تارقىلىپ كەتكۈچە شۇ يەردە مۆكۈنۈپ ياتسىلەر. بۇ يەردىن مىدىرلىماڭلار. ئەلى توكۇرنى سورىساڭلار، ئۇ دەگىرمەن ئۇلۇقتا. ئەتىلىككە تاماق ئەكېلىمەن، بۇ يەردىن چىققۇچى بولماڭلار.

ئۇلار ئۆڭكۈر ئاغزىغا كەلدى.

— ماتا مۇشۇ يەر، ئىچىگە كىرىڭلار. ئەگەر قوغلاپ كەلگەنلەر سىلەرنى بىلىپ قالسا تۈۋەنگە، يەنى چۇقۇر ئورۋا تەرەپكە قاچماڭلار. ئۇلگىنىڭلار شۇ. يۇقىرىغا قېچىڭلار. چوققىدىن ئارتىلىپ چۈشسەڭلار كەشتى يايلىقىغا بارىسىلەر. خوش، خۇدايىمغا ئامانەت!

ئۆممەت كەتكەندىن كېيىن ئۇلار ئۆڭكۈر ئاغزىدا ئولتۇرۇپ يېمەكلىكلەرنى تېز - تېز يېيىشتى.

— مەن ئۆڭكۈرگە كىرىپ ئۇخلايمەن، ئەگەر ئۈيقۇڭ كېلىپ چىدىماي قالساڭ مېنى ئويغات! — دېدى جاپپار.



مەمەت جاۋاب بەرمىدى.

مەمەتنىڭ مېڭىسىدە سىرىق ئۆچقۇن تىنماستىن چاقنايتتى. سىرىق ئۆچقۇن يالت - يالت قىلىپ، ئەگىم - ئەگىم ئاققان ئېرىقتەك مەمەتنىڭ مېڭىسىدە بىر شېرىن سىرىم بىلەن پىرقىرايتتى.

ھەممە ئادەمنىڭ بېرى ئۆزىنىڭ بولىدۇ، ئابدى ئاغا ئۆلسىمۇ، ئۆلمىسىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بولىدۇ. چېقىرتىكەنلىكنى ئوت يالقۇنى قاپلايدۇ، ئوت يالقۇنى چېقىرتىكەنلىكتە شىددەت بىلەن يامرايدۇ. خۇددى يۇقىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن سۇدەك چېقىر تىكەنلىك تۈزلەڭلىككە قاراپ ئاقىدۇ ... بوران ئوت يالقۇنلىرىنى يۆگەپ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا پۈتۈن تۈزلەڭلىكنى ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ. بۇ ئوت تىنماستىن ئون - ئون بەش كۈن، ھەتتا بىر ئايغىچە ئۆچمەيدۇ. كۈنلەردىن بىر كۈن قارىساڭ ئوت ئۆچكەن، پۈتۈن تۈزلەڭلىك كۆمۈردەك قاپقارا ھالەتكە كەلگەن بولىدۇ.

دىكەنلى تۈزلەڭلىكىدىن بىر ناخشا ئاۋازى كېلىدۇ، ھەر تەرەپتىن شادلىق ناخشىسى ئاڭلىنىدۇ. دېھقانلار قوشلىرىنى قېتىشىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ پاچاقلىرىنى چېقىرتىكەن تىلمايدۇ. ... نېمىدېگەن راھەت - ھە ...

دەگىرمەن ئۇلۇك يېزىسىدا چوقۇم توي بولىدۇ، چوڭ بايرام بولىدۇ. دۇرمۇش ئەلى قوپال ھەرىكەتلىرى بىلەن بىر پۈتىنى بېشىغىچە كۆتۈرۈپ، ئاجايىپ ئويۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. ھەممە ئادەم كۈلۈشىدۇ. رەجەپ چاۋۇش بۇ ئىشلارنى كۆرگەن بولسا خۇشال بولاتتى. ئىسلاج قانچە؟ ھازىر ئۇ ئاناۋارزاتنىڭ چانقالزارلىقىدا ياتماقتا ...

مەمەت شۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋاتقان چاغدا كۆڭلىدىن بىر خىل قورقۇش كەچتى: قوغلاپ يۈرگەن مىڭدىن ئارتۇق دېھقان - ھە! بۇ ئىشەنگىلى بولمايدىغان بىر ئىش! مىڭدىن ئارتۇق قوراللىق دېھقان بۇ تاغلاردا نېمە قىلىدۇ؟ بۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئىش. بىر يېزىغۇ كۆيۈپ كەتتى، كۆيۈپ كەتكەن

بولسا ئۇلارغا نېمە ئىدى؟ يەنە بىر ئىسكادرون ژاندارما، مەيلى، قىلىدىغىنىنى قىلسۇن! ... مەمەتنىڭ يۈرىكىدىكى قورقۇش ھېسسىياتى يېيىلدى. ھازىر شۇنداق ھېسسىياتقا كەلدىكى، مەيلى بىر مىڭ بەش يۈز، مەيلى ئىككى مىڭ بولسۇن، كىم بولسا بولسۇن، نېمە قورقۇش! مەمەتنىڭ ئۈچ يۈز پايدىن ئارتۇق ئوقى بار. بۇ ئوقلارنىڭ بىرىنىمۇ زايا قىلماستىن ئاتالايدىغانلىقىغا ئۆزىنىڭ تىرىكلىكىگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىدۇ.

مەمەت تاڭ سەھەرگىچە ئەنە شۇلارنى ئويلاپ چىقتى. خەدىچەمۇ يادىدىن زادىلا كەتمىدى. ئۇنى ئويلىدى، تورمە كۆز ئالدىغا كەلدى، يۈرىكى ئېچىشتى. شۇنچە كۆپ پالاكەتنىڭ قانداقلارچە بىر ئادەمنىڭ بېشىغا بىرلا ۋاقىتتا كەلگەنلىكىگە ھەيران بولدى. ئۇ ئادەتتە ئاغزىنى يۇزمايتتى، ئەمدى ئۇ غەزەپ بىلەن تىللاشقا باشلىدى.

جاپپار ئويغانغان چاغدا كۈن چىققانىدى. كۈن نۇرىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قاماشتى.

— مېنى نېمىشقا ئويغاتمىدىڭ، مەمەت؟ — دېدى جاپپار.

— ئويغۇم كەلمىدى.

— بىر ئاز نان يەۋالايلى، ئاندىن كېيىن سەن ئۇخلىۋال.

— ماقۇل!

جاپپار تۇگۈنچەكنى يېشىپ پىشلاق بىلەن يېگى پىيازنى ئالدى، پىشلاق بىلەن پىيازنى قاتلىمىغا ئوراپ ئاستا يېيىشكە باشلىدى. نېنىنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇدۇلدىكى قىيادىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇ بويىغا بېرىپ دوم يېتىپ سۇ ئىچىشتى.

— مۇشۇ يەردە ئايلاپقا قاقلىنىپ ياتاي، — دېدى مەمەت.

— ياتقىن!

مەمەت بېشىنى يەرگە قويار ـ قويمايلا ئۇخلاپ قېتىپ كەتتى. چىرايى كىچىك بالىنىڭكىدەك خاتىرجەم ئىدى. كۈن ئۆستىگە تىك چۈشكەن چاغدىلا ئاندىن ئويغاندى. تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ كېرىلىپ، قىيانىڭ تۆۋىدىن قايناپ چىققان سۇدا



يۈزىنى يۇيۇپ، تېتىكلەشتى.

— بۇ ئۆممەت بىزگە بىرەر ئىش تېپىپ بەرمەسمۇ يەنە، — دېدى جاپپار.

— بىر ئىش تېپىپ قويارمۇ؟

— كىم بىلىدۇ دەيسەن؟ — دېدى جاپپار.

— ئۇنداق قىلمايدۇ، قىلالمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بىز بۇ يەردىن كېتەيلى، دەگىرمەن ئۇلۇك تەرەپكە ماڭايلى، — دېدى مەمەت.

— قاپقانغا چۈشەمكىچۇ؟

— قاراقچى قاپقانغا چۈشمەيدۇ، بەلكى قاپقانغا چۈشۈرىدۇ.

— ئۆممەتنى كۈتەيلى، — دېدى جاپپار.

— كۈتەيلى، خەۋەرلەندۈرمىسەك بولمايدۇ، — دېدى مەمەت.

بىر سائەتتىن كېيىن تۆۋەندە — چاتقاللارنىڭ ئارىسىدا شىلدىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار ئۆزلىرىنى قىيالىقنىڭ كەينىگە ئالدى. ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەلدى. ئارچىنىڭ كەينىدىن ئۆممەت چىقىپ كەلدى ۋە ئۇلارنى ئوق ئېتىشقا تەييار تۇرغان ھالەتتە كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى، مەمەتمۇ كۈلۈۋەتتى.

— ئۇلار ئۆممەتنى ئۇزدى، قايتىشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۇلارغا: «تۈنۈگۈن ئاناۋارزا تۈزلەڭلىكىدە ۋەقە چىقارغان قاراقچى بۈگۈن ئاكارجانىڭ تېغىدا نېمە قىلىدۇ» دېدىم.

— ياخشى دەپسەن، بۇرادەر، — دېدى جاپپار.

ئۆممەت مەمەت ئاۋاقنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— سېنى جېتىمدەك ياخشى كۆرىمەن، قېرىنداشىم، ياخشى ئىش قىلدىڭ. سېنىڭ يولۇڭدا بالىچاقام، خوتۇنۇم ھەممىسىنىڭ جېنى پىدا بولسۇن! — دېدى.

— كۆيمەيدۇ، كۆيدۈرىۋەتتۇق. چاراس ـ چۇرۇس كۆيدۈرۈۋەتتۇق، — دەپ ماختاندى جاپپار.

ئۆممەت بۇنىڭغا جاۋابەن ھېچ نەرسە دېمىدى.

— ئۆممەت قېرىنداش، ھەممە ئادەمنىڭ تېرىغان يېرى

ئۆزىنىڭكى بولسا قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— بەك ياخشى بولىدۇ، — دېدى ئۆممەت.

— ھەركىمنىڭ قوشقا قاتقان ئۆكۈزى ئۆزىنىڭ بولسا قانداق بولىدۇ؟

— ئۇنىڭدىن ياخشى ئىش دۇنيادا تېپىلمايدۇ.

— چىقىرتىكەنلەرنى قويماي كۆيدۈرۈپ تاشلاپ ئاندىن ھەيدىسە قانداق بولىدۇ، ئۆممەت قېرىنداش؟

— بەك ياخشى ...

ئۆممەت ئەكەلگەن نان تۈگۈنچىسىنى جاپپار ئېلىپ بېلىگە باغلىدى.

— سالامەت بول، ئۆممەت ! — دېيىشتى ئۇلار.

— بىرەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسەڭلار مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار، سىلەرنى ئۆز قېرىندىشىمدەك قوغدايمەن. مەمەت، سېنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

— سالامەت بول ! — دېدى مەمەت.

ئالدىدا كېتىۋاتقان مەمەت توختاپ قالدى. جاپپارمۇ يېتىپ كېلىپ توختىدى. مەمەت سول قولى بىلەن جاپپارنىڭ قورال تۇتقان قولىنى سىقتى ۋە ئۇلار بىر - بىرىگە تىكىلىشتى:

— بۇرادەر، بۇ ئىشلارغا شۇنداق سۆيۈنىدۇمكى، شۇنچىلىك خۇشال بولدۇم، — دېدى مەمەت.

— مەنمۇ ! — دېدى جاپپار.

## 17

قارادۆت يېزىسى جەيھان دەرياسى بويىغا جايلاشقان. جەيھان دەرياسى قارادۆت يېزىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، تۈزلەڭگە قاراپ كېڭىيىدۇ، خۇددى كۆلگە ئوخشاش كەڭ، تىنچ كۆرۈنىدۇ. بۇ يەرلەردە جەيھان دەرياسى ئۇن - ئون بەش يىلدا بىر قېتىم ئېقىنىنى ئۆزگەرتىدۇ، ئوڭ ۋە سولغا يۆرۈلىدۇ. ئېقىنلىرىغا،



يەرلىرىگە لاتقا تاشلايدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ يەرلەر چۇقۇر ئۇۋانىڭ باشقا يەرلىرىگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇنبەت، تېپىلماس بىر زېمىن ئىدى.

ئەلى ساپا باينىڭ ئاخىر قولغا كىرگۈزگەن ئېتىزلىرى قارادۆت يېزىسى بىلەن چېگراداش ئىدى، يەرلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئەرمەنلەردىن قالغان يەرلەر ئىدى، قالغان قىسمى قارادۆت يېزىسىدىكى دېھقانلاردىن مەجبۇرىي تارتىۋېلىنغانىدى. قارادۆتلۇقلار بىلەن ئەلى ساپا باي ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۇزاق يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار بىر - بىرلىرىنى يوقىتىشقا ھەر زامان تەييار ئىدى.

ئەلى ساپا باينىڭ قارادۆت يېزىسىنىڭ ھوسۇلدار يەرلىرىگە دەۋاگەر بولۇشى، بىرمۇنچە يەرنى تۈرلۈك ھىيلە - مىكىر بىلەن قولغا كىرگۈزىۋېلىشى خېلى ئۇزۇن بىر ھېكايە، تېخىمۇ توغرىسى بىر ماجىرا. بۇ ئىش ئەلى ساپا باينىڭ ھىيلىگەرلىكى ۋە ئاچ كۆزلۈكتە ھېچ نەرسىدىن يانمايدىغان ئۇچىغا چىققان مۇتتەھەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن ئەلى ساپا باينىڭ ئالىقاندەك يەر ئۈچۈن ھەرنېمە قىلىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

بەكرى سېرىق قارادۆت يېزىسىدىن ئىدى، يېزىدىكى بىردىنبىر ساۋاتلىق ئادەم ئىدى. شەھەردىكى مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئۆتكۈرلۈكى بىلەن داڭ چىقارغانىدى. ئۇ يۈرەكلىك، جۈرئەتلىك ۋە راستچىل بولۇپ، بىر ئېغىزمۇ يالغان گەپ قىلمايتتى. ئېگىز بويلۇق، قۇۋۋەتلىك، چىرايى ئىللىق، باللاردەك ساددا ۋە پاكىز ئادەم ئىدى. بەكرى ئەلى ساپا باينىڭ ئالدىدا تۇرغان بىر توسالغۇ بولۇپ سانىلاتتى. ئۇ بولمىغان بولسا ئەلى ساپا باي قارادۆت يېزىسىنىڭ ئېتىزلىرىنى ئۆزىنىڭ ئېتىزلىرىغا قوشۇۋالغان بولاتتى. بەكرى ئۇنىڭ ئالدىدا ناھەق توسۇق ئىدى. بەكرى ئۆزىنىڭ ئېتىزلىرىنى، يېزىلىقلىرىنىڭ ئېتىزلىرىنى قوغداپ كەلدى. ئۇ باشقا ئادەملەرگە زادىلا

ئوخشمايتتى، دېھقانلار ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ گېپىدىن چىقمايتتى. شۇنچە يىلدىن بېرى ئەلى ساپا باي ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق قىلالمىدى. بىراق، دېھقانلار بىلەن ئەلى ساپا باي ئوتتۇرىسىدىكى دەۋا داۋام قىلىپ كېلىۋاتاتتى، دېھقانلار گېپىدە چىڭ تۇرالمايتتى، بىردەم ماقۇل دېسە، بىردەم يېنىۋالاتتى.

قاراقچىلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئوسمان قەلەيچى بەكرىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ئىش خۇشياقمايدىغان لۈكچەكنىڭ بىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەلى ساپا باينىڭ ئىتى ئىدى. يېزىدا بىرەر ئىش بولار – بولماي ئەلى ساپا بايغا يەتكۈزەتتى. يېزىدىكىلەر ئۇنى يامان كۆرەتتى، ئۇمۇ يېزىدا كۆپ تۇرالمايتتى. ئۆزىنىڭ قەلەيچىلىك ھۈنىرىنى تاشلاپ ئەلى ساپا باينىڭ ئېتىزىدا ئىشلەيتتى. دېھقانلارنىڭ ماللىرىنى ئوغرىلايتتى، تېرىلغۇلىرىغا ئوت قوياتتى، ھەر خىل نومۇسسىزلىقنى قىلاتتى ... دېھقانلارنىڭ ئۇنىڭغا غەزىپى كەلسىمۇ، بىرەر چارە قىلالمايتتى. بىر ياندىن ئەپەندىنىڭ يۈز – خاتىرىسىنى قىلىشسا، يەنە بىر ياندىن ئەلى ساپا بايدىن قورقۇشاتتى، «ئىت بىلەن ئېيىتىشما» دېگەن تەمسىلگىمۇ رىئايە قىلىشاتتى.

بەكرى ئەپەندىنىڭ تويى بولغاندا تاغىرا – سۇناي چېلىنىپ ئەۋجىگە چىققانىدى، يۇتۇن يېزا قاينىپ تاشقانىدى، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتماقتا ئىدى. يېزىدىكى ھەممە ئۆيدە توي تەنتەنىسى. چۈنكى، يېزىنىڭ بەكرى ئەپەندىسى توي قىلىۋاتاتتى.

تويىنىڭ ئاخىرقى كېچىسى توي بولۇۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىدا ئۈچ پاي ئوق ئېتىلدى. ئەتراپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بەكرى ئەپەندى ئېتىلغانىدى. ئۇنى قەلەيچى ئاتقانىدى، كېلىن قىز يېتىم قالدى. قەلەيچى قاراڭغۇدا قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ تاغقا قېچىپ كەتتى.

كۆپچىلىك بەكرى ئەپەندىنى قەلەيچىنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىنىڭ ھەر خىل سەۋەبى ھەققىدە سۆزلىشەتتى. نېمە سەۋەبتىن



بولسۇن، قەلەيچىنىڭ دىل تويى كېچىسى بەكرى ئەپەندىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئىدى. بۇنى ھېچكىممۇ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. دېھقانلار بىر ئېغىزدىن: «كور بولۇپ كەتكۇر، بەكرى ئەپەندىدەك ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە قانداق قولى بارغاندۇ؟ كور بولغۇر» دېيىشەتتى.

ھەر خىل سەۋەبنى ساناپ چىقاتتى. بەزىلەر «ئەلى ساپا باي قۇتراتتى، پۇل بەردى، ئۆلتۈرگۈزدى» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ئۇ، قىزنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا قىزنى بەكرى ئەپەندىنىڭ ئېلىشىغا چىدىيالماي قالدى» دەيتتى. بەزىلەر بولسا: «ئۇ بىر تەلۋە لۈكچەك، كاللىسىغا شۇنداقلا بىر خىيال كەلدى – دە، تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئاتتى. ئۆزىچە: قەلەيچى قالتىس، بەكرى ئەپەندىدەك ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى دېيىشۇن دەپ ئويلىغاندۇ» دېيىشەتتى. ئوسمان قەلەيچىنى ئوبدان بىلىدىغانلار: «يالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ ئوسمان قەلەيچى بەكرى ئەپەندىنى كۆرەلمەيتتى، قەلەيچىنىڭ ئەلى ساپا بايغا ياردەم قىلىشىمۇ بەكرى ئەپەندىنىڭ دېھقانلار تەرەپدارى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بەكرىنى زادىلا كۆرەلمەيتتى. بەكرىنىڭ ئۆيلىنىشى، ئۇنى دېھقانلارنىڭ بەكمۇ ياخشى كۆرۈشى، قەلەيچىنى شۇنىڭغا مەجبۇر قىلدى» دېيىشتى. نېمە بولسۇن، قەلەيچىنىڭ بەكرى ئەپەندىنى ئۆلتۈرۈشى ئۈچۈن ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق سەۋەب يوق ئىدى. يۇقىرىدىكى تەخمىنلەر قەلەيچى ئۈچۈن ئېيتقاندا توغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، قەلەيچىنىڭ ماھىيىتىدە يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن قەلەيچى ئەلى ساپا باينىڭ قولىدىكى بىر خىل قورقۇتۇش ۋە چۆچۈتۈش قورالى بولۇپ قالدى. ئۇ بىرەر بالا – قازادىن قېچىپ تاغقا چىققانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەتراپىغا توپلىدى. چوقۇر ئوۋادىكى ئەلى ساپا بايغا قارشى چىققان كەمبەغەللەرنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت ياغدۇردى. ئەلى ساپا بايغا دۈشمەن كۈچلەر ئاجىزلاشتى.

ئەلى ساپا باي ھەرنېمە قىلسىمۇ، بەكرى ئەپەندى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن قارادۆت يېزىسىدىن بىر غېرىچ يەرنىمۇ ئالالمىدى. قەلەيچى يېزىغا كەلمەيتتى. قەلەيچى قاراقچىلا ئەمەس، بەلكى ئوت بولۇپ كەلسىمۇ قارادۆتلۈكلەر ئۇنىڭغا پەسەنت قىلمايتتى، كۆزلىرىگە ئىلمايتتى، قورقمايتتى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى چۇقۇر ئوۋۋا غۇلغۇلىغا چۈشتى. مەمەت ئاۋاقنىڭ ئىسمى تىلدىن ـ تىلغا كۆچۈپ يۈرەتتى: يېزىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، ئۆيلەرنى ۋەيران قىلغان مەمەت ئاۋاق! ئاقتوزلۇ يېزىسى كۆيۈپ كەتكەندىن كېيىن مەمەت ئاۋاق تىللاردا داستان بولغانىدى. ئاقتوزلۇ يېزىسىنى كۆرۈپ بېقىشقا كەلگەنلەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى. ئاقتوزلۇ يېزىسىنىڭ ئاياللىرى، باللىرى بىر ـ بىرلىرىگە ۋە ئۇلارنى كۆرۈشكە كەلگەن ئەتراپتىكى يېزىلىقلارغا مەمەت ئاۋاق ھەققىدە مۇنۇلارنى دەپ بېرەتتى: «دۆۋىدەك بىر ئادەم ئىكەن، يوغان بىر قارىغاي كۆتىكىنى كۆيدۈرۈپ، قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ ھەممە ئۆيگە ئوت قويۇپ چىقتى. يېزىدا شامالدەكلا ئۇچۇپ يۈردى، بىرەر ئۆينىڭ ئوتى ئۇچۈپ قالسا، يەنە بېرىپ ياندۇراتتى. ئۇنى بىر كۆرسەڭلار ئىدى! قاراڭغۇ كېچىدە كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدۇ، بويى تېرەكتەك، بىردەم ئۇزىراپ، بىردەم قىسقىرايدۇ. ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدىكەن، ئالدىغا كەلگەنلەر ئۇنىڭغا ئوق ئاتىدۇ، بىراق، كار قىلمايدۇ.»

باشقا ـ باشقا يېزىلاردا مەمەت ئاۋاققا ھەر خىل شەكىلدە باھا بېرىلىپ، ھەر خىل ھېكايە توقۇلاتتى.

ئەلى ساپا باي مەھەللىسىنىڭ بېغىدىكى ھەر دائىم ئۇچرىشىدىغان ئۆڭكۈردە قەلەيچى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا مەمەت ئاۋاقنى يوقىتىش ھەققىدە گەپ ئاچقاندا، قەلەيچى بەكمۇ خۇشال بولدى. لېكىن، خۇشاللىقىنى بىلدۈرمىدى.

— بۇ ئىش بەكمۇ قىيىن ئىش، ئەلى ساپا باي، قىيىن بىر ئىش، مۇنداق ئادەم بىلەن تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ، — دېدى



قەلەيچى.

— چۇقۇر ئوۋۋادا مەمەت ئاۋاق تىللاردا داستان بولدى. ئۆلتۈرسەڭ مۇشۇنداق بىرىنى ئۆلتۈرگىن، نامىڭ دۇنياغا يېيىلسۇن! بۇ بىر ياخشى پۇرسەت. مەمەت ئاۋاقنى يوقاتساڭلا، بۇ چۇقۇر ئوۋۋا بىزنىڭ بولىدۇ، — دېدى ئەلى ساپا باي.

— قىيىن، — دېدى قەلەيچى.

— قورقما، — دەپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى ۋە، — ھاجىتىڭ جايىدا ئورۇنلىنىدۇ، — دېدى.

— قىيىن ئىش، لېكىن ھەرىكەت قىلىپ باقايلى، بىر ئامال تېپىلىپ قالار، — دېدى قەلەيچى.

— چوقۇم ئامال تېپىشىڭ كېرەك. ئۇ قانچىلىك جەسۇر بولغان بىلەن تېخى يېڭى قاراقچى، تاغلارنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى بىلمەيدۇ. قاپقانغا چۈشۈرسەڭ، ۋەسسالام.

— قاراپ باقايلى، — دېدى قەلەيچى.

قەلەيچى ئەلى ساپا بايدىن ئايرىلىپ يولداشلىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئىش تېپىلدى، پۇلىمۇ خېلى بار، يولىمۇ ئاسان، — دېدى. سەپداشلىرى قەلەيچىنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— مەمەت ئاۋاق دېگەن بىرى پەيدا بولغان ئەمەسمىدى، — دېدى قەلەيچى، — ھېلىقى ئاقتوزلۇ يېزىسىغا ئوت قويغان. ئۇنى يوق قىلىشىمىز كېرەك، تېگىدىغان پۇل جىق، قانچىلىك خالىساڭ شۇنچىلىك ئالغىلى بولىدۇ.

مەمەت ئاۋاقنى ئۆلتۈرۈش قەلەيچى ئەترىتى ئۈچۈن نان يېيىش، سۇ ئىچىشتەك ئاسان ئىدى.

قەلەيچىنىڭ ئەترىتى تاغقا چىققاندىن بېرى قاراقچىلار ئەترىتىدىن ئۈچىنى يوقاتقان، سېرىق بەكرى ئەپەندىنى قوشقاندا قىرىقتىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكى سۆزلەنمەكتە.

ئوسمان قەلەيچى پاكار بويلۇق، يىلان قاسىرىقىدەك يېشىلغا مايىل چېقىر كۆزلۈك، كۆزى ئۆلۈكنىڭكىدەك خۇنۇك.

قاراشلىرى سوغۇق بىر ئادەم ئىدى. شالاڭ ساقاللىرى كىرپە تىكەنلىرىدەك تىك - تىك بولۇپ، سېرىق يۈزىگە سانجىپ قويغاندەك تۇراتتى. كەڭ مۈرىسىگە نىسبەتەن بويىنى ئىنچىكە ئىدى، بولۇپمۇ بويىنى ئوتتا قىزارتقاندەك قىپقىزىل كۆرۈنەتتى. ئۇ يانچۇقلىرى كەشتىلەنگەن ھاۋا رەڭ شالۋۇر كىيىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول يېنىغا ئوقدانلار ئېسىلغان، ھەتتا پاچاقلىرىغىمۇ ئوقدانلار باغلانغانىدى. ئوقدانلىرىمۇ كەشتىلەنگەن، يىراقتىن پار - پۇر قىلىپ كۆرۈنەتتى. سەدەپ ساپ - پايناكلىك تاپانچىلارنى، پىچاقلارنى، خەنجەرلەرنى ئېسىپ يۈرەتتى ... مەيدىسىدە دۇربۇنى ساڭگىلاپ تۇراتتى. بېشىدىكى بېغىر رەڭ فەستىن چىقىپ تۇرغان سېرىق چاچلىرى ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى. چەبدەسمۇ، جەسۇرمۇ ئەمەس، بەلكى ھىيلىگەر ئىدى، سوقۇشقان ۋە قوغلىغان ھەرقانداق ئادىمى بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچراشمايتتى، دائىم ئارقىدىن كېلىپ ئاتاتتى. ئۇنىڭ قىلغان ھىيلىسى، قۇرغان قاپقىنى ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيتتى. ئۇ ئەلى ساپا باينىڭ قولىدىكى قورالدەك كۆرۈنەتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەلى ساپا باي ئۇنىڭ قورالى بولۇپ خىزمەت قىلاتتى. ھازىرغىچە ئۇ ژاندارمىلار بىلەن بىر - ئىككى قېتىملا ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ژاندارمىلار ئۇنى تۇتۇشقا چىقىشى بىلەن ئەلى ساپا باينىڭ قۇرغان خەۋەر تورلىرى دەرھال ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزەتتى. قىش كۈنلىرى قەلەيچى ئەلى ساپا باينىڭ قورۇسىغا مەخسۇس تەييارلانغان ئۆيدە راھەت - پاراغەتتە ياشايتتى. ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىككەن چاغلىرىدا تاغقا چىقىپ ئەترىتىنىڭ يېنىغا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئەترىتىمۇ راھەتتە ياشايتتى. قار ياغقاندا ئېگىز بىر تاشلىق يېزىغا بېرىپ ئورۇنلىشاتتى. قوزىلارنى سويدۇرۇپ كەيىپ - ساپا سۈرەتتى. بۇلارنىڭ شۇنچە ئەركىن، شۇنچە راھەت - پاراغەتلىك ھايات كەچۈرۈشىگە ئەلى ساپا باي شارائىت ھازىرلاپ بېرەتتى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇلار ئەلى ساپا باي



ئۆل دېسە ئۆلۈشكە تەييار ئىدى.

— ئىچىڭلاردا مەمەت ئاۋاقنى تونۇيدىغانلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى قەلەيچى.

ھۆرالى بىر دەرەخكە يۆلىنىپ كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا ئولتۇراتتى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— مەن ياخشى تونۇيمەن، ئاغا، تۆردى تەلۋىنىڭ ئەترىتىدە بىللە بولغانىدۇق، — دېدى.

— ھۆرالى، ئۇنداق بولسا يېنىمغا كەل، — دەپ چاقىردى قەلەيچى.

ھۆرالى ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. قەلەيچى ئۇنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— قېنى دېگىنە، ئۇ مەمەت ئاۋاق دېگەن زادى قانداق ئادەم؟

ھۆرالى يۆتقۇتۇپ، كالپۇكلىرىنى يىمىرگەندەك قىلدى:

— مۇنداق قارىساڭ ھېچ نەرسىگە ئوخشىتالمايسەن، پاكار، ئورۇق، بېشى يوغان، كۆزلىرى چوڭ، يىگىرمە ياشلارغا كىرگەندەك قىلىدۇ. خىيالچان بىر بالا. ئۇنىڭ ئوق ئاتقىنىنى كۆرمىگەن، جەڭلەردە يېنىدا بولمىغان ئادەم ئۇنىڭ قانداقلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇنداق قارىغا ئالىدۇكى، مىس يارماقنىڭ تۆشۈكىدىن ئوق ئۆتكۈزەلەيدۇ. ئەترەتكە كەلگەن كۈنى — تۆردى تەلۋىنى سىلەر بىلىسىلەر، قانچىلىك ئۇستا مەرگەن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىسىلەر — مەمەت ئاۋاق ئۇنىڭدىن ياخشى ئاتقانىدى. ھازىر يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئوق ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ كەتكەندۇ بەلكىم. يۈرەكلىك نەرسە، كۆچمەنلەرنىڭ چېدىرىدا چىققان جاڭجالدا خالىسا تۆردى تەلۋىنى، خالىسا ھەممىمىزنى ئېتىپ تاشلىغان بولاتتى. بىراق ئۇ ئاتمىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئادەم بولمىغان بولسا، تۆردى تەلۋە ئۇنىڭ ھاقارەتلىرىگە چىداپ تۇرالايتتىمۇ؟ ئۇنىڭدىن تۆردى تەلۋىمۇ قورقاتتى ...

— ھۆرالى، بەك ماختاپ كەتتىڭ، ماختىغاندىمۇ راسا ماختىدىڭ. مەمەت ئاۋاق سېنى ماختاش سەردارى قىلىۋالغانمۇ

نېمە؟ — دېدى قەلەيچى.

— ياقەي، — دېدى ھۆرالى، — ئۆزۈڭ مەمەت ئاۋاق قانداق نەرسە دەپ سورىدىڭ، مەنمۇ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. مەمەت ئاۋاق ئەنە شۇنداق ئادەم.

قەلەيچى يەرگە ئولتۇردى، بېشىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئويلاشقا باشلىدى.

بىر سائەت ئۆتتىمۇ، ئىككى سائەت ئۆتتىمۇ، ئىشقىلىپ، خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ھۆرالىنى يەنە چاقىردى:

— گېپىمنى ياخشى ئاڭلا، ھۆرالى، مەمەت ئاۋاق ساڭا ئىشىنەمدۇ؟

— ئىشەنمەيدۇ.

— نېمىشقا؟

— تۇردى تەلۋىگە قارشى چىققاندا مەن تۇردى تەلۋىنىڭ يېنىدا تۇرغانىدىم.

— ئۇنىڭغا نېمە بولاتتى؟

— ئىشەنمەيدۇ. ئۇ ئەسلىدىمۇ ھېچكىمگە، ھەتتا دادىسىغىمۇ ئىشەنمەيدۇ، يېنىدىكى جاپپارغىمۇ ئىشەنمەيدۇ.

— سەن ئاجايىپسەن ـ دە ھۆرالى، تۈنۈگۈنكى قاراقچىنى گىزىڭ تۇراندىن ئۈستۈن كۆردۈڭ، — دېدى قەلەيچى.

— ئۇنى ياخشى بىلمەيمەن، — دېدى ھۆرالى.

— بىلمەيلا قوي، — دەپ غەزەپكە كەلدى قەلەيچى.

قەلەيچى ئاچچىقى كەلگەندە بۇرنىنى كولاپ، ئۇنىڭدىكى تۈكلەرنى يۇلاتتى. ھازىرمۇ شۇنداق قىلدى.

— سەن تېخى مەمەت ئاۋاقنى قاپقانغا چۈشۈرگىلىمۇ، ئېتىپ ئۆلتۈرگىلىمۇ بولمايدۇ دېمەكچىمۇسەن؟

— ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن. تۇزاققا چۈشمەيدىغان ئادەم بولمايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، مەمەت ئاۋاق تېخى خام، گەپ تۇزاقنىڭ قانداق قويۇلۇشىدا ...

— ھۆرالى، ساڭا ئىشىنىمەن، سەن ھەرقانداق ئىشنىڭ



ھۆددىسىدىن چىقىسەن. بۇ تاغلاردا سېنىڭدەك تەجرىبىلىك قاراقچى قالمىدى، بۇ ئىشنى ساڭا تاپشۇرىمەن.

— تاپشۇرساڭ مەيلى، ئاغا، بىراق ئۇلار ئىككى كىشى.

— يەنە بىرى كىم؟ — دەپ سورىدى قەلەيچى.

— جاپپار ئۆزۈنتۇرا.

— خۇدا ھەققى، جاپپار ئۆزۈنتۇرا يۈرەكلىك بالا، ياۋاش بالا دەرسەن، — دېدى قەلەيچى.

— قولۇمدىن نېمە كېلەتتى؟ ئۇمۇ مەمەتكە ئوخشاشلا.

— ئوخشاش بولسىمۇ مەيلى، — دېدى قەلەيچى.

— قېرىنداشىم ھۆرالى، ماڭا قارا، ئۇنىڭ تۇرغان يېرىنى تاپىمىز، سەن بېرىپ ئۇنى بىزنىڭ ئەترەتكە تەكلىپ قىلىسەن. ئۇ ئۇنىماي قويسا باشقا بىر ئامال قىلارمىز.

— بەلكىم تەكلىپىمىزنى قوبۇل قىلىپ قالار. ئىش ئوڭايغا چۈشەر. كېلىشى مۇمكىن. ئۇ، تۇزاق ـ مۇزاقلارنى ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ، — دېدى ھۆرالى.

— شۇنداق قىلامدۇق؟

— ھەئە !

— تۇرغان يېرىنى تاپالامدۇق؟ ئۇنىڭ مۇقىم ـ تۇراقلىق يېرى بارمۇ؟ — دېدى قەلەيچى.

— ئۇ تېخى يېڭى تۇرسا، تۇراقلىق جايى بولامدۇ ! — دېدى ھۆرالى، — ئۇنى تېپىش ئاسان، مەن تاپىمەن.

## 18

مەمەت بىلەن جاپپار نەچچە كۈندىن بۇيان ئاچ قورساق، خۇپىيانە يول ماڭدى، ئورمانلىق، قىيالىق تاغلاردىن ئاشتى. ھېرىپ ماغدۇرسىزلاندى. ھەر ئىككىسى ئۈستىدىكى قوراللارنىڭ ئېغىرلىقىدىن مۈكچىيىپ كەتكەنىدى. قوللىرى بولسا سوغۇقتىن توڭلاپ تىترەيتتى.

قاراڭغۇ، قاپقاراڭغۇ كېچە. شالاڭ يۇلتۇزلار غىل - پال پىلدىرلايتتى. تاڭغا يېقىن يۇلتۇزلار قويۇقلىشىدۇ. ئەمدى تاڭ ئاتاي دەپ قالغانىدى.

تۇيۇقسىزلا گۈركىرىگەن ئاۋازدىن جاپپار چۆچۈپ كەتتى:

— نېمە ئۇ؟ — دەپ ھودۇقۇپ سورىدى.

— سۇنىڭ كۆزى، ھېلىقى دەسلەپكى كەلگەن چېغىمىزدا، — دېدى مەمەت.

— ھە، بىلدىم، ئۇنداق بولسا سۇ بويىدا ئازراق ئولتۇرايلى، — دېدى جاپپار.

— ياق، بولمايدۇ!

مەمەت شۇنچىلىك ھارغانلىقى، شۇنچە ماغدۇرسىزلانغانلىقىغا قارىماستىن، بىردەممۇ توختاپ دەم ئالماستىن يولنى داۋاملاشتۇراتتى.

ئۇ ھاسىرىغان ھالدا:

— ھېچقىسى يوق، جاپپار ئاغىنە، مانا يېتىپ كەلدۇق، — دېدى ۋە چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھېچقىسى يوق، يېزىغا بېرىپ دەم ئالىمىز. سۇبھى بورۇۋماستىن بۇرۇن يېزىغا كىرىشىمىز كېرەك - دە، قېرىنداش. شۇنچە يولنى تۈگەتتۇق، مانا ئەمدى يېزىغا يېتىپ بارىمىز، شۇنداق ئەمەسمۇ قېرىندىشىم جاپپار؟

— شۇنداق! — دېدى جاپپار.

شۇنىڭدىن كېيىن مەمەت گەپ قىلمىدى. يېزىغا يېقىنلاشقانسېرى ئىتتىك ماڭاتتى، جاپپارمۇ ئۇنىڭغا يېتىشىپ مېڭىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلاتتى.

تۇيۇقتا يىڭنىدەك نۇر پەيدا بولغاندا ئۇلار يېزىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلارنى بىرنەچچە ئىت قاۋاپ قارشى ئالدى. مەمەت پەرۋا قىلماي گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ تېز ماڭاتتى. ئۇدۇل دۇرمۇش ئەلىنىڭ ئۆيىگە كېلىشتى.

— ئەلى تاغا! ئەلى تاغا!



دۇرمۇش ئەلى دەرھال جاۋاب بەردى:

— مەمەت ئاۋاق، سەنمۇ؟

— مەن!

— ھازىر چىقىمەن. مەمەت ئوغلۇم، ئامان - ئېسەن كەلدىڭمۇ، بالام. ئۇ كاپىرنى نېمە قىلدىڭ؟ ئاقتوزلۇ يېزىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىڭنى ئاڭلىدۇق. ئۇ كاپىرمۇ ئوت ئىچىدە چاراسلاپ كۆيۈپ كېتىپتۇ.

ئىشىك ئېچىلىش بىلەن مەمەت ھاياجان ئىچىدە سورىدى:

— بۇ خەۋەرنى سىلەرگە كىم يەتكۈزدى؟ پۈتۈن يېزا ئاڭلىدىمۇ؟

— ھەممىمىز ئاڭلىدۇق، بالام. قۇلۇقىڭغا دەرد كەلمىسۇن، ھەممىمىز خۇشال بولۇپ كەتتۇق. ئەسلىدە ئۆلۈمگە خۇشال بولغىلى بولمايدۇغۇ. خوپ بوپتۇ، ھەتتا خوتۇنىمۇ خۇشال بولدى. قىلغانلىرىنىڭ جازاسىنى تارتتى، ھېچكىم بىر تامچىمۇ ياش تۆكمىدى. ئىچكىرىگە كىرىڭلار، باللىرىم.

ئەلى بىردىنلا ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— ھېلىقى يولداشىڭلار قېنى؟ ھېلىقى قېرىنى نېمە قىلدىڭلار؟

— مەمەت ئۇھ تارتىپ:

— ئۇنى سورىما! ... — دېدى.

— ئاللا رەھمەت قىلسۇن، مەن ھازىر ئوچاقتا ئوت ياقاي، قورسىقىڭلار ئاچقاندۇ.

مەمەت ئابايىقى سوئالىنى ئۇنتۇمىغانىدى:

— دۇرمۇش ئەلى تاغا، — دېدى ئۇ، — سىلەرگە بۇ خەۋەرنى كىم يەتكۈزدى؟

— ئاڭلىدىڭمۇ بالام، — دەپ سورىدى دۇرمۇش ئەلى، — بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئەلى توكۇر شۇ كاپىرنىڭ ئادىمى ئىكەن، مانا شۇ سۆزلەپ بەردى. يېزا كۆيۈۋاتقان چاغدا ئۇ بۇياقتا ماڭغانىكەن. ئۇ، يېزىنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇنقا قاراپ

تۇرۇپتۇ. يېزا كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن يېزىغا كىرىپتۇ، ئۆيدىن ئابدىننىڭ ئۇستىخانلىرىنى ئاچىقىپتۇ، ئۇستىخانلىرىنىڭ كۆپ قىسمى كۆيۈپ كېتىپتۇدەك.

— دېمەك، ئەلى توكۇر ئۇنىڭ ئادىمى ئىكەن — دە؟ — دېدى مەمەت.

دۇرمۇش ئەلى ئوچاقتىكى ئوتلارنى چۇخچىلاپ تۇرۇپ:

— شۇنداق، بالام، — دېدى قەھرى بىلەن، — ئۇمۇ ئىنسان — دە، خام سۈت ئەمگەن!

مەمەت كۈلۈپ كەتتى.

— ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ — دەپ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارىدى ئەلى.

— تاغا! — دېدى مەمەت، — سەن نىمانچە ئۇنتۇغاق؟

— قېرىلىق يەتكەندۇ ... — دېدى دۇرمۇش ئەلى.

— كېرەك يوق، ھېچقانچە ئىش ئەمەس، — دەپ ئۇنىڭ مۈرىسىنى سىلىدى مەمەت ۋە ئوچاقنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئارقىدىن جاپپارمۇ ئولتۇردى.

دۇرمۇش ئەلى ئوچاقتىكى ئوتنى يۆلەپ تۇتاشتۇردى.

— ھە، مەمەت، — دەپ كۈلدى، — يەنە نېمە ئىشلار بار؟

— ھېچ نەرسە! — دېدى مەمەت.

بىر ئازدىن كېيىن ئەتىگەنلىك يورۇق پەنجىرىدىن چۈشۈشكە، ئەتراپ ئاستا — ئاستا ئاقىرىشقا باشلىدى.

دۇرمۇش ئەلىنىڭ ئايالى مەمەتنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ:

— چاراسلاپ كۆيۈپتۇمۇ؟ — دەپ سورىدى، — قېنى دېگىنە جېنىم مەمەت، چاراس — چۇرۇس قىلىپ كۆيۈپتۇمۇ؟ قانداق ياخشى ئىش قىلدىڭ — ھە! چاراس — چۇرۇس، شۇنداقمۇ؟ — ئايال ئوچاقتىكى كۆجىنى يەرگە چۈشۈرۈپ، قىزدۇرۇۋالغان ياغنى ۋاژىلدىتىپ كۆجە ئۈستىگە قۇيدى، ئۆي ئىچىنى ياغ پۇرىقى قاپلىدى.



— چاراس — چۇرۇس — ھە؟ ئۇستىخانلىرىمۇ كۆيۈپتۇ دەيدۇ، كۆيسۇن، ئاقتۇزلۇ يېزىسى كۈلگە ئايلىنىپتۇ دەيدۇ، كۈل بولسۇن!

ئايال داستىخان سالدى، كۆجىنى چوڭ بىر جاۋۇرغا قويۇپ ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇنىڭ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيتتى:

— چاراس — چۇرۇس — ھە؟ چاراسلاپ كۆيۈپتۇمۇ؟

مەمەت قوشۇقنى تۇتقان پېتى تۇرۇپ قالدى، يا تاماققا سالمايتتى، يا داستىخانغا قويمايتتى، تۇتقان پېتى تۇرۇپلا قالدى. بىر پەستىن كېيىن بۇ ھالنى جاپپار سەزدى. جاپپار بىلەن مەمەتنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى، چوڭقۇر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.

دۇرمۇش ئەلىمۇ توختاپلا قالدى. بۇلارنىڭ بۇ خىل ھالىتىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراشقا باشلىدى. بىرھازادىن كېيىن مەمەت قوشۇقنى تاماققا سالدى ۋە چاققان — چاققان تاماق ئىچىشكە باشلىدى. كۆزلىرىدە ھېلىقى يىگىتنىڭ ئۆچىدەك سېرىق ئۇچقۇن پەيدا بولدى. خۇددى مەست بولغاندەك بېشى ئايلىنىپ، كاللىسىدا سېرىق ئۇچقۇن يالقۇنلايتتى، چېقىرتىكەتىلىكتە تاغدەك ئوت ئايلىنىپ، يۇمىلىنىپ، كېڭىيىپ يۈرگەندەك ئىدى ...

مەمەت بېشىنى كۆتۈردى، ئۆزىنى رۇسلىدى، بوغداي ئۆڭلۈك يۈزى، كۆزلىرى نۇرلانغانىدى.

— ساڭا بىر گەپنى دېمەكچىمەن، ئەلى تاغا، — دېدى مەمەت.

دۇرمۇش ئەلى ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى چۈشىنەلمەي ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى ۋە:

— ئوغلۇم، نېمە دېمەكچىسەن؟ قېنى سۆزلە! — دېدى.

مەمەت تىترىگەن ئاۋاز بىلەن:

— ئۇ كايىر ئاخىر ئۆلدى، — دېدى — دە تۇرۇپ قالدى. داستىخان يىغىشتۇرۇلدى. تۈجۈپ قالغان ئوت قايتا يېقىلدى. دۇرمۇش ئەلى ئىككى قېتىم سىرتقا چىقىپ كىردى. ئۆيدىكى باللار بىر بۇلۇڭغا تىقىلىشىپ، مەمەتكە جەكچىيىشىپ

قارايتتى.

دۆرمۆش ئەلى مەمەتنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى كۈتەتتى.

مەمەت «ئاخىر ئۆلدى» دېگەندە چىرايى شۇنداق ئاجايىپ بىر تۈسكە كىرگەنىدىكى، ئۇنىڭ مۇھىم بىر نەرسە دېمەكچى بولغانلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

دۆرمۆش ئەلى چىدىيالماستىن:

— ئاخىر ئۆلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ بىر پىكرىم بار، — دەپ ئاستاغىنا سۆزىنى باشلىدى مەمەت، — سىلىنىڭ بۇ ئىشقا نېمە دېيىشىدىغانلىقىڭنى بىلمەيمەن؟ — دەپلا بىردەم جىم بولۇپ قالدى ـ دە، كېيىن تېز ـ تېز سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ يېزىنىڭ، يەنە باشقا تۆت يېزىنىڭ ئېتىزلىرىنى، ئېتىزلىرىنىڭ ھەممىسىنى، كىم قانچىلىك ... قانچىلىك تېرىغان بولسا ھەممىسىنى ... تېرىغىنىچە ... ئاخىرىنى ئۆزۈڭلەر بىلىسىلەر، مانا شۇنداق، قولۇمدا قورال بار، ساقلايمەن، چېقىرتىكەنلەرگە ئوت ...

— ۋاي مەمەت، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى دۆرمۆش ئەلى، — سادىغاڭ كېتەي ئوغلۇم، سەل ئاستىراق سۆزلە، ھېچ نەرسە چۈشىنەلمىدىم.

— شۇنداق دېمەكچىمەن، ئاغا، — دېدى مەمەت ھاياجىنىنى بېسىپ، — بۇ يەرلەر ئۇ كاپىرنىڭ دادىسىدىن قالغان ئەمەس.

دۆرمۆش ئەلى ئويلىنىپ قالدى ۋە پېشانىسىنى تاتىلاشقا باشلىدى.

— بۇ يەرلەر كىشىلەرنىڭ ئۆز يېرى ... يەرنى ئۇ كاپىر ئاچمىغان، بەش يېزىنىڭ خەلقى ئۇنىڭ قولىدەك ئىشلەيدۇ. چۇقۇر ئوۋادا ئاغا يوق تورۇقلۇق بىرمۇ ئىش بولغىنىمۇ يوق، ھەسەن ئونبېشىنىڭ گېپىنى بىر ئاڭلىغان بولساڭ ! ... — دېدى مەمەت.

— بۇ كاپىرنىڭ دادىسى كەلمەستىن بۇرۇن يەرلەرنىڭ



ھەممىسى دېھقانلارنىڭ ئىدى. ئۇنداق قىلىپ، بۇنداق قىلىپ يۈرۈپ يەرلىرىمىزنى تارتىۋالدى. بۇرۇنلاردا ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ خالىغان يېرىدە، خالىغىنىچە دېھقانچىلىق قىلاتتى، — دېدى دۆرمۆش ئەلى.

— ئەمدى شۇنداق بولىدۇ، يەنە بۇرۇنقىدەك بولىدۇ، — دەپ ئېچىلىپ كەتتى مەمەت.

دۆرمۆش ئەلى يەنىلا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئويغا چۆمدى.

— يەنە شۇنداق بولىدۇ، بۇرۇنقىدەك بولىدۇ، نېمىنى ئويلاپ قالدىڭ، ئاغا !

— كاشكى، شۇنداق بولسا، — دەپ پىچىرلىدى دۆرمۆش ئەلى ۋە كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— جەزمەن شۇنداق بولىدۇ. ساڭا بىر ئېيتىماقچىم بار: بەش يېزىدىكى ئەقىل ـ ھوشى بارلارنىڭ ھەممىسىگە خەۋەر بېرىسەن، بۇ يەرگە چاقىرىپ كېلىسەن، مەسلىھەتلىشىپ ئېتىزلارنى بۆلۈپ بېرىمەن، ياللانمىلىقتىن، قۇللۇقتىن قۇتۇلىدۇ. ھەربىر كىشىنىڭ تېرىغىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ. ئۆكۈزلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ بولىدۇ ...

— يائاللا، شۇنداق بىر بولسا ! ... — دەپ ۋارقىراپ كەتتى دۆرمۆش ئەلى.

— سەن خەۋەر قىل، ئۇلار كەلسۇن ! ... — دېدى مەمەت.

دۆرمۆش ئەلىنىڭ خۇتۇنى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بولۇۋاتقان سۆزلەرنى ئاڭلىغاچ يىپ ئېگىرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ، قولىدىكى ئۇرچۇق چۈشۈپ كەتتى. كېيىن ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ مەمەتنىڭ يېنىغا ئېتىلغاندەك باردى.

ئىسلىشىپ كەتكەن تورۇسقا ئۆمۈچۈك تور سېلىپ ئىلىنىپ يۈرەتتى.

— سادىغاڭ كېتەي، ئوغلۇم، راست دەۋاتامسەن؟ راست شۇنداق قىلامسەن؟ — دەپ مەمەتنىڭ قوللىرىنى سۆيۈشكە

باشلىدى ئايال. — بىرسىگە، ئۇچىتىن ئىككىسىگە ھېچكىم شېرىك بولالمىدۇ؟

— قۇللۇق تۈگىدى، — دەپ قەتئىيلەشتۈردى مەمەت — بۇ يەرلەرنى ئۈلگۈچە قوغدايمەن. قولۇمدا قورال بار. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى ...

— ئۆكۈزلەرچۇ؟ — دەپ سورىدى ئايال.

— ئۇلارمۇ.

ئايال مەمەتنىڭ قوللىرىنى قويۇۋېتىپ قاراڭغۇ بۇلۇڭغا باردى - دە، ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن يىغا ئۆرلەيتتى.

دۆرمۇش ئەلى سىرتقا چىقتى، بىراق ئىككىلىنىپ قالدى، يەنە قايتىپ كىرىپ مەمەتكە قارىدى. مەمەتنىڭ تۇرقى گويا قىيا تاشتەك قاتتىق، قەتئىي ئىدى.

— ئوغلۇم، كىملەرنى چاقىراي؟ — دەپ سورىدى دۆرمۇش ئەلى.

— بۇ ئىشقا كىمنىڭ ئەقلى يېتىدۇ دېسەڭ شۇنى! — دەپ بېشىنى كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى مەمەت.

— ماقۇل ...

دۆرمۇش ئەلى يانجار ھۆسۈكنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بولغان گەپلەرنى ئېيتتى: يانجار دۆرمۇش ئەلىگە ھېچ نەرسە دېمىدى، ئۇ ئىككىلىنىپ قالغاندى. كېيىن يۈتۈن يېزىنى ئايلىنىپ ھەممە ئادەمگە ئەھۋالنى ئۇقتۇردى. بەزىلەر ئاڭلاش بىلەنلا خۇشال بولۇپ، كېيىن ئويلىنىپ قالدى. يۈتۈن يېزا خەلقى ئىككىلىنىپ قالدى، دېھقانلارنىڭ بۇ ئىشقا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال توپلىناتتى ۋە توپلىشىپ تۇراتتى. بىراق سۆزلەشمەيتتى، پەقەتلا قورقۇش بىلەن بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىشاتتى. ھودۇققان ئادەملەر تويى جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆيىدىن - ئۆيگە بىر خىل ئۈمىد بىلەن كىرىپ چىقىشاتتى.



ئادەملەر تويى بىر مەزگىل يېزىدا ئۇن - تىنسىز ئايلىنىپ يۈرۈشتى، ئاخىر دۆرمۇش ئەلىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا توپلىنىپ، جىمجىت كۈتۈشكە باشلىدى. ئەمچەكتىكى باللارنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى.

مەمەت تاشقىرىدىكى ئاياغ تاۋۇشلىرىنى ئاڭلاپ دۆرمۇش ئەلىنىڭ خوتۇنىدىن سورىدى:

— ئانا، تاشقىرىدا نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟

ئايال كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— يۈتۈن دېھقانلار توپلىشىپ ئىشىككە كۆز تىكىپ تۇرۇشىدۇ، نېمە ئىش؟ بىلمىدىم، — دېدى.

ئايال سىرتقا چىقتى، ھەممە كۆز ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىن بىئارام بولۇپ ئاچچىقى كەلدى:

— نېمە گەپ؟ — دەپ ۋارقىرىدى، — نېمىگە توپلاندىڭلار؟

كۆپچىلىكتىن سادا چىقمىدى.

— نېمە ئۈچۈن جىم تۇرىسىلەر؟

كۆپچىلىك يەنە مىدىرلىماي قويمىدى.

— مەمەت ئاۋاقنى كۆرمەكچى بولساڭلار، ئۇ ئۆيدە.

يەنىلا ھېچكىم تۇرقىنى بۇزمىدى.

— ۋاي قۇرۇپ كەتكۈرلەر، نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ نېمىدەپ تۇرىسىلەر زادى؟ ھەربىر ئۆيدىن بىر ئۆلۈم چىققاندەك ماتەمدە! كور بولۇپ كەتكۈرلەر، قاراڭلار بۇلارنى، شۇلارمۇ ئەركەك بوپتۇمۇ! — كېيىن ئاياللارغا بۇرۇلدى، — سىلەر مۇشۇلارنى ئەر دەپ قوينۇڭلارغا ئېلىپ ياتامسىلەر؟ تۇۋا، ئىسىت، سىلەردەك خوتۇنلارنى. بۇ جىمغۇرلارغا قارا! نېمىدەپ تاشتەك قېتىپ تۇرىسىلەر؟ ئۇيناڭلار، كۈلۈڭلار، توي قىلىڭلار!

كۆپچىلىك تاشتەك قېتىپلا تۇراتتى.

— خۇدايىم جاجاڭلارنى بەرسۇن! ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ مەمەت ئاۋاق ئابدى ئاغىلارنى چاراس - چۇرۇس قىلىپ ...

كۆپچىلىك سەل - پەل ھەرىكەتكە كەلدى.

— چاراس - چۇرۇس كۆيدۇرۇپتۇ ... ئاقتۇزلۇ يېزىسىمۇ تامامەن پاراسلاپ كۆيۈپ كېتىپتۇ. ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ تۈنۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى، ھازىر ئىچكىرىكى ئۆيدە. ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ئەمدى تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەپ ئابدى ئاغىغا بەرمەيمىز، ئېتىزلارمۇ بىزنىڭ ... چاراس - چۇرۇس ... ئۆكۈزلەرمۇ ئۆزىمىزنىڭ، پاراس - پۇرۇس ... ئاقتۇزلۇ يېزىسىمۇ چاراس - چۇرۇس.

كۆپچىلىك قىمىرلاشقا باشلىدى. دەسلەپ پىچىرلاشلار تۇپ ئىچىدە كېزىشكە باشلىدى، ئاندىن پىچىرلاشلار كۈچەيدى. كېيىن ھەربىر ئېغىزدىن بىر ئاۋاز چىقىشقا باشلىدى. يېزىدا بولۇپ باقمىغان بىر ۋاراڭ - چۇرۇڭ باشلاندى. ئىتلار ھاۋۇشىيتتى، خورازلار چىللايتتى، توخۇلار ئۈركۈپ ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىشاتتى، باللار يىغلىشاتتى، ئېغىلدىكى ئىشەكلەر ھاڭراپ، ئاتلار كىشنەيتتى. دەگىرمەن ئۇلۇك يېزىسى بىنا بولغاندىن تارتىپ مۇنداق ۋاڭ - چۇڭلار بولۇپ باقمىغانىدى.

بىر ئازدىن كېيىن يېزىدا توپا - چاڭ كۆتۈرۈلدى، يېزىنىڭ ئۈستىنى توپا - چاڭ قاپلاپ كەتتى.

كېيىن يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن خۇشاللىق سادالىرى ياڭراشقا باشلىدى.

ناغرا - سۇناي چېلىندى، ناخشىلار ياڭرىدى.

— بىزنىڭ مەمەت ئاۋاق!

— بىزنىڭ مەمتىمىز!

— ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئادەم بولۇپ چىقىشى باللىق چېغىدىنلا مەلۇم ئىدى!

— شۇنداق، مەلۇم ئىدى!

— ئۆكۈزلەرمۇ بىزنىڭ بولىدۇ!

— ھەممە ئادەم خالىغان ئېتىزغا خالىغىنىنى تېرىيدۇ، ئۇچتىن ئىككىسىنى بېرىمىز دېگەن گەپ يوق!

— بۇندىن كېيىن قىش ئوتتۇرىسىدا ئاچ قالمايمىز!



— ئىتقا ئوخشاش يالۋۇرمايمىز!

— بىزنىڭ مەمەت ئاۋاق بالىمىز!

— ئىنەكلەرنى ساتمايمىز!

— زۇلۇممۇ يوق!

— ھەممە ئادەم خالىغان يېرىگە بارالايدۇ!

— ھەممە ئادەم ئۆيىگە مېھمان چاقىرالايدۇ!

— خالىغىنىچە ...

— ھەممە ئادەم ئۆز - ئۆزىگە خوجا!

— بىزنىڭ مەمەت بالىمىز!

— چاراس - چۇرۇس كۆيۈپتۇ!

— ئابدى ئاغا بىلەن چوڭ بىر يېزا دېگىنە!

— راسا كۆيۈپتۇ - دە!

— چۇقۇر ئۇۋادا قورقۇپ دىر - دىر تىترەۋاتقانمىش!

— بىزنىڭ ئاۋاق مەمتىمىز!

— چاراس - چۇرۇس يىنىپ كېتىپتۇ!

— خەدىچەمۇ تۇرمىدىن چىقىدۇ!

— بەش يېزا بىرلىشىپ توينى قىلىمىز!

— مەمەتنىڭ توينى بەش يېزا بىرلىشىپ قىلىپ بېرىمىز!

ئىككى كېچە - كۈندۈز ناغرا - سۇناي چېلىنىپ تۇردى، باشقا تۆت يېزىمۇ خۇشاللىققا چۆمۈلگەنىدى، ئارىلاپ - ئارىلاپ يېزىلاردىكى ناغرا ئاۋازلىرىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كېچىلىرى پۈتۈن دىكەنلى تۈزلەڭلىكى يورۇپ كېتەتتى. قايناپ - تاشقان خۇشاللىق تاغۇتاشلارغا، دەل - دەرەخلەرگە، سۇلارغا سىڭىپ كېتەتتى.

بەش يېزىنىڭ ئاقساقاللىرى دۇرمۇش ئەلىنىڭ ئۆيىدە مەمەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشاتتى. بەزىدە شۇبھە بىلەن، بەزىدە قورقۇش بىلەن، بەزىدە مىننەتدارلىق بىلەن ۋە بەزىدە مۇھەببەت بىلەن مەمەتكە قارىشاتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى مەمەت ئۇلارغا دېدى:

— ئاغىنىلار، تاغىلار، بەزىلىرىڭلار يەرنى ھەيدىدىڭلار، بەزىلىرىڭلار ئەمدى ھەيدىمەكچى بولۇۋاتىسىلەر، سىلەرگە بىر ئىلتىماسىم بار:

ھەممىسى بىر ئېغىزدىن:

— مەمتىم، جېنىمىز بىلەن ئورۇنلايمىز! قولىمىز كۆكسىمىزدە! — دېدى.

مەمەت سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئېتىزلارنى ھەيدىمەستىن تۇرۇپ چېقىرتىكەنلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلاشنى نېمە ئۈچۈن ئويلاشمىدىڭلار؟

— ئويلاشمايتۇق! — دېدى بىرنەچچىسى.

— كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن يەر ھەيدەش ئاسان ئەمەسمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئاسان! — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

مەمەت ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ھەممە ياشلار ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

— چېقىرتىكەنلەرگە ئوت قويىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن يەر ھەيدەيمىز.

مەمەت مىلتىقىنى، ئوقدانلىرىنى ئوبدان تۈزەشتۈرۈپ ئېسىپ ئاندىن سىرتقا چىقتى، دېھقانلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىشتى.

— چېقىرتىكەنلىككە بارايلى! ناغرا - سۇنايلارنىمۇ ئېلىپ بارايلى! — دەپ ۋارقىرىدى مىستىك تاز.

— ئۆكۈزلەرنىڭ، دېھقانلارنىڭ پاچاقلىرىنى چېقىرتىكەن جىراپ كەتمەيدىغان بولدى، — دېدى دۇرمۇش ئەلى.

مەمەت ئاستا، تەمكىنلىك بىلەن بېزىنىڭ سىرتىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ بېشىنى تىك تۇتۇپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن جايپار، ئۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلار ماڭاتتى. ئاياللار، باللار كۆرۈش ئۈچۈن تاملارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانىدى. ناغرا - سۇنايلارنىڭ ئاۋازى توختاپ، ئەتراپنى جىمجىتلىق باسقانىدى.



ئۇلار بېزىدىن چىقىپ چېقىرتىكەنلىكنىڭ ئىچىگە كىرىشتى. تاغلاردىن چېقىرتىكەنلىككە قاراپ ئاستاغىنا كۆز شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى. مەمەت ئاۋاق ئوتتۇرىغا كېلىپ توختىدى ۋە تۇرغان يېتى قىبتىسىلا قالدى. دېھقانلار ئۇنىڭ سەللا قىمىرلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى، مەمەت ئارقىسىغا قارىدى، ئارقىسىدا تۇرغان دېھقانلار ئۇنىڭ بىر نەرسە دېيىشىنى، بىرەر ھەرىكەت قىلىشىنى كۈتەتتى.

ئۇنىڭ ئالدىدا سۈتتەك ئاق چېقىرتىكەنلىك سوزۇلۇپ ياتاتتى. دىكەنلى تۈزلەڭلىكى قار ياغقاندەك ئاپپاق كۆرۈنەتتى، شىلدىرلىغان ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. تىكەنلەرنىڭ غوللىرىغا يېپىشىۋالغان قۇلۇلە - قۇرتلار تىكەنلەرنىڭ شاخلىرىنى، غوللىرىنى يەرگە ئېگەتتى.

— جايپار! — دەپ ئاستا چاقىردى مەمەت.

جايپار چېقىرتىكەنلەرنى يېرىپ مەمەتنىڭ يېنىغا كەلدى:

— نېمە دەيسەن، ئاغىنە؟

— مەن يەر ھەيدىگەن چاغدا چېقىرتىكەنلەرگە مۇشۇنداق ئوت قويۇپ ھەيدىگەن بولسام قانداق ياخشى بولغان بولاتتى - ھە؟

جايپار كۈلۈمسىرەپ قويدى.

بۇ چاغدا ئارقىسىدا تۇرغان ئادەملەر ھەرىكەتكە كەلدى. بىر نەچچە ئادەم چېقىرتىكەنلەرنى ئۇرۇپ ئوتتۇرىغا يىغىشقا باشلىدى، بۇنىڭغا باشقىلارمۇ قوشۇلدى. ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا چوڭ بىر دۆۋە تىكەن توپلاندى. كىچىك بىر دۆڭلۈك ھاسىل بولدى، دۆۋىلەر بارغانسېرى چوڭىيىشقا باشلىدى.

دۇرمۇش ئەلى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ئەمدى بولدى! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە يانچۇقىدىن بىر پارچە گۈگگۈرت چىقىرىپ ياقتى. قۇرۇپ كەتكەن چېقىرتىكەن دۆۋىسىگە تۇتتى، ئوت ئاستا تۇتاشتى، بىرئازدىن كېيىن پۈتۈن دۆۋىنى يالقۇن قاپلىدى. يالقۇنلار شامال چىققانسېرى كۈچىيەتتى، دېھقانلار يالقۇنجاپ يېنىۋاتقان دۆۋىدىن

يىراقلاشتى، يېرىم دائىرە بولۇپ ئۇتقا قاراپ تۇرۇشتى. ئۇت تىكەن دۈۋىسىدىن تۇزلەڭلىككە يېيىلدى. ناخشىلار، ۋارقىراش - جارقىراشلار، خۇشاللىق سادالىرى تۇزلەڭلىككە بىر كەلدى. ئادەملەر ئۇت بىلەن بىللە يىرقىراشقا باشلىدى. ئۇسسۇللار ۋە ھەر خىل ئويۇن ئوينالدى. چاپپار ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئاتتى.

مەمەت كۆن ئولتۇرغىچىلىك چېقىرتىكەنلىكنىڭ ئىچىدە سۆز قىلماستىن يۈردى.

شامال چوڭ ئۇت دۈۋىسىنى ئالدىغا سىلىپ ھاۋادا غۇيۇلدىتىپ ئۇچۇراتتى. ئۇت يالقۇنى بېسىپ ئۆتكەن يەرلەر قاپقارا كۆمۈردەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇت كۆن بىلەن تەڭ غەربكە قاراپ ئۇچاتتى. كۆيۈۋاتقان چېقىرتىكەنلىكتىن ھەر خىل ئاۋاز كېلەتتى. تىكەنلىك ئوتتىنىڭ ئىچىدە خۇددى قۇشتەك سايرايتتى.

مەمەت يەنە شۇ ئېغىر - بېسىق، سالماق قەدەم بىلەن يېزىغا قاراپ ماڭدى. يېشىل، قىزىل، كۆك، رەڭگارەڭ كىيىنگەن ئايالالار، باللار چېقىرتىكەنلىككە تويلىتىپ تاماشا قىلىشىۋاتاتتى.

ئۇلارمۇ مەمەتنىڭ ئارقىسىدىن يېزىغا مېڭىشتى.

ئۇت شۇ كېچىسى تاڭ سەھەرگىچە، دىكەنلى تۇزلەڭلىكىدە كىنالى دۆڭلۈكىدىن يىلتىز دۆڭلۈكىگىچە، بۇلاقكۆزىدىن كابا ئاغاچقىچە ۋە باشقا يېزىلارغا، تاكى تۆۋەن تەرەپتىكى جۇرۇكچىنارغىچە تۇتىشىپ كەتتى، ئاجايىپ بىر يورۇقلۇق تۇزلەڭلىكنى قاپلىدى. كېيىن ئەلى تىغىنىڭ چوققىسىدا بىر توپ ئۇت كۆرۈندى. خۇددى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك ئايلىنىپ يالقۇنلاۋاتقان كارامەت بىر خىل ئۇت ... ئەلى تىغىنىڭ چوققىسى ئاپتاپ چۈشكەندەك ئاقىرىپ كەتتى. يوپيورۇقچىلىق. دېھقانلار بۇ ئىشقا ھەيران قېلىشتى، مەمەتنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران بولدى. ئۇلار تۈنجى قېتىم ئەلى تىغىنىڭ چوققىسىدا ئۇت كۆرۈۋاتاتتى.



بۇ چاغدا خەدىچەنىڭ ئۈستىدىن يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتكەن يەتتە كىشى مەمەتنىڭ ئالدىغا كەلدى، بىراق گەپ - سۆز قىلىشمىدى.

— قېنى، سۆزلەڭلار ! — دېدى مەمەت.

— بىز گۇۋاھلىق بەردۇق، — دېيىشتى ئۇلار.

— مەيلى، كېرەك يوق، — دېدى مەمەت.

— مەجبۇرىي، جېنىم مەمەت.

— بىلىمەن.

يەتتە كىشى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، باشلىرىنى ئېگىپ، ئۈن - تىنسىز مەمەتتىن يىراقلاشتى.

بۇ كېچە تاڭ ئاتقۇچە خۇشاللىقىدىن ھاياجانلاندى. قايغۇ - ئەلەملەردىن مەمەتنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇمۇ كەلمىدى. قايغۇ — خەدىچەنىڭ قايغۇسى ئىدى.

بۈگۈن دەگىرمەن ئۆلۈك يېزىسىنىڭ ئۈستىدە يوغان، پارلاق، پاك - پاكىز، ماقۇقتەك يېڭىنىك، ئاپپاق بىر خىل كۆن تۇر چاچاتتى، دەگىرمەن ئۆلۈك يېزىسى چۈشلىردىكىدەك پار - پۇر پارقىرايتتى، دەرەخلەر يورۇقلۇق ئىچىدە ئىرغاڭلايتتى. چېقىر تىكەنلەر تېخىچە كۆيمەكتە ئىدى، ئاپپاق تۇزلاڭ باشتىن - ئاياغ قاپقارا بولۇپ كەتكەنىدى.

«ئەلى توكۇر كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى، مەمەت تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. ئەلى توكۇر ھارغىن قىياپەتتە ئاقساق پۇتىنى سۆرەپ يېتىپ كەلدى، مەمەتكە تىكىلدى.

— كەل، ئەلى ئاغا ! — دەپ يېنىغا كەلدى مەمەت كۈلۈمسىرەپ ۋە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ بىر خىل مۇھەببەت بىلەن سىلاپ قويدى.

ئەلى توكۇر تەرلەپ كەتكەنىدى، تېز - تېز نەپەس ئالاتتى. سۆز قىلماستىن مەمەت بىلەن يانمۇيان تۇردى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى تەر قۇرۇشقا باشلىدى، يۈزى سولغۇن، سارغىيىپ قورۇلۇپ

كەتكەنىدى، بىرنەچچە كۈن ئىچىدە ئون بەش يىللىق قېرىپ كەتكەندەك ئىدى.

مەمەت چىداپ تۇرالماستىن:

— نېمانچىۋالا بولۇپ كەتتىڭ، ئەلى ئاغا؟ — دەپ سورىدى، — بەكمۇ خاپا كۆرۈنىسەن.

— سورىمايلا قوي ! — دېدى ئەلى توكۇر ئەلەم بىلەن.

مەمەت «سورىمايلا قوي !» دېگەن سۆزنىڭ تېگىدە بىرەر ئىش بارلىقىنى سەزدى. ئۇ، بۇ سۆزنى شۇنچىلىك بىزارلىق، دەردلىك ۋە چىن قەلبىدىن چىققان بىر خىل خاپىچىلىق بىلەن دېگەنىدى.

مەمەتنىڭ يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى.

— بىر يامان خەۋەر ياكى كېلىشمەسلىك بولدىمۇيا؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

ئەلى توكۇر تېخىمۇ ھاسىرىغان، قوللىرى تىترىگەن ھالدا جاۋاب بەردى:

— سورىما، سورىمايلا قوي.

— كىشىنى قورقۇتمىغىنا، ئەلى ئاغا !

— بولغان ئىش بولدى، يۈرىكىم تۈيغانىدى ...

— سۆزلە ! — دېدى مەمەت ئۇنىڭغا ئېگىلىشىپ تۇرۇپ.

— كابىر... دىنىسىز ... ئۇ ... — دېدى ئەلى توكۇر.

— ھە، قۇتۇلۇپ كېتىپتۇما؟

مەمەتنىڭ بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك بولدى، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى، سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، كېيىن تىزلىرى بوشىشىپ كەتتى.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم، ھازىر شەھەردە ئۆي تۇتۇپتۇ، شۇ يەركە نورۇنلاشقۇدەك، مېنى ئۆيىگە چاقىردى، — دېدى ئەلى توكۇر.

جايپار مەمەتنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

— كېرەك يوق، مەمەت قېرىنداشىم، — دەپ ئۇنىڭغا



تەسەللى بېرىشكە تىرىشتى، — ئۇ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ، قولىمىزدىن ساق چىقمايدۇ، بۈگۈن بولمىسا ئەتە ...

دۇرمۇش ئەلىنىڭ خوتۇنى داد - پەرياد سالدى، قاراڭغۇ بۇلۇڭغا يېرىپ نالە قىلىشقا باشلىدى:

— ۋاي دەردلىك بېشىم، ۋاي خۇدا، بېشىمغا كەلمىگەن بۇ ئىش قالدىمۇ؟ ۋايجان ! ۋايتوۋا !

— نېمانچە زارلىنىسەن يەڭگە؟ — دېدى جايپار، — نېمە بولسۇن ئۇ ئەمدى بۇ يېزىغا ئاياغ باسالمايدۇ، ئېتىزلار، ئۆتكۈزلەر سىلەرنىڭ بولىدۇ، بىز سالامەتلا بولساق ...

— ۋايجان، ۋايىيەي !

بىردەمدىلا بۇ ئىشنى پۈتۈن يېزىدىكىلەر بىلىپ بولدى. يېزىنىڭ كوچىلىرىدا ھېچكىم قالمىدى، ھەممىسى ئۆيلىرىگە كىرىۋالدى، ۋاراڭ - چۇرۇڭ توختاپ قالدى، يېزا جىمجىتلىققا چۆمدى، ئىتلار ھاۋشىماس، خورازلار چىللىماس بولدى. خۇددى يېزىدا بىرمۇ ئادەم قالمىغاندەك ئىدى، ھازىرلا بولۇپ ئۆتكەن ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ۋە چوڭ خۇشاللىقلار پۈتۈن يېزىنىڭ بارلىق جانلىقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ باشقا بىر دىيارغا كۆچۈپ كەتكەندەك، يېزىدا ئىنس - جىن قالمىغاندەك ئىدى.

جىمجىتلىق نامازدىگەرگىچە داۋام قىلدى. دۇرمۇش ئەلى مۆكچەيگەن، بېشى مورىسىگە چۆكۈپ كەتكەنىدى. خوتۇنىنىڭمۇ قوۋۇزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ئۇ بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى.

مەمەت بېشىنى ملتىقىغا تىرەپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى، قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەنىدى.

نامازدىگەرگە يېقىن يېزىدا بىرئاز جانلىنىش پەيدا بولدى. ئالدى بىلەن بىر خوراز قىغ دۆۋىسىگە چىقىپ، قاناتلىرىنى كېرىپ چىللىدى. خورازنىڭ يېشىل، قىزىل، سۆسۈن پەيلىرى پارقىرايتتى. كېيىن ئىتلار ھاۋشىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئادەملەرمۇ ئۆيلىرىدىن چىقىشتى. ئۇ يەر - بۇ

يەرگە توپلىنىشقا باشلىدى. غوۋۇراشلار توپتىن - توپقا كۆچۈپ، يېزىنى بىر ئالدى.

— ئادەم بوپقاپتۇ - دە! ...

— تاغنىڭ مەمەت ئاۋۇنقى، ئادەم بولامدۇ ئۇ ...

— ئىبراھىم گادايىنىڭ ئوغلى ئۇ.

— ئۆزىچە ئادەم بولۇپ ئابدى ئاغىنىسىنىڭ ئېتىزلىرىنى تارقىتىپ يۈرىدۇ تېخى.

— بويىغا، تۇرقىغا قاراڭلار ئۇنىڭ!

— كۆرگەنلەر يەتتە ياشلىق بالىمىكەن دەيدۇ.

— ۋاي قەلەندەرەي.

— مىلتىقنىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ.

— قاراقچى بوپتۇمىش تېخى ...

— قاراقچى بولۇپلا يېزىنى كۆيدۈرۈۋېتىپتۇدەك.

— قاراقچى بولۇۋېلىپ، دادىسىنىڭ مىلىدەك ...

— راستلا، دادىسىنىڭ مىلىدەك. ئاغىمىزنىڭ ئېتىزلىرىنى، ئۆكۈزلىرىنى تەقسىم قىلىۋاتىدۇ.

— ئۆزىچە ئادەم بولۇپ قاپتۇ!

— ئاغىمىزنىڭ ئىشىكىدە ئىتتەك شۇمشىيىپ يۈرەتتى.

— تېخى تۈنۈگۈنكى كۈنگىچىلىك دېگىنە.

— ۋاي ئىبراھىم گادايىنىڭ ھۆرۈن ئوغلىغۇ.

— پوچىلىقنى دېمەمدىغان!

— يارىماس توڭگۇز.

— باشقىلارنىڭ قىزى ئۇنىڭ كاساپىتىدىن چىرىپ ياتىدۇ.

— تۇرمىدە چىرىپ كېتىدۇ ...

— خەدىچە تۈگىشىدىغان بولدى.

— كۆرىمىز تېخى!

— چېقىرتكەنلىكنى كۆيدۈرگۈزدى، قوش ھەيدىگەنلەرنىڭ پۇتلىرىنى تىكەن تىلىۋەتمىسۇن دەپتۇمىش تېخى!

— ئاغرىتىۋەتمىسۇن دەپتۇ تېخى!



— قاراپ تۇر، تېخى كۆرىمىز.

— يېزىغا كېلىپ ئابدىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ چوڭ سۆزلەيدۇ.

— ئاغىمىزنى ...

— ئاغىمىز ئۇنىڭدەك يۈز ھارامنى بىر پاي ئوق بىلەن جايلايدۇ ...

— بىزنىڭ ئاغىمىز ...

شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر زور بىر توپقا ئايلىنىپ ئابدى ئاغىنىڭ ھويلىسىغا يىغىلدى. ئابدى ئاغىنىڭ خوتۇنلىرىنى، بالىلىرىنى قوتراتتى. غەيۋەت - شىكايەت يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى. ئادەملەرنىڭ بىر قىسمى يەنىلا ئابدىنىڭ ئۆلمەي قالغانلىقىغا غەزەپلىنەتتى، ئۇنداقلار ئۆيلىرىدىن چىقىشمىغانىدى. دۇرمۇش ئەلى ئۆلۈكتەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. لام - جىم دېيىشمەيتتى. مەمەتمۇ گەپ قىلمايتتى. پەقەت جاپپارلا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ توختىماي سۆزلەيتتى، دېھقانلارنى بەزلەشكە تىرىشاتتى.

— ئابدى ئاغا ئىككىنچىلەپ بۇ يېزىغا ئاياغ باسالمايدۇ. زادىلا قورقماڭلار. نېمە بولسۇن پات يېقىندا ئۆلىدۇ، چوقۇم ئۆلىدۇ. خۇدا ھەققى، ئۆلىدۇ، ئەللا - بىللا ئۆلىدۇ. ئۇنداق بولۇپ كەتمەڭلار، ئۆلىدۇ دېدىممۇ، ئۆلىدۇ.

بۇ سۆزلەرنى ھېچكىم ئاڭلىمايتتى.

مەمەت بىلەن جاپپار كۈن چىقماستىن دۇرمۇش ئەلىنىڭ ئۆيىدىن چىقىشتى، مەمەت بېشىنى كۆتۈرەلمەيتتى. بېشى روھسىز چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى. جاپپارمۇ يېقىلىپ كېتىدىغاندەك مەمەتنىڭ يېنىدا روھسىز كېتىۋاتاتتى. يېزىدىن چىققاندا بىر - ئىككى ئىت ئۇلارغا قاراپ ھاۋشىدى. بۇنى مەمەت تۇيمىدى، جاپپار ئىتلارغا تاش ئاتتى.

چىقىرتىكەنلىك كۆيۈپ تۈگىگەنىدى. يىرىلىپ كەتكەن يەرلەر قاپقارا كۆللەر بىلەن تولغان. مەمەت تۈزلەڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپلا قالدى، جاپپارمۇ ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇنى كۈتۈپ تۇردى. لېكىن، مەمەت بىرئاز ماڭدى، ئاندىن ئۇمۇ بىر تاشنىڭ ئۈستىدە مىلتىقىنى قۇچاقلاپ ئولتۇردى.

كۈن چىقتى. مەمەت تېخىچە تىك تۇراتتى، مىدىرلىمايتتى، ئۇنىڭ سايىسى يېنىغا قاراپ سوزۇلغانىدى. چاشكا ۋاقتى بولدى. مەمەت يەنىلا قىمىرلىمىدى، ئەمدى جاپپار چىدىيالمىدى، مەمەتنىڭ يېنىغا باردى، ئۇنى تۈرتتى:

— نېمە بولدۇڭ، مەمەت، ھەي قېرىندىشىم؟

مەمەت بىردىنلا ئېسىگە كەلدى، خۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئادەمدەك كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ:

— كېرەك يوق، ئاغىنە، — دېدى جاپپار، — ئادەم بالىسى خام سۈت ئەمگەن، ئايدىنىمۇ قانداقلا بولسۇن ...

— قانداقلا بولسۇن، — دېدى مەمەت چىشىنى چىشىغا بېسىپ تۇرۇپ كۆيۈپ بولغان چەكسىز تۈزلەڭنىڭ نېرىقى تەرىپىگە كۆز تىكتى.

## 19

بۆككىدە مەرسىنلەر ئادەمگە قويۇق، مەست قىلغۇچى، كۆڭۈلدىكىدەك مەست قىلغۇچى بىر خىل شارابنى ئەسلىتىدۇ. سۈلەمش تۈپلىكى شاخلىرى غۇژمەكلىنىپ، دىقماق غوللىرى يەرگە يېپىشىپ ئۆسكەن مەرسىنلەر بىلەن قاپلانغان. چىغىر يوللاردىن ئۆتكەنلەرنىڭ دىمىقىغا ئۆتكۈر ۋە ئېغىر بىر خىل پۇراق ئۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇ پۇراق ئادەمنى ئېغىرلاشتۇرۇپ گاراڭ قىلىپ قويىدۇ.



سۈلەمش تۈپلىكىنىڭ ئاستى تەرىپى تۈزلەڭلىك، بىر تال تاشمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. توپىسى قۇمدەك ئۇۋاق ۋە يۇمشاق. بۇ يەرگە ئۇ باشتىن - بۇ باشقىچە ئانار تىكىلگەن. بۇ ئانارلارنىڭ قاچان تىكىلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ ئانارلار قىپقىزىل چېچەكلەيدۇ. قىپقىزىل ئانار گۈلى ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتىدۇ. ھەرىلەر چېچەكتىن - چېچەككە قونۇشىدۇ. بۇ يەرنى ئانارلىق باغچە دەپ ئاتايدۇ. ئانارلىق باغچىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىن ساۋۇرۇن دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ. ساۋۇرۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى تۇرۇس تاغلىرىدىن تۇردىن چۈشكەندەك ئىنچىكە، لېكىن دەھشەتلىك ئېتىلىپ چۈشىدۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە سۈرئىتى ئاستىلىشىپ، تۈزلەڭلىككە خۇددى بىر كۆلدەك يېيىلىپ كېتىدۇ. ئاران ئىزغا چىقىدۇ ... يېيىلىپ ئاققان سۇ بىرمۇنچە كىچىك - كىچىك ئاراللىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ئاراللارنىڭ كۆپ قىسمى چاتقاللىق ... چاتقاللار خۇددى تامدەك زىچ ئۆسكەن ... ئاراللارنىڭ بىر قىسمى بولسا يېرىم يالىڭاچ. بۇ يەرلەردە ئىللىق پۇراق چېچىپ تۇرىدىغان يىگنە يوپۇرماقلىق، قوڭۇر غوللۇق ئېلگىن ئۆسىدۇ. سۇ بويلىرىدىكى ئاغىن دەرەخلىرىدىمۇ ھال رەڭ يوغان گۈللەر ئېچىلىدۇ. بۇ ئاراللارنىڭ ئەڭ چوڭى ھېساپلانغان بوستان ئارىلىغا ئۇزاق يىللاردىن بېرى قوغۇن - تاۋۇزلار تېرىلىپ كەلمەكتە. بۇ يەرنى كۈرد مەمۇ بىر زېمىنداردىن ئىجارىگە ئالغان. چوقۇر ئويۋاتىنىڭ ئەڭ چوڭ قوغۇن - تاۋۇزلىرى مەمۇنىڭ قوغۇنلۇقىدىن چىقىدۇ.

بوستاننىڭ كۆزەتچىسى ھۆرالى ئىدى. خېلى يىللاردىن بېرى بوستان ئارىلىنىڭ قوغۇن - تاۋۇزلىرىنى كۆزەت قىلىپ كېلەتتى. باراڭنىڭ ئەتراپى شاپاقلار بىلەن تولغان. شاپاقلارنىڭ ئۈستى ھەرە ئۇۋىسىدەك بولۇپ كەتكەنىدى. ھەرىلەر شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، شاپاقلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھەرىلەر ھەر خىل ئىدى، ھەسەل ھەرىسى، قارا ھەرە، مونچاقلىق ھەرە ... ھەرىلەر كۈن نۇرىدا پارىلداپ يېشىلغا مايىل كۆرۈنەتتى. باراڭ

ئەتراپىنىڭ شۈنچىلىك شاپاقلارغا توشۇپ كېتىشى ھۆرالىنىڭ سېخىيلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھۆرالى بەكمۇ مەرد ئادەم ئىدى. قوغۇنلۇققا كىم كەلسە قوغۇن ـ تاۋۇز تىلىپ مېھمان قىلاتتى، قوغۇنلۇققا كەلگەن كىشىلەر قوغۇن ـ تاۋۇزغا ئېغىز تەگمەي كېتەلمەيتتى.

ھۆرالىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ بوستانغا كۆنۈپ كەتكەندى. ئىلگىنلار بوستاننى ياتسىرىماي قانداق ئۈنۈپ كەتكەن بولسا، ھۆرالىمۇ شۇنداق ياشايتتى.

ھۆرالى بوستاننى زادى ياخشى كۆرەمدۇ ـ كۆرمەمدۇ؟ بۇنى بىلىپ بولمايتتى، ئۆزىمۇ بىلىندۈرمەيتتى. بوستاندا ئۆسكەن ئىلگىننىڭ ئۆسكەن يېرىنى يارىتىش ـ ياراتماسلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، ھۆرالىنىمۇ خۇددى شۇنداق بىلىپ بولمايتتى.

ئۇ بوستاندىن ياخشى كىرىم قىلاتتى. قوغۇنلۇقنىڭ كىرىمىدىن باشقا ياخشى تەرەپلىرىمۇ بار ئىدى. ياز كېچىلىرى باشقىلار ئىسسىقتا تەرلەپ ـ پىشىپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇنىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىدىن ساۋۇرۇن دەرياسى شارىلداپ ئاقاتتى. ئاي يورۇقىدا شېغىل تاشلار پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

بىر ئەتىياز كۈنى قوغۇن تېرىش ئۈچۈن بوستانغا كەلگەن كىشىلەر نېمە كۆردى دېمەمسىلەر؟ قوغۇنلۇق يوق، ئورنىدا سۇ ئېقىپ تۇرۇپتۇ، قوغۇنلۇقنى قىيان ئەكەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بىر ـ ئىككى يىل ھۆرالى بۇ يەردىن يوقاپ كەتتى ... ئۇ زامانلاردا قاراقچى بولۇش بىر مودىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. بىر كېلىشمەسلىككە دۇچ كەلگەن، خوتۇنىغا خاپا بولۇپ قالغان ئادەملەر بىر مىلتىقنى تېپىپلا تاغقا چىقاتتى. كېيىنچە «ھۆرالى قاراقچى بولۇپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرلەر تارقالغان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانلار قولىنى چىشلەپ قالغانىدى.

بۇ، ئەنە شۇ ھۆرالى.

ھۆرالى مەمەت ئاۋاقنى تۇزاققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىپ يۈردى. لېكىن، بىر تەرەپتىن



كۆڭلى بىئارام بولاتتى، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرى ئېچىشاتتى، بىراق بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتى.

ئالدى بىلەن دەگىرمەن ئۇلۇكلۇقلاردىن سورىدى. ئۇ يەردىكىلەر «ئەلى تېغىدا ماكان تۇتتى» دېيىشتى. ھۆرالى ئەلى تېغىغا چىقىپ بىرنەچچە كۈن ئايلىنىپ يۈردى، تاپالماي ساراڭ بولاي دېدى. دىكەنلى تۇزلەڭلىكىدىن ئۆتۈپ مازىلىك تۇزلەڭلىكىگىچە چىقتى، يەنە تاپالمىدى. كىمدىن، قايسى يېزىلىقتىن سورىسۇن، ئۇلار ئالدى بىلەن ئۇنىڭ چىرايىغا ئالاق ـ جالاق بولۇپ قارايتتى ـ دە، كېيىن «مەمەت ئاۋاقمۇ؟» دەپ سورايتتى. «مەمەت ئاۋاقمۇ، بىز ئۇنى كۆرۈپ باققىنىمىز يوق، بىلمەيمىز» دېيىشەتتى.

تاغلىق يېزىلاردا مەمەت ئاۋاقنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىمىغان، ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلىمىغان ئادەم قالمىغانىدى. شۇڭلاشقا، مەمەتنىڭ تۇرغان يېرىنى بىلسىمۇ ئېيتىپ بەرمەيتتى، ھەرگىز ئېيتىپ بەرمەيتتى، بۇ قەدىمدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنە ئىدى. شۇڭلاشقا، كىشىلەرنىڭ دىلىغا ياققان قاراقچىنىڭ ماكانىنى ھېچكىم ئاسان تاپالمايتتى.

ھۆرالى ئۈمىد ئۈزمىدى. ئۇ تاغمۇتاغ، باغمۇباغ يۈرۈپ ھەممە يەرنى ئىزدەپ قىزىتىۋەتتى. ئاخىر بىر ئامال ئويلاپ تاپتى، ئالدىغا ئۇچرىغانلا ئادەمگە:

— مەن مەمەت ئاۋاقنىڭ ئەترىتىدە ئىدىم، — دەيتتى، — مەمەت ئاۋاقنىڭ ... يېزا كۆيۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنى يوقىتىپ قويدۇم.

تاپقان بۇ ئۇسۇلى ئاستا ـ ئاستا ئەسقېتىشقا باشلىدى. ھۆرالى مەمەتنىڭ تۇرغان يېرىنى بىلىۋالدى. مەمەت ساۋۇرۇن يېزىسىدا ئىدى، ئۇ شۇ يەرنى ماكان تۇتقانىدى.

بەزى ـ بەزىدە يېزىغا كېلەتتى، شۇ يەردە قونۇپ قالاتتى، بەزىدە ساۋۇرۇن دەرياسىنىڭ بېشىدىكى قارىغايزارلىقتا ...

ساۋۇرۇن دەرياسىنىڭ بېشىدا كىچىك ـ كىچىك قاراقچىلار

ئەترىتى ۋە بۆلاڭچىلار كۆپ ئىدى. مەمەت ئۇلارغا ئارىلاشمايتتى ۋە ھېچقايسىسى بىلەن سۆزلەشمەيتتى. شۇڭا، قاراقچىلار ئۇنىڭغا ئۆچ ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنىڭدىن قورقۇشاتتى. ساۋرۇن دەرياسى ۋادىسىدا مەمەت ئاۋاق قاپقارا بىر ۋەھىمە كەبى كېزىپ يۈرەتتى.

يېزىدا قونمىغان كۈنلەردە ئۇ يوغان قارىغاي شاخلىرىنى قونالغۇ قىلاتتى، شۇ يەردە ئۇخلايتتى، جاپپار بولسا تۈۋەندە كۆزەتچىلىك قىلاتتى.

نۆۋەت مەمەتكە كەلگەندە مىلتىقنى قۇچىقىغا ئېلىپ دەرەختىن چۈشمەي ئولتۇراتتى، جاپپار زادىلا دەرەخكە چىقمايتتى، مەمەت شاخ ئۈستىنى ئۆيدەك ياساپ، ئاستىنى يۇمشاق قىلىۋالغانىدى. جاپپارغا: «ماۋۇ يەرگە كېلىپ كۆرۈپ باق» دېسە، ئۇ ئۇنىمايتتى، ئۇنىمىغىنى بىلەن يەنىلا يۇقىرىدا ئۇخلاشنى ھەۋەس قىلاتتى.

ھۆرالىنى بۇ چوڭ قارىغاي يېنىغا ئۆز ۋاقتىدا مەمەتنى ئۆيىدە قوندۇرغان بىر دېھقان ئەكەلدى.

جاپپار ھۆرالىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى، بويىنىغا ئېسىلدى.

— يارىدىن قۇتۇلغىنىڭغا خۇشالمەن، — دېدى جاپپار، — ھۆرالى، شۇنچىلىك خۇشالمەنكى، ئۇنى بىر دېمە ! ... ھازىر تەدە تۇرۇۋاتىسەن !

مەمەتمۇ قارىغايدىن ئىتتىك پەسكە چۈشتى.

— سالامەت كەلدىڭمۇ ھۆرالى قېرىنداش؟ سەندىن بەكمۇ ئەنسىرىگەنىدۇق، — دېدى مەمەت.

بۇ خىل يېقىنچىلىقلار ئالدىدا ھۆرالى تەمتىرەپ قالدى.

ھۆرالى نېمە دېگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي، «ھېچ يەردە» دېدى ـ دە، كېيىن ئېسىنى يىغىۋالدى.

— قەلەيچىنىڭ ئەترىتىدىمەن. تۆردى تەلۋە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن شۇلارغا قوشۇلدۇم. كېزىپ يۈرىمىز. قانداق قىلىمىز، ئەھۋال شۇنداق، پېشانىمىزگە شۇنداق پۈتۈلگەنىكەن ...



— ھە، ھۆرالى، بەكمۇ دەردمەنتەك كۆرۈنىسەنغۇ، نېمە بولدى؟ — دېدى جاپپار كۇلۇپ تۇرۇپ.

— سورىمايلا قوي ! — دېدى ھۆرالى ئۇھ تارتىپ.

ئۇلار دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— رەجەپ چاۋۇش قېنى؟ — دەپ تۆت تەرەپكە قارىدى ھۆرالى.

— ئۇ دۇنياغا كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى جاپپار، — ھېلىقى يارىسى ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى.

— ۋاي رەجەپ چاۋۇش ! — دەپ ئېچىندى ھۆرالى، — دۇنيا بىۋاپا، ئاخىرى قارا يەر! ...

مەمەت ئويغا چۆمگەنىدى، ئۇ سەل ئېسىنى يىغدى:

— تۆردى تەلۋىنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلىدۇق، سۆزلەپ بەرگىنە، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدىڭغۇ !

— بۇنى سورىمايلا قوي، قېرىنداشىم مەمەت، زادىلا سورىما ! — دەپ زارلاندى ھۆرالى، — ياماتلىقنىڭ قۇربانى بولدى. بەك بىچارە ...

— قېنى سۆزلىگىنە كىشىنى تەقەززا قىلماي، — دېدى جاپپار.

ھۆرالى سۆز باشلىدى:

— سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن تۆردى تەلۋە تېخىمۇ ھەددىن ئېشىپ كەتتى. يېزىلاردىن خوتۇنلارنىمۇ ئېلىپ قاچىدىغان بولدۇق، ئۇلارنى ئاپىرىپ تاغلاردا ئويىنىدۇق.

— قاراقچى بولغان كىشى شۇنداق ئىش قىلسا، پوق يېگەنلىك بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئامانلىق بولمايدۇ، — دېدى جاپپار.

— مۇشۇلا بولسىغۇ مەيلى، ئۇنى بېشىڭغا تاج قىلىپ قىسساڭمۇ ئەرزىيدۇ، بىرلا مۇشۇ ئىش بولسا، — دېدى ھۆرالى.

— يەنە نېمىلەرنى قىلدى؟ — دەپ سورىدى جاپپار.

جاپپار بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كەتتى.

— يېزىلارنى سېلىقتا بوغۇۋەتتى. يېزىلاردىكى ھەربىر ئۆي

باي، كەمبەغەللىكىگە قاراپ ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن، ئۇنىڭغا سىبلىق بېرىدىغان بولدى ...

— يەنە نېمە قىلدى؟ — دېدى جاپپار.

— تېخى بار.

— يەنىچۇ؟ — دەپ كۆزلىرىنى پارقىراتتى جاپپار.

— ئۇ، تۆگەبويىنى كېچىكتىنىڭ يۇقىرىسىدا ئولتۇراتتى. ئۇ يەردىن ئۆتكەن جانلىقلارنىڭ ھەممىسىگە، ھايۋانلارنىڭ ئالدى ئوڭ پۇتىغا، ئادەملەرنىڭ ئوڭ قولىغا چەنلەپ ئوق ئاتاتتى.

— پۇتۇنلەي ئەقلىدىن ئېزىپتۇ، — دېدى جاپپار.

— ئوڭ قولىنى ئېتىپ چولاق قىلىپ قويغان ئادەم يۈزدىن ئارتۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى ھۆرالى.

— ئېمىدېگەن قەبىھلىك ـ ھە ! كېيىنچۇ؟ — دېدى جاپپار.

— كېيىن، قېرىنىدىشىم، سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ھۆرالى، — بىر كۈنى ئاقسۆگەت يېزىسىغا كىردۇق، ئۆي ـ ئۆيدىن ھەممە ئائىلىنى ئاچىقتۇق. ھەممىسىنى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغدۇق. قېرى موماي لارغىچە دېگىنە. ۋاي بۇرادىر، ساڭا ئېيتسام، ئۇلارنى ئويۇنغا سالدۇق. بىچارىلەر قويلاردەك بىر ـ بىرىگە يېپىشىپ ئىتتىرىشەتتى، بەزىلىرى قورقىنىدىن بىرنەچچە پىرقىرايلا كۆيچىلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۆردى تەلۋە دېھقانلارنىڭ ئاتىسىدىن تارتىپ خوتۇنىغىچە تىللايتتى، ئاغزىغا كەلگەننى تىللايتتى. ئەرلەر ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىپ تالاغا چىقالمايتتى. ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن ۋەقەنى ھازىرمۇ ئېنىق ئەسلىيەلمەيمەن. بىردىنلا ئەتراپنى چاڭ ـ توزان قاپلىدى. چاڭ ـ توزان ئىچىدە قالدۇق. توزان، تەلۋىمۇ غايىب بولدى. ئۆزۈمنىمۇ بىر تامنىڭ ئۈستىدە كۆرۈپتىمەن، قولۇمدا مىلتىقىمۇ يوق. بىر يېرىم سائەتچە ھەممە يەرنى چاڭ ـ توزان قاپلاپ كەتتى. كېيىن ئېچىلدى. مەيداندا توپ ـ توپ ئادەم قايناشماقتا ئىدى. بۇ ئادەملەر خۇددى ئۆلۈكلەردەك ھارغىن ئىدى... تامدىن چۈشتۈم. قورقىنىمدىن دىر ـ دىر



تىترەيتتىم، نېمە ئۈچۈن تامدىن چۈشكەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم، نېمىشقا چۈشكەن بولغىيدىم ! ئۇ يەردە كۆيچىلىككە قاراپ تۇردۇم. ئادەملەر ئاستا ـ ئاستا تارقىلىشقا باشلىدى. مېنى ھېچكىم كۆرمىدى، بەلكى كۆرگەندۇ، لېكىن پەسەنت قىلىشمىدى، ماڭا قارىغۇدەكمۇ ماجالى قالمىغانىدى. مەيدانغا قارىسام ھېچكىم يوق، پۈتۈن ئۆلۈكمۇ كۆرۈنمەيدۇ، تۆردى تەلۋىنىمۇ، باشقا قاراقچىلارنىمۇ پارچە ـ پارچە قىلىۋېتىپتۇ. توپىغا مىلىنىپ ياتقان بىرنەچچە مىلتىق قوندىقىنى، كېيىن تۆردى تەلۋىنىڭ بىر پاي ئۆتۈكىنى كۆردۈم ... باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئەھۋال مانا مۇشۇنداق ... ئېسىمگە كېلىپلا ئۇ يەردىن قاچتىم.

— دېمەك، شۇنداق دېگىن؟ دېمەك ... باشقىلار مۇنداق دېمىگەنىدى، — دېدى جاپپار.

— مۇشۇنداق بولماقچىدى، ئۇمۇ شۇنى كۈتەتتى. ئۆزىمۇ شۇنداق بولۇشىنى بىلەتتى ۋە بېشىغا بىر پالاكەت كېلىشىنى بىلەتتى. شۇڭا، بولۇۋالغانىدى، — دېدى مەمەت.

— سېنىڭ قەلەيچىمۇ شۇنىڭ بىر تۈرى، يەلكىسىم ئۇمۇ ... — دېدى جاپپار.

— ئۇ تۆردى تەلۋىگە ئوخشىمايدۇ، — دېدى ھۆرالى، — قورقۇنچاق، يوخۇر، ئىككى يۈزلىمە بىر نەرسە، ئۇ ئۇڭايلىقچە قولغا چۈشمەيدۇ.

— ساڭا قېرىنداشلارچە دەپ قوياي، — دېدى جاپپار، — ئۇمۇ ئاخىر يوقىلىدۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ. سەن ئۇنىڭدىن يىراقلاش، بالا ـ قازالاردىن خالىي بولسەن، ساڭا ئېيتىپ دەۋاتىمەن.

مەمەت بۇ گەپلەرگە ئارىلاشمىغاندەك، گويا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىمىغاندەك تۇراتتى، بىردىنلا ھۆرالىغا قاراپ:

— ھۆرالى، ساڭا ئېيتىمەن، — دېدى، كېيىن ھۆرالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — كۆڭلۈڭدىكىنى ئېيتقىنا، سەن نېمىشقا

بىزنى ئىزدەپ قالدىڭ؟ بىرەر ئىشىڭ چىقتىمۇ، يا بىر خەۋەر ئەكەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سىلەرنى قەلەيچى چاقىرتتى، كۆرۈشمەكچى، مەمەت ئاۋاقتا بەكمۇ ھەۋەس قىلىدىكەن، بىر كۆرۈشنى خالايدىكەن. مېنىڭدىن سورىغانىدى، تونۇيمەن دېدىم، سېنى ماختىدىم. «ئۇ ياخشى سەپدىشىم بولىدۇ، ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، بېرىپلا تاپىمەن، يېنىڭغا ئەكېلىمەن» دېدىم ـ دە، سىلەرنى تازىمۇ ئىزدىدىم.

مەمەت بىلەن جاپپار «يۈزنىڭ ئىچىدە بىر سىر بار» دېگەندەك قىلىپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— ھە، شۇنداق ئىكەن ـ دە؟ — دېدى مەمەت.

— شۇنداق ! — دېدى ھۆرالى دۇدۇقلاپ.

— دېمەك، بىزنى جىق ئىزدىدىڭ؟ — دېدى جاپپار.

— جىق ئىزدىدىم.

— قەلەيچى بىزنى نېمە قىلغۇدەك؟ — دەپ سورىدى جاپپار.

— مەن قېرىندىشىم مەمەتنى قالتىس ماختاپ بەردىم ئەمەسمۇ؟ ... شۇڭا ئۇ «سەن ماختىغان مەمەتنى تېپىپ كەل» دەپ ئەۋەتتى.

— ناھايىتى ياخشى قىپسەن، قېرىندىشىم ھۆرالى، رەھمەت ساڭا، — دېدى مەمەت.

جاپپار ئالىيىپ قويدى.

— بارايلى، مەنمۇ ئۇنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم، ھازىرلا بارايلى. بىزنى نەدە كۈتمەكچى بولغان؟ — دېدى مەمەت.

— قونۇر تاغدا.

— ماقۇل، ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماستىن كىمنىڭكىنى قوبۇل قىلاتتىم؟ — دېدى مەمەت.

جاپپار خېلىلا ھودۇقتى.

— قەلەيچى تەكلىپ قىپتۇ ... — دېدى مەمەت.

— مەن قالتىس ماختىۋەتكەنىدىم، — دېدى ھۆرالى.



جاپپار ھۆرالىنى ئەكەلگەن ئادەمنى بىر چەتكە تارتىپ سورىدى.

— ئۇ قاراقچى سېنى قانداق تاپتى؟

— ئالدىغا ئۇچرىغانلا ئادەمدىن سوراپ يۈرۈپتىكەن، — دېدى ئۇ كىشى، — باشقىلار ئالدىمغا باشلاپ كەلدى. ئۇ: «مەن مەمەت ئاۋاقنىڭ ئەترىتىدە ئىدىم، مېنى شۇ يەرگە ئاپارغىن، ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالدىم، ئىككىنچىلەپ تېپىشالمىدۇق، مېنى ئاپارغىن» دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى، ئاندىن باشلاپ كەلدىم.

— چۈشىنىشلىك، — دېدى جاپپار، — ئەمدى سەن كېتىۋەر.

قونۇر تاغ بۇ يەردىن خېلى يىراق ئىدى، بىر كۈندىن كۆپرەك يول ماڭسا بولاتتى.

ھۆرالى باشلاپ كەلگەن ئادەم كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا قاراپ ـ قاراپ قوياتتى.

— ھۆسەيىن ئاكا ! — دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى مەمەت، — بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قايتىمىز، سالامەت بول، سەپدىشىمىزنى باشلاپ كەلگەنلىكىڭ ئۈچۈن رەھمەت !

— خوش، ئامان بولۇڭلار !

مەمەتلەر چۈشكە يېقىن سىمىرىنتاغاچ دېگەن يەرگە يېتىپ كەلدى، قاراڭغۇ چۈشكەندە كەشىش دەرياسىغا كەلدى. ئۇ يەردىكى بىر يېزىدىن نان ئېلىپ يېيىشتى. بۇ يەردە بىر ـ ئىككى سائەتچە دەم ئالغاندىن كېيىن يەنە يولغا چۈشۈشتى. كۈن چىققان چاغدا ئاققەلئە دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىشتى. مۇخ بېسىپ كەتكەن بۇلاقتىن سۇ ئىچىشتى. ھەر دائىم مەمەت ئالدىدا، ھۆرالى ئوتتۇرىدا، جاپپار ئارقىدا ماڭاتتى. ئاققەلئەنىڭ ئۈستىدىكى ئاق توپىلىق دۆڭگە چىقىشتى، شۇ يەردە ئۇخلىماقچى بولۇشتى. دۆڭگە چىقىۋاتقاندا نېمە ئۈچۈندۇر ھۆرالى ئارقىدا قالغانىدى، جاپپار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ:

— مەمەت، چېنىم مەمەت، بىلمىۋاتامسەن؟ — دېدى.

— بىلمەيمەن، — دەپ كۈلۈپ قويدى مەمەت.
— ئۇنداق بولسا نېمىشقا يارىمىز؟ — دېدى جاپپار ئىچىگە پاتماستىن.
— تېخى چۈشەنمىدىڭ، بۇرادەر؟ — دەپ سورىدى مەمەت، — مېنى تۈزاقتا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئارقامدىن ئادەم ئەۋەتىپتۇ، مېنى تونۇيدىغان بىرىنى تاللايتۇ ... مېنى تەكلىپ قىپتۇ، يارىمسام بولامدۇ؟ قورقۇپ كەلمىدى دېمەمدۇ. ئۆزلىرىچە ماڭا تۈزاق قۇرۇۋېتۇ ...
— بىلىپ تۇرۇپ تۈزاققا چۈشەمدۇق؟ ئۇلار ئوتتا يېقىن ئادەم، — دېدى جاپپار.
— يۈز كىشى بولسىمۇ ئەمدى ياشقا ئالالمىز يوق.
— ئۇنداق بولسا ھۆرالىنى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى، — دېدى جاپپار.
— ياق، بولمايدۇ، قەلەيچىنى كۆرۈشۈم كېرەك، قانداقراق ئادەم ئىكەن، كۆرۈشۈم كېرەك، — دېدى مەمەت.
— كۆرىمىلى، لېكىن ... — قېنى كۆرۈپ باقايلى ... — دېدى جاپپار.
— ھۆرالىنىڭ چىرايىغا بىر قارىغىنا، ھەر مىنۇتتا بىر خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، چىرايىدىن پۇشايمان چىقىپ تۇرىدۇ ... قىلغان ئىشىدىن پۇشايمان يەۋاتسا كېرەك ... ئۇ بىردىنلا بوشىشىپ ھەممىنى بىزگە دەپ بېرىدىغاندەكلا قىلىدۇ، قارىغىنا، بىرەر قېتىممۇ كۆزىمىزنىڭ ئىچىگە قارىيالمىدىغۇ؟ كىم بىلىدۇ، قەلەيچىنىڭ يېنىغا بارماسلىقىمىز ئۈچۈن چىن قەلبىدىن دۇئالار ئوقۇۋاتقاندۇ؟ كەلگەندە كۆزلىرىگە قاراپ باق ...
دەل شۇ چاغدا ھۆرالى يېتىپ كەلدى، ئۇلارمۇ سۆزىنى كېسىپ قويۇشتى.
— ھە، ھۆرالى، — دەپ ئۇنىڭ مۇرىسىنى سىلاپ قويدى مەمەت، — دېمەك، شۇنداق دېگىن؟
ھۆرالى كالپۇكلىرى تىترىگەن ھالدا جاۋاب بەردى:
— ھەئە، شۇنداق!



ھۆرالى مەستلەردەك دەلدەڭشىپ، مەڭدەپ ماڭاتتى.
دۆڭنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە يوغان ياڭاق دەرىخى بار ئىدى. ئۇنىڭ دالدىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.
— سىلەر يېتىپ ئۇخلاڭلار، مەن كۆزەتتە تۇرۇپ تۇراي، — دېدى جاپپار.
ئۇلار يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشتى، تۆۋەتلىشىپ ئۇخلاپ كەچكە يېقىن ھەممىسى ئويغىنىشتى. ئاققەلئەدىن ئاندىرىنىڭ شەرقىگە قاراپ مېڭىشتى، ئۇ يەر قىيالىق ئىدى. بۇ يەردىن ئېشىپ قارىغايلىققا كېلىشتى، قارىغايلار ئارىسىدىن قاپلانمۇ ئۆتەلمەيتتى. ھەر تەرەپتىن قارىغاي، ياۋا ئالما، يالپۇز پۇراقلىرى كېلەتتى، ھەممە ياقتىن سۇنىڭ شارقىرىشى ئاڭلىناتتى.
سويسويىنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ سايراپ قوياتتى.
— شاھىن قىيالىققا كەلگەندەك تۇرىمىز، — دېدى جاپپار.
— شۇنداق، — دېدى ھۆرالى، — ئەتە ئەتىگەندە قەلەيچىنىڭ ئالدىغا بارىمىز، قونۇر تاغدا كۆكچە يولىقىنىڭ بېشىدا بىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ.
مەمەت چىشلىرىنى چىشلەپ تۇرۇپ:
— شۇنداق قىلىپ؟ — دېدى - دە، كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. مەمەت قەلەيچىنىڭ ئۆزىگە تۈزاق قۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا ئويلاپ تاپالمايتتى. قارىمۇقارشىلىقلار بىلەن تولغانىدى. كۆڭلىگە ئابدى ئاغا كېلەتتى، ئابدى ئاغا بىلەن قەلەيچىنى بىر يەرگە كەلتۈرەلمەيتتى.
قايرانلى چوققىسىدا كۈن قىزىرىپ چىقتى، ئۇلار يەردىن، دەل - دەرەخلەر ئۈستىدىن تۇمان ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلگەن چاغدا قونۇر تاغقا يېتىپ كېلىشتى.
— سىلەر دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار، مەن بېرىپ ئالدىن خەۋەر قىلاي، — دېدى ھۆرالى.
— بارغىن، — دېيىشتى ئىككىسى ۋە دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇشتى.

— ئۇلار بىزگە چاچما ئوق ئاتارمۇ؟ قانداق دېسەڭ، جاپپار؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— ياق، جېنىم ئاداش، ئۇلار بىزنى قوزا گۆشى بىلەن مېھمان قىلماستىن ئۆلتۈرمەيدۇ.

— راست دېسەڭ، ئۇلار بىز بىلەن سوقۇشۇشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بىز ئاڭلىغان، بىلگەن قەلەيچى شۇ بولىدىغانلا بولسا مىلتىقلىرىمىزنى ئېلىۋېلىپ، بىزنى داستىخان ئۈستىدە ئوڭايلا ئۆلتۈرۈشنى خالايدۇ. بىراق، بىزنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى زادىلا چۈشەنمىدىم.

— بۇنى چۈشىنىش ئوڭاي، ئۇ، ئەلى ساپا باينىڭ ئادىمى، — دېدى جاپپار.

— ھە ؟... — دېدى مەمەت.

— ئەلى ساپا باي دېگەن ... — دېدى جاپپار.

— ياق، جېنىم ئاداش، — دېدى مەمەت.

— ئەقلىڭگە ھەيرانمەن، مەمەت، — دېدى جاپپار، — ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئىتلىرى، چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم. دېمەك، ئابدى - ھە؟ — دېدى مەمەت.

— باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى جاپپار.

چۈشكە يېقىن ھۇرالى قايتىپ كەلدى.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كۆكچە بۇلاقنىڭ بېشىغا قاراپ مېڭىشتى.

كۆكچە بۇلاقنىڭ نۇۋەن قىسمىغا يېتىپ كېلىش بىلەن يىراقتىن قەلەيچى كۆرۈندى ۋە يېقىنلاشتى. قەلەيچىنىڭ قارىغا ئېلىپ تۇرغانلىقى ئېنىق ئىدى.

مەمەت ئۆزىنى يەرگە ئاتتى، يەرگە ياتار - ياتماستىنلا قەلەيچىگە قارىتىپ ئوق ئاتتى.

«ۋايجان، ۋاي ئانام !» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، مەمەت قارىسا ھۇرالى قان ئىچىدە تېپىرلاپ ياتاتتى.

— ياخشى قىلدىڭ ! — دەپ ۋارقىرىدى جاپپار، — ئۆزى



يالۋۇرسۇن، شېرىن جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالسۇن دەپ ئاخىرغىچە ساقلىدىم ...

— قەلەيچى يوقاپ كەتتى، — دەپ خاپا بولدى مەمەت، — ئالدىراپ قالدىم، تەگكۈزەلمىگەندەك قىلىمەن.

مەمەت ئۈنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

— قەلەيچى ! خۇمسىلىق قىلما. سەندە زەررىچىلىك ئەركەكلىك بولىدىغان بولسا ئالدىمغا چىق ! قورقما. ھەي ئەلى ساپانىڭ ئىتى ! كاززاپ ! پەس خۇمسى ! چىق قېنى !

جاپپارمۇ ۋارقىرايتتى:

— بىزنى قېچىپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ ئەركەك بولساڭ چىقمامسەن؟

قارشى تەرەپتىن سادا چىقمايتتى.

ئۇلار بىر ئازدىن كېيىن تۆت تەرەپتىن ئېتىلغان ئوق ئىچىدە قالدى.

مەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قەلەيچى غەيرەتكە كەلدى. ئۇنىڭغا ئەمدى كۆرسىتىمەن، — دېدى.

بۇ جەڭ بىر ئىم كېچىگىچە داۋام قىلدى.

## 20

ئابدى ئاغا بىلەن ئەلى ساپا باينىڭ ئىستىكى بويىچە قەلەيچىنىڭ مەمەتكە ھىيلىگەرلىك بىلەن تۇزاق قۇرغانلىقى، مەمەت ئاۋاقتىنىڭ بۇ تۇزاقتىن بۇرنىمۇ قانىماستىن قۇتۇلغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلەيچىنى يارىدار قىلىپ ئىككى ئادىمىنى ئېتىپ تاشلىغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر قەدىرلىدىن كوزانغىچە، جەيھاندىن ئاداناغىچە، ھەتتا ئوسمانىيەگىچە پۈتۈن چۇقۇر ئوۋاغا تارالدى.

چۇقۇر ئوۋادا، توروس تاغلىرىدا مەمەت ئاۋاقنىڭ ئىشلىرى

كۆپىتۇرۇلۇپ، ئېغىزىدىن ــ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرەتتى. ھەممە ئادەم مەمەت ئاۋاق تەرىپىدە ئىدى. تاغلىقلار مەمەتنىڭ تىللاردا داستان بولۇپ يۈرگەن ئىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەر قانداق تەھلىكىگە قارىماستىن ئۇنى دۈشمەنلىرىدىن قوغداپ قالالايتتى، نېمە بولسۇن ئۇنى ساقلاپ قالالايتتى.

«مەمەت ئاۋاقمۇ؟ مەمەت ئاۋاق دېگەن بىر كىچىك بالا، بىراق، ئۇنىڭ يۈرىكى قاپتەك ... ئايدى ئاغىدىن ئانىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ، ئەلى ساپا بايدىن ۋايىۋاي يېزىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىپ بېرىدۇ» دېيىشەتتى.

مەمەت ئاۋاق بىلەن قەلەيچى ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا ھەممىدىن بەكرەك ۋايىۋاي يېزىسىغا تەسىر قىلدى. بۇ خەۋەر بۇ يېزىغا يېتىپ كەلگەندە كەچ كىرىپ قالغانىدى. ھەممە ئادەم ئىشلىرىنى تاشلاپ مەيدانغا توپلاندى. دېھقانلار خۇشال ئىدى. چۈنكى، ئۇلار مەمەت ئاۋاقتەك كىچىلۈك بىر تايانچقا ئىگە بولۇشقانىدى. دېھقانلار تولۇپ تاشقان خۇشاللىق ئىچىدە، ھەممە ئادەم مەمەت ئاۋاق ھەققىدە بىر نەرسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىراتتى، ئاز ئۆتمەستىن مەمەت ئاۋاق تىللاردا داستان بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە شۇنچىلىك كۆپ قەھرىمانلىق، شۇنچىلىك كۆپ ۋەقە توقۇپ چىقىرىلدىكى، بۇ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن ئون ئادەمنىڭ ئۆمرىمۇ يېتىشمەيتتى، ئەمما دېھقانلار بۇنى چۈشەنگۈدەك ھالدا ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ، قەلەيچىنىڭ ئالدىدا مەمەت ئاۋاق پەيدا بولغانىدى. قەلەيچىدىن قورقۇپ ئىككى يىلدىن بېرى ئۇلار ئۆز يېزىلىرىدىن سىرتقا چىقالمىغانىدى. ئەلى ساپا باي ئۇلارنىڭ يەرلىرىنى ھە دەپ ئۆز قولىغا كىرگۈزەتتى. شەھەرگە بېرىپ ئەرز قىلالمايتتى. ئەگەر يەنە بىرەر ئايلا مۇشۇنداق داۋام قىلىدىغان بولسا، ھەممە يەر ئەلى ساپا باينىڭ بولۇپ كېتەتتى، دېھقانلار ئۇنىڭغا قول بولۇپ قالاتتى.

ئوسمان چوڭ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەرمەر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ:



«مەمەت ئاۋاق شۇڭقارىم، مەمەت ئاۋاق مېنىڭ جېنىم» دېيىتتى، باشقا بىرەر ئېغىزمۇ سۆز قىلمايتتى، يەنە تۇرۇپ ــ تۇرۇپلا «مەمەت ئاۋاق بىر بۈركۈت» دەپ قوياتتى.

ئوسمان چوڭ ئورۇقتىنا، پاكار، ئېگىزلىكىدە ئارانلا ئون ــ ئون بەش تالچە ساقىلى بار، كوسا، پىخسىق، كۆك كۆزلۈك، سەكسەنلەرگە بېرىپ قالغان ئاقساقال ئىدى. ئۇنىڭ قاتارغا قېتىلغان ئون ئوغلى بار ئىدى.

ئوغۇللىرى ۋە دېھقانلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ بىرەر نەرسە دېيىشىنى كۈتەتتى. ئوسمان چوڭ يەنە بىر قېتىم «مەمەت ئاۋاق مېنىڭ شۇڭقارىم!» دېدى ــ دە، ئورنىدىن تۇردى ۋە:

— شۇڭقارىم بۇلاڭچىلىق قىلماسمىش، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەمەت ئاۋاق بۇلاڭچىلىق قىلاتتىمۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىشتى دېھقانلار.

— بالىلىرىم، ئېتىمنى ئەكېلىڭلار، دېھقانلار، سىلەرمۇ پۇل يىغىش قىلىڭلار، مەن شۇڭقارىمنىڭ قېشىغا بارىمەن، شۇڭقارىمغا تاغدا پۇل لازىم بولىدۇ. كىم قانچىلىك بېرەلىسە، شۇنچىلىك بەرسۇن! — دېدى ئوسمان چوڭ.

ئوسمان چوڭ كۈن چىقىپ، چۇقۇر ئوۋادا شەبنەملەردىن ھور كۆتۈرۈلگەن چاغدا كۆكۈچ تۇمانلار ئىچىدىكى تورۇس تاغلىرىغا قاراپ ئات چاپتۇردى.

— مەمەت ئاۋاق شۇڭقارىم!

ئوسمان چوڭ ئۈچ كۈن دېگەندە ئاران دەگىرمەن ئولۇك يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئېتىدىن چۈشكەندە ھوشىدىن كەتكۈدەك دەرىجىدە چارچىغانىدى. ئۇ ئېتىنى يېتىلەپ ئاقسىغان پېتى يېزىغا كىردى، كېيىن ئېتى بىلەن تۇرۇپ قالدى. تەرگە چۆمگەن ئېتى يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختىدى.

ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ھودۇققاندەك قىلاتتى.

يېزا بالىلىرى ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىنى تاشلاپ مەيداننىڭ

ئوتتۇرىسىدا ھاسىراپ تۇرۇپلا قالغان قېرى ئادەمگە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىشتى. ئوسمان چوڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ باللارغا ۋارقىرىدى:

— باللار، مېيىرگە كېلىڭلارچۇ!

باللار يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

بۇ قېرى ئادەمنىڭ تەرلەپ كۆپۈكلىشىپ كەتكەن ئېتى ئولاڭ پۇتىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. باللار كېلىشى بىلەن ئايىغىنى رۇسلىدى.

— گۈل ئەلىنىڭ ئۆيى قەيەردە؟

باللارنىڭ چوڭراقى جاۋاب بەردى:

— ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن، ئۇ ئۆلگەندە مەن تېخى ...

— مەمەت ئاۋاقنىڭ ئۆيىچۇ؟

— ھەي تاغا، مەن ئاجايىپ ئىكەنمەن - دە؟ — دېدى ھېلىقى بالا.

ئوسمان چوڭنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي ئوغلۇم! مەن قانداق ئىكەنمەن؟

— مەمەت ئاۋاق قاراقچى بولۇپ كەتكەن، ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— مەن نەدىن بىلەي، بالام، مەن چوقۇر ئوۋادىن كەلدىم. مەمەت ئاۋاقنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يوقمۇ؟

ھېلىقى بالا «يوق» دەپ تاڭلىيىنى چەكتى.

— ئۇ بۇ يېزىغا كەلگەندە كىمنىڭ ئۆيىگە چۈشىدۇ؟

— دۇرمۇش ئەلى تاغامنىڭكىگە!

— دېمەك، مەمەت ئاۋاق قاراقچى بولۇپ كېتىپتۇ - دە؟

— قاراقچى بولۇپ كەتتى! ئاغىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم دەپ يېزىغا كېلىپلا ئاغىمىزنىڭ ئېتىزلىرىنى دادىسىنىڭ مىراسىنى بۆلگەندەك دېھقانلارغا بۆلۈپ بەردى. قارا، تاغا، ئۇ تېخى چىقىر تىكەنلىككە ئوت قويۇۋەتتى. ئاغىمىز ئۇنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ. ئۇنى بۇ يەردە ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ، يەرلا دۇرمۇش ئەلى تاغىنىڭ خوتۇنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاغىمىز ئۇنىمۇ بۇ يېزىدىن



قوغلىۋېتىدۇ.

— دۇرمۇش ئەلىنىڭ ئۆيى قەيەردە، ئوغلۇم؟

— ئەنە ئاۋۇ! — دەپ بېشى بىلەن ئىشارەت قىلدى بالا.

ئوسمان چوڭ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ دۇرمۇش ئەلىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى - دە:

— خۇدا يولىدا مېھمان كەلدى! — دەپ ۋارقىرىدى.

دۇرمۇش ئەلى كۆڭلەكچان، ئالدى ئوچۇق ھالدا دۈمچەيگەن پېتى سىرتقا چىقتى، سۆتتەك ئاپپاق ساقىلى تىزلىرىغىچە چۈشۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

— خۇدانىڭ مېھمىنى خۇش كەپتۇ، بېشىمغا ئېلىپ قارشى ئالىمەن!

دۇرمۇش ئەلى مېھماننىڭ ئېتىنى ئوقۇرغا تارتتى.

ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوت يېنىۋاتاتتى. ئۆيدىن سامان، خېمىر ۋە تېزەكنىڭ پۇرىقى كېلەتتى.

دۇرمۇش ئەلى كېلىپ ئوسمان چوڭنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى ۋە:

— خۇش كەپسەن، قېنى، — دەپلا يوغان، داتلىشىپ كەتكەن چىلىمنى ئوسمان چوڭنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بېرى كەل، يېقىن كەل، قۇلىقىڭنى يېقىن تۇت، — ئوسمان چوڭ ئېڭىلدى ۋە بويۇنلىرىنى دۇرمۇش ئەلى تەرەپكە ئۇزارتتى، — مەمەت ئاۋاقتىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ ئۇ قەيەردە؟ — دەپ پەس ئاۋازدا قورقۇپىراق سورىدى.

دۇرمۇش ئەلى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— مەمەت ئاۋاقنى سۈرۈشتۈرۈشتىن نېمانچە قورقىسەن؟ ھېچ گەپ يوق.

— مەمەت ئاۋاق مېنىڭ شۇڭقارىم، قەيەردىلىكىنى مەن نەدىن بىلەي؟ مەن ئۇنى ئىزدەپ كەلدىم.

ئوسمان چوڭ ئۇنى نېمە ئۈچۈن ئىزدىگەنلىكىنى، نېمىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سۆزلىدى. دۇرمۇش ئەلىنىڭ خوتۇنىمۇ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ گېپىنى

تىڭشاۋاتاتتى.

— مەمەت ئاۋاق مېنىڭ شۇڭقارىم ! — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى ئوسمان چولاق، بۇ سۆز ئۇنىڭ تىلىغا رام بولۇپ قالغانىدى.

— مەمەت ئاۋاق بىزنىڭ شۇڭقارىمىز ! — دەپ دۇرمۇش ئەلىنىڭ خوتۇنى سۆزلەپلا كەتتى، — كۆرۈپ قالارسىلەر، پات ئارىدا ئۇ ئابدى تازىنى ئۆلتۈرىدۇ، كېلىپ ئېتىمىزلارنى بۆلۈپ بېرىدۇ. بۇ نومۇسسىز دېھقانلار شۇ بالامغا نېمىلەرنى قىلمىدى؟ مېنىڭ مەمەت بالامنى نېمىلەر دېمىدى؟ قېرىندىشىم، شۇ كۈنلەرمۇ كېلەر، ئۇ چاغدا مانا مەن مەيدانىغا چىقىمەن، كۆزۈمنى يۇمۇپ، ئاغزىنى ئاچىمەن ـ دە، ئۇ نومۇسسىز دېھقانلارغا نېمە دېيىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، ۋاقتى كەلسۇن قېنى، ئۆزۈم بىلىمەن. قېرىندىشىم، سەن بېرىپ مەمەت ئاۋاققا دېگىن، مەندىن سالام ئېيتىپ، ئەلى ساپا بايىنىمۇ، هېلىقى كاپىرنىمۇ ئۆلتۈرسۇن، قەلەيچىنىڭمۇ كاللىسىنى ئېلىپ چۇقۇر ئورىغا ئەۋەتسۇن. يەڭگەڭ شۇنداق دېدى، دەپ يار، ئاڭلىدىڭمۇ؟

— يائاللا خوتۇن، — دېدى دۇرمۇش ئەلى، — سەل توختاپ تۇر، نېمە بولدۇڭ شۇنچە، بۇ قېرىندىشىمنىڭ ئىشى هەققىدە سۆزلىشەيلى.

— سەنمۇزە ! ... — دېدى خوتۇنى.

— يەنە نېمە دېمەكچىسەن؟ — دەپ سورىدى دۇرمۇش ئەلى.

— ئەلى توكۇر مەمەتنىڭ يېنىغا بارىدۇ، مەمەت چىچەكلى جىلغىسىدا ئىكەن، بۇ قېرىندىشىمىزنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويايلى. — دېدى خوتۇنى.

— ئۇ يەر يىراقمۇ؟ — دەپ قورقۇش بىلەن سورىدى ئوسمان چولاق.

— خېلى ئۇزۇن، — دېدى ئايال.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئوسمان چولاق، — بۈگۈن ئاخشام بۇ يەردە قونۇپ قالاي، ئەتە باراي.



— بۇ ئاخشام بىزنىڭكىدە قونۇپ قال، تۇغقىنىم، — دېدى ئايال، — مەن ئەلى توكۇرنى تاپقۇزۇپ كېلىمەن، ئۇ ئابدىنىڭ ئادىمى ئىدى، ئەمدى بىزنىڭ بولدى، مەيلى بولۇپ تۇرسۇن !

دۇرمۇش ئەلى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ خوتۇنىغا قارىدى، خوتۇنى جىم بولدى.

بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئوسمان چولاق تامغا يۆلىنىپ، بېشىنى بىر يانغا ساڭگىلىتىپ ئۇخلاپ قالدى.

دۇرمۇش ئەلى كۈلۈپ قويدى، خوتۇنىمۇ كۈلۈمسىرىدى.

— بۇ بىچارە ياشىنىپ قاپتۇ، — دېدى ئايال، — تەچچە كۈنلەپ ئات ئۈستىدە يۈرگەنلىكىنى كىم بىلىدۇ دەيسەن !

— كىم بىلىدۇ؟ ! — دېدى دۇرمۇش ئەلى.

## 21

ئۇلار چىچەكلى جىلغىسىغا بارىدىغان تار بىر چىغىر يولدىن كېتىۋاتاتتى. ئەتىگەندىن بېرى ئوسمان چولاق ئەلى توكۇردىن سوئال سوراپ كېلىۋاتاتتى:

— مېنىڭ شۇڭقارىم زادى قانداق ئادەم؟

ئۇنىڭ هەربىر سوئالىغا ئەلى توكۇر جاۋاب قايتۇراتتى:

— كۆزلىرى يوغان، چاچلىرى تىكەندەك تىك ـ تىك، چىرايى غەمكىن، ئېڭىكى ئۇچلۇق، رەڭگى قارامتۇل، ئوتتۇرا بوي، يىگىتنىڭ تۇشۇكىدىن ئوق ئۆتكۈزەلەيدۇ، چاققان، ياتۇر، قورقماس، ئۆلىدىغىنىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئالدىغا ماڭىدۇ.

— شۇنداق ـ دە؟ ! — دەپلا ئوسمان چولاق خىيالغا چۆمەتتى.

— خوپ، مېنىڭ شۇڭقارىم دائىم مۇشۇ تاغنىڭ تۆپىسىدە مۆكۈنۈپ ياتامدۇ؟

— ياق، بەلكى بۇ يىل مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالار، چىچەكلى جىلغىسى شەھەرگە يېقىن، — دېدى ئەلى توكۇر.

— شۇنداق دېگىن، — دېدى ئوسمان چولاق.

— ھېلىقى خەدىچە ھازىر تۇرمىدە، گۇۋاھچىلار بېرىپ كەلدى، ھۆكۈمەت يەنىلا ئۇنى قويۇپ بەرمىدى، — دېدى ئەلى توكۇر.

— ۋاي بىچارە شوگقارىم!

— ئىشلار ئەنە شۇنداق، — دېدى ئەلى توكۇر.

ئۇلار ياپىيېشىل بىر دالاغا يېتىپ كېلىشتى. بۇ يەرنىڭ ئوتلىرى قىرقىپ قويغاندەك قىسقا ئىدى. ئاسماندا كۆزنىڭ ئاق - قارا بۇلۇتلىرى ئۈزۈپ يۈرەتتى.

— شوگقارنىڭ قېشىغا يەنە قانچىلىك ۋاقىتتا بارىمىز؟ — دېدى ئوسمان چولاق.

ئەلى توكۇر بىر تاغنىڭ يامرىلىنى كۆرسەتتى. بۇ تاغ يامرىلى قىيالىق ۋە ئورمانلىق ئىدى.

— ئەنە، ئاشۇ يەردە!

— شوگقارىمنى ئۈز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەي - دە!

— كۆرگىن!

كەچقۇرۇن ئۇلار ئورماننى بېرىپ ئۆتۈپ بىر دۆڭگە كەلدى، ئەلى توكۇر ئىسقىرتتى، جاپپار دۆڭنىڭ ئۈستىدە كۆرۈندى.

— جاپپار! — دەپ ۋارقىرىدى ئەلى توكۇر.

— مەمەت، ۋاي ئاغىنە، قارىغىنا كىم كەلدى؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى جاپپار.

مەمەتمۇ دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقتى:

— ئوھوي! ... ئەلى ئاغا! خوش كەپسەن؟

ئۇلار قۇچاقلاشتى.

— خاپا بولما، مەمەت! — دېدى ئەلى توكۇر، — سېنى كۆپ ئىزدىدىم. ساڭا يەتكۈزىدىغان خەت بار ئىدى، ۋاقتىدا يەتكۈزەلمىدىم، خۇداغا شۈكۈر، قەلەيچىنىڭ قايىقىنىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپسەن. دېمەك، ئۇ ھارامدىن بولغان ھۆرالى ... ئۇنى مۇنداق قىلار دەپ ئويلىمىغانىدىم. ئۇنى قوغۇنلۇققا قارايدىغان چېغىدىن تارتىپلا بىلەتتىم ئەمەسمۇ؟



ئۇلار سۆزلىشىۋاتقاندا ئوسمان چولاق ئارقىدا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى، ئېتى ئارقىسىدا ئىدى. ئات ھەر دائىمقىدەك ئۇلاق پۇتىنى كۆتۈرۈپ قوياتتى، ئاتنىڭ تۈكلىرى تەردىن تۈگۈر - تۈگۈر بولۇپ كەتكەنىدى.

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— بۇ كىشى تۈۋەن تەرەپتىن — ۋايۋاي يېزىسىدىن ئىكەن ... سېنى شوگقارىم دەپلا تۇرىدۇ، — دېدى ئەلى توكۇر.

مەمەت ئاستا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە قولىنى ئۇزارتتى.

— خوش كەپسەن، ئاغا!

— كۆرۈشكىنىمگە خۇرسەنمەن، بالام، سەن شوگقارىم بولامسەن؟

— كىم؟

— مەمەت ئاۋاق!

مەمەت سەل خىجالەت بولۇپ كۈلۈمسىرىدى.

— مەن بولىمەن.

ئوسمان چولاق كۈتۈلمىگەن بىر خىل چاققانلىق بىلەن مەمەتنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ سۆيۈشكە باشلىدى.

— مەمەت ئاۋاق، مېنىڭ شوگقارىم!

ئوسمان چولاق مەمەتنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆيەتتى.

جاپپار كېلىپ بوۋاينى مەمەتتىن ئايرىدى، بوۋاي شۇ يەردىلا بىر تاشنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردى، يۈزىنى قوللىرىنىڭ ئارىسىغا ئالدى: «مەمەت ئاۋاق مېنىڭ شوگقارىم!» جاپپار بوۋاينى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى ۋە غارغا ئەكىردى. غارغا باشتىن - ئاياغ ئېيىق تېرىلىرى سېلىنغانىدى، تاملاردا ئوقدانلار، يومىلار، تاپانچىلار ئېسىقلىق تۇراتتى.

ئۇلار ئولتۇرۇشتى، بوۋاي تۇرۇپ - تۇرۇپلا:

— ئىشىنىپ كېتەلمەيۋاتىمەن، بالام، كۆزلىرىمگە ئىشىنەلمەيۋاتىمەن، راستىنلا سەن شوگقارىممۇ سەن؟ — دەيتتى.

بوۋاي ھەربىر شۇنداق دېگەندە مەمەت قىزىرىپ كېتەتتى.

— راستتىنلا سەنمۇ؟

— ئەيىبكە بۇيرۇما، تاغا، تاغ يېرى، قەھۋەيىمىز يوق، — دېدى مەمەت.

— شۇڭقارىم ئامان بولسىلا بولدى.

مەمەت سەمرىپ قالغان، مەڭزىلىرى قىزارغان، قارا، ئىنچىكە بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ قالغانىدى، چىرايى تېخىمۇ جىددىيلەشكەن، ھەرقاچان سوقۇشۇشقا، ھە دېسىلا ئېتىلىشقا تەييار تۇرغاندەك قىياپەتتە كۆرۈنەتتى، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان ۋە پىشقانىدى، بويىمۇ بۇرۇنقىدىن ئېگىز كۆرۈنەتتى.

— مەن كۆرمىگەندىن بېرى ... — دېدى ئەلى توكۇر.

— خۇدايىم چىچەكلى جىلغىسىنى يوق قىلمىسۇن، — دېدى جاپپار، — بىزنى ياخشى بېقىپ كەلدى، مەمەت چىچەكلى جىلغىسىنىڭ ھەم ئاغىسى، ھەم ھاكىمى، ھەم ھۆكۈمىتى بولۇپ قالدى. چىچەكلىلىكلەر بىرەر ئىش چىقسا ھۆكۈمەتنى ئىزدىمەستىن مەمەتنى ئىزدەيدىغان بولدى. مەمەتمۇ شۇنچىلىك ئادىلكى، دېمەك، سەن كېلىپ كەتكەندىن بېرى ئىشلار مۇشۇنداق بولۇپ كەتتى.

توكۇر كۈلۈمسىرەپ قويدى:

— شۇ قەلەيچىدىن قۇتۇلغىنىڭلار بەك ياخشى بوپتۇ. مەن ھەممىنى بىلىپ كەلدىم. ئايدىنىڭ ئەلى ساپا بايىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يالۋۇرغانلىقىنى، ئەلى ساپا بايىنىڭ سېنى ئۆلتۈرگۈزۈش ئۈچۈن قەلەيچىنى شەھەرگە چاقىرتقانلىقىنى ۋە ھەممىنى ئۇقتۇم. قېشىڭغا كەلسەم، سەن يوق، ئاپلا دەپلا قالدىم. ئەمدى مەمەتنى قەلەيچى يوق قىلىدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم - دە، ئارقاڭدىن ماڭدىم. ئاققەلئەگە كەلگەندە قەلەيچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، قەلەيچىنى ياردار قىپسەن، يەنە ئىككى ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپسەن. بۆكۈمنى ئاسمانغا ئېتىپ يېزىغا قايتىپ كەلدىم.



سېنى بىر ئايدىن كۆپ ۋاقىت ساقلىدىم، تاقىتىم تاق بولدى. دىل شۇ چاغدا چىچەكلى جىلغىسىدا ئىكەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم. بۇ خەۋەرنى ماڭا گودە تۇران ئېيتتى ...

— شۇڭقارىم، — دېدى ئوسمان چولاق، — مەن ۋايىۋاي دېھقانلىرىنىڭ ئەلچىسىمەن. قەلەيچى بولسا ئەلى ساپا بايىنىڭ كۆچۈكى، ئۇنىڭ يېزىمىزدا ئاتمىغان ئادىمى قالمىدى. ئەلى ساپا باي يەرلىرىمىزنى ئېلىۋالدى. بىز دەۋا قىلساق قەلەيچىگە ئاتقۇزىدۇ. ئاڭلىساق ...

مەمەت ئەلى توكۇرغا قاراپ:

— دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئايدى ئاغىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بولۇۋېتىپتۇ! مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلگەنىدىم، — دېدى.

— ھەي شۇڭقارىم، — دېدى ئوسمان چولاق تاقەتسىزلىنىپ، — ئاڭلىساق، سەن قەلەيچى كاپىرنى ياردار قىپسەن، كاشكى، ئېتىپلا ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولساڭ ئىدى.

مەمەت ئۆزىنى تۇتقان ھالدا ئالدىرىماي دېدى:

— تۈنۈگۈن بىر خەۋەر كەلدى، كاپىرنىڭ يارىسى ساقايماستىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن جەھەننەمگە سەپەر قىپتۇ.

ئوسمان چولاق ئورنىدىن تۇرۇپ مەمەتكە ئېتىلدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى سۆيۈشكە باشلىدى.

— بۇ گەپ راستمۇ؟ راست دەۋاتامسەن، شۇڭقارىم؟ ئەمدى يەرلىرىمىز ئۆزىمىزنىڭكى بولىدۇ، ئېتىزلار ئۆزىمىزنىڭ ... راستمۇ؟ ... شۇڭقارىم؟

— راست! — دېدى مەمەت، — بۇ ئوق قانداق قىلىپ قەلەيچىنى ئۆلتۈرەلمەي قالدى، دەپ ئويلىدىم، مەنغۇ توغرا نىشانغا ئېلىۋىدىم.

— خۇدايىم نېمە ئارزۇيۇڭ بولسا شۇنىڭغا يەتكۈزسۇن. ئامىن! — دېدى ئوسمان چولاق ۋە بېرىپ خۇرجۇنىنى ئاچتى. ئىچىدىن يوغان بىر تۇگۈننى چىقىرىپ مەمەتكە سۇندى.

— بۇنى دېھقانلار ساڭا ئەۋەتتى، شۇڭقارىم! خۇدايىمغا ماڭ

شۈكۈر، ئەمدى ماڭا رۇخسەت قىل، مەن يولغا چىقاي، دېھقانلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزەي ... ئۇلار توي ـ بايرام قىلىشسۇن!

ئوسمان چولڭ ئىتتىك سىرتقا چىقتى، دەرەختكە باغلاقلىق ئېتىنى يەشتى ۋە ئېتىغا مىنىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى.

— ئامان بول، شۈڭقارىم! مەن بۇ خەۋەرنى بىردەم بولسىمۇ بالدۇرراق يەتكۈزەي ... كېيىن ئوسمان تاغاڭ چوقۇم سېنى ئىزدەپ كېلىدۇ، ئامان بول، شۈڭقارىم!

بوۋاي ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

مەمەت ئوسمان چوڭغا سەل ھەيران بولدى:

— ئاجايىپ!

— ئاجايىپ ئادەم ئىكەن! — دېدى جاپپار.

— ھەي باللار، سىلەرگە ھەيرانمەن، بۇ چېچەكلىك جىلغىسىنى نەدىن تاپتىڭلار، خۇدا ھەققى؟ — دېدى ئەلى توكۇر.

— تاپىمىز! — دېدى مەمەت كۈلۈمسىرەپ.

— تاپىمىز ـ دە! — قوشۇپ قويدى جاپپار.

— بىزنىڭ يېزا نەدە ـ يۇ، بۇ يەر نەدە؟ — دېدى ئەلى توكۇر.

— بۇ يەر مەشەدە! — دېدى جاپپار.

— ئېيتىڭلارچۇ، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى ئەلى توكۇر.

مەمەت تامنى كۆرسەتتى، ئۇ كۆرسەتكەن تامدا بىر ساز ئېسىقلىق تۇراتتى.

— ھە، — دېدى توكۇر، — بۇنىڭدىن نېمە چىقىدۇ؟

— ھەر خىل ئاۋاز چىقىدۇ، — دېدى جاپپار.

— ئادەمنى زاڭلىق قىلما، جاپپار، — دېدى توكۇر.

— ئەلى ئاغا، — دېدى مەمەت، — بۇ سازنىڭ ئىگىسىنى سەپىل ئەلى دېيدۇ. ئاشىق سەپىل ئەلى. ئۇنىڭ بىلەن مازگاچ دېگەن يەردە ئۇچرىشىپ قالدۇق، بىر خادا تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ساز چېلىۋاتاتتى، يېنىدا ملىتىقمۇ بار ئىدى. ئۇ



بىزگە قېتىلدى، خېلى زاماندىن بېرى قاراقچى ئىكەن.

— قولىدىن نېمە ئىش كېلىدىكەن؟ — دېدى ئەلى توكۇر.

— سەپىل ئەلى ياخشى بىر ناخشىچى! ئۇنىڭدا ئاۋاز بار، كارامەت بىر ئاۋاز.

— چۈشەندۇق، — دېدى ئەلى توكۇر، — سەپىل ئەلى قاراقچى ... ياخشى قوشاقچى ئىكەن ... بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟

— بۇ يەر سەپىل ئەلىنىڭ يېزىسى، ئۇنىڭ تاغىلىرى بولسا مۇشۇ يېزىنىڭ باتۇرلىرى، ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟ — دېدى مەمەت.

— چۈشەندىم!

— قانداقلا بولسۇن ھازىر سەپىل ئەلى يېتىپ كېلىدۇ، — دېدى جاپپار، — ھازىر ئۇ دۈشمەننىڭ ئاڭ چوققىسىدا بولۇشى مۇمكىن. كىم بىلىدۇ، نېمىلەر ھەققىدە ناخشا ئېيتىۋاتىدىغاندۇ؟! تاغدىن كېلەر ـ كەلمەيلا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ سازنى قولىغا ئالىدۇ، بېشىنى سىلىپ ئېيتىدۇ. مانا بىزدىكى ھايات شۇنداق، توي، خۇشاللىق.

جاپپار مەمەتكە قاراپ:

— ھەي مەمەت، ھېلىقى بوۋاي ئەكەلگەن تۇگۈننى ئاچقىنا، ۋايىۋايلىقلار بىزگە قانچىلىك پۇل ئەۋەتىپتىكىن، كۆرۈپ باقايلى، — دېدى.

مەمەت تۈگۈننى ئاستا ئاچتى، دەستە ـ دەستە پۇل ئىدى.

— ھەممىسى پۇلمۇ؟ — دېدى جاپپار.

— ھەئە، — دېدى مەمەت.

— باي بولۇپ كەتتۇق، — دېدى جاپپار.

— شۇنداق، — دېدى مەمەت.

— ياشاپ كەت، ھەي بوۋاي! — دېدى جاپپار.

— بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىسە ياخشىغۇ؟ — دېدى ئەلى توكۇر، — تېخى كۆرۈپ قالارسىلەر، ئۇ قېرى سىلەرنىڭ پېشىڭلارنى قويۇپ بەرمەيدۇ، ئىككى ئايدا بىر قېتىم بولسىمۇ پۇل توپلاپ سىلەرگە ئەكېلىپ بېرىدۇ. قالتىس ئادەم ئۇ!

— بۇ ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتكەن، ئەلى ساپا باي، قەلەيچى ئۇنىڭغا قانچىلىك زۇلۇم سالغان - ھە ! — دېدى مەمەت.

— سىلەر پۇلدىن غەم يېمەڭلار، ئارقاڭلاردا تاغدەك بىر ۋايۋاي يېزىسى بار، — دېدى ئەلى توكۇر.

— شۇنداق، ئۇ بىزگە تاغدەك مەدەتكار، — دېدى جاپپار.

— ئوسمان چوڭ ساڭا ئامراق بولۇپ قالدى، قەلەيچى زۇلۇم قىلمىغان بولسىمۇ، يەنە پۇلنى ئەكېلەتتى ... — دېدى ئەلى توكۇر، — بۇلار شۇنداق خەلق، سېنى شۇڭقارىم دېدىمۇ، بولدى، ئۆيىگە بېرىپ كۆز ئالدىدا باللىرىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ ساڭا ھېچقانداق گەپ قىلمايدۇ، بۇلار شۇنداق.

— مۇشۇنداقلا بولسا، قىيامەتكىچە قاراقچىلىق قىلساڭمۇ بۇرنۇڭ قانىمايدۇ، — دېدى جاپپار.

— ئۇنداق دېمە، جاپپار، — دېدى توكۇر، — ئەلى ساپا باي جىم ياتامدۇ؟ قەلەيچى ئۇنىڭ جېنى ئىدى، سىلەر ئۇنىڭ جېنىنى ئالدىڭلار، بۇنىڭ ئۆچىنى ئالىدۇ.

— ئۆچ ئېلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ، — دېدى مەمەت.

— قولىدىن كەلسە قىلىپ باقسۇن، — دېدى جاپپار.

— ئۇنداق دېمە، جاپپار ئاغىنە، — دېدى مەمەت، — سەيپىل ئەلىنىڭ دېگىنىدەك ... ئۆلتۈرمەيدىغان كۈن بولمايدۇ.

شۇ چاغدا مىلتىقىنى ئاسقان سەيپىل ئەلى ئىرغاڭلاپ كىرىپ كەلدى، ئۇدۇل بېرىپ تامدىكى سازنى ئالدى - دە، شۇ يەردىلا ئولتۇرۇپ سازنى تەڭشەشكە باشلىدى ۋە بىردىنلا ناخشىنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بوم، جاراڭلىق ئىدى. بۇ ئاۋاز سەيپىل ئەلىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقاندەك ئەمەس، مىڭ چاقىرىم يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى ... ئۇزاقلاردىن، تاغلاردىن، چوڭقۇر ئوۋادىن، دېڭىزدىن كېلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بۇ ناخشىسىنى دېڭىزنىڭ شورى، قارىغاينىڭ سېغىزى، ياپيۇزنىڭ پۇرىقى بىلەن ئەكېلىۋاتقاندەك ئىدى. بۇ شۇنداق بىر ناخشا ئىدىكى: «كەل،



مېنىڭ دەردىمگە دەرمان ئېيلە، ئالەمنىڭ دەردىگە دەرمان بولغانسەن !»

سەيپىل ئەلىنىڭ ناخشىسى بىردەم توختايدۇ، بۇ چاغدا ساز يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ، يەنە «دەرمان بولغانسەن» دەپ تەكرارلايدۇ، كېيىن ناخشىسىنى «نەگە قارىساممۇ يارىمنى كۆردۈم» دەپ داۋاملاشتۇرىدۇ، ئۆزى خۇددى ئۇخلاپ قالغاندەك قوللىرى سازنىڭ ئۈستىدە يۇمۇلۇپ قالىدۇ. كېيىن بىردىنلا بېشىنى كۆتۈرىدۇ، بۇ چاغدا قولى ساز ئۈستىدە ئۇچقاندەك ھەرىكەتلىنىدۇ، خۇددى بوراندەك كۆيلەشكە باشلايدۇ:

«تاغلار، تاشلار، ئۇچقان قۇشلار !
ئېيتىمنى سورىساڭ سەيپىل ئەلىمەن.
بىر كۈن ئەقىللىك بولسام، يۈزكۈن ساراڭمەن،
دولقۇنلاپ ئاققان باھار سەلىمەن،
بېشى پارە قارلىق تاغدىن كېلىمەن !»

بەزىدە توختاپ قالىدۇ.

سەيپىل ئەلى ئولتۇرغان يېرىدە تۈگۈلۈپ جىمىپلا قالدى ۋە تاشتەك قېتىپلا قالدى، كېيىن سازنى ئاستا بىر تەرەپكە يۆلەپ قويدى.

مەمەتمۇ قېتىپلا قالغانىدى. مەلۇم ۋاقىت ئۇنىڭ كۆزىگە ھېلىقى پارقىراق ئۇچقۇن كېلىپ قوندى، كېيىن مېڭىسىدە بىر توپ سېرىق ئۇچقۇن ئۇچۇپ ياندى. يالقۇنجىغان چوڭقۇر ئوۋا تۈزلەڭلىكى دولقۇنلاندى. ئەلى توكۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەلى ئاغا ! ... — دېدى مەمەت پەس ئاۋازدا.

— نېمە بولدى؟

مەمەت ئۇنىڭغا سىرتقا چىق دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. توكۇر ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى، ئارقىسىدىن مەمەتمۇ ماڭدى. ئۇلار سىرتقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن جاپپار سەيپىل ئەلىنىڭ

يېنىغا كەلدى ـ دە، ئۇنى نوقۇپ قويدى:
— قارىغىنا سەپىل ئەلى، — دېدى جاپپار.
— نېمە بولدى؟
— مەمەت ئەلى توكۇرنى چاقىرىپ تالاغا ئاچىقىپ كەتتى، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى جاپپار.
— ئۇقتۇم! — دەپ كۈلۈپ قويدى ئەلى.
— ئۇ سارالڭ بولۇپ قاپتۇ، ئەقلىدىن ئېزىپتۇ. هازىر بۇ توكۇرغا نېمىلەرنى دەيدىغىنىنى بىلەمسەن؟ ئۇ شەھەرگە كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، — دېدى جاپپار.
— ئۇنىڭدىن باشقا نېمە دەيتتى؟ ئالدىغا كەلگەنلا ئادەمگە سۆزلەپ يۈرۈيتۇ، چېچەكلى جىلغىسىغا يۈز كېتىپتۇ. دېھقانلارنىڭ ئاغزىدا: «مەمەت خەدىچەمنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈۋالغاندىن كېيىن خۇدايىم جېنىمنى ئالسا رازىمەن، دەپتۇ. تۆرمىگە بېرىپ كۆرىمەن، شەھەردە ئوت كۆيۈۋاتسىمۇ، شەھەر ئىچىگە كىرىمەن دەپتۇ» دېگەن سۆزلەر تارقىلىپ كېتىپتۇ.
— بۇ ئادەم جېنىدىن تويۇپتۇ، ئۇنى بۇ ئىشتىن قايتۇرماقچى بولسام، ماڭا خۇددى دۈشمىنىگە ئوخشاش قارايدىغان بولۇۋالدى، — دېدى جاپپار.
— مەستنى قويۇپ بېرىڭلار، يىقىلغۇچە ماڭسۇن!
— مەستنى قويۇپ بېرىش كېرەك. بىراق، مەمەت باتۇر ئادەم، ياخشى ئادەم. بۇ تاغلار بىنا بولۇپ مەمەتتەك ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان، ئەمدى تېخىمۇ كۆرەلمەيدۇ. چاقناپ تۇرغان نۇرنىڭ ئۆزى، بىر ئەۋلىيا، — دېدى جاپپار.
سىرتتا شۇۋۇرغان چىقىۋاتاتتى، دەھشەتلىك شۇۋۇرغان ... ھېلىلا قار يېغىشى مۇمكىن. سەللا بۇرۇن بىر توپ تورنا تاغلارنى ئېشىپ ئۇچۇپ كەتتى، دېمەك، قىش يېتىپ كەلدى دېگەن سۆز. هاۋادىن قىشنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ.
قارىغاي شاخلىرى شامالدا ئىرغاڭلايتتى. مەمەت ئەلى توكۇرنى قارىغاينىڭ تۈۋىگە تارتىپ ئاپاردى.



— شۇ يەردە ئولتۇرغىن!
ئەلى توكۇر مەمەتنىڭ چىرايىغا قاراپ هەيران قالدى، كالپۇكلىرى تىترەيتتى، تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى.
مەمەت كېلىپ يېنىدا ئولتۇردى.
— ئەلى ئاغا! — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ، — سەن ئەقىللىق ئادەمسەن، بېشىمغا كەلگەن هەممە بالا ـ قازا سېنىڭ كاساپىتىڭدىن بولدى، بۇلارنىڭ هەممىسىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن. لېكىن، بۇ ئىشلاردا گۇناھىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندىم، سەن ياخشى ئادەمسەن.
— لېكىن، جېنىم مەمەت ...
— لېكىن ـ پېكىن دېمىگىن، ئەلى ئاغا!
— ئۇنداق بولسا دەيدىغىنىڭنى دېگىن ...
مەمەت بىر پەس جىم بولۇپ ئويلىنىپ قالدى، يۈزى تارتىشىپ كەتتى، چوڭقۇر ئازاب ئىچىدە تولغىنىۋاتقاندەك ئىدى.
— مەن، — دېدى مەمەت، — ئەتىلىككە خەدىچەمنى كۆرۈشكە بارىمەن.
ئەلى توكۇر قورقۇپ كەتتى:
— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟
— ئەتىلىككە خەدىچەمنى كۆرۈشكە بارىمەن! — دېدى مەمەت بوم ۋە قوپال ئاۋازدا.
— هە؟...
— هە ـ يە ... نىڭ هاجىتى يوق! بارىمەن!
توكۇر ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپلا قالدى، خېلى ۋاقىت ئويلانغاندىن كېيىن:
— تەس، ئىنتايىن تەس گەپ، بۇ توپتوغرا ئۆلۈمگە مېڭىش دېگەن سۆز، — دېدى.
— ئۆلۈمگە بەل باغلاپ قويدۇم، — دېدى مەمەت. ئۇنىڭ يۈزى تارتىشىپ، قايغۇ ئىچىدە تىترەيتتى، — ئۆلۈمگە بەل باغلىدىم! مەشەدە، دىل يۈرىكىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئوت بار، ئۇ ئوت

يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ، چوقۇم بېرىشىم كېرەك. چىدىيالمىدىم، ئەته تاڭ سەھەردە شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىمەن ...

توكۇر ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپلا:

— ئەگەر سېنى ئۇنتۇۋالسىچۇ؟ بارلىق ئۈمىدىم، بىر يېزىنىڭ ئۈمىدى سەندە ! — دېدى.

يېزا دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن مەمەتنىڭ چىرايى قارىداپ كەتتى.

— يېزىنىڭ پۈتۈن ئۈمىدى دېدىڭما؟ پۈتۈن بىر يېزىنىڭ ھە؟ ... قايسى يېزىنىڭ؟ — دېدى - دە، يەرگە غەزەپ بىلەن تۈكۈردى.

ئەلى توكۇر ئالدىرىماستىن:

— قىزىپ كەتمە، قېرىندىشىم. ئىچى مېنى، تېشى ئەلنى كۆيدۈرىدۇ ! سەن دېھقانلاردىن رەنجىمە، ئۇلار قورققىنىدىن ئاغىلارنى ياقلىغاندەك قىلىدۇ، ئەسلىدە كۆڭلىدە سەن بار ... پۈتۈن يېزىنىڭ، بەش يېزىنىڭ ئۈمىدى سەندە، — دېدى.

— مەن بارىمەن ! — دەپلا ئەلىنىڭ سۆزىنى كېسىۋەتتى مەمەت.

مەمەت ئەلى توكۇرنىڭ يېنىدىن تۇردى، مەستلەردەك تاغقا قاراپ دەلدەڭشىپ ماڭدى. شامالنىڭ پۇرىقى، قۇرۇپ كەتكەن قارىغاينىڭ پۇرىقى تاغلارنى قاپلىغانىدى.

ئەلى توكۇر ئىسىنى يوقاتقان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىردى.

— مەمەت ساڭا نېمە دېدى؟ دېگىنە ئەلى ئاغىنە؟ — دەپ سورىدى جاپپار قىزىقىش بىلەن.

— ئەته تاڭ ئاتمامتا شەھەرگە بارىدىكەن.

— ئۇ ساراڭ بوپتۇ ! ... — دەپ ۋارقىرىدى جاپپار، — ئۇنى ھازىر باغلاپ قويۇش كېرەك، ئۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. باغلاپ قويايلى. ھازىر ئۇزى نەگە كەتتى؟

— تاغقا قاراپ ماڭدى، دەلدەڭشىپ كېتىۋاتىدۇ ...



جاپپار مەمەتنىڭ ئارقىسىدىن تاغقا قاراپ يۈگۈردى. شۇۋىرغان ئۇرمانلىقتىكى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى سۇندۇراتتى، ھاۋادا قار ياغمىغاندەك بىر خىل ئەلپاز بار ئىدى، ئاسماندا قارا بۇلۇتلار ئۆرلىگەنىدى. بىردىنلا ئەتراپ قاراڭغۇلاشتى، چوڭ - چوڭ تامچىلار چۈشۈشكە باشلىدى.

جاپپار مەمەتنى چوڭ شاخلىرى سۇنۇپ كەتكەن بىر قارىغاينىڭ ئاستىدا، چىرىگەن كۆتەك ئۈستىدە ئولتۇرغان يېرىدىن تاپتى، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇيغا چۆمگەن مەمەت جاپپارنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى.

جاپپار ئاستا مەمەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى:

— ئاغىنە، ئۇنداق قىلما ! ھەممە ئادەمگە دەپ يۈردۈڭ، چىچەكلىدە ئاڭلىمىغان ئادەم قالماپتۇ، شەھەرگىمۇ ئاڭلانغاندۇ، سېنى چوقۇم تۇتۇۋالىدۇ، ئۇنداق قىلما !

مەمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ جاپپارغا تىك قارىدى.

— راست دەيسەن، جاپپار، سەن ھەقلىق. ئەمما، سەن كېلىپ مېنىڭدىن، يۈرىكىمدىن سوراپ باق، يۈرىكىمنى ئىككى قول چىڭ قامالاپ ھالىمنى قويمىدى، چىدىيالمىدىم. خەدىچەمنى كۆرمەي تۇرالمايمەن، كۆرمىسەم ئۆلۈپ قالىمەن. ئۇنداق ئۆلگەندىن بۇنداق ئۆلگىنىم تۈزۈك ... سەن ماڭا ئاخىرقى بىر قېتىم قېرىنداشلىق قىلالامسەن؟

— مەمەت، سەن ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشىم يوق، بىر - بىرىمىزگە قېرىنداش بولدۇق، بىر - بىرىمىز بىلەن جان دوست بولۇشقانىدۇققۇ؟

— ئۇنداق بولسا ماڭا بىر قۇر ئەسكى - تۈسكى كىيىم تېپىپ بەرگىن، سەندىن تەلەپ قىلىدىغىنىم شۇ.

جاپپار بېشىنى ساڭگىلىتىپ جىم بولۇپ قالدى.

## 22

ئوسمان چوڭ چاشكا ۋاقتىدا ئات چاپتۇرۇپ شەھەرگە كىرىپ

كەلدى، ئېتىنىڭ ئېغىزدۇرۇقى كۆپۈككە تولۇشقانىدى. بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئورىدى – دە، بازارنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغىچە يېتىلەپ ماڭدى، ئالدىغا ئۇچرىغانلا ئادەمگە يۇقىرى ئاۋازدا «مەرھابا» دېيىتتى.

بازار خەلقى قەلەيچىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئۇققانىدى. ئوسمان چوڭنىڭ مۇشۇنداق ئىچىگە پاتماي ئايلىنىپ يۈرۈشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەتتى.

ئوسمان چوڭ بازارنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا نەچچە قېتىم بېرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىرىنى ئىزدەيتتى، بىراق تاپالمايتتى. ئاخىر بازارنى تاشلاپ ئۆستەڭ تەرەپكە قاراپ ماڭدى ۋە تەۋپىقنىڭ چايخانىسىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ ئېتىنىڭ ئالدىدا بۇرنى قىزارغان، قوللىرى تىترىگەن ھالدا ھەيكەلدەك تىك تۇرۇپلا قالدى. كېيىن پېشانىسىنى پەنجىرىنىڭ ئەينىكىگە تىرەپ ئۇزاق ۋاقىت ئىچكىرىسىگە قارىدى. كۆزىگە بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئابدى ئاغا چېلىقتى، ئۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئېتىنى مەيداندىكى ئاكاتسىيە دەرىخىگە باغلىدى – دە، ئىچكىرىگە كىردى، تۈپتوغرا ئابدى ئاغىنىڭ باش ئۈستىگە كېلىپ تۇردى. ئابدى ئاغا بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈزى قىزارغان، قوللىرى تىترىگەن ئوسماننى كۆرۈپ قالدى. كۆزلىرى ئۇچرىشىش بىلەنلا ئوسمان چوڭ كۈلۈمسىرىدى، ئابدى ئاغىنىڭ رەڭگى ئۆڭدى، ئوسمان چوڭ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن «مەرھابا !» دېدى. ئابدى ئاغا ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇرغۇچە، ئوسمان چوڭ كەينىگە بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. ئابدى ئاغىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، قاراپلا قالدى.

ئوسمان چوڭ ئېتىنى ئاكاتسىيە دەرىخىدىن يېشىپ مىندى – دە، ۋايىۋاي يېزىسىغا قاراپ چاپتۇردى. ۋايىۋاي يېزىسى شەھەرگە ئىككى سائەتلىك يول ئىدى.

ئوسمان چوڭ چايخانىدىن چىقىپ كېتىش بىلەن ئابدى ئاغى-



نى بىر خىل ۋەھىمە باستى. ئۇ قورقاتتى، قورققىنىدىن بىر يەردە تۇرالمايتتى. ئاق پاينەكلىك تاپانچىسى ئوڭ يېنىدا كەمەرىنىڭ تېگىگە قىستۇرۇقلۇق ئىدى، ئوڭ قولى ھەر دائىم تاپانچىسىنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. دامكا ئويناۋاتقاندا، پۇل سانىغاندا، تاماق يېگەندە ۋە ھەر ۋاقىت قولى تاپانچىدىن نېرى بارمايتتى. دائىم كۆرۈنمەس بىر دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىدىغاندەك قىلاتتى.

ئابدى ئاغا ئورنىدىن ئىتتىك تۇردى – دە، تۈپتوغرا ئەرز يازغۇچى سىياسەتچى ئەخمەتنىڭ ئالدىغا باردى.

سىياسەتچى ئەخمەت غەلىتە بىر ئادەم ئىدى. خۇددى ئاغزىغا ياڭاق سېلىۋېلىپ شاراقلىتىۋاتقاندەك كۈلكىلىك گەپ قىلاتتى. بۇ سىياسەتچى پەخرى تەلۋىنىڭ جان دۈشمىنى، ئەلى سايا باينىڭ مەخسۇس ئادىمى ئىدى. ئۇمۇ شەھەردە قەلەيچىنىڭ ھەققى – ھۆرمىتى ئۈچۈن ھۇنەر ئىشلىتەتتى، قەلەيچى ئۈچۈن ھەر خىل ھىيلىنى ئويدۇرۇپ چىقىراتتى، قەلەيچىنىڭ ئۆلگەن خەۋىرىدىن ئۇ قايغۇغا چۆمگەنىدى.

ئابدى ئاغا تېزلىكتە دۇكانىغا كىرىپ كەلدى – دە، سۆزلەپ كەتتى:

— قېنى ئەخمەت ئەپەندى، يازغىن، ئەگەر ھۆكۈمەت ھۆكۈمەت بولىدىغان بولسا، ھۆكۈمەتلىكىنى كۆرسەتسۇن، دەل شۇنداق دەپ ياز. تاغ – داۋانلارنى قاراقچىلار ئىگىلەپ بولدى، ھەربىر چاتقالنىڭ تۈۋىدە بىر ھۆكۈمەت بار، شۇنداق دەپ ياز. ئون بەش ياشلىق باللىرىمۇ تاغدا قاراقچى، مۇشۇنداق ياز، تولۇق ياز. يېزىلارنى كۆيدۈرمەكتە، شەھەرلەرگىمۇ باستۇرۇپ كىرىۋاتىدۇ، ماللىرىمىزدىن، جېنىمىزدىن خاتىرجەم ئەمەسمىز، ياز ! خوتۇنلارمۇ قولىغا قورال ئالدى، ئىسيان كۆتۈرمەكچى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئۆزىنى ئېلان قىلدى، بىراق قانۇنلىرى قەغەز يۈزىدە قالدى، شۇنداق ياز. مانا شۇنداق دېگىن، مۇتتەھىم ئەسكەرلەر كەلسۇن، بۇلارنىڭ يىلتىزىنى قومۇرسۇن !

سىياسەتچى ئەخمەت ئەپەندىنىڭ قارا چىرايى تېخىمۇ قارىيىپ

كەتتى، بېشىدىن قارا خۇرۇم شەپكىسىنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى، يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقىرىپ پېشانىسىنى سۈرتۈشكە باشلىدى.

— بۇ دېگەنلىرىڭنى يازامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سۆزمۇسۆز، ھەرپمۇھەرپ ياز، — دېدى ئابدى ئاغا. — بۇلارغا ژاندارمىلار تەگ كېلەلمەيدۇ، ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلالمايدۇ، چۈشەندىڭمۇ؟ بىر تەرەپ قىلالمايدۇ! بۇ ژاندارمىلارنىڭ بىر ئىسكادرونىمۇ مەمەت ئاۋاققا تەڭ كېلەلمىگەن يەردە، ئاخىرى نېمە بولاتتى! ... ياز، ھۆكۈمەت رەسمىي ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتسۇن، دەپ ياز. ئىسيان كۆتۈرۈلمەكچى، دەپ ياز. بىر قاراقچى، يىگىرمە ياشلىق بىر بالا، مېنىڭ مالىيىم ... ئىسمى مەمەت ئاۋاق ... مۇشۇنداق ياز. مەن دېگەندەك قىلىپ ياز ... مەمەت ئاۋاق يەرلىرىمنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بەرمەكتە، مېنى يېزىدىن قوغلاپ چىقاردى، ئېتىزلىرىمنى دېھقانلارغا، مالايلىرىمغا بۆلۈپ بەردى. بىراقلا بەش يېزىنى! ... مەن قورقۇپ شەھەردىمۇ يۈرەلمەس بولۇپ كەتتىم، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا ئۆي تۇتتۇم، ئوق ئۈتمىسۇن دەپ ئۆيۈمنىڭ دېرىزىلىرىگە قۇم خالتىلىرىنى دۆۋىلەپ قويدۇم. بومبا چۈشمىسۇن دەپ مورىلارنى ئەتكۈزۈۋەتتىم. ئۆتكەن كۈن ئۇلار مېنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىكى ئۆيۈمنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئەكەتمەكچى بوپتۇ. ئالدىن خەۋەردار بولمىغان بولسا ۋە تۇۋۇەتچى بولمىغان بولسا ئۆينى پارتلىتىپ تاشلايتتى. مەمەت ئاۋاق تېخى «شەھەرنى پارتلىتىپ تاشلايمەن» دېگۈدەك. ئەنە شۇنداق دەپ ياز.

— مەن، — دېدى سىياسەتچى يىغلامسىراپ، — مەن بۇلارنى قانداق يازىمەن؟ ئۇلار قولۇمنى كېسىپ تاشلايدۇ، يازدۇقمۇ دەيلى، شەھەرنىڭ ئۆز ئالدىغا تام - شەرىپى بار. شەھەرنىڭ ياخشى نامىنى بىر تىيىن قىلمايلى. ئۆتكەندىن باشقا، قەلەيچى ئۆلگەن بولسىمۇ، ئەلى ساپا باينىڭ جېنى ئامان بولسۇن. يەنە بىر ئەترەتنى قورۇپ چىقسىدۇ، ھۆكۈمەتكە مۇنداق ئەرز



يازغىنىڭغا ئەلى ساپا باي رازى بولمايدۇ.

ئابدى ئاغىنىڭ تاقىتى تاق بولدى:

— دېگىنىمنى ياز! — دېدى.

— يازالمايمەن!

— ساڭا ياز دەۋاتىمەن، بۇرادەر! ياز!

— يازالمايمەن!

ئابدى ئاغا غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى:

— مەن بېرىپ پەخرى ئەپەندىگە يازدۇرىمەن، — دېدى.

— ئەگە بېرىپ يازدۇرساڭ يازدۇر، بىراق، ساڭا ياخشىلىق كەلمەيدۇ، — دېدى سىياسەتچى.

ئابدى ئاغا بۇ يەردىن چىقىپ توپتوغرا پەخرى تەلۋىنىڭ ئالدىغا باردى، پەخرى تەلۋە يىراقتىن ئۇنىڭ ئاياغ تاۋۇشلىرىنى ئاڭلاپلا ئۈستەلدىن بېشىنى ئاستا كۆتۈردى.

## 23

چېچەكلى جىلغىسىنىڭ ئېرىقى تەرىپى بۆركۈت قىيالىقى دەپ ئاتىلىدۇ ... بۆركۈت قىيالىقى تىك، سىلىق. كۆككە تاقاشقۇدەك ئېگىز. بۆركۈت قىيالىقى ھەققىدە ئەپسانىلەر مەيدانغا كەلگەن. داستانلار قېتىلغان. قىيانىڭ يۈزىدىن تۆۋەنگە قاراپ بىر بۇلاق قايناپ چىقىدۇ. بۇنى بۆركۈت قىياسى بۇلىقى دېيىشىدۇ ... بۇ بۇلاقنىڭ ئەتراپى كىچىك يېشىل دەرەخلەر، پۈراقلىق ياپيۇزلار بىلەن ئورالغان. ئۈچ تېرەك بويى ئېگىزلىكتىن، قىيانىڭ تامدەك سىلىق يۈزىدىن پۈراقلار كېلىپ تۇرىدۇ ۋە كۆپۈكلۈك سۇلار ئېقىپ چۈشىدۇ.

ئۆتكەن زامانلاردا ياش بىر بۆركۈت ھەۋەسكارى ئۆتكەنىكەن. قىيا يۈزىدىكى تۆشۈكلەرگە بۆركۈت ئۇۋا سالىدىكەن. بۆركۈت چۈجە چىقىرىدىغان ۋاقىتتا ئۇ يىگىت بۆركۈت چۈجىسىنى ئالماق بولۇپ بۇ يەرگە كەپتۇ. بۆركۈت ئۇۋىسى خۇددى تامدەك

سىلىق قىيانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەن، ئاستىدىن چىققىلىمۇ، ئۈستىدىن چۈشكىلىمۇ بولمىغاچقا، يىگىت ئۇزۇن، توم بىر ئارغامچا تېپىپ قىيانىڭ ئۈستىدىكى چوڭ بىر دەرەخكە باغلايدىكەن - دە، سىيرىلىپ بۈركۈتنىڭ ئۇۋىسىغا چۈشىدىكەن ۋە بۈركۈت چۈجىسىنى ئېلىپ قوينىغا سالىدىكەن. دەل شۇ چاغدا ئانا بۈركۈت كېلىپ قالىدىكەن - دە، غەزەپ بىلەن قانىتىنى ئارغامچىغا ئۇرىدىكەن، ئارغامچىنى قىلىچ كەسكەندەك كېسىۋېتىدىكەن، يىگىت قوينىدىكى بۈركۈت چۈجىسى بىلەن بىللە هاڭغا چۈشۈپ پارە - پارە بولۇپ كېتىدىكەن.

شۇ سەۋەبتىن بۇ قىيا بۈركۈت قىيالىقى دەپ ئاتالغان.

كېچىدىلا يولغا چىققان مەمەت بۈركۈت قىيالىقى تۈۋىدە دەم ئېلىۋاتقاندا، ئارقىسىدىن شىلدىرلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. بۇرۇلۇپ قاراش بىلەنلا جاپپارنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ تۈك باسقان مەيدىسىدىن تەرلەر چىپىلداپ ئاقاتتى.

جاپپار خېلىغىچە تۇرغان يېرىدىن قىمىرلىمىدى، مەمەتمۇ ئالدىغا قاراپ يەرگە قاراپلا ئولتۇردى.

كېيىن جاپپار مەمەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئاستاغىنا قولىنى ئۇزارتىپ مەمەتنىڭ قولىنى تۇتتى. بىرنەچچە قېتىم سىقىپ قويدى، مەمەت پەسەنت قىلماستىن يەرگە قاراپلا ئولتۇرۇۋەردى.

جاپپار بوغۇق، تىترىگەن ئاۋازدا:

— قېرىنداش ! — دېدى

بۇ سۆزنى ئۇ شۇنچىلىك چىن قەلبىدىن، شۇنچىلىك دوستانە هالدا دېدىكى، مەمەت بېشىنى جاپپار تەرەپكە بۇراشقا مەجبۇر بولدى.

جاپپار مەمەتنىڭ قوللىرىنى قوللىرىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ:

— قېرىندىشىم، ئۇنداق قىلما ! — دېدى.

— جاپپار، قېرىندىشىم، دەردىمنى سەنمۇ چۈشەنمىسەڭ،



ئەمدى ئۆلگىنىم ياخشى، — دېدى مەمەت.

— جېنىم مەمەت، — دېدى جاپپار، — دەردىڭنى چۈشىنىمەن، ئەمما بۇ ئىشنىڭ ۋاقتى كەلمىدى، دەرد ئىككىمىزنىڭ.

— ئۇنداق بولسا جاپپار ئاغىنە، يولۇمنى توسما، مەن خەدىچەنىڭ يېنىغا باراي، تۇتۇلۇپ قالسام تەقدىردىن كۆرىمەن، تۇتۇلمىسام ... — خاپا بولۇپ رەڭگى ئۆزگەردى، — هېچكىم مېنى توسۇيالمايدۇ !

— بۇ قىلمىقىڭ ئۆز قولۇڭنى تويتوغرا كىشەنگە تۇتۇپ بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سېنى بىرى كۆرۈپ تونۇپ قالسا قانداق قىلىسەن؟ تېخى ئابدى ئاغىچۇ؟ شەھەرنىڭ ئىچىدە نېمە قىلىسەن؟

— تەقدىرگە تەن بېرىمەن، — دېدى مەمەت. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۇچقۇن چاقناپ كەتتى، — تۇتۇلمايمەن !

— بارغىن، كەتكىن، ئاغىنە، ئۇنداق بولسا ساڭا ئاقيول تىلەيمەن، يولۇڭ ئوچۇق بولسۇن، — دېدى جاپپار.

— رەھمەت ! — دېدى مەمەت.

— سېنى مۇشۇ يەردە ئۈچ كۈن كۈتىمەن، كۆرد تېمىرنىڭ ئۆيىدە، ئۈچ كۈنگىچە كەلمىسەڭ، تۇتۇلۇپ قالدى، دەپ بىلىمىز، — دېدى جاپپار.

— تۇتۇلۇپ قالدى، دەپ بىلگىلار !

مەمەت ئورنىدىن تۇردى - دە، مېڭىپ كەتتى.

كۆزدىن غايىب بولغۇچە جاپپار ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى ۋە ئۆز - ئۆزىگە: «هەي مەمەت ئاۋاق، ئەمدى سېنىمۇ قولدىن چىقىرىپ قويدۇق، سېنىمۇ ... بۇ تاغلار يەنە بىر مەمەت ئاۋاقنى زادى كۆرەلمەيدۇ، ئاھ !» دېدى.

مەمەت ئاۋاق چىچەكلى يېزىسىدىن يىرتىلىپ كەتكەن بىر جۈپ چورۇق، ئون بەش ياشلىق بالىنىڭ بىر قۇر كىيىمىنى تاپتۇرغانىدى. بۇ كىيىملەر قولدا توقۇلغان ياختا رەختتىن

تىكىلگەن بولۇپ، جىلتىكىسى ئانار پوستىدا بويالغان، تامبىلى يىرتىق، كىرلەشكەن، ئاق رەڭدە ئىدى. كىيىملەر ئۇنىڭغا تار كەلگەچكە ئۇنى بىر ھەسسە كىچىكلىتىپ كۆرسىتەتتى. قولىغا پادىچى تايىقى تۇتقان، بېشىغا چۆرىسى يىرتىلىپ، ياغلىشىپ كەتكەن قالپاق كىيگەنىدى. تاپانچىسىتى، ئۇقلىرىنى ئىچىدىن يوتىسىغا باغلاپ، يىپلىرىنى بىلىگە ئورىۋالغانىدى.

مەمەت ئۇچقاندەك ماڭاتتى، ئەتراپقا سەيمۇ سالمايتتى، بېشى ئايلانغاندەك قىلاتتى، خۇددى بىر بوشلۇقتا دومىلاۋاتقاندەك، دۇنيا كۆزىگە پىرقىراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

يېرىم كېچىگە يېقىن شەھەرنىڭ چېتىگە يېتىپ كەلدى. شەھەر ئەتراپىدىكى مەھەللىلەردە ئىتلار ھاۋشىيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ چاغدا شەھەرگە كىرگەن بىلەن ياتىدىغان دەڭ تاپقىلى بولمايتتى. بەلكى تۇتۇۋېلىنىشلىرىمۇ مۇمكىن ئىدى. تۆۋەندىن تۆگمەننىڭ گۇرۇلدىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. تۆگمەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. تۆگمەننىڭ گۇرۇلدىگەن ئاۋازى قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۇدەك كۈچلۈك ئىدى. يىراقتىنلا يېڭى تارتىلغان ئىسسىق ئۇننىڭ ھىدى دىمىقىغا ئۇرۇلدى.

ئەنە جۇمە، تۇرمىدىكىلەرنى يوقلاشقا رۇخسەت قىلىنغان كۈن. چوڭ بىر بالا بار، ئۇ بولسىمۇ خەدىچەمنىڭ ئانىسى ... ئابدى ئاغا شەھەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن بېرى خەدىچەمنىڭ ئانىسى ھەر جۇمە كۈنى قىزىنى كۆرگىلى كېلەتتى، ھەتتا مەمەتنىڭ خەۋىرىنىمۇ ئەكېلەتتى. مەمەت ھەققىدە ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان ھېكايىلەرنى توقۇيتتى. كېيىنچە ئۇ مەمەتنىڭ يامانلىقى ئەمەس، ياخشىلىقى ھەققىدە خەۋەرلەر ئەكەلگەنىدى. يەرلەرنى بۆلۈپ بەرگەنلىكى، چېقىرتكەنلىكنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى ئىشلارنى بىرگە بەشنى قوشۇپ سۆزلەپ بەرگەنىدى: «مەمەت شۇنچىلىك ئۆسۈپ يوغىناپ كېتىپتۇكى، خۇددى مۇنارغا ئوخشايدۇ» دەيتتى ئانا. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن خەدىچەمنىڭ بېشى ئاسمانغا



تاقاشقۇدەك بولاتتى. گويا تۇرمە ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەتكە ئايلانغاندەك تۇيۇلاتتى. ھەر سائەتتە بىر قېتىم ئىرازنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ئۇنى سۆيەتتى، ئىرازمۇ خۇددى خەدىچەدەك خۇشال بولاتتى.

مەمەت چىچەكلى يېزىسىغا يەرلەشكەندىن بېرى ئىككى كۈندە بىر خەۋەر ۋە يول يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

تۆگمەندە چاڭ ــ توزان باسقان ئۇن خالتىلىرى قاتار ــ قاتار تىزىلغانىدى. تۆت دانە ئېغىر تۆگمەن تېشى ئۇنلارنى چاچرىتىپ ئايلىناتتى. ئۇرۇلۇپ شارقىرىغان سۇنىڭ ئاۋازى كېلەتتى. تۆگمەنچى چار ساقال، كۆك كۆز ئادەم ئىدى. ئۈستىبېشى ئۇنغا مىلەنگەن ئون بەشكە يېقىن دېھقان تۆگمەننىڭ ئوتتۇرىسىغا يېقىلغان ئوتنى ھالقىسىمان چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى. مەمەت ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېدى، ئولتۇرغانلار ئورۇن بېرىشتى، مەمەتمۇ ھالقىغا قېتىلدى. ئولتۇرغانلار يەنە قىزغىن پاراڭغا چۈشتى. بىر پەستىن كېيىن مەمەتنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىشتى. يەر ــ ئېتىز ھەققىدە، مەھسۇلات ھەققىدە سۆزلىشەتتى، يوقسۇزلۇقتىن، ئۆلۈمدىن شىكايەت قىلىشاتتى. تۆگەبوينى دېگەن يەردە بىر سودىگەرنىڭ بۇلاڭ ــ تالاڭغا ئۇچرىغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، بىرنەچچىسى بۇنى مەمەت ئاۋاقنىڭ قىلغانلىقىنى ئېيتىشتى. مەمەت ئاۋاقنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىسىلا، يەر بۆلۈش مەسىلىسى كىشىلەرنىڭ يادىغا كېلەتتى. ھازىرمۇ شۇنداق بولدى. قېرى بىر دېھقان: «يەرنى بۆلۈپ بېرىشىنىغۇ بۆلۈپ بېرىپتۇ، چېقىرتكەنلىككە تېمىشقا ئوت قويدۇرغاندۇ بۇ تەلۋە، ئىتنىڭ بالىسى؟» دەپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى. باشقىلار چېقىرتكەنلىكنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى ھەققىدە ئەقىلگە سىغمايدىغان سۆزلەرنى قىلىشتى. مەمەتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ غەزەپلەندى ۋە ئىچىدە مىڭنى تىللىدى. ئاساسىي مەسىلىنى ۋە توپ سەۋەبنى ھېچكىم سۆزلىمىدى. بۇ ئەقلىگە كەلمىدى. مەمەتنىڭ ئاچچىقى يېنىپ، ئىچىدە كۈلۈپ

كەتتى. راستلا، چۈقۈر ئوۋا دېھقانلىرى چېقىرتىكەننى نەدىن بىلسۇن؟ ئۇنىڭ قانداق بالا ـ قازا ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن!

كېيىن ئادەملەر ئۆلتۈرۈشقان يەرلىرىدىلا قىڭغىيىشتى. مەمەتمۇ قىڭغىيىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ئويغانغان چاغدا كۈن چىققانىدى. بىر دېھقان مەمەتنىڭ بېشىغا كېلىپ: «ھەي بالا، كۈن پېشىن بولاي دېدى، قوپقىن، ئات ـ ئېشەكنىڭ ئاستىدا قالدىڭ، تۇر ئورنۇڭدىن!» دېدى.

ئەمدىلىكتە ئويغانغان مەمەت ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ـ دە، شەھەرگە قاراپ يۈگۈرگەندەك مېڭىپ كەتتى. ئۇ تېزلىكتە شەھەرگە كىردى. بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتتى. بازار بۇرۇنقىدەكلا ئىدى، سېرىق مىس تۇڭدا مۇزابىيا ساتقۇچى ئايلىنىپ يۈرەتتى، ھاجى قارىغۇ تەرلەپ ـ پىشىپ تاقا سوقاتتى، بولقا ئاۋازىغا «كوزان ئوغلى» ناخشىسىنى تەڭكەش قىلاتتى. مەمەت ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقاندا دۇكانلاردىن كاۋاپ پۇراقلىرى سىرتقا ئۇرۇلاتتى. قارا تامبال كىيگەن يېزا ئاياللىرى دۇكانمۇ دۇكان ئارىلاپ يۈرەتتى.

مەمەت شەھەر باغچىسىنىڭ يېنىدا يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقان بىر دېھقاننى توختاتتى ۋە قورقۇپ ئېھتىيات بىلەن:

— تۈرمىگە قانداق بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

دېھقان: « مۇشۇ كوچىدىن ئۇدۇل مېڭىپ، ئالدىڭدىكى تاش دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرگىن» دېدى ـ دە، كېتىپ قالدى.

مەمەت دەرۋازىدىن كىردى، ژاندارمىلار سەپكە تىزىلىپ دىققەتتە چاۋۇشنى كۈتۈۋاتاتتى. مەمەت شۇنچە كۆپ ژاندارمىنى بىر يەردە كۆرۈپ ئاجايىپ بىر خىل ھېسسىياتقا كەلدى. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئاغىلارغا قېچىپ كەتكۈسى كەلدى، ئۆز ئىچىدە ھېچقاچان، ھېچقانداق يەردە ھازىرقىدەك بېسىم ھېس قىلمىغان، يۈرىكى سالمىغانىدى. ژاندارمىلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلۇغ تەرەپتە پەس، پەنجىرىسى يوق بىنا كۆرۈندى. بىنانىڭ تاملىرىنى موخ بېسىپ كەتكەنىدى. بىنانىڭ ئالدىدا



ئىككى ـ ئۈچ دېھقان ئايال ساقلاپ ئولتۇرۇشاتتى.

مەمەت بېلىنى چىڭ باغلىدى، قورۇلۇپ كىچىكلەپ قالدى. بۇ بىنانىڭ تۈرمە ئىكەنلىكىنى ئۆگزىسىدە بىرنەچچە كۆزەتچىنىڭ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىدىن بىلىۋالدى. ئۇ تۈرمە ھەققىدە تولىمۇ كۆپ ھېكايە ئاڭلىغانىدى. مانا بۇ شۇ ئاڭلىغانلىرىغا ئوخشايتتى، ئاستا مېڭىپ بىناغا يېقىن كەلدى.

قاپىقى يامان، تەلەتىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان بىر گۈندىپاي ئالدىغا كېلىپ قوپاللىق بىلەن:

— نېمە ئىشىڭ بار، ھەي بالا؟ — دەپ سورىدى.

— مەمەت يىغلامسىراپ تۇرۇپ:

— ئاچام مۇشۇ تۈرمىدە .... — دېدى.

— كىم؟ خەدىچەمۇ؟ — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى گۈندىپاي.

مەمەت بېشىنى تۆۋەن سېلىپ:

— ھەئە! — دەپ جاۋاب بەردى.

— خەدىچە! ھەي خەدىچە، ئۇكاڭ كەپتۇ، — دەپ ۋارقىرىدى گۈندىپاي.

«ئۇكاڭ » دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ خەدىچە ھودۇقۇپ قالدى، قورقۇپىراق سىرتقا چىقتى ـ دە، ئۇدۇل مەمەتكە قاراپ ماڭدى. مەمەت چىرايى تاتارغان قىياپەتتە تام تۈۋىدە ئولتۇراتتى.

— مانا بۇ يەردە! — دېدى گۈندىپاي.

خەدىچە مەمەتنى كۆرەر ـ كۆرمەي ئورنىدا قېتىپلا قالدى، ئاغزىدىن زۇۋان چىقمىدى، سەنتۈرۈلۈپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغانىدى. خېلى ئۇزاقىچە يانمۇيان ئولتۇرۇشتى، گويا تىلسىزلاردەك ئىدى، بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىگە تىكىلىشەتتى. ئىرازمۇ يېتىپ كەلدى. خەدىچەنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ سۆزلەشمەستىن ئولتۇرۇشلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدى. مەمەتكە يېقىن كېلىپ:

— سالامەت كەلدىڭمۇ، ئوغلۇم؟ — دېدى.

مەمەت يىلىنەر - بىلىنمەس بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى، بىراق ئىراز ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمىدى.

چۈشكە يېقىن گۈندىپاي كېلىپ:

— ۋاقىت توشتى، ئورنۇڭلارغا قايتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

مەمەت ئاستا ئېھتىيات بىلەن ئورنىدىن تۇردى - دە، يانچۇقىدىن يۇل خالتىسىنى ئېلىپ خەدىچەنىڭ قوچىقىغا تاشلىدى ۋە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالدى. مەمەت چوڭ تاش دەرۋازىدىن چىقىپ كەتكۈچە خەدىچە ئورنىدا قىمىرلىماستىن قاراپ قالدى.

— ھەي قىز، نېمە ئىش بۇ؟ ئۇ كىم؟ — دەپ سورىدى ئىراز.

— ئىچكىرىگە كىر، ئىزار ھامماچا! كەل، ئىچكىرىگە كىرەيلى، — دەپ پىچىرلىدى خەدىچە.

ئۇلار ئىچكىرىگە كىرىشتى، خەدىچە ئۆزىنى ئورنىغا ئېتىۋەتتى.

ئىراز ھەيران بولۇپ:

— ساڭا نېمە بولدى؟ — دېدى.

— مەمەت ئاۋاق! — دېدى خەدىچە.

— نېمە؟! — دەپ ھەيرانلىق بىلەن ۋارقىرىۋەتتى ئىراز.

— ئەنە شۇ بالا مەمەت ئاۋاق.

— ۋاي كۆزلىرىم كور بولۇپ كەتسۇن! — دەپ ئۇۋۇۋلىتىپ كەتتى ئىراز، — ۋاي كۆزلىرىم ... بۇ ئارسلاننىڭ چىرايىغا ياخشىراق قارىمىغىنىمغا قارا، كۆزلىرىم ئېقىپ كەتسۇن!

ئۇلار جىم بولۇشتى. بىر ئازدىن كېيىن كۆزلىرى ياشقا تولغان ئىككى ئايال بىردىنلا بىر - بىرىگە ئېسىلىشىپ ئىنرغاڭلاشقا باشلىدى.

— بىزنىڭ مەمتىمىز!

ئۇلار ئورۇننىڭ ئۈستىدە يانمۇيان ئولتۇرۇشتى، بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى.



— يۈرەگىمىز تۇزلەڭلىكى ... — دېدى خەدىچە.

— ئۆيىمىز ... — دېدى ئىراز.

— تاملىرىنى قىزىل توپا بىلەن سۇۋايمەن، ئوتتۇز دۈنيۈم يېرىمىز بولىدۇ ... ئىراز ھامماچامنىڭ قولىنى سوغۇق سۇغا تەققۇزمايمەن.

— ئۆي ھەممىمىزنىڭ ئۆيى، ھەممىمىز تۆت قوللاپ ئىشلەيمىز، — دېدى ئىراز.

تۈرمىدە ئەمدى يېڭى بىر ئۈمىد ئىشىكى ئېچىلغانىدى. خېلى كۈنلەردىن بېرى تۈرمىدە كەچۇرۇم قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە گەپ - سۆزلەر بولۇۋاتاتتى. ئەنقەرەدىن كەلگەن بىر مەھبۇس كەچۈرۈم ئېلان قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، دەل مۇشۇ كۈنلەردە ئېلان قىلىنارمىش. تۈرمىدە كەچۈرۈم ھەققىدە ناخشىلار توقۇلغانىدى. كېچە - كۈندۈز كەچۈرۈم ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۈرمىدە مۇستاپا ئاغا دېگەن بىر قېرى بوۋاي بار ئىدى، ئۇ ھەممىگە ئەقىل كۆرسىتەتتى، ئەقىل كۆرسەتكۈدەك ئەقىللىك، بىلىملىك ئادەم ئىدى. خەدىچە خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئۇنىڭدىن:

— مۇستاپا ئاغا، تۈرمىدىكىلەر بوشانغاندىن كېيىن مەمەتمۇ كەچۈرۈم قىلىنارمۇ؟ — دەپ سورايتتى.

— يالغۇز مەمەتلا ئەمەس، ئاغىدىكى بۆرىلەر، قۇشلارمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.

خەدىچە بۇ گەپكە ئىنتايىن خۇشال بولاتتى، خۇشاللىقى كۆڭلىدە، ھەتتا كېچىچە داۋام قىلاتتى.

يۈرەگىمىز تۇزلەڭلىكى ئىسسىق، يېرى مۇنبەت ئىدى.

خەدىچە يۈرەگىمىزنى بىلىدىغان تۈرمىداشلىرىدىن ئۇنىڭ ھەربىر يېزىسىنى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە سوراپ بىلىۋالغانىدى.

— بىز قاراتاش يېزىسىغا ئورۇنلىشىمىز، شۇنداقمۇ ئىراز ھامماچا؟ — دەيتتى خەدىچە.

— ھەئە، شۇ يەرگە، قارا تاشقا ! ...— دەيتتى ئىراز.

خەدىچە سىرتقا چىقتى. ئەرلەر كامىرنىڭ ئالدىغا بىرىپ ۋارقىرىدى:

— مۇستاقا تاغا !

مۇستاقا تاغا خەدىچەنى ئەركىلىتىپ:

— ھە، ساراڭ قىز، نىمە دەيسەن؟ — دەپ ئىتتىك ئالدىغا كەلدى.

خەدىچەنىڭ نىمە دېيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە سورايتتى.

— مەمەتمۇ كەچۇرۇم قىلىنامدۇ ؟ — دىدى خەدىچە.

— تاغدىكى بۆرىلەر، قۇشلارغىچە ... بۇ قېتىم كەچۇرۇم ئېلان قىلىنسا شۇنداق ئېلان قىلىدۇكى، ھۆكۈمەتنىڭ شەرىپى ئۆچۈن بولىدۇ.

— قوللىرىڭنى سۆيۈپ قوياي، تاغا !

مۇستافا تاغا ھەر قېتىم «ساراڭ قىز» دەپ كۈلگىنىچە كامىرىغا كىرىپ كېتەتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلدى.

— كەچۇرۇم قىلىش ئېلانى چىقىدۇ، — دىدى ئىمراز، — بىزنى چارشەنبە كۈنى كوزانغا ئەكېتىدىكەن، بۇ يەردە بىزگە ھۆكۈم چىقارمايدىكەن، سوت شۇنداق قارار چىقىرىپتۇ.

— كەچۇرۇم ھازىرلا ئېلان قىلىنىدىغان بولسا بىزنى كوزانغا ئەكەتمەس ئىدى. شۇنچىلىك بىئارام بولۇۋاتىمەنكى ...

خەدىچە يۈتىگە يەكمۇ قايغۇردى.

— كاشكى، شۇنداق بولسا ... مەمەت كوزانغا بارالمايدۇ. تۇۋا، شۇ چاغدا مەمەت بىلەن سۆزلىشەلىغان بولسامچۇ؟ تىلىم تۇتۇلۇپ، سۆزلىشەلمىدىم.

— ئۇنىڭ مەمەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام ... — دەيتتى ئىمراز.

— كەچۇرۇم بىقىتدا ... — دىدى خەدىچە.

— مۇستافا ئاغا ئەقىللىك ئادەم، ئۇ بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئەتەرەدە



ئادىمى بار، — دىدى ئىمراز.

— بۈگۈن جۈمە، چارشەنبىگىچە قانچە كۈن بار؟ — دەپ خەدىچە بارماقلىرىنى ساناشقا باشلىدى، — شەنبە، يەكشەنبە ... چارشەنبىگىچە بەش كۈن بار ئىكەن، كوزانغا يۆتكىلىدىغانلىقىمىزنى مەمەتكە ئۇقتۇرغان بولسام ياخشى بولاتتى، ئېيتىپ قويغان بولسام ئىدىم...

— ئۇنىڭ مەمەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، شۇ زامانلا ئېيتقان بولاتتىم، — دىدى ئىمراز.

— كەچۇرۇم ئېلان قىلىنارمۇ، ھاماچا؟

— مۇستافا ئاغا ئەقىللىك ئادەم، ئەتىراپتا ئادىمى بار، چوقۇم ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇ بىلمەي، كىم بىلىدۇ.

— ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى مەجنۇنتالنىڭ شاخلىرى يەرگە تېگىدۇ، — دىدى خەدىچە.

— يەرگە تېگىدۇ، — دىدى ئىمراز.

— قوڭۇر موزايلىرىمىز بولىدۇ، — دىدى خەدىچە.

مەمەت خەدىچە بىلەن خوشلىشىپ تۈرمىدىن چىققاندا ئۆزىنى ئاسماندا ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى، بېشى ئايلىنىپ، يەرگە يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ شۇ ھالەتتە بازار ئىچىگە يېتىپ كەلدى. ئۆزىنى ئوتتۇرىدا تۇرغان ئاق تاشنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. بىرئازدىن كېيىن ئېسىگە كەلدى. بازاردا ئاپېلسىنلار دۆۋىلەنگەن، كاپۇستىلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ تاشنىڭ ئۈستىدىن تۇردى ـ دە، بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. تەۋپىقنىڭ چايخانىسى ئالدىدا بىر توپ ئادەم تۇراتتى، ئۇلار پەرىجە كىيگەن، مورىلىرىگە كەتمەن ئارتقانىدى. بويى پاكار، يىپەك گالستۇك تاقىغان بىر ئادەم ئۇلارنى توختىماستىن تىللايتتى. مەمەت يۇنىڭغا ھەيران بولۇپ ئىچىدە: «بۇ يەردىمۇ ئابدى ئاغىدەك بىرى بار ئىكەن» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇلارغا قاراپ تۇردى. پاكار ئادەم تىللاۋەردى.

ئادەملەردىن سادا چىقمىدى، باشلىرىنى يەرگە ئېگىشىپ مىدىرلىماي تۇرۇشاتتى. كېيىن تىللاۋاتقان ئادەم بىردىنلا يۇمشاپ قالدى، «قېرىنداشلار! سىلەر مېنىڭ جېنىمدىنمۇ ئەزىز» دېيىشكە باشلىدى. مەمەت بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قالدى. ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىدى. مۈرىسىگە كەتمەن ئارتقان ئادەملەر يەرگە قاراپ قىمىرلاشقا باشلىدى ۋە ئاستا ئۆستەڭ بويىغا قاراپ مېڭىشتى. بىرنەچچە ئادەم: «بۇلار شاللىققا كېتىۋاتىدۇ» دېدى. مەمەت بۇ ئىشلارغا تېخىمۇ ھەيران بولدى. مەمەت بازارنىڭ تازا قايىنىغان يېرىگە باردى. دەسلەپ شەھەرگە كىرگەندە كاۋاپ يېگەن دۇكاننىڭ ئىشىكىدىن كاۋاپ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. دۇكانغا كىرىپلا كاۋاپنىڭ پۇرىقىدىن مەست بولاي دېدى.

— كەلسىلە! — دېدى دۇكانچى.

— يۇرادىمىز، تېزرەك، — دېدى مەمەت.

— مانا ھازىر، ھازىرلا كېلىدۇ.

مەمەت ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، ئۇنى قورقۇش چۇلغىۋالدى ۋە كۆزلىرىنى چىمىلداتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئەلى توكۇر ئولتۇراتتى! بۇ خىيال ئەمەس، ئەلى توكۇر ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ قويدى، مەمەت ھېچ نەرسە دېمىدى. بىراق، مېڭىسىگە مىڭ خىل يامان ئېھتىماللىق كەچتى. ئەلى توكۇر ئورنىدىن تۇردى - دە، گەپ - سۆز قىلماي كۈلۈمسىرەپ قويدى، كېيىن مەمەتنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ۋە قۇلىقىغا ئېگىلىپ:

— ھودۇقما، قېرىنداش، ھېچ گەپ يوق، قېنى سۆزلىشەيلى، — دېدى.

كاۋاپلار كەلتۈرۈلدى، كاۋاپنى يېيىشتى، كېيىن سىرتقا چىقىشتى. شەربەتچى كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا مېڭىپ ۋارقىرايتتى.

— شەربەتچى، بىر قاچا شەربەت، — دېدى مەمەت.

شەربەتچى قاچىنى تولدۇرۇۋاتقاندا، مەمەت ئۇنىڭ تۇڭىغا



قولىنى تەڭكۈزۈپ قويدى، شەربەتچى كۈلدى:

— ئالتۇندىن ياسالغان، ئوغلۇم، ئالتۇندىن! — دېدى.

— سېنىڭ شەھەرگە ماڭغانلىقىڭنى جاپپار ئېيتقانىدى، — دېدى ئەلى توكۇر، — ئاتقا مىندىم - دە ئارقاڭدىن قوغلىدىم. بېشىڭغا بىرەر ئىش كېلىپ قېلىشىدىن قورقتۇم ... تۈرمە دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇزاق كۈتتۈم. خەدىچەنىڭ ئەھۋالى قانداق ئىكەن؟ ياخشى تۇرۇۋېتىپتۇمۇ؟ ھەي ساراڭ بالا، ئات مىنمەستىن شەھەرگە كىرگەن بارمۇ؟ بېشىڭغا بىر بالا كېلىپ قالسا، قاچماقچى بولۇپ قالساڭ تۇتۇلۇپ قالسەن. شۇڭا ئاتنى يېتىلەپ ئارقاڭدىن ماڭدىم. تونۇيدىغان بىرەرى ئۇچراپ قېلىشى مۇمكىن. بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئاتقا مىنىپلا تاغقا چىقىپ كېتىسەن ...

مەمەتنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

— ئامان بول، ئەلى ئاغا!

— سەن دېگەن مەمەت ئاۋاق، سەن ئامان بول، قېرىندىشىم! — دېدى ئەلى.

— ماڭا بىر نەرسە دەيمۇ، ئەلى ئاغا؟

— دېگىن.

— خەدىچە بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇشتۇق، ھەر ئىككىمىزنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قالدى، بىر ئېغىزمۇ گەپلەشمىدۇق. ئۇنى ئاشۇ يەردە كۆرۈشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايۋاتىدۇ، ئەمدى ھەرگىز ئۇ يەرگە بارالمايمەن. بارغان ھالەتتىمۇ تىلىم يەنىلا تۇتۇلۇپ قالىدۇ ... سەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ باققىن، خەدىچەنىڭ نېمە گېپى بار، سوراپ كۆر.

— ماقۇل! — دېدى ئەلى، — سەن مېنى بازاردىكى چايخانىدا ساقلاپ تۇر، ئات بازارنىڭ نېرىقى چېتىدىكى ئۈجمىگە باغلاقلىق، بىرەر ئىش بولسىلا ئاتلان!

— شۇنداق قىلىمەن! — دېدى مەمەت.

مەمەت غەلىتە بولۇپ قالغانىدى، كۆڭلىدە چۈشىنىكسىز بىر

خىل بىئاراملىق بار ئىدى، دۇمبىسىدە مۆزدەك بىر نەرسىلەر ماڭغاندەك بولاتتى، خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلاتتى، دۇنياغا سىغمايۋاتقاندەك قىلاتتى. قېچىپ بېرىپ بىر نەرسىلەرنى چېقىشنى، پارچىلاشنى خالايتتى. قايغۇغا، قورقۇشقا ئوخشاش بىر تۇيغۇ ئىچىدە تولغىناتتى. مەمەت ئىتتىك قەدەم تاشلاپ ئاتنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇنى كۆرگەنلەر تەلۋىلەردەك ماڭغان بۇ بالىغا ھەيران بولۇشاتتى. ئاتنىڭ تومشۇقىغا سامانلار يېپىشىپ قالغانىدى. مەمەت يەردىن بىر تۇتام يېشىل ئوتنى يۇلۇۋېلىپ ئاتنىڭ تومشۇقىنى سۈرتتى. دۇمبىسىدىكى كۆكۈچ چىپارلىرى ساغرىسىغىچە چۈشكەن كۆل رەڭ ئات ئىدى. مەمەت ئاتنىڭ بېشىنى سىلىدى، كېيىن چايخانىغا كىرىپ چاي بۇيرۇدى. مەمەت چاي ئىچمۇۋېتىپ خەدىچەنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. خەدىچە بەكمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن، چىرايى سارغىيىپ، تۆۋەن قاپىقى قارايغانىدى. يۈزى تولۇپ قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ھالسىزلىقى، روھسىزلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، مەمەتنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ، كۆز ياشلىرى ئۈستىگە تامچىلاشقا باشلىدى. ئۇ ئىككىلەنگەن، ئىزا تارتقان بىر قىياپەتتە ئولتۇراتتى، چېيىنى ئىچىپ تۈگەتتى. ئۇ ئەلىنىڭ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەلىنىڭ يولىغا تىكىلگەنىدى. كوچىنىڭ بېشىدا ئەلى كۆرۈندى، ئۇنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى، مەمەت ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى، ئىككىسى ئاتنىڭ قېشىغا بېرىشتى.

— نېمە دېدى؟

— سورىما !

— يامان خەۋەرمۇ؟

— ياخشى دېگىلى بولمايدۇ.

مەمەت تاقەتسىزلىنىپ:

— قېنى سۆزلە، شۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم، ئىچىمدە بىر دەرد بارلىقنى سەزگەنىدىم، ماڭا ئارام بەرمەيتتى، قېنى سۆزلە !



— بۇ چارشەنبىدە خەدىچەلەرنى كوزان تۈرمىسىگە يۆتكەيدىكەن. خەدىچە: مەمەت مەندىن رازى بولسۇن، دېدى. خەدىچەنىڭ گۇناھى ئېغىر ئىكەن، بۇ يەردىكى سوت شۇنداق قارار چىقىرىپتۇ. ئىرازنىمۇ بىللە ئەكېتىدىكەن.

بۇنى ئاڭلاپ مەمەتنىڭ بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك بولدى. بىرئازدىن كېيىن ئېسىگە كەلدى، ئۇ ئەلىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. ئۇ ئۆزىچە كۈلۈمسىرەيتتى، ئۇنىڭ كاللىسىدا پۈتكۈل چۇقۇر ئوۋا دەرەخلىرى، ئوت - چۆپلىرى بىلەن تاشلىرى، توپىلىرى، شەھەرلىرى سېرىق يالقۇنغا ئايلانغانىدى. ئۇ يەنىلا كۈلۈمسىرەيتتى. كېيىن بىردىنلا ئاتقا مىندى - دە، بىردەمنىڭ ئىچىدە تامامەن ئۆزگىرىپ، باشقىچە بىر مەمەت ئاۋاق بولۇپ قالدى.

— ئالدىمغا ئولتۇر، ئەلى ئاغا، ئەمدى بولدى، — دېدى مەمەت.

ئەلى ئاتنىڭ ئالدىغا ئولتۇردى، ئۇلار شەھەردىن تېزلىكتە چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار سىگىبۇغىدىن ئۆتتى، دىكىرلىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا، ھازىرقى ئوسمان قارىنىڭ ئاپېلسىن باغچىسى بار يەرگە يېتىپ كېلىشتى.

ئەلى ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاتتى - دە، مەمەتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ:

— نېمە بولدى؟ نېمە ئىش بولدى، ماڭا ئېيتقىن؟ — دېدى.

مەمەت ئاتتىن چۈشتى، كۈلۈمسىرەپ ئەلىنىڭ قولىنى تۇتتى:

— ئۇلارنىڭ يولىنى توسىمەن، خەدىچەنى ژاندارمىلارنىڭ قولىدىن ئەپقاچىمەن.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ — دەپ خاپا بولدى ئەلى، — چۇقۇر ئوۋانىڭ ئوتتۇرىسىدا، كۈپكۈندۈزدە ژاندارمىلارنىڭ قولىدىن قىزنى ئەپقاچىماقچى؟ ... ساراڭمۇ سەن؟

## 24

مەمەت غارغا خۇشال كىرىپ كەلدى. جاپپارمۇ، سەيپىل ئەلىمۇ مەمەتنى تونۇغاندىن بېرى بۇنداق خۇشال ھالەتتە كۆرمىگەنىدى. مەمەتنى خۇشاللىقىدىن قاناتلانغان ھالەتتە كۆرۈش ئۇلارنىمۇ شادلاندۇرۇۋەتتى. مەمەت غارنىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ شوخ ناخشىلارنى ئېيتاتتى:

ئامۇت شاختا پىشىپتۇ،
قۇياشمۇ نۇر چېچىپتۇ.
ئانىسى يوتقان يەرمىگەچ
ئاق ئىمچەكلەر ئۇششۇپتۇ.

مۇشۇنداق بىر ناخشىنى مەمەتنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلايدىغانلىقلىرىنى سەللا بۇرۇن بىرى دېگەن بولسا، ھېچكىم ئىشەنمىگەن بولاتتى.

— سەيپىل ئەلى ! — دەپ ۋارقىرىدى مەمەت. ئۇ ھەر دائىم ئويچان يۈرەتتى، ئاز سۆزلەيتتى. بىراق، ھازىر، — سەيپىل ئەلى، ئال سازىڭنى، شوخ نەغمىلەرگە چال ! — دېدى.

سەيپىل ئەلى ھېچ نەرسە دېمەستىن بېرىپ تامدىكى سازنى ئالدى - دە، شوخ بىر كۈيگە چالدى، ئۇ ساز چېلىپ ناخشا ئېيتاتتى.

«بېرىپ باقتىم تۆمۈر ئىشىك ئېتىكلىك،
قارا چاچقا كۆمۈش تەڭگە ئېسىقلىق.»

مەمەتمۇ سەيپىل ئەلگە قوشۇلۇپ ئېيتاتتى.

شۇ ئارىدا ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئەلى توكۇرنى كۆرۈپ قالدى، قولىدىن تارتتى ۋە سەيپىل ئەلگە قاراپ:



— بىر ئۇسسۇل نەغمىسىنى چال ! — دېدى.

سەيپىل ئەلى نەغمە باشلىشى بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى. ئاخىر مەمەت ھاسىراپ ئويناشتىن توختىدى، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ ھېچ تىنىچ تۇرالمايتتى، بارماقلىرىنى مىدىرلىتىپ ئوينايتتى.

— جاپپار ! — دېدى مەمەت.

— خوش، ئاغام ! — دېدى جاپپار.

— بۈگۈنكى كۈندە قېرىندىشىم، — دېدى مەمەت.

— نېمە ئىش؟ — بىر ئىش بولدىمۇ؟ — دېدى جاپپار.

— بۈگۈن يىگىتلىكنى كۆرسىتىدىغان كۈن ...

— ئادەمنى ھودۇقتۇرما، خۇدا ھەققى ...

مەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇستىدىكى باللار كىيىمىنى يەشتى - دە، تامنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئاتتى، ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى كىيدى.

ئايغىنىڭ باشلىقى ماراش خورۇمىدىن بولۇپ، قېنىق قىزىل رەڭدە، چەمى ماشىنا چاقىدىن ئېلىنغان رېزىنكە ئىدى. شالۋۇرى كەرشىنىۋاي يۇڭىدىن ئىدى. بۇ كىيىملەرنى بىر سودىگەردىن بۇلىۋالغانىدى. مەمەت بىلەن جاپپار قەلەيچى بىلەن بولغان جەڭدىن قايتقاندىن كېيىن بىرنەچچە ھەپتە ماراش يولىنى توسۇپ ئادەم بۇلىغانىدى. پۇللارنى، كىيىملەرنى، قورال - ياراغلارنى شۇلاردىن تارتىۋالغان. ئۇلار شۇ قېتىمقى بۇلاڭچىلىقىدىن مەمنۇن ئىدى. شۇڭا، يەنە بىر قېتىم ماراش يولىنى توسۇشقا بارماقچى بولۇشقانىدى. شۇ سەۋەبتىن كەمەرلىرى، مىلتىق تاسمىلىرى كۆمۈش بىلەن چىرايلىق بېزەلگەن. بېشىدىكى قەسنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا ھاۋا رەڭ يىپەك ياغلىق چىگىۋالغان. تەڭگە - تەڭگە گۈللۈك يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن شالۋۇر كىيىۋالغانىدى. تاپانچىسىنى قېپى بىلەن بىللە كۆچمەنلەرنىڭ بېگى ئەۋەتكەنىدى. قېپى ئىنتايىن گۈزەل، زەر يىپ بىلەن ئىشلەنگەنىدى. ئوقدانلار كۆكسىگە ئىككى قۇردىن چەپرەس باغلانغانىدى. ئۇلارمۇ زەر يىپلار بىلەن ئىشلەنگەن

بولۇپ، كۆچمەنلەر بېگىنىڭ ھەدىيەسى ئىدى.

جاپپار ھەيران بولۇپ سورىدى:

— مەمەت، ئېيتقىنا، نېمە بولدى؟

— بۈگۈنكىدەك بىر كۈندە ...

ئەلى توكۇر بوسۇغىدا تامغا يۆلىنىپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— توكۇر، بۇ زادى نېمە ئىش؟ — دېدى جاپپار.

توكۇر دېدى:

— چارشەنبە كۈنى خەدىچەنى شەھەردىن كوزاتىغا ئېلىپ ماڭىدىكەن. يولدا ژاندارمىلاردىن ئېھتىياتچى بولۇۋاتىدۇ. شۇ ئىشقا خۇشال بولۇۋاتىدۇ.

جاپپاردىن ئۈن ـ تىن چىقمىدى، چىرايى تۇرۇلدى، سەپىل ئەلىمۇ گەپ قىلمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلاشقۇسى كەلمەيتتى.

مەمەت بۇ ئىشنى قارار قىلغانىدى، باشقىلارغا پەرۋا قىلمىسىمۇ كېتەتتى، مەيلى، جاپپارنىڭ چىرايى تۇرۇلسا تۇرۇلسۇن. مەمەت ھېچكىمدىن ياردەم كۈتمەيتتى. يا چىككا، يا يۈككا بولار، دېگەندى.

سەپىل ئەلى مەمەت بىلەن تونۇشقان دەسلەپكى كۈنلەردە گۆر ئوغلى توغرىسىدىكى بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. گۆر ئوغلىنىڭ زاھىر بولۇشى ... خېلىدىن بېرى مەمەتنىڭ كاللىسىدا ئەنە شۇ گۆر ئوغلى ئايلىنىپ يۈرەتتى.

— شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇرلەركى، قەدىم زاماندا بولۇ شەھرىدە، — دەپ باشلىغانىدى، — گۆر ئوغلى كوچىدا كىچىك بىر كۆچۈكنى كۆرۈپ قاپتۇ، مۇشتۇمدەكلا كىچىك كۆچۈك ئىكەن. تۆت ـ بەش يوغان ئىت شۇ كىچىك كۆچۈكنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىپتۇ. كۆچۈك قاچماستىن ئۆزىنى قوغداپتۇ. ئۆزىنى قوغدىشى نەتىجىسىدە ئۇلارنى يېڭىپتۇ. ئۇلارنىڭ قورشاۋىنى يېرىپ چىقىپ ئۆز يولىغا كېتىپتۇ. گۆر ئوغلى مانا بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، بۇ سوقۇشنى تاماشا قىپتۇ. دېمەك، گۆر ئوغلى بىر كىچىككىنە كۆچۈك ئىكەن! ...



يۈرەكلىك بولغىنى ئۈچۈن ... ئۇ، گۆر ئوغلى، قورقماس گۆر ئوغلى بولۇپ يېتىشىپتۇ. دادىسىنىڭ بېشىغا كۆلپەت چۈشكەندە تاغقا چىقىپتۇ ...

گۆر ئوغلى ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندىن بېرى، گۆر ئوغلى مەمەتنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى. گۆر ئوغلىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئايدى ئاغىسىنى ئۆلتۈرۈشكە يەنە بىر قېتىم قەسەم ئىچكەنىدى.

— نېمىدەپ چىرايىڭنى تۈرىسەن، جاپپار ئاغىنە؟

— ھېچ!

— نېمە ھېچ؟

— ھېچ!

— ھە!

— ساڭا ئېچىنىمەن.

— ھەي جاپپار، — دەپ خاپا بولدى مەمەت، — سەن ھەر دائىم ماڭا ئېچىنىسەن.

— سەن باتۇر يىگىتسەن، شۇڭا ئېچىنىمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئېچىنىمەن شۇ.

— سەۋەبىنى سۆزلىگىن.

بۇ قېتىم جاپپار قاتتىق رەنجىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— چۇقۇر ئوۋىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، تۈزلەڭلىكتە، كۆپكۆندۈزدە، شۇنچىلىك چوڭ يېزىنىڭ ئىچىدە ژاندارمىلارنىڭ قولىدىن ئادەم ئېلىپ قاچماقچىسەن؛ شۇنداقمۇ؟ چۇقۇر ئوۋا قاپقان دېگەن سۆز. قاراقچىلار ئۈچۈن بىر قاپقان، چۇقۇر ئوۋاغا چۈشكەنلەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىققىنى يوق. ساڭا ئېچىنىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە چۇقۇر ئوۋانىڭ يولىنى بىلمەيسەن. ئەگەر يېنىڭدا رەجەپ چاۋۇشتەك بىرى بولغان بولسىدى، مەيلى ئىدى. قۇرۇق قولغا تايىنىپ چۇقۇر ئوۋاغا چۈشكىلى بولامدۇ؟

مەمەت ئاتىرىپ كەتتى. خۇددى بىر خادا تاشتەك تىك تۇرۇپ

قالدى.

— سەن ھازىر مەن بىلەن بىللە بارماسەن؟ شۇنى ئېيت؟ — دېدى.

— مەن بېرىپ ئۆزلۈكۈمدىن قايتقانغا چۈشمەيمەن.

— گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىل، زادى مەن بىلەن بارامسەن، يوق؟

— بارالمايمەن.

— خوپ، ئەمدى سەن گەپ قىل، سەپىل ئەلى، مەن بىلەن بارامسەن؟

— مەن چۇقۇر ئۇۋانى بىلمەيمەن، قېرىندىشىم، مەن چۇقۇر ئۇۋادىن قورقىمەن. ساڭا ھېچقانداق پايدام تەگمەيدۇ ... زىيىنىم تېگىدۇ. خالىساڭ بىللە بارىمەن، پەقەت دوستلۇق ھۆرمىتى ئۈچۈنلا.

جاپپار سەپىل ئەلىگە دەھشەت بىلەن قارىدى.

— دېمەك، شۇنداق ! — دېدى - دە، جىم بولدى مەمەت.

شۇ كېچىسى بىللە ئاماق يېيىشمىدى. ھەربىرى ھەر تەرەپتە ياتاپ يۈرۈشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ خۇشال بولغىنى ئەلى توكۇر ئىدى. ئۇخلاش ۋاقتىدا جاپپار:

— سىلەر ئۇخلاڭلار، مەن كۆزەتتە تۇراي، — دېدى

باشقىلار، مەمەتمۇ ئۇخلاشقا ياتتى.

يېرىم كېچىدە جاپپار مەمەتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنى تۈرتتى. مەمەت ئاچچىقى بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۇخلىيالمىغانىدى. قوپاللىق بىلەن:

— جاپپار، مەندىن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلامسەن؟ دوستلۇقۇڭنى كۆرسەتتىڭ ! يەنە مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسەن؟ — دېدى.

— ئاغىنە، — دېدى جاپپار ۋە مەمەتنىڭ قولىنى قوللىرىنىڭ ئارىسىغا ئالدى، — قېرىندىشىم.

— دوستلۇقنى يەتكۈزدۇڭ، — دەپ كۈلدى مەمەت.

— بۇ ئىشتىن ۋاز كەچ. قانداقلا بولسۇن خەدىچەنى قويۇپ



بېرىدۇ. گۇۋاھچىلارمۇ شۇ چاغدىكى سۆزلىرىدىن يېنىۋالدىغۇ؟ ھەممىسى خەدىچە تەرەپدارى بولۇشتىغۇ؟ ھاكىمغا ۋالىنى مەمەت ئېتتۇۋەتتى، دېمىدىمۇ؟ چوقۇم قويۇپ بېرىدۇ.

— سۆزلىرىدىن يانغان بىلەن نېمە پايدا چىقتى؟ ئەگەر بىرەر پايدىسى بولغان بولسا، خەدىچەنى تېخىمۇ چوڭ سوت مەھكىمىسىگە ئەۋەتمىگەن بولاتتى؟ چوڭ جازاغا تارتىپ يۇقىرىغا ئەۋەتتى؛ كوزانغا، چۈشەندىڭمۇ؟ ئۇ مېنىڭ كاساپىتىمدىن تۈرمىلەردە سۆرىلىپ يۈرىدۇ، يا ئۆلىمەن، يا ئۇنى قۇتۇلدۇرىمەن ! سېنى بىللە بار، دېمەيمەن. بارمىساڭ تېخى ياخشى. بۇ، يۈزدە توقسان ئۆلۈم دېگەن سۆز، ھوش - كاللىسى جايىدا ئادەم ئۆزىنى ئۆلۈمگە ئاتمايدۇ.

— مەمەت، سەن ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا تەييارمەن، لېكىن بۇ ئوچۇق ساراڭلىق، كۆرۈپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئوتقا ئاتقانلىق. بىزگە ئۇۋال بولىدۇ، ساڭىمۇ ئۇۋال بولىدۇ، قېرىندىشىم ... بولدى، گېپىمنى ئاڭلا، مېنى رەنجىتمە، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىسەن؟ مەمەت، مېنى رەنجىتمە، سەن ئەنە شۇنداق يامان يولغا ماڭساڭ يۈرىكىم دەردكە تولىدۇ. ئۇنداق قىلما، ئاغىنە !

— گەپ قىلما، جاپپار ئاغىنە، ساڭا تىڭ كېلىۋاتامدۇ؟ سۆزلىمەيلا قوي، ئۆلىدىغانلىقىمنى يۈزدەيۈز بىلىپ تۇرساممۇ بارىمەن. مەن مۇشۇنداق ياشاپ نېمە قىلىمەن ! كۆپ سۆزلەپ ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلما !

— ئۆزۈڭ بىل، — دېدى جاپپار، — ئۆزى يىقىلغان يىغلىماس دەپتىكەن !

جاپپار قولىنى مەمەتنىڭ قولىدىن ئاجرىتىپ بىر چەتكە كەتتى.

شەنبە، يەكشەنبە، دۈشەنبە كۈنلىرى مەمەت بىلەن جاپپار بىر - بىرىنىڭ چىرايىغا قارىمىدى. قېچىپ يۈرۈشتى. مەمەت يەك ئەتىگەن تۇرۇپ تاغقا چىقىپ كېتەتتى - دە، قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كېلەتتى.

سەيشەنبە ئەتىگەندە تېخى كۈن چىقماي تۇرۇپ مەمەت ئورنىدىن تۇردى. ئەلى توكۇرنى ئويغاتتى ۋە:
— مەن ماڭدىم، ئەلى ئاغا ! — دېدى.
ئەلى ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.
— بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن يالغۇز چىققىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن چۇقۇر ئوۋانى بىلمەيسەن، مەنمۇ سەن بىلەن بىللە بارىمەن، — دېدى ـ دە، كۈلۈپ قويدى، — مېنى ئوق ئاتالايدۇ دەپ ھېسابلىما. سەن ئاتىسەن، مەن يىراقتا تۇرۇپ تاماشا قىلىمەن. بىر يەرگە مۆكۈنۈۋالىمەن ـ دە، كۆزىتىپ تۇرىمەن. ساڭا چېچەكلى يېزىسىدىن ياخشى بىر ئات تاپىمەن. ئۆزۈممۇ بىر ئاتقا مىنىمەن، ساڭا خەۋەر يەتكۈزۈپ بېرىمەن. ژاندارمىلارغا تاغقا يېقىن بىر يەردە، يەتتى سىتىرىن قومۇشلۇقىدا پىستىرما قۇرىسەن ... سەن تۇرۇپ تۇر، مەن چېچەكلى يېزىسىغا باراي، بولامدۇ؟
خۇشاللىقىدىن مەمەتنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، ئەلى توكۇرنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ سۆيدى.
— سېنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىڭنى قانداقمۇ قايتۇرارمەن، ئەلى ئاغا !
— نېمە ياخشىلىق قىلدىم، قېرىنداشىم، — دەپ بېشىنى قايغۇلۇق ھالدا لىڭشىتىپ قويدى ئەلى توكۇر، — دەرتى قاداشقا تىرىشىۋاتىمەن.
ئەلى كېتىپ قالدى.
بىر ـ ئىككى سائەتتىن كېيىن — كۈن چىققان چاغدا غارنىڭ ئۈستىدە دۈكۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە ئاتنىڭ ھاسىرىغان ئاۋۋازى كەلدى. مەمەت سىرتقا چىقتى.
— ئەلى ئاغا ! — دېدى، — ياشاپ كەت !
— بۇ، تويىنىڭ ئېتى ! قارا، ئاتنى راسا بېزىدىم.
ئاتنىڭ بويىنغا كۆك مونچاقلار، رەڭگارەڭ لېنتىلار ئېسىلغان. ئېگىرى، تىزگىنى زەر بىلەن زىننەتلەنگەنىدى.



— راستلا توي ئېتى ئىكەن !
— يەنە بىر يامغۇرلۇقمۇ ئەكەلدىم، ھەم يامغۇر ئۆچۈن، ئەڭ مۇھىمى ...
— نېمە گەپ؟ — دەپ سىرتقا چىقتى جاپپار.
— ئۈستۈڭگە يېپىنىۋالساڭ قورالىڭنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ، بېشىڭلا كۆرۈنىدۇ. قېنى، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەيلى، — دېدى ئەلى توكۇر.
مەمەت ئاتقا مىندى، ئارقىدىن ئەلىمۇ ئاتلاندى.
جاپپار بوسۇغىدا مىدىرلىماستىن ئۇلارغا قاراپتىتى، سەپىل ئەلىمۇ تۇرۇپ قالدى. جاپپارنىڭ يۈزى ئۆلۈكنىڭ يۈزىدەك سارغىيىپ كەتكەن، خۇددى ھىتىت ھەيكىلى[1] دەك قېتىپلا قالدى.
مەمەت ئاتنى ئىشىك تەرەپكە بۇرىدى، جاپپارنىڭ يۈزىگە قارىماستىن:
— جاپپار ئاغىنە، مەندىن رازى بول، — دېدى تىترىگەن ئاۋازدا، — سەنمۇ رازى بولغىن، سەپىل ئەلى !
جاپپار تۇرقىنى ئۆزگەرتمىدى، راستىنلا ھىتىت ھەيكىلىگە ئوخشاش قىمىر قىلماستىن تۇرۇپ قالدى.
— رازىمەن، قېرىنداشىم ! — دېدى سەپىل ئەلى.
ئۇلار ئاتلىرىنى تۈۋەنگە قاراپ چاپتۇردى.
جاپپار ئۇزاققىچە تۇرغان يېرىدىن مىدىرلىماستىن تۇرۇپلا قالدى.

## 25

يامغۇر يېغىۋاتاتتى. بۇ قىياشلىق كۈندە يېغىۋاتقان يامغۇر ئىدى. ھاۋا بىردەم ئېچىلاتتى، بىردەم سىمىلداپ يامغۇر

① ھىتىت — ئاناتولىيىنىڭ قەدىمكى خەلقلىرى. ئاناتولىيىدە ئۇلارنىڭ ياسىغان ھەيكەللىرى تېپىلغان.

چۈشەتتى. قومۇشلار ھۆللەنگەن، ئۈستىدىن سۇلار سىرغىپ تۆراتتى. يوپۇرماقلاردىكى سۇ تامچىلىرى مونچاق ـ مونچاق بولۇپ، كۈن نۇرىدا پارقىرايتتى.

ئۇ زامانلاردا سىتىرنىڭ ئاستى تەرىپىدە كەڭ قومۇشلۇق بار ئىدى. يول مۇشۇ قومۇشلۇقنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىن، مەرسىنلەر بىلەن قاپلانغان تاغ ئېتەكلىرىدىن ئۆتەتتى.

ئۇلار كىچىككىنە يېزىدىن ئۆتۈپ بۇ قومۇشلۇققا چۈشۈشتى. كۈن پاتقان چاغدا يامغۇرمۇ توختىدى.

— يامغۇرلۇقنى ئېلىپ ياخشى قىلغانمەن؟ — دەپ سورىدى ئەلى.

— ياخشى قىپسەن! — دېدى مەمەت.

— يامغۇرمۇ توختاپ قالدى.

— يەنە ياغىدۇ.

— چۇقۇر ئوۋادا پەسىرما قورۇشقا بۇ قومۇشلۇقتىن ئەپلىك جاي يوق.

— ھەي ئەلى ئاغا، سەن شۇنچىلىك ئىشلارنى قانداق بىلىسەن؟ چۇقۇر ئوۋانى بەش قولدەك بىلىدىكەنسەن.

— ياش ۋاقتىمدا چۇقۇر ئوۋادىن ئات ئوغرىلاپ تاغلارغا ئاچىقاتتىم، چۇقۇر ئوۋانى نېمىشقا بىلمىگەنلىكىمنى ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم. ئۇلارنىڭ مۇشۇ يولدىن ئۆتۈشى ئېنىقمۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەت.

— كوزانغا بارىدىغان ئىككىلا يول بار، بىرى چۇقۇر كۆپرۈنىڭ يولى، يەنە بىرى مۇشۇ. يامغۇر ياغقىنى بەك ياخشى بولدى. پاتقاقتا چۇقۇر كۆپرۈ يولىدىن ماڭغىلى بولمايدۇ. پېتىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلار چوقۇم مۇشۇ يولدىن ماڭىدۇ. بۇ يەر بەك ياخشى، پەسىرما ئۈچۈن بۇ يەردىن ياخشى يەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئىشنى تۈگىتىپلا تاغقا چىقىپ كېتىمەن. جاپپار مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلگەندە ئىدى، بىللە كەلگەن بولاتتى.



جاپپارنىڭ ئېتىنى ئاڭلاش بىلەن مەمەتنىڭ يۈزى تارتىشىپ كەتتى.

— خۇدا ھەققى، ئۇ كېلەتتى، قورقتى، كۆپكۆندۈزدە، تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا تۇتۇلۇشىمىزدىن قورقتى، — دېدى ئەلى توكۇر.

مەمەت يەنە جىم بولدى.

— جاپپار قورقتى، — دېدى ئەلى، — ئۇ شۇنچىلىك قورقتىكى ... ئۇ قانداق قوۋۇ ـ ھە؟ چۇقۇر ئوۋاغا چۈشكەن قاراقچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، بىرەرىنىڭمۇ تاغقا قايتىپ چىقالمىغانلىقىنى ئۇ ياخشى بىلىدۇ.

— بىرەرىمۇ قۇتۇلمىدىمۇ؟ — دەپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى مەمەت.

— ھەئە، بىرىمۇ! — دېدى ئەلى توكۇر.

ئۇلار يېمەك تۈگۈنىنى ئېچىپ، يېمەكلىكلىرىنى يېيىشكە باشلىدى. يېمەكلىرىنى ئاستا ـ ئاستا چايناپ يۇتاتتى.

— مەن شەھەر يولىغا قاراپ ماڭاي، — دېدى ئەلى توكۇر، — ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلەي، سەن تاغقا چىقىپ ئۇخلىۋال. سەھەرلىكى قومۇشلۇققا كىر، ئاتنى قومۇشلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر يەرگە باغلاپ قوي، كۆرۈنمىسۇن، ئۆزۈڭ يولنىڭ ئاغزىدا ساقلا. مەن ماڭاي، ئۇلار ئەتىلىككە نامازدىگەرلەردە مۇشۇ يەردە بولىدۇ.

ئەلى توكۇر ئېتىغا مىنىپ شەھەرگە قاراپ چاپتۇردى.

توكۇر كۆزدىن يوقىلىش بىلەنلا مەمەتمۇ ئېتىغا مىندى، تاغقا چىقىپ كەتتى. تاشتىن قوپۇرۇلغان ئوچاقنىڭ ئىچىگە چۈشۈۋالدى. ئوچاققا سۇلار يىغىلىپ قاپتۇ. بىراق بۇ يەر ساقلىنىشقا ئەپلىك ئىدى. يامغۇر ياغسىمۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە چۈشمەيتتى، خۇددى ئۆڭكۈرگە ئوخشايتتى. ئوچاقنىڭ ئىچى سۇغا توشۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ يەرگە تاش يىغىپ تاشلىدى. ئاتنى ئوچاق بېشىدىكى تۇۋا دەرىخىگە باغلاپ قويدى،

ئۆزى يامغۇرلۇققا ئورىلىپ، تاشلىغان تاشلىرىنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ياتتى. بىردەم ئۇخلايتتى، بىردەم جۆيلۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. شۇنداق قىلىپ تاڭنى ئاتقۇزدى.

تاڭ ئېتىش بىلەن ئاتقا مىنىپ قومۇشلۇققا كەلدى. ئېتىنى قومۇشلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە يېتىلەپ كىرىپ، بىر قومۇشنىڭ يىلتىزىغا ياخشىلاپ باغلىدى.

مەمەت ئاخشامدىن بېرى خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى – بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىيتتى. ئۇ بىر تۈپ قومۇشقا يۆلىنىپ ئولتۇردى. قومۇشقا تۈپ – تۈپ سېرىق ھەرە قونۇشاتتى. قومۇشلارغا ئۆمۈچۈكلەر تور ياغلىغانىدى. قومۇش پۆپۈك چىقارغان، پۆپۈكلىرىنى بولسا چاڭ – توزانلار باسقانىدى. قومۇشلارنىڭ پۆپۈكلىرىدە كۈن نۇرى پارقىرايتتى.

دۇنيادا ئادەم ساقلاشتىن قىيىن ئىش يوق! ساقلىدى، قانچە ۋاقىت ئۆتتىكىن؟ ... چۈش بولدى، تۈزلەڭنى نەم ئىسسىق قاپلىدى. ئامازدىگەر بولدى، ئۇدۇلدىكى تاغلارنىڭ سايىلىرى شەرققە قاراپ ئۇزاردى. بۇ چاغدا مەمەت بىر قومۇشنىڭ يىلتىزىغا يۆلەكلىك مىلتىقنى ئالدى. يول ياقىسىغا يېقىن يوغان بىر قومۇشنىڭ يىلتىزى تۈۋىدىكى چوڭقۇرلۇققا چۈشتى. بىردەم – بىردەم يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ شەھەر تەرەپكە قاراپ قوياتتى، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. چىشىنى چىشلەپ تۇراتتى. بىكاردىنلا تۈزلەڭگە ئوق ياغدۇرغۇسى كېلەتتى، تەگسە بولسىمۇ مەيلى، قومۇشلۇققا، يوللارغا قارىتىپ ئاتقۇسى كېلەتتى. غەزىپىدىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالمايتتى، ھەر مىنۇت بىر يىلدىن ئارتۇق تۇيۇلاتتى.

ئاخىر خەنجىرىنى چىقىرىپ ئازگالنى كولاشقا باشلىدى. بارلىق كۈچى بىلەن كولايتتى. تۇپراقنى ئوچۇمى بىلەن سىرتقا ئاتاتتى. مەمەت ھاسىرىغان پېتى يولغا چىقتى، ھېچكىم يوق، قوللىرىنى ساڭگىلاتقان پېتى تۇرۇپ قالدى. يە كېلىۋاتقان، يە كېتىۋاتقان بىرەرى كۆرۈنمەيتتى. ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئازگالدىن



مىلتىقنى ئالدى – دە، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇردى. كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى. يولنىڭ ئۇ بېشىدا قىمىرلىغان قارا كۆلەڭگە كۆرۈندى. قارا كۆلەڭگە بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى. يۈرىكى سېلىپ كەتتى، شۇنداق بولسىمۇ قومۇشلۇققا كىرمىدى. قارا كۆلەڭگىلەر يېقىنلىشىپ، تۆت ژاندارمىنىڭ ئالدىدا ئىككى خوتۇن كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق پەرق ئەتكەندىن كېيىنلا مەمەت قومۇشلۇققا كىردى. ئۇدۇلدىكى تاغنىڭ ئۈستىدىن كۈننىڭ يېرىمىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەمەت ژاندارمىلارنىڭ ئەڭ ئارقىسىدىكى ئېگىز بويلۇقنىڭ پۇتىغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. ژاندارما ۋارقىرىغان پېتى تولغىنىپ يەرگە ياتتى. مەمەت ئوڭ ۋە سولغا ئاپتوماتتەك ئوق ئاتاتتى. ژاندارمىلار ئېسىنى يوقىتىپ قويۇشتى.

— ھەي، ئالدىڭلاردا مەمەت ئاۋاق تۇرىدۇ! ئايالالارنى تاشلاپ قېچىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى مەمەت.

يەنە بىر ژاندارما چىرقىراپ يەرگە يىقىلدى، قالغان ئىككىسى ئۆزلىرىنى يولنىڭ چېتىدىكى سۇلۇق خەندەككە ئاتتى ۋە مەمەتكە قارشىلىق بىلدۈرمەك بولدى. قاراڭغۇ چۈشتى. يامغۇر يەنە سىم – سىم يېغىشقا باشلىدى. ئايالار يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېتىپ قالغانىدى. ئىككىسىمۇ قورقىنىدىن دىر – دىر تىترەيتتى. كېيىن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پاتقاقلىقتا ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

— ھەي ژاندارمىلار، بېرىپ ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىڭلار! بىز بىلەن ئېتىشماڭلار! سىلەر توپۇڭلار بىلەن كەلسەڭلارمۇ تەڭ كېلەلمەيسىلەر!

ئوق تەگكەنلەرنىڭ داد – پەريادى، ئىڭراشلىرى كۆككە يېتەتتى.

— يارىدار بولغانلارنى ئەكېتىڭلار! ئۇلارنى ئېلىپ يولۇڭلارغا مېڭىڭلار!

ژاندارمىلار ئوق ئېتىشنى توختاتتى. ئاياللارمۇ سەل – پەل

ئېسىنى يىغىۋېلىشتى.

ئىراز خەدىچەنى تۇرتۇپ:

— ۋاي كۆزى كور بولۇپ كەتكۇرلەرەي، قېنى، ئاستا ـ ئاستا مەمەتنىڭ قېشىغا بارايلى، — دېدى.

— بېشىغا كەلمىگەن مۇشۇ ئىش قالغانمىدى؟ — دېدى خەدىچە، — بويتۇ، بارايلى.

ئۇلار يول بويى گەپ ـ سۆزسىز مېڭىشتى.

— مەمەت! — دېدى خەدىچە.

— كەلدىڭلارمۇ؟

ئۇلار قاراڭغۇدا بىر ـ بىرىنى كۆرمەيتتى. مەمەت چوڭقۇرلۇقتىن يولغا چىقتى. قاراڭغۇدا سايىدەك كۆرۈنگەن ئاياللار تەرەپكە ماڭدى، ئۇلارنى يېتىلەپ قومۇشلۇققا — ئاتنىڭ يېنىغا ئەكەلدى. ژاندارمىلار تېخىچە ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە ئوق ئاتاتتى. ئات ئاياغ تاۋۇشلىرىنى ئاڭلاش بىلەن ئۇرۇن ـ ئۇرۇن كىشنىدى، مەمەت ئاتنى يەشتى:

— بۆنىڭغا مىنىڭلار، ئارقامدىن مېڭىڭلار! — دېدى مەمەت.

ئۇلار قومۇشلۇقتىن چىققان چاغدا ژاندارمىلار ئېتىشتىن توختىمىغانىدى. ئەمدى ئۇلار يارىدار مەيداشلىرى بىلەن گەپلىشىۋاتاتتى.

تاغ ئېتىكىگە قاراپ ناقىلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، تاشلارنى شاراقلىتىپ بولۇشىچە ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر ئادەم ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى ـ دە، بىرئازدىن كېيىن كەينىگە ياندى. مەمەت بۇ ئەلى توكۇر بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

— مەمەت ئاۋاق، ھەي مەمەت ئاۋاق! — دېگەن پەس ئاۋاز ئاڭلاندى.

— بىز بۇ يەردە، مەيەرگە كەل، ئەلى! — دەپ ۋارقىرىدى مەمەت.

ئەلى ھاسىرىغان پېتى ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى ۋە



ئاتتىن چۈشتى.

— ئۆكام مەمەت، بۇ ئاتنى مىن، چىچەكلى يېزىسىدىكىلەرگە تاپشۇرۇپ بەرسەڭ بولدى. بۇ يەردە تۇرما، ئاقچەتاغقا چىقىپ كەت. ئەتىلىككە ئاسىم چاۋۇش ھەممە ژاندارمىسىنى باشلاپ كېلىدۇ، تۇتۇلۇپ قالما. مەن ساڭا يېتىشىۋالىمەن. بۇ كېچە قانداق قىلىپ بولسۇن چىچەكلى جىلغىسىغا بېرىۋال. ئۇ يەردىن ئاقچەتاغقا چىقىپ كەت! ... تۇرمىغىن، ئېتىڭنى بولۇشىچە چاپتۇر، خەير، خۇدايىمغا ئامانەت!

ئەلى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراڭغۇلۇققا كىرىپ كەتتى.

— قىلغان بۇ ياخشىلىقىڭنى زادى ئۇنتۇمايمەن، ئەلى ئاغا! — دېدى مەمەت.

مەمەت ئەلى توكۇر قالدۇرۇپ كەتكەن ئاتقا مىندى.

— خەدىچە، كېلە، ئارقامغا مىنگىن!

خەدىچە ئۆز ئېتىدىن چۈشۈپ مەمەتكە مىنگەشتى.

ئۇلار قاراڭغۇدا تاغقا قاراپ ئات چاپتۇرۇشتى. بىرنەچچە قېتىم يولدىن ئېزىپ، كېيىن يەنە تېپىۋېلىشتى. كۈن چىقماستىن چىچەكلى يېزىسىغا كەلدى. تۈپتوغرا يېزىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۆتتۈر كەلگەن بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى.

— تاشقىرىغا چىقىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى مەمەت.

ئۇن سەككىز ياشلاردىكى بىر يىگىت ئىشىكنى ئاچتى. يىگىت مېھمانلارنى كۆرۈپ خۇشال بولدى. كۈلۈمسىرىگەن پېتى كېلىپ ئاتلارنى ئالدى ـ دە، ئېغىلغا ئەكىردى. ئاتلار كۆپۈكلىشىپ كەتكەنىدى.

خەدىچە بىلەن ئىراز ئىككى پۈكلىنىپ قالغانىدى. تىترىگەندەك قىلاتتى. يۈزلىرى قاراڭغۇدا بىئارام، تەشۋىش ئىچىدە تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇلار ئىچكىرىگە كىرىشتى. بۇ ئۆينىڭ ئاياللىرى ئوچاققا ئوت يېقىپ، ئوچاق بېشىغا ئورۇن راسلاپ قويۇشقانىدى. مېھمانلار ھارغىنلىق بىلەن ئولتۇرۇشتى.

— ساھىبخانىلار ! — دېدى مەمەت. — مەن ئىككى كۈندىن بېرى ئاچمەن.

— مانا ھازىرلا، مەمەت ئاۋىقمىسىز ! — دېيىشتى ساھىبخانىلار.

## 26

ئابدى مۈكچىيىگەن، ئورۇقلاپ قوۋۇزى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئەتىگەندىمۇ، كەچقۇرۇنلىرىمۇ مەمەت ئاۋاق توغرىسىدىكى گەپلەردىن قۇلىقى خالىي بولمايتتى. بۇنىڭغا غەزىپى تاشاتتى. بىراق نېمە ئىلاج؟ ئادەملەرنىڭ ئاغزى بوغۇپ قويىدىغان تاغار ئەمەس ـ دە !

ئابدى غەزىپىدىن بازارغا سىغماي يۈرەتتى. ماراشلىق مۇستاپا ئەپەندىنىڭ دۈكىنىدىن تەۋپىقنىڭ قەھۋەخانىسىغا، تەۋپىقنىڭ قەھۋەخانىسىدىن رەمزى خورازنىڭ باققاللىق دۈكىنىغا، ئۇ يەردىن ئەرز يازغۇچى سىياسەتچى ئەخمەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ـ كېلىپ يۈرەتتى. بارغانلا يېرىدە باشقىلارنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرماستىن سائەتلەپ سۆز قىلاتتى.

— مانا كۆردۈڭلارمۇ، كۆردۈڭلارمۇ ئۇنىڭ قانداقلىقىنى؟ تېخى ئۇنى كىچىك بالا دېيىشلەر. مەن ئۇنى بىلمەيتتىممۇ؟ ئۇ كاپىرنىڭ ئوغلى، دۈيۈز. شۇنى ياخشى بىلىپ قويۇڭلاركى، يەنە ئابدى ئېيتمىغان دېمەڭلار. ئۇ، تاغلاردا ھۆكۈمەت قۇرىدۇ، جەزمەن قۇرىدۇ. مېنىڭ يەرلىرىمنى، دادامدىن قالغان ھۆججىتى بار يەرلىرىمنى دېھقانلارغا توي قىلىپ تارقىتىپ بەرگەن ئادەم ھۆكۈمەت بولماي نېمە؟ ئۇ ھۆكۈمەتنى ئېلان قىلىدۇ. ئەنقەرەگە مىڭ قېتىمدىن ئارتۇق تېلېگرامما ئەۋەتتىم. يا بىرەرى جاۋاب بەرمىدى، يا ھال سوراپ قويمىدى ... بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى ئاجايىپ بىر ئىش. بىلسەڭلار قېرىنداشلار ! بىر قاراقچىنىڭ قولىغا تاشلاپ قويغانمۇ بارمۇ؟ بىر پولك ئەسكەر



ئەۋەتسۇن، ئۇلارنىڭ يىلتىزىنى قىرقسۇن ! ياشا دېمىسىز ياشا ! ھۆكۈمىتىمىزگىمۇ تىل تەگكۈزمەيمەن، تەگكۈزەلمەيمەن. ئەپەندىم. لېكىن، نېمە ئۈچۈن بىزنى بىرقانچە قاراقچىغا قول قىلىپ بېرىدۇ؟ ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ گۇناھ ئەمەسمۇ؟

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە يارىدار ژاندارمىلارنى شەھەرگە ئەكېلىشتى ... بۇ ئىش ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. ھەممە ئادەم مەمەتنى قوللايتتى.

ئابدى ئاغىمۇ بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئۇيان ـ بۇيان ماڭاتتى. پەشلىرىنى تۇتۇپ ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشمايتتى. بىراق، ئۇچرىغانلا ئادەمگە:

— سىلەرگە دېمىدىممۇ؟ — دەيتتى.

مەيلى تونۇسۇن، تونۇمىسۇن ھەممىلا ئادەمگە:

— مەن دېمىگەنمىدىم؟ — دەپ ئۇتۇپ كېتەتتى.

ئاخىر تەۋپىقنىڭ قەھۋەخانىسىغا كىردى. بېشىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى ۋە قىمىرلىماستىن ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ چۈشلۈك تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇ شۇنداق مۈگدەپ ئولتۇرغاندا بىر خىزمەتكار كېلىپ:

— ئاغام سىزنى كېلىپ كەتسۇن دېگەنىدى، — دېدى.

ئابدى بېشىنى ئېغىر كۆتۈرۈپ خۇشياقماستىن سورىدى.

— نېمە؟

— ئاغام سىزنى كەلسۇن دېگەنىدى.

ئابدى ئورنىدىن تۇردى. بېشى يېرىلغۇدەك قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى.

ئەلى سايا باي ئابدى ئاغىنى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە ئۇنى قولتۇقلاپ تۇرۇپ:

— ئۆيگە كىر، ئاغام، قېنى ئۆيگە، بىزنى ئۇنتۇپلا كەتتىڭ ! — دېدى.

ئابدى ئاغا بېشىنى كۆتۈردى، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىغا قان تولغانىدى. ئۇ ئەلى سايا باينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە ئۇزاققىچە

قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— دېمىدىممۇ؟ — دېدى.

ئەلى ساپا باي كۈلۈمسىرەپ قويدى:

— ئالدى بىلەن ئۆيگە كىر! كېيىن سۆزلىشىمىز.

— مەن دېمىگەنمىدىم؟

ئابدى ئاغا پەلەمپەيدىن ھاسىراپ، ئوتتۇرىدا تۇرۇۋېلىپ ئاران چىقتى ۋە ئۆيگە كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى:

— ئۇھ، مەن دېمىدىممۇ؟

قەھۋە كەلتۈرۈلدى، قولىدىن چىنە چۈشۈپ كېتىدىغاندەك، ئاغزىدىن قەھۋە تۆكۈلىدىغاندەك قىلاتتى ...

ئەلى ساپا باي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى:

— يائاللا، ئابدى ئاغا! سەن بۇ شەھەرنى ئوق ئاستىدا قالدۇرىدىغان بولدۇڭ. شۇنچە ئەرز يازدۇرغىنىڭ تېخىمۇ؟ ھۆكۈمەت ئەمدى ئارمىيەنى ئەۋەتكۈدەك، شەھىرىمىز ئۈچۈن ئەيىب ئەمەسمۇ؟ نومۇس ـ دە؟ ئىككى شۆمتەكنىڭ تاغقا چىقىشى بىلەن شەھىرىمىزنىڭ يامان ئاتىقى چىقسۇنمۇ؟

ئابدى ئاغا چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ ئىنجىقلىدى ۋە بېشىنى چايقىدى:

— ھەي ئوغلۇم ئەلى ساپا باي، ئابدى ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشنى بىلەمتىمۇ؟ نېمە قىلىپ قويۇشنى بىلەلەيتتىمۇ؟ ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، تىرىك قويمايدۇ ئۇ! نېمە قىلىشىمنى بىلەلمىدىم، يۈرەك ـ قولۇم ئىختىيارىمدا ئەمەس. ماڭا ئۆلۈم ئېغىر كېلىۋاتقىنى يوق، ئېغىر كېلىۋاتقىنى مۇشتۇمدەك بالىغا يوغان بىر ھۆكۈمەتنىڭ كۈچى يەتمەيۋاتقانلىقى! ماڭا ئەلەم قىلغىنى بۇلا ئەمەس، ئەلى ساپا باي، دەردىمنى سورىمايلا قوي، ئەھۋالىمنى سورىما! بۇلارغۇ ئاتچە ئەلەم قىلىپمۇ كەتمىدى، يامىنى ئۇ يېزىلارغا بېرىپ يەرلىرىمنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىپتۇ. ئابدىنى ئۆلتۈردۈم، كۆيدۈرۈۋەتتىم، دەپتۇ. مۇشۇ ئىش



چىشىمغا تېگىدۇ، جېنىمنى چىقىرىدۇ. ئۇ بىزنى قورقۇتۇۋاتىدۇ! ئەلى ساپا باي، مەن ئۆلۈمىمگە ئېچىنىۋاتقىنىم يوق. مەن بىر ئايىغى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەممەن، بۈگۈن بولمىسا ئەتە ئۆلىمەن، دۇنياغا تۇۋرۇك بولمايمەن. ئەتىلا يەنە بىرى چىقىدۇ، ئۇ سېنىڭ يەرلىرىڭنى بۆلۈپ بېرىدۇ، ئۈگۈنلۈككە بىرى ... ئىندىنلىققا بىرى، يەنە بىرى ... مەن شۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن!

ئەلى ساپا باي ئابدى ئاغىنىڭ مۈرىسىگە قېقىپ قويدى:

— ياق، ئابدى ئاغا، ئۇنداق قىلالمايدۇ، خاتىرجەم بول. ئۇلار جاجىسىنى يەيدۇ، خاتىرجەم بول!

ئابدى ئاغىنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ، ساقاللىرى كېرىلىدى ۋە يۈزلىرىگە قان يۈگۈردى.

— بۈگۈن ماڭا كەلگەن بولسا، ئەتە ساڭا كېلىدۇ. مەن مۇشۇنىڭدىن قورقىمەن. تاغلاردا قاراقچى بولسا نېمە بوپتۇ، خالىغانچە يۈرۈۋەرسۇن، قاراقچى دېگەن نېمە ئىدى شۇنچە؟ ... ئەمما مېنى قورقۇتۇۋاتقىنى بىر مەسىلىسى ... دېھقانلارنىڭ مېڭىسىگە بىرنەرسە كىرىۋالدىمۇ، بولدى، ئۇلارنى توسقىلى بولمايدۇ. ئۆلتۈرۈلۈشۈمدىن ئەمەس، ئەنە شۇنىڭدىن قورقىمەن! ئەلى ساپا باي، سىلەرغۇ بىلىسىلەر، مېنىڭچە بولسا بۇ بالا ھازىرلا، بىر كۈنمۇ كېچىكتۈرۈلمەي ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك. بۇ بالا ئىشەكنىڭ ئەقلىگە تاۋۇز شاپىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. كۈن ئۆتسىلا ئۇنىڭغا يۈرسەت تېپىلىدۇ. يائاللا ئوغلۇم، بۇ تاۋۇز مەسىلىسىنى ئېسىڭدىن چىقىرىپ قويما! ۋايۋايلىغىلارمۇ ئۇنىڭدىن مەدەت كۈتمەكتە!

ئەلى ساپا باي ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پىسەنت قىلماستىن كۈلەتتى.

— چۈشىنىۋاتىمەن، ئاغام! دېگەنلىرىڭنى بىلىۋاتىمەن. بىراق، سەن قورقما، بۈگۈن بولمىسا ئەتە ئۇنىڭ كاللىسىنى ئەكېلىپ ئىشىكىڭنىڭ ئالدىغا ئاسىدۇ. زادى قورقما! ئاسىم چاۋۇش بىر پولك ژاندارما بىلەن ئەللىك پىدائىينى قارا

ئىبراھىمغا قوشۇپ قوغلاشقا ئەۋەتتى. ژاندارما دېگەن ژاندارمىغۇ، ئىبراھىم قارا كونا قاراقچى، قاراقچىلىقنىڭ يولىنى، قائىدىسىنى ۋە تاغ يولىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇلارغا «مەمەت ئاۋاقنىڭ كاللىسىنى كېسىپ بىر خادىغا ئىلىڭلار، ئايدى ئاغىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا تىكىڭلار» دېدىم. ئۇلار ئۇنى ئورۇنلايدۇ.

— ئۇ بىر كۈنمۇ ئارتۇق ياشىيالماسلىقى كېرەك، بىر كۈن تىرىك قالسا بولمايدۇ. ئىنشائاللا، شۇنداق بولار، دېگىنىڭ كەلسۇن! — دېدى ئايدى ئاغا.

— ئىنشائاللاڭ نېمىسى؟ چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، سەن ئىبراھىم قارىنى بىلەمسەن؟

— ھە، ئەتە شۇ!

ئايدى ئاغا بىر ئاز ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۇمىد ئىشىكلىرى ئېچىلىۋاتاتتى.

— ئىبراھىم قارا ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەلەيدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن. سەن ھېلىقى ۋاليۋاينىڭ ئىشىنى ...

ئەلى سايا باي سۆزىنى شۇ يەردە توختىتىپ قويدى.

— قەلەيچى ئۆلگەندىن كېيىن ئىشلار يامانلىشىپ كەتتى. ئۇلار قورقمايدىغان بولۇۋالدى. مۇشۇنداقلا كېتىۋەرسە ...

— ئالدى بىلەن شۇ ھارامى بىر يوقىتىلسۇن! ...

— يوقىتىلىدۇ.

## 27

دېھقانلار ژاندارمىلاردىن زار - زار قاقشايتتى. مەمەتنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىققان ژاندارمىلار ناھايىتى جىددىي بۇيرۇق ئالغانىدى: «مەمەت ئاۋاقنىڭ مەيلى ئۆلۈكىنى، مەيلى تىرىكىنى چوقۇم ئەكېلىسىلەر، بولمىسا! ...» بۇيرۇقنىڭ «بولمىسا»سىمۇ بار ئىدى. مۇنداق بۇيرۇقنى ئالغانلار قايسى تاغلىق يېزىغا بارسا،



ئۇ يەردە بىر قىيامەت كۆتۈرەتتى. تاياق يېمىگەن ھېچكىم قالمايتتى. بالىچاقىلاردىن تارتىپ پۈتۈن يېزىلىقلارنى داد - پەرياد دېگۈزۈۋېتەتتى. بىراق، ھېچكىم مەمەت ئاۋاقنىڭ تۇرغان يېرىنى بىلمەيتتى. ھېچكىم ئۇنى ئىزدەشكە چىقمايتتى. يول باشلىغۇچىلارمۇ خاتا يولغا باشلاپ قوياتتى. مەمەتنىڭ گۇناھسىز بىر قىزنى تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشى تاغلىق يېزىلاردا، دەگىرمەن ئۆلۈكتە تىللاردا داستان بولۇپ كەتكەنىدى. ھەممە ئادەم ئىشلىرىنى تاشلاپ، ھەممە يەردە مەمەت ئاۋاقنىڭ گېپىنى قىلىشاتتى ... خەدىچەنىڭ ژاندارمىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنىشى ھەققىدە كۈندە ئونلارچە قوشاق توقۇلاتتى.

قومۇشلۇق ۋەقەسى بولۇپ ئىككى كۈندىن كېيىن ژاندارمىلار دەگىرمەن ئۆلۈكقا كەلدى. ئۇلارنىڭ تەلەتى يۈزلىرىگە قونغان چىۋىن قىرىق پارچە بولۇپ كەتكۈدەك دەرىجىدە تۈرۈلگەنىدى. ئۇلار توپتوغرا دۇرمۇش ئەلىنىڭ ئۆيىگە باردى. بۇ قېرىنى ئىشىك ئالدىدا تۇتۇۋېلىپ پالاققا تارتتى. ئاغزىدىن بىر ئېغىز سۆز چىقمىدى. سوراق قىلدى، قورقۇتتى، ھېچ نەرسە چىقمىدى. كېيىن مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. بوۋاينىڭ خوتۇنى ھۆرى-موماي تاياق يەۋاتقان بوۋاينىڭ بېشىدا قۇشتەك ئايلىنىپ ۋىچىرلايتتى. ئاغزىغا نېمە كەلسە شۇنى دەيتتى. بىر ژاندارمىنىڭ مىلتىق پاينىكى ئۇنىمۇ ئۇجۇقتۇرۇپ قويدى.

ژاندارمىلار ئىككى قېرىنى قان ئىچىدە ھويلىغا تاشلاپ باشقا ئۆيلەرگە كېتىشتى. كەچ كىرگۈچە بىرمۇنچە ئادەمنى تاياقتىن ئۆتكۈزدى. كېچىسى ئايدى ئاغىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشتى. ئەتىگەندە تۇرۇپ يەنە ئۇرۇشنى باشلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئۇلار ئۇرۇۋېرىشتىن بىزار بولغان ۋە مادارىمۇ قالمىغانىدى. ھەر قانداق ئىشنىڭ بىر ئىلاجى تېپىلاتتى. ئەمدى ئۇلار دېھقانلارنى بىر - بىرىنى ئۇرۇشقا سالدى.

شۇنداق قىلىپ، مەمەت ئاۋاقنىڭ سەۋەبىدىن تاغلىق دېھقانلار ئىسكەنجىگە چۈشكەن، ژاندارمىلارنىڭ تايىقى سۆڭەك -

سۆزگىسدىن ئۆتكەنىدى.

مەممەت ئاۋاق ئەلى تېغىغا بېرىۋالغانىدى. ئەلى تېغى قورقۇنچلۇق تىك قىيالىق بولۇپ، ئۇزۇن مۈڭگۈزلۈك يوز بۆغىلارنىڭ ماكانى ئىدى. قىيا تاشلار پىچاقتەك ئۈچلۇق، ئۈستىدە ماڭغىلى بولمايتتى، تىلسۇپەتتى. چاقماق تېشىدىن يىنا بولغان تاغ دېگەن گەپ بارغۇ؟ مانا بۇ شۇنداق تاغ ئىدى. تاغ ئېتىكىدە ئۆسكەن دەرەخلەر يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى شالاڭلىشىپ باراتتى. تاغ چوققىسى تاپتاقىر ئىدى. يىلنىڭ تۆت پەسلىدە قار ئۆكسۈمەيتتى.

«ئاپپاق قارلىق ئەلى تېغىنىڭ چوققىسى، سوغۇق چۈشتى يېتىپ بولماس كېچىسى.»

مەممەت ئەلى تېغىنى بۇغا ئوۋلاپ يۈرگەن چاغلىرىدا ياخشى كۆرۈۋالغانىدى، تاشقىرىدىن تارتىپ ئۆڭكۈرلىرىگىچە بىلەتتى.

تاغنىڭ چوققىسىدا بىر غار بار ئىدى. يىراق، ئۇ يەرگە بارىدىغان يول يوق ئىدى. بەش يۈز مېتىر ئېگىزلىكتىكى قىيانىڭ ئۈستىگە ئېسىلىپ، يامىشىپ، تىرمىشىپ چىقىش كېرەك ئىدى.

چېچەكلى جىلغىسىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇلار قورشاۋدا قالغان، تۆت تەرىپىدىن ژاندارمىلار قىستاپ كەلگەنىدى. ئىبراھىم قارىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرمۇ يېتىپ كەلدى، بۇ يەرنىڭ پادىچىسى، دېھقىنى، ياغاچچىسى ھەممىسى مەممەتكە خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇراتتى. مەممەت ھەر كۈندىكى ئىشنى شۇ كۈنىلا بىلىۋالالايتتى. ئىراز بىلەن خەدىچە قاتتىق چارچىغان، ئاياغلىرى ئىششىپ كەتكەن، شۇڭا ئۇلار چېچەكلى تېغىدا قالغانىدى. ئىبراھىم قارا ۋە ژاندارمىلار چېچەكلى تاغلىرىنى تىنتىپ بولۇپ، يۇقىرىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. سەپىل ئەلىنىڭ تاغىسىنىڭ پادىچىسى مەممەتكە: «يۈزتۈنلەي قورشىۋېلىندىڭلار، قېچىڭلار، بولمىسا ئۆلتۈرۈلىسىلەر!» دەپ خەۋەر ئەكەلدى. قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. بىر كۈنى تاڭ يورۇش



بىلەنلا توقۇنۇش باشلاندى. ژاندارمىلار تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلاتتى. مەممەت ئوقلىرىنى ئاياپ ئىشلىتەتتى. پەقەت ئالدىغا چىققانلارنىلا قارىغا ئېلىپ ئاتاتتى. ئالسىم چاۋۇش ھە دېسە: «تەسلىم بول!» دەپ ۋارقىرايتتى. مەممەت: «ماقۇل!» دېيتتى - دە، ئارقىسىدىنلا ئوق چىقىراتتى.

تاغنىڭ يامزىلىغا قوغدىدەك ژاندارما يېپىشقانىدى. ئۇلار قىمىر قىلالمايتتى. مەممەتنىڭ مىلتىقى قىزىپ كېتىپ ئىچىدە ئوق تۇرۇپ قالدى. مىلتىقنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن توپىغا سۈركىدى، تاپانچىسىنى ئىشقا سالدى. خەدىچە قورققىنىدىن دىر - دىر تىترەيتتى، بۇنىڭغا مەممەت كۈلەتتى. مەممەت قارا تەرگە چۆمۈلگەنىدى، قولتۇقىدىن، دۈمبىسىدىن تەر ئاقاتتى. تەر قۇرۇغان يەرلەردە ئاپپاق شور ئۆرلەپ قالغانىدى.

ئىراز مەممەتكە ياردەم قىلاتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە مىلتىقنى سوۋۇتۇپ، ئىچىدىكى ئوقنى چىقاردى. مەممەت مىلتىقىنىڭ قايتا قولىغا تەگكەنلىكىدىن خۇشال بولدى. كەچ كىرەي دېگەندە ژاندارمىلار نېمە ئۈچۈندۇر ئېتىشنى توختاتتى. بۇ، ئىبراھىم قارىنىڭ ھىيلىسى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى چېكىنگەندەك، سوقۇشۇشتىن ۋاز كەچكەندەك قىلىپ كۆرسىتىپ، قورشاۋ ئىچىدىكىلەر بېكىنگەن جاينى تاشلاپ قېچىشقا باشلىغاندا، ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ يوق قىلىشماقچى بولغانىدى. مەممەت بۇنى بايقاپ قالدى.

ژاندارمىلار چېكىنىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ سىيرىلىپ تۆۋەنگە چۈشۈشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇلارنى چىقىمغا ئۇچرىتىش لازىم ئىدى، چېكىنىۋاتقاندا ھۇجۇم قىلىش قارشى تەرەپنى چىقىمغا ئۇچرىتىشنىڭ يېگانە چارىسى. مەممەت تۇرغان يېرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يۈگۈردى. خەدىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پەرياد ئۆرۈپ قالدى. مەممەت پىسەنت قىلمىدى. مەممەتنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى، توختىماي ئوق ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ژاندارمىلار تېگىرقاپ

قېلىشتى ۋە تۆۋەنگە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. كۈن ئولتۇرغۇچە مەمەت ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى. مەمەت قايتقاندا تۈن تەڭ بولغانىدى. مەمەت كېلىشى بىلەنلا خەدىچە يىغلاپ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلدى، ئۇ يىغىسىنى توختىتالمايتتى.

ئىراز ئۇنى تۇتۇپ تارتتى:

— نېمە دېمەكچىسەن، كور بولۇپ كەتكۈر؟ قىيامەت قايىم بولدىمۇ ! نېمە بولدى؟ قاراقچىلىق مۇشۇنداق بولىدۇ. قاراقچىنىڭ خوتۇنى ھەرقانداق ئىشقا كۆنۈشى كېرەك. ئۈنۈڭنى چىقارما ! ھەي كۆزى كور بولۇپ كەتكۈر، بۇ بالا سېنى قۇتقۇزۇۋېلىپ بېشىغا بالا تېرىغان ئوخشىمامدۇ؟

مەمەت ھاسىراپ تۇرۇپ:

— سىلەرگە بىر نەرسە دەي، — دېدى.

— دېگىن ! — دېدى ئىراز.

— بۇ يەردە تۇرساق ئىشىمىز چاتاق. قېچىشىمىز، ئىزىمىزنى يوقىتىشىمىز لازىم. چىشىڭلارنى چىشلەڭلار. ئەلى تېغىغا چىقايلى. ئەتراپىمىز ژاندارمىلار بىلەن تولغان. باشقا ئىلاج يوق. بىر ھەپتىلىك ئوزۇقىمىز بار، ئىككى كۈندە ئەلى تېغىغا يېتىپ بارىمىز. ئۆيىمىزمۇ بولىدۇ. مەن ياخشى بىر يەرنى بىلىمەن. ئۇ يەرنى ھېچكىم تاپالمايدۇ. بۇغا ئوۋلاپ يۈرگىنىمدە بىر ياردار بۇغا شۇ يەرگە كىرىۋالغانىدى. شۇنىڭدىن بىلىۋالغانىدىم، ئۇ يەردە ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ياشايمىز.

— ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئەمەس، كەچۈرۈم ئېلان قىلىنغۇچە ياشايمىز. كېلەر يىلى ئومۇمىي كەچۈرۈم قارارى چىققۇدەك. ھۆكۈمىتىمىزنىڭ قۇرۇلغان كۈنى ئېلان قىلغۇدەك، شۇ چاغقىچە ياشايمىز، — دېدى خەدىچە.

— كەچۈرۈممۇ؟ — دېدى مەمەت، — يۈرەگىردىكى يەر... شۇ ئىشنى قىلماستىن بولمايدۇ...ئۇلار شۈك بولۇپ قېلىشتى. كېچە جىمجىت ئىدى.

— كەچۈرۈم ئېلان قىلىنغۇچە ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى، —



دېدى مەمەت.

— قىلىمىز، قىلماي بولامدۇ؟ چاشقاننىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ بولسىمۇ، — دېدى خەدىچە.

— چوقۇم قىلىمىز ! تۇرۇڭلار، يولغا چىقايلى !

ئۇلار يولغا چىقىشتى، سوغۇقتىن توڭلايتتى. سۈپ-سۈزۈك ئايدىڭ كېچە. كۆك يۈزىدە يۇلتۇزلار مۇزدەك توڭلاپ جۇلالىنىۋاتقاندەك ئىدى. ئورمان شاخلىرى ھۆل ئىدى. تېگىپلا كەتسە ئۈستىبېشىنى ھۆل قىلاتتى. خەدىچە بىر قېتىم «ئوھ» تارتىپلا، كېيىن جىمىپ قالدى. قاراقچىنىڭ خوتۇنى چىشىنى چىڭ چىشلەش كېرەك ئىدى. ئۇلار ئاۋاز چىقارماستىن ئاۋايلاپ قەدەم باساتتى. شاخلار يۈزلىرىنى يىرتاتتى. مەمەت ئالدىدا، ئۇنىڭ كەينىدە ئىراز، ئارقىدا خەدىچە ماڭاتتى ... چېچەكلى تېغىدىن چۈشۈشتى، كۈن چىقىۋاتاتتى. مەمەتنىڭ يۈزى غۇۋا كۆرۈنەتتى. كۆزلىرى خەدىچەنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىراز ئۇلارنى شۇ يەردە تاشلاپ قويدى. ئىتتىك تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. ئىراز قىيالارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ يوقاپ كەتتى.

## 28

ئەلى تېغىنىڭ چوققىسىغا چىقىش قىيىنغا چۈشتى. ئۇچلۇق مۇدۇر - چوقۇر قىيا تاشلار ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى تىلمۇۋەتكەنىدى. باشلىرى ئايلىناتتى. تۆۋەن تەرەپ — دېكەتلى تۈزلەڭلىكى يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئالىقانچىلىك كۆرۈنەتتى. دېكەتلى تۈزلەڭلىكىدىكى بەش يېزا كىچىككىنە بەش چېكىتتەك تۇراتتى.

ئۇلار غارغا يارىدىغان ھاك تاشنىڭ تۆۋىگە كېلىپ تۇرۇشتى. مەمەت ئۆزىلا بولسا ئۇ يەرگە ئون قېتىم بېرىپ كەلگەن بولاتتى.

— سىلەر مۇشۇ يەردە دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار. مەن قوللىرىمىزدىكى نەرسىلەرنى ئاپىرىپ غارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ

قويۇپ كېلەي، ئاندىن كېيىن سىلەرنى ئاچىقاي.

مەمەت كېتىپ قالدى. ئاياللار ئۇنىڭ تامدەك تىك قىيانىڭ يۈزىدە مېڭىشىغا ھەيران قېلىشتى.

بىرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۇ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى.

— ئۈيدىنمۇ ياخشى، مۇستەھكەم، يېنىدا بۈركۈت ئۇۋىسى بار، ئەمدى بىز بۈركۈتلەر بىلەن قوشنا بولىمىز.

مەمەت خەدىچەنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

— ئالدى بىلەن سەن چىق، ئىراز ئاچام بۇ يەردە مېنى ساقلاپ تۇرسۇن، سېنى بۈركۈتكە يەم قىلىپ بېرىمەن، — دېدى مەمەت.

— مۇشۇ تامغا چىقامدىمەن؟ — قورقۇپراق سورىدى خەدىچە.

— سەن بۇ تامنى تۇتمايسەن، مېنى تۇتىسەن، مېڭىۋەر!

ئۇلار ياماشتى. خەدىچەنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ بىر ـ ئىككى قېتىم چىرقىرىۋالدى. مەمەت كايىپ قويدى، ئاخىر ئۈستىگە يېتىپ چىقىشتى.

ئىرازمۇ مەمەتنى كۈتمەستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ قىياغا ياماشتى، بىراق قورقتى، قوللىرى ھېلىلا سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك تىلىپ كەتتى. لېكىن، مەمەت ئارقىسىغا قايتقان چاغدا ئۇنى قىيانىڭ ئۈستىدە كۆردى.

— ئىراز ئاچا! سەن ئەزەلدىن تارتىپ قاراقچى ئوخشىمامسەن؟

— ھەئە، ئەزەلدىن.

غارنىڭ ئاغزى ئۇتچىلىك چوڭ ئەمەس، ئۈچ ئادەمنىڭ گەۋدىسى پاتقۇدەك چوڭلۇقتا ئىدى، غارنىڭ ئىچى چوڭقۇر ۋە ئۇزۇن ئىدى. ئاستى ئۇندەك يۇمشاق، كۆمۈردەك قاپقارا تۇپا ئىدى. غارنىڭ ئىچى قۇش ماياقلىرى بىلەن تولغان، تاملىرى يول ـ يول ئاق سىزىقلار بىلەن قاپلانغانىدى.

— بۇ يەرگە ئىنسان بالىسىنىڭ ئايىغى تەگمىگەن، — دېدى مەمەت.



— بۇ تارىمۇ ياخشى بولغىنى، — دېدى ئىراز.

— بىزنىڭ يېڭىمىز! — دېدى خەدىچە.

— بىزنىڭ ئۆيىمىز! — دېدى ئىراز.

خۇشاللىقىدىن خەدىچەنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ:

— قېنى، ئۆيىمىزنى تازىلايلى، — دېدى.

— مەن يېزىغا بېرىپ كېلىمەن، بۇ تاپانچىنى ئېلىڭلار، ئۆيىمىزگە نېمە كېرەك؟

— بىر ئەيتەك، — دېدى خەدىچە.

ئىراز كۈلۈپ كېتىپ:

— ھەي ئاسلان، ياشلىق ـ دە، بۇ! — دېدى.

— ئىككى كۆرپە، ئىككى يوتقان، ياغاچ چۆچەك، بىر قازان، بىر چېلەك ئۇن، ئاندىن قالسا جان ساقلىقى، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل.

— ئامان بولۇڭلار! — دېدى مەمەت.

مەمەت بىرىم كېچىدە دۇرمۇش ئەلىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئىشىكنى موماي ئاچتى، مەمەت ئىككەتلىكنى بىلسىلا:

— جىم! ئۇتتۇڭنى چىقارما! — دېدى.

— نېمە ئىش؟ ھۆرى ئانا، نېمە بولدى؟

— جىم ...

مەمەت بىرھازاغىچە ئېغىز ئاچمىدى.

موماي چىراغنى ياقتى، دېرىزىلەرنى ھەم قىلىپ ئەتتى، تاشقىرىغا چىقتى، تامنىڭ ئارقىسىنى ئايلىنىپ كەلدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى.

— بالام، قانداق قىلىپ كېلىپ قالدىڭ؟ يېزىغا ژاندارمىلار توشۇپ كەتتى، دۇرمۇش ئەلى تاغاڭنى ئۇرۇپ ھالىنى قويمىدى. بېچارىنى ساقىلىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ماڭدى. دېھقانلارنىڭ ھەممىسىنى كالتەكلىدى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھېلىقى ئۆچكە ساقال قىلدۇردى. ئەجەب ئۆلمەسكە قالدى ئۇ! دۇرمۇش ئەلى تاغاڭدىن سېنىڭ تۇرغان يېرىڭنى سورىدى. ئۇ بىلمەيمەن

دىگەندى، بىچارىنى قاتتىق ئازابلىدى، ھازىرغىچە ئورۇن تۇتۇپ ياتىدۇ. شۇ كۈندىن تارتىپ ئورنىدىن تۇرالمىدى. مېنىمۇ ئۇردى. ھەممە يېرىمگە كۆك چۈشۈپ كەتتى. شۇ كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنە بىر!

— ئەلى توكۇردىن خەۋەر بارمۇ؟

مومايىنىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئاۋازى كۆتۈرۈلدى:

— سەن ئادەم بولامسەن؟ ئاھ، سېنى نېمە دېسەم بولار؟ سېنى گال پىچاق بىلەن بوغۇزلىسا بولىدۇ. ساڭا، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش بىلەن ئۆلتۈرۈۋەت دېمىدىممۇ؟ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت. ھازىر ئاغىنىڭ ئادىمى بولۇۋالدى. سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەرنى ئابدى ئاغا ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. سەن گېپىمنى ئاڭلاپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولساڭ، قانداق ياخشى بولاتتى! ئاھ، سېنى قانداقمۇ قىلارمەن؟ ھازىر ژاندارمىلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئۇلارنى ئايلاندۇرۇپ يۈرىدۇ. سېنىڭ ئىزىڭنى ئىزدەۋاتىدۇ. ئابدى ئاغىنىڭ ئالىدىغىنىنى ئۇ يىغىپ يۈرىدۇ. دېھقانلارنى ژاندارمىلارغا ئۆلگۈدەك ئۇرغۇزۇۋاتىدۇ. گۇناھ قىلدىڭ، مەمەت، گۇناھ!

— ھازىر نەدە ياتىدۇ ئۇ توكۇر؟ — دېدى مەمەت.

موماي ۋارقىراپ كەتتى:

— نەدە ياتاتتى؟! سىلەرنىڭ ئۆيدە، تۈنۈگۈن ئۆيىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ ئورۇنلاشتى. مېنىڭ چىرايلىق دۈنەمنىڭ ئۆيىگە ئىپلاس توكۇرنىڭ پاسكىنا خوتۇنى كېلىپ ئولتۇردى. مەنمۇ قاراپ تۇردۇم، ئىچىمدىن قان كەتتى. ئۆلەي دېدىم، قورۇپ قاقشال بولۇپ قالدىم.

مەمەت:

— مەن شۇ يەرگە بارىمەن! — دېدى-دە، ئورنىدىن تۇردى.

— ئۇ يەردە ژاندارمىلار كۆپ، ئېھتىيات قىلغىن، بېرىپ ئۇ كاپىرنى ئۆلتۈر! ئۇزۇڭ قېچىپ كەل!

مەمەت سىرتقا چىقتى، ئۇز ئۆيىگە باردى. بۇرنىغا قويۇق سۈت پۇرىقى بىلەن موزاي پۇرىقى ئۇرۇلدى. باھار مايسىلىرى پۇراق



چاچاتتى. ئالقىنى بىلەن يۇمشاق بىر تەرسىلەرنى سىلاپ قويىدى.

— ئەلى ئاغا! ھەي ئەلى ئاغا!

ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەن ئەلى ئورنىدىن دەس تۇردى. «بۇ مەمەت ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. «چوقۇم ساراڭ بوپتۇ» دېدى-دە، ئالدىراش تالاغا چىقتى. قولى بىلەن مەمەتنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ تۇرۇپ، ئۆزى ۋارقىراپ سۆزلىدى:

— ھېلىمۇ ياخشى، كەلدىڭ، سالامەت بول، قېرىندىشىم، كېلىپ ياخشى قىلدىڭ، مەمەت ئاۋاقنى دەمسەن؟ ئاقچەتاغقا كەتتىمۇ؟ ياخشى كەپسەن، سەن كەلمىگەن بولساڭ، بىز تېخى ئاققەلئەگىچە بارماق بولغانىدۇق، ياشاپ كەتسۇن!

مەمەتنىڭ قۇلىقىغا ئېگىلىپ پىچىرلىدى:

— سەن دۇرمۇش ئەلى تاغىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇر، مەن ھازىر بارىمەن.

ئىچىگە كىرىپ ژاندارمىلارغا شۇنداق دېدى:

— بۇرادەرلەر، ئۇ ھارامزادە ئاقچەتاغقا قېچىپتۇ، ئۇ يەردە ئۇنى كەكلىكنى ئوۋلىغاندەك ئوۋلىيالايسىلەر. ھازىر بىر ئادەم كەلدى، ئەمدى ئىش ئوڭايلاشتى، ئىزىدىن توغرا تېپىۋالدۇق. ئۇ مەلئۇننى ئاقچەتاغدا ھەر تەرەپتىن چىڭ ئورىۋالساڭلار ئىش تامام، ۋەسسالام. مەن ھازىر بېرىپ ئابدى ئاغىنىڭ خوتۇنىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزەي ...

ئەلى ئۆيدىن چىقتى، كېچە قاراڭغۇ ئىدى. مەمەتنىڭ يۈرەكلىكلىكىگە ھەيران قالدى.

توكۇر ئۆيگە كىرىش بىلەن ھۆرى موماي قورقۇپ كەتتى. مەمەتكە ئالىيىپ قارىدى، «سەنمۇ بولمايدىغان تەرسە ئىكەنسەن» دېگەندەك قىلاتتى.

— ھۆرى ئانا، بىزنىڭ دېيىشىدىغان گېپىمىز بار، — دېدى مەمەت.

— گەپلىشىڭلار، مەنمۇ بۇ توكۇر چوشقىنىڭ ئىپلاس يۈزىگە

قاراشقا ئاشىق ئەمەسمەن، سۆزلىشىڭلار !
توكۇر كۈلۈپ قويۇپ:
— نېمە ئۈچۈندۇر بۇ ھۆرى خاتۇن مېنى دۈشمەندەك كۆرىدۇ، مەن ئۇنىڭغا نېمە قىلغاندىمەن؟
ھۆرى موماي بېشىنى لىڭشىتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى:
— سېنىڭ نېمە قىلغانلىقىڭنى ئۆزۈم بىلمەن. مەن سېنىڭ نېمە قىلغانلىرىڭنى ئوبدان بىلىمەن ... ھەي توكۇر چوشقا ! ھازىر ئەمدى ژاندارمىلار بىلەن بىرلىشىۋالدىڭ، شۇنداقمۇ ! بۇ يەردە ئۇ مەمەت بالام بولمىغان بولسا ... مەن سېنى ئۆيۈمگە كىرگۈزەتتىممۇ؟ سېنىڭ ئۇ قاپاق كاللاڭنى پارچە - پارچە قىلىۋېتەتتىم، تاش بىلەن يارىتتىم ...
ھۆرى موماي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئەلى توكۇر:
— يائاللا مەمەت، بۇ قىيامەت كېچىدە قانداق كەلدىڭ؟ قانداقچە؟ — دېدى.
— ئىشقىلىپ، كەلدۇق - دە !
— سېنى قاراقچى ئىبراھىم قارا قوغلاپ يۈرىدۇ. ئۇنىمۇ ئابدى ئاغا ئەۋەتىپتۇ، ئابدى، ئەلى سايا بايلار ... ئۇلار مەمەتكە ئىبراھىم قارا تەڭ كېلىدۇ، دەپتۇ. ئۇلار ئىبراھىم قارىغا بەكمۇ ئىشىنىدۇ. ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ پۇل بېرىپتۇ. لېكىن، ئىبراھىم قارا بۇرۇنقى ئىبراھىم قارا ئەمەس، ئۇ ھازىر گاللىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىچە بىر پىلان تۈزۈپتۇ. قول ئاستىدىكى ئادەملەر بىلەن بىللە مەمەت ئاۋاق ئۆتىدىغان يولدا تۇرۇپ، مەمەت ئۆتكەندىلا «پاڭ !» قىلىپ ئاتقۇدەك. دىققەت قىل ھە، ئۇ يولدىن ئۆتۈپ سالما ! ئىبراھىم قارا سېنى ئېتىۋېتىدۇ. قېرىنداشىم، ساڭا دەپ قوياي، مەن ھازىر ئابدى ئاغىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىمەن. مەن ئەلى توكۇر بولسامۇ، بولمىسامۇ ھەممە نەرسىنى مەندىن سورايدۇ. ئۇ مەلئۇن ئۆلمەي قالدى - دە، شۇ ئايالنى ئۆيگە كىرگۈزمىگەن بولساڭلار ياخشى بوپتىكەن.



— نەدىن بىلەيلى، ئالدىراقسانلىق ...
— سېنىڭ كاللاڭنى كېسىپ، ئابدى ئاغىنىڭ شەھەردىكى ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئېسىپ قويارمىش. ئەلى سايا باي شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيى ژاندارما قوماندانلىق ئىشتابىغا ئايلاتام.
— كېرەك يوق، ھازىر ماڭا ئىككى كۆرپە، ئىككى يوتقان، بىر ئەينەك، بىر چۆچەك، بىر چېلەك ئۇن لازىم، بۇلارنى ئاتقا ئارتقىن، — يەنە تۇز، سوققان مۇچ، ياغ ...
— چاتاق يوق، بۇ ئىش ئاسان، ئاغامنىڭ جېنى ئامان بولسا ئۆيى قولۇمدا، نېمىنى خالىساڭ شۇنى بېرەلەيمەن !

## 29

ئاسىم چاۋۇشنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئىسكادرون ژاندارما، ئىبراھىم قارا ۋە باشقىلار بىلەن بىر كۈز، بىر قىش تاغلاردا يۈردى. تاغلىق يېزا خەلقىنى زار - زار قاقشاتتى. ھەربىر دېھقان بىر يەردە ئىككەن دەپ خەۋەر قىلاتتى. ئاقچىتاغ، گۆكسۈن تاغلىرى، بارىنتاغ، مىڭبۇغا، ئالاتاغ، قايىرانلىتاغ، كۆتۈرلۈتاغ، مەرىيەمچىل بېلى دېگەندەك ھەممە يەرنى ئىزدەشتى. ئۇستىباشلىرىنىڭ جۇلۇقى چىقتى. ئۇلار ئاختۇرمىغان چاشقان تۆشۈكىمۇ قالمىدى، بىراق مەمەت ئاۋاق يوق، بۇ بالا غايىب بولۇپ كەتكەن. ئۇلار قىشنىڭ يېرىمىنى دەگىرمەن ئۆلۈكتا ئۆتكۈزۈشتى. ئەلى تېغىدا ئىزدەشمىگەن تۆشۈك قالمىدى. ئەلى تېغىغا بۇغا ئوۋلاشقا چىقىشتى، ھېلىقى غارنىڭ تۈۋىگىچە بېرىشتى، چىقالمىدى.
ئەلى توكۇر ژاندارمىلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭاتتى ۋە «ئۇنى چوقۇم تاپىمىز» دەپ لاپ ئۇراتتى. ئۇلارنى يەنە مىڭبۇغىغا سۆرەپ باراتتى. خۇددى ئىز قوغلاۋاتقاندەك قىلاتتى. «قېنى سېنىڭ داڭلىق ئىزچى بولغىنىڭ؟» دەپ سورىغانلارغا: «قىرىلىق يەتتى،

پەرق قىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم» دەپ ئۇھ تارتىپ جاۋاب بېرەتتى، «قېرىدۇق، ئەمدى ئۇ چاغلار ئۆتۈپ كەتتى !؟»

ئەلى توكۇر قېرىماستىن بەلكى ياشىرىپ كېتىۋاتاتتى. شامالدەك ئۇچاتتى، كۆڭلىدە بىر خىل ئۈمىد يالقۇنى ياناتتى.

ژاندارمىلار پۈتۈن بىر كۈز، بىر قىش تاغلاردا پەرىشان بولۇپ مەمەت ئاۋاقنىڭ ئارقىسىدىن ئىزدەپ ـ ئىزدەپ ئايلىنىپ يۈرگەندىن كېيىن، ھېرىپ ـ ئېچىپ شەھەرگە قايتىپ كېلىشتى. شۇ جەرياندا تاغلاردا يۈرگەن ئىككى چوڭ قاراقچىلار ئەترىتىنى يوقاتتى، بىراق مەمەت ئاۋاقنى تاپالمىدى، شەھەر ئىچى ماتەمگە چۆمگەنىدى.

ئىبراھىم قارا ئون ياش قېرىپ كەتكەنىدى. «مەن مۇنداق قاراقچىنى كۆرمىگەن» دەيتتى ئۇ: «بۇ ئادەمدە بىر سىر بار، بىر ھېكمەت بار، غايىب بولۇيلا كېتەتتى. مۇنداق ئادەمنى ئۇچراتمىغانىدىم، ئەمما ئۇنى چوقۇم تاپىمەن، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىمەن، تاپماي قويمايمەن. ئۇنىڭ بىلەن قىلىشىدىغان ھېساب ـ كىتابىم بار. ئۇنى قىلىمەن. چېچەكلى جىلغىسىدا تۇتۇشۇپ قالغان چېغىمىزدا مېڭىسىگە قارىتىپ بەلكى ئىككى يۈز پاي ئوق ئاتقاندىمەن، ھېچ نەرسە بولمىدى. ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدۇ. بولمىسا ئۇنى بىر ئوق بىلەن تەييار قىلىۋېتەتتىم. ئىشقىلىپ، ئاجايىپ !»

بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا: «مەمەت ئاۋاققا ئوق ئۆتمەيدىكەن» دېگەن سۆز تارقىلىپ كەتتى. ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. ئابدى ئاغىنىڭ قۇلىقىغا كېلىپ يەتتى. ئابدى ئاغا تۈگىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانىدى. مەمەت ئاۋاقنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى كۈتۈپ ئاقىتى ئاق بولاتتى. پات ـ پات ئەلى سايا باينىڭ يېنىغا بېرىپ: «قېنى، ئەلى ئوغلۇم، كۆزلىرىم تۆت بولدى، تۆت ئەمەس، سەككىزمۇ بولدى، نېمە بولدى. شۇنداق قىلىپ ...» — دەيتتى. ئەلى سايا باي بولسا: «سەۋر قىل، ئاغا، سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ،



سەۋر قىلىپ تۇر. مەن ساڭا ۋەدە بەردىمغۇ، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئەكېلىپ ئۆيۈڭنىڭ ئالدىغا ئاستۇرىمەن، سەۋر قىل !» دەيتتى.

ئابدى ئاغا «ئوق ئۆتمەيدىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ساراڭ بولاي دېدى. ئۆيىدىن چىقىپ توپتوغرا سىياسەتچىنىڭ دۇكىنىغا باردى. ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. ھازىرلا ئەنقەرەگە بىر تېلېگرامما يېزىشنى بۇيرۇدى. سىياسەتچىنىڭ تەلۋىلەرچە چىرايى تېخىمۇ بەتتەر بولدى، تىلى كالۋالىشىپ سۆز قىلالماي قالدى.

— ياز ! — دېدى ئابدى ئاغا ! — ھۆكۈمەتكە شۇنداق دەپ يازغىنكى: تاغلاردا قان ئىچكۈچى بىر قانخور پەيدا بولۇپ قالدى ... باللارنى ئۆلتۈرىدۇ، نارەسىدە قىزلارنى تاغقا ئەپقاچىدۇ، نومۇسىغا تېگىدۇ. تاغلاردا ھۆكۈمەت قۇرۇپتۇ، ئۇلارنىڭ نوپۇزى بارغانسېرى كۆتۈرۈلمەكتە. يەرلەرنى بۆلۈپ بېرىۋاتىدۇ، يەرنى بۆلۈشنى دېھقانلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويىدۇ. مانا مۇشۇلارنى ياخشىلاپ ياز، مېڭىلىرىگە ئورنات ! مۇشۇ قۇرلارنىڭ ئاستىغا سىزىپ قوي، ئەپقاچقان قىزلارنىڭ نومۇسىغا تېگىپ بولۇپ پارچىلاپ تاشلايدۇ ۋە ھەربىر پارچىسىنى دەرەخلەرگە ئېسىپ قويىدۇ. ماراش ـ ئادانا يوللىرىنى ئۇنىڭ ئادەملىرى توسۇپ ھېچكىمنى ئۆتكۈزمەيدۇ. مۇشۇلارنى ياز ! سىياسەتچى ئەپەندى، قېرىندىشىم، بۇلارنى ياز ! قانچىلىك قابىلىيىتىڭ بولسا، ھەممىنى تۆك قەغەزگە ! ئەنقەرەدە بۇنى ئوقۇغانلار يارىمىقىنى چىشلەپ قالسۇن ! ئارمىيەنى ئەۋەتسۇن، مەن ھازىر ماركا ئەكېلەي، — دەپ ئابدى سىرتقا چىقتى.

شەھەر ئىچى قايناپ كەتتى:

«بىر مەمەت ئاۋاققا تەڭ كېلەلمىدى ـ ھە؟ مۇشتۇمدەك بالىغىمۇ، توۋا ! شۇنچە ئىشنى قىلىمۇنۇ، قولغا چۈشمىسۇن !»

بۇنىڭغا ئابدى ئاغىنىڭ ئۇچرىغانلا ئادەمگە دەرد تۆكۈشلىرى، ئەلى سايا باينىڭ ئالدامچىلىقلىرى قوشۇلۇپ ئىش چوڭايماقتا ئىدى. يىغلىغان باللارنى: «يىغلىما، مەمەت ئاۋاق كېلىۋاتىدۇ»

دەپ قورقۇتۇپ، يىغىدىن پەس قىلىشاتتى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ژاندارما ئىسكادرونى شەھەرگە كىرىپ ھەپتە ئۆتمەي، كۈچ توپلاپ يەنە ئاسىم چاۋۇشنىڭ قوماندانلىقىدا مەمەت ئاۋاقنى تۇتۇش ئۈچۈن تاغقا چىقىشقا مەجبۇر بولۇشتى. ئىبراھىم قارىمۇ ئالدىن پۇل ئېلىپ، مەمەت ئاۋاقنى تۇتۇش ھەققىدە ئايدى ئاغىسىنىڭ ئالدىدا قەسەم ئۈستىگە قەسەم ئىچىپ تاغقا چىققانىدى.

## 30

سېرىق شەپتەم گۈللىرىنىڭ غولى ئىنتايىن قىسقا، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. شۇڭلاشقا، قىيالارنىڭ ئارىسىغا قوياش ساپسېرىق گىلەم سېلىپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ. سۆسۈن رەيھانلار تىزغا كېلىدۇ، ياپراقلىرى ئۈستىدە مونچاق - مونچاق سۇ تامچىلىرى پارقىرايدۇ، قىزىلگۈل ئاچىدۇ. بىراق، بۇ قىزىللىق ھېچقانداق قىزىللارغا ئوخشىمايتتى. خۇددى بىللۇردەك سۈزۈك، نەپىس، چىرايلىق ...
يەردىن قايناپ چىققاندەك ھەممە يەرنى يېشىللىق قاپلىغان. ئەلى تېغىدىن تۆۋەنگە قارىسا، خۇددى يېشىل يامغۇر ياغقاندەك بىلىنىدۇ. قىيالارغا پارچە - پارچە نەقىش بېسىلغاندەك كۆرۈنىدۇ. ھاۋادىن گۈيۈلدەپ گۈل - چېچەك پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ.
ئەلى تېغىنىڭ ئېتەكلىرىگە قاراپ سوزۇلغانسېرى قىيالىقلار قىزىرىشقا باشلايدۇ. ئاخىر سۆسۈن رەڭگە كىرىدۇ. ئاق بۇلۇتلار خۇددى ئەلى تېغىنى ئەركىلەتكەندەك قىيالارنى سىيپاپ ئۆتىدۇ.
تاغ ياغىرلىرىدا، مىڭبۇغىغا قارايدىغان ياتباغرىدا شالاڭ قارىغايلار ئىچىدە كۆپكۆك بىر بۇلاق قايناپ تۇرىدۇ. مەمەت سۇنى ئەنە شۇ بۇلاقتىن توشۇيدۇ.
كۈن ئوچۇق، دىكەنلى تۈزلەڭلىكى قۇياش نۇرىغا چۆمگەن،



ھەممە نەرسە — دەرەخلەر، چېچەكلەر، تاشلار، قىيالار پارقىراپ تۇراتتى.
خەدىچە غارنىڭ ئاغزىدا بېشىنى ئىمرازنىڭ تىزىغا قويۇپ ئولتۇراتتى، ئىمراز ئۇنىڭ بېشىنى بېقىۋاتاتتى، باش پىتلاپ كەتكەنىدى.
ئۇلار پۈتۈن قىشنى غاردا ئۆتكۈزدى. غارنى ئۆيگە ئوخشاش ياساپ قويدى. ئۆي باي يېزا ئاقساقىلىنىڭ ئۆيىدىنمۇ چىرايلىق ئىدى. يەرگە پىچانلارنى يېيىپ، ئۈستىگە گۈللۈك تۈركمەن گىلەملىرىنى سېلىپ قويغان. گىلەملەر باھاردەك ئېچىلىپ تۇراتتى. بۇ گىلەملەرنى ساچىقارالى قەبىلىسىنىڭ ئاغىسى كەرىم ئوغلى سوۋغا قىلغانىدى. غارنىڭ تاملىرى بۇغا تېرىلىرى بىلەن قاپلانغان. بۇ يوغان مۈڭگۈزلۈك بۇغىلار، مۈڭگۈزلەر جۇلالىنىپ، تاملاردىن ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇغىنىڭ تۈكلىرى ئالتۇن زەردەك پارقىرايتتى.
بۇ يەردە قىشلىماق تەس. ئەلى تېغىنىڭ چوققىسىدا بوران چىقىپ، شۇۋۇرغان كۆزنى ئاچتۇرمايتتى. غاردا تاڭ ئاتقۇچە ئوت ئۆچمىسىمۇ، ھەر كۈنى كېچىدە توڭلاپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلەتتى. مەمەت بىر يېرىم ئاي دېگۈدەك ئاۋارە بولۇپ غارنىڭ ئۈستىدىن تۆشۈك ئېچىپ مورا ياسىغانىدى. بىراق، بۇمۇ جانغا ئەسقاتمىدى. ئىس سىرتقا چىقماستىن ئىچىگە ئۇراتتى. قار - بوراندا، شۇۋۇرغان چىقىپ تۇرغاندا غاردىن چىقىپ نەپەس ئېلىشقا مەجبۇر بولۇشاتتى. مۇزلاپ، ئۈششۈپ قالاي دەيتتى. قول - پۇتلىرى توڭلاپ ھېچ نەرسىنى سەزمەس بولۇپ قالغاندا، يەنە ئىس تۈتەپ تۇرغان غارنىڭ ئىچىگە ئۆزلىرىنى ئاتاتتى.
ئۇلار ياتقاندا بارلىق بۇغا تېرىسىنى، يوتقانلارنى، گىلەملەرنى ئۈستىلىرىگە يېپىۋالاتتى ۋە بىر - بىرىگە يېپىشىپ يېتىشاتتى. كۈن چىققاندا بىر - بىرىدىن ئايرىلىشاتتى. مەمەت بۇغا ئوۋلاشقا كېتەتتى. ئاياللار نان ياقاتتى، پايپاق توقۇيتتى. تامدىكى تېرىلەر مەمەت ئېتىپ كەلگەن بۇغىلارنىڭ تېرىسى

ئىدى. گۆشلىرىنى يەپ، تېرىلىرىنى قورۇتۇپ قويىاتتى. ئۇلار قىش بويى بىر كۈنمۇ گۆشسىز قالمىدى.

ئوت، ياغ، تۇزلىرىنى ئەلى توكۇر ئەكىلىپ، پەستىكى بىر ئۆڭكۈرگە تىقىپ قويىاتتى. مەمەت شۇ يەردىن يۇقىرىغا توشۇيتتى. ئۇلارنىڭ تۇرغان يېرىنى ھەتتا ئەلى توكۇرمۇ بىلمەيتتى. قاردا ئىزلىرى بىلىنىپ قالمىسۇن دەپ ھەر قېتىم چىققىنىدا ئارقىسىدىن بىر توپ يۇلغۇننى سۆرەپ ماڭاتتى. يۇلغۇن قاردا ئىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن قوللىنىلغان ئەڭ ياخشى چارە ئىدى. ئىز قانچىلىك تېرەن بولسىمۇ، يۇلغۇن ئۇنىڭ ئۈستىدىن سۆرەلسە ئىزمۇ يوقىلىپ كېتىدۇ. يۇلغۇن ئىزىمۇ يېرىم سائەتكە قالماستىن يوقىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەلى تېغىنى شۇنچىلىك ئىزدەشسىمۇ ئۇلارنى تاپالمىغانىدى. ژاندارمىلار قانداقمۇ گۇمانلانسۇن، ھەممە يەر ئىزسىز، تۈپتۈز، قول تەگمىگەن قار ...

ئىرازنىڭ تىزىغا بېشىنى قويىۋالغان خەدىچە:

— ھاماچا، كەچۈرۈم ئىلان قىلىنماقچىمىدىغۇ؟ مۇستافا ئاغا يالغانچى بولۇپ قالدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىلان قىلىنىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئىراز. — سەۋر قىل، قىزىم، سەۋر قىل، ھەر چوققىدىن بىر كۈن چىقىدۇ.

ئۇلار ئورۇقلىغان، قارىيىپ كەتكەنىدى. تېرىلىرى ئۇستىخانلىرىغا يېپىشىپ كەتكەن، كۆزلىرى يوغىناپ، بىر كۆز ئىككى كۆزنىڭ يوغانلىقىدەك ھالەتكە كەلگەنىدى. بۇ كۆزلەر ساغلام، نۇرلۇق ئىدى.

— چىرايلىق ھاماچا! — دېدى خەدىچە، — ھەر چوققىدىن بىر كۈن چىقسىلا بولاتتى. بىرلا كۈن چىقسۇن ... ئۇنىڭدىن باشقا تىلىكىممۇ يوق ئىدى.

— سەۋر قىل!

— يەنىمۇ؟ — دېدى خەدىچە، — ۋاي خۇدا، بېشىمىزغا كەلگەن شۇ كۈنلەر ... چۈشۈمدە كۆرۈۋاتقاندەك قىلىمەن.



چۈشۈمدە! بىر قىسىملا، ئۆزۈمنىڭ ئۆزۈم ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قېلىۋاتىمەن. مەمەتنىڭمۇ مەمەت ئىكەنلىكىگە ...

بىكار قالغان كۈنلىرىدە مەمەت ئۇلارغا كۈنبويى قارىغا ئېتىشنى ئۆگىتەتتى. ئىرازنىڭ قوللىرى ئەپلىشىپ ياخشى مەرگەن بولۇپ قالغانىدى. بىراق، خەدىچە تۈزۈك ئاتالمايتتى. مىلتىقتىن، ئوقتىن نەپرەتلىنەتتى. مىلتىقلارغا قارىسا قۇسقۇسى كېلەتتى.

— شۇنىڭدىن بىر قۇتۇلساق ... — دەيتتى.

— ھازىر چۇقۇر ئوۋادا زىرائەتلەر تىزغا كەلدى، باشاقمۇ چىقىرىۋاتقاندۇ. چۈمۈلىلەر ئۇۋىلىرىدىن چىقىشىپ يوللاردا ئۆمىلەپ يۈرگەندۇ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ يامرىشىپ كەتكەندۇ. چۇقۇر ئوۋانىڭ توپىلىرىمۇ مۇشۇ مەۋسۇمدا ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاپتاپ يۈرىقى چېچىپ تۇرىدۇ، — دېدى ئىراز. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

— ئاداجانىڭ يەرلىرىچۇ ... كەچۈرۈم ئىلان قىلىنىشتىن بۇرۇن مەمەت ئوغلۇمنىڭ قاتىلىنى ئۆلتۈرسۇن، ياق، ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك ... ئاندىن چۇقۇر ئوۋانىڭ يېرىگە ئورۇنلىشىمىز. ئاداجادىكى يېرىمىزنى تېرىيمىز، ئورۇيمىز، رىزامىنىڭ دادىسى شۇ يەر بىلەن بىزنى گۈلدەك باقاتتى.

— ئاداجادىكى يەر ... — دېدى خەدىچە ۋە كۆزلىرىنى يۇمدى، — ئاداجانىڭ قىيالىقلىرى ئارىسىدا نەرگىس گۈلى توپ-توپ بولۇپ ئۆسىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئاداجادىكى يەردىن بىرگە قىرىق ھوسۇل ئېلىنىدۇ ... بىر يىلدىلا ئۆي سېلىۋالغىلى بولىدۇ. راستلا، بىرىپلا ئۆي سالغۇدەكمۇ پۇلىمىز بار، — دېدى خەدىچە.

— يەر خېتىنى مەمەتنىڭ نامىغا يازدۇرىمىز، — دېدى ئىراز، — ئاداجادىكى يەر مەمەتنىڭ بولىدۇ. كەچۈرۈم ئىلان

قىلىندۇ. ئەگەر ئېلان قىلىنمىغان ھالەتتىمۇ بىشىمىزنى ئېلىپ ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر يەرگە كېتىمىز، مەمەتنى شۇ ئايدىن ۋاز كەچتۈرەلىسەك ياخشى بولاتتى. ھازىرلا كېتەتتۇق. ئىسىملىرىمىزنى ئۆزگەرتەتتۇق. بىر كۈنى مەمەت كېلىپلا قاتىل ئەلىنى ئۆلتۈرۈپ قاچىدۇ. ياق، ياق، ئەلىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك. ئۇق ئېتىشتى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆگەندىم ئەمەسمۇ!

— ۋاي خۇدا، بۇ ئىشلار نېمىدېگەن مۇرەككەپ؟! — دېدى خەدىچە.

— بەك مۇرەككەپ، بەزىدە راھەتلىنىپ كېتىمەن، رىزانىڭ ئورنىغا مەمەتتەك بىر ئوغۇل تېپىۋالدىم دەپ ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىمەن. بەزىدە تەلۋە - دىۋانە بولۇپ چىقىپ كەتكۈم كېلىدۇ. جېنىم قىزىم، رىزا ئەمگەن كۆكرەكلىرىم سىرقىراپ كېتىدۇ. ئىچىمدە بىرنېمە: «تۇر ئورنۇڭدىن، مىلتىقنى ئېلىپ يېزىغا بار، ئەلىنى ئۆلتۈرگىن، ئۇ چاغدا نېمە قىلسا قىلسۇن!» دەيدۇ. توختاپ تۇر، قىزىم، تېخى ئۇ ئەلىنى قىيمىدەك توغرايدىغان كۈن كېلىدۇ ... ھەي كور بولۇپ كەتكۈر ئەلى، شۇ نوتىدەك بالامنى ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ كۆزۈڭ قىيغاندۇ؟

— ھەر چوقىدىن بىر كۈن چىقىدۇ، ھامماچا، سەۋر قىل ... مەن ھازىر قورقۇۋاتىمەن، كۈن چىقىدۇ - يۇ، ئەمما ...

— يەنە نېمە دېمەكچى بولىسەن؟ — دەپ خاپا بولدى ئىراز، — يەنىلا شۇ گەپمۇ؟ سەن شۇ بالىنىڭ بېشىغا چىقىسەن، قاراپ تۇرۇپ جېنىغا زامىن بولىسەن!

خەدىچە بويىنىنى ئېگىپ سۆزلەپ كەتتى:

— كەتكىلى تويتوغرا بىر ھەپتە بولدى، ئۇ بىر يەرگە بارسا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇرمايتتى. تولۇق بىر ھەپتە ... ئاھ، شۇ قاراقچىلىق! ئاھ، بۇ تاغلار ... بۇ قورقۇشلار ... جېنىم ھامماچا، قورقۇۋاتىمەن، بەك قورقۇۋاتىمەن، يۈرىكىم سىقىلىپ كەتتى. بىر يەردە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قالغانمىدى؟ مەمەتنىڭ



بېشىغا چوقۇم بىر ئىش كەلدى، مەن يېزىغا بېرىپ كېلەي، يوللارغا قاراپ ماڭاي. مەمەتنىڭ بېشىغا بىر ئىش كەلمىگەن بولسا، ئاللىقاچان كەلگەن بولاتتى.»

خەدىچە ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى:

— مەن بېرىپ باقاي، ھامماچا!

ئىرازنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى:

— ئولتۇرغان يېرىڭدە جىم ئولتۇر، ساراڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — بۇ يەردىن بىر قەدەم سىلجىساڭ ئېتىپ تاشلايمەن. قىسىر قىلما، ئۇ بالىنىڭ بېشىغا بالا تېپىپ بەرمە! سېنىڭ كاساپىتىڭدىن ئۇ ئېتىلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە بولغىنى يوق.

خەدىچە ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرگەن پېتى غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. يەردە دۈم ياتتى. ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. خېلى ۋاقىتقىچە شۇنداق يىغلىدى. سەل - پەل توختايتتى - يۇ، كېيىن يەنىلا تىلىقىپ - تىلىقىپ يىغلايتتى.

ئىراز كېلىپ بېشىدا ئولتۇردى.

— قىزىم، جېنىم قىزىم، چىرايلىق قىزىم، نېمىشقا ئۆزۈڭنى شۇنچە بىئارام قىلىسەن؟ ئۆزۈڭنى خاراب قىلىسەن؟ ساڭا ئۆۋال، مەمەتكە ھېچ نەرسە بولمايدۇ. مەمەت يۈز ئادەمگە تەڭ كېلەلەيدۇ، سەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىسەن؟

خەدىچە كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ:

— ئاھ، ھامماچا! دېگىنىڭدەك بولسىدى، كاشكى ... — دېدى.

پەستە دىكەنلى تۈزلەڭلىكىدىن تۇمان كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئاسماندا بىر پارچە قارا بۇلۇت ئايلىنىپ يۈرەتتى. يۈز - قولى قانغا مىلەنگەن، تەرگە پاتقان مەمەت ھاسىرىغان پېتى ئۆزىنى غارنىڭ ئىچىگە ئاتتى. بۇنى كۆرگەن خەدىچە مەمەتنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يەنە يىغلاشقا باشلىدى. توختىماستىن يىغلايتتى.

— يىغلىما، خەدىچە، بولدى قىل، ساڭا نېمىلەرنى سۆزلەپ

بىر بەدىخنىمنى ئاڭلا! بىردەم توختاپ تۇر، — دېدى مەمەت ۋە خەدىچەنىڭ چاچلىرىنى سىلىدى.

ئىراز خاپا بولدى، خەدىچەنىڭ قولىدىن تۇتۇپ سىلكىپ تارتتى:

— سەندەك قىزنى زادىلا كۆرمىگەنىدۇق، بۇ نېمە ئىش؟ مۇشۇنداق قىلىپ بالىنىڭ بېشىنى يەيدىغان بولدۇڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.

— توختاپ تۇرۇڭلار، بېشىمغا كەلگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەي، — دەپ كۈلۈمسىرىدى مەمەت، — مەن كەرىم ئوغلىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ سارىجا تۆزلەڭلىكىگە كەلگەندە ئىبراھىم قارا مېنى تۇزاققا چۈشۈردى. بۇ ئىبراھىم قارا بەك يامان ئادەم، ھەم يۈرەكلىك، ھەم بىلىملىك، مېنى تاغنىڭ ئېتىكىگە قەدەر قوغلاپ كەلدى. شۇنداقلا قېچىۋەرگەن بولسام، مۇشۇ يەرگىچە ئارقامدىن كەلگەن بولاتتى. تويۇتوغرا ئۈچ كۈن مۈكۈشمەك ئوينىدۇق. قېچىپ - قېچىپ ئاخىر ئالدىلىرىدىن ئۆتۈپ كەينىگە ياناتتىم. يەنە سارىجا تۆزلەڭلىكىگىچە قوغلاپ باراتتىم، يەنە ئارقامغا قاچاتتىم. بۇ چاغدا ئۇلار ئارقامدىن قوغلايتتى. شۇنداق قىزىق ئويۇن ئوينىدۇقكى، سورىماڭلار. ئۇلارنىڭ ئەلى تېغىنى بىلىپ قېلىشىدىن قورقاتتىم. ئاخىر جاپپارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنى تاغ ئېتىكىدە ئاداشتۇرۇۋەتتىم، ئاندىن بۇ يەرگە كەلدىم. بىر ھەپتە غاردىن چىقمايمىز. يارلىنى تېڭىپ قويۇڭلار.

ئىككى ئايال بىرلىشىپ مەمەتنى يېشىندۈردى. مەمەتنىڭ مۈرىسىگە ئوق تەگكەنىدى. ئوقنى يارىسىنىڭ ئىچىدىن ئالغۇچە مەمەت ئوت بولۇپ ياندى. تىزلىرىنى قورساققا تىرەپ تىترەشكە باشلىدى. خەدىچە ئېسىدىن كەتتى. پەرىشان بولدى. نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

مەمەت بىر ھەپتە قىزىپ ياتتى. يارىسى زورۇقۇپ ئىششىپ، ئادەم گەۋدىسىدەك يوغىناپ كەتكەنىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئېسىگە كەلدى ۋە بولغان ۋەقەنى تولۇق سۆزلەپ بەردى:



— سارىجا تۆزلەڭلىكىگە يېتىپ بارماستىن ژاندارمىلارغا ئۇچراپ قالدىم. ئۇلار ئاسىم چاۋۇشنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوتچە ئادەم ئىدى. ئېتىشىشقا باشلىدۇق. خۇدايىم بىلىدۇ، بۇ ئاسىم چاۋۇشنىڭ ئۆلۈمى مېنىڭ قولۇمدىن چىقىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. ئۇ توپتوغرا، ئوچۇق - ئاشكارا ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى. «ئاسىم چاۋۇش، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟» دېدىم - دە، مىلتىقنى قارىغا ئالدىم. ئۇ مېنى يېنىمدىلا مۇشۇ ھالەتتە كۆرۈپ، ۋارقىرىغان پېتى ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. «ئاسىم چاۋۇش، قورقما! سېنىڭ گۇناھىڭ يوق. ئەگەر سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولسام، بۇ چاغقىچە ئون قېتىم ئاتقان بولاتتىم، ماڭ، يولۇڭغا!» دېدىم. ئۇ شۇ زامان ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا كۈلۈمسىرىدى ۋە ژاندارمىلىرىنى باشلاپ كېتىپ قالدى. ماڭا ھېچ تەرسە دېمىدى. سارىجا تۆزلەڭلىكىدە بىرى ماڭا قورال - ياراغ ئەكېلىپ بەرمەكچى بولغانىدى، ۋەدە قىلغان يەرگە كەلگىنىمدە شۇنچىلىك دەھشەتلىك ئوققا تۇتۇلدۇمكى، سورىمايلا قويۇڭلار. ئىبراھىم قارا يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. دەسلەپكى ئوقتا يارىلاندىم. تاغقا كەلگۈچە ئىككى كۈن ئارقامدىن قوغلىدى. بىر ئارىدا جاپپارنىڭ ئاۋازىدەك بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدىم. كېيىن چۈشەندىمكى، نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيمەن، جاپپار مېنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلغانىكەن. ئۇلارنى ئارقىغا چېكىندۈردى. ئەڭ ئاخىر جاپپار ئۇلارنى ئۆزىگە مەلىكە قىلىپ باشقا تەرەپكە ئەكەتتى، مەن قۇتۇلۇپ قالدىم. جاپپارنىڭ چىرايىنىمۇ كۆرمىدىم، بىر تەرسىنىمۇ دېيەلمىدىم. جاپپار ئۇلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ. نېمە بولسۇن، بۇ يەردىن كېتىشىمىز كېرەك. ئۇلار ئۇستىمىزدىن چۈشىدۇ، ھېلىقى ئەلى ساپا باي بارغۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ قىلدۇرۇۋاتىدۇ.

مەمەت يەنە بىر ھەپتە ياتتى. تاغنىڭ ئېتەكلىرىدىن ئىككى كۈندە بىر ئېتىشما ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەمەتنىڭ يارىسى ئاستا - ئاستا ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

## 31

كۆز كەلدى. دىكەنلى تۈزلەڭلىكنىڭ ئادەملىرى خۇشاللىق ۋە جۇشقۇنلۇق بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇ يەرلەر ياخشى ھوسۇل بەردى. باشاقلار توق ۋە ئېغىر.

ھۆرى ئانا دىكەنلى تۈزلەڭلىكىدە شامالدەك پىرقىراپ يۈرەتتى. تىنىماستىن پاراڭلىشاتتى، تىللايتتى، ئۆزىچە سۆزلەيتتى. ژاندارىملار تايىقنىڭ زەربىسىدىن ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرى سۇنۇپ كەتكەندەك ئاغرىيتتى. قوۋۇرغىلىرىنىڭ ئۈستىگە سىغمىز چاپلىۋالاتتى. ھەربىر نەپەس ئالغىنىدا يۈزى پۈرۈشەتتى. ئېچىنىشلىق ھالغا كېلەتتى.

— كۆزلىرى كور بولغۇرلار، مەندەك بىر قېرى خوتۇندىن نېمە تەلەپ قىلماقچىسىلەر؟ — دەيتتى – دە، ئارقىدىنلا پۈتۈن غەزىپى بىلەن كۆپچىلىككە ۋارقىرايتتى، — ھەي دېھقانلار، ئابدى ئاغا ئەمدى يېزىغا كەلمەيدۇ. ئۇ كەلمىگەندىن كېيىن سىلەر ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى ئۇنىڭغا بەرمەيسىلەر، ئەگەر بەرسەڭلار ئەخمەقلىك بولىدۇ. ئەخمەقلىكنىڭ چوڭىنى قىلغان بولىسىلەر ... بۇ يىل زىرائەت ياخشى ئوخشىمىدى، دەيسىلەر، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ياخشى بولمىدى، زادىلا پىشمىدى. بىز ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالامدۇق؟ ھوسۇل بولمىدى. ھېچ نەرسە يوق، جېنىمىزنى ئالامسىلەر؟ مانا ھېچ نەرسىمىز يوق. زىرائەتلەر قۇرغاقچىلىقنىڭ دەستىدىن كۆيۈپ كەتتى، قورۇلۇپ قالدى، دەيسىلەر!

دەگىرمەن ئۆلۈكتىن نېرىقى يېزىغا، ئۇ يەردىن يەنە بىر يېزىغا يېرىپ كېلەتتى. يولدا كېتىۋېتىپ ئۆزىچە سۆزلەيتتى. تولۇق ھەيدەۋاتقان ياكى بوغداي ئورۇۋاتقان بىرىنى كۆرۈپ قالسىلا ئالدىغا كېلىپ سۆزلەپ كېتەتتى:

— مەمەت بالامغا دۇئا قىلىڭلار. ئولتۇرساڭلارمۇ،



قوپساڭلارمۇ دۇئا قىلىپ تۇرۇڭلار، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ شۇنداق، دۇئا قىلىڭلار. ئۇ بولمىغان بولسا ئابدى ئاغا بېشىڭلاردا ساردەك ئەگىپ يۈرگەن بولاتتى. خۇدايىمغا شۈكۈر، ئۇ يېزىدا يوق. شۇڭا ئۇنىڭغا بىر تال ئاشلىقنىمۇ بەرمەيسىلەر. چوقۇم بەرمەڭلار. ئۇ تاش ئېتىپ قولى تېلىپ كېتىپتۇمۇ؟ شەھەردە يانپاشلاپ ياتىدۇ.

ئادەملەر ئويلىناتتى، باشلىرىنى لىڭشىتاتتى ۋە دوپپىلىرىنى ئېلىپ، باشلىرىنى قاشلايتتى.

— بۇنىڭ ئاخىرى نېمە بولۇپ چىقار، ئەتە بېرىپ تاقىلار، قېنى كۆرۈپ باقايلى، — دېيىشەتتى.

ئورما ئورۇلۇپ بولدى، ئاشلىق ئۆيلەرگە توشۇلدى. ئابدى ئاغىغا ھېچكىم بىر تال بوغدايمۇ بەرمىدى. ئەلى تۆكۈر بىلەن ئابدى ئاغىنىڭ باشقا يالاقچىلىرى يېزىدا قاتراپ يۈرەتتى. قايسى دېھقاننىڭ ئالدىغا بارسا، شۇنداق دەپ قايتۇراتتى:

— ئاغىمىز ئۈچۈن جېنىمىز قۇربان بولسۇن، ئاغىمىزدەك ئادەم دۇنيادا يوق، بىز ئۇنى ئەل ئىچىدە يوقسۇزلۇقتا قوياتتۇقمۇ؟ ئەمما لېكىن ... يەردىن بىر تال ئورۇقلۇقمۇ ئالالمىدۇق. يوق تۇرسا نېمىنى بېرىمىز؟ ئىنشائاللا، كېلەر يىلى ... خۇدايىم بىزگە بېرىپ قالار، ئۇ چاغدا بىزمۇ ئاغىمىزغا بېرىمىز ... بىزنىڭ ئاغىمىزدەك ئادەم تېپىلامدۇ؟ كاپىر مەمەت ئاۋاق گۈلدەك ئاغىمىزنى يېزىدىن بىزار قىلىۋەتتى. ئاغىمىز ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالماي قوياتتىمۇ؟ خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلى زىرائەت شۇنداق ئوخشاپ كېتىدۇكى، ئۇ چاغدا ھەممىسى ئاغىمىزنىڭ بولسۇن! بىز ئاچ قالساقمۇ ئاغىمىز ئالسۇن، دىكەنلى تۈزلەڭلىكىدە بەش يېزا بار، بەش يېزىنىڭ ھەممىسى ئاغىمىز ئۈچۈن قۇربان بولسۇن ...

— دىكەنلى تۈزلەڭلىكى پەيدا بولغاندىن بېرى زىرائەت مۇنداق ياخشى بولمىغانىدى. نېمىشقا يالغان سۆزلەيسىلەر؟

ئۇنداق دېگۈچە ئۇچۇقلا: بىز قانۇن ــ قائىدىلەرنى تونۇمايمىز، دېسەڭلارچۇ؟ بىز ئاغىغا پوقمۇ بەرمەيمىز دېسەڭلار بولمامدۇ؟

دېھقانلار يەنە شۇنداق دېيىشتى:

— ئاھ ... بىزنىڭ كۆزىمىز كور بولۇپ كەتسۇن، ئاغىمىز شەھەردە تەمتىرەپ يۈرسۇنۇ، بىز ئۇنىڭ ھەققىنى بەرمەي يۈرەيلى، بۇ بولىدىغان ئىشمۇ؟ ياق! ئاغىمىز ئۈچۈن جېنىمىز قۇربان، مەمەت ئاۋاق ئۆلسۇن!

ھۆرى ئانا خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويالمايتتى. پۈتۈن بىر ياز ماڭغىنى، كايىشقىنى بىكارغا كەتمىگەنىدى. ھېچقانداق دېھقان ئابدى ئاغىغا قىلچە بىر نەرسە بەرمىگەنىدى، بەرمەيتتى ھەم.

ھۆرى ئانا ئاق چاچلىرىنى خېنە بىلەن بوياۋالغانىدى. لېچەكنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا ياش قىزلار توي ــ تۆكۈنلەردە، بايراملاردا چىگىۋالىدىغان ھال ــ يېشىل گۈللۈك يىپەك ياغلىق چىگىۋالغانىدى. كۆڭلىكىمۇ يىپەك ئىدى. بوينىغا ئۈچ دانە تىللا ئېسىۋالغانىدى. ياش قىز ۋاقتىدا تاقىغان مارجانلىرىنىمۇ ساندۇقتىن چىقىرىپ تاقىۋالدى. بېلىگە تىرابلىسنىڭ يىپەك بەلبېغىنى باغلىدى. چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى. ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ ناخشا ئېيتاتتى. باشقىلار: «ھۆرىنىڭ تويى بولىدى» دېيىشەتتى. ھەر خىل مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيتىپ بېرەتتى ... ئۇنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغان ياش قىزلار قىزىرىپ كېتەتتى.

دېھقانلارنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك ھەققىنى بەرمىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئابدى ئاغىنىڭ جېنى چىقىپلا كەتتى، سىياسەتچىنىڭ قېشىغا باردى. ئەتىگەندە ئىنتايىن تەسىرلىك بىر تېلېگرامما يازدۇردى. يىغلاپ تۇرۇپ دەرد ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شەھەرنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ، كىمنى كۆرسە، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ھاكىم ۋە ژاندارما قوماندانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىغلىدى، قاقشىدى. ئۇلار دېھقانلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە ئىنتايىن خاپا بولۇشتى.



دەگىرمەن ئۇلۇكقا ئۆستى ــ ئۇستىلەپ ژاندارمىلارنى ئەۋەتتى. ژاندارمىلار دېھقانلارنى قىيىنىدى. ھۆرى ئانىنى بىر ئۆيگە سولاپ قويدى. ھۆرى ئانا بىلەن دېھقانلارنىڭ ئاغزىدىن بىر ئېغىز سۆز چىقمايتتى. تاياق يېيىشتى، تىل ئىشىتتىشتى. قويلاردەك ئۇ يەردىن بۇ يەرگە ھەيدەلدى، بىراق ئاغزىلىرىدىن سۆز چىقمىدى. شۇنچە چوڭ بەش يېزىدىكى چوڭ ــ كىچىك ھەممىسىنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى.

— بىزنىڭ ئاغىمىزغا جېنىمىز پىدا، قاراقچى مەمەت ئاۋاق بىر غېرىچ بويى بىلەن نېمە ئىدى شۇنچە! ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان، ئۇ قانچىلىك ئادەم ئىدى؟ ئەگەر يەردىن بىر تال ئاشلىق ئالغان بولساقمۇ ئاغىمىزغا بەرگەن بولاتتۇق. مەمەت ئاۋاق دېگەن ئىتنىڭ بالىسى نېمە قىلالايتتى؟ بۇ يىل ئاپەت بولدى. ھەممىمىز ئاچلىقتىن ئۆلمىسەكلا بولاتتى تېخى ... مانا مېنى ئېلىڭلار، مەن ئاغامنىڭ خىزمەتچىسىمەن، مەنمۇ بۇ يىل ئاچ قالىمەن. يەردىن بىر تال ئۇرۇقلۇق ئالالىغان بولساقلا ئۇنى ئاغىمىزغا بېرەتتۇق.

توكۇر جىم بولدى. قوي پادىلىرىدەك بىر ــ بىرىگە سۈركىلىشىپ تۇرغان كۆپچىلىككە قاراپ قويدى ۋە:

— قېنى سۆزلەپ بېقىڭلار، يەردىن بىر تال ئاشلىق ئالغان بولساق گۈلدەك ئاغىمىزغا بەرمەسمىدۇق؟ — دېدى.

كۆپچىلىك ئاستا قوزغىلىشىپ تىلغا كىردى:

— بېرەتتۇق.

— جېنىمىزنى خالىسا ... — دېدى توكۇر.

— بېرەتتۇق.

— مەمەت ئاۋاق يېزىغا كەلسە ... — دېدى توكۇر.

— كېلەلمەيدۇ.

— كەلسىچۇ ...

— ئۆلتۈرۈۋېتەتتۇق.

ھاكىم بۇ سۆزلەرگە ئىشەنمىدى. ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. ھېچقانداق ئۆيدىن بىر تال بۇغداي تاپالمىدى. دېھقانلار شۇنچىلىك كۆپ ئاشلىقنى نەگىمۇ تىقىۋەتكەندۇ؟ نېمە قىلغاندۇ؟ بۇ ھەيران قالارلىق بىر ئىش ئىدى.

دېكەتلى تۈزلەڭلىكىدىكى ۋەقەلەر شۇ كۈنىلا شەھەرگە يېتىپ كېلەتتى. دېكەتلى تۈزلەڭلىكى ئۆز ئىشىكىنى دۇنياغا ئېچىۋەتكەنىدى.

ئابدى ئاغا ساراڭ بولاي دېگەنىدى، بېشىنى تاتىلاپ، چېچىنى يۇلاتتى.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەمەت ئاۋاقنىڭ دېگىنى بويىچە بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل شۇ كۈنلەردە ئاقتۇزلۇدىكى ھۈسەيىن ئاغىنىڭ كېچىسى ياتقان يېرىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بۇ ئىشلارنىڭ ئۈستىگە لازا بولۇپ سېپىلدى. ھۈسەيىن ئاغىنى كىم ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن؟ مەمەت ئاۋاق!

ئاسىم چاۋۇش باتۇر، ياخشى ئادەم ئىدى، تاغلارنىڭ بۆرىسى ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ بارلىق باتۇرلۇقى مەمەت ئاۋاقنى تۇتۇشقا كۇپايە قىلمايۋاتاتتى.

ئۇ، قوماندانىدىن ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ئازار يەيتتى. ئاسىم چاۋۇش بېشىنى كۆتۈرۈپ شەھەر ئىچىدە يۈرەلمەيدىغان ھالەتكە كەلدى. ئۇ ئىزرا تارتاتتى. ئۇنى ھاقارەت قىلىدىغان شۇنچە كۆپ غەيۋەتنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ تۇراتتى.

— مەمەت ئاۋاق دېگىنى مۇشتۇمدەك بالا ئىكەن، شۇنچە يوغان ئاسىم چاۋۇشنى بارمىقىغا ئىلىۋاپتۇ، لىك ـ لىك ئويىنىتىۋاتىدۇ.

ئاسىم چاۋۇش غەزىپىدىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى.



## 32

ئەلى تېغىنىڭ قىيالىقى، دەرىخى، گۈللىرى ۋە ھەممە يېرىنى قار قاپلاپ كەتكەنىدى. ھەتتا ئاسمانمۇ سۈتتەك ئاپپاق ئىدى. چەكسىز كەتكەن ئاپپاقچىلىق. ئەلى تېغىدىن دېكەتلى تۈزلەڭلىكىگىچە ئۇ يەردىن ئاقچەتاغقا، چېچەكلى جىلغىسىغا، چۇقۇر ئۇۋاغىچە سوزۇلۇپ كەتكەن. بۇ خىل ئاپپاقچىلىقنى بۇزۇپ تۇرىدىغان بىرەر داغ، بىرەر چېكىتمۇ يوق ئىدى.

چەكسىز ئاپپاقچىلىق ئۈستىگە كۈن ئۆز نۇرىنى تۆكەتتى. بەزىدە بىرەر پارچە بۇلۇت بۇ چەكسىز، بۇزۇلمىغان ئاپپاقچىلىققا سايە تاشلاپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئاپپاقچىلىق ئۈستىگە قۇياش نۇرى چۈشۈش بىلەن مىليونلاپ ئۇچقۇن يۇقىرىغا چاچراپ، ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى.

غاردىكى ھايات يامانلاشتى، ئۇنمۇ، ئوتۇنمۇ يوق، يېگۈدەك ھېچ نەرسە قالمىغانىدى.

مەمەتنىڭ چېچى ساقىلىغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. ئىراز ئورۇقلاپ قارىيىپ كەتكەن، خەدىچەنىڭ بولسا ھامىلىدار، ئاي ـ كۈنى توشۇپ قالغانىدى. ئىراز بۈگۈن ـ ئەتە تۇغىدۇ، دەيتتى. خەدىچەنىڭ چىرايى غېرىپ، بويىنى ئىنچىكىلەپ كەتكەنىدى. قاپقارا يالتىراق چاچلىرى چاتقالدەك چىگىش ۋە خۇنۇك ...

ئاسىم چاۋۇش ئۇلارغا ئارام بەرمەيتتى، كۈزدىن بۇيان دەگىرمەن ئولۇك يېزىسىنىڭ ئەتراپىدا، ئەلى تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدە ئايلىنىپ يۈرەتتى.

ئىراز مەمەتنى تاشقىرىغا ئاچىقىپ:

— بۈگۈن شۇۋىرغان يوق، ئوغلۇم، نېمە قىلماقچى بولساق بۈگۈن قىلايلى. بۇ قىز تۇغاي دەپ قالدى، بىر يېزىغا كېتەمدۇق ياكى بۇ يەردە تەييارلىق كۆرەمدۇق، نېمە قىلساق تېز قىلايلى، — دېدى.

مەمەت قورۇلۇپ، كىچىكلەپ كەتكەن، ساقال باسقان يۈزىنى يۇرۇشتۇرۇپ:

— يىزنغا ئېلىپ بارالمايمىز، چۈنكى ئۇلار ئۆيمۇئۆي ئاربلاپ يۇرۇشىدۇ، نېمە بولسا مۇشۇ يەردە بولسۇن، — دېدى.

— تېز بولايلى، ھازىرلا بالا چۈشىدۇ، نېمە قىلساقمۇ قىلايلى، — دېدى ئىراز.

مەمەت بەزىدە تاغدىن يېزىغا چۈشەتتى. ئۇ چاغدا ئارقىسىدىن بىر توپ يۇلغۇن سۆرەپ ماڭاتتى.

ئۇلار ئىچكىرىگە كىردى. خەدىچە يېلىنى تامغا تىرەپ، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. كۆزلىرى خۇددى قېتىپ قالغاندەك ...

— خەدىچە، — دېدى مەمەت، — بىز ئىراز خاتۇن بىلەن يېزىغا چۈشىمىز، سەن مىلتىقنى ئوقنى سال، ساقلاپ تۇر، بىز كېچىدە قايتىپ كېلىمىز.

— مەن يالغۇز قالالمايمەن.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز، خەدىچە؟ — دېدى مەمەت.

— مەنمۇ بارىمەن.

— ئۇنداق دېمە، خەدىچە !

— بۇ يەردە ئۆلۈپ قالىمەن.

— ئۇنداق بولسا ئىراز خاتۇنمۇ قالسۇن.

— ياق، بولمايدۇ.

— بۇ نېمە تەتۈرلۈك !

— ھە، شۇنداق تەتۈرلۈك !

— قالغىن، قىزىم.

— قالمايمەن.

— سەن تاغقا چىققاندىن بېرى تەتۈر بولۇۋالدىڭ.

— شۇنداق !

— خۇدايىم جاجاڭنى بەرسۇن ! — دېدى مەمەت.

ئۇلار جىم بولۇشتى. مەمەت غارنىڭ ئاغزىدىكى تاشقا بېرىپ



ئولتۇردى، يۈزىنى قولى ئارىسىغا ئېلىپ يامان خىياللارغا پاتاتتى.

ئاسماندا بىر بۆركۈت قاناتلىرىنى كېرىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى.

مەمەت خاپا ئىدى.

— سىلەر قېلىڭلار ! — دەپلا غاردىن تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈشكە باشلىدى. سازاڭلاردەك يۈگۈرۈپ چۈشەتتى.

ئىراز خەدىچەگە زەردە قىلىپ:

— كور بولۇپ كەتكۈر ! بۇ بالىنى نېمە قىل دېمەكچىسەن؟ ئۇنىڭ ھازىر بېشى ئايلىنىپ كەتتى. ئۇنى ئازدەپ سېنىڭ دەردىڭ ! ژاندارمىلار ئارام بەرمەيۋاتقان چاغدا ئۇ سېنىڭ دەردىڭنى تارتسۇنمۇ؟

خەدىچە ئۈندىمەيتتى.

چۈشتىن كېيىن ئىراز سىرتقا چىقتى، چىقىپلا چۆچۈپ كەتتى. مەمەتنىڭ بىر تۈپ يۇلغۇننى شۇ يەردە تۇراتتى. پەسكە — قارلىق تۈزلەڭگە قاراپ ئاۋازىنىڭ بارىچە سازاڭلاردەك ۋارقىرىدى. مەمەت ئۇزاپ كەتكەنىدى. ۋارقىراپ - جارقىراپ ئاخىر ئىچكىرى كىردى ۋە ئۆزىنى يەرگە ئاتتى.

— بىر پالاكەت بار، بىر پالاكەت يۈز بېرىدۇ. پالاكەتنىڭ يۈز بېرىشىدىن قورقۇۋاتىمەن. يۇلغۇننى ئۈنتۈپ قاپتۇ. بۈگۈن ئىزىنى يوقىتىدىغان شىۋىرغانمۇ يوق، ھاۋا ئوچۇق، شىۋىرغانمۇ يوق. مەن ئارقىدىن مېڭىپ ئىزىنى يوقىتاي دېسەم، ئۇنىڭ ماڭغان يەرلىرىدىن ماڭالمايمەن - دە !

مەمەت ئىككىنچى كۈنى كېچىسى قايتىپ كەلدى. رەڭگى تاتىرىپ كەتكەن، كۆتۈرۈۋالغان يۈكىنىڭ ئاستىدا مۈكچىيىگەنىدى.

— بەك قورقۇپ كەتتىم، پەسكە چۈشۈپ يۇلغۇننى ئۇنتۇپ قالغىنىم ئېسىمگە كەلدى، ئارقىغا يېنىپ ئىزىمنىڭ ئۈستىدىن يۇلغۇننى سۆرىۋېتەي دېسەم قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ ... سىلەردىن ئەنسىرىدىم، تېز قايتىپ كەلدىم. ئاڭلىسام،

ژاندارمىلار ئەلى توكۇرنىڭ ياقىسىنى قويۇپ بەرمەيۋېتىپتۇ. ئىز قوغلاتماقچى بوپتۇ، مېنىڭ ئىزىمنى تاپقۇزماقچى. مەن شۇنىڭدىن قورقۇۋاتىمەن. ئەلى توكۇر ئىزنى كۆرۈپ قالسىلا چىدىيالمايدۇ، قوغلاپ ماڭىدۇ. ماڭا: «ۋاي جېنىم قېرىندىشىم، يۈلغۇننى سۆرەپ يۈر» دېگەنىدى. دېمەك، ئۇ ئىزنى تۇتالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. قورقۇۋاتىمەن، بولۇپمۇ مۇشۇنداق چاغدا ... ئىش چاتاق.

— ئەلى توكۇر بۇ كاپىرلىقنى ئەمدى قىلماس، جېنىم بالام، قورقمىغىن، ئۇ توكۇر سەن ئۈچۈن جېنىنى بېرىدۇ.

— جېنىنى بېرىشىنى بىلىمەن، بىراق ئۇ ئىزنى كۆرگەندە تۇرالمايدۇ ... ئەسلىدە بۇ توكۇرنى بىرىنچى كۈنىلا ئېتىپ تاشلىشىم كېرەك ئىكەندۇق، لېكىن ...

## 33

ئاسىم چاۋۇش جېنىدىن جاق تويغانىدى. «شۇ مەمەت ئاۋاق دېگەن بېشىمغا بىر بالا بولدى. باشقا ياقلارغا ئۆرۈشۈشقا كەتسە، مەنمۇ قۇتۇلسام شۇنىڭ قولىدىن، بىر قۇتۇلۇپ كەتسەم ...» دەپ ئويلايتتى.

ژاندارمىلارمۇ ھېرىپ تۈگىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارمۇ: «بۇ دوزاخ قىشتا، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى تورۇستىنىڭ يامىزىلىنى ئايلىنىپ يۈرگىنىمىز يۈرگەن، شۇمۇ ئىشمۇ؟» دېيىشەتتى. ئۇلار نەدە بىر ئىز شەپىسى كۆرۈنسە، نەدە قارلىرى بۇزۇلغان يەرلەرنى كۆرسە، شۇ ئىزنى ئەگىشىپ كۆتىيۈپ يۈرەتتى. مەمەت ئاۋاقنى تۇتىمىز دەپ چىقىپ باشقا بىرنەچچە قاراقچى ئەترىتىنى تۇتۇۋالغانىدى. بىر ئايدىن بېرى ئەلى تېغىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگۈلەپ يۈرەتتى. چۈنكى، تاغدا تۇتۇۋالغان بىر پادىچى يالىنى قىينىغاندا، مەمەت ئاۋاقنى ئەلى تېغىدا كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ قويغانىدى.



ئەلى تېغىنىڭ ئەتراپىدا كۆزەتچىلەر تۇرۇپ كۆزىتەتتى.

مۇشۇ دەھشەتلىك قىش ئايلىرىدا مەمەت ئاۋاقنىڭ ئەلى تېغىدا ياشىشىنى ئاسىم چاۋۇش زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى. بىراق پادىچى يالىدىن شۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن بېرى ئەلى تېغىنى تاشلاپ كېتەلمەيتتى.

دىكەنلى تۈزلەڭلىكىدىن قارنى يېرىپ كەلگەن بىر ئاتلىق ژاندارما ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ شۇنداق دېدى:

— چاۋۇشۇم، ئۇنى تاپتۇق. ئۇ، ئىزىنىڭ ئۈستىگە يۈلغۇن سۆرىگەن پېتى تاغقا قاراپ كېتىۋېتىپتىكەن، بىزنى كۆرۈپلا ئوقمۇ ئاتماستىن تاغقا قاچتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىزى تېخى يوقاپ كەتكىنى يوق. قارنىڭ يۈزى مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئۈستىدە تېمە سۆرىگەن بىلەنمۇ ئىزى يوقالمايدۇ. ئىزغا قارىدۇق، ئىزلار كونا.

ئاسىم چاۋۇش خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ بىرىنچى قېتىم مەمەتنىڭ ئىزىغا راۋۇرۇس دۈچ كەلگەنىدى.

ئەلى توكۇرنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئابدى ئاغىنىڭ ئۆيىگە بىر ژاندارمىنى ئەۋەتتى.

ئەلى توكۇر كېلىپ:

— بۇيرۇقۇڭغا تەييارمەن، چاۋۇشۇم — دېدى.

— ئىز بار.

— قاردا كۆزۈم كۆرمەيدۇ، ماڭا قارا يەر كېرەك.

ئۇ يەردە تۇرغان دېھقانلارنىڭ ھەممىسى:

— توكۇرنىڭ قاردا كۆزى كارغا كەلمەيدۇ، قاردىكى ئىزنى تاپالمايدۇ، سىلەرنى خاتا يولغا باشلاپ قويىدۇ، — دېيىشتى.

ئاسىم چاۋۇش يەنىلا ئەلى توكۇرنى قويۇپ بەرمىدى.

— ئىزنى قوغلىيالمىسىمۇ بىز بىلەن بىللە بارسۇن.

ئەلى توكۇر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يوپيورۇماقتەك تىترەشكە باشلىدى.

— پۇتلىرىڭغا يىقىلاي، چاۋۇشۇم. شۇ سوغۇقتا مېنى ئاپارمىغىن.

— بولمايدۇ، — دەپلا سۆزنى كېسىۋەتتى چاۋۇش.

ئەلى توكۇر بوينىنى قىسىپ، بىر تامغا يۆلەنگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

چاۋۇش ژاندارمىلارنى باشلاپ ئەلى تېغىغا قاراپ ماڭدى. شۇ زامان پۈتۈن يېزا تەۋرەپ كەتتى: «مەمەت ئاۋاقنىڭ ئىزى تېپىلىپتۇ، ئىزنى تېپىۋاپتۇ!»

يېزىدىكى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش ھەممىسى ژاندارمىلارغا ئەگىشىپ ئەلى تېغىنىڭ ئېتىكىگىچە بېرىشتى. تاغ ئېتىكىگە كەلگەندە ئىزنىڭ بېشىدا توپلىنىشتى، ئىزغا تىكىلدى، قاراپ تۇرۇپلا قېلىشتى.

ئىزنى كۆرۈپ ئەلى توكۇرنىڭ يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى، قورقتى، ھودۇقۇقتىن بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى، بىراق، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. «بۇ ئىتنىڭ بالىسى نېمە ئۈچۈن يۇلغۇن سۆرىمىگەن بولغىيدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنتۇپ قالغاندۇ؟! بۇ ئىز ئاپئاشكارا تۇرىدۇ، چوقۇم تېپىۋالىدۇ.»

ئاسىم چاۋۇش توكۇرنىڭ قولىدىن تۇتتى، ئىزنىڭ بېشىغا ئەكەلدى:

— نېمە ئاغزىڭنى مىتىلدىتىسەن؟ قېنى دېگىنە، بۇ ئىز شۇمۇ؟

— ياق، بۇ ئىز پادىچىنىڭ ئىزى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئاي بولغان ئىز، — دېدى ئەلى توكۇر.

ئاسىم چاۋۇش غەزەپلىنىپ توكۇرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ قارىغا قاتتىق ئىتتىرىۋەتتى.

— ھەي تەس، — دەپ ۋارقىرىدى، — سەن دۈيۈز بىر تەرەپتىن ئاغىنىڭ يالاقچىلىقىنى قىلىسەن، نېنىنى يەيسەن، يەنە بىر تەرەپتىن مەمەتنىڭ يېنىنى ئالىسەن، ھەربىرىڭلار بىر مەمەت ئاۋاق، خۇدايىم سىلەرگە پۇرسەت بېرىپ قويمىسۇن! — كېيىن ژاندارمىلارغا بۇيرۇق بەردى:



— ئىزنى قوغلىشىپ مېڭىڭلار!

ئۇلار قاردا مۇزلاپ، قوللىرى توڭلاپ، ئىككى كۈن ئىز قوغلاپ مېڭىشتى، ئاخىر چوققىغا چىقىپ، بۇ يەرنى قورشىۋېلىشتى.

پۈتۈن يېزا ماتەمگە چۆمگەنىدى.

توكۇر بوينىنى قىسىپ يىغلامسىراپ: «تېپىۋېلىشتى، مەمەت ئاۋاقنى تېپىۋېلىشتى» دەيتتى. ئۇ ئەمدى ئېھتىيات قىلىشنىمۇ قايرىپ قويغانىدى.

ھۆرى ئانا بىر تەرەپتە جاۋىلداپ تۇراتتى:

— مەيلى تاپسۇن، تېپىپ كۆرۈپ بېقىشسۇن، ئەدىپىنى يېيىشسۇن ... مىڭ ژاندارما بارغان بىلەنمۇ مېنىڭ مەمىتىم ئۇ يەردىن يۇسۇپ چىقىپ كېتىدۇ.

كەچكە يېقىن دەسلەپكى توقۇنۇش باشلاندى. ژاندارمىلار غارغا كىرىدىغان يولنى تېپىۋېلىشقانىدى، ھەتتا غارنىڭ ئاغزىنىمۇ كۆرۈپ قالغانىدى. غارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ غارنىڭ ئاغزىغا بومبىلارنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. مەمەت ئۇلارنى غارنىڭ ئاغزىغا يېقىن كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن ئاسىم چاۋۇشنى ئوققا تۇتتى.

مەمەتلەر قېچىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، بىراق قاچالماي قالدى، چۈنكى خەدىچە تولغاق يەۋاتاتتى، تۇغايلا دەپ قالغانىدى. ئۇ سىرتتىكى مىلتىق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ يىغلاشقا باشلىدى.

— دېگىنىمدەك بولدى، يۇلغۇن سۆرەشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىم كاساپىتى، — دېدى ئىراز.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق يۇلغۇننى سۆرىمىگەن بىلەنمۇ تاپالمىغان بولاتتى. مېنىڭچە، توكۇر چىداپ تۇرالمىدى، يەنە ئىزىمنى قوغلاپ كەلدى. ئەسلىدە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىم كېرەك ئىكەندۇق. بىر شۇۋرىغان چىقىدىغان بولسا، ئۇلار بۇ يەردە بىر مىنۇتمۇ تۇرالمايدۇ، بىر ھەپتە دېگەندە ئاران قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. ھەي توكۇر! ...

ئاسىم چاۋۇش مۇلايىم ئاۋازدا شۇنداق دېيتتى:

— ئوغلۇم مەمەت، تەسلىم بول! هازىر سەن قاپقانغا چۈشتۈڭ، تۆت تەرىپىڭ قورشىۋېلىندى، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىقالمايسەن. يېقىندا كەچۈرۈم ئېلان قىلىنىدۇ، تەسلىم بول! سېنىڭ ئۆلۈشۈڭنى خالىمايمەن!

مەمەت جاۋاب بەرمىدى. ئۇنىڭ بىر تال ئوقى ئاسىم چاۋۇشنىڭ ئالدىدا تۇرغان تاشنى چېقىۋەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن سوقۇش قىزىپ كەتتى. ئىككى تەرەپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇراتتى.

— بىر هەپتە، بىر ئايغىچە بۇ يەردە ساقلاپ تۇرىمەن، نېمە بولسۇن ئاخىر بىر كۈن ئوقۇڭ تۈگەيدۇ! — دېدى چاۋۇش.

ئەڭ ئاخىرىدا مەمەت چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— بىلىمەن، هەممىنى بىلىمەن، چاۋۇش، ئاخىر شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭغىچە بىر ئادىمىڭنىمۇ قويمايمەن، هەممىڭلارنى ئېتىۋېتىمەن. بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، چاۋۇش، بىراق تەسلىم بولمايمەن! ئاخىرىدا بۇ غاردىن مېنىڭ ئۆلۈكۈمنى ئاچىقىسىلەر، چۈشەندىڭمۇ، چاۋۇش؟

— ساڭا ئۇۋال، سەندەك بىر ئادەمگە ئۇۋال بولۇپ كېتىدۇ. هەممىمىزنى ئېتىۋەتكىنىڭ بىلەن يەنە ئورنىمىزغا ژاندارما كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسەن؟ بۇ يىل كەچۈرۈم ئېلان قىلىنىدۇ، هەي مەمەت ئاۋاق، ئەڭ ياخشىسى تەسلىم بول!

— گەپ قىلما، چاۋۇش! — دەپ ۋارقىرىدى مەمەت، — ئەمدى سېنى ئاتىمەن. هازىرغىچە ساڭا قارىتىپ ئاتمىغانىدىم، ئەمدى ئاتىمەن، سەن مېنىڭ پېشىمنى قويۇپ بەرمىدىڭ.

ئوقلار شۇنچىلىك قاتتىق ئېتىلىپ تۇرغاچقا سۆزلەر ئاڭلانمايتتى. ئۇلار جىم بولۇپ قېلىشتى.

مەمەتنىڭ ئەتراپى مەشەكلەر بىلەن تولغانىدى. ئۇنىڭ يەنە ئىككى خالتا ئوقى بار ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ ئەنسىرەيتتى. چۈنكى تېزلا ئېتىپ تۈگىتىش مەجبۇرىيىتى ئاستىدا قالغانىدى.



ئىراز خەدىچە بىلەن ئاۋارە ئىدى، خەدىچە بىردەم ـ بىردەم چىرقىراپ قويياتتى.

— ياللا، شۇنداقمۇ يامان كۈندە تۇغامدۇ، مۇشۇنداق يامان كۈندە! — دەپ كوتۇلدايتتى ئىراز ۋە خەدىچەنى بىردەم تاشلاپ قويۇپ مىلتىقنى ئالاتتى، مەمەتكە ياردەملىشەتتى، خەدىچەنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغۇچىلىك مىلتىقنى ئاتاتتى. كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈيتتى.

خەدىچەنىڭ پېشانىسىدىن مونچاق ـ مونچاق تەر ئاقاتتى. يەردە دومىلايتتى: «ئاھ ئانام، جېنىم ئانام، مېنى تۇغمىغان بولساڭ بولماسمىدى؟» دەپ زارلايتتى.

مەمەت بىلەن ئىرازنىڭ چىرايى قارىيىپ كەتكەنىدى. غارنىڭ ئىچى ئاچچىق ئەم تەر پۇرايتتى.

— ۋاي ئۆلدۈم! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى مەمەت، كېيىن پۇشايمان قىلىپ كالپۇكلىرىنى قاتتىقۋەتكەندەك چىڭ چىشلىۋالدى.

يەردە قىينىلىپ ياتقان خەدىچە «ۋاي ئۆلدۈم!» دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەن مەمەتنىڭ يېنىغا ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ يىقىلدى.

— جېنىم مەمەت، ئوق تەگدىمۇ؟ مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن!

ئىراز كېلىپ مەمەتنىڭ ياقىسىنى ئاچتى:

— مۈرەڭگە ئوق تېگىپتۇ، — دېدى ـ دە، تېڭىشقا باشلىدى.

مەمەت يارىدار هالدا ئوق ئېتىشنى توختاتمايتتى.

ئاسىم چاۋۇش بىر ئادەمدە شۇنچىلىك كۆپ ئوقنىڭ بولغانلىقىغا هەيران ئىدى. ژاندارمىلاردىن بىر نەچچىسىگە ئوق تەگكەنىدى. ئۇمۇ بارغانسېرى ئۈمىدسىزلەنمەكتە ئىدى.

خەدىچە يەنە قاتتىق چىرقىراپ كەتتى. ئىراز ئۇنى كۆتۈرۈپ بىر چەتكە ئاپىرىپ قويۇپ:

— چىداپ تۇر، ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت! — دېدى.

خەدىچەنىڭ چىرايى ئاغرىقتىن تاتىرىپ كەتكەنىدى.

بىردىنلا بالىنىڭ «ئىڭە» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەمەت ئارقىسىغا قاراپ قان ئىچىدە ياتقان بالىنى كۆردى. خەدىچەنىڭ يۈزى قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى، كېيىن ئۇ تەتۈر قارىۋالدى.

مەمەتنىڭ قوللىرى تىترەيتتى، مىلتىقنى تۇتالمىدى، قولىدىن چۈشۈرۈۋەتتى، ئىراز يۈگۈرۈپ بېرىپ مىلتىقنى ئېلىپلا ئېتىشقا باشلىدى. خەدىچە ئۆلۈكتەك ياتاتتى. مەمەت سەل ئۆرۈۋېلىپ ئېسىگە كەلدى، ئاستا ئاۋازدا:

— خانئاچا، ماڭا بەرگىن، — دېدى - دە، قولىنى ئۇزارتتى، ئىراز مىلتىقنى مەمەتكە بەردى، ئۆزى بالىنى ئېرتىپ تۈز سۈيى بىلەن يۇدى.

— ئوغۇل ! — دېدى.

مەمەتنىڭ چىرايىدا زەھەردەك بىر خىل ئاچچىق كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى.

— ئوغۇل !

نامازدىگەرگىچە ئېتىشىش داۋام قىلدى. مەمەت ئەمدى بىر قولى بىلەن ئاتاتتى. ئىراز ئوقنى سېلىپ بېرەتتى، ئۇ بىر تاشقا تىرەپ تۇرۇپ بىر قولى بىلەن مىلتىق تەپكىسىنى باساتتى.

نامازدىگەردىن كېيىن ئىراز بويىنىنى پۈكۈپ مەيۈس هالدا:

— ئوق تۈگىدى، — دېدى.

مەمەت ئوقنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇ خۇددى بوغۇزلانغاندەك خىرقىرىدى - دە، مىلتىقنىڭ ئۈستىگە يىقىلدى. كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى. كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك ئېچىلغانىدى. بىرهازا ئۆزىنى يوقاتقان هالدا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن دەلدەڭشىگەن پېتى بالىسىنىڭ يېنىغا كەلدى، يۈزىنى ئاچتى، ئۇزاققىچە هەيرانلىق بىلەن قارىدى، كېيىن غارنىڭ ئاغزىغا قايتىپ كەلدى، ئۇ كۈلۈمسىرەيتتى.

ئۇ، يەردىن مىلتىقنى ئالدى ۋە يانچۇقىدىن قول ياغلىقنى چىقىرىپ مىلتىقنىڭ ئۇچىغا بايراقتەك قىلىپ باغلىدى.



مەمەت ئىرازغا قارىدى، ئىراز چوڭ هاڭ تاشنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى، ئۇ قورۇلۇپ قالغاندەك ئىدى.

— ئىراز ئاچا !

ئىراز بېشىنى كۆتۈردى، مەمەتكە قارىدى.

— خەدىچە ! — دېدى، يىراق خەدىچە هوشسىز ئىدى.

— مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار، بۇلار مېنى ساق قويمايدۇ. ئوغلۇمنىڭ ئېتىنى مەمەت قويۇڭلار !

مەمەت سىرتقا چىقىپ مىلتىقنى يۇقىرى كۆتۈردى.

— تەسلىم ! — دەپ ۋارقىرىدى، — ئاسىم چاۋۇش، تەسلىم بولدۇم !

ئاسىم چاۋۇش يوغان ياغلىپا، شاپ بۇرۇت، كۆزى يوغان، مۇلايىم قىياپەتلىك، قىلىن كالپۇكلۇق، كېلىشكەن ئادەم ئىدى.

مەمەتنىڭ تەسلىم بولغانلىقىغا هەيران قالدى، ئىشەنمىدى.

تەسلىم بولدۇڭمۇ، مەمەت ئاۋاق؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

مەمەت جۇشقۇن ئاۋازدا:

— تەسلىم، تەسلىم بولدۇم ! مۇرادىڭغا يەتتىڭ، چاۋۇش ! — دېدى. چاۋۇش ژاندارمىلارغا قاراپ:

— ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار، مەن بېرىپ كېلەي، بەلكى يالغاندۇ ! — دېدى.

بىرئازدىن كېيىن چاۋۇش غارنىڭ ئاغزىدا توختىدى، بېرىپ مەمەتنىڭ قولىدىن تۇتتى ۋە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مەمەت ئاۋاق، ئامان بول ! — دېدى.

— رەھمەت ! — دېدى مەمەت.

ئىراز بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ قالغانىدى.

— مەمەت ئاۋاق، تەسلىم بولغانلىقىڭغا هازىرغىچە ئىشەنمەيمەن ! — دېدى چاۋۇش.

مەمەت جىم بولۇپ قوللىرىنى كويزىغا ئۇزارتتى.

ئىراز بىر بۇلۇڭغا بېرىپ بوۋاقنىڭ ئۈستىدىكى ئەدىيالنى تارتىپ ئاچتى، بوۋاق كۆرۈندى. بوۋاقنىڭ كۆزلىرى يۇمۇق

ئىدى.
— مانا بۇ، مەمەتنى تەسلىم قىلدۇردى، سىلەر تېخى ئۆزۈڭلارنى بىر ئەركەك دەپ مەغرۇرلىنىسىلەر!
ئاسىم چاۋۇش بۇنى كۈتمىگەنىدى. بىر خەدىچەگە، بىر ئىرازغا، بىر مەمەتكە قارىدى، كۆلكىسى كالپۇكلىرىدا قېتىپ قالدى، قولىنى مەمەتكە ئۇزىتىپ كويزىنى چىقىرىۋالدى.
— مەمەت ئاۋاق! — دېدى ــ دە، جىم بولۇپ قالدى.
ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالدى، ھەر ئىككىسى جىم بولۇپ قالدى.
— مەمەت ئاۋاق!
بۇ ئاۋاز جاراڭلاپ چىقتى.
— ھەي مەمەت، مەن مۇشۇ ھالەتتە سېنى قولغا ئالىدىغان ئادەم ئەمەسمەن.
بېلىدىن بەش قاتار ئوقدانىنى يېشىپ يەرگە ئاتتى.
— مەن كېتىمەن! سەن ئارقامدىن ئوق ئات!
ئاسىم چاۋۇش ۋارقىرىغان پېتى ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.
مەمەت ئارقىسىدىن ئوق ئاتتى.
ئاسىم چاۋۇش سەپداشلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ:
— ئۇ نومۇسسىز ئىت تەسلىم بولاتتىمۇ؟ بۇ ئويۇنتنى مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئويناپتىكەن، ئەگەر ئۆزۈمنى يەرگە ئاتمىغان بولسام ئوق يەپ ئۆلەتتىم! ھېلىمۇ ياخشى ئېھتىيات بىلەن كېتىۋاتاتتىم. بوران چىققىلىۋاتىدۇ، پەسكە چۈشەيلى، بولمىسا ئۇششۇپ ئۆلىمىز.
ژاندارمىلار ھارغان ھالەتتە مەمەتنىڭ غارىغا قاراپ ــ قاراپ قويۇپ تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى.
قارا بۇلۇتلار ئەلى تېغىنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ ئۈزۈشەتتى. شۇۋىرغان چىقىش ئالدىدا تۇراتتى، قار يېغىشقا باشلىدى ۋە كۈچەيدى، كېيىن بېرىپ قاتتىق بوران چىقىشقا باشلىدى.
كەچقۇرۇن ئەلى تېغىدا قىيامەت بولۇپ كەتتى، دەھشەتلىك



قارا بوران قىيادىن ــ قىياغا ئۇرۇلاتتى.
ئەلى تېغى، ئەلى تېغىنىڭ ئەترابى ۋە ئاسمان سۈتتەك ئاپپاق بولۇپ كەتكەن، جىمى جاھان ئاپپاقچىلىق ئىچىدە ئايلىناتتى.

## 34

بۇ خەۋەر بىردەمدىلا يېزىغا، كېيىن يېزىدىن شەھەرگە يېيىلدى، «مەمەت ئاۋاق ئۆلۈپتۇ، ئەلى تېغىدا شۇۋىرغان توختاش بىلەن ئۆلۈكى پەسكە ئېلىپ چۈشۈرۈلىدىكەن» دېگەن گەپلەر تارقالدى.
دەگىرمەن ئولۇكلۇقلارنىڭ كۆزلىرى ئەلى تېغىنىڭ بورانلىق چوققىسىغا تىكىلگەنىدى. ئەلى تېغى تاغلارنىڭ تېغى ... ئەلى تېغى كارامەت ھەيۋەتلىك بىر تاغ، مەمەت ئاۋاقنى ئەلى تېغى يەپ كەتتى ...
ھەممە ئادەم ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتكەنىدى، ئايدى ئاغىنى ساقلىشاتتى. چۈنكى، ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا نەدىن بولسىمۇ يېتىپ كېلەتتى.
ۋايۋاي يېزىسىدىكى دېھقانلار ئۆز يەرلىرىنى ئەلى سايا بايدىن بۆلۈپ ــ بۆلۈپ قايتۇرۇۋالغانىدى. ئوسمان چوڭ ئون بەش ياشلىق بالىدەك ياشىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەلى سايا بايغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قوياتتى.
— مەمەت ئاۋاق شۇڭقارىم! — دېيتتى ئۇ.
مەمەتنىڭ ئېتىلىپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر ۋايۋاي يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. ئوسمان چوڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يېتىپلا قالدى. قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتتى. ئاغزىنى ئامبۇر بىلەن تارتىپمۇ گەپ قىلدۇرغىلى بولمايتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار ئاقاتتى.
ئاخىر بىر كۈن سۆزلەشكە باشلىدى:
— ۋاي شۇڭقارىم! نېمىدېگەن باتۇر يىگىت ئىدى ئۇ

شۇڭقارىم! شۇنداق چىرايلىق چوڭ كۆزلىرى بار ئىدىكى ... قاشلىرىچۇ تېخى، قەلەمدەك ... بويىنى دېسەڭ خۇددى سەرۋى دەرىخىدەك. ۋاي شۇڭقارىم! ئۇ ماڭا: «ئوسمان تاغا، بىر كۈنى ئۆيۈڭگە بارىمەن، مېھمان بولىمەن» دېگەنىدى، تېپىپ بولمىدى، ۋاي شۇڭقارىم! خوتۇنى يېنىدا ئىدى. ئۇ بىچارە ھازىر نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟! دېھقانلار، ماڭا قاراڭلار، شۇڭقارىم بىزنى شۇ كاپىرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزغانىدى. ئەمدى بىز ئۇنىڭ خوتۇنىنى يېزىغا ئەكېلىپ يەر بېرەيلى، باقايلى. ئەگەر تۇرمىگە ئېلىنسا ئۇ يەردىمۇ بىز باقايلى، بولامدۇ؟

— توغرا دېدىڭ، — دېيىشتى دېھقانلار.

ئۇلار يەنە كۆڭلىدە ئەلى سايا بايدىن قورقۇشاتتى.

ئابدى ئاغا ئالدى بىلەن ئەلى سايا باينىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى. ئەلى سايا باينى ئۆيىدىن تاپالمىدى، خوتۇنى بار ئىدى.

— كۆردۈڭمۇ ئابدى ئاغا، قىلغانلار ئۆزىگە قىلىدۇ، مۇبارەك بولسۇن!

— ياخشى كۈن كۆرگىن قىزىم، — دېدى - دە، ئابدى ئاغا مېڭىپ كەتتى، ھاكىمنىڭ ئالدىغا باردى، ئېگىلىپ تەزىم قىلدى:

— خۇدايىم ھۆكۈمەتكە، دۆلەتكە زاۋاللىق بەرمىسۇن، ھاكىم بەگ، ئاسىم چاۋۇش ئاجايىپ باتۇر، ئاجايىپ ئەركەك جۇمۇ، ئۇنداقلارغا جېنىڭنى قۇربان قىلساڭمۇ ئەرزىيدۇ.

— مۇبارەك بولسۇن، ئابدى ئاغا، ھۆكۈمەت ئۈستىدىن شۇنچىلىك كۆپ شىكايەت قىلغانىدىڭ، ئەلى سايا باي بولمىغان بولسا شەھەرنىڭ نامىنى بۇلغىغان بولاتتىڭ. ھېلىمۇ ياخشى ئەلى سايا باي تېلېگراممىلىرىڭنى يوللاتمىغانىكەن.

ئابدى ئاغىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى. ھاكىم كۈلۈپ كېتىپ:

— شۇنداق، يوللىماپتىكەن! — دېدى.

— شۇنداقمۇ؟ بىر پارچىسىمۇ ئەۋەتمەپتىكەنمۇ؟

— ھەئە، يوللاتماپتىكەن. ئەگەر ئۇ تېلېگراممىلار يوللانغان



بولسا سېنى دارغا ئاسقان بولاتتى ... مېنىمۇ قوشۇپ ... سەن ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ئەتىرەگىمۇ شۇنداق تېلېگراممىلار يوللامدۇ؟

ئابدى ئاغا ئويلىنىپ قالدى، بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى:

— ھېلىمۇ ياخشى تېلېگراممىلار يوللانماپتۇ، ھاكىم بەگ. بۇ بىر ئەسەبىيلىك. شەھەرنىڭ گۈلدەك چىرايلىق نامى بىر تىيىن بولۇپ كېتەتتىكەن. ھېلىمۇ ياخشى بوپتۇ ... ئادەم خاپا بولغان چاغدا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالىدىكەن. شۇنچە چوڭ ھۆكۈمەتنىڭ مۇشتۇمدەك بالىغا تەڭ كېلەلمەسلىكى ماڭا ئەلەم قىلغانىدى. ماڭا ئىشەنگىن، ئىنتايىن جىنىمغا تەگدى. تۈۋا، نېمىشقا شۇنداق تېلېگراممىلارنى يازغاندىمەن، بىر ساراڭلىق! سەن خاپا بولما، ھاكىم بەگ، مېنى كەچۈرگىن!

ئۇ، ھاكىمنىڭ ئالدىدىن چىقىپ ژاندارمىلار باشلىقىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇنىڭغىمۇ خۇشاللىقىنى سۆزلەپ بەردى، رەھمىتىنى ئېيتتى ۋە ئاسىم چاۋۇشقا بىرەر ھەدىيە بېرەيمۇ؟ دەپ سورىدى. مەمەت ئاۋاقنىڭ بېشىنىڭ بۇ يەردىكى ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئەمەس، يېزىدىكى ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئېسىلىشىنى تەلەپ قىلدى. باشلىق رازى بولدى.

بۇ خەۋەرنى شەھەرگە ئەلى توكۇر ئەكەلگەنىدى.

ئۇ ئابدى ئاغىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئاغا، دۈشمىنىڭنىڭ ئۆمرى شۇنچىلىك بولدى. ئەمدى تۈگىدى. تاغدىن بىر پادىچى كەلدى، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. ئاسىم چاۋۇش ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ كېلىۋاتقۇدەك، ئاغامغا بۇ خەۋەرنى تېز يەتكۈزەي دەپ، ئۇلارنى ساقلاپ تۇرماستىن يۈگۈرۈپ كەلدىم، — دېدى.

ئابدى ئاغا دەسلەپ ئىشەنمىدى، كېيىن خۇشاللىقىدىن ساراڭ بولاي دېدى. ئەلى توكۇر خەۋەرنى ئەكەلگەندىن كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە تاغدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ خەۋەرنىڭ توغرىلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئابدى ئاغا ژاندارمىلار باشلىقىنىڭ ئالدىدىن ئۆيىگە كېلىپ توكۇرنى ئالدىغا چاقىردى:

— ئاسىم چاۋۇش ماڭا ئاززاق يامانلىق قىلىپ قويغان بولسىمۇ كۆڭلۈمگە ئالمىغىن، ئۇ باتۇر، مەرد ئادەم. قارىغىنا، بىزنىڭ دۈشمىنىمىزنى شۇ يوقاتتى، — دېدى. كېيىن قايناپ كەتتى. — بۇ دېھقانلارنى، خەپ شۇ دېھقانلارنى! شۇ گاداي، توز كور دېھقانلارنى! ... مەن بىر يىل بېشىدا بولماسلىق بىلەنلا ماڭا بىر تال ئاشلىق بېرىشمىدى. خەپ، ئەتە ـ ئۆگۈن يېزىغا بارىمەن! «ھەي ۋىجدانسىز گادايلار، ئۆتكەن يىل ئاپەت بولدىمۇ؟ ئەمدى دەڭلار، زىرائەتلەر ئوخشىماستىن مېنىڭ ھەققىمنى بەرمەمدىڭلارمۇ؟ مەمەت ئاۋاققا ئىشىنىپ كەتتىڭلارمۇ؟ مانا شۇ مەمىتىڭلارنى ئېلىڭلار، ئۇنىڭ بېشىنى نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار. مانا، مەمەت ئاۋۇقىڭلارنى كۆرگەنسىلەر، ئاپەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەمدى مەن سىلەرگە كۆرسىتىپ قوياي، كۆرۈۋېلىڭلار» دەيمەن!

ئابدى ئاغا ئەلى توكۇرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

— ئەلى! — دېدى.

— خوش، ئاغام!

— بۇ يىلقى ھوسۇل ھەر يىلقىدىن ياخشى بولغانىدى، شۇنداقمۇ؟

— ھەر يىلقىدىن ئىككى ھەسسە ئارتۇق.

— ئەلى!

— خوش، ئاغام!

— مەن دېھقانلارغا قانداق جازا قوللىناي؟

— ئاغا، ئۆزۈڭ بىلىسەن.

ئابدى ئاڭ يېڭى كىيىملىرىنى كىيدى، تەسۋىسىگە ئەتىر سەپتى. ساتىراشخانىغا بېرىپ ساقال ـ بۇرۇتىنى ئالدۇردى. ئۇ ھازىر ئىچ ـ ئىچىگە سىغمايتتى. ماراشلىق مۇستاقا ئەپەندىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، كۇلۇپ دۇكانغا كىردى.

بۇنى كۆرگەن مۇستاقا:



— دۈشمەن بولغان ھالەتتىمۇ ئۆلۈمگە خۇشال بولغىلى بولمايدۇ، ئابدى ئاغا، تېخى نېمىلەر بولىدۇ، بىلىپ بولمايدۇ! — دېدى.

ئابدى شەھەردە دۇكانمۇدۇكان ئايلىنىپ يۈرۈپ خۇشاللىقىنى ئىپادە قىلدى. ئۇلاردىن: «مۇبارەك بولسۇن!» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئېتىغا مىنىپ يېزىغا كەلدى. دەل شۇ چاغدا ھەممە ئىش ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. شۇم خەۋەر كەلدى:

«مەمەت ئاۋاق يارىلىنىپ ئاسىم چاۋۇشنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ!»

— كىم دېدى؟

— ئاسىم چاۋۇش دېدى.

— ئۇ كېلىۋاتىدۇ. شابابلى دېگەن يەردە كۆردۈم.

ئابدى ئاغا ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى.

ئاسىم چاۋۇش ژاندارمىلار بىلەن بىللە ھېرىپ ـ ئېچىپ شەھەرگە كەلدى.

ئابدى ئۆز ھويلىسىغا كېلىپ، ئاتتىن يىقىلغاندەك چۈشتى. جېنى يوق ئادەمدەك مېڭىپ ئەرز يازغۇچى پەخرى ساراڭنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ياز، قېرىندىشىم، تويتوغرا ئىسمەت پاشانىڭ ئۆزىگە ياز! ھاكىم، تېلېگراممىچى، ئەلى سايا باي، ژاندارمىلار باشلىقى، مەمەت ئاۋاق ھەممىسى بىرلىشىۋاپتۇ، دەپ ياز! پاشايىم، ماڭا قانچىلىك تېلېگرامما يوللىغان بولسام، بىر تالىنىمۇ ماڭا يەتكۈزمەپتۇ، دەپ ياز!

## 35

ئوسمان چوڭ شۇنداق دېدى:

— مېنىڭ شۇڭقارىم ئاغىلارنىڭ يىلىنى يوقۇۋەتتى. ئەلى سايا باي تاغقا يەنە ئادەم چىقىرىشقا ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ.

چىقارغىنىچە چىقىرىپ باقسۇن! شوڭقارىم ھەممىنى يەپ كېتىدۇ.

دېھقانلار يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىغا توپلانغانىدى. ئۇلار سارغايغان كۈز يوپۇرماقلىرىدەك تېگىپلا كەتسە تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— يەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىمىز تېرىدۇق، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئوسمان چوڭ.

— شۇنداق، — دېيىشتى ھەممىسى.

— بۇ كىمنىڭ سەۋەبىدىن.

— مەمەت ئاۋاقنىڭ!

ئوسمان چوڭ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەنقەرەدىن ئەلى ساھىب بەگ كەلدى، — دېدى.

دېھقانلار قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشتى.

— ئىسمەت پاشا بىلەن سۆزلىشىپتۇ. بۇ يىل كۈزدە — بايرامدا ... يەنى دۆلەت بايرىمىدا چوڭ كەچۈرۈم ئېلان قىلىنارمىش. ئون بەش كۈن ياكى بىر ئايدىن كېيىن ... ئۇ چاغدا مەمەت ئاۋاقمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بالىسى بارمىش، ئۇ كەلسە يەر يۇلۇپ بېرەيلى، بىزنىڭ يېزىغا ئورۇنلاشسۇن. قانداق دەيسىلەر؟

دېھقانلار بىر ئېغىزدىن:

— بىزنىڭ يېزىغا كەلسۇن، بېشىمىزدا كۆتۈرىمىز. بېرىمىزمۇ، جېنىمىزمۇ ئۇنىڭغىدەك يىگىتكە پىدا بولسۇن ... — دېيىشتى.

ئوسمان چوڭ يېزىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك يەردىن يۈز دۆنۈمنى مەمەت ئاۋاق ئۈچۈن بۆلۈپ قويدى. بۇ يۈز دۆنۈم يەر تۇل ئايال ئائىشەنىڭ يېرى ئىدى. ھەممىسى پۇل يىغىش قىلىپ ئائىشەدىن بۇ يەرنى سېتىۋالدى. دېھقانلار بىرلىشىپ بۇ يەرنى ھەيدەپ، تۈزلەپ بۇغداي تېرىدى.

ئوسمان چوڭ ھەيدەلگەن، يۇمشىتىلغان توپىنى قولىغا ئېلىپ



سورىدى. توپىلار بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇدەك ئېقىپ چۈشەتتى. ئەلى ساھىب بەگ يالغان ئېيتمايدۇ. ئۇنىڭ دېگىنى چوقۇم بولىدۇ. ئۇ ئىسمەت پاشانىڭ خاس ئادىمى.

دەل مۇشۇ كۈنلەردە شەھەردە يەنە قىيامەت قايىم بولۇۋاتاتتى. مەمەت تۇتۇپ كېلىنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەلى سايا باينىڭ ھاكىم ۋە ژاندارما باشلىقىغا قىلمىغىنى قالمىدى. ئۇلارنى قاراقچىلارنى ھىمايە قىلغۇچىلار دەپ قارىلايتتى. ئەنقەرەگە ئۈستى – ئۈستىگە تېلېگرامما ئەۋەتتى. قاراقچىلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەنقەرەدىن ھاكىمغا قاتتىق بۇيرۇقلار كېلەتتى.

ھازىر ژاندارمىلارغا يۈز بېشىنىڭ ئۆزى رەھبەرلىك قىلاتتى. تورۇس يېزىلىرى قاراقچىلاردىن ئەمەس، ژاندارمىلاردىن تويۇپ كەتتى. مەمەت ئاۋاق ھېچقانداق يېزىدا كۈن ئۆتكۈزەلمەيتتى. سۇسىز، تاماقسىز بىر بالىسى بىلەن تاغلاردا يۈرەتتى. يۈزبېشى پارۇخنىڭ قاپقىنىغا بىرنەچچە قېتىم چۈشۈپ قېلىپ يەنە قۇتۇلۇپ چىقتى. شۇ كۈنلەردە كەرىم ئوغلى بولمىغان بولسا، مەمەتنىڭ ھالى خاراب ئىدى. بۇ ئادەم نەدىن بولسۇن مەمەتكە ئوق، نان، پۇل يەتكۈزۈپ بېرەتتى. ۋالىۋاي يېزىسىدىن كەلگەن پۇللارمۇ كەرىم ئوغلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىلگەنىدى.

بايرامنى ئوسمان چوڭ بىلەن كەرىم ئوغلى ئوخشاشلا تۆت كۆز بىلەن كۈتۈشمەكتە ئىدى. ئەمدى قانچىلىك ۋاقىت قالغاندۇ ...

دەگىرمەن ئۆلۈك ۋە يۈتۈن دىكەنلى تۈزلەڭلىكىدىكى دېھقانلار كەچۈرۈم ئېلان قىلىنىشتىن خۇشال ئەمەس ئىدى. ئەگەر مەمەت تاغدىن چۈشمىگەن بولسا، ئايدى ئاغىمۇ يېزىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇنى ئويلىسا، دېھقانلارنىڭ ئۆتلىرى ئاشاتتى.

— كەچۈرۈم دېگىنى نېمىسى! ھەقىقىي قاراقچى بولسا تاغلاردا يۈرىدۇ. مەمەتنىڭ ئورنىدا مەن بولسام زادىلا تاغدىن چۈشمەيمەن. بىزدەك دېھقان بولۇپ نېمە قىلاتتى؟! ئۇنىڭدىن ئالەم قورقىدۇ.

## 36

— مەمەت ئاۋاق، ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى ئەلى توكۇر.
مەمەت كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلدى.
— ياق!
— قانداقچە؟ سەنزە ...
— خۇدا ھەققى، ئاڭلىمىدىم.
— ئۇنداق بولسا ئاڭلا!
— قېنى، سۆزلە.
— ساڭا چېچەكلى جىلغىسىدىكى ئوسمان چوڭنى دەپ بەرمىگەنمىدىم؟ ئەلى ساھىب بەگ ئەنقەرەدىن كەپتۇ. چوڭ بايرامدا كەچۈرۈم ئېلان قىلىنغۇدەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوسمان چوڭ دېھقانلارنى ئەتراپىغا توپلاپ ئۇنداق دەپتۇ، مۇنداق دەپتۇ. ئاخىر: «مەمەت ئاۋاق بىزنىڭ شۇڭقارىمىز. كېلىپ يېزىمىزغا ئورۇنلاشسۇن» دەپتۇ. دېھقانلار: «كەلسە بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرىمىز» دېيىشىپتۇ. ساڭا يۈز دۆنۈملۈك يەر سېتىۋاپتۇ، بۇ يەرنى ئوسمان چوڭ ئۆزى تاللاپتۇ. يەنە بىر ئۆي سالدۇرۇۋېتىپتۇ. ئوسمان چوڭ: «ئەلى ساھىب بەگ يالغان سۆزلىمەيدۇ. مەمەت ئۆزىنى ياخشى ئاسراپ تۇرسۇن، ئۇنداق قىلسۇن، مۇنداق قىلسۇن. شۇڭقارىمغا كەچۈرۈم خەۋىرىنى ئۆزۈم ئېلىپ بارىمەن» دەپتۇ. ھە، قانداق ئىكەن؟
— شۇ يۈز بېشى ئارامىمنى قويمىدى. باشقا قاراقچىلارنى، ھەتتا قان تۆككەن قاتىللارنى تاشلاپ قويۇپ، مېنىڭلا پېيىمدا يۈرىدۇ. بەلكى ئون نەچچە قېتىم توقۇنۇشقاندىمىز. ئەمدى دۈچ كېلىپ قالسام، نېمە بولسا بولسۇن، چوقۇم ئېتىۋېتىمەن.
— كەچۈرۈم ئېلان قىلىنىدۇ، مەيلى دەپ يۈرۈۋەر.
— ئۈستۈمگە كۆپ قېتىم باستۇرۇپ كەلدى، ئېتىپ تاشلايمەن.



— ئۇنداق قىلما، ئاز ۋاقىت تەخىر قىلىپ تۇر، ئۇنى مەلىكە قىلىپ تۇر.
ئەلى توكۇر كېتىپ قالدى.
كەچۈرۈم قىلىنىش خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىقىدىن خەدىچەنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.
ئالايارنىڭ يەرلىرى قاندەك قىپقىزىل، خۇددى قىزىل ناۋۇزنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ ئاپتاپقا قاقلاپ قويغاندەك ئىدى.
مەمەتلەر ئۈچ كۈندىن بېرى ئەنە شۇ ئالايارنىڭ قىزىل توپىلىقىدا مۆكۈنۈپ يۈرمەكتە، يۈز بېشى پارۇخ ئۇلارنىڭ بېشىدا ساردەك ئايلىنىپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىشاتتى.
خەدىچە بىلەن ئىراز ناخشا ئېيتاتتى. بوۋاقنىڭ ئىسمى مەمەت ئىدى. مەمەت پاقىلاندەك سېمىز چوڭ بولۇۋاتاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئەڭ چىرايلىق ئەللەي ناخشىلىرىنى ئاڭلايتتى. خەدىچە مەمەتنى ئاسمانغا ئېتىپ تۇتۇۋالاتتى.
— ئىراز ھاماچا، — دېيەتتى خەدىچە، — قارىغىنا شۇ خۇدايىمنىڭ ئىشلىرىغا. بىز ئوتتۇز دۆنۈم يەر تەلەپ قىلغانىدۇق. خۇدايىم بىزگە يۈز دۆنۈم بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيمۇ بېرىپتۇ.
خەدىچە ئاجايىپ چاقچاقلارنى، ئاجايىپ بالىلىقلارنى، ھەر خىل تەلۋىلىكنى قىلاتتىكى، ئۇنىڭ قىلغان قىلىقلىرىنى ئون ئىككى ياشلىق قىز بالىمۇ قىلمايتتى.
تۇرۇپ-تۇرۇپلا مەمەتكە:
— ياللا مەمەت، كەچۈرۈم ئېلان قىلىنىدۇ، ئۆيىمىز، يېرىمىز بار. نېمە ئۈچۈن كۈلمەيسەن؟ ئازراق بولسىمۇ كۈلۈپ قويغىنا! — دېيەتتى.
مەمەت بۇ سۆزلەرگە ئاچچىق كۈلۈپ قوياتتى.
كۈن چىقماستىن ئالايارنى يۈز بېشى پارۇخ قورشىۋالدى.
— مەمەت ئاۋاق، مەن ئاسىم چاۋۇش ئەمەس، سۆزۈمنى

ئاڭلا ! ــــ دەپ ۋارقىرايتتى.

مەمەت جاۋاب بەرمەيتتى. ئۇ ژاندارمىلارنىڭ قولىدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىقىشنى بىلەتتى. شۇڭا پەرۋامۇ قىلمايتتى.

ئۇلارنى ئالداپ ئوق ئېتىپ قوياتتى. كەچ كىرگەندە غىپىلا قىلىپ ئۇ يەردىن كېتىپ قالاتتى. ئىراز ئەڭ داڭلىق قاراقچىدىنمۇ چاققان، ئۇستا مەرگەن ۋە يۈرەكلىك بولۇپ كەتكەندى. يالغۇز ئۆزى ژاندارمىلارنى ئۈچ كۈن مەلىكە قىلىپ ئۇرالايتتى. يۈز بېشى پارۇخ ساراڭ بولاي دەپ قالغانىدى. تۇۋا، يالغۇز بىر ئادەم، بىر ئايال ! ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر بالا !

ــــ مەمەت ئاۋاق، قولۇمدىن قۇتۇلالمايسەن !

مەمەت ئاۋاقنىڭ نىيىتى بۇزۇلغانىدى. ئوقنى يۈز بېشىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئاتاتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلارغا يېقىن يەرگە بېرىۋالغانىدى. مۇنداق ئېھتىياتسىزلىقنى مەمەت بىرىنچى قېتىم قىلىۋاتاتتى.

ئارقا تەرەپتىن خەدىچەنىڭ «ئۆلدۈم» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. مەمەت تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى، بىراق ئارقىغا قايتمىدى. يۈزبېشى تۇرغان يەرنى ئوق چەمبىرىكى ئىچىگە ئالدى. بۇنىڭغىمۇ كۆڭلى ئۇنىماستىن ئارقا ـ ئارقىدىن يومىيا ئاتتى. كېيىن غەزەپ بىلەن ئارقىغا ياندى، خەدىچەنىڭ يېنىغا كەلدى. خەدىچە ئۆزىراپ جانسىز ياتاتتى، بوۋاق يېنىدا ئىدى. خەدىچە خۇددى كۈلۈۋاتقاندەك ياتاتتى.

مەمەت ئەقلىدىن ئازغاندەك ئىدى. ئۇ مىلتىقنى پىلىموتتەك توختىماستىن ئاتاتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن قول بومبىلىرىنى تاشلايتتى. ئىرازمۇ بىر تەرەپتىن ئېتىشقا باشلىدى.

يۈزبېشى يارىدار بولدى. ژاندارمىلار بەرداشلىق بېرەلمىدى.

ئىراز خەدىچەنىڭ ئۆلۈكى ئۇستىگە يېتىۋېلىپ يىغلايتتى، چىرايى تۇرمىگە كىرگەن كۈندىكىدەك ئۆڭۈپ كەتكەندى.

مەمەت مىلتىقنى قۇچاقلاپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ يىغلايتتى.



ئىراز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. ئاسماننىڭ قىرىدا قاتار تۇرنىلار ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى.

خەدىچەنىڭ قېنى ئالايارنىڭ قىزىل توپىسىغا ئارىلىشىپ كەتتى.

بالا چىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى، مەمەت بېرىپ بالىنى قولىغا ئالدى.

ــــ يېزىغا خەۋەر قىلايلى، ئۇلار خەدىچەنى يەرلىككە قويسۇن، ــــ دېدى ئىراز.

ئىراز خەۋەر بېرىشكە ماڭدى، مەمەت بالىسىنى تۇتقان پېتى چىرايى قورقۇنچلۇق ھالغا كىرگەن ھالدا كۆزلىرىنى ئۆلۈككە تىكىپ تاشتەك قېتىپ قالغانىدى.

خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك جىمى دېھقان جەسەتنىڭ يېنىغا كېلىشتى.

ــــ ئاھ، ۋاي خۇدايىم، ۋاي مەمەت ئاۋاقنىڭ تەلەيسىز خەدىچىسى !

مەمەت يېزا ئاقساقىلىنى چاقىرىپ ۋە ئۇنىڭ قولىغا پۇل بېرىپ دېدى:

ــــ خەدىچەمنى ھەشەمەت بىلەن دەپنە قىلىڭلار !

مەمەت خەدىچەگە ئۇزاق قاراپ تۇردى. خەدىچە كۈلۈمسىرەپ ياتاتتى. مەمەت بالىنى قۇچىقىغا ئالدى: «ماڭ، ئىراز خانئاچا !» دېدى.

مەمەت ئالدىدا، ئىراز كەينىدە تاغقا چىقىپ كېتىشتى.

چوققىغا چىقىپ بىر ئۆڭكۈرنى تېپىشتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى تاشتا ئولتۇرۇشتى. يېنىدىكى دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلمەكتە ئىدى. بىر قۇش سايراۋاتاتتى. ئۇدۇلدىكى قىيادىن بىر توپ ئاق كەپتەر ئۇچۇپ چىقتى. بۇ چاغدا مەمەتنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالغان بالا ئويغاندى ۋە يىغلاشقا باشلىدى.

ئىراز مەمەتنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارىدى:

— ھەي قېرىندىشىم مەمەت ئاۋاق، ساڭا بىر نەرسە دېمەكچىمەن، — دېدى.

مەمەت قىمىر قىلماستىن ئۇنىڭ نېمە دېيىشىنى كۈتەتتى.

— قېرىندىشىم، شۇ بالىنى ماڭا بەرگىن، مەن بۇنى ئېلىپ ئاتەپ يېزىسىغا باراي، بۇ تاغلاردا بالا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىدۇ ... رىزامىنىڭ خۇنىدىن ۋاز كەچتىم. رىزامىنىڭ ئورنىدا ئەمدى بۇ بالا بار. بالىنى بەرگىن، مەن كېتەي، بالىنى مەن چوڭ قىلاي ...

مەمەت قۇچىقىدىكى بالىنى ئاستا ئىرازغا ئۇزارتتى. ئىراز بالىنى ئالدى ـ دە، باغرىغا باستى.

— رىزام، مېنىڭ رىزام.

ئىراز قولى بىلەن ئۇستىدىكى ئوقداتلارنى يېشىپ بىر يەرگە يىغدى.

— ئامان بول، مەمەت ئاۋاق!

مەمەت ئىرازنىڭ قولىنى تۇتتى. بالا يىغىدىن توختىغانىدى، ئۇزاققىچە بالىنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىدى.

— بەختلىك بولسۇن!

## 37

بۇ ئاتنىڭ ساغرىسى دىقماق ئەمەس. بېلى ئۇزۇن، ئۆزى توخۇمدەك سىمىز، قۇلاقلىرى قەلەمدەك، پېشانىسى دۈڭ، پاچاقلىرى بېلىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا نىسبەتەن قىسقا ئىدى، رەڭگى چىپار ئارىلاش قوڭغۇرغا مايىل ئىدى.

بۇ ئات ئوسمان چوڭنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۈتمەكتە! توختىماستىن كىشنەيتتى، يەرنى تېپەتتى. بېلى ئىنچىكە، كۆزلىرى قىزنىڭ كۆزلىرىدەك تۇرلۇق، ئەمما غەمكىن كۆرۈنەتتى، قۇيرۇقى تۈپىقىغا چۈشەتتى، يالى ئوڭ تەرەپكە ياتقان، يۈگۈرگەن ۋاقىتلىرىدا تىك كۆتۈرۈلۈپ، تەيگە ئوخشاپ



قالاتتى.

چوڭ بايرام بىلەن كەچۈرۈم ئېلان قىلىنغانىدى. تاغدىكى بىرقانچە قاراقچىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تاغدىن چۈشۈپ قوراللىرىنى تاپشۇرغانىدى. ژاندارما ئىدارىسىنىڭ قورۇسىدا ھەر خىل، ھەر قىسما قاراقچىلار كۈتۈشمەكتە ئىدى.

ئوسمان چوڭ ئاتنىڭ يالىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بۇ ئات مەمەت ئاۋاققا، شۇڭقارىمغا لايىق، ئوغلۇمغا لايىق! — دېدى.

— شۇنداق، شۇنىڭغا لايىق، — دېيىشتى دېھقانلار.

— مەن شۇڭقارىم بىلەن يىللە ئىككى كۈنگە قالماستىن كېلىمەن، — دېدى ئوسمان چوڭ ئاتقا مىنىپ تۇرۇپ، — سىلەر ئەتەدىن يېزىسىغا بېرىپ ناغرىچىلارنى چاقىرىپ كېلىڭلار، قوش ناغرىلار چېلىنسۇن، ۋايۋاي يېزىسىدىكىلەر مەمەت ئاۋاقنى شەھەرگە كىرىپ ئەنە شۇنداق كۈتۈۋېلىشى كېرەك. باشقىلارنىڭ قاراقچىلىرى يايلاق كەلسە، بىزنىڭ مەمەتىمىز ئەرەب ئارغىمىقىغا مىنىپ كېلىدۇ! ...

ئوسمان چوڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىلىكىدى. توروس تاغلىرى ھاۋا رەڭ تۈسكە كىرگەن، تۇرۇپلا سۈسۈنگە ئۆزگىرەتتى.

مەمەت ئاۋاققا كەچۈرۈم خەۋىرىنى جابپار ئەكەلدى. ئىككى كونا دوست ئۇزاققىچە قۇچاقلىشىپ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن ياتمۇيان ئولتۇرۇشتى.

— مەن بېرىپ تەسلىم بولىمەن، — دېدى جابپار ئايرىلىش ئالدىدا.

مەمەت ئېغىز ئاچمىدى.

مەمەت بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن دەگىرمەن ئولۇكقا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈزى قارايغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، پېشانىسىگە قورۇق چۈشكەنىدى. ئۇ خۇددى قىيا تاش پارچىسىدەك ئىدى. كىچىكلەپ كەتكەن كۆزلىرى تەرسالىق بىلەن

يىلدىرلايتتى. ئۇ تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق كۆپكۆندۈزدە يېزىغا كىرىپ كېلىۋاتاتتى. مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ ماڭاتتى. ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندەك ئىدى. ئاياللار باشلىرىنى چىقىرىپ ھودۇقۇش، قورقۇش بىلەن قارىشاتتى. باللار قورقۇپ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىشاتتى. مەمەت ئاۋاقنىڭ يېزىغا كىرگەنلىكىنى ھۆرى ئانىغا خەۋەر قىلىشتى. ھۆرى ئانا يۈگۈرگەن پېتى مەيدانغا كېلىپ ئۇنى قارشى ئالدى ۋە غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى.

— مەمەت، ھەي مەمەت ! — دەپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى، — خەدىچەنى ئۇلارغا يېگۈزدۈڭ، ئەمدى تەسلىم بولۇشقا كېتىۋاتامسەن؟ ئەمدى ئابدى ئاغا يەنە يېزىغا قايتىپ كېلىپ پادىشاھدەك ياشايدۇ، سەن تەسلىم بولۇشقا كېتىۋاتامسەن؟ ۋاي توخۇ يۈرەك ! دىكەنلى تۆزلەڭلىكىدىكىلەر پەقەت بۇ يىل بىر يىللا ئاچ قالمىدى. تويغۇچە نان يېيىشتى. يەنە ئابدى ئاغىنى بېشىمىزغا بالا قىلىپ قويماقچىمۇ سەن؟ ئەمدى نەگە بارماقچىسەن؟

— ھەي توخۇ يۈرەك ! تەسلىم بولۇشقا كېتىۋاتامسەن ؟

بۇ چاغدا پۈتۈن يېزا خەلقى مەيدانغا توپلانغان، ئۆلۈكتەك ئۈن ـ تىن چىقارماي، قىمىر قىلماي تۇرۇشاتتى.

— ھەي توخۇ يۈرەك مەمەت ! قاراپ باققىنا، شۇنچىلىك كۆپ دېھقان، شۇنچىلىك كۆپ ئىنسان كۆزلىرىڭنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرىدۇ، سەن تېخى تەسلىم بولماقچىسەن؟ ئابدىنى يەنە يەلكىمىزگە مىندۈرمەكچىمۇسەن؟ چىرايلىقىم دۈنەمنىڭ ئۇستىخانلىرى سىرقىرايدۇ گۆردە، چىرايلىق قىزىم خەدىچەنىڭ ئۇستىخانلىرىمۇ ...

مەمەت سايىبىرىق سارغىيىپ تىترەيتتى ۋە بېشىنى يەردىن ئالمايتتى. ھۆرى ئانا ئۇنىڭ ياقىسىنى سىلكىپ قويۇۋەتتى.

— ماڭ، توخۇ يۈرەك، بېرىپ تەسلىم بول ! كەچۈرۈم ئىلان قىلىنىپتۇ !



دەل شۇ چاغ ئوسمان چولاق ئات چاپتۇرۇپ كۆپچىلىكنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەلدى.

— مەمەت ئاۋاق — شۇڭقارىم ! — دېدى ـ دە، كۆپچىلىكنى يېرىپ ئۆتۈپ مەمەتنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە بوينىغا ئېسىلدى.

— شۇڭقارىم، ئۆيۈڭ يۈتتى. ئېتىزلىرىڭغا يۇغداي تەرگۈزۈپ قويدۇم، بۇ ئاتنى دېھقانلار سەن ئۈچۈن ئېلىپ قويدى. ۋايىۋايلىمىقىلار سەن شۇڭقارىمنى باشقا قاراقچىلاردەك ئەمەس، ئالاھىدە سۆناي ـ ناغرىلار بىلەن قارشى ئالىدۇ، ئەلى سايا باي، ئابدى ئاغىلار يېرىلىپ كەتسۇن ! كېلە، ئاتقا مىن، كېتەيلى ! ...

مەيداندىكى كىشىلەر غوتۇلداشقا باشلىدى، غوتۇلداش بىردەمدە پۈتۈن مەيداننى بىر ئالدى.

— كور بولۇپ كەتكۈر قېرى، كور بولغۇر ...

مەمەت ئوسمان چولاقنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئالدى ـ دە، ئاتقا مىندى. توپنىڭ چېتىدە ئەلى توكۇر تۇراتتى. مەمەت توپتوغرا ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. پۈتۈن ئادەمنىڭ بېشى شۇ تەرەپكە بۇرالدى. مەمەت توكۇرغا قاراپ: «ئالدىمدا ماڭ !» دەپ ئىشارەت قىلدى. توكۇر ماڭدى. مەمەت ئېتىنى چاپتۇردى. ئۇلار تېزلا تۇمان ئىچىدە يېزىدىن چىقىپ كەتتى. غودۇڭشىپ تۇرغان كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، قېتىپلا قالغانىدى. ئەگەر شۇ چاغدا بوغۇزلاشىمۇ ھېچقايسىسىدىن بىر تامچە قان چىقمىغان بولاتتى.

شاھىن قىيالىقىقا كەلگەندە مەمەت ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ۋە ئاتتىن چۈشتى. ئېتىنى بىر چىنارغا باغلىدى. چىنارنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلگەن، دەرەخ يېرىمىغىچە ئالتۇندەك سېرىق قىزىل تومۇرلۇق يوپۇرماقلار بىلەن كۆمۈلگەنىدى.

شاھىن قىيالىقى بۇلىقىنىڭ ئەتراپى ياپيېشىل، بىللۇردەك بولۇپ كەتكەنىدى ... مەمەت بىر تاشنىڭ ئۈستىگە ئولتۇردى، بېشىنى قوللىرىنىڭ ئارىسىغا ئالدى.

خىلىدىن كېيىن ئەلى توكۇر يېتىپ كەلدى. ئۇ ھاسىرىغان، ھودۇققانىدى. مەمەتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، پېشانىسىنىڭ تەرلىرىنى قولى بىلەن سىيرىپ چۈشۈردى.

— ئاھ، قېرىنداشىم، ھېرىپ ئۆلەي دېدىم، دېمىم كېسىلىپ كەتتى، — ئەلى توكۇر دېمىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن بىرھازاغىچە جىم بولدى.

مەمەت بېشىنى ئاستا كۆتۈردى، كۆزلىرىدە يەنە ھېلىقى نۇر چاقنايتتى، مېڭىسىدە سېرىق ئۇچقۇنلار ئۇچاتتى.

— ئەلى بۇرادەر، ئۇ يېرىم كېچىدە ئۆيىدە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ بېرىپ تاپالايمەنمۇ؟

— تاپالايسەن، ئۇز قولۇڭ بىلەن ئاپىرىپ قويغاندەك تاپىسەن. ئۇ قورققىنىدىن كېچىلەردە بىر قەدەم نېرىغا چىقمايدۇ.

— تۇرغان ئۆيىنى يەنە بىر قېتىم ماڭا دەپ بەرگىنە.

— ھېلىقى تۈرمە بارغۇ، ئۇنى بىلىسەن، ھە، شۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ژاندارما ئىدارىسى بار، ئۇنىڭدىن سەل ئۆتكەندە كوچىنىڭ نېرىقى چېتىدە سىنكىدا ئاقارتىلغان بىرلا ئۆي بار. سەن كېچىدە بارسەن — دە، بويىقى بىلىنمەيدۇ پەقەت. يالغۇزلا بىر ئۆي، ئېگىز مۇناردەك تۇرخۇنى بار، شۇنىڭدىن تونۇۋالىسەن. بارساڭلا كۆزۈڭگە چېلىقىدۇ، ئىككى قەۋەت ئۆي. باشقا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى بىر قەۋەت. ئابدى ئاغا كۈنپېتىش تەرىپىدىكى ئۆيدە ئۆزى يالغۇز ياتىدۇ. ئاستىدىكى چوڭ ئىشىك ئىچىدىن تاقاقلىق. كىچىككىنە بىر يېرىقى بار، شۇ يەردىن خەنجىرىڭنى تىقىپ ئىلگەكنى يۇقىرى كۆتۈرسەن، ئېچىلىدۇ.

مەمەت ھېچ نەرسە دېمەستىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتقا قاراپ ماڭدى. ئېتىنى يېشىپ مىندى — دە، چاپتۇرۇپ كەتتى. ئېتى شامالدەك ئۇچاتتى، يالى يەلپۈنەتتى.

مەمەتنىڭ قۇلىقىغا تۆۋەن تەرەپتىكى توگمەننىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن ئۆزىگە كەلدى. ئېتىنى توختاتتى.



ئازراق ۋاقىت توختاپ قۇلاق سالدى ۋە ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. مىلتىقى ۋە تاپانچىسىغا ئوق سالدى ... توگمەننىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئات ئۈركۈگەندەك قىلدى. ئېتىنى دېۋىتتى. بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتتى. قەھۋەخانىلارنىڭ ئاجايىپ رەڭلىك چىراغلىرى يېنىپ تۇراتتى. بىرنەچچە ئادەم مەمەتكە ئەجەبلىنىپ قاراشتى. شۇ كۈنلەردە كىشىلەر قورال‌لىق ئادەملەردىن ئانچە قورقۇپ كېتىشمەيتتى. بۇ ئادەتتىكى ئىشلاردىن ئىدى. پەرۋامۇ قىلىشمىدى. مەمەت ئۇ ئادەملەرنى كۆرمىگەندەك ئىدى. ئۇ مەسچىتنىڭ يېنىدىكى كوچىغا كىرىپ يۇقىرىغا قاراپ ماڭدى. ئېگىز تۇرخۇنلۇق ئۆي سول تەرەپتە ئىدى. ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئېتىنى ھويلىدىكى قارىيىپ تۇرغان چوڭ ئۈجمىنىڭ ساڭگىلىغان شېخىغا باغلىدى. خەنجىرىنى تىقىپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. يۇقىرىدا چىراغ يېنىق ئىدى. پەلەمپەيلەرنىڭ نەچچىسىنى بىر ئاتلاپ يۇقىرىغا چىقتى. ئاياللار، باللار مەمەتنى كۆرۈش بىلەن چىرقىرىشىپ كەتتى. كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئابدى ئاغا ئۇيقۇلۇق ھالدا قوللىرىنى ئېچىپ كېرىلەتتى. «نېمە بولدى، نېمە ئىش ؟» دەپ سورايتتى. مەمەت يېنىغا باردى، قولىدىن تۇتۇپ سىلكىدى.

— ئاغا، مەن كەلدىم، ئاغا !

ئابدى ئاغا كۆزلىرىنى ئاچتى، دەسلەپ ئىشەنمىدى، كېيىن كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن پېتى قېتىپلا قالدى. كۆزلىرىنىڭ قارىسىمۇ ئاقىرىپ كەتتى.

تاشقىرىدا قىيامەت بولۇۋاتاتتى.

مەمەت مىلتىقىنى توغرىلىدى. ئابدى ئاغىنىڭ كۆكسىگە ئۈچ پاي ئوق ئاتتى. ئوقلارنىڭ شامىلىدىن ئۆيدىكى لامپا ئۆچۈپ قالدى.

مەمەت چاقماق تېزلىكىدە پەلەمپەيلەردىن چۈشتى — دە، ئېتىغا مىندى. بۇ چاغدا ژاندارمىلار خەۋەر تېپىپ ئۆينى ئوققا

تونۇۋاتاتتى. ئىتنى تورۇس تېغىغا قاراپ چاپتۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئوقلار يامغۇردەك ياغاتتى. ئۇ تېزلىكتە شەھەردىن چىقىپ كەتتى.

كۈن چىققاندا ئۇ يېزىغا كىردى، يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ئىتنى توختاتتى. ئات قارا تەرگە چۆمۈلگەن، كۆكسى كۆرۈكتەك بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيەتتى، بويىنى، ساغرىسى كۆپۈكلىنىپ كەتكەنىدى. مەمەتمۇ تەرگە چۆمگەنىدى، تەر مەيدىسىدىن تامچىلايتتى. يۈزى، چاچلىرى ھۆل ئىدى.

كۈن ئادەم بويى كۆتۈرۈلدى، سايىلەر غەربكە قاراپ ئۇزاردى. تەرگە چۆمگەن ئات باشتىن - ئاياغ نۇرغا چۆمۈلدى، پار - پار پارىلدايتتى.

دېھقانلار ئۇنى يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئات ئۈستىدە تىك تۇرغان خادا تاشتەك ئۇچرىتىشتى. ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسى ئاۋازلىرىنى چىقارماستىن ئاستا ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىشتى. چوڭ دائىرە ھاسىل بولدى. شىۋىر قىلغان ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. ھەتتا تەپىس ئېلىشلارمۇ بىلىنمەيتتى. يۈزلەپ كۆز ئۇنىڭغا تىكىلگەن، يۈزلەپ كۆز ئۇنىڭدا ئىدى. ھەممە جىمجىت.

ئوتتۇرىدا تىك قىيادەك تۇرغان ئاتلىق ئاستاغىنا قىمىرلىدى. ئات ئىككى قەدەم مېڭىپ توختىدى. ئاتلىق بېشىنى كۆتۈردى، كۆپچىلىككە قارىدى. ھۆرى ئانا سارغىيىپ، قېنى قېچىپ قورۇلۇپلا قالغانىدى. ئۇ يوغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئۇنىڭ بىر سۆز، بىر ھەرىكەت قىلىشىنى كۈتەتتى.

ئات يەنە قىمىرلىدى. مەمەت ئىتنى ھۆرى ئانا تەرەپكە بۇرىدى، ئالدىغا كېلىپ ئىزگىنىنى تارتتى.

— ھۆرى ئانا ! ھۆرى ئانا ! ئىش پۈتتى، مەندىن رازى بول !

مەمەت ئەلى تېغى تەرەپكە قاراپ قويۇپدەك چاپقان پېتى يېزىدىن چىقىپ غايىب بولدى.



× × ×

قوش ھەيدەش مەزگىلى ئىدى. دىكەنلى تۈزلەڭلىكىدىكى بەش يېزىنىڭ خەلقى بىر يەرگە توپلاندى. ياش قىزلار ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىشتى. قېرى مومايلار سۈتتەك ئاق، سېغىزدەك پارقىراق ياغلىقلىرىنى سېلىشتى. ئاغرا - سۆنايلار چېلىندى ... چوڭ توي بولدى. دۇرمۇش ئەلى ئاغرىقىغا قارىماستىن ئۇسسۇل ئويىنىدى.

يەنە بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ھەممىسى بىللە چىقىر تىكەنلىككە بېرىپ ئوت قويۇشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەمەت ئاۋاقتىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدى. ئۇ ئۇن - تىنسىز يوقاپلا كەتتى.

شۇ كۈندىن تارتىپ دىكەنلى تۈزلەڭلىكىدىكى دېھقانلار ھەر يىلى ئۆكۈزلىرىنى قوشقا قاتماي تۇرۇپ، ئالدى بىلەن چىقىر تىكەنلىككە توي - تاماشا بىلەن ئوت قويىدىغان بولدى. ئوت ئۈچ كېچە - كۈندۈز تۈزلەڭدە ئېلىنىپ يانىدۇ، چىقىرتىكەنلەرنى يالقۇنجىتىدۇ. يېنىۋاتقان تىكەنلىكتىن ۋارقىراش - جارقىراشلار ئاڭلىنىدۇ. بۇ ئوت بىلەن بىرلىكتە ئەلى تېغىنىڭ چوققىسىدا بىر توپ نۇر چاقنايدۇ. تاغنىڭ ئۈستى ئۈچ كېچە ئاقىرىدۇ، كۈندۈزدەك بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ كىتاب 1984 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئىستانبۇل «توروس نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تۈركچە نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据伊斯坦布尔《图如斯出版社》1984年8月土耳其文版翻译出版。

# مەمەت ئاۋاق (1)

ئاپتورى: ياشار كامال (تۈركىيە)
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇنتاي ساقىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي
مۇھەررىرلىرى: تۇختى باقى، قۇربان مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شىڭتوڭ مەتبەئەچىلىك پاي چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 17.125
نەشرى: 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN978-7-228-14415-0
باھاسى: 47.00 يۈەن

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# مەمەت ئاۋاق

ISBN 978-7-228-14415-0

9 787228 144150 >

定价：47.00元